

ئا. تولستوي

# سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا

I

www.uyghurkitap.com



# سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا

I

## ئىگىچە - سىڭىل

[سوۋېت ئىتتىپاقىدىن] ئا. تولستوي

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئا. تولستوي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# ئا. تولستوي تەرجىمىھالى*

مەن سامارادىن تەخمىنەن توقسان چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان يايلاقتىكى بىر جاڭزىدا چوڭ بولدۇم. ئاتام نىكولاي ئالېكسىيېۋىچ تولستوي سامارالىق پومىششىك ئىدى. ئاپام ئالېكساندىرا لىانگېيېۋنانىڭ پەمىلىسى تۇرگېنېۋ بولۇپ، نىكولاي ئىۋانوۋىچ تۇرگېنېۋنىڭ① جىيەن نەۋرىسى ئىكەن؛ ئۇ ئاتامدىن ئايرىلغان چاغدا، مەن تېخى قورساقتا ئىكەنمەن. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېرى، يەنى ئۆگەي ئاتام ئالېكسى ئاپولونوۋىچ بوستىروم — نىكولايېۋسكتىكى (يەنى ھازىرقى پۇگاچېۋسك) يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىنىڭ

---

* بۇ ماقالا «سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا» (1950 - يىل نەشرى)غا قوشۇمچە قىلىنغان مۇقەددىمىدىكى «ئالېكسى تولستوي (قىسقىچە تەرجىمىھالى)»غا ھەمدە ئېۋېخېتاچىيانا تىۋىنوۋانىڭ ئىنگلىزچە (سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەل يېزىغىدىكى كىتاپلار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1953 - يىلى نەشر قىلىنغان "Ordeal"غا قوشۇمچە قىلىنغان مۇقەددىمە) تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى. — تەرجىماندىن.

① نىكولاي ئىۋانوۋىچ تۇرگېنېۋ (1789 - 1871) — مالىيە خىزمىتى ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەردە بولغان. ئۇ پادىشا روسىيىسىنىڭ

ھەيئەت ئەزاسى ئىدى.

ئاپام ئاتامدىن ئايرىلغاندا، كىچىك ئۈچ بالىسى — ئالېكساندىر، مۇسچىسلاۋ ۋە قىزى يېلىزاۋېتالار — قالغان ئىكەن. ئۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ھايات يولىغا ماڭغان — ئۇ ئادەتتىكى ئاقسوڭەكلەر جەمئىيىتىدە بولىدىغان ھەممە ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈشكە مەجبۇر بولغان؛ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەممە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ تەڭلا توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ چاغلاردا ئاياللار ئەرلىرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش بىر خىل جىنايەت، چۈشكۈنلىشىش ھىساپلىناتتى. جەمئىيەت ئەرباپلىرىنىڭ نەزىرىدە، مۇنداق ئاياللار تۈزۈك، يۈز-ئابرويلۇق ئاياللاردىن ئوزگىرىپ يۈرۈش-تۇرۇشى دۇرۇس بولمىغان ئۇسال ئاياللارغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ قارىلاتتى. مۇنداق ۋەقەگە قارىتا، ھەممىلا كىشى، — ئۇنىڭ ئاتىسى لېانگېپ باۋلسوۋىچ تۇرگېنېۋ ۋە ئۇنىڭ ئاپىسى يېكاتېرىنا ئالېكساندروۋنالارمۇ ئەنە شۇنداق كوزقاراشتا بولغان.

ئاپامنىڭ مۇشۇنداق ئازاپ-ئوقۇبەتلىك قەدەمنى بېسىش قارارىغا كېلىشىگە يالغۇز ئا.ئا.بوستېرومغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىلا سەۋەپ بولمىغان؛ ئەينى ۋاقىتتىن ئالغاندا، ئاپام تەربىيە كورگەن ئايال ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچى ئىدى (ئۇ «ئەنسىز

---

يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرغانلىقى ھەمدە 1825-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى بولغان چار پادىشاسىغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئولۈم جازاسىغا ھوكۈم قىلىنغان. كېيىن ئۇ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەچكە، ئولۈم جازاسى ئىجرا قىلىنمىغان. — ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كوكۆل» رومانى بىلەن «نامرات چەت جايلار» پوۋېستىنى يازغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە بىرنەچچە پارچە بالىلار ئوقۇشلۇغىنى يازغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قىز دوست» ھەممىدىن كوپ تارقالغان).
80 ـ يىللاردىكى سامارا جەمىيىتىدە ــ شۇ چاغلاردا سۇرگۇن قىلىنغان ماركسىزىمچىلار ساماراغا تېخى يېتىپ كەلمىگەن ــ كىشىنى نەپرەت ـ لەندۇرىدىغان، مەيۇسلەندۇرىدىغان بىر خىل مەنزىرە پەيدا بولغان. باي ئۇن سودىگەرلىرى، ئاقسوڭەكلەر جاڭزىلىرىنى زور مىقداردا سېتىۋالغان يەر ـ مۈلۈك سودىگەرلىرى، بىكار تەلەپ، ھا ل ـ سىراپ ـ چۈشكۈنلىشىپ، ۋەيران بولغان پومىششىكلار، مانا شۇلارغا ئوخشاش ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئورتاق ئاساس چاكىنا مىشچانلار ئىدى؛ گوركى بۇ ئەھۋاللارنى ناھايىتى جانلىق، كارامەت تەسۋىرلىگەن، ئۇنىڭ قەلىمىدىن ئۇ ئەھۋاللارغا نىسبەتەن چەكسىز نەپرەت يېغىپ تۇراتتى.

كىشىلەر مانا مۇشۇنداق دەھشەتلىك، چاڭ ـ توزاڭ قاپلىغان، رەسۋا شەھەرلەردە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلاردا ھاراق ئىچىپ، توڭگۈزدەك ياشايتتى...كىچىك پومىششىك ئا.ئا.بوستىروم ــ ياشقىنا چىرايلىق ئەر، ھورىيەتچى، كىتاپ مەستانىسى، "بىلىم ئېلىش ـ قا تەشنا" .كىشى ــ بۇ يەردە پەيدا بولغاندا، ئاپامنىڭ ئالدىدا: مەينەت پاتقاقتا يېتىپ چىرىش كېرەكمۇ، ياكى ئالىجاناپ، مەنىۋى جەھەتتىن پاك ھاياتقا ئاتلىنىش كېرەكمۇ؟ دىگەن ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىسى تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يېڭى ئەر تەرەپكە، يېڭى ھاياتقا ــ نىكولايېۋسك ياققا قاراپ ئاتلاندى. مانا شۇ يەردە، ئاپام «نامرات چەت جايلار» دىگەنگە ئوخشاش ئىككى پوۋېستنى يازدى.

ھورىيەتچى ئالېكسى ئاپولونوۋىچ ۋە "60 ـ يىللاردىكى ئورۇنبا ـ

سارلار"① (ئائىلمىزدە "60 - يىللار" سوزى هامان ناھايىتى ھور-مەت بىلەن تىلغا ئېلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سوز ھەممىدىن ئالىجاناپ ھىساۋىدا قارىلاتتى) نىكولايېۋسك يايلىغىدىكى پومىش-شىكلار بىلەن بىللە ياشىيالمايتتى، شۇڭا ئۇ يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىنى ئۇزگەرتىپ تەشكىل قىلىشتا ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلىنال-مىغاندىن كېيىن، ئاپام بىلەن مېنى (ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ئىدىم) ئېلىپ ئۇزىنىڭ يېزىسى سۇسنوۋكاغا كەتتى.

مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم ئەنە شۇ يەردە ئوتتى. ئۇ يەردە مۆلۈك باغلار، تال ۋە قويۇق قومۇشلار بىلەن ئورالغان كولچەك بار ئىدى. يايلاقتا كاكلا ئۈستىگە دىگەن ئۇستەڭ بار ئىدى. يېزىلىق بالىلار مېنىڭ ئاداشلىرىم ئىدى. ئات مىنەتتىم. ئوت-چوپلەر ئوسۇپ كەتكەن دالىدا پەقەت گور-قەۋرىلەرلا يىراقتىكى ئۆپۈق سىزىقىنى ئۈزەتتى...پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۈرۈشى زور ھەمدە ئەبەدى يېڭىلىق بىلىنەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، خۇسۇسەن ئۇزەمنىڭ يەككە-يىگانە دىگۈدەك چوڭ بولۇشۇم مېنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىمنى ئاشۇردى...

قىش يېتىپ كەلگەن، مۆلۈك باغ ۋە ئويلەر قار بىلەن قاپلى-نىپ كەتكەن چاغلاردا، كېچىلىرى بورانلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلى-

---

① 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ئىلغار دېموكراتىيىچىل يازغۇچىلار كوزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلار 1861 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بولغان دىخانلار ئىسلاھاتىنى تەنقىت قىلغان ھەمدە ئىنقىلاۋىي شوئارلارنى تەرغىپ قىلغان. بۇ ھەركەتكە چېرنىشېۋسكى، دوبرولىيوبوۋ، گېرتسېن، ئوگارىيوۋ قاتارلىق كىشلەرمۇ قاتناشقان. — ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نىپ تۇراتــتى. شامال تۇرخۇنــلاردا غۇيۇلــداپ تۇرغان ۋاقىتلاردا، ناھايىتى ئاددى سەرەمــجانلانــغان، تامــلىرى كۇلــرەك سۇۋالــغان ئاشخانىدا، يۇمۇلاق ئۇستەلنىڭ توپىسىدىكى قەنــدىل يورۇتۇلاتتى، ئانــدىن ئوگەي ئاتام نــكراسوۋ، لېۋ تولــستوي، تۇرگېنېۋلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پات ـ پات ئۈنــلۈك ئوقۇپ كېتەتــتى، ياكى يېڭى نەشر قىلىنغان «ياۋروپا خەۋەرلىرى»دىكى ماقالىلارنى ئوقۇيتتى...

ئاپام ئاڭلىغاچ پايــپاق توقۇيتــتى. مەن رەسىم سىزاتــتىم ياكى بويايتتىم...قەدىمقى ھالەتتىــكى مۇنــداق يېزا ياغاچ ئويىــنىڭ كېچە- لىك جىمجىتــلىــغىــنى كۇتۇلمــگەن ھېچقانــداق نەرسە بۇزمايتتى، بۇ ئويدە ئىسسىنىشقا كالا تېزىگى ياكى سامان قالايتتى، شۇڭا ئاقار- تىلغان كاڭدىن بىر قىسما ئىسسىق ھىد چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇسـ- تىگە شام ياندۇرغاندىن كېيىنلا، ئانــدىن بۇ قاپ ـ قاراڭغۇ ئويــلەردە ماڭغىلى بولاتتى.

مەن بالــلار ئوقۇشلۇقــلىرىــدىن ھېچنىمــنى ئوقۇپ باقمــدىم دىسەمــمۇ بولىدۇ، مەندە ئۇنداق كىتاپلار يوق بولسا كېرەك. مەن يازغۇچىلاردىن تۇرگېنېۋنى ياقتۇراتتىم. مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى قىش ئاخشامــلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۈنــلۈك ئوقۇغان سورۇنــدا بولــغان ئىدىم. ئۇنىڭدىن قالــسا، مەن لېۋ تولــستوي، نــكراسوۋ ۋە پۇشكىنــلارنى ياقــتۇراتــتىم. (ئائىــلىمىزدىــكىلەر دوستويېۋسكى "رەھىمسىز" يازغۇچى، دەھشەتلىكرەك دەپ قارايتتى.)

ئوگەي ئاتام دادىل خۇداسىزلىق تەرەپــدارى ۋە ماتــرىيالىست ئىــدى. ئۇ بىگېر①، سپېنــسېر② ئاۋگۇست كومتې③ قاتارلىقــلارنىڭ

---

① بىگېر (1821 ــ 1862) ــ ئەنگلــيە ئەركىن بۇرژۇئازىيە تارىخشۇنا-

ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە بەس-مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بەك ئامراق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئىشچىلارنى تاختايلىرى چىرىپ كەتكەن، تاملىرى لىڭشىپ قالغان، قىڭغىيىپ ئورۇلۇپ چۈشەيلا دەپ قالغان، سۇۋەرەك بېسىپ كەتكەن ئەسكى ئويلەردە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىشىغىمۇ، ئوزىنىڭ "مالايلىرى"غا پۇراپ قالغان تۇزلۇق گوشلەرنى بېرىشىگىمۇ توسقۇنلۇق قىلمايتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، سۈرگۈن قىلىنغان ماركسىزمچىلار سامارىغا كەلگەندە، ئوگەي ئاتام ئۇلار بىلەن تونۇشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن قىزغىن بەس-مۇنازىرە قىلىشتى، ئەمما ئۇ «كاپىتال»نى ئوبدان ئوقۇپ چىقمايلا تاشلاپ قويدى، ئۇ كومتې ۋە ئەنگلىيە ئىقتىساتۋازلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلغان ئىدى.

ئاپاممۇ خۇداسىزلىق تەرەپدارى ئىدى، ئەمما ئۇ ماڭا گويا ئەملىيەتكە كوڭۇل بولمەي، نەزىرىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاپام ئولۇمدىن ناھايىتى قورقاتتى، ئۇ خىيال سۈرۈشكە ئامراق ئىدى ھەمدە پات-پات يىغلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

---

سى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② سپېنسېر (1820 — 1903) — ئەنگلىيە پەيلاسوپى، بۇرژۇئازىيە تەلىماتى دەلىللىچىلىگىنىڭ ۋەكىلى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

③ ئاۋگۇست كومتې (1798 — 1857) — فرانسىيە پەيلاسوپى، ماتېماتىك، بۇرژۇئازىيە تەلىماتى دەلىللىچىلىگىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ دەلىل پەلسەپىسى ئىدىيالىزمغا قىسمەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەلسەپە يەنىلا ئىدىيالىستىك زىددىيەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئوگەي ئاتام ئاپامنى ئوزىنىڭ ”ئىدىيە“سىنى قوبۇل قىلىشقا بەكمۇ قاتتىق مەجبۇر قىلاتتى، شۇ ۋەجدىن، ئۇ ئوزىنىڭ ھېچقاچان، قويۇلۇپ باقمىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلىگەن ئوقۇتقۇچى، يېزىلىق كىندىكانا، يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىدە ئىشلىگۇچىلەرنىڭ مونولوگلىرى، كوپىنچە، ”سىياسى پۇروگىراما خاراكتىرى“نى ئالغان ئىدى.

مەن ئون ياش چېغىمدىن ئېتىۋارەن نۇرغۇن كىتاپلارنى — ئېرقلا كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇغىلى تۇردۇم. ئەمما ئارىدىن ئۇچ يىل ئوتكەندە، مېنى خېلى تەسلىكتە سۇزلان تەجرىبە مەكتىۋىگە كىرگۇزگەن چاغدا (چۇنكى مەن مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا ھەممە پەنلەردىن دىگۇدەك ئىككى نومۇر ئالغان ئىدىم)، مەن شەھەرلىك قىرائەتخانىدىن جۇل ۋېرنې①، فېنىمور گۇب②، م. لىت③ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تاپقان ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن، گەرچە ئاپام بىلەن ئوگەي ئاتام بۇ كىتاپلاردا ساپلا يوقىلاڭ گەپلەر يېزىلغان دەپ قارىسىمۇ، ئەمما مەن ئۇلارنى تازا بېرىلىپ ئوقۇغان ئىدىم.

---

① جۇل ۋېرنې (1828 — 1905) — فرانسىيىلىك ئىلمىي خىيالىي ھىكايىلەر يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «پاراخوت باشلىغى گېلاننىڭ پەرزەنتلىرى»، «15 ئوسمۇر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

② فېنىمور گۇب (1789 — 1851) — ئامېرىكا يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى موسىكانلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

③ م. لىت (1818 — 1883) — ئەنگىلىيە ئوسمۇرلەر ئوقۇشلۇغى يازغۇچىسى، ئۇنىڭ «كىچىك ئوۋچى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن.

مەن سۇزلان تەجرىبە مەكتىۋىگە كىرىشتىن ئىلگىرى، ئۆيدە كىتاپ ئوقۇشنى ئۆزمگەن ئىدىم: ئوگەي ئاتام سامارادىن ئىلاھىيەت شۆبىيۆەنىنىڭ تالىپى ئالكاچ ئىۋانوۋىچ سلوفۇئوخوتوۋنى ئوقۇتقۇچە-لىققا تەكلىپ قىلدى، ئۇ چوقۇر يۈزلۈك، چېچى ساغۇچ، ئاقكوكۆل كىشى ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئوبدان چىقىشىپ كەتتىم، لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ئانچىمۇ كوپ نەرسە ئۆگىنەلمىدىم، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ئانچىمۇ تىرىشىپ كەتمىدىم. سلوفۇ-ئوخوتوۋنىڭ ئورنىغا سۇرگۈن قىلىنغان بىر ماركسىزىمچى كەلدى. ئۇ بىزنىڭ ئويىمىزدە بىر قىش تۇرۇپ، ماڭا ئالگېبىرادىن مەيۇس ھالدا دەرس بېرەتتى، دەرىزىدە ئايلىنىپ تۇرغان شامالدۇرغۇچقا نائىلاج بېقىپ تۇراتتى، ئوگەي ئاتام بىلەن نەزىرىيىۋى تالاش-تارتىش ئېلىپ بېرىشقا ئاسانلىقچە ئۇنىمايتتى، ئۇ ئىسەنلىكى باھاردا ئويىمىزدىن كېتىپ قالدى.

بىر يىلى قىشلىغى — مەن ئون ياشلاردا ئىدىم — ئاپام مېنى ھىكايە يېزىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ مېنىڭ بىر يازغۇچى بولۇپ قېلىشىمنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. مەن بىرنەچچە ئاخشام ئولتۇرۇپ، سىجاپۇكا ناملىق بىر بالىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن تەسۋىرلەپ يازغان ئىدىم... ھازىر مەن بۇ ھىكايىنىڭ مەزمۇنىنى ئازراقمۇ ئەسلىيەلمەي تۇرىمەن، قار ئايدىڭدا گويا ئالماستەك پاقىراپ تۇراتتى، دىگەن بىر جۈملە سوزلا ئېسىمدە قاپتۇ. مەن ئالماسنى زادىلا كورۇپ باقمىغان بولسامىمۇ، ئەمما ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەشكە ئامراق ئىدىم. سىجاپۇكا توغرىسىدىكى ھىكايىنى يېزىشتا مەغلۇپ بولغانلىغىم ئاپامنىڭ مېنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتا زورلىمىغانلىغىدىن ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئون ئۈچ ياشقا كىرگىچە يەنى تەجرىبە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى، كۈننى چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ، خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزەتتىم. بۇنداق ئەھۋال، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئەتىدىن-كەچكىچە ئوت-چۆپ ئورۇش، ئوما ئورۇش سورۇنلىرىدا، خامانلاردا بولۇ-شۇمغا، مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىللە ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدا ئوينىشىمغا دەخلى قىلمايتتى؛ شۇنداقلا مېنىڭ قىشلىقى تونۇش دىخانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەپسانە، ھېكايە ۋە ناخشىلارنى ئاڭلىشىمغا، قارتا ئويۇنىدا: "بۇرۇن نوقۇش"، "پادىشا تىكلەش"، "كوزىر چۇشۇش" قاتارلىقلارنى ئوينىشىمغا، سوڭەك كوزىر ئوينىشىمغا، قار دوۋىلىرى ئارىسىدا مۈشتلىشىپ ئوينىشىمغا، روزدېستۋو بايرىمىدا گىرىم قىلىۋېلىشىمغا، يۈگەنسىز، ئىگەرسىز كوندۇرۇلمىگەن ئاتلارنى مىنىشىمگە دەخلى قىلمايتتى.

1891-يىلدىن 1893-يىلغىچە ئۈچ يىل داۋام قىلغان زور قەھەت-چىلىك مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان ئىدى، بۇ تەسىرات قەلبىمدە تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. شۇ چاغدا پاتقاقلىقلار يېرىلىپ كەتكەن، گۈل-گىيا، دەل-دەرەخلەر قۇرۇپ، يوپۇرماقلىرى تۆزۈپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن دالا ساغۇچ رەڭ ئالغان. ئۇپۇق سىزىقىنى ھەممىنى كويدۇرۇپ تۈگەتكەن تۈتۈق ئىس-تۈتەكنىڭ غايەت زور دولقۇنى قاپلىغان ئىدى.

يېزىدىكى ئالچۇقلارنىڭ ئوگزىلىرى سىپ-سىلىق بولۇپ قالغان، ياخىلىرى ئۇلاقلارغا يەم-خەشەك قىلىنغان؛ تىرىك قالغان، ئورۇقلاپ كەتكەن ئۇلاقلار توغرا ياغاچلارغا باغلىنىپ، ئورە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئىدى... مۇشۇ بىرنەچچە يىل داۋامىدا، ئوگەي ئاتامنىڭ تەنەللۇقاتلىرى مىڭ تەسلىكتە ساقلىنىپ قالغان ئىدى... ئەمما

ئاردىن بىرنەچچە يىل ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ يەنىلا ئاشۇ تەئەللۇقات-لىرىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى... پۈتۈن سامارا ئۆلكىسى چوڭ زېمىندار شېخابالوۋنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئادەم ھەممە ئاقسوڭەكنىڭ يەر-زېمىنىنى سېتىۋېلىپ، ئۈستىلىق بىلەن بانا تېپىپ ئۇرتاقچى دېخانلاردىن يىللىق ئىجارە يىغىۋالاتتى.

1897-يىلى، بىز سۈسنوۋكادىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق، بۇ جايىنى "پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىغى" دەپ لەقەم قويۇلغان بىر باي دېخان سېتىۋالغان، ئۇ پوچتا ئىدارىسىنى بىر قېتىم ئۈستىلىق بىلەن بۇلى-غان، بۇلاپ كەلگەن پۇلنى ئون يىل (بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئىنا-ۋەتلىك ۋاقىت) يوشۇرۇن ساقلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ باي دېخانلارغا خاس بەختلىك تۇرمۇشنى باشلىغان. بىز سامارا شەھىرى-دىكى ساراتوۋسكايا كوچىسىدىكى خۇسۇسى ئۆيىمىزگە كوچۈپ كەلدۇق، بۇ ئۆينى ئوگەي ئاتام كاپالەت پۇلنى قايتۇرغان، قەرز پۇلنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان پۇلغا سېتىۋالغان ئىدى.

مەن 1901-يىلى سامارادىكى تەجرىبە مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، پېتىربۇرگقا بېرىپ، ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلاندىم. مەن س. فوئىچىنسكى تەييارلىق مەكتىۋىگە (چىلوكتا) كىرىشكە ھازىرلاندىم. مەن ئىمتىھان بېرىپ سانائەت شۆبىيۆەنگە قوبۇل قىلىنىپ، ماشىنى-سازلىق پاكۇلتېتىدا ئوقۇدۇم.

مەن ئون ئالتە يېشىمدا نىكراسوۋ ۋە نادسۇنلارغا تەقلىت قىلىپ، بەزى ئاددى شېئىرلارنى يازغان ئىدىم، بۇ مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى دەسلەپكى سىنىغىم ئىدى. بۇ شېئىرلارنى يېزىشىمغا نىمىنىڭ ئىلھام بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەي تۇرىمەن — ئېھتىمال،

ئىچ پۇشۇغۇمنى چىقىرىدىغان، قۇرۇق خىياللىرىمنى ئىزھار قىلىدىغان جاي تاپالمىغانلىقىم بۇنىڭغا سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك. بۇ شېئىرلار ناھايىتى ئاددى يېزىلغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن، مەن شېئىر يېزىشتىن ۋازكەچتىم.

لېكىن مەن تېخى شەكىللەنمىگەن ئىجادىيەت يولىغا يەنىلا داۋاملىق تەلپۈندۈم. مەن دەپتەر، سىيا، قەلەمگە خۇشتار ئىدىم...مەن ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، يېزىقچىلىق بىلەن كۆپ شۇغۇللاندىم، لېكىن بۇ — مەلۇم شەكىلنى يېزىپ بەرگىلى بولمايدىغان، ياكى شەكىلنى زادىلا يېزىپ بەرگىلى بولمايدىغان مەلۇم بىر خىل ئىجادىيەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى...

مەن كىچىكلا ئويلىغەن ئىدىم، يەنى ئون توققۇز ياش چېغىمدىلا ئالى مەكتەپتە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىۋاتقان بىر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن توي قىلدىم، بىز 1906 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، تۇرمۇشىمىزنى ئادەتتىكى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك ئىجتىھات بىلەن ئۆتكۈزدۇق. نۇرغۇنلىغان ساۋاقداشلارغا ئوخشاش، مەنمۇ ئوقۇغۇچىلار ھەركەتلىرىگە ۋە دەرس تاشلاشلارغا قاتناشتىم، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئەزا بولدۇم، سانائەت شۆبىيۇەنىدە تاماق باشقۇرۇش ھەيئەتى بولدۇم. 1903 ـ يىلى ناماپىشقا قاتنىشىۋاتقان چېغىمدا، قازان چوڭ چېركاۋى ئالدىدا، مەيدەمگە تاش تېگىپ ئۆلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغان ئىدىم — بەختىمگە يارىشا، پەلتونىڭ ئىچ يانچۇغىغا بىر كىتاپ سېلىپ قويغان ئىدىم، ھەر ھالدا شۇ كىتاپ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

1905 ـ يىلى، ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىتىلدى، مەن دېرىبىسدېنغا بېرىپ، شۇ يەردىكى تېخنىكا پەنلىرى داشۆبىسدە بىر يىل ئوقۇدۇم. ئۇ يەردە، مەن يەنە شېئىر يېزىشقا باشلىدىم — بۇ



ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

شېھىرلارنىڭ ئىچىدە ئىنقىلاۋىي شېئىرلار (ت. بوگىلاز، ھەتتا ياش بارموتلارمۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق شېئىرلارنى يېزىشقان ئىدى) ۋە لىرىك شېئىرلار بار. مەن 1906 ـ يىلى يازدا سامارا غا قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئەسەرلەرنى ئاپامغا كورسەتتىم. ئۇ ماڭا بۇ شېئىرلارنىڭ ناھايىتى ئاددىي يېزىلىپ قالغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن ئېيتتى. شۇڭا بۇ شېئىرلارنىڭ كوچۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قويمىغان ئىدىم.

ھەر بىر دەۋرنىڭ ئىدىيە، تۇيغۇ ۋە قىزغىنلىقنى ئوز ئىچىگە ئالغان ئوزىگە خاس خىسلىتى بولىدۇ. مەندە ئۇ چاغلاردا مۇنداق يېڭى خىسلەت تېخى يوق ئىدى، شۇڭىدەك ئۇلارنى يارىتىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1906 ـ يىلى يازدا، ئاپام مېڭە پەردىسى ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قازا تاپتى. مەن پېتېربۇرگقا بېرىپ، سانائەت شۇبىيۇەنىگە كىرىپ ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىدە بولدۇم.

ئەكسىيەتچىلىك دەۋرى باشلاندى، سىمۋولىزىمچىلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەھنىدىكى چىراق يورۇغى ئالدىغا كەلدى...

قاتناش مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيدىغان تېز ماڭار پاراخوت ماتروسى كونستانتىن سېرگېيېۋىچ ۋاندېر فىلىت ئوتكىلە ۋە خىيالپەرەس كىشى بولۇپ، ئالدى بىلەن ماڭا ئۇلارنىڭ ـ ۋياچېسلاۋ ئىۋانوۋ، بارموت ۋە ئاندرېي بېرىيلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇ ھەر كۇنى كەچقۇرۇنلۇغى ئوزىنىڭ ۋاسىلىېۋسكى ئارىلىدىكى بالىخانىسىدا، جىن چىراق يورۇغىدا، ماڭا سىمۋولچىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ تۇردى ھەمدە ئۇلار توغرىسىدا چەكسىز خىيالىي قىزغىنلىق بىلەن پاراڭ قىلىپ بېرىپ تۇردى.

ئەنە شۇ چاغدا، 1907 ـ يىلى باھاردا، مېنىڭ "چۇشكۇنپەرەسلەر"نىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسرىگە ياتىدىغان تۇنجى شېئىرلار توپلىمىم چىقتى. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار دورامىچىلىق ۋە بالىلىق بىلەن يېزىلغان ئوسال شېئىرلار ئىدى. ئەمما دەل مۇشۇ توپلام چىققانلىغى ئۈچۈن، مەن ئۆزەمنىڭ شېئىرنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنى بىلىش يولىنى ئېچىۋالدىم. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «كوك دەريا ئېقىمى ئارقىسىدا» دىگەن ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمىم چىقتى. مەن ھازىرغا قەدەر مەزكۇر شېئىرلار توپلىمى ھەققىدە خىجالەتچىلىك تارتمايمەن. «كوك دەريا ئېقىمى ئارقىسىدا» دىگەن ئەسەر مېنىڭ رۇس خەلق رىۋايەتلىرىنى ۋە رۇس خەلق ئىجادىيەتلىرىنى تونۇغانلىغىمنىڭ مېۋىسى ئىدى.

ئۇ چاغلاردا، مەن دەسلەپكى نەسرى ئەسىرىم—«سېغىزخان ھەققىدە ھىكايە»نى يازغان ئىدىم. مەن بۇ كىتاپچىكى ھىكايىلەردە، بالىلىق دەۋرىمدىكى تەسىراتلارنى چوچەك شەكلىدە ئىپادىلەشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. ئەمما ئارىدىن كوپ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن پوۋېست «نىكىتانىڭ بالىلىق دەۋرى»دىلا يۇقۇرقى نىيىتىمنى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرالىدىم.

مېنىڭ ھىكايە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىشىم شائىر ۋە تەرجىمان م. ۋولوشىن بىلەن يېقىنلىشىشقا باشلىغانلىغىمدىن بولدى. 1910 ـ يىلى يازلىغى، مەن ئۇنىڭ ئۆزى تەرجىمە قىلغان خېنرى. د. لېنىېنىڭ① ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ئەسەرلەردىكى ئوبرازلىق تەسۋىرلەر مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۇرگەن

① خېنرى. د. لېنې (1864 ـــ 1936) ـــ فرانسىيىلىك شائىر، يازغۇچى، سىمۋولىپەرەسلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىدى. شەكىلگە ئىنتىلىدىغان سىمۋولپەرەس يازغۇچىلار ۋە لېنىنغا ئوخشىغان ئېستېتىزىمچىلار مېنى شۇ چاغلاردا مەندە تېخى بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچىل بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى — شەكىل بىلەن ماھارەتنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ئىدى.

1910 - يىلى① كۈزدە، مەن تۇنجى پوۋېستىم «دۇلېنۋادا ئوتكەن بىر ھەپتە»نى يازدىم — بۇ پوۋېست كېيىن «ۋولگانىڭ سول قىرغىقىدا»غا كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «قېرى لىپا دەرىخى ئاستىدا»نىڭ تولۇقلانغان ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلدى، ھېكايىلەر توپلىمى «قېرى لىپا دەرىخى ئاستىدا»دا سېخوبالوۋغا ئوخشاش يېقىندىن راۋاج تېپىۋاتقان چوڭ پومېشچىكلارنىڭ بىر قىسىم ئاقسۆڭەك - پومېشچىكلارنىڭ ئىلكىدىكى جايلارنى ئاستا - ئاستا سېتىۋالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. مەن ئاشۇ جايلاردا مەھكەم يىلتىز تارتقان، راۋاجلىنىپ كۈچەيگەن يېزا ئىگىلىك ئاقسۆڭەك - پومېشچىكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ھېكايىلىرىمدە ئۇلارنى تىلغا ئالمىدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن يەنە «توكۇر بوۋاي»، «قىزىق ئادەم» دېگەن ئىككى رومان يازدىم: شۇنىڭ بىلەن ئۇسمۇرلۇك دەۋرىمدىكى

① ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە 1909 - يىلى، ئەسلى تېكىستىدە 1910 - يىلى دېيىلگەن. 1949 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەل يېزىقىدىكى كىتابلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئا. تولستوي ھېكايىلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىكى «دۇلېنۋادا ئوتكەن بىر ھەپتە»نىڭ ئاخىرىسىدىمۇ 1910 - يىل دەپ يېزىلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

مۇھت ئىجادىيەتلىرىمنىڭ ۋەقەلىگى قىلىنغان بىرىنچى باسقۇچ مەشەدە تاماملاندى.

مەن مۇنداق ئەسلىمە ۋەقەلەرنى يېزىپ بولۇپلا، ھازىرقى زامان تۇرمۇشنى يېزىشقا يۈزلەندىم. مەن بۇ جەھەتتە مەغلۇپ بولدۇم. ھازىرقى زامان تۇرمۇشنى تەسۋىرلەپ يازغان پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقمىدى، تېپىك بولالمىدى. ئەمەلىيەتتە مەن شۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپلەرنى چۈشىنىپ ئولتۇرماقتىمەن. بابا مەن بوران-چاپقۇندەك، جىددى رەۋىشتە كېلىپ، ئىنقىلاپقا قۇچاق ئاچىدىغان ھازىرقى زامان تۇرمۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەكسىيەتچىل سەنئەتكە ئىگە سىمۋولچىلارنىڭ دائىرىسىدە ياشاۋەرگەن ئىكەنمەن.

سىمۋولىزىمچىلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، ئابىستىراكىت ۋە سىرلىق ھالەتكە ئۆتۈۋالغان، "پىل چىشى مۇنارىسى"نىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان، ئۇلار ئۇ يەردە كۈنسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئوتۇپ كېتىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

مەن تۇرمۇشنى سويەتتىم، ئابىستىراكىتلىقىقا، ئىدىيالىستىك دۇنيا-قاراشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قارشى ئىدىم. 1910-يىلى ماڭا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر 1913-يىلغا كەلگەندە ماڭا زىيان يەتكۈز-گىلى، دەخلى قىلغىلى تۇردى.

مەن مۇشۇنداق بولىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتىم. مەن ئەزەلدىنلا ناھايىتى كوپ ئىشلىگەن ئىدىم، مۇشۇ چاغدىمۇ ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلىدىم، ئەمما ئاقىۋىتى بولسا تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى: مەن دولەت ۋە خەلقنىڭ ھەقىقى تۇرمۇشنى كورگىنىم يوق.

ئۇرۇش باشلاندى. مەن جەڭ مەيدانى مۇخبىرى («رۇس خەۋەرلىرى» نىڭ) سۈپىتىدە ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندىم، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىگە (1916-يىلى) باردىم. مېنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدا يازغانلىرىم زادىلا قايتا نەشر قىلىنىپ باقمىغان—چار پادىشانىڭ مەتبۇئات تەكشۈرۈش ئورگانلىرى مېنىڭ كورگەنلىرىم ۋە ھىس قىلغانلىرىم توغرىسىدا يازغانلىرىمنى ئىمكان قەدەر ئېلان قىلىشىمغا يول قويمايتتى. مېنىڭ شۇ چاغلاردا يېزىلغان ھىكايىلىرىمدىن بىرنەچچىسىلا توپلىمىمغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

بىراق، مەن ھەقىقى تۇرمۇشنى كوردۇم، مەن سىمۋولچىلارنىڭ ئۇچامنى سىقىپ تۇرغان قارا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، تۇرمۇش قايىنىمىغا ئوزەمنى ئاتتىم. مەن رۇس خەلقىنى كوردۇم.

مەن فېۋرال ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئېيىدا، دىققەت-ئېتىۋارىمنى پېتر I توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى يېزىشقا قاراتتىم. مۇنداق قىلىشىم ئاڭلىق ئويلىنىش ئاساسىدا بولماي، بەلكى سەنئەتكارلىق تەبىتىم ئاساسىدا بولدى، مەن بۇ ۋەقەلىكتە رۇس خەلقى ۋە دولەتنى ئىدارە قىلىش سەنئىتى توغرىسىدا جاۋاپ ئىزدەمەكچى بولدۇم. مەرھۇم تارىخشۇناس ف. ف. كاراش مېنىڭ بۇ يېڭى خىزمىتىمگە ناھايىتى زور ياردەملەرنى بەردى. مەن ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئارخىپ، دىۋان مەھكىمىسى ۋە پرېوبراژېنسكى يامۇلىدىكى خاتىرىلەرنى، ئاتالمىش ”ئېغىز ئىقرارى ۋە ئەنزە“ لەرنى كورۇپ چىقتىم. رۇس تىلىنىڭ غەزنىسى كوز ئالدىمدا ئوزىنىڭ شانلىق نۇرىنى ۋە ئوزىدىكى تالانتلىق كۈچ-قۇۋۋەتنى نامايەن قىلدى. مەن ئاخىرقى ھىساپتا ئەدەبىي تىلنىڭ تۈزۈلۈش سىرىنى چۈشەندىم، ئۇ بولسىمۇ: ئەدەبىي شەكىل ئاپتورنىڭ

ئىچكى ھالىتىگە باغلىق بولىدۇ، بۇنداق ھالەت ئالدى بىلەن ھەركەت، تۇرق ئارقىلىق، ئاخىردا تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدا يېزىق-تىلنىڭ تاللىنىشى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تۇرقتا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەن ئورۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دىراما يېزىش ئىشىنى باشلىۋەتكەن ئىدىم. شۇنىڭغىچە—1913-يىلى—مەن «ئەزگۈچى» دېگەن كومېدىيىنى يازغان ئىدىم ھەمدە ئۇ موسكۋا كىچىك تىياتىرىدا ئوينالغان ئىدى. بۇ سەھنە ئەسىرىم بىر قىسىم تاماشىبىنلاردا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى، شۇڭا ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىمپېرىيە تىياتىرىنىڭ مۇدىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىندى.

مەن 1914-يىلدىن 1917-يىلغىچە 5 كومېدىيە① يازدىم ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەھنىدە ئوينالدى، ئۇلار: «ئوقچا تۇتۇش»، «ئوسال ئادەم»، «سويگۈنى»، «راكېتا» ۋە «قېرىق گۈل»لەردىن ئىبارەت②.

ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، مەن يەنە نەسرى ئەسەر يېزىشقا قايتىپ، «پېترنىڭ كۈنى»نىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسىنى يازدىم، مەن ئوكتەبىرنىڭ قىزىل نۇرىدا، «مېھىر-شەپقەت» دېگەن پوۋېستىنى يازدىم، بۇ مېنىڭ رۇس ئەركىنچى زىيالىلىرىنى تەنقىت قىلىش

---

① "5 كومېدىيە" ئەسلى تېكىستىدە "4 كومېدىيە" دېيىلگەن، بۇ يەردە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدىكىسى قوبۇل قىلىندى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② «ئوقچا تۇتۇش» — «كاككۇكنىڭ كوز يېشى» دېگەن كومېدىيىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى. «قېرىق گۈل» — «ئەكسىيەتچى» دېگەن سەھنە ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسى. 2-، 3-نەشرىدە «ئاگىرا» ۋە «قوغلانغان لوكچەك»كە ئۆزگەرتىلگەن. — ئاپتوردىن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەھەتتىكى سىنىقىم ئىدى.

مەن 1918 ـ يىلى كۈزدە، ئائىلەمىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۇكرائىناغا باردىم ۋە ئودېسسادا قىشلاپ، شۇ يەردە «مۇھەببەت ـ ئالتۇن كىتاپ» دىگەن كومىدىيىنى ۋە «كارئوستېرو» دىگەن پوۋېستىنى يازدىم. مەن يەنە ئودېسسادىن ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ پارىژغا كەتتىم. مەن ئۇ يەردە 1919 ـ يىل 7 ـ ئايدا، «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا» دىگەن چوڭ رومانىنى يېزىشقا كىرىشتىم.

مۇھاجىرلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن مەزگىل ھاياتىمدىكى ھەممە-دىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك مەزگىل بولىدى، مەن ئۇ يەردە، قاچاق بولۇشنىڭ، ۋەتەندىن ئايرىلغان، ھىچبىر تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، قىلچە پايدىسى بولمىغان، ھەرقانداق شارائىتتا باشقىلار ئۈچۈن كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالغانلىقنىڭ دەردىنى تارتتىم.

مەن «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا» (بىرىنچى قىسمى «ئىگىچە ـ سىڭىل») رومانى بىلەن «نىكىتانىڭ بالىلىق دەۋرى» دىگەن پوۋېستىنى زوق بىلەن يازدىم ھەمدە بىرقانچە يىلغىچە داۋام قىلغان غايەت زور خىزمەتنى: شۇ چاققا قەدەر يازغان قىممەتكە ئىگە ھەممە ئەسىرىمنى قايتىدىن تۈزىتىپ چىقىش ئىشىنى باشلىۋەتتىم...

مەن 1921 ـ يىلى كۈزدە بېرلىنغا كوچۈپ بېرىپ، "يول بەلگە-سىنى يەڭگۈشلىگۈچىلەر"نىڭ① "ھارپا" گۇرۇھىغا قاتناشتىم. شۇن-

---

① "يول بەلگىسىنى يەڭگۈشلىگۈچىلەر" ــ ئاق رۇس قاچاق زىيالىلىرى 1921 ـ يىلى قوزغىغان بۇرژۇئا سىياسى ھەركىتى. ئۇلار "يول بەلگە-سىنى يەڭگۈشلەش" دىگەن ماۋزۇدا ماقالا ۋە نەسىرلەر توپلىمىنى بېسىپ تارقاتقاچقا، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ گۇرۇھتىكى كىشىلەر سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، سوۋېت

داق قىلىپ، قاچاق يازغۇچىلار بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتىمنى دەرھال ئۈزدۈم. كونا دوستلۇرۇمنىڭ ھەممىسى "ماڭا ئاتاپ مۇسىبەت كىيىمى كىيگەن". 1922 ـ يىلى باھاردا، ئالېكسى ماكسىموۋىچ پىشكوۋ① سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بېرلىنغا كەلگەندە، ئارىمىزدا دوستـ لۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى.

مەن بېرلىندا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرىمدا، «ئېرىتا» رومانىنى، «تەلەيسىز جۇمە»، «ئانتونى لىبانىڭ قاتىللىغى» ۋە «كار-ۋات تېگىدىن تېپىلغان قولـيازما» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازدىم — ئاخىرقىسى مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئاساسىي مەزمۇنى ھەممىدىن سالماق بولغان ئەسەر. مەن ئۇ يەردە، «نىكىتانىڭ بالىلىق دەۋرى» نى ۋە «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا»نىڭ بىرىنچى قىسمىنى② يېزىپ بولدۇم.

---

ئىتتىپاقى يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنى يولغا قويغاندىن كېيىن ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ دەپ خام خىيال قىلىشقان. ئا. تولس-توي بۇ گۇرۇھنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سۇيىقەستىنىڭ ئەكسى-يەتچىللىگىنى چۈشەنمەيتتى. ئەمما 1922 ـ يىلى «ن. ف. چاكوۋسكىغا يېزىلغان خەت» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ، روشەنكى، نۇرغۇن تەرەپلەردە پۈتۈن ئاق گۇۋاردىيىچىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپلا قالماي، بەلكى "يول بەلگىسىنى يەڭگۈشلىگۈچىلەر" بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ ئۈزگەن. — ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

① ئالېكسى ماكسىموۋىچ پىشكوۋ — ماكسىم گوركىنىڭ ئەسلى ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② ئەسلى تېكىستىدە «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا»نىڭ يېزىلغانلىغىلا ئېيتىلغان، ھازىر ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن "بىرىنچى قىسمى" دىگەن سوزلەر قوشۇپ قويۇلدى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

1923 ـ يىلى باھاردا، مەن پارىژدىن تارقالغان ئاھانەتلەرگە جاۋاپ بېرىش يۈزىسىدىن، «چاكوۋسكىغا يېزىلغان خەت» («خەۋەرلەر» گېزىتىگە كوچۇرۇپ بېسىلغان)نى ئېلان قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن، ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەلدىم.

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىككى ئەسەرنى يەنى «ئىبىكۇس» پوۋېستى بىلەن ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ئۇكرائىنىدا ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن يېزىلغان «زەڭگەر شەھەر» دىگەن پوۋېستىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم (ئانچە مۇھىم بولمىغان ھىكايىلەر ھىساپ قىلىنمىدى).

ۋەتەنگە بولغان قايناق مۇھەببىتىم، ۋەتەنگە ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆز كۈچۈمنى تەقدىم قىلىش ئارزۇيۇم يول خېتىم سۈپىتىدىكى «چاكوۋسكىغا يېزىلغان خەت»نى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى، لېكىن تروتسكىچىلار، تروتسكىچىلارغا مايىل "سول"چىلار ۋە كېيىنكى رۇس پۈرولېتارىيات يازغۇچىلىرى جەمىيىتىنىڭ① نۇرغۇن رەھبەرلىرى بولسا مېنىڭ مۇنداق خېتىمنى ياقتۇرمايتتى.

1924 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن، مەن سەھنە ئەسىرى ئىجادىيىتىگە يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلدىم: «قوغلانغان لۇكچەك» كومېدىيىسىنى، سەھنە ئەسىرى «ئايال پادىشانىڭ سۇيىقەستى» ۋە «ئازاۋ»لارنى

---

① بۇ جەمىيەت ئاممۋى خاراكتىردىكى ئەدىبىيات ـ سەنئەتچىلەر تەشكىلاتى بولۇپ، 1925 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە پۈرولېتارىيات ئەدىبىيات ـ سەنئىتىنىڭ كۈرىشىگىمۇ مەلۇم تەسىر كورسەتكەن. ئەمما كېيىن خەلق دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىغا كىرىۋېلىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، ئاخىر، 1932 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

يازدىم، «ماشىنىلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشى»① بىلەن «تىجارەتچى» (بۇ ــ خاسسانكىلېۋانىڭ② ئەسىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن)نى③ ئۆزگەرتىپ يازدىم.

”رۇس پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى جەمىيىتى“نىڭ ماڭا بولغان بېسىمى يىلدىن ـ يىلغا كۈچەيگىلى تۇردى، ماڭا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش نەتىجىسىدە، كۆپ يىللىق دىراماتورگلۇق خىزمىتىدىن ۋازكېچىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن 1926 ـ يىلى رومان «ئىنژېنېر گارىننىڭ قوش ئەگرى سىزىقلىق جىسمى»نى يازدىم، ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا»نىڭ ئىككىنچى قىسمى ـــ «1918 ـ يىل»نى يېزىشقا باشلىدىم.

مەن شۇ چاغدا، بۇرۇن يازغان ھەممە ئەسىرىمنى قايتىدىن يېزىش ۋە ئۆزگەرتىشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇردۇم.

مەن 1929 ـ يىلى پېتر I توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەرنى يېزىشقا يەنە قايتىپ كېلىپ، «جازا پەشتىغىدا» دىگەن سەھنە ئەسىرىنى يازدىم، مەن بۇ سەھنە ئەسىرىمدە، دەۋرنى بىر ياقلىق قىلىش جەھەتتە

---

① «ماشىنىلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشى»نىڭ ئەسلى نۇسخىسى چېخوسلوۋاكىيە دىراماتورگى ۋە يازغۇچىسى چاپېك (1890 ـــ 1938) تەرىپىدىن يېزىلغان. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② خاسسانكىلېۋا (1890 ـــ ؟)نېمىس شائىرى، دىراماتورگى. ئۇنىڭ«لىردىكىلىق شېرلار توپلىمى»دىن ئىككى تومى ۋە نۇرغۇن دىرامىسى بار. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

③ بۇ يەردە ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە ”يەنە ئۇنىڭ «ئاناكلىست» دىگەن ئەسىرىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتىم“ دېيىلگەن. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.



www.uyghurkitap.com

”ئەنئەنۋى“ خاھىشتىن تېخى پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئىدىم. مەن 1934 ـ يىلى بۇ سەھنە ئەسىرىمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ چىقتىم (ئالېكساندېرىنسكى تىياتىرىدا ئوينالدى)، يەنە 1937 ـ يىلى ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ يېزىپ بېكىتتىم (يېڭى ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىمۇ ئالېكساندېرىنسكى تىياتىرىدا ئوينالدى).

«پېتر» دېگەن سەھنە ئەسىرىمىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى موسكۋا ئىككىنچى سەنئەت تىياتىرىدا ئوينالغان چاغدا، ”رۇس پىرولېتارىيات يازغۇچىلىرى جەمىيىتى“ ئەزالىرىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى، بەختكە يارىشا، يولداش ستالىن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇ چاغدا، 1929 ـ يىلدا، يولداش ستالىن پېتر دەۋرى توغرىسىدا توغرا، تارىخىي باھا بەرگەن ئىدى.

مەن 1930 ـ يىلى رومان «پېتر I»نىڭ بىرىنچى قىسمىنى يازدىم. ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە دارىتما ھېكايە «قارا ئالتۇن»نى يازدىم، مەن 1938 ـ يىلى بۇ ھېكايىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ چىقىپ، «چېنىدىن تويغۇچى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇردۇم. مەن 1934 ـ يىلى «پېتر I»نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىپ بولدۇم.

نەشر قىلىنغان «پېتر I»نىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمى مۇشۇ روماننىڭ ئۈچىنچى قىسمىنىڭ مۇقەددىمىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى، مەن بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاللىقاچان (1943 ـ يىلى كۈزدە) باشلىۋەتتىم①.

---

① ئالېكسى تولستوي 1944 ـ ۋە 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «پېتر I»نىڭ ئۈچىنچى قىسمىنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاشقانلىغى ۋە 1945 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنىڭ بۇ

مېنىڭ «پېتر I» دىگەن بۇ داستاننى يېزىشىمغا نىمە تۈرتكە بولغان؟ ناۋادا مېنىڭ شۇ دەۋرنى تاللىۋېلىشىم ھازىرقى زامانغا دارىتىشنى مەقسەت قىلغان دىيىلسە، ئۇ ھالدا، بۇ توغرا بولمايدۇ. شۇ دەۋر ھاياتىدىكى "پەدەزلەنمىگەن" ئىجادىي كۈچكە ئىگە بولغان قويۇق ھىسسىيات مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى، شۇ دەۋردە، رۇس خاراكتىرى ئالاھىدە روشەن ئىپادىلىنىپ چىققان ئىدى.

يۇقۇرقىغا ئوخشاش سەۋەپ تۇپەيلىدىن، مۇدھىش ئىۋان دەۋرى، پېتر I دەۋرى، 1918-يىلدىن 1920-يىلغىچە بولغان ئىچكى ئۇرۇش دەۋرى ۋە كولىمى ھەم ئەھمىيىتى جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھازىرقى دەۋرانىمىزدىن ئىبارەت تۆت دەۋر مېنى ئەنە شۇ دەۋرلەردە بولغان ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەشكە جەلپ قىلدى. بىراق، بۇ ھەقتە كەلگۈسىدە بىر نەرسە دەي. رۇس خەلقىنىڭ سىرىنى ۋە ئۇلۇغلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتمۇشىنى: تارىخىمىزنى، ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاساسىي ھالقىسىنى، رۇس خاراكتىرى راۋاجلانغان ئىچىنىشلىق ۋە ئىجادىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بىرقانچە دەۋرنى ئۇزۇل-كېسىل ۋە چوڭقۇر تونۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن 30-يىللاردا تىياتىر خىزمىتىگە قايتىپ كېلىشكە ئىككى-ئۈچ قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولساممۇ، ئەمما تروتسكىچىلار گېزىتى بىلەن "رۇس پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى جەمىيىتى"نىڭ قەتئىي قارشىلى-

---

ئىشنى تاماملىشىغا توسقۇن بولغان. ئۈچىنچى قىسمىدىن پەقەت ئالتە باپىلا يېزىلغان. — سوۋېت ئىنتىپاقى ئەدەبىيات تالانىما ئەسەرلىرىنى تۈزگۈچىدىن.

غىغا ئۇچراپ تۇردۇم. "رۇس پۇرولېتارىيات يازغۇچىلىرى جەمىيىتى" تارقىتىلغان، تروتسكىچىلار، تروتسكىچىلارنىڭ بېقىندىلىرى ۋە ۋەتىنىمىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ھەم زىيان سالىدىغان بارلىق ئۇنسۇرلار جەمىيەت قۇرۇلمىسىدىن تازىلانغاندىن كېيىنلا، ئاندىن مەن ئۆزەمنىڭ دۈشمەن قورشاۋىدىن قۇتۇلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەنە شۇ چاغدىلا مەن بارلىق كۈچۈمنى تەقدىم قىلىپ، ئەدەبىيات خىزمىتى ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇۋەپپەق بولالىدىم. مەن بەش قېتىم چەتئەلگە چىقتىم، فاشىزمغا قارشى چوڭ يىغىندا سۆزلىدىم، لېنىنگراد سوۋېتى ۋەكىلى، ئالىي سوۋېت ۋەكىلى بولۇپ سايلاندىم، كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندىم.

مەن 1935-يىلى، «ئاشلىق» دېگەن پوۋېستىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم، بۇ — «1918-يىل» دېگەن رومان بىلەن شۇ چاغدا يېزىش پىلانلانغان «تاڭ قاراڭغۇسىدا» ئوتتۇرىسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئۆتكۈنچى ئەسەر ئىدى. «ئاشلىق» 1937-يىلى كۈزدە پۈتتى. مەن بۇ پوۋېست توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ تاپا-تەنە ئاڭلىدىم: بۇلاردىن ئاساسلىقى، بۇ ئەسەر تېتىقسىز يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە "ئىشۋازلىق پۇرىقى بەك كۈچلۈك" دېگەندىن ئىبارەت. مەن ئۆزەمنى ئازراق ئاقلىماقچىمەن. مەن «ئاشلىق»تا ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىياللارنى بەدىئىي ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى سىناق قىلدىم، شۇڭا، تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ چەكلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمما، بەزى چاغلاردا، مۇنداق ئۇرۇنۇش كىشىلەرگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. مەن يازغۇچىنىڭ تەجرىبە بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە تەجرىبىگە ئەگىشىپ خاتالىشىش ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىمەن. يېزىق-

چىلىق جەھەتتىكى تەجرىبىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم ــ دادىللىق بولمىغاندا، سەنئەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قىزىقارلىق بولغىنى شۇكى، «پېتر I»گە ئوخشاش، «ئاشلىق»مۇ دۇنيادىكى ھەممە دۆلەت يېزىقلىرىغا دىگۈدەك تەرجىمە قىلىندى، ھەتتا «پېتر I»دىنمۇ كۆپرەك تىللارغا تەرجىمە قىلىندى.

مەن 1938 ـ يىلى باھاردا، «غالىبىيەت يولىغا»① ناملىق بىر سەھنە ئەسىرى يازدىم.

مەن مۇشۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالىلار ئەدەبىياتى نەشرىياتىغا ئاتاپ بەش توملۇق رۇس خەلق ئەدەبىياتىنى تەييارلىدىم. مەن بۇ چوچەك ـ رىۋايەتلەرنى ئۆزگەرتىپ يېزىش ياكى قايتىدىن يېزىشنى رەت قىلدىم. مەن مانا بۇ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن ھىكايىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىدىدە، ۋەقەلىكى ئوخشاش، تۈرى ھەر خىل بولغانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ھىكايە قىلىپ قويدۇم ــ خەلق تىلىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قالدىم، پەقەتلا ۋەقەلىككە قوشۇپ قويۇلغان، زورۇر بولمىغان تەپسىلاتلارنى ۋە ئارتۇقچە بولغان نەرسىلەرنى قىسقارتىۋەتتىم، بۇ نەرسىلەر ياكى ھىكايە ئېيتقۇچىلار شۇ خىلدىكى رىۋايەتلەردىن ئۆلۈك ھالدا قوشۇۋالغان، ياكى بايان قىلىنىشى مۇكەممەل بولماي قالغان، ۋە ياكى ئىپادىلەشتە يەرلىك تىللار بەك كۆپ ئىشلىتىلىپ كېتىپ، دىگەندەك گەۋدىلىك

① ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە مۇشۇ يەردە: "شۇ يىلى كۈزدە، فاشىزىمغا قارشى مەزمۇندىكى «ئالۋاستى كوۋرۇگى» دىگەن كىتاپچەمنى ئېلان قىلدىم" دىيىلگەن. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بولماي قالغان نەرسلەر ئىدى.

ئۇرۇش باشلانغان كۈنى — 1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى — مەن «تاڭ قاراڭغۇسىدا» رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردۈم. ئۈچ قىسمنى بىللە باسمىغا بېرىش ۋاقتىدا، مەن يەنە بۇ داستاننىڭ ئالدىنقى ئىككى قىسمىنى پۈتۈنلەي سىلىشتۇرۇپ بىر قۇر ئۆزگەرتىپ چىقتىم. ئۈچ قىسمىنى يېزىپ چىقىشقا ئىلگىر - كېيىن بولۇپ 22 يىل ۋاقىت كەتتى. بۇ رومانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى — ئويگە قايتىش، ۋەتەن يولىغا كىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. «تاڭ قاراڭغۇسىدا»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە قۇرى ۋە بىرنەچچە بېتى ۋەتىنىمىز ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغان بىر ۋاقىتتا يېزىلغان ئىدى، شۇڭا مەن بۇ روماندا ماڭغان يولۇمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

هازىر مەن ئىككى يىللىق دەھشەتلىك ئۇرۇش ۋە ۋەيرانچىلىقلارنى ئەسلىگىنىمدە، خەلقىمىزنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس قۇدرىتىگە، ئۇلۇغ هاياتقا ئېلىپ بارىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقى يولى بولغان جەۋرى - جاپالىق تارىخ يولىمىزنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپ، شۇنداقلا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتلەرگە دۇچكەلگەنلىكىگە ئېچىنىپ، دۈشمەنگە نىسبەتەن قەھرۇ - غەزەپكە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا كۈرەشكە قاتنىشىش ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقىمىزنى چۈشەندىم. مەن 1941 - يىل 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلەردىمۇ، چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا تامامەن ئىشەنگەن ئىدىم. مەن شۇ چاغدا چىمانكىدا (گوركى شەھىرىگە يېقىن، ۋولگا دەرياسى قىرغىقىدا) «مۇدھىش ئىۋان» دىگەن سەھنە ئەسىرىنى يېزىشقا باشلىدىم. بۇ مېنىڭ نېمىس باسمىچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى

خارلىغانلىقىغا بەرگەن جاۋاۋىم ئىدى. مەن پادىشا ئىۋاندىكى ئۇلۇغ، قىزغىن رۇس روھىنى ئىسكىنلىكتىن جانلاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق بىزدىكى "نەپرەتلىنىپ تۇرغان ۋىجدان"لارنى قوزغالاندۇرماقچى بولدۇم. مەن مۇشۇ سەھنە ئەسىرىمنى يازغاچ بەزى ماقالىلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ ئىنكاس قوزغىغانلىرى مۇنۇلار: «بىز نىمىنى قوغداۋاتىمىز»، «ۋەتەن»، «خەلقنىڭ قېنى». مېنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە گېزىتلەردە ئېلان قىلغان ماقالىلىرىم ئىككى توپلام قىلىنىدى. مەن «مۇدھىش ئىۋان»نىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان «چىشى بۇركۇت»نى 1942-يىل 2-ئايدا يېزىپ بولدۇم، ئىككىنچى قىسمى بولغان «ئېغىر يىللار»نى 1943-يىل 4-ئايدا يېزىپ بولدۇم، بۇلاردىن تاشقىرى، مەن يەنە «ئىۋان سۇدالىيوۋ ھەققىدە ھېكايە» ۋە باشقىلارنى يازدىم...

1943-يىل.



ئاھ، رۇس زېمىنى!
«ئىگورنىڭ يېزاققا يۈرۈش قىلىشى»①

# I

لىپا دەرەخلىرى قاپلىغان يېزىدىن پېتېربۇرگقا كېلىپ قالغان كىشى ئەتراپىغا زەڭ قويۇپ قارىغىنىدا، ھەم خوشاللىناتتى، ھەم يۈرىگىنىڭ قىسىلىپ كېتىۋاتقانلىغىنى تۇيۇپ تۇراتتى.

تۇپ ـ تۇز ۋە تۇمانلىق كوچىلار قاسىنغىدىكى دەرىزىلىرى قاپ ـ قاراڭغۇ ـــ نۇرسىز ئۆيلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ، دەرۋازىلار ئالدىدا ئۈگدەپ تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ يېنىدا تەمتىرەپ يۈرگەن؛ نېۋا دەرياسىنىڭ مول ۋە قارامتۇل سۇلىرىغا، خىرە ـ شىرە كوزگە چېلىققان، قاراڭغۇ چۇشمەي تۇرۇپلا پانۇسلىرى يېقىپ قويۇلغان كوۋرۇكلەرگە،

① «ئىگورنىڭ يېراققا يۈرۈش قىلىشى» ـــ تەخمىنەن 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نامى چىقمىغان روسىيىلىك بىر شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان داستان. ئىگور ـــ سۋياتوسلاۋنىڭ ئوغلى. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نۇرغۇن تۈۋرۈكلۈك، ئەمما كۆرۈمسىز سارايلارغا، غەيرى رۇس ئۇسلۇبىدا ناھايىتى ئېگىز قىلىپ سېلىنغان پېتروپاۋلوۋسك چوڭ چېركاۋىغا، قاپ-قارا سۇدا شۇڭغۇپ يۈرگەن كونا قېيىقلارغا، گىرانىت قىرغاقلار بويىغا تىزىلغان ۋە ئوتۇن بېسىلغان چاتما كېمىلەرگە قاراپ يۈرگەن؛ ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ تەشۋىشلىك، رەڭسىز يۈزلىرىگە، شەھەر ئاخشىمىدەك خىرە كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغان ئەنە شۇ زىيارەتچى بولارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، ئەگەر نىيىتى توغرا بولسا، ئۇ چاغدا، ئۇ ياقىسىنى ئېگىز كۆتىرىپ، بېشىنى ئېگىپ قوياتتى؛ نىيىتى بۇزۇق بولسا، كۆچۈمنىڭ بېرىچە ئۇرۇپ، ئادەمنى گاراڭ قىلىپ قويىدىغان بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنى پارە-پارە قىلىۋەتسەم، دەپ ئويلايتتى.

پېتر I زامانىدا تروپتسكى چېركاۋىنىڭ سوپىسى (چېركاۋ ھازىرغىچە تروپتسكى كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا) قاراڭغۇدا قوڭغۇراقخانىدىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ، ئورۇق ۋە چاچلىرى پاخپايغان خوتۇن سىياقىدىكى بىر ئالۋاستىغا ئۇچراپ، ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن مەيخانىغا كىرىپ: "پېتېربۇرگنى يەر يۇتىدۇ" دەپ ۋاقىرىغانمىش، مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن، يوشۇرۇن مەھكىمىدىكىلەر① ئۇنى تۇتۇپ ئاپىرىپ، قاتتىق قىيناپ، ئۆلگۈدەك دۇمبالىغانمىش.

پېتېربۇرگنى جىن ئۇرغان دېگەن گەپ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن

---

① بۇ مەھكىمە 1718-يىلى ۋەلىئەھد ئالېكسىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلىش جىنايى ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، پېتر I تەرىپىدىن قۇرۇلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا سىياسى مەھبۇسلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تارقالغان. ۋاسلىيېۋسكى ئارىلىدا شەيتاننىڭ خادىكىقا چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى ئادەملەر ئۆز كوزلىرى بىلەن كورگەنمىش؛ يېرىم كېچىدە بوران چىقىپ، دەريادا سۇ تاشقان ۋاقىتتا، پادىشانىڭ مىس ھەيكىلى گىرانىت تاش تۇپىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تاشلارنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كەتكەنمىش؛ مەخپى مەسلىھەتچى مەيىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا، بىر ۋاقىتلاردا ئولۇپ كەتكەن بىر ئەمەلدار ئۇنىڭ مەيىسىنىڭ دەرىزىسىگە يېپىشىۋاپتۇدەك، دىگەنگە ئوخشاش مىش-مىش پاراڭلار شەھەردە كەڭ تارقالغان.

شائىر ئالېكسى ئالېكسىيېۋىچ بېسسونوۋ تېخى يېقىندىلا بىر كېچىسى مەيىگە چۈشۈپ ئاراللار تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئەگمە كوۋرۈككە كەلگەندە، بۇلۇت پارچىلىرى ئارىسىدىن ئاسماندىكى بىر يۇلتۇزغا كوزى چۈشكەن، كوز يېشى قىلغان يېتى يۇلتۇزغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان چاغدا، ھاراق-شاراپ ئىچىشتىن، مۇھەببەتتىن، زېرىكىشتىن ئايلىنىپ تۇرغان باشتا پەيدا بولغان خىيالىي مەنزىرىگە ئوخشاش، ئوزى ئولتۇرغان مەيمۇ، مارجاندەك تىزىپ ئېسىپ قويۇلغان پانۇسلارمۇ، شۇنداقلا ئارقىدا قېلىپ ئۇيقۇغا پاتقان پېتېربۇرگمۇ — ھەممىسى ئۇنىڭغا پەقەت بىر چۈش، قۇرۇق پەرەز بولۇپلا تۇيۇلغان ئىدى.

ئىككى ئەسىر خۇددى كوزنى يۇمۇپ-ئاچقاندەك چاپسان ئوتۇپ كەتتى: دۇنيانىڭ بىر چېتىدە، سازلىق ۋە قاقاس دالىدا تۇرغان پېتېربۇرگ چەكسىز شان-شەرەپ ۋە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى؛ سارايدا بولۇۋاتقان سىياسى ئوزگىرىشلەر، خان-پادىشالارنى قەستلەپ ئولتۇرۇش، غەلىبە تەنتەنىلىرى ۋە قانلىق جازالار خۇددى چۈشتىكىدەك كورۇنەتتى؛ ئىرادىسى بوش ئايال‌لار

مۇقەددەستەك ھوقۇقىنى ئۆز قولىلىرىغا ئېلىشاتتى؛ مىللەتنىڭ تەقدىرى ئىسسىق ۋە پۇرلاشقان كوپىلەردە ھەل قىلىناتتى؛ قولىلىرى توپىغا مىلىنىپ قارىيىپ كەتكەن قاۋۇل يىگىتلەر ھاكىمىيەت، ياتاق ۋە ۋىزانتىيىچە بايۋەچچىلىك تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇش يۈزىسىدىن، خانلىق تەختىگە دادىللىق بىلەن كوتىرىلەتتى.

خوشنا دولەتلەر مانا بۇ ئارزۇ-خىياللارنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىدىن دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭغا قورقۇنچ بىلەن قارايتتى. رۇسلار-مۇ پايتەختتىكى بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا ھەسرەت ۋە خاۋاتىرلىق بىلەن كوڭۈل بولەتتى. مەملىكەت پېتېربۇرگنىڭ بۇ ئەرۋاھلىرىنى ئىسسىق قېنى بىلەن باقاتتى، ئەمما ئۇلارنى زادىلا تويغۇزالمايتتى.

پېتېربۇرگ جۇشقۇن، ئەمما مەززىسىز، قوسىغىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ھېچنىمە بىلەن كارى بولماسلىقتەك كېچە تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزەتتى. يازنىڭ ئايدىڭ، تەلۋە ۋە شەھۋانە كېچىلىرى؛ قىشنىڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن تۈنلىرى، كوك قىمار ئۈستەللىرى، ئالتۇننىڭ جاراڭلىشى؛ مۇزىكا، دەرىزىلەرنىڭ ئارقىسىدا تانسا ئويناۋاتقان ئەر-ئاياللار؛ شامالدىنمۇ ئىلدام ئۈچ ئاتلىق ھارۋىلار، جىپسىلار، سەھەر چېغىدىكى دۈئىللار؛ مۇزدەك سوغاق شامال چىقىۋاتقان چاغدىكى نەي ئاۋازلىرى، كوزلىرى ۋىزانتىيىلىك خانلارنىڭكىدەك ئادەمگە دەھشەت سالغۇچى پادىشا ھوزۇرىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ھەربى كورەك—مانا بۇلار مۇشۇ شەھەرنىڭ ھاياتى ئىدى.

يېقىنقى ئون يىل داۋامىدا چوڭ كارخانىلار ئىشىنىش قىيىن بولغان سۈرئەت بىلەن قۇرۇلدى. گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك، قىممىتى مىلىيون-مىلىيون رۇبلىغا تەڭ كېلىدىغان بايلىق، مال-مۈلۈك ۋۇجۇتقا كېلىپ تۇردى. سىمونت ۋە ئەينەكتىن قىلىنغان بانكا،



www.uyghurkitap.com

مۇزىكا زالى، مۇز تېيىلىش مەيدانى ۋە سەلتەنەتلىك مەيخانىلار بىنا قىلىندى؛ بۇ مەيخانىلاردا، مېھمانلار مۇزىكىدىن، ئەينەكلەرنىڭ ئەكس نۇرىدىن، يېرىم يالىڭاچ ئاياللاردىن، چىراق نۇرلىرىدىن، شامپان ھارىغىدىن كەيپ-ساپا قىلىشاتتى. قىمارخانىلار، تېپىشىش سورۇنلىرى، تىياتىرخانىلار، كىنوخانىلار ۋە سەيلە-تاماشا باغچىلىرى ناھايىتى تېز ئېچىلىپ تۇراتتى. ئىنژېنېرلار ھەم كاپىتالىستلار پېتېربۇرگقا يېقىن جايدىكى تاقىر ئارالدا پايتەخت ئۇچۇن مىسلى كورۇلمىگەن، ھەشەمەتلىك يېڭى ساراي سېلىش لايىھەسى ئۇستىدە ئىشلەيتتى.

شەھەردە ئوزىنى ئولتۇرۇۋېلىش كەيپىياتى ئەۋج ئالغان ئىدى. سوتلار قانلىق ۋە ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرنى مەززە قىلىپ ئاڭلىغۇچى ئەسەبى خوتۇنلارغا تولۇپ كېتەتتى. پۇل بولسا، زىبۇ-زىننەتلەرمۇ، ئاياللارمۇ — ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. ھەممىلا يەرنى پاھىشىۋازلىق قاپلىغان، ھەتتا ساراي ئەھلىدىمۇ شۇ ئىشلار ۋابادەك تارقىلىپ كەتكەن ئىدى.

كوزلىرىدىن تەلۋىلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، قاۋۇل، ساۋاتسىز بىر دىخان سارايغا كىرىپ، پادىشا تەختىگىچە يېتىپ كەلدى-دە، كۇلكە ۋە مەسخىرىگە قالدى، رۇسلارغا ھاقارەت كەلتۇردى.①

ھەرقانداق چوڭ شەھەرگە ئوخشاش، پېتېربۇرگمۇ جىددى ۋە تەشۋىشلىك ياشايتتى. ۋاھالەنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھەركىتىنى مەركىزى بىر كۇچ باشقۇرۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ، شەھەرنىڭ روھى

---

① بۇ يەردە راسپۇتىن كوزدە تۇتۇلىدۇ. 327-بەتتىكى بەت ئاستى ئىزاھىغا قارالسۇن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دەپ ئاتاش مۇمكىن بولغان نەرسە بىلەن باغلانمىغان ئىدى: بۇ مەركىزىي كوچ تەرتىپ، خاتىرجەملىك ۋە قائىدە-يوسۇن ئورناتماقچى بولاتتى، شەھەرنىڭ روھى بولسا بۇ كۈچنى يىمىرىشكە ئىنتىلەتتى. يىمىرىش روھى ھەممىلا يەردە بار ئىدى، سېسىق نامى پۇركەتكەن ساشكا ساكىلمانىڭ پۇل مۇئامىلە ھايانكەشلىكلىرىگىمۇ، پولات ئېرىتىش زاۋۇدى ئىشچىسىنىڭ غەمكىن قەھرۇ-غەزىۋىگىمۇ، "قىزىل قوڭغۇراق" دەپ ئاتالغان سەنئەتكارلارنىڭ يەر ئاستى كوفىخانىلىرىدا ئەتىگەنلىكى سائەت بەشكىچە ئولتۇرىدىغان مودىلىق شائىرەلەرنىڭ قالايمىقان ئارزۇ-ئىستەكلىرىگىمۇ شۇ يىمىرىش روھىنىڭ زەھەرى تەككەن ئىدى، ھەتتا شۇ روھقا قارشى كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇنداق يىمىرىش روھىنى كېڭەيتىۋېتىدىغان، كۈچەيتىۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قالاتتى.

ئۇ زامانلاردا سويگۇ، ياخشى نىيەت، ساغلام ھىسسىيات چاكىنىلىق ياكى كونىلىق دەپ ئاتىلاتتى؛ ھېچكىمدە ھەقىقىي سويگۇ يوق ئىدى، ئەمما ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەشنا ئىدى، ھەممىلا كىشى يۈرەكنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغۇچى ئوتكۇر ھىسسىياتلارغا بېرىلەتتى.

قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئۇيىلاتتى، خوتۇنلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ۋاپادارلىقىنى يوشۇراتتى. يىمىرىش—ياخشى ئادەت، ياخشى نىيەت؛ ئەسەبىلىك—ئەڭ ئالىجاناپ نازاكەت ئىش ھىساپلىناتتى. بۇنى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا قاياقتىندۇ پەيدا بولغان مودىلىق يازغۇچىلار ئۆگىتەتتى. كىشىلەر ئورپ-ئادەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان ئوسال ئىشلارنى ئويلاپ چىقىشنى خالايتتىكى، باشقىلار يامان كورىدىغان چاكىنا نەرسە سانىلىشنى خالمايتتى.

مانا بۇ 1914-يىلدىكى پېتېربۇرگ ئىدى. ئۇيقۇسىز كېچىلەردە



www.uyghurkitap.com

ئازاپلانغان، مەي بىلەن، ئالتۇن بىلەن، سويگۇسىز مۇھەببەت بىلەن، تانگونىڭ ئۇلۇم مەدھىيىسىنى بايان قىلغۇچى زىل ۋە ئاجىزغىنا سادالىرى بىلەن ئۇز غەم-قايغۇلىرىنى بىسۋاتقان بۇ شەھەر هالاكەتلىك ۋە دەھشەتلىك بىر كۇنىنىڭ يىتىپ كىلىشىنى كۇتۇپ تۇرغاندەك ئىدى. بۇنىڭ بەلگىلىرىمۇ كوپ ئىدى — ھەر بىر يوچۇق ۋە توشۇكتىن يىگى ۋە چۇشىنىپ بولمايدىغان نەرسىلەر چىقىپ كەلمەكتە ئىدى.

# 2

"...بىز ئۇتمۇشنى ئەسلەشنى زادى خالىمايمىز. بىز: بەس، ئۇتمۇشكە ئارقىچە بولۇڭلار! دەيمىز. ئارقامدا تۇرغان كىم ئۇ؟ ۋىناسمۇ؟① خوش، ئۇنى يىگىلى بولامدۇ؟ يە بولمىسا ئۇ مىنىڭ چىچىمنى ئۇستۇرەلەمدۇ؟ بىلمىدىم، مەرمەر تاشتىن ئىشلەنگەن بۇ نەقىشنىڭ ماڭا قانداق پايدىسى بارىكىن. ئەمما بۇ سەنئەتقۇ، سەنئەت، ھەي! ئۇزەڭلەرنى مۇنداق چۇشەنچە بىلەن خوش قىلىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئەتراپىڭلارغا، ئالدىڭلارغا، ئايىغىڭلارغا قاراپ بىقىڭلار! ئايىغىڭلاردا ئامىرىكا بەتىنكىسى! ياشىسۇن ئامىرىكا بەتىنكىسى! قىپ-قىزىل سىرلانغان ئاپتوموبىل، رىزىنكە چاقلار، بىر

---

① ۋىناس — قەدىمقى رىم ئەپسانىلىرىدىكى گۇزەللىك ۋە مۇھەببەت ئىلاھى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پۇت① بېنزىن، سائىتىگە يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈش — مانا بۇ سەن-
ئەت! بۇلار مېنىڭ ئۇزاق-ئۇزاق جايلارغا بېرىشىمغا كۈچ بېغىش-
لايدۇ. ئۇزۇنلۇغى ئون ئالتە ئارشىن② كېلىدىغان ئېلاندا بېشىغا
كۈن نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرىدىغان شىلەپە كىيگەن
كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ سۈرىتى سىزىپ قويۇلغان، — سەنئەت دەپ
مانا بۇنى ئېيتىدۇ! ماشىنىچىلا سەنئەتچى، زامانىمىزدىكى تالانت
ئىگىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ! مەن ياشاشنى خالايمەن، ھالبۇكى
سىلەر بولساڭلار ماڭا جىنسى ئاجىزلارغا ئاتاپ تەييارلانغان مۇھە
شىرىنسى تۇتقۇزۇۋاتىسىلەر...»

تار زالنىڭ ئارقا تەرىپىدىن، ئورۇندۇقلارنىڭ كەينىدىن، تېخنى-
كوم ۋە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى زىچ توپلىنىپ تۇرغان جايدىن
كۈلكە ۋە چاۋاك ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ناتىق سېرگى سېرگېيېۋىچ
ساپوژكوۋ ھول لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، يوغان بۇرنى ئۈستى-
دىكى كوزەينەكنى ئېتتىرىپ قويۇپ، لېكسىيە مۇنبىرى پەلەمپىي-
دىن يەڭگىلگىنە قەدەم تاشلاپ چۈشۈپ كەلدى.

زالنىڭ بىر چېتىدە، بەش شامىلىق ئىككى شامدان يورۇتۇپ
تۇرغان ئۇزۇن ئۈستەل كەينىدە «پەلسەپە كىچىلىگى» جەمىيىتىنىڭ
ئەزالىرى: جەمىيەت رەئىسى، ئىلاھىيەت پىروفېسسورى ئانتونوۋسكى؛
بۇگۈنكى ناتىق، تارىخچى ۋېلىيامىنوۋ؛ پەيلاسوپ بورسكى قاتارلىقلار
ئولتۇراتتى؛ مۇخەممەر يازغۇچى ساكۇنىنمۇ شۇ يەردە ئىدى.

---

① پۇت — روسىيىدە ئېغىرلىق بىرلىگى بولۇپ، بىر پۇت 16.38 كىلو-
گىرامغا تەڭ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② بىر ئارشىن 0.711 مېتىرغا تەڭ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

"پەلسەپە كىچىلىگى" جەمىيىتى بۇ قىشتا تېخى نامى چىقمىغان، لېكىن ھاقارەتلەشكە ئامراق ياشلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا دۇچكەلدى. ئۇلار ئاتاقلىق ھەم ئۇلۇغ يازغۇچىلارغا ۋە ھۆرمەتلىك پەيلاسوپلارغا شۇنداق قەھرۇ-غەزەپ بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى، شۇنىڭدەك ئۇلار شۇنداق دادىل ۋە تەسىرلىك گەپ-سۆزلەرنى بايان قىلاتتىكى، بۇنىڭ بىلەن، كېچىلىك جەمىيىتى جايلاشقان فونتانكىدىكى قەدىمىي ئۆي، ھەر شەنبە كۈنى ئوچۇق يىغىلىش بولغاندا، ھەمىشە ئادەمگە لىق تولۇپ كېتەتتى.

بۈگۈن ئاخشاممۇ شۇنداق بولدى. ساپوژكوۋ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كىشىلەر توپى ئارىسىدىن غايىپ بولۇشى بىلەن، پاكار بويلۇق، چېچى قىسقارتىۋېتىلگەن، يۈزىنىڭ ئىككى ياڭىقى دومبىيىپ چىققان، چىرايى سارغايغان بىر كىشى — ئاكۇندىن دەررۇ مۇنبەرگە چىقتى. ئۇ بۇ يەردە يېقىندىلا پەيدا بولغان، كىشىلەر قەلبىدىن، خۇسۇسەن زالنىڭ كېيىنكى قاتارلىرىدا ئولتۇرغان تاماشىبىنلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. ھەر دەم بەزىلەر ئۇنىڭ كىملىكى، قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا سوئال قويغاندا، ئۇنى تونۇيدىغانلار سىرلىق كۈلۈپلا قوياتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ھەقىقى ئىسىم-پەملىسى ئاكۇندىن ئەمەس ئىدى، ئۇ چەتئەلدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنبەرگە چىقىپ ۋەز ئېيتىشىمۇ بىكارغا ئەمەس ئىدى.

ئاكۇندىن شالاڭ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، شۇك بولغان زالغا بىر قاراپ چىقتى ۋە نېپىز لەۋلىرى بىلەن كۈلۈمسىرىدى-دە، سۆز باشلىدى.

شۇ چاغدا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىنراق جايدىكى ئورۇندۇقتا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغان، ئۇچىسىغا قارا سوكنىدىن ئۇره ياقلىق چاپان كىيگەن ياشقىنا بىر قىز مۇشتۇمنى ئىڭىگىگە تىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىنچىكە ئاچ سېرىق چاچلىرى قۇلاق ئۇستىدىن يوغان تۇگۇن قىلىپ تۇگۇلگەن ۋە تاغاق بىلەن قاداپ قويۇلغان. قىز ھەمرىلىماي ۋە كۇلمەي ئولتۇرۇپ، كوك ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرغانلارنى كوزدىن كەچۇرەتتى. ئۇنىڭ كوزلىرى گايىدا شامنىڭ ئوتىغا تىكىلىپ قالاتتى.

ئاكۇندىن مۇنبەرگە مۇشتۇمى بىلەن بىر ئۇرۇپ:

— جاھان ئىقتىسادى ئوزىنىڭ تومۇر مۇشتۇمىنىڭ بىرىنچى زەربىسىنى چېركاۋ گۇمبىزىگە تاشلايدۇ! — دېگىنىدە، ھېلىقى قىز يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويىدى ۋە قىزىرىپ كەتكەن ئىڭىگىدىن مۇشتۇمنى ئېلىپ، ئاغزىغا كەمپىت سالدى.

ئاكۇندىن سوزلەيتتى:

— سىلەر بولساڭلار ھازىرغىچىلا ئاللانىڭ پانا بولۇشىنى خىيال قىلىپ ياتىسىلەر. سىلەر ھەرقانچە تىرىشچانلىق كورسىتىپ باققان بولساڭلارمۇ، لېكىن ئۇلار ئوز ئويىقۇسىنى داۋام ئەتتۇرمەكتە. يا سىلەر ئۇلارنىڭ ئاخىر ئويغىنىپ، بالائام ئېشىگىدەك تىلغا كىردىشىنى تاما قىلامسىلەر؟ ھەئە، ئۇلار ئويغىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنى شائىرلىرىڭلارنىڭ شېرىن ئاۋازلىرى ئەمەس، ئىسرىقدانىڭلارنىڭ ئىسلىرىمۇ ئەمەس، پەقەت فابرىكا گۇدۇكلىرىلا ئويغىتىشقا قادىر. خەلق ئويغىنىدۇ ۋە تىلغا كىرىدۇ، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ ئاۋازى قۇلاقلىرىڭلارغا ياقماس. يا بولمىسا، سىلەر ئۇمىدىڭلارنى چاتقاللىق ۋە سازلىقلىرىڭلارغا باغلامسىلەر؟ بۇ يەردە يەنە يېرىم ئەسىر ئۇگىدەپ ئولتۇرۇش مۇمكىن، ئەمما بۇنى قۇتقۇزغۇچ خۇداغا ئوقۇلغان مەدھىيە

دەپ ئويلىماڭلار. سىلەرنىڭ چۈشۈڭلار كەلگۈسىدىكى ئىش بولماس-
تىن، بەلكى ئۈتمۈشتىكى ئىشتۇر. رۇس دىخىنى مانا مۇشۇ جايدا،
پېتېربۇرگدا، مانا شۇ ھەشەمەتلىك زالدا ئويلاپ چىقىرىلغان. رۇس
دىخىنى توغرىسىدا يۇزلەپ كىتاپ يېزىلىپ، ئوپېرالارغىمۇ
كىرگۈزۈلگەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ قان توكۇلۇشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن...

ئۇ سوزلەپ مەشەگە كەلگەندە، رەئىس ئۇنى سوزدىن توختاتتى. ئاكۇندىن كۇلۇمسىرەپ قويۇپ، كەمزۇلىنىڭ يانچۇغىدىن يوغان بىر قولياغلىقنى چىقىرىپ، بېشى بىلەن يۇزىنى ئەپلىكلا سۇرتتى. زالنىڭ كەينىدىكىلەر ۋاقىرىشىپ كەتتى:

— سوزلىسۇن!

— خەقنى سوزلەتمەيدىغانمۇ گەپ بولامدىكەن!

— بۇ تازا خارلاش بولدىغۇ!

— ھاي، ئارقىدىكىلەر، جىم!

— ئوزەڭلەرمۇ جىمىڭلار!

ئاكۇندىن سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ...رۇس دىخىنى — نەزىرىيىلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى. دەرۋەقە شۇنداق. ئەمما بۇ نەزىرىيىلەر ئەنە شۇ دىخاننىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان كۇتكەنلىرى بىلەن، ئادالەت توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي چۇشەنچىلىرى بىلەن، ھەممىگە ئايان چۇشەنچىلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانمىسا، ئۇ ھالدا، بۇ نەزىرىيىلەردىن، خۇددى تاشقا چېچىلغان ئۇرۇققا ئوخشاش، ھېچبىر نەتىجە چىقمايدۇ. تا رۇس دىخىنىغا قوسىغى ئاچ، مېھنەت قىلىۋېرىپ يەلكىسى يارا بولۇپ كەتكەن سادda ئىنسان سۇپىتىدە قاراش پۇتمىگىچە، تا ئۇنى، بىر زامانلاردا

بىرەر باي تەرىپىدىن ئويلاپ چىقىرىلغان قۇللۇق خۇلـقىدىن مەھ-
رۇم قىلمىغىچە، پاجىەلىك ئىككى قۇتۇپ بىر بىرىـگە قارىمۇـقارشى
ياشاۋېرىدۇ: بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرىـــسىلەر كىـتاپخانىلاردا ئۇلـ-
تۇرۇپ ئويلاپ چىقارغان سەلتەنەتلىك نەزىرىيىلەر؛ ئىككىنچىسى—
سىلەر بىرىـپ بىلـشنى زادىـلا خالـىمىغان خەلق... بىز بۇ يەردە
ھەقىقەتەن سىلەرنى تەنقىت قىلماقچىمۇ ئەمەسمىز. ئادەمنىڭ ھەممە
خىيال-ئارزۇلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ۋاقىتـىنى بىكارغا كەتكۈ-
زۈۋېتىش بولاتـتى. ياق! بىز: ۋاقىتـىنى قولـدىن بېرىـپ قويماي
قېچىپ قۇتۇلۇڭلار، دەيـمىز. چۈنكى، ھەممە ئوي-پىـكىر ۋە مال-
مۈلكىڭلار رەھىمسىز تۈردە تارىخنىڭ ئەخلەت دوۋىسىگە تاشلىنىدۇ...

قارا سوكنا چاپان كىيگەن ھىلىقى قىزنىڭ ئەلپازىدىن مۇنبەردە
ئېيتىـلىۋاتقان گەپـلەرنىڭ مەنىــسىگە يېتىشـكە كوڭـۇل بولگۇسى
كەلمەيۋاتقانلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بۇ گەپـلەر ۋە تالاش-
لارنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى مۇھىم ۋە چوڭـدەك تۇيۇلسـمۇ، ئەمما
ئۇنىڭغا ئەڭ مۇھـىم بولـغىنى باشـقا ئىشـلار بولۇپ، بۇ توغـرىـدا
سوزلەنمەيۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

دەل شۇ ئەسنادا كوك ئۈستەل يېـنىدا يېڭى بىر كىـشى پەيدا
بولدى. بۇ كىشى ئالدىرىماي-تېنىـمەي رەئىسـنىڭ يېنىغا كېـلىپ
ئولتۇرۇپ، ئەتراپتىـكىلەرگە بېشـىنى لىڭشـتىپ سالام بېرىپ، قار
چۈشۈپ ھول بولۇپ توڭـلاپ قىـزىـرىپ كەتـكەن قولـلىرى بىلەن
ساغۇچ چاچـلىرىنى سىـلاپ-تۈزەشـتۈرۈپ قويـدى-دە، ئانـدىن
قوللىرىنى ئۈستەل تېگىگە تىقىپ، قەددىنى رۇسـلاپ ئولتۇردى؛ ئۇ
ئۇچىــسىغا تار، قارا رەڭـلىك مۇراسىم كـىيىمى كىيىـۋالغان، يۈزى
يادائىـغۇ، تاتىـرىـپ كەتـكەن، ئەگمە قاش، كۇلـرەڭ كوزلـىرى

يوغانغىنا كىشى بولۇپ، چاچلىرى قالپاقتەك يېيىلىپ يۈزىنى يېپىپ تۇراتتى. ھەپتىلىك ژورنالنىڭ يېقىنقى بىر سانىدا ئالېكسېيېۋىچ بېسسونوۋنىڭ بەئەينى شۇنداق سۈرىتى بېسىلغان ئىدى.

ئەمدىلىكتە قىزنىڭ كۆزىگە كىشىنى يىرگەندۈرگۈدەك ياسىنىۋالغان شۇ كىشىدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. قىز پېتېربۇرگنىڭ شاماللىق كېچىلىرىدە چۈشىدە كۆپ مەرتىۋە كۆرگەن بۇ غەلىتە ئالامەتكە يۈرىگى پوكۇلداپ تۇرغان ھالەتتە نەزەر سالاتتى.

ئەنە، ئۇ كىشى قولاقلىرىنى يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە قارىتىپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىمۇ ئاددى كۈلۈمسىرەش ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ نەپىس بۇرنىدىن، ئاياللارنىڭكىدەك نازۇك قاشلىرىدىن، چېھرىسىنىڭ قانداقتۇر نازۇك كۈچىدىن مەككارلىق، مەغرۇرلۇق ۋە قىز چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان يەنە ئاللىقانداق بىر نەرسىلەر سېزىلەتتىكى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ يۈرىگىنى تولىمۇ ھاياجانغا سالاتتى.

شۇ ئەسنادا، يۈزى قىپ-قىزىل، ساقال-بۇرۇتلۇق، ئالتۇن راملىق كۆزەينەك تاقىغان، يوغان باش، بېشىدا توت تال ساغۇچ چېچى قالغان دوكلاتچى ۋېلىيامىنوۋ ئاكۇندىنىغا جاۋاپ قايتۇرماقتا ئىدى:

— لاۋىنىڭ تاغدىن باستۇرۇپ چۈشۈشى قانچىلىك ھەقلىق بولسا، سىزمۇ شۇنچە ھەقلىقسىز. بىز دەھشەتلىك زاماننىڭ يېتىپ كېلىشىنى خېلى بۇرۇنلا كۈتۈپ كەلمەكتىمىز، بىز سىزنىڭ ھەقىقىتىڭىزنىڭ غەلىبە قىلىشىنىمۇ ئالدىن كۆرگەن ئىدۇق. جاھاننىڭ ئۆزگىرىشىنى بىز ئەمەس، بەلكى سىلەر تېزگىنلەپ تۇرۇپسىلەر. ئەمما بىزگە مەلۇمكى، سىلەرنىڭ فابرىكا گۇدۇكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئالى ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىڭلار ئەسلىدە

پەقەت خارابىلاردىن، ئىنساننى تېگىگە بېسىپ ياتقان تەرتىپسىزلىك-
لەردىنلا ئىبارەت، "ئۇسساپ كەتتىم" دەيدۇ ئۇ ئىنسان، چۈنكى
ئۇ يەردىن زەمزەم سۈيىدىن بىر تامچىمۇ تېپىلمايدۇ. پەخەس
بولۇڭلار! — ۋېلىيامىنوۋ چوكىدەك ئۇزۇن بارمىقىنى چىقىرىپ، قاتار
ئولتۇرغان ئاڭلىغۇچىلارغا كوزەينىگىنىڭ تېگىدىن تىكىلىپ قاراپ
قويدى، — سىلەر خىيال قىلغان، سىلەر ئادەمنى جانلىق مېخانىزمغا،
ئادەمنى نومۇرغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان جەننەتتە،
شۇ دەھشەتلىك جەننەتتە، يېڭى ئىنقىلاپ، ئىنقىلاپلارنىڭ ھەممىدىن
دەھشەتلىكى بولغان مەنىۋى ئىنقىلاپ يوشۇرۇنغان.

........

— ئىنساننى نومۇرغا ئايلاندۇرۇش، — دېدى ئاكۇندىن ئولتۇرغان
جايىدا سوغاققىنا، — ئۇمۇ ئىدىيالىزىم ھېساپلىنىدۇ!

ۋېلىيامىنوۋ "ئەنە خالاس!" دېگەندەك قىلىپ، ئۈستەل ئۈستىدە
ئىككى قولىنى كەردى. شام يورۇغىدا ئۇنىڭ پايىنەك بېشى يالتى-
رايتتى. ئۇ گۇنا توغرىسىدا، دۇنيانىڭ قايسى تەرەپكە ئېغىشى،
كەلگۈسىدىكى دەھشەتلىك جازا توغرىسىدا سوزلەپ كەتتى. زالدى-
كىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوتەل باشلاندى.

ئارام ئېلىش ئارىلىغىدا، ھېلىقى قىز ئاشخانىغا ماڭدى، ئۇنىڭ
قاپىغى تۈرۈلگەن، كوڭلى غەش بولۇپ، ھېچكىم بىلەن كارى
بولماي، ئىشىك يېنىغا بېرىپ تۇردى. بىرنەچچە ئادۋوكات ئوز
خوتۇنلىرى بىلەن چاي ئىچىشىۋاتاتتى ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن سوز-
لىشىپ ئولتۇراتتى. مەشھۇر ئەدىپ چېرنوبىلىن مەش يېنىدا تۇرۇپ،
مۇراببا ۋە بېلىق يەيتتى، ئوتكەن-كەچكەنلەرگە مەس كوزلىرى
بىلەن پات-پات تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. ئوتتۇرا ياشلىق، بويۇن-
لىرى بەكمۇ مەينەتلىشىپ كەتكەن، چاچلىرىغا يوغان-يوغان چىلتەك

باغلىۋالغان ئەدىپ سوۋېتىدىكى ئىككى خانىم ئاشخانا ئالدىدىكى پۆكەي ئالدىدا سۆرلەنگەن گوش بولكىسى يەپ تۇراتتى. چىركاۋنىڭ ئىشان ۋە موللىلىرىدىن بىرقانچىسى جامائەتكە قوشۇلماستىن، بىر چەتتە يۇۋاشقىنا تۇرۇشاتتى. ئاق كىرىشكە باشلىغان چاچلىرىنى ئەتەي پاخپايتىپ تارىۋالغان تەنقىتچى چىرۋا ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، بىرەرسى يېنىمغا كېلەرمىكىن دەپ، شامداننىڭ تېگىدە پاشىنىسىنى ئويىنىتىپ تۇراتتى، ۋېلىيامىنوۋ پەيدا بولدى، ئەدىپ سوۋېتىدىكى خانىملاردىن بىرى دەررۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ، قولىغا يېپىشتى. خانىملارنىڭ ئىككىنچىسى دەرھال چايناشتىن توختاپ، كوينىگىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى قېقىپ تاشلىدى-دە، بېشىنى ئېگىپ، كوزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېشىنى ئاستاغىنا ھەر ياققا ئېگىپ، ھەممىگە سالام بېرىۋاتقان بېسسونوۋ كەلمەكتە ئىدى.

قارا سوكنا چاپان كىيگەن قىز ئەدىپ سوۋېتىدىكى خانىمنىڭ جىلتكە تېگىدىن قەددى-قامىتى ۋە مەيدىسىنى قانداق توغرىلىۋالغانلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۇيۇپ تۇراتتى. بېسسونوۋ بۇ خانىمغا خالار-خالىماس كۈلكە بىلەن بىر نەرسە دىگەن ئىدى، خانىم سېمىز قوللىرىنى بىر بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ، كوزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

قىز يامانلىغاندەك يەلكىسىنى سىلكىدى-دە، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ چاقىردى. قارا ئۆگلۈك، ئورۇقلاپ كەتكەن، دۇخاۋا پەلتو كىيىۋالغان بىر يىگىت ئادەملەر ئارىسىنى بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلەتتى ۋە خوشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتاتتى، شاتلىنىپ بۇرنى تۇرۇلگەن بولۇپ، قىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. يىگىتنىڭ ئالقىنى
ھول، پىشانىسىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن چاچلىرىمۇ نەم بولۇپ،
ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان قارا كۆزلىرى قىزغا مۇلايىم تىكىلەتتى.
ئۇنىڭ نامى ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ ژىرووۋ ئىدى.

— سىزمىدىڭىز؟ بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسىز، دارىيە دمىترىيېۋنا؟ — دېدى ئۇ.

— سىز نىمە قىلىپ يۈرگەن بولسىڭىز، مەنمۇ شۇ-دە، — دېدى قىز ۋە قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشىتىۋېلىپ، قولقاپىنىڭ ئىچىگە تىقتى-دە، ياغلىقى بىلەن سۈرتتى.

يىگىت يەنىمۇ مۇلايىمراق قاراپ غىلجىڭلىدى:

— بۇ قېتىمدىمۇ ساپوژكوۋ سىزگە ياقمىدىمۇ؟ ئۇ بۇگۈن خۇددى پەيغەمبەردەك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ كەسكىن سۆزلۈكلۈكى، گەپ قىلغاندىكى ئۇزىگە خاس ئۇسلۇبى چىشىڭىزغا تەككەن بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسى — بىز ئىچ-ئىچىمىزدىن ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن، لېكىن ئېيتىشقا پېتىنالمىغان نەرسىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلدى. بۇ دەل مۇنداق:

ھەر بىرىمىز خېلى ياش،
قوسىغىمىز بەكمۇ ئاچ،
يوقلۇقنى يۇتار بولدۇق...

بۇ — غەيرى ئاددى، يېڭى ۋە دادىل ئېيتىلغان گەپلەر، دارىيە دمىترىيېۋنا، يېڭى نەرسىنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ سەزگەنسىز؟ ئۇ بىزنىڭ نەرسىمىز، يېڭى نەرسە، ئاچكۆز ھەمدە دادىل-جۇشقۇن نەرسە. ئاكۇندىنىنى ئېيتمامسىز! ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ

ناھايىتى مەنتىقسىلىق، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سوزلىرىنىڭ تىرەنلىكىنى قارىمامسىز! يەنە شۇنداق ئىككى ـ ئۈچ قىش ئوتىدىغانىلا بولسا ــ ئىش پۈتىدۇ، ھەممە ياق لەرزىگە كېلىدۇ ــ يېرىلىپ كېتىدۇ ــ مانا بۇنىڭ ئوزى كوكۇللۇك ـ تە!

يىگىت تاتلىقتىنا ۋە مۇلايىم كۇلۇمسىرەپ، بوش ئاۋاز بىلەن گەپ قىلاتتى. داشا① ئۇنىڭ بىرەر نەرسىدىن تەسىرلەنگەندەك تىترەپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. قىز يىگىتنىڭ گېپىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمايلا، بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، كىيىم ـ كېچەك يېشىش ئويى تەرەپكە كېتىپ قالدى.

قۇچاق ـ قۇچاق جوۋا ۋە كالاچ توشۇۋاتقان ئاچچىقى يامان ۋە مېدالىلىق قوۋۇقچى داشا ئۇزاتقان نومۇرغا كوز قىرىنى تاشلاپمۇ قويمايتتى. قىزغا ئۇزاق كۇتۇشكە توغرا كەلدى، تاشقىرى دالاندىن، توختىماي ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ تۇرغان ئىشىكتىن ئۇرۇلغان سوغاق شامال ئۇنىڭ ئوشۇغىغا كېلىپ تېگەتتى، دالاندا توپلىنىپ تۇرغان ئىگىز بويلۇق، كوك چاپانلىرى ھول بولۇپ كەتكەن ھارۋىكەشلەر زالدىن چىققانلارنى خوشال كەيپىياتتا پوك ـ پوك سوزلەپ ھارۋىسىغا تەكلىپ قىلىشاتتى:

ــ قېنى، ئەپەندىم، يورغىسىغا ئولتۇرسىلا!

ــ پىسكىگە بارىدىغانلار بارمۇ، پىسكىگە!

بىردىنلا داشانىڭ ئارقا تەرىپىدىن بېسسونوۋنىڭ سوغاقراق ۋە ئېنىق قىلىپ ئېيتقان سوزى ئاڭلاندى:

ــ قوۋۇقچى، جوۋا، قولاقچا ۋە ھاسىنى ئېلىۋەتسىلە!

---

① دارىيەنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

داشا يەلكىسىدە چۈمۈلە ئۆمىلىگەندەك بىر نەرسە جىمىرلاپ كەتكىنىنى تۇيدى. ئۇ شۇ زامات بۇرۇلۇپ، بېسسونوۋنىڭ كۆزلىرىدىگە تىكىلىپ قارىدى. بېسسونوۋ، خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، قىزغا ئاستاغىنا كۆز تاشلىدى، بىراق ئۇنىڭ كىرپىكلىرى دەررۇ تىترەپ، كۆلرەڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، داشا يۈرىگىنىڭ سىيلىپ كەتكىنىنى سەزدى.

— يېڭىلىشمىسام، — دېدى بېسسونوۋ قىزغا بىرئاز ئېگىشىپ، — سىز بىلەن ھەدىگىزنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەن بولساق كېرەك؟

داشا دەررۇ جاۋاپ قايتۇردى:

— ھەئە، كۆرۈشكەنمىز!

قىز قۇۋۇقچىنىڭ قولىدىن جۇۋىسىنى تارتىپ ئالدى-دە، دەرۋازا تەرەپكە ئىلدام مېڭىپ كەتتى؛ ئۇ كوچىغا چىققىنىدا نەم سوغاق شامال ئۇنىڭ جۇۋىسىنى كۆتىرىپ، ساغۇچ يامغۇر تامچىسىنى يۈزىگە ئۇراتتى. داشا جۇۋىسىنىڭ ياقىسى بىلەن يۈزىنى كۆزىگىچە ياپتى. بىركىم ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، قۇلىغىغا:

— ئاھ، كۆزلىرىڭىزدىن ئايلىناي! — دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

داشا ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ خىرە يورۇغىدا ھول ئاسفالىت يولدا ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ باراتتى. بىر قاۋاقخانىنىڭ ئېچىقلىق ئىشىگىدىن ئىسكىرىپكىلارنىڭ نالىسى — ۋالىس ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. داشا ئەتراپىغا قاراپمۇ قويماي، قولىقىنىڭ يۇقىغا ئاغزىنى يېقىپ قويۇپ، غىڭشىلداپ سوزلىدى:

— ياق، ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس، ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس، ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس!



www.uyghurkitap.com

# 3

داشا دالاندا ھول جۇۋىسىنى يەشكەچ ئۆي خىزمەتچىسىدىن سورىدى:

— دەرۋەقە، ئۆيدە ھېچكىم بولمىسا كېرەك؟

ئۇلۇغ موغول①، — ئۆي خىزمەتچىسى لۇشاننىڭ قويۇق ئۇپا سېپىلگەن يۈزى كەڭ، ياپىلاق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ موغول دەپ نام قويۇشقان ئىدى، — ئەينەككە قاراپ، زىل ئاۋاز بىلەن جاۋاپ قايتۇردى: ئاغىچا ھەققەتەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، خوجايىن بولسا ئۆيدە، كۈتۈپخانىدا ئىكەن، يەنە يېرىم سائەت-تىن كېيىن غىزاغا ئولتۇرىدۇ.

داشا مېھمانخانىغا كىرىپ، رايال يېنىدا ئولتۇردى-دە، پۇتلىرىنى مىڭگەشتۇرۇپ، قوللىرى بىلەن تىزىنى قۇچاقلىدى.

ھەدىسىنىڭ ئېرى نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۆيدە ئىكەن، دېمەك، ئۇ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، قاپىغى سېلىنغان، مانا ئەمدى نوقۇل شىكايەت قىلىۋېرىدۇ. ھازىر سائەت ئون بىر، سائەت ئۈچ بولغاندا ئۇخلاش كېرەك، بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىش يوق.

① ئۇلۇغ موغول — ئەسلىدە بابىل 1526-يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە قۇرغان موغول ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاسى، بۇ يەردە ئۇ لۇشاننىڭ لەقىمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

كىتاپ ئوقۇسۇنمۇ؟ ئەمما قانداق كىتاپنى ئوقۇيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كىتاپ ئوقۇغۇسى يوق. شۇنداق ئويلىنىپ ئولتۇراي دېسە، كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولىدۇ. مانا، بەزىدە تۇرمۇش كۆڭۈلسىز نەرسە بولۇپمۇ قالىدۇ.

داشا ئۇھ تارتتى، رايالنىڭ قاپقىقىنى ئاچتى-دە، سىڭايان ئولتۇرغىنىچە، بىر قولى بىلەن سكرەبىن① مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى. ئۇ توققۇز ياشلىق كىشىنىڭ، بولۇپمۇ قىزنىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەس-ھوشلۇق بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەر-كەكلەر كۆپ ئىدى، ئەگەر ئۇ سوغاق قارايدىغان بولسا، بۇنداق كىشىگە دۇنيادا ياشاش خېلى ئېغىر كېلىدۇ.

داشا پېتېربۇرگدىكى قانۇن كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن، بولتۇر سامارادىن كېلىپ، ھەدىسى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سموكوۋنى-كوۋانىڭكىدە تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ ئېرى مەشھۇر ئادۋوكات ئىدى؛ ئۇلار باياشات ۋە كۆڭۈللۈك ياشىشاتتى.

داشا ھەدىسىدىن بەش ياش كىچىك ئىدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ياتلىق بولغان چاغدا، داشا كىچىككىنە بىر قىز ئىدى؛ كېيىنكى يىللاردا ھەدە-سىڭىل كەم كۆرۈشكەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭى مۇناسىۋەتلەر تۇغۇلغان ئىدى: داشا ھەدىسىنى چەكسىز ياخشى كۆرەتتى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بولسا سىڭلىسىغا بەك كويۇنەتتى.

دەسلەپكى كۈنلەردە داشا ھەممىدە ھەدىسىگە تەقلىت قىلاتتى:

---

① سكرەبىن (1871 — 1915) — رۇس كومپوزىتورى. ئۇ سىمفونىيە مۇزىكىسى، راياللىق خور مۇزىكىسى، رايال بىلەن تەڭكەش قىلىش مۇزىكىسى ۋە باشقا رايال مۇزىكىلىرىنى ئىجات قىلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇنىڭ گۈزەللىگى، سىپايىلىگى، كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالىشىغا ھەۋەسى كېلەتتى، پەخىرلىنەتتى. ئۇ ھەدىسىنىڭ دوستلىرى ئالدىدا ئۇيىلاتتى، ئۇيالغىنىدىن بەزىلىرىگە قوپال گەپ قىلاتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۆز ئۆيىنى ھەمىشەم ئاجايىپ قىلىپ تۇتۇشقا، تېخى كوپ جايدا رەسىم-ئادەت بولمىغان ھەر تۈرلۈك يېڭىلىقلار بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىشاتتى؛ ئۇ شەھەردە ئېچىلىدىغان ھەممە كورگەزمىنى بېرىپ كورەتتى ھەمدە كەلگۈسىپەرەس رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى سېتىۋېلىشقا ناھايىتى كوڭۈل بولەتتى. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن، بۇلتۇر ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تالاش-تارتىش بىرنەچچە مەرتەم يۈز بەرگەن ئىدى، چۈنكى نىكولاي ئىۋانوۋىچ تولاراق مەنىلىك رەسىملەرنى ياقتۇراتتى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بولسا خەقنىڭ زامانىدىن ئارقىدا قاپتۇ دىگەن تەنە گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن كورە، يېڭى سەنئەت ئۈچۈن ئاداقىچە كۈرىشىشكە پۈتۈن يۈرەك قېنىنى بېغىشلىغان ئىدى.

داشا چاسا يۈزلۈك رەسىملەر، گېومېترىك يۈزلەر، ئارتۇقچە قول ۋە يوتىلار، باش ئاغرىغۇدەك غەلىتە، ئېغىر بوياقلىق رەسىملەرنى — قوپال، ئەدەپسىز، ئۇياتسىز سەنئەتنى چۈشىنىشىنىڭ قىيىنغا توختايدىغانلىغىنى سەزسىمۇ، مېھمانخانا تاملىرىغا ئېسىپ قويۇلغان بۇ غەلىتە رەسىملەرگە قايىل بولۇپ يۈرەتتى.

ھەر سەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى سموكوۋنىكوۋلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى قۇش كوزى رەڭگىدە بىزەلگەن ئاشخانىسىدا كەچكى زىياپەتكە خۇش چاقچاق ئۇلپەتلەر يىغىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەپدان ۋە خوتۇنباز ئادۋوكاتلار ئەدەبىياتتىكى يېڭى ئېقىمنى زوق بىلەن كۈزىتەتتى؛ مۇخبىرلاردىن ئىككى-ئۈچى بولۇپ، ئىچكى-

تاشقى سىياسەتنى قانداق يۇرگۈزۈش لازىملىغىنى ئېنىق بىلەتتى؛ يەنە ئەدىبىيات ساھەسىدە يېڭى پالاكەت تەييارلاۋاتقان ئەسەبىي تەنقىتچى چىرۋامۇ بار ئىدى. گايىدا ياش شائىرلار زىياپەتتىن خېلى ئىلگىرىلا كېلىشەتتى، ھەممىدە ئۇلار شېئىر يازغان دەپتەرلىرىنى دالانغا ئېسىلغان پەلتولىرىنىڭ يانچۇقىدا قالدۇرۇپ قوياتتى. زىيا- پەت باشلىنىش ئالدىدا، مەشھۇر بىر شەخس مېھمانخانىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى-دە، ئايال ساھىپخانىنىڭ يېنىغا تەمكىن كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ، ساھىپخان تەكلىپ قىلغان كىرسلودا تەنتەنە- لىك ئولتۇراتتى. زىياپەت ئارىلىقىدا دالاندىن كالاچىنىڭ شاپۇر- شۇپۇر سېلىنىغان ئاۋازى، كېيىن كىمنىڭدۇ: ”سالام ساڭا، ئۇلۇغ موغول!“ دىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كېيىن ئاشق رولىنى ئويناپ چىققۇچى ئارتىس ئايال ساھىپخانىنىڭ ئورۇندۇغىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، تازا قىرىلىغان، ئىككى قوۋۇزى ساڭگىلاپ تۇرغان يۈزىنى ئىگىشتۇرۇپ:

— كاتىيۇشا①، قولىڭىزنى ئۇزىتىڭ، — دەيتتى.

داشا ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق كەچكى زىياپەتلەردىكى ئاساسلىق ئادەم ئۇنىڭ ھەدىسى ئىدى. داشا جانان، مېھرىۋان ۋە ساددا دىل يېكاتېرىنا دمىترىيېۋناغا كەم ئىلتىپات بولغانلاردىن ناھايىتى ئاچچىق- لىناتتى، غەزىۋى كېلەتتى؛ ئەمما ئۇ ھەدىسىگە ھەددىدىن تاشقىرى ياخشىچاق بولغۇچىلارغا بولسا ھەسەت قىلىش مۇئامىلىسىدە بولاتتى — داشا بۇنداق گۇنا قىلىپ قويغانلارغا ئالىيىپ قارايتتى.

ئۇ بۇنچىۋالا كوپ مېھمان ئارىسىدا قانداق قىلارىنى بىلمەسلىك- تىن ئىشىنىڭ ئېپىنى بارا-بارا بىلىشكە ئوتتى. ئۇ ھازىر ئادۇوكات-

---

① يېكاتېرىنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

نىڭ ياردەمچىلىرىنى قىلچە كوزگە ئىلمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ پاخپاق كەمزۇلى، ئاچ سوسۇن گالستۇك ۋە پېشانىسىدىن بويىنغىچە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن باشقا، ھېچقانداق قالتىسلىقى يوق ئىدى. ئۇمۇ ھېلىقى ئاشىق رولىنى ئالغۇچى ئارتىستقا ئوچمەنلىك بىلەن قارايتتى، قىزنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ كىشىنىڭ ھەدىسىنى كاتە① دېيىشكە، ئۇلۇغ موغولنى ئۇلۇغ موغول دەپ ئېيتىشقا ھېچقانداق ھەققى يوق ئىدى، رۇمكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، قاپاقلىرى ئېسىلىپ چۈشكەن كوزلىرىنى داشاغا تىكىپ: "پورەكلەپ ئېچىلغان ئۈرۈك گۈلى ئۈچۈن ئىچەمەن!" دېيىشكە تېخىمۇ ھەددى يوق ئىدى. شۇنداق پەيتلەردە داشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قىزىرىپ، تاتىرىپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ مەڭزى ھەقىقەتەنمۇ قىپ-قىزىل ئىدى، ئەمما ئۇ يەر يۈتقۇر ئۈرۈك گۈلى رەڭگىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچ ئىلاجى يوق ئىدى، شۇ سەۋەپتىن داشا داستىخان ئۈستىدە ئوزىنى ياغاچ قوچاقتەك سېزەتتى.

ياز كەلگەندە داشا ئاتىسىنىڭكىگە — ئىسسىق بولىدىغان ۋە چاڭ باسقان ساماراغا قايتماستىن، سېستروروېتسكىدە، ھەدىسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئويىدە قالغان ئىدى. ئۇ يەردىكى ئۈلپەتلەرمۇ كونا، قىشتا ئۇچرىشىپ تۇرغان ئۈلپەتلەر ئىدى. ئەمما ئۇلار كوپرەك يىغىلىشىپ تۇراتتى، قېيىقلارغا چۈشۈپ سەيلە قىلىشاتتى، سۇغا چومۇلۇشەتتى، قارىغايلىقلاردا مۇز يېيىشەتتى، ئاخشاملىرى مۇزىكا ئاڭلىشاتتى، ساناتورىيىنىڭ يۇلتۇزلار يورۇتۇپ تۇرغان ئايۋىنىدا

① يېكاتېرىنانىڭ يەنە بىر ئەركىلەتمە ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىزىقچىلىق قىلىشىپ كەچكى تاماق يېيىشەتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سىڭلىسى داشاغا كەشتىلەنگەن ئاق كويىنەك، ئاق داكىدىن قارا چىلتەك سىلىنىغان شلەپە ھەم كەينى تەرىپى يوغان تۇگۈن قىلىپ باغلىنىدىغان شايى بەلۋاغ تىككۈزۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەدىسىنىڭ ئېرىنىڭ ياردەمچىسى نىكانور يۈرىيېۋىچ كۆلىچېك، خۇددى كوزى ئەمدى ئېچىلغاندەك، بىردىنلا داشاغا ئامراق بولۇپ قالدى.

بىراق ئۇ، داشا "ياقتۇرمايدىغانلار"دىن ئىدى. داشانىڭ غەزىۋى كېلىپ، ئۇنى ئورمان ئىچىگە چاقىرىۋالدى-دە، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئاغزىنىمۇ ئاچقۇزماي (كۆلىچېك قولىدا مىجىقلاپ تۇتۇپ تۇرغان قولياغلىقى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتەتتى)، ئۆزىنىڭ ئۇ ئويلىغاندەك "مكيان" ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ قىلىغىدىن غەزەپلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەخلاقسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى قاتتىق سوكۇپ، بۇ ئەھۋاللار توغرىسىدا ھەدىسىنىڭ ئېرىگە دەرھال ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ھەدىسىنىڭ ئېرىگە ئەرز قىلدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۆزىنىڭ سىلىق ساقىلىنى سىلاپ، داشانىڭ نەپرەتتىن قىزىرىپ كەتكەن ئۇرۇك گۈلى چىرايىغا، غەزەپتىن تىترىگەن يوغان شلەپىسىگە، زىلۋا بوي، ئاپپاق قامىتىگە تىكىلىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىدى، كېيىن سۇ بويىدىكى قومغا ئولتۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى؛ قولياغلىقىنى ئېلىپ، كوزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بولدى ئەمدى، داريە، يېتەر، كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈشكە ئاز قالدى! — دىدى.

داشا بولسا ھېچ نەرسىگە چۈشەنمىگەن ۋە ھەيرانە ھالەتتە كەتتى. كۆلچېك ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمايتتى، ئۇ يالغۇز يۈرىدىغان بولدى، كۈندىن-كۈنگە ئورۇقلاشقا باشلىدى. داشانىڭ نومۇسى قوزغىلىدۇرۇلغان ئىدى. بىراق بۇ ئەھۋال قىزدىكى جىم ئۈگدەپ ياتقان قىزلىق تۇيغۇلىرىنى بىردىنلا ئويغىتىۋەتتى، ئۇنىڭدىكى نازۇك تەكشىلىك بۇزۇلۇش بىلەن، گويا داشانىڭ چېچىدىن تا تاپىنىغىچە پۈتۈن تېنىدە قانداقتۇر خىيالچان، شەكىلسىز، يېقىمسىز ئىككىنچى بىر كىشى پەيدا بولغاندەك تۇيۇلاتتى. داشا ئۇنىڭ بارلىغىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سېزەتتى، خۇددى ئىپلاس بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك يىرگىنەتتى؛ ئۇ يۈزىنى ئورىۋالغان كورۇنمەس تورنى ئۈزۈپ تاشلاشنى، يەنە پاك، سالماق، يېنىك بولۇشنى خالايتتى.

ئەمدى، ئۇ سائەتلەپ چويلا توپ ئوينايتتى، كۈندە ئىككى قېتىم يۇيۇناتتى، تاڭ سەھەردە، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدا شەبنەم تامچىلىرى تاۋلىنىپ تۇرغان، ئەينەكتەك تەپ-تەكشى دېڭىز پارقىراپ تۇرغان، بوش شىپاڭغا نەم باسقان ئۈستەللەر قويۇلۇۋاتقان، قۇم توزۇپ تۇرغان يوللار سۈپۈرۈلۈۋاتقان چاغدا ئۇيقۇدىن تۇراتتى.

بىراق، ئۇ قۇياش نۇرى تېنىنى ئىسسىتقان ياكى ئاخشىمى يۇمشاق ئورۇندا ئۇخلاۋاتقان چاغلاردا، بايىقى ئىككىنچى كىشى جانغا كىرىپ، تۇيدۇرماي ئۇنىڭ يۈرىگى يېنىغا كېلەتتى، ئۇنى يۇمشاق قولى بىلەن غىدىغلايتتى. ئۇ كىشىنى ئىتتىرىپ تاشلىۋەتكىدە-لىمۇ بولمايتتى. كوك ساقالىنىڭ سېھىرلىك ئاچقۇچىدىكى قانىنى يۇيۇپ تاشلاش① مۇمكىن بولمىغىنىدەك، بۇنىمۇ يۇيۇپ تاشلىغىلى

① فرانسىيە يازغۇچىسى پىرو (1628 — 1703) يازغان «ۋاقىت ھەققىدە ھېكايە»گە قارالسۇن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

بولمايتتى.

تونۇش ـ بىلىش ھەممە كىشى، ھەممىدىن ئاۋال ئۇنىڭ ھەدىسى ياز پەسلىدە داشانىڭ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاشتى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

ــ ئەمدى نىمە قىلىمىز ـ ھە، داشا؟ ــ دىدى.

ــ ھە، بىرنىمە بولغاندەك تۇرامدۇ، كاتە؟

داشا كوينەكچان، ئۇز كوپىسىدە چاچلىرىنى يوغان تۇگۈن قىلىپ ئولتۇراتتى.

ــ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىسەن، ئەمدى نىمە قىلارمىز دەيمەن؟

داشا ھەدىسىگە ئالايدى ـ دە، تەتۇر قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ مەڭزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ــ كاتە، سەن ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلما، بۇنداق گەپلەرنى ياقتۇرمايمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، يۈزىنى داشانىڭ يالىڭاچ يەلكىسىگە قويۇپ كۆلدى ۋە ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سويدى.

ــ بۇنداق قىيىقلىق قىلىپ نىمە قىلىمىز، يە قاشقا ئوغلاق، يە كىرپە ۋە ياكى ياۋا مۈشۈك بولمىساق.

بىر كۈنى چويلا توپ مەيدانىدا ئورۇق، ساقال ـ بۇرۇتى تازا قىرىلغان، ئاستىنقى ئىڭىكى ئالدىغا سوزۇلۇپ چىققان، كوزلىرى ياش بالىلارنىڭ كوزىدەك بىر ئىنگلىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ

كىيگەن كىيىمى شۇنچىلىك ياخشى، سىپتا ئىدىكى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەردىن بەزىلىرىنىڭ تاۋى خىرە بولدى. ئىنگلىز داشانى چويلا توپ ئويناشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزى چويلا توپنى خۇددى ماشىنىدەك چاپسان ئوينايتتى. داشاغا ئىنگلىز زادىلا قاراپ قويمىغاندەك، نوقۇل چەتكە قاراپ ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. داشا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، يەنە بىر مەيدان ئويناشنى تەكلىپ قىلدى. داشا چاققانراق بولۇش ئۈچۈن، ئاق قاپلىما چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ ئاق شلەپىسىنىڭ تېگىدىن بىر تۇتام چېچى چۇگۇلۇپ چىقىپ تۇراتتى، ئەمما داشانىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. داشا كەلگەن توپنى كۈچ بىلەن ئۇرۇپ قايتۇرۇپ تۇرۇپ: "مانا، ئەپچىل، ھەممە ھەركىتى جىلۋىلىك رۇس قىزى، يۈزىدىكى قىزىلىمۇ كېلىشكەن" دەپ ئويلايتتى ئۆزى توغرىسىدا.

ئويۇندا بۇ قېتىممۇ ئىنگلىز ئۇتتۇۋالدى؛ ئۇ داشاغا سوغاقىنا تازىم قىلدى-دە، خۇش پۇراق تاماكا چېكىپ، ئۈستەل يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئىستاكان لىمون سۈيى ئەكەلدۈردى.

داشا ئۈچىنچى مەرتىۋىسىدە مەشھۇر بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئويناپ تۇرۇپ، ئىنگلىز ئولتۇرغان تەرەپكە بىرنەچچە مەرتىۋە كۆز قىرىنى تاشلاپ قاراپ قويدى، ئىنگلىز ئۈستەل يېنىدا، شايى پايپاق كىيىۋالغان بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ تىزى ئۈستىگە قويۇپ، ئوشۇغىنى تۇتۇپ، چىغ شلەپىسىنى ئارقا مىڭە تەرىپىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، دېڭىز تەرەپكە قاراپلا ئولتۇراتتى.

داشا كېچىسى ئورۇندا يېتىۋېتىپ بولارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدى، يۈزى قىزارغان، چاچلىرى چۇگۇلغان ھالدا مەيداندا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ يۈرگىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ئەلەمدىن

ۋە ئۇزىمۇ باسالمايدىغان ئالىقانداق بىر تۈيغۇدىن ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلىدى.

ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ چويلا توپ مەيدانىغا بارمايدىغان بولۇۋالدى. بىر كۈنى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭغا:

ــ داشا، بېيلىس ئەپەندى سېنى ھەر كۈنى سورايدۇ، نېمىشقا چويلا توپ ئوينىغىلى بارمايدىغان بولۇۋالدىڭ؟ــ دېدى.

داشا ئاغزىنى ئاچقان پېتى ھاڭۋېقىپلا قالدى ۋە بەكمۇ نەپرەتلىنىپ، "ئەخمەقلەرچە غەيۋەتلەر"نى ئاڭلاشقا خۇشى يوقلۇغىنى، بېيلىس ئەپەندى دېگەن نېمىنىمۇ تونۇمايدىغانلىغىنى ۋە تونۇشنىمۇ خالىمايدىغانلىغىنى، ئەگەر ئىنگلىز مەندىن تارتىنىپ "بىمەنە چويلا توپ" ئوينىمايۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا، ئۇنىڭ يۈزسىز ئىكەنلىگىنى ئېيتتى. داشا تاماقمۇ يېمەستىن، يانچۇغىغا بولكا ۋە قارىغات سېلىپ، ئورمانلىققا كېتىپ قالدى؛ ئۇ ئىسسىق دېۋىرقاي پۇرىغى كېلىپ تۇرغان قارىغايلىقتا شاخلىرى شىلدىرلاپ تۇرغان ئىگىز ۋە قىزىل دەرەخلەر ئارىسىنى كېزىپ يۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى زادىلا يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىغىنى تۇيدى: ئۇنىڭ ھېلىقى ئىنگلىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان، شۇنداقلا كۆڭلى بەكمۇ بۇزۇلغان ئىدى.

شۇ يوسۇندا داشانىڭ كۆڭلىدىكى ئىككىنچى كىشى ئاستا ـ ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ، بارغانسېرى ئۇسۇپ باراتتى. دەسلىۋىدە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇتتۇرىغا چىقىشى، خۇددى ئىپلاس بىر نەرسىدەك يىرگىنىشلىك، خۇددى يىمىرىدىغان بىر نەرسىدەك ئېغىر كۆرۈنەتتى. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، داشا يازلىقى سالقىن شامال ۋە سوغاق سۇلارغا، قىشلىقىمۇ جىلىتكە ۋە سوكنا كىيىم كىيىشكە

كونگەندەك، مۇنداق مۇرەككەپ ھالەتكمۇ كونۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئىنگلىزغا قويغان ساپ مۇھەببىتى ئىككى ھەپتە داۋام قىلدى. داشا ئۆزىدىن نەپرەتلىنەتتى، ئۇ كىشىدىنمۇ غەزەپلىنەتتى. داشا ئىنگلىزنىڭ چويلا توپىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن لېكىن چاقىقان ئوينىغانلىغىنى، رۇس ماتروسلىرى بىلەن بىللە تاماق يەپ ئولتۇرغانلىغىنى ئۇزاقتىن بىرنەچچە مەرتەم كورۇپ، ئۇ "دۇنيادا ھەممىدىن ئارتۇق مەپتۇن قىلىش كۇچىگە ئىگە كىشى بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدى.

كېيىن، ھىلىقى ئىنگلىزنىڭ يېنىدا ئىگىز بويلۇق، ئورۇق، ئاق پاخماق رەختتىن كىيىم كىيگەن ئىنگلىز قىزى — ئۇنىڭ يارى پەيدا بولدى - دە، ئىككىسى بىللە قاياققىدۇ جۇنەپ كېتىشتى. داشا كېچىچە ئۇخلىمىدى. ئۇ ئۆزىدىن ناھايىتى ئاچچىقلانىدى، نەپرەتلەندى، تاڭ ئاتار ۋاقتىغا كەلگەندە، "ئومرۇمدە قىلغان ئاخىرقى خاتالىغىم مۇشۇ بولسۇن، ئەمدى زادى خاتا ئىش قىلمايمەن" دىگەن قارارغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن، داشا تىنچىدى، كېيىن بۇ ئىشنىڭ شۇنچىلىك چاپسان ۋە ئاسان ئوتكەنلىگىگە ئۆزىمۇ ئەجەپلەندى. ئەمما، بۇنىڭ ھەممىسى تۇگەپ كەتكەن ئەمەس ئىدى. داشا ئەمدى يەنە بىرسىنىڭ ئۆزى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكىنىنى، ئۆزىگە سىڭىپ كەتكىنىنى، ئۆزىنىڭ ئەمدى پۈتۈنلەي باشقىچە — ئاۋالقىدەك يېنىك ۋە پاك ئىكەنلىگىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى يۇمشاپ، نازۇكلىشىپ كەتكىنىنى سەزدى، ئۇ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى ئۆزى تونۇماس دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كوردى، خۇشۇسەن ئۇنىڭ كوزلىرى باشقىچە گۆزەللىشىپ كەتكەن ئىدى! بۇ كوزلەرگە قارىغىنىڭدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىنىڭ ئايلىنىپ كېتەتتى.

ئاۋغۇستىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سەموكوۋنىكوۋلار داشا بىلەن پېتېر-بۇرگقا، پانتېلېيمونوۋسكايا كوچىسىدىكى كەڭ ئۆيگە كېلىشتى. ھەر سەيشەنبە كەچتە بولىدىغان زىياپەت، رەسىم كۆرگەزمىلىرى، تىيا-تىرلاردىكى تۇنجى قېتىم ئوينالغان قالتىس ئويۇنلار، سوتلاردىكى مەشھۇر دەۋالىشىشلار يەنە باشلاندى؛ سۈرەت سېتىۋېلىش، قەدىمى يادىكارلىقلارغا قىزىقىش، كېچىچە "سەمەرقەند" قاۋاقخانىسىدا بولۇش، جىپسىلار بەزمىلىرىگە بېرىش باشلاندى. ئارقاغا بېرىپ، يىگىرمە ئۈچ قاداق ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ كەلگەن ھىلىقى ئاشىق رولىنى ئالغۇچى يەنە پەيدا بولدى، بۇ تىنچىسىز ھوزۇر-لەززەتلەرگە قانداقتۇر ئۆزگىرىش بولارمىش دىگەن ئاللىقانداق خاۋاتىرلەندۈرگۈچى ۋە خوشاللىق ئاۋازلىرى قوشۇلدى.

ئەمدى داشانىڭ كوپ ئويلاشقا، كوپ تەسىرلىنىشكە چولىسى تەگمەيتتى: ئەتىگەنلىكى لېكسىيە ئاڭلاشقا بارىدۇ؛ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت توتتە ھەدىسى بىلەن بىللە تاماشا قىلىدۇ؛ كەچقۇرۇنلۇغى تىياتىرغا، كونسېرتلارغا، زىياپەتلەرگە بارىدۇ، مېھمانلار بىلەن بىللە بولىدۇ، بىر مىنۇتمۇ تېچ تۇرۇپ قالمايدۇ.

سەيشەنبە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كەچكى تاماقتىن كېيىن، كىشىلەر تاتلىق مەي ئىچىشىۋاتقاندا، مېھمانخانىغا ئالېكسى ئالېكسېيېۋىچ بېسسونوۋ كىرىپ كەلدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنى كورۇپلا قىزىرىپ كەتتى. كوپچىلىك پاراڭدىن توختىدى. بېسسونوۋ سافاغا ئولتۇردى-دە، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇزاتقان بىر ئىستاكان قەھۋىنى ئالدى.

ئىككى نەپەر ئەدىبىيات ھەۋەسكارى — ئىككى ئادۋوكات ئۇنىڭ

يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئىدى، بىراق بېسسونوۋ ئايال ساھىپخانىغا ئۇزاق ۋە غەلىتە تىكىلىپ تۇرۇپ، سەنئەت دىگەن نەرسىنىڭ ئومۇمەن يوق نەرسە ئىكەنلىگى، سەنئەت ئەمەس، مۇتىھەملىك، مايمۇننىڭ ئاغامچىغا يېپىشىپ ئاسمانغا چىقىشىدەك، كوز باغلىغۇچىلار-نىڭ جادۇگەرلىگى ئىكەنلىگى توغرىسىدا گەپ باشلىدى.

— مۇنداق شېئىرىيەت دىگەن نىمە يوق. ئىنسانلارمۇ، سەنئەتمۇ — ھەممىسى ئاللىقاچان يوق بولۇپ كەتكەن. روسىيە بولسا — ئولۇمتۇك بىر نەرسە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قاغىلار توپى يۈرىدۇ، قاغىلار بەزمە قىلىدۇ. شېئىر يازغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاققا چۈشۈپ كويىدۇ.

ئۇ توۋەن ۋە بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن گەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ مۇد-ھىش ۋە نۇرسىز بەشىرىسىدە قىزغۇچ ئىككى داغ پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭ يۇمشاق ياقىسى ناھايىتى پۈرلىشىپ كەتكەن، توي كىيىمىگە كۆل توكۇلگەن، گىلەمگە قولىدىكى پىيالىدىن قەھۋە چېچىلغان ئىدى.

ئىككى ئەدىبىيات ھەۋەسكارى بەس-مۇنازىرە باشلىماقچى بولغان ئىدى، ئەمما بېسسونوۋ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنادىن خۇمار كوزلىرىنى ئۈزمەيتتى. كېيىن ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— ئۇلپەتچىلىكتە ئولتۇرالمايمەن، رۇخسەت قىلىڭ، مەن كېتەي، — دىدى. ئۇنىڭ بۇنداق دىگىنىنى داشا ئاڭلاپ قالدى.

— بىر نەرسە ئوقۇپ بېرىڭ، — دەپ سورىدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا تارتىنچاقلىق بىلەن. بېسسونوۋ بولسا بېشىنى چايقىدى. ئۇ يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ قولىنى شۇ قەدەر ئۇزاق سويدىكى، دمىترىيېۋنا يەلكىسىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن بەس-مۇنازىرە باشلاندى. ئەرلەر: "ئىشنىڭ قانداقلا بولمىسۇن بىر چېكى بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۇلپەتچىلىكىمىزنى مۇنچىۋالا ئوچۇقتىن-ئوچۇق مەنسىتمەسلىكىگە يول قويغىلى بولمايدۇ" دېگەن پىكىرنى ئېيتىشتى. تەنقىتچى چىرۋا جامائەت ئالدىغا بېرىپ: "جاناپلار، ئۇ غەرق مەس ئىدى" دەيتتى. خوتۇنلار بولسا: "بېسسونوۋنىڭ مەس بولغىنىنىڭ، يا بولمىسا ئۇزىگە خاس كەيپىياتتا بولغىنىنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق، ئۇ ھەر ھالدا كىشىنى ھاياجانلاندۇرغۇچى ئادەم؛ جامائەت ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى بىلىپ قويسۇن" دېگەن قارارغا كېلىشتى.

تاڭنىسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، داشا: بېسسونوۋ ماڭا شۇنداق "ھەقىقى" ئادەملەرنىڭ بىرىدەك كۆرۈنىدۇ، دېدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ ھەممە ئۇلپەتلىرى بېسسونوۋنىڭ كەچۇرمىشلىرى، گۇنالىرى، دىت ۋە ئىستىكى تەسىرگە بېرىلگەن ئىدى. "بۇنداق كىشىنى دەپ ئەس-ھۇشۇڭدىن ئايرىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ، كاتە."

نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئاچچىقى كەلدى: "سەن ئۇنى، داشا، ئۆزەڭدىن ئۆزەڭ مەشھۇر-ئاتاقلىق ئادەم دەپ ئويلاپ يۈرسەن." يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۈنچىقمىدى. بېسسونوۋ سموكوۋنىكوۋلار-نىڭكىگە كەلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئايال ئارتىس چارودېيېۋانىڭ پەدەزخانىسىغا تولاراق كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا سوز-چوچەك تارقالدى. كۈلچېك يولداشلىرى بىلەن بىللە چارودې-يېۋانى كورگىلى بارغان ئىدى، ئۇلار ئۇ قورايدەك ئورۇق ئىكەن، چىلتەكلىك يۇپكىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىكەن، دەپ مەيۇسلەنگەن ھالدا قايتىشتى.

بىر كۈنى داشا كورگەزمىدە بېسسونوۋنى كورۇپ قالدى. بېس-

سونوۋ دەرىزە يېنىدا رەسىملەر كاتولوگىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ۋاراقلاپ تۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى ھەيكەلگە قاراپ تۇرغاندەك، تېخنىكومدا ئوقۇيدىغان پاكار ئىككى قىز ئۇنىڭغا ھەجىيىپ تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. داشا ئۇنىڭ يېنىدىن ئالدىرىماستىن ئۆتتى ـ دە، نېرىقى زالغا كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۇتلىرى بىردىن تېلىپ، ئۆزى مەيۈسلىنىپ كەتكەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، داشا بېسسونوۋنىڭ سۈرىتىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئورۇندۇغىغا قويۇپ قويدى. ئاۋال ئۇنىڭ شېئىرلىرى — نېپىز، ئاق مۇقاۋىلىق ئۈچ توپلام شېئىر داشاغا زەھەردەك تەسىر قىلدى: ئۇ گويا ئاللىقانداق ياۋۇز ۋە سىرلىق ئىشقا شېرىك بولغاندەك، نەچچە كۈنگىچە ئۆزىنى يوقاتقاندەك، ئۆزىنى بىلمەي يۈردى. ئەمما داشا بۇ شېئىرلارنى قايتۇرۇپ ـ قايتۇرۇپ ئوقۇغانسېرى، خۇددى قۇلىغىغا: ئۆزەڭنى ئۇنتۇغىن، قويۇۋەتكىن، ئۇنىڭدىن ئەڭ قىممەت دەپ بىلگىنىڭنى ئايىمىغىن، ئەسلىدە بولمايدىغاندەك ھەرقانداق نىمىنى خىيال قىل دىگەندەك، يۈرەكنى ئەزگۈچى تۇيغۇنى زوق بىلەن سېزىشكە باشلىدى.

ئۇ بېسسونوۋنى قەلبىگە پۈكۈپ، ”پەلسەپە كېچىلىگى“گە قاتنىششقا باشلىغان ئىدى، بېسسونوۋ ئۇ يەرگە ھەممىدىن كېيىن كېلەتتى ھەمدە ئاز گەپ قىلاتتى، ئەمما داشا ئۆيىگە ھەر قېتىم ھاياجان بىلەن قايتاتتى، ئۆيىدە مېھمان بارلىغىنى بايقاش بىلەن، ناھايىتى خوشال بولاتتى. ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئەمدى زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بولغان ئىدى.

ئۇ بۈگۈن ئۆزى يالغۇز سىكرەبىن مۇقاملىرىنى چېلىپ ئولتۇراتتى، رايالنىڭ ئاۋازى گويا چوكا مۇزدەك ئۇنىڭ قەلبىگە ئاستا ـ ئاستا

www.uyghurkitap.com

كىرىپ، تېگى يوق قاپ ـ قاراڭغۇ كولنىڭ تىرەن يېرىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ چاغدا، كولدىكى سۇ چايقىلىپ، ئۇنى چوكتۇرۇۋېتەتتى، كول سۈيى بولسا توختىماي چايقىلىپ ئۇرلەپ ـ پەسىيىپ تۇراتتى، مانا مۇشۇنداق ئىللىق قاراڭغۇلۇقتا، ئۇنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى، خۇددى ھازىر، شۇ تاپىنىڭ، شۇ مىنۇتىنىڭ ئۇزىدە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

داشا قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، بېشىنى كوتەردى. ئاپپىلسىن رەڭلىك لامپا شىشىسىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا ئۇي تاملىرىدىن خۇددى دۇنيانىڭ بىرىنچى يارىتىلىش كۈنىدە پەيدا بولغان ئەرۋاھلاردەك، يۈزلىرى قىپ ـ قىزىل، جاغ چىشلىرى كېرىلگەن، كوزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كەتكەن، يۈزلىرى ئىششىپ چىققان رەسىملەر ئالىيىپ تۇراتتى.

"شۇنداق، خانىم، ئىشىمىز چاتاق" دەيتتى داشا ئۇزىگە ئۇزى. ئۇ رايالىنىڭ تىللىرىنى سولدىن ئوڭغا تۇتاش سىرىپ بېسىپ چىقتى ـ دە، قاپقىغىنى ئاستا يېپىپ قويۇپ، ياپون پوسۇنىدىكى قۇتىسىدىن تاماكا ئېلىپ چېكىۋىدى، ئىس ئوپكىسىگە كەتتى؛ ئاندىن ئۇ تاماكىنى كۈلدانغا سىلىپ، ئېزىپ تاشلىدى.

ـــ نىكولاي ئىۋانوۋىچ، سائەت قانچە بولدى؟ ـــ قاتتىق تووۋلاپ سورىدى داشا، ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى توت ئۇينىڭ نېرىسىدىكى كىشىگىمۇ ئاڭلاندى.

كۈتۈپخانىدا بىر نەرسىنىڭ تاراقلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنى ئاڭلاندى، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئىشىكتە ئۇلۇغ موغول پەيدا بولدى، ئۇ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ،

كەچكى تاماقنىڭ تەييار بولغانلىغىنى خەۋەر قىلدى.

داشا ئاشخانىغا چىقىپ، سولىشىپ قالغان گۈل تۇرغان تەشتەك ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، گۈل يوپۇرماقلىرىنى داستىخانغا ئاستا-ئاستا ئۈزۈپ تاشلاشقا باشلىدى، موغول چاي، مۇزلىتىلغان گوش، پوشكال ئەكەلدى. كېيىن ياقىسىز، يېڭى، كوك كىيىم كىيگەن نىكولاي ئىۋانوۋىچمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۈگۈلۈپ كەتكەن، سول تەرەپكە قىيشىيىپ كەتكەن ساقىلىغا سافا كوپىسىدىكى بىر تال پەي يېپىشقان ئىدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ داشا بىلەن كوكۈلسىز ۋە قاپاقلىرى سېلىنغان هالدا بېشىنى قىمىرلىتىپ سالاملاشتى-دە، ئۇستەلنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ، پوشكال سېلىنغان تەخسىنى ئالدىغا تارتىپ، ئىشتەي بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

كېيىن، ئۇ ئۇستەلنىڭ بىر چېتىگە جەينىكىنى قويۇپ، يۇڭلۇق مۇشتۇمىنى ئىڭىكىگە تىرىدى، ئۈزۈلگەن گۈل يوپۇرماقلىرىدىن كوزىنى ئۈزمەي، بوش ۋە غەيرى تەبىي ئاۋاز بىلەن:

— تۈنۈگۈن ئاخشام هەدەڭ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى، — دېدى.

# 4

ئۇنىڭ بىر تۇققان، سويۇملۇك هەدىسى كاتە قانداقتۇر دەهشەتلىك، چۈشىنىش قىيىن بولغان، سەت بىر ئىشنى قىلغان! ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام بېشىنى ياستۇققا قويۇپ، ئوزىنىڭ ئەڭ يېقىن،

جاندىن ئەزىز ۋە ئىسسىق نەرسىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ياتقان، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېزىلگەن، خارلانغان! مانا بۇلار داشانىڭ نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئېيتقان ۋاپاسىزلىق توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ئىدى، ئۇ بۇ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىۋېتىپ سەسكىنىپ-سەسكىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاتەنىڭ ئۆزىمۇ ئۆيدە يوق بولۇپ، ئۇ گويا بۇ دۇنيادىن كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

داشا دەسلەپتە قېتىپ قالدى، كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ دېمىنى ئالماستىن، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھازىر يە ھوكىرەپ يىغلىۋېتىدۇ، يە ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىرايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئەمما كىم بىلسۇن، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھىلىقى پاراڭنى قىلغاندىن كېيىن، باشقا ھېچنىمە دېمىدى-دە، ۋېلكىدانىنى ئايلاندۇرۇپ ئويناپ ئولتۇرىۋەردى. داشا ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدى.

خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۈستەلنى تاراقلىتىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەتتى. ”تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئاتىدىغان بولدى“ دەپ ئويلىدى داشا، ئەمما ئۇنداق ئىش بولمىدى. داشا نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ يۈكلۈق يوغان قوللىرىنى ئۈستەلگە قانداق قويغانلىغىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا كۆچلۈك، ھەش-پەش دېگىچە ئۆتۈپ كېتىدىغان رەھمى كېلىپ قالدى. كېيىن نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇنىڭ خىيالىدىن كوتىرىلدى؛ داشانىڭ خىيالىدا ”ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلىش كېرەك؟“ دېگەن پىكىرلەر تەكرارلىنىۋەردى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىرنىمىلەر جاراڭلاپ تۇراتتى — ھەممە نەرسە سۇنغان، پارچىلانغان ئىدى.

ئۇلۇغ موغول بوبۇرۇك مىلەگزىنىڭ كەينىدىن پەتنۇس كوتىرىپ كىرىپ كەلدى. داشا ئۇنىڭغا كوز تاشلىشى بىلەنلا، ئەمەدىلىكتە ھىچقانداق ئۇلۇغ موغولنىڭ بولماسلىغىنى بىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش ئەگىدى؛ ئۇ چىشنى چىڭ چىشلىگەن پېتى يۇگۇرۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ يەردىكى ھەممە بۇيۇم كاتەنىڭ ئوز قولى ۋە خاھىشى بىلەن جاي-جايىغا تىزىپ، جايلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىدى. ئەمما ئەمدى كاتەنىڭ روھى بۇ ئويدىن كەتكەن، بۇ يەر بەئەينى چول-جەزىرە ھالىتىگە كېلىپ قالغان ئىدى. داشا سافادا ئولتۇردى. سەل ئوتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كوزى يېقىندا سېتۇۋالغان رەسىمگە چۈشتى. ئۇ بۇ رەسىمنى تۇنجى قېتىم كورۇپ تۇراتتى، شۇنداقلا بۇ رەسىمدە نىملەر تەسۋىرلەنگەنلىگىنىمۇ بىرىنچى قېتىم چۈشەندى.

رەسىمدە پۈتۈن بەدىنى قىزىل بوياق بىلەن بويالغان يالىڭاچ خوتۇن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى خۇددى سويۇۋېلىنغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاغزى بىر يېقىدا، بۇرنى پۈتۈنلەي يوق، ئەمما بۇرنىنىڭ ئورنىغا ئۈچ بۇلۇڭلۇق توشۇك سىزىپ قويۇلغان، بېشى چاسا شەكىللىك، ئۇنىڭغا قانداقتۇ لاتا، ھەقىقى لاتا يېپىشتۇرۇپ قويۇلغان، پۇتلىرى بولسا خۇددى مىخلاپ قويۇلغان ئىككى يېرىنىدىغا ئوخشاپ كېتەتتى. قولىغا گۈل تۇتقۇزۇپ قويۇلغان. رەسىمنىڭ باشقا تەرەپلىرى دەھشەتلىك. ھەممىدىن يامان يېرى، شۇ ئىدىكى، بۇ خوتۇن چاترىغنى كەرگەن ھالەتتە ئولتۇراتتى. رەسىمنىڭ نامى "مۇھەببەت" دەپ ئاتىلاتتى. كاتە ئۇنى ھازىرقى زاماندىكى ۋېناس دەيتتى.

"ئەسلىدە كاتەنىڭ ئەجەل ئۇرغۇر بۇ خوتۇنغا زوقلىنىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەۋىۋى شۇنىڭدا ئىكەن-دە! ئەمدى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ رەسىم-دىكى خوتۇنغا ئوخشايدۇ، گۈل تۇتۇپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغاندۇ، بەلكىم." داشا يۈزىنى سافانىڭ كوپىسىگە قويۇپ يېتىپ يىغلىۋەتتى ۋە ئاۋاز چىقارماسلىق ئۈچۈن كوپىنى چىشلىۋالدى. خېلىدىن كېيىن، مېھمانخانىغا نىكولاي ئىۋانوۋىچمۇ كىرىپ كەلدى، ئۇ ئاياقلىرىنى كېرىپ، چاقمىغىنى ئاچچىق بىلەن چاقتى-دە، رايالنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تىللىرىنى بېسىۋىدى، ئۇنىڭدىن كۈتۈلمىگەندە، بىر "كىچىك مۇقام" ياڭرىدى، بۇنىڭدىن داشانىڭ تېنى جىغىلداپ كەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ رايال قاپقىغىنى تاق قىلىپ ياپتى-دە:

— بۇنداق بولۇشى كۆڭلۈمگە كەچكەن ئىدى، — دىدى.

داشا بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە دەررۇ چۈشىنەلمىگىنى ئۈچۈن، ئۇنى كۆڭلىدە بىرنەچچە مەرتىۋە تەكرارلىدى. بىردىن دالاندا قوڭغۇراق چېلىندى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ ساقلىنى چاڭگاللىدى-دە، بوغۇق ئاۋاز بىلەن "ئو—ۋ—و!" دەپ ئۆز كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلۇغ موغۇلنىڭ دالاندا ئات تۇيىغى ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىرىپ دوكۇلداپ يۈرگىنى ئاڭلاندى. داشا سافادىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرغىنىدىن، كۆز ئالدى قاراڭ-غۇلىشىپ كەتكەن ئىدى — ئۇ يۈگۈرۈپ دالانغا چىقتى.

دالاندا يېكاتېرىنا سوغاقتا ئەركىلىشىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن يۈگلۈق قالپىقىنىڭ چىلتىگىنى يېشىۋاتاتتى. ئۇ سوغاقتا قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى سويۇپ قويۇش ئۈچۈن سىڭلىسىغا تۇتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، بېشىدىن قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى-دە، بېشىنى بىر سىلكىپ، سىڭلىسىغا كۆك كۆزلىرى بىلەن قاتتىق تىكىلىپ قارىدى.

— نىمە بولدۇڭلار، ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، كوكرەكتىن چىققان، ھەر ۋاقىتتىكىدەك مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

داشا نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئوي ئىچىدە كىيىدىغان ۋە "موتورلۇق كىمە" دەپ ئاتىلىدىغان خورۇم كالىچىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئەمدىلىكتە بىر جۇپ كالاچ خۇددى ئىككى يېتىمدەك بىر بۇلۇڭدا تۇراتتى. داشانىڭ ئىڭىگى تىترىدى.

— يوقسۇ، ھىچنىمە بولغىنى يوق. ئۇزەم كوڭۇلسىز بولۇپ قالدىم.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا كۇلەرەك جۇۋىسىنىڭ چوڭ تۇگمىلىرىنى ئالدىرىماستىن يەشتى ۋە يالىڭاچ يەلكىسىدىن سىلكىتىپ چۇشۇردى، ئەمدى ئۇ ئىسسىققىنا، نازۇككىنا ۋە ھارغىن كورۇندى. كېيىن ئۇ ئىڭىشىپ كالىچىنى يېشۇېتىپ:

— قارىغىن، ئاپتوموبىل ئىزدەپ تاپقىچە، ئاياقلىرىم ھول بولۇپ كەتتى، — دىدى.

شۇ چاغدا، داشا نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ كالىچىدىن كوزىنى ئۇزمىگەن پېتى قوپالغىنا سورىدى:

— كاتە، قەيەردىن كېلىشىڭ؟

— ئەدىبىياتچىلارنىڭ زىياپىتىگە قاتنىشىپ كەلدىم، جېنىم، ئەمما كىمنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىلگەنلىگىنى ئوزەممۇ بىلمەيمەن. ئىش قىلىپ شۇنداق بولدى. ئولگۇدەك ھېرىپ كەتتىم، ئۇيقۇم بەك كېپكەتتى.

ئۇ ئاشخانىغا كىردى ۋە سومكىسىنى جوزىغا تاشلاپ، بۇرنىنى ياغلىغى بىلەن سۇرتتى، كېيىن سورىدى:

— گۇلنى كىم ئۇزدى؟ نىكولاي ئىۋانوۋىچ قېنى؟ ئۇ ئۇخلاۋا-

تامدۇ؟

داشا گاڭگىراپ قالدى: ھەدىسى ئەنە ئاۋۇ رەسىمـدىكى ئەجەل ئۇرغۇر خوتۇنغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ھەتتا يات ئەمەسلا بولۇپ قالماي، بەلكى خۇسۇسەن ناھايىتى يېقىن ۋە جاندىن ئەزىز كورۇ-نەتتىكى، ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى سىلاپ-سىپىغىسى كېلەتتى.

ئەمما، داشا پۇتۇن كۇچـىنى يىـغىپ، داستىخانـنىڭ بۇنىڭـدىن يېرىم سائەت ئاۋال نىكولاي ئىۋانوۋىچ پوشكال يىگەن جايىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— كاتە! — دىدى.

— نىمە، جېنىم؟

— مەن ھەممىنى بىلىمەن.

— نىملەرنى بىلىسەن؟ خۇدايىم، نىمە بولدى؟

يېكاتېرىنا دىمترىيېۋنا ئۇستەل يېنىغا كېلىپ ئولـتۇردى، ئۇنىڭ تىـزى داشانىڭ تىـزىغا تېـگىپ تۇراتـتى ۋە سىڭـلىسـىغا قىزىـقىپ قارايتتى.

— نىكولاي ئىۋانوۋىچ ماڭا ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەردى، — دىدى داشا.

ئۇ ھەدىـسـىنىڭ يۈزىـدە قانـداق ئوزگىرىشـنىڭ بولغانلىغىـنى كورمىدى.

ئاخىر ئۇزاققا سوزۇلغان جىملىقتىن كېيىن، يېكاتېرىنا دىمترىيېۋنا ئاچچىقلانغان ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— نىكولاي ئىۋانوۋىچ مەن توغرىـلىق قانـداق يامان گەپلەرنى قىلدى؟

— كاتە، بۇنى ئوزەڭ بىلىسەن.

— ياق، بىلمەيمەن.

ئۇنىڭ "بىلمەيمەن" دېگىنى مولدۇردەك سوغاق ئاڭلاندى.

داشا شۇ زامات ھەدىسىنىڭ ئايىغى تەرىپىدە ئولتۇردى.

— ئۇنداق بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى يالغانكەن-دە؟ كاتەم، قان-قېرىنداش ھەدەم، جېنىم ھەدە، گۈزەل ھەدە، ئېيتقىنا — بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغانمىدى-ھە؟ — دېدى داشا ۋە كاتەنىڭ كىچىك ئېرىق-چىدەك كۆك تومۇرلىرى تارقالغان يۇمشاق، ئەتىر سېپىلگەن ئاپپاق ۋە نازۇك قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— ھە، ئەلۋەتتە يالغان، — دېدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ھارغان-لىقىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، — بولدى، كۆز يېشى قىلما. ئەتىلا بۇرنۇڭ ئىششىپ، كۆزلىرىڭنى قىزارتىپ يۈرىسەن!

ئۇ داشانى قولتۇغىدىن كۆتىرىپ تۇرغۇزدى-دە، چىچىغا خېلىغى-چە سۆيدى.

— ماڭا قارىغىن، مەن ئەخمەقلىق قىلدىم! — دېدى داشا بېشىنى ھەدىسىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ.

شۇ ئەسنادا، كۇتۇپخانىدىن نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ:

— ئۇ يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ! — دېگەن قاتتىق ۋە ئېنىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاچا-سىڭىل يالت قىلىپ ئىشىككە قارىدى، ئەمما ئىشىك يېپىق ئىدى.

— بېرىپ ئۇخلا، قىز، — دېدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، — مەن كىرىپ، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىمەن. ئەمىلىيەتتىمۇ بۇ قىزىق ئىش — مەن ھېرىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاز قالدىم.

ئۇ داشانى ئۆيىگىچە ئۇزاتتى ۋە ئۇنى پەرىشان ھالدا سۆيۈپ

www.uyghurkitap.com

قويدى، كېيىن ئاشخانىغا قايتىپ، سومكىسىنى ئالدى. چېچىدىكى تاغىقنى توغرىلاپ، كۇتۇپخانا ئىشىگىنى بىر بارمىقى بىلەن ئاستاغىنا تاقىلداتتى:

— نىكولاي، ئىشىكنى ئاچقىن.

ھېچقانداق جاۋاپ بولمىدى. سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن شىپىر قىلغان ئاۋۇش ئاڭلاندى، ئىشىككە ئاچقۇچ سېلىنىدى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۆيگە كىرىشى بىلەن، كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئۈستەل يېنىغا كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ كەڭ يەلكىسىگە كۆزى چۈشتى؛ ئېرى ئۈستەل يېنىغا بېرىپ، كون قاپلانغان سافادا ئولتۇردى ۋە پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان پىچاق بىلەن كىتاپنىڭ پۈكلەنگەن يېرىدىن كېسىشكە باشلىدى (بۇ كىتاپ ۋاسسىرمان① يازغان «قىسرىق ياشلىق ئەر» دىگەن رومان ئىدى).

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئەتەي كۇتۇپخانىدا يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا يوقتەك ئىش قىلاتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سافادا ئولتۇرۇپ، تىزلىرىنى يۆپكىسىنىڭ ئېتىگى بىلەن يېپىپ، قولياغلىقىنى سومكىسىغا سالدى-دە، ئۈنى چىك قىلىپ ياپتى. سومكىنىڭ چىك قىلغان ئاۋازىدىن نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ بېشىدىكى بىر تۇتام چېچى قىمىرلاپ كەتتى.

— مەن بىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتىمەن، — دىدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، — نىمە دەپ ئۆيلىساڭ ئۆيلاۋەرگىن، بۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى ئىش، ئەمما سەندىن ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، ئۆزەڭ-

① ۋاسسىرمان (1873 — 1934) — نېمىس يازغۇچىسى. «زىرىندورفلىق يەھۇدى» قاتارلىق نەچچە ئون رومان-پوۋېست، ھىكايىلەرنى يازغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ننىڭ قىياسىڭنى داشاغا دەپ يۇرمىگىن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئولتۇرغان يېرىدىن دەررۇ بۇرۇلدى-دە، بوينىنى سوزۇپ، ساقلىنى دىڭگايتىپ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ دىدى:

— بۇنى قىياس دىيىشكە ئۇيالمامسەن؟

— نىمە دەۋاتىسەن؟

— ناھايىتى ياخشى! چۈشەنمەيدىكەنسەن-دە؟ ھىم، بۇزۇق خوتۇنلارغا ئوخشاش يۇرۇشنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنسەڭ كېرەك؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، ئۇ ئېرىنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ، تەرلەپ-پىشىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، ئاستاغىنا دىدى:

— ماڭا قارىغىنا، سەن قاچاندىن بۇيان مېنى مۇنداق ھاقارەتلەيدىغان بولۇپ قالدىڭ؟

— كەچۈرگەيسەن! ئەمما مەن باشقىچە ئاھاڭدا سەن بىلەن پاراڭلىشىشنى بىلمەيمەن. قىسقىسى، بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى بىلىشنى خالايمەن.

— قانداق ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى؟

— كوزۇمگە قاراپ تۇرۇپ، يالغان گەپ قىلما!

— ھە، ھە، سەن ھىلىقى ئىشنى دەۋاتامسەن! — يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ھېرىپ ماغدۇرسىزلانغاندەك، يوغان كوزلىرىنى چىمىرلاتتى، — يېقىندىلا، مەن ساڭا بىر نەرسە دىگەندەك قىلدۇدىم،... ئەمما زادى نىملەرنى دىگەنلىگىم ئېسىمدىن كوتىرىلىپ قاپتۇ.

— كىم بىلەن شۇنداق قىلغىنىڭنى بىلىشنى خالايمەن.

— ئۇزەممۇ بىلمەيمەن.

www.uyghurkitap.com

— مەن سىنىڭ يالغان گەپ قىلماسلىغىڭنى يەنە ئۆتۈنۈپ سورايمەن...

— يالغان گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق. سىنىڭ ئالدىڭدا يالغان گەپ قىلىپ نىمە قىلاتتىم؟ خوپ، ئىپىتقانىمۇ بولاي. ئاچچىغىم كەلگەندە ھەممىنى دەۋەرگەن بولغىيتتىم، ئىپىتقانلىرىمنى ئەمدى ئۇنتۇپ قالدىم.

خوتۇنى بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا، نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ يۈزى تاشتەك قاتتىق ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىگى شاتلىقتىن سوقۇپ، تىترەشكە باشلىدى: "خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئىپىتقانلىرى يالغان ئىكەن". مانا ئەمدى ھىچقانداق خەۋپ-خەتەرسىز، ھىچ نەرسىگە ئىشەنمەسلىك ۋە كوڭۈلنى خاتىر-جەم قىلىش مۇمكىن ئىكەن دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، گىلەم ئۈستىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈرۈشكە باشلىدى. گايىدا توختاپ، پىل سوڭىگىدىن قىلىنغان پىچاقنى ھاۋادا سىلكىپ قويۇپ، ئائىلىنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتقانلىغى، ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلغانلىغى، ئەرنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئايال كىشىنىڭ — يەنى خوتۇن ۋە ئانىنىڭ مۇقەددەس ۋە ئۇنتۇلغان بۇرچى توغرىسىدا سوزلەپ كەتتى. ئۇ يېكاتېرىنا دمىترىيېۋناغا "سىنىڭ روھىڭ مەنىسىز، قان-تەر بەدىلىگە تاپقان پۇلنى بىكارغا خەجلەيسەن" دەپ كايىيتتى ("قان-تەر بەدىلىگە ئەمەس، تىلىڭنى چايناپ" دەپ ئۇنىڭ گىپىنى تۇزەتتى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا). ياق، قان-تەر بەدىلىگىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەقلى-ھوشۇم بەدىلىگە تاپقان، دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ. ئۇ خوتۇنىنىڭ ھەرقانداق ئادەم بىلەن دوست بولۇۋېرىدىغانلىغىنى، ئوي ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايۋات-

قانلىغىنى، ئۇلۇغ موغولدەك بىر "بولمغۇر"نى ھەددىدىن تاشقىرى ياخشى كورۈۋاتقانلىغىنى ئېيتتى، ھەتتا "چاكىنا مېھمانخانىدىكى كىشىنىڭ كوڭلىنى ئاينىتىدىغان رەسىملەر"نى تىلغا ئېلىپ ئەيىپلىدى.

قىسقىسى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ كوڭلىدىكى ھەممە گەپنى ئېيتىپ، ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىۋالدى.

ۋاقىت كېچىسى سائەت ئۇچتىن ئوتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، ئاخىر جىم بولغان چاغدا، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا:

— دۇنيادا سېمىز ۋە شاللاق ئەردىنمۇ بەتتەر ئادەم بولماس، — دىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتىغىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمما نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئەمدى خوتۇنىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئاچچىقلانمىدى. ئۇ ئالدىرىماستىن يېشىنىپ، كىيىملىرىنى ئورۇندۇققا قويۇپ، سائىتىنى بۇرىدى-دە، يېنىككىنە بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، كون قاپلانغان سافاغا سېلىنغان ئورۇنغا كىرىپ ياتتى.

"شۇنداق، تۇرمۇشىمىز تۇزۇك بولمايۋاتىدۇ، تۇرمۇشىمىزنى ئۇزۇل-كېسىل ئوزگەرتىشىمىز كېرەك. ھەممىسى تۇزۇك ئەمەس، تۇزۇك ئەمەس" دەپ ئويلايتتى ئۇ كىتاپ ۋاراقلاپ تۇرۇپ، ئۇيقۇدىن ئاۋال كەيپىنى سەل بېسىش ئۇچۇن. بىراق ئۇ كىتاپنى دەررۇ قويۇپ، قولاق سالدى. ئويىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. كىمدۇ بىرسى بۇرنىنى قاقتى، بۇ تاۋۇشتىن ئۇنىڭ يۇرىگى دۇپۇلدىگىلى تۇردى. "يىغلاۋاتىدۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ، "ھەي، ئەتتەگەي، ئارتۇقچە گەپ قىلىۋەتكەن بولسام كېرەك".

ئۇ ئوتكەنكى ھەممە گەپنى ۋە كاتەنىڭ قولاق سېلىپ ئولتۇرغانلىغىنى ئەسلەپ، خوتۇنىغا ئېچىندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇش ئۇچۇن بىلىنگە تىرەلگەن ئىدى، بىردىنلا، بىرنەچچە كۇن توختىماستىن

ئىشلەپ ھارغاندەك، پۈتۈن تېنىدە ھارغىنلىق پەيدا بولدى-دە، بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

داشا ئۆزىنىڭ پاك-پاكىز تازىلانغان ۋە ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولمىسىگە كىرىپ يېشىندى، چىچىدىكى تاغاقنى ئېلىپ، بېشىنى سىلكىگەن ئىدى، ھەممە چاچ قىستۇرغۇچى توكۇلۇپ چۈشتى. كېيىن ئاپپاق ئورۇندا يېتىپ، يوتقاننى ئاغزىغىچە تارتتى-دە، كوزلىرىنى يۇمدى. "خۇداغا شۇكۇر، ئاخىر خەيرلىك بولدى! ئەمدىلىكتە بىمالال ئۇخلايدىغان بولدۇم، ئۇخلاپ قالايچۇ!" ئۇنىڭ كوز ئالدىدا قانداقتۇر كۆلكىلىك تەلەت تەسۋىرى پەيدا بولدى. داشا كۈلۈمسىرىدى-دە، تىزلىرىنى پۈكۈپ، ياستۇقنى قۇچاقلىدى. ئۇنى قاپ-قارا ۋە شىرىن ئۇيقۇ باسقان چاغدا، بىردىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا كاتەنىڭ "ھە، ئەلۋەتتە يالغان!" دېگەن گەپلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. داشا كوزىنى ئاچتى. "مەن كاتەگە بىر ئېغىزمۇ سوز قىلمىدىم، ھېچنىمە دېمىدىم، پەقەت: راستمۇ، يالغانمۇ؟ دەپلا سورىغان ئىدىم، خالاس. شۇنداقتىمۇ ئۇ گەپىنىڭ نىمە توغرىسىدا كېتىپ بېرىۋاتقىنىنى ئېنىق بىلگەندەك جاۋاپ قايتۇردى." "كاتە مېنى ئالدىدى" دېگەن پىكىر ئۇنىڭ ئېڭىغا خۇددى يېڭىندەك سانچىلدى. كېيىن، ئۇ سوھبەتنىڭ تەپسىلاتلىرىنى، كاتەنىڭ سوز ۋە ھەركەتلىرىنى يادىغا ئېلىپ، بۇنىڭدا يالغانچىلىق بارلىقىنى ئېنىق سەزدى. ئۇ گاڭگىراپ قالدى. كاتە ئېرىگە خىيانەت قىلغان ئىدى؛ ئەمما ئۇ ئالدامچىلىق قىلغان، گويا قىلغان، يالغان ئېيتقان چاغدا، ئىلگىرىكىدىنمۇ يېقىملىق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدا پەيدا بولغان يېڭىلىقنى، قانداقتۇ ئاجايىپ نازۇكلۇقنى پەقەت قارغۇ ئادەملا كورەلمەيتتى. ئۇ يالغانچىلىقنى شۇنداق قاملاشتۇرغانكى، بۇنى ئاڭلىغىنىڭدا

ھەۋەسىڭ كېلىدۇ. ئەمما ئۇ جىنايەتچىغۇ! ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم“.

داشا ناھايىتى ھاياجانلانغان، ھودۇققان ئىدى. ئۇ پات-پات سۇ ئىچەتتى، چىراق ياقاتتى، يەنە ئۆچۈرۈپ قوياتتى. ئۇ كاتەنىڭ جىنايىتىگە ھوكۇم چىقىرالماي، ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا چۈشىنەلمەي، تاڭ ئاتقىچە ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈلۈپ چىقتى.

شۇ كېچىسى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنامۇ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدى، ئۇ ھالسىزلىنىپ، قوللىرىنى شايى يوتقان ئۈستىگە قويۇپ، يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ ياتاتتى؛ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن، پاك ئەمەسلىكىدىن، داشادەك پىششىق ۋە قەتئىي بولالمىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئۇنى بۇزۇق خوتۇن دېگەنلىكىدىن، مېھمانخانىنى مىشچانلار مېھمانخانىسى دېگىنىدىن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، يىغلايتتى. ئالېكسېي ئالېكسېيېۋىچ بېسسونوۋ تۈنۈگۈن كېچىدە ئۇنى مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئېلىپ بېرىپ ئوبدان مۇئامىلە قىلمىغان، ئۇنى چۈشەنمىگەن، ئۇنىڭغا مۇھەببەتسىز قارىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇقەددەس بولۇپ سانىلىدىغان ھەممە نەرسە بىلەن زادىلا كارى بولماي، قاراپ تۇرۇپ خۇددى مورسكوي كوچىسىدىكى دېوكلى خانىمنىڭ پارىژدىكى كىيىم-كېچەك ماگىزىنىغا قويۇلغان قوچاقنى باسقاندەك، ۋەھشىلەرچە، ئالدىرىماي-تېنىمەي بېسىۋالغان، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋىچ بۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ، تېخىمۇ ئاچچىق-ئاچچىق يىغلىدى، كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 5

ۋاسىلىيېۋسكى ئارىلىنىڭ ئون توققۇزىنچى كوچىسىدىكى يېڭى سېلىنغان ئۆيىنىڭ بەشىنچى قەۋىتىدە، ئىنژېنېر ئىۋان ئىلئىچ تېلېگىن-نىڭ تۇرار جايىدا "ئورېپ-ئادەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش مەركىزىي پونكىتى" دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلات ئورگىنى جايلاشقان ئىدى.

تېلېگىن تۇنجى مېھمان بولغاچقا، ئۆيىنى ئەرزان باھا بىلەن بىر يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بىر ئېغىز ئۆيىنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى (تومۇر كارۋات، قارىغاي تاختىدىن ياسالغان ئۈستەل-ئورۇندۇقلار تىزىپ قويۇلغان ئۆيلەرنى) "ھەم بويتاق، ھەم خۇش چاخچاق"كىشىلەرگە—ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلارغا ئىجارىگە بەرگەن ئىدى. بۇ ئىجارىچىلەرنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى سىنىپدىشى ۋە قەدىناس دوستى سېرگېي سېرگېيېۋىچ ساپوژكوۋ تاپقان ئىدى.

ئۇلار: ئالى مەكتەپ قانۇن پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئالېكساندر ئىۋانوۋىچ ژىرووۋ؛ مۇخبىر ئانتوشكا ئارنولدوۋ؛ رەسسام ۋالېت ۋە تېخى ياتلىق بولمىغان، دېتىغا ياققۇدەك بىرەر ئىش تاپالمىغان ياش قىز يېلىزاۋېتا راستورگۇيېۋالار ئىدى.

تۇرار جايدىكى بۇ كىشىلەر تولىمۇ ۋاقچە، تېلېگىن زاۋۇتتىن ناشتىغا قايتىپ كەلگەن چاغدىلا، ئاندىن ئۆيقۇدىن تۇرۇشاتتى، ھەر بىرى ئالدىرىماستىن ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە بولاتتى. ئانتوشكا

ئارنولدوۋ تىراموۋايغا چۈشۈپ، نېۋسكى كوچىسىدىكى قەھۋەخانىغا
كېتەتتى. ئۇ يەردە يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ، ئاندىن تەھرىر بولۇمگە
باراتتى. ۋالېت ئادەتتە ئۆزىنىڭ رەسىم سىزىش ئىشلىرى بىلەن
بەنت بولاتتى. ساپوژكوۋ ئىشلەش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئىچىدىن قۇلۇپلاپ
ئالاتتى-دە، يېڭى سەنئەت توغرىسىدا نۇتۇق ۋە ماقالىلار تەييار-
لايتتى. ژىرووۋ بولسا، يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ بولمىسىگە يوشۇرۇن
كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش مەسىلىلىرى ئۈستىدە يۇمشاق،
مىياڭىلىغاندەك ئاۋازدا مۇھاكىمە قىلىشاتتى. ئۇ شېئىرمۇ يازاتتى،
لېكىن ئۇيالغىنىدىن ھېچكىمگە كورسەتمەيتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا
ئۇنى تالانتلىق كىشى دەپ ئاتايتتى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ژىرووۋ ۋە باشقا خوشنىلىرى بىلەن سوھبەتلە-
شىشتىن تاشقىرى، رەڭمۇ-رەڭ يۇڭ يىپلاردىن نىمىگە ئىشلىتىلىشى
مەلۇم بولمىغان ئۇزۇن-ئۇزۇن بىر نەرسىلەرنى توقۇيتتى، ئىشلە-
گەچ، ئۇنلۇك، قاملاشمىغان ئاۋازدا ئۇكرائىنچە ناخشىلارنى ئېيتات-
تى، ياكى ئۆز چېچىنى تېخى ھېچكىمدە ئۇچرىمىغان شەكىلدە تاراپ
تۇگۈۋالاتتى، ياكى بولمىسا ناخشىمۇ ئېيتماي، چاچلىرى چۇگۇلغان
پېتى كارۋاتتا يېتىپ، تاكى بېشى ئايلىنىپ كەتكەنگە قەدەر كىتاپ
ئوقۇيتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا — قامىتى كېلىشكەن، ئىگىز بويلۇق،
يۈزلىرى قىپ-قىزىل بىر قىز ئىدى. بىر جۈپ كوزى خۇددى
يۈزىگە سىزىپ قويۇلغاندەك كورۇنەتتى، ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى
ئانچىمۇ قاملاشمىغان بولۇپ، ئۇنى ھەتتا تېلېگىنىنىڭ ئىجارىچىلىرىمۇ
تاپا-تەنە قىلىشقان ئىدى.

ناۋادا ئويگە يېڭى ئادەم كېلىپ قالغۇدەك بولسا، يېلىزاۋېتا
كىيېۋنا ئۇنى ئوز ئويىگە چاقىرىۋالاتتى-دە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا

ھەرنىمە توغرىسىدا كىشىنى قايمۇقتۇرغۇدەك قىزغىن سوھبەت باشلىنىپ كېتەتتى؛ قىز مېھماندىن ئۇنىڭ جىنايەت ئوتكۇزۇشكە ئىشتىياقى بار-يوقلۇغى، مەسلەن، ئۇنىڭ ئادەم ئولتۇرەلەيدىغان-ئولتۇرەلمەيدىغانلىغى، "ئۆزىدە رىغبەتلىنىش" ھىس قىلغان-قىلمىغانلىغى—مانا بۇلار توغرىسىدا سوراۋېرەتتى. ئۇ كېيىنكى خىسلەتنى ھەرقانداق ئاتاقلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشىنەتتى.

تېلېگىننىڭ ئىجارىچىلىرى ھەتتا ئۇنىڭ ئىشىگىگە ئەنە شۇنداق سوئاللار يېزىلغان جەدۋەلنى چاپلاپ قويغان ئىدى. قىسقىسى، ئۇ خاپا ھالەتتىكى قىز بولۇپ، دەرىزە يېنىدا تۇرۇپ يامغۇرغا كوز تىكىپ كۈن كەچۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ، قىزغىن تۇرمۇش پەيدا قىلىدىغان قانداقتۇ "ئۆزگىرىشلەر"، قانداقتۇ "دەھشەتلىك ۋەقەلەر"نى كۈتەتتى.

تېلېگىن بۇ ئىجارىچىلەرنى كوز ئالدىدىن ئوتكۇزۇپ، ئۇلاردىن ئىنتايىن مىننەتدار بولاتتى؛ ئۇلارنى ناھايىتى ئاقكوڭۇل، قىزىق ئادەملەر دەپ ھىساپلايتتى، ئەمما ۋاقتىنىڭ زىنقلىغىدىن ئۇلارنىڭ كوڭۇل ئېچىشلىرىغا قاتنىشالمايتتى.

روژدېستۋو بايرىمى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سېرگى سېرگېيېۋىچ ساپوژكوۋ ئىجارىچىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دىدى:

—يولداشلار، ھەركەتكە كېلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ سانىمىز ناھايىتى كوپ، ئەمما بەكمۇ تارقاق بولۇپ قالدۇق، ھازىرغا قەدەر، تارقاق، قورقۇنچاقلىق بىلەن ئىش قىلماقتىمىز. ئەمدى بىز بىردەك ئۇيۇشۇپ، بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن بىر تەشكىلات قۇرۇشىمىز، ئاندىن بىر خىتاپنامە ئېلان قىلىشىمىز لازىم، بۇ خىتاپنامىنىڭ

سوزىمۇ تەييار: ”بىز — يېڭى كولۇمبلارمىز! بىز — مۇنەۋۋەر تەشۋىقاتچىلارمىز! بىز — يېڭى ئىنسانىيەت ئۇرۇقلىرى! بىز سەمرىپ ياغ بىلەن تولغان بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىن ھەممە خۇراپى ئورپ-ئادەتلەرنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇگۈندىن باشلاپ، گۈزەل ئەخلاق دىگەن نىمە بولمايدۇ. ئائىلە، جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاق قائىدىلىرى، نىكالار بىكار قىلىنىدۇ! بىز مۇشۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز! ئىنسان — مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن — يالىڭاچ ۋە ئەركىن يۈرۈشى كېرەك. جىنسى ئالاقىلەر جەمئىيەت مۈلكىدۇر. ياشلار ۋە قىزلار، ئەرلەر ۋە جوگانلار، ئۆز ئۇۋىلىرىڭلاردىن چىقىڭلار، كىيىم-كېچەكلىرىڭلارنى سېلىۋېتىپ، يالىڭاچ ھالدا خوشال-خورام بولۇپ، ۋەھشى ھايۋان قۇياشى ئاپتىۋىدا بولۇۋاتقان بەزمىگە قوشۇلۇپ ئۇسۇل ئويناڭلار!...“

كېيىن ساپوژكوۋ: «ئاللا تامغى» دىگەن نام بىلەن ژورنال چىقىرىش كېرەكلىكىنى ۋە كېرەكلىك پۇلنىڭ بىر قىسمىنى تېلپېگىن بېرىدىغانلىقىنى، قالغىنىنى — ئۈچ مىڭ سومنى بۇرژۇئازىيە چاڭگىلىدىن تارتىۋېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

”ئورپ-ئادەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش مەركىزىي پونكىتى“ ئەنە شۇنداق تەشكىل قىلىنغان ئىدى. تەشكىلاتنىڭ بۇ نامىنى تېلپېگىن ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ بىر كۈنى زاۋۇتتىن قايتىپ كەلگەندە، ساپوژكوۋنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكىچە كۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئېقىپ چۈشكەن ئىدى. «ئاللا تامغى»نىڭ تۇنجى سانىنى نەشر قىلىش تەييارلىقى دەررۇ باشلاندى. ئۇنى قوللىغۇچى كىشىلەردىن بىرنەچچىسى — ئادۋوكاتلار، ھەتتا ساشكا ساكىلمانمۇ كېرەكلىك پۇلنى — ئۈچ مىڭ سومنى يىغىپ

بېرىشتى. مال ئوراپ ساتىدىغان قەغەزگە "سپىتروفۇگال"[1] دەپ چۈشىنىكسىز سوز يېزىلغان ئالاقە قەغەزلىرى مەخسۇس بۇيرۇتۇلدى. بىر تەرەپتىن، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئاساسلىق ماقالىچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشلىرى باشلاندى، ئەينى ۋاقىتتا ماقالىلارمۇ يىغىلدى. رەسسام ۋالىت، ساپوژكوۋنىڭ ئويى تەھرىر بولۇم قىلىنغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئىچىنى تۈزۈكرەك رەسىملەر بىلەن بىزەش كېرەك، بۇرۇنقىلىرى ئانچە ياراشمايدۇ، دىگەن پىكرنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا ئۆزىنىڭ ئون ئىككى خىل سۈرىتىنى سىزدى. ئۇلار ئۆينى قانداق جاھازلاش مەسىلىسى ئۈستىدە كوپ ئويلاندى. ئاخىردا، ئۈستىگە ئالتۇنرەڭ قەغەز سىلىنغان چوڭ ئۈستەلدىن باشقا، ھەممە نەرسىنى ئۆيدىن ئېپچىقىۋەتتى.

ژورنالنىڭ بىرىنچى سانى چىققاندىن كېيىن، شەھەردە «ئاللا تامغى» توغرىسىدا غۇلغۇلا كوتىرىلدى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندى، يەنە بەزىلەر: بۇنىڭ تېگىدە گەپ بار، پۇشكىننىڭ ئەسەرلىرى ئارخىپقا كىرگۈزۈۋېتىلمىسە بولاتتى، دەيتتى. ئەدىبىي تەنقىتچى چىرۋا گاڭگىراپ قالدى ــ «ئاللا تامغى»دا ئۇ ئەبلەخ دەپ قاغالغان ئىدى. ئىپكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سموكوۋنىسكوۋا ژورنالغا دەررۇ بىر يىللىق يېزىلىپ، مانا بۇ كەلگۈسى تەرەپدارلىرىنى سەيشەنبە كۈنىدىكى زىياپەتكە چاقىرماقچى بولدى.

"مەركىزىي پونكىت" نامىدىن سىرگىي سىرگېيېۋىچ ساپوژكوۋ سموكوۋنىكوۋلارنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان زىياپەتكە ئەۋەتىلدى. ساپوژ-

---

[1] مەركەزدىن يىراقلىتىپ ئايرىغۇچ. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كوۋ «مانون لېسكو»① دىرامىسىنى ئويناشقا قاتنىشىدىغان ئارتىس كېيدىغان ۋە بىر تىياتىرخانىنىڭ ساتراچخانىسىدىن ئىجارىگە ئالغان كىر، يېشىل رەڭلىك توي كىيىمىنى كىيىپ، بۇ زىياپەتكە بارغان ئىدى. ئۇ زىياپەتتە تاماقنى ئەتەي كوپ يىدى، يىگەندىمۇ كال-پۇكلىرىنى شاپىلدىتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ يىدى، بۇنىڭدىن ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ كوڭلى ئاينىپ كەتتى. ئۇ چىرۋاغا قاراپ تەنقىتچىلەرنى ”تاپ يەپ كۆن كەچۈرىدىغان بورىلەر“ دەپ ھاقارەتلىدى. كېيىن ئۇ ئورۇندۇقتا تايىنىپ ئولتۇردى-دە، تاماكا چەكتى، تەرلەپ كەتكەن بۇرنىدىكى كوزەينىكىنى تۇزەشتۈردى، ھەر ھالدا، مېھمانلار ئۇنىڭدىن كوپ نەرسە كۈتكەن ئىدى.

«ئاللا تامغى» ژورنىلىنىڭ ئىككىنچى سانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ”گۈزەل بېھورمەتلىك قىلىقلار“ ناملىق كەچكى يىغىن ئۇيۇشتۇرۇشنى قارار قىلدى. ”بېھورمەتلىك قىلىقلار“ يىغىنلىرىغا داشامۇ بىر مەرتەم قاتناشقان ئىدى. ئۇ كەلگەندە ژىرووۋ دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپ، دەرھال پىر-پىر ئايلىنىپ، داشانىڭ ئاياقلىرىنى ۋە جۇۋىسىنى سالدۇرۇپ قويغان، ھەتتا ئۇنىڭ سوكنا چاپىنىغا يېپىشىپ قالغان بىر تال يىپنىمۇ ئېلىۋەتكەن ئىدى. داشا بۇ ئىشلاردىن ئەجەپلىنەتتى. دالاندىن تۇزلىغان كاپۇستىنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. ژىرووۋ داشاغا ئەگىشىپ مېڭىپ، كارىدوردىن يانچە بولۇپ ئوتۇپ،

① «مانون لېسكو» — فرانسىيە يازغۇچىسى پرېۋوست (1697 — 1763) پوپ تەرىپىدىن يېزىلغان رومان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ياش ئاقسوڭەك-نىڭ يوقسۇل قىز مانونغا بولغان مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىپ، بۇرژۇئا ئىدىيولوگىيىسىنىڭ فېوداللىق ئەخلاققا قارشىلىغى ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ، بۇ رومان كېيىن ئوپېراغا ئوزگەرتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

"بىھورمەتلىك قىلىقلار" يىغىنى ئوتكۈزۈلۈۋاتقان جايغا كېلىپ، سورىدى:

— سىز قانداق ئەتىر سېپىۋالدىڭىز؟ ئەتىرىڭىز ناھايىتى خۇش پۇراق ئىكەن!

داڭقى كەتكەن بۇ تىپتىقسىزلىقلار داشانى ئەجەپلەندۇردى. راست، تاملارغا كوز، بۇرۇن، قوللار، ئادەملەرنىڭ ئۇياتلىق ئەزالىرى، غۇلاپ كېتىۋاتقان كوپ قەۋەتلىك بىنالار، قىسقىسى، شۇ يەردە تۇرغان ۋە يۇزلىرى ئالا-بۇلا قىلىپ سىزىلغان ۋاسلى ۋىلىيەمنوۋىچ ۋالىپتىنىڭ قىياپىتىنى تەشكىل قىلغۇچى رەسىملەر چاپلانغان ئىدى. راست، ئوي ئىگىلىرى ۋە مېھمانلارمۇ — سەيشەنبە كۇنى بولىدىغان يىغىنغا — سموكوۋنىكوۋلارنىڭ ئويىگە پات-پات بېرىپ تۇرىدىغان ياش شائىرلارنىڭ خېلىسى دىگۇدەك كېلىپ، ياغاچ كوتەككە (بۇنى تېلىگىن تەقدىم قىلغان ئىدى) ئورنىتىلغان، ئەمما رەندىلەنمىگەن ئاددى تاختايدا ئولتۇرۇشاتتى. راست، ئۇلار قانداقتۇ ئاسمان پەلەكتە ئومىلەپ يۇرىدىغان ئاپتوموبىللار توغرىسىدا، قانداقتۇ "ئاسماندىكى كونا سىغلىس كېسىلى گىرىپتارلىرىغا قارىتىلغان تۇكۇرۇك" توغرىسىدا، قانداقتۇ ئاپتورنىڭ چېركاۋ گۇمبەزلىرىنى ياڭاق چاققاندەك چىقىپ سۇندۇرۇشلىرى توغرىسىدا، قانداقتۇر پەلتو كىيىۋېلىپ، كومپاس ۋە دۇربۇن ئېلىۋېلىپ، دەرىزىدىن كوچىغا سەكرەپ چۇشكەن، چۇشىنىكسىز، ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ قويىدىغان چېكەتكە توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلارنى ئەتەي قوپال ۋە يېقىمسىز ئاۋازلار بىلەن ئۇنلۇك ئوقۇشاتتى. بىراق نېمىشقىدۇ بۇنداق دەھشەتلەرنىڭ ھەممىسى داشاغا ناھايىتى پەس ۋە نامرات كورۇنەتتى. ئۇنىڭغا پەقەت تېلىگىننىلا ياققان ئىدى. تېلىگىن سوھبەت ئارىلىقىدا

داشانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن چاي ئىچىدىغان-ئىچمەيدىغانلىقىنى، سۇرلەنگەن گوش بولكىسى يەيدىغان-يېمەيدىغانلىقىنى تارتىنىپ تۇرۇپ سورىدى.

— چاي ۋە چۇجۇقىمىز ئاددى، تەمى ناھايىتى ياخشى.

ئۇنىڭ ئاپتاپتىن قارايغان، سىپ-سىلىق قىرىلغان يۈزىدىن سەممىلىك بىلىنىپ تۇراتتى، مۇلايىم، كوك كوزلىرى زورۇر تېپىلغاندا ئۇتكۇر ۋە قەتئى بولىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى.

داشا "ماقۇل دىسەم، چوقۇم خوشال بولىدۇ" دەپ ئويلىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشخانىغا چىقتى. ئاشخانا ئۇستىلىدە بىر تەخسىدە سۇرلەنگەن گوش بولكىسى ۋە يانلىرى ئويمان-دوڭ بولۇپ كەتكەن ساماۋار تۇراتتى. تېلېگىن دەررۇ مەينەتلىشىپ كەتكەن تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئوينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى پولنىڭ ئۇستىگە قويدى، ئەتراپقا كوز تاشلاپ، سۇرتكىلى يۇغۇچ تاپالماي، ئۇستەلنى قولياغلىقى بىلەن سۇرتۇپ، داشاغا چاي قۇيدى، ئاندىن سۇرلەنگەن گوش بولكىلىرى ئىچىدىن تۇزۇكرەكىنى تاللاپ بەردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ھەم يوغان، ھەم مەزمۇت قوللىرى بىلەن ئالدىرىماي-تېنىمەي ئورۇنلايتتى، پاراكلاشقاچ، بارلىق كۇچىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ قالايمىقان جايدا داشادا ئازادىلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىشقا تىرىشقاندەك كورۇنەتتى.

— ئوي سەرامجانلىرىمىز ھەقىقەتەن قالايمىقان، بۇنىسى راست، ئەمما چاي بىلەن چۇجۇق ئەلا خىللىق، يېلىسېيېۋ ماگىزىنىدىن ئېلىپ كەلگەن. يەنە كەمپىت بار ئىدى، تۈگەپتۇ. ياق-ھە، — ئۇ داشاغا كالپۇكلىرىنى قىسىپ قاراپ تۇردى، كوزلىرىدە خىجالەت، كېيىن قەتئىلىك پەيدا بولدى، — رۇخسەت قىلىسىڭىز، — دىدى-دە،

www.uyghurkitap.com

كەمزۇلىنىڭ يانچۇغىدىن قەغەزگە ئورالغان ئىككى كەمپىت چىقاردى.

"بۇنداق ئادەم بىلەن بىللە بولساڭ، دائىم كوڭۇللۇك ئوتىسەن" دەپ ئويلىدى داشا ۋە ئۇنىڭ كوڭلى ئۇچۇن:

— مەن مۇشۇنداق كەمپىتكە ئامراق ئىدىم، — دىدى.

تېلېگىن داشانىڭ ئۇدۇلىغا يېنى بىلەن ئولتۇرۇپ، قىچا تالقىنى سېلىنغان قاچىغا تىكىلىپ تۇردى. ناھايىتى خىجالەت بولغىنىدىن، پېشانىسىدىكى تومۇرلىرى كوپۇپ چىقتى. ئۇ خېلى ئېھتىياتلىق بىلەن قولياغلىقنى يانچۇغىدىن چىقاردى ـ دە، پېشانىسىنى سۇرتتى.

داشانىڭ لەۋلىرىگە ئىختىيارسىز كۇلۇمسىرەش كېلەتتى: يوغان گەۋدىلىك ۋە كېلىشكەن بۇ يىگىت ئوزىگە شۇنچىلىك ئىشەنمەيتتىكى، ھەتتا ئوزىنى قىچا قاچىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ ئارزاماستا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر جايدا، — داشاغا شۇنداق تۇيۇلاتتى، — تېتىك قېرى ئانىسى ياشايدۇ، ئۇ يەردىن ئوغلىغا "ھەرقانداق ئەخمەققە پۇل ئوتنە بېرىۋېرىسەن"، "ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئابرويىنى پەقەت كەمتەرلىك ۋە تىرىشقاقلىق ئارقىلىق ئوستۇرۇش مۇمكىن، قوزام" دەپ نەسىھەتلىك خەتلەر يازىدۇ. ئۇ بولسا، بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، قاچان كامالەتكە يېتەلىشكە ئىشەنمەي، ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالسا كېرەك، داشانىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

— قەيەردە خىزمەت قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى داشا.

تېلېگىن دەررۇ بېشىنى كوتەردى، داشانىڭ كۇلۇمسىرىشىنى كورۇپ، ئوزىمۇ ھىجايدى.

— بالتىق زاۋۇدىدا.

— قىلىدىغان ئىشىڭىز ياخشىمۇ؟

— نىمە دىسەم بولار، مېنىڭچە، ھەرقانداق ئىش ياخشى بولسا كېرەك.

— مېنىڭچە، ئىشچىلار سىزنى ناھايىتى ياخشى كورسە كېرەك.

— بۇ توغرىدا ھىچ ئويلىمىغان ئىدىم. ئەمما، مېنىڭچە، ئانچە ياخشى كورمەسلىكلىرى كېرەك. نىمشقا ياخشى كورسۇن؟ ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىمەن. ئەمما، مۇناسىۋەتلىرىمىز ياخشى، بۇنىڭدا گەپ يوق، يولداشلارچە مۇناسىۋەتتىمىز.

— راستىنى ئېيتىڭا، نېرىقى ئويدە بولغان ھەممە نەرسە ياقامدۇ سىزگە؟

ئىۋان ئىلئىچنىڭ پىشانىسىدىكى قورۇقلار يوقالدى، ئۇ قاقاقلاپ كۇلۇۋەتتى.

— ياش باللار! ئۇچىغا چىققان ئۇششۇقلار-دە، ھەممىسى. بىراق ناھايىتى ئالامەت باللار. ئىجارىچىلىرىمدىن خوشالىمەن، دارىيە دمىترىيېۋنا! بەزىدە بىزنىڭ ئىشىمىزدا كوڭۇلسىزلىكلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، ئويگە خاپا بولۇپ قايتىمەن، كېلىشىم بىلەن بىرەر قىزىق گەپ تېپىپ قويۇشىدۇ... ئەتىسىگە ئەسلەپ، ئۇچەيلىرىم ئۈزۈلگىچە كۈلىمەن.

— بۇ تەھقىرلىرى ماڭا ھىچ ياقمىدى، — دىدى داشا جىددىلىك بىلەن، — قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىپلاسلىق.

تېلېگىن ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىپ قارىدى. داشا: "ھىچ ياقمىدى" دەپ سوزىنى تەكرارلىدى.

— ئەسلىدە ئەيىپ ئاۋال ئوزەمدە، — دىدى ئىۋان ئىلئىچ، خىيالچانلىق بىلەن، — ئۇلارنى بۇنىڭغا قىزىقتۇرغان مەن بولدۇم. ھەقىقەتەن، ئويگە مېھمان چاقىرىپ، پۈتۈن كېچە ئەخلاقسىز گەپ-

لەرنى قىلىش ــ ئۇيات... ھەممىدىنمۇ سىزگە ياقمىغىنى يامان بولدى.

داشا ئۇنىڭ يۈزىگە كۆلۈپ قارايتتى. ئۇ يېقىن تونۇش بولمىغان بۇ ئادەمگە قورقماي گەپ قىلىۋېرىش كېرەك، دەپ قارايتتى.

ــ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمچە، سىزگە، ئىۋان ئىلئىچ، پۈتۈنلەي باشقا خىلدىكى نەرسىلەر ياقسا كېرەك. مېنىڭچە، سىز ــ ياخشى كىشىسىز. ئۆزىڭىز ئويلىغىنىڭىزدىن خېلى ياخشىراقسىز، راست، راست.

داشا جەينەكلەپ، ئىڭىكىنى تۇتتى، چىمەلتىكى بىلەن كالپۇكىنى سىلىدى. ئۇنىڭ كوزلىرى كۈلۈپ تۇرسىمۇ، تېلېگىنگە قورقۇنچلۇقــ تەك كورۇنەتتى، ئۇ كوزلەر شۇنچىلىك ئاجايىپ، تەسىرلىك ئىدىكى، كوك، يوغان ۋە سالقىن ئىدى. ئېغىر خىجالەتتە قالغان ئىۋان ئىلئىچ چاي قوشۇغىنى ئېگەتتى، ئارقىدىن يەنە توغرا قىلاتتى.

ئۇنىڭ بەختىگە، ئاشخانىغا يېلىزاۋېتا كىيىۋنا كىردى، ئۇنىڭ يەلكىسىدە شال رومال بولۇپ، ئىككى ئورۇم چېچىنى ئىككى قۇلىــ غىنىڭ ئۈستىگە قوشقار مۈگۈزىدەك تۈگۈۋالغان ئىدى. ئۇ ئۇزۇن ۋە يۇمشاق قولىنى داشاغا ئۇزىتىپ، ئۆزىنى راستورگۇيېۋا دەپ تونۇشتۇردى، كېيىن ئولتۇرۇپ مۇنداق دىدى:

ــ ژىرووۋ سىزنىڭ تەرپىڭىزنى كوپ قىلغان. بۈگۈن مەن سىزنىڭ قىياپىتىڭىزنى ئۇزاق بايقىدىم. سىز كوپ رەنجىدىڭىز، گەجگىڭىز قاتتى، بۇ ياخشى.

ــ لىزا، سوغاق چاي ئىچەمسىز؟ ــ ئالدىراپ سورىدى ئىۋان ئىلئىچ.

ــ ياق، تېلېگىن، مېنىڭ ھېچقاچان چاي ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ...خوش، سىز بۇ گەپ قىلىۋاتقان ئايال ئەجەپ قىزىق

ئايال ئىكەن دەپ ئويلايدىغانسىز؟ — مەن كوزگە ئىلغۇسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بەختسىز ئايالمەن.

ئۇستەل يېنىدا تۇرغان ئىۋان ئىلىئىچ ناھايىتى تاقەتسىزلىنىپ تەتۇر ئورۇلدى. داشا يەرگە قارىدى، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭغا كۇلۇپ قارايتتى.

— سىز، ناھايىتى ياخشى، كامالەتكە يەتكەن چىرايلىق قىزسىز. ياق دىمەڭ، بۇنى ئوزىڭىزمۇ بىلىسىز، سىزنى ئونلاپ ئەر كىشى ياخشى كورسە كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەڭ يامىنى شۇكى، بۇنىڭ ھەممىسى ئاددى يوسۇندا تۇگەيدۇ: بىرەر ئەركەك كېلىدۇ-دە، سىزنى ئالىدۇ، بىرقانچە بالا تۇغىسىز، كېيىن ئولۇپ كېتىسىز. ھېچ قىزىغى يوق.

ئاچچىقلانغان داشانىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.

— مەن باشقىلاردىن ئۇستۇن ئادەم بولماقچى ئەمەسمەن، — دىدى ئۇ، — نىمىشقا مېنىڭ كېلەچىكىم توغرىسىدا غەم قىلىسىزكىن-تاڭ، بىلمىدىم.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا يەنە بەتتەررەك كۇلۇمسىرىدى، ئەمما كوزلىرى ھەمىشە غەمكىن ۋە ئىللىق ئىدى.

— مەن كوزگە ئىلغۇسىز، كىشىنى بىزار قىلىدىغان بىر ئايال، دەپ ئاۋاللا ئېيتىۋىدىمغۇ سىزگە. مېنىڭ بىلەن چىقىشىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇلارمۇ، مەسىلەن، تېلېگىن ماڭا ئېچىنغىنىدىن چىقىشىدۇ.

— كىم بىلسۇن نىمىلەرنى دەۋاتىسىزكىن-تاڭ، لىزا، — دىدى تېلېگىن، بېشىنى كوتەرمەستىن.

— مەن سىزدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، تېلېگىن،

خاتىرجەم بولۇڭ، ــ دېدى ئۇ ۋە ئاندىن داشاغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ــ ئۆمرىڭىزدە بوران كۆرگەنمۇ؟ مەن بىر نۆۋەت كۆرگەن. بىر ئەر كىشى بار ئىدى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ بولسا مېنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ ۋاقىتتا مەن قارا دېڭىز بويىدا ياشايتتىم. بوران چىقتى. مەن بايىقى ئادەمگە: "يۈر، دېڭىزغا كەتتۇق..." دېدىم. ئاچچىقى كېلىپ، مېنىڭ بىلەن دېڭىزغا باردى... دولقۇن بىزنى ئۇچۇق دېڭىزغا ئېلىپ كەتتى... ناھايىتى ھوزۇر ئىدى، ئادەتتىن تاشقىرى كۆڭۈللۈك. ھەممە كىيىملىرىمنى يېشىپ تاشلىدىم ــ دە، ئۇنىڭغا...

ــ ھاي، ماشا قاراڭ، لىزا، ــ دېدى تېلېگىن، كالپۇكلىرى ۋە بۇرنىنى پۈرۈپ، ــ يالغان ئېيتىسىز، ھەممىسى بولمىغان گەپ، مەن بىلىمەن.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭغا غەلىتىرەك قىلىپ قارىدى ــ دە، بىردىن كۆلكىسى قىستاپ، كۈلۈشكە باشلىدى. بىلەكلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ، يۈزىنى قوللىرى بىلەن يېپىپ، سېمىز يەلكىلىرىنى سىلكىتىپ كۈلەتتى. داشا ئورنىدىن تۇرۇپ، تېلېگىنگە ئۆيگە كېتىشنى ۋە ئەگەر مۇمكىن بولسا، ھېچكىم بىلەن خوشلاشماستىن كېتىشنى ئېيتتى.

ئۇلار ئۈچىنچى داشانىڭ جۇۋىسىنى خۇددى ئۇنىڭ تېنىنىڭ بىر قىسمىدەك ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن ئېلىپ، يەلكىسىگە ئۇتتى؛ ئۇ داشانى ئۈزىتىپ، ئۈست ـ ئۈستىگە سەرەڭگە چېقىپ قاپ ـ قاراڭغۇ پەلەمپەيدىن يەرگە چۈشۈشتى. قاراڭغۇلۇقتىن، تېپىلغاقلىقتىن ۋە شامالدىن نالە قىلىپ، داشانى كوچىنىڭ بۇرجىگىگە ئاپىرىپ، چانىغا ئولتۇرغۇزدى، چانچى قېرى ئىدى، ئۇنىڭ ئېتى ئاپپاق قار بولۇپ

كەتكەن ئىدى. يالاۋاش، پەلتوسىز چىقىقان ئىۋان ئىلىئىچ پاكار چاندا ئولتۇرغان قىز سىرىق تۇماندا كوزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر كەينىدىن ئۇزاق قاراپ قالدى. كېيىن، ئالدىرىماي ئويگە قايتىپ، ئاشخانىغا كىردى. ئۇستەل يېنىدا، يەنىلا قوللىرى بىلەن يۇزىنى يېپىپ يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئولتۇراتتى. تېلېگىن ئىگىگىنى تاتىلىدى-دە، قوشۇمىسىنى تۇرۇپ:

— لىزا! — دىدى.

شۇ ۋاقىتتا لىزا چاپسان، ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن بېشىنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا قاردى.

— لىزا، نىمىشقا سىز ھەمىشە شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ، ئادەملەرنى ئۇيالدۇرىسىز-ھە؟

— ئىچىڭىز كويۇپتۇ-دە، — دىدى يېلىزاۋېتا كىيېۋنا، ئاجىز ۋە غەمكىن، خۇددى ياسىغاندەك كوزلىرى بىلەن ئىۋان ئىلىئىچقا قاراپ، — دەررۇ بايقىدىم. مانا كوڭۇلسىزلىك.

— گېپىڭىز پۇتۇنلەي توغرا ئەمەس، — تېلېگىن قىزىرىپ كەتتى، — توغرا ئەمەس.

— خوپ، مەن گۇناكار، — دىدى يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، چاڭ باسقان رومىلىنى سورەپ چىقىپ كەتتى.

ئىۋان ئىلىئىچ خېلىغىچە خىيال سۇرۇپ ئوينى ئايلىنىپ يۇردى. سوغاق چايدىن ئىچتى، كېيىن داريە دمىترىيېۋنا ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى كوتىرىپ، ئوز ئويىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە قەيەرگە قويسامكىن دەپ ئويلا-ئويلا، ئاخىر بىر بۇرجەككە قويىدى، پۇتۇن ئالقىنى بىلەن بۇرنىنى چاڭگاللاپ تۇتتى-دە، خۇددى بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەرسىدىن ھەيران قالغاندەك:

— بولمىغان گەپ! مەنىسىزلىك بۇ! — دېدى.

داشا ئۇچۇن بۇ ئۇچرىشىش ئاددى ئۇچرىشىش ئىدى — ئۇ ياخشى بىر كىشىنى ئۇچراتتى، خالاس. داشا تېخى، كۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان، قۇلاققا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايدىغان دەۋردە ئىدى: قۇلىغىنى ئۆزىنىڭ قان ئۇرۇشى پاك قىلغان، كۆزلىرى بولسا — ھەتتا ئادەمنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ — پەقەت ئۆزىنىلا كۆرەتتى. بۇ دەۋردە كىشىنىڭ خىيالىنى پەقەت چىرايسىزلىق، سەتلىك ئەجەپلەندۈرىدۇ، چىرايلىق ئادەملەر، جەزىبىلىك مەنزىرىلەر، سەنئەت گۈزەللىك-لىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئون توققۇزغا كىرگەن مەلىكە ئۈچۈن ئادەتتىكى جاھازدەك تۇيۇلىدۇ.

ئەمما ئىۋان ئىلئىچ ئۈچۈن بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەمدى، داشانىڭ كېلىپ كەتكىنىگە بىر ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نازۇك، بەدىنى ئەتىر گۈلدەك ، قارا سۇكنا كىيىم كىيگەن، چاچلىرى يۇقۇرى قىلىپ تارالغان، باللاردەك مەغرۇر بۇ قىزنىڭ بۇ مەنىسىز ئۆيگە تۇيدۇرماستىن (ئۇ ھەتتا ئالدىراپ قالغىنىدىن قىز بىلەن دەررۇ سالاملىشالمىدى)، ئاددى يوسۇندا (كىردى، ئولتۇردى، قولقېپىنى تىزىغا قويدى) كىرىپ كەلگىنىگە ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى. قانداق قىلىپ قىزغا يېلىسپىيۇنىڭ ماگىزىنىدىن كەلتۈرۈلگەن چۇجۇق توغرىسىدا گەپ قىلغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

يەنە، يانچۇغىدىن قىزىپ كەتكەن كەمپىت چىقىرىپ، ئۇنىڭغا بەرگىنىدە، ئۇ يېگەنمىدى؟ ئۇنىڭ جاھىللىقىدىن ئۇرگىلىپ كېتەي!

ئىۋان ئىلئىچ ئۆز ئۆمرىدە (ئۇ يېقىندا يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرگەن ئىدى) ئالتە قېتىم ئاشىق بولدى. قازاندا ئوقۇپ يۈرگىنىدە

مال دوختۇرنىڭ خېلى ياشلارغا بېرىپ قالغان مارۇسە خۇويېۋا دىگەن قىزنى ياخشى كورۇپ قالغان ئىدى. مارۇسە خۇويېۋا ھەمىشە دۇخاۋا چاپان كىيىپ، شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا ھەر كۇنى سائەت نوتتە سەيلە قىلغىلى چىقاتتى. ئەمما مارۇسە خۇويېۋا چاخ-چاقنى ياقتۇرمايدىغان قىز ئىدى، ئۇ ئىۋان ئىلئىچنىڭ تەلۋىنى رەت قىلغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئارىدىن ھىچقانچە ۋاقىت ئوتمەيلا، سەي-يارە ئويۇن قويۇشقا كەلگەن ئادا تىللە دىگەن قىزنى ياخشى كورۇپ قالدى. ئادا تىللىنىڭ قازانلىقلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەرسىسى شۇ ئىدىكى، ئۇ سەھنىگە چىققاندا خۇددى دېڭىزدا چومۇلگەنىدىك-دەك كېيىنىپ چىقاتتى، باشقۇرۇش بولۇملىرىمۇ ئېلانلارغا: "چىرايلىق پاچاقلىرى ئۇچۇن ئالتۇن مۇكاپات ئالغان ئاتاقلىق ئادا تىللە" دەپ تەكىتلەپ يازاتتى.

ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق چىقىشىپ كەتتىكى، ھەتتا ئادا تىللىنىڭ ئويىگە كىرىشكە ۋە شەھەر بېغىدىن ئۇزۇۋېلىنغان گۇلدەستە تەقدىم قىلىشقا جۇرئەت قىلىدىغان بولدى. بىراق ئادا تىللە گۇلنى پاخپاق ئىتنىڭ پۇرىشى ئۇچۇن تاشلاپ بەردى، تېخى ئىۋان ئىلئىچقا، بۇ يەرنىڭ تامغىدىن ئاشقازىنى بۇزۇلغىنىنى بىلدۇرۇپ، ئۇنى دورىخانىغا ئەۋەتتى. ئىشقى-پىراق شۇنىڭ بىلەن تۇگىگەن ئىدى.

كېيىن، پېتېربۇرگدا ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، تىببى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋىلبۇشېۋىچ دىگەن قىزنى ياخشى كورۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۇچۇن ھەتتا ئاناتومىيە بولۇمىگىمۇ قاتنايتتى، ئەمما بۇ قېتىممۇ نەتىجە چىقمىدى. ۋىلبۇشېۋىچ يەرلىك

ئاپتونومىيە ئىدارىسىدە① ئىشلەش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

بىر كۈنى، ئاياللار كىيىمى سېتىلىدىغان چوڭ بىر ماگىزىندا ئىشلەيدىغان مودىستكا دېگەن قىز ئىۋان ئىلئىچنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى، بىچارە ئىۋان ئىلئىچ خىجالەتتىن ۋە كوكۇلچەكلىكىدىن ئۇنىڭ مەيلىگە باقاتتى، پەقەت قىز دۇكاننىڭ بىر تارمىغى بىلەن بىللە موسكۋاغا كوچۈپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئۇ ئۆزىنى خېلى يېنىك سەزگەن ئىدى، سەۋنۋى، ئورۇنلانماي قالغان ئاللىقانداق مەجبۇرىيەتلەردىن ئەمدى قۇتۇلغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى مۇلايىم سويگۇ سەزگۈسى ئۇزاقى يىلنىڭ يېزىدا، ئىيۇن ئېيىدا ئويغانغان ئىدى. ئۇنىڭ بولمىسىنىڭ دەرىزىلىرى قاردىغان ھويلىدا، دەرىزىنىڭ ئۇدۇلىدا ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرار ۋاقتىدا ئورۇقىنا، ئاق پىشماق بىر قىز پەيدا بولىدىغان بولدى، ئۇ دەرىزىنى ئېچىپ ھەر دائىمقى سېرىق كوينىكىنى قېقىپ چوتكا بىلەن تازىلايتتى. كېيىن شۇ كوينىكىنى كىيىپ، باققا چىقىپ ئولتۇراتتى.

ئىۋان ئىلئىچ بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى باغدا يۈرۈپ، قىز بىلەن تونۇشتى، خېلى سوزلىشىپ ئولتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى كورۇشۇپ، بىللە يۈرۈشىدىغان، پېتېربۇرگ ئاخشاملىرىنى بىللە تاماشا قىلىدىغان، ئۇزاق سوھبەتلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

---

① چار روسىيە مەزگىلىدىكى يەرلىك ئاپتونومىيە تەشكىلاتى بولۇپ، ئولكە، ناھىيىلەردە بار ئىدى، ئۇنىڭ ئەزالىرى ئاقسوڭەك ۋە بۇرژۇئازىلاردىن تەشكىل تاپاتتى. 1864 ـ يىلى ئالېكساندىر II تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بىكار قىلىندى. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئوله كومارووۋا دىگەن بۇ قىز ئۆزى يالغۇز تۇراتتى، گوۋانامىخاندا خىزمەت قىلاتتى ۋە دائىم كېسەل ھالدا يوتىلەتتى. ئۇلار شۇ يوتەل توغرىسىدا، ئاغرىق توغرىسىدا، كەچقۇرۇنلۇغى يالغۇز ئادەمنىڭ زېرىكىپ قېلىشى توغرىسىدا، ئولەنىڭ كىرا دىگەن تونۇش بىر يولدىشى ياخشى بىر ئادەمگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ كەيىندىن قىرىمغا كەتكەنلىگى توغرىسىدا سوزلەشتى. بۇ گەپلەر كىشىنى زېرىكتۇرىدىغان گەپلەر ئىدى، ئوله كومارووۋا ئوز بەختىدىن شۇ دەرىجىدە ئۇمىتسىز ئىدىكى، ھەتتا ئۇ ئىۋان ئىلىئىچقا ئوزىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇنچە ئارزۇلىرىنى ئۇيالماستىن ئېيتىۋېرەتتى. ھەتتا ئۇ بەزىدە، ئىۋان ئىلىئىچ ئوزىنى بىردىنلا ياخشى كورۇپ قېلىشى، ئويلىنىپ، قىرىمغا ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن دىگەن ئارزۇلىرىنىمۇ يوشۇرمايتتى.

. ئىۋان ئىلىئىچ قىزغا ناھايىتى ئېچىناتتى، ئۇنى ھورمەت قىلاتتى، ئەمما ئۇ، ھېچ بولمىغاندا شۇنداق سوھبەتلەردىن كېيىن بەزىدە كەچقۇرۇن سافادا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئوزىنى ئوزى ئىنساپسىزسەن، رەھىمسىزسەن دەپ قويسىمۇ، ئۇنى ياخشى كورەلمىگەن ئىدى.

كۇزدە ئوله كومارووۋا زۇكام بولۇپ يېتىپ قالدى. ئىۋان ئىلىئىچ ئۇنى كېسەلخانىغا، ئۇ يەردىن گورىستانلىغا ئاپىرىپ قويدى. جان بېرىش ئالدىدا قىز: "ئەگەر ساقىيىپ چىقسام، مېنى ئالامسىز؟" دەپ سورىدى. "خۇدا ئۇرسۇن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ" دىگەن ئىدى ئىۋان ئىلىئىچ.

داشاغا بولغان ھىسلار ئاۋالقىغا زادى ئوخشىمايتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا: "يۇرىگىڭىز كويۇپتۇ-دە" دەپ ئېيتتى، ئەلۋەتتە، ئادەم دىگەن ئېرىشىشكە مۇمكىن بولغان نەرسىگە كوڭۇل بېرىدۇ-دە!

لېكىن ھەيكەل ياكى بۇلۇتتا كوكۇل بېرىپ بولمايدۇغۇ!

داشاغا بولغان ھىسلار قانداقتۇر ئالايىتەن، ئۆزى ھازىرغىچە بىلمىگەن، سەزمىگەن ھىسلار ئىدى ھەمدە ئۇ ھىسلارنى چۈشىنىپمۇ بولمايتتى، چۈنكى سەۋىيىسىمۇ ئاز ئىدى-دە: بىرنەچچە مىنۇتلۇق سوھبەت ۋە بۇرجەكتە تۇرغان ئورۇندۇقتىن باشقا نىمە بار ئىدى؟

بۇ ھىس ھەتتا ئۇ ئېيتقاندەك چوڭقۇرمۇ ئەمەس ئىدى، بىراق ئىۋان ئىلىئىچمۇ ئەمدى ئۆزىنى باشقىچە سېزىشنى، ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى خالايتتى. ئۇ پات-پاتلا: "ئوتتۇزغا كىرىپ قاپتىمەنۇ، ئومرۇمنىڭ قانداق ئوتكىنىنى بىلمەپتىمەن. ئومرۇم سۇدەك ئوتۇپ كېتىپتۇ! ئوزەمنىلا ئويلاپتىمەن، باشقىلار بىلەن كارىم بولماپتۇ. بالدۇرراق ھوشۇمنى تېپىۋېلىشىم كېرەك"، دەپ ئويلايتتى.

مارتنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىللىق باھار ئاپپاق قار قاپلىغان، قېلىن ئورالغان شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەتىگەندىن باشلاپ تاملاردىن، ئوگزىلەردىن چوكا مۇزلار ئېرىپ، تامچا تېمىشقا باشلىغان، كاناي نولاردىن شارىلداپ ئاققان سۇلار توڭلارنى تولدۇرۇپ تاشقۇزۇۋەتكەن، كوچىلاردىكى قارلار ئېرىپ، ئاسفالتتىن ھور چىقىپ، قۇرۇشقا باشلىغان، قېلىن جۇۋا ئېغىرلىق قىلىپ، يەلكەڭنى بېسىشقا باشلىغان، قارىساڭ كوچىدىن چاڭگا ساقاللىق بىراۋ پەقەت كەمزۇللا كىيىپ كېتىۋاتقان، ھەممە ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇمسىرىگەن، بېشىڭنى كوتىرىپ قارىساڭ، ئاسمان تىنىق ۋە كوپ-كوك كورۇنگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سائەت ئۈچ يېرىملاردا ئىۋان ئىلىئىچ نېۋسكى كوچىسىغا جايلاشقان تېخنىك ئىش ئورنىدىن كوچىغا چىقىپ، جۇۋىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى-دە، ئاپتاپتىن كوزلىرى چېقىنتاپ كەتتى.

"بۇ دۇنيادا ياشاش ياخشى ئىش جۇمۇ!"

شۇ ۋاقىتتا، ئۇ داشانى كورۇپ قالدى. داشا كوك كىيىم كىيگەن بولۇپ، قەغەزگە ئورالغان تۇگۇننى پۇلاڭلىتىپ، ئادەم ئوتىدىغان يولنىڭ بىر چېتىدىن ئاستا كېلىۋاتقان ئىدى؛ ئۇنىڭ كوك قالپىقىغا ئاق روماشكا گۇلى قىستۇرۇلغان، چىرايى خىيالچان ۋە غەمكىن ئىدى. ئۇ كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كولچەك سۇلارغا، تىراموۋاي يوللىرىغا، دەرىزە ئەينەكلىرىگە، ئادەملەرنىڭ يەلكە ۋە ئاياقلىرىغا، ئات ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرىغا كوپ-كوك ئاسماندىن مورۇۋۋەتلىك كوكلەم قۇياشىنىڭ نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىدى.

داشا گويا ئەنە شۇ كوپ-كوك ئاسمان ۋە قۇياش نۇرىدىن پەيدا بولدىيۇ، يەنە ئادەملەر ئارىسىدا كوزدىن غايىپ بولدى. ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قاراپ قالدى. يۈرىكى ئاستا ئۇراتتى، ھاۋا قويۇق، ئادەمنى مەس قىلغۇدەك خۇش پۇراقلىق ئىدى.

ئىۋان ئىلئىچ ئالدىرىماي بۇرجەككە باردى، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، ھەر خىل ئېلانلار چاپلانغان تۇۋرۇك ئالدىدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. "ئۇچەي-پۇچەيلىرىنى چىقىرىدىغان دىزىكنىڭ يېڭى ۋە ئاجايىپ سەرگۇزەشتىلىرى" دەپ ئوقۇدى ئۇ ۋە بۇنىڭدىن ھېچ نەرسە چۈشەنمىگىنى، ئومرىدە زادى بۇنىڭچىلىك بەختلىك بولمىغىنىنى سەزدى.

ئۇ تۇۋرۇك يېنىدىن كېتىۋېتىپ، يەنە داشانى كورۇپ قالدى. داشا يەنە بايىقىدەك، روماشكا گۇل قىسقان، قولىدا تۇگۇن تۇتقان ھالدا ئادەم ئوتىدىغان يولدىن يۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ، شلەپىسىنى ئالدى.

— داريه دمتريېۋنا، بۈگۈن ھاۋا ئەجەپ پەيزىغۇ...
داشا سەل سەسكىنىپ كەتتى. كېيىن سوغاق كوزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى — كۆن يورۇغىدىن كوز قارچۇقلىرى كوپ - كوكلەشكەن ئىدى — مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى - دە، ئاق تېرە پەلەي كىيگەن قولىنى ئۇزىتىپ، دوستلارچە قاتتىق سىقىپ كورۇشتى.
— سىزنى ئۇچراتقىنىم ياخشى بولدى. مەن بۈگۈن ھەتتا سىزنى ئويلىغانىدىم... راست، راست، داشا بېشىنى لىڭشىتتى، قالپىغىدىكى گۈلمۇ لىڭشىدى.
— نېۋسكىدا ئىشىم بار ئىدى، داريه دمتريېۋنا، ئەمدى كەچكىچە بوشمەن. ھاۋانىڭ پەيزىلىكىنى قاراڭ...— ئىۋان ئىلئىچ ئۆزىنى كۈلۈشتىن ئاران توختىتىپ، كالپۇكلىرىنى چىشلىدى.
داشا سورىدى:
— ئىۋان ئىلئىچ، مېنى ئويۇمگىچە ئۇزىتىپ قويالامسىز؟
ئۇلار يان كوچىغا بۇرۇلۇپ، سايىلىق تەرەپتىن كېتىپ باراتتى.
— ئىۋان ئىلئىچ، مەن سىزدىن بىر نەرسە سورىسام كوڭلىڭىزگە غەلىتە تۇيۇلماسمىكىن؟ ھە - ھە، مەن ئەلۋەتتە سىز بىلەن سوزلىششىم كېرەك. پەقەت سىز دەررۇ جاۋاپ بېرىڭ. ئويلاپ ئولتۇرماستىن، مەن سورىغان ھامان توغرا جاۋاپ بېرىۋېرىڭ.
ئۇنىڭ يۈزىدە تەشۋىش ئەكس ئېتىپ، قاشلىرى ھىمىرىلدى:
— بۇرۇن مەن شۇنداق دەپ ئويلايتتىم، — داشا قولىنى كوتىرىپ، ھاۋادا ئايلاندۇردى، — دۇنيادا قاراقچىلار، يالغانچىلار، قاتىللار بولىدۇ...ئۇلار خۇددى يىلان، ئومۇچۇك، چاشقانلاردەك، قەيەردىدۇر باشقا جايلاردا ياشايدۇ. ئادەملەر بولسا، ھەممە ئادەم — مەيلى، ئادەتلىرى يامان، تەبىئەتلىرى ئېغىر بولسىمۇ — ھەممە ئادەم مېھرىۋان

ۋە پاك دەيتتىم... ھۇ ئەنە، ئاۋۇ كېتىپ بارغان قىزنى كۆرۈۋاتامسىز، ئۇ قانداق كۆرۈنسە خۇددى شۇنداق. پۈتۈن ئالەم ماڭا ئاجايىپ بوياقلار بىلەن سىزىلغان مەنزىرىدەك كۆرۈنەتتى. سۆزۈمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

— بۇنداق بولسا ياخشىغۇ، دارىيە دىمىترىيېۋنا...

— ئالدىرىماڭ، ئەمدى مەن بولسام خۇددى شۇ مەنزىرىگە، قاراڭغۇلۇقتا، دىمىقتىلىقتا چوكۇپ كەتكەندەك بولىمەن... قارىسا — تۈپ-تۈزۈك ئادەم، ھەتتا ناھايىتى ياخشى ئادەم، ئەمما شۇ ئادەم گۇنا قىلىدۇ، قىلغاندىمۇ قاتتىق گۇنا قىلىدۇ. سىز بۇ گۇنانى ئاشخانىدىن مانتا ئوغرىلاش دەپ ئويلىماڭ، بۇ گۇنا ھەقىقى گۇنا: يالغان گەپ قىلىش، — داشا تەتۈر قارىدى، ئۇنىڭ ئىڭىكى تىترىدى، — بۇ ئادەم — باشقا كىشىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان. ئېرى بار جۇگان. دىمەك، شۇنداق قىلىش دۇرۇسمۇ؟ مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، ئىۋان ئىلئىچ.

— ياق، ياق، دۇرۇس ئەمەس.

— نىمىشقا؟

— بۇنى سىزگە ھازىر ئېيتالمايمەن، ئەمما دۇرۇس ئەمەسلىگىنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن.

مەنمۇ شۇنداق دەپ قارايمەن. سائەت ئىككىدىن بۇيان يۈرىگىم قىسىلىپ، بىكار مېڭىپ يۈرۈپتىمەن. ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپلىق، ماڭا بولسا بۇ ئويلەرنىڭ ھەممىسىدە، دەرىزە پەردىلىرىنى يېپىپ، ئىچى قارا ئادەملەر ئولتۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن شۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇرمەن-دە، چۈشىنىۋاتامسىز؟

— ياق، چۈشىنەلمىدىم، — چاپسان جاۋاپ بەردى ئىۋان ئىلئىچ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

— شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمەن. ئاھ، يۈرەكلىرىم قىسىلىپ كەتتى. دېمەك مەن تېخىچە كىچىك بالا ئىكەنمەن. بۇ شەھەر كىچىك قىزلارغا ئەمەس، چوڭلار ئۈچۈن سېلىنغان شەھەر ئىكەن.

داشا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ، ئاغزىدىن تۈتۈن چىقىرىپ تۇرغان خوتۇننىڭ كۆك رەڭدە رەسىمى سىلىنغان بوش تاماكا قۇتىسىنى ئىگىز ئۆكچىلىك ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى بىلەن ئىلگىرى-كېيىن ئىتتىرىپ تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ داشانىڭ ئۆتۈكىگە تىكىلىپ، داشانى خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، تۇمان ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇ داشانى تۇتۇپ قېلىشنى خالايتتى، ئەمما بۇنىڭغا قانداق كۈچ كېرەك؟ بۇنداق كۈچ بار، بۇ كۈچنىڭ ئۆز يۈرىكىنى قىسىۋاتقىنىنى، تامىقىدىن بوغۇۋاتقىنىنى سېزەتتى. ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن ھېسلىرى داشا ئۈچۈن تامدىكى كولەڭگىدىن پەرقسىز ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىۋان "مېھرىۋان، مۇلايىم ئىۋان ئىلىئىچ" لا ئىدى.

— خوش ئەمدى، رەھمەت، ئىۋان ئىلىئىچ. سىز ناھايىتى مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل ئىكەنسىز. كۆڭلۈم بەك خوشال بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، سىزدىن چەكسىز مىننەتدارمەن. مېنىڭ گەپلىرىمگە چۈشەندىڭىز-ھە، توغرىمۇ؟ دۇنيادا شۇنداق ئىشلار بولىدىكەن. ئەس-ھوشلۇق بولۇش كېرەك ئىكەن، باشقا ئىلاج يوق. چولىڭىز تەككەن چاغلاردا كېلىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ۋە كۈلۈمسىرىدى، ئىۋان ئىلىئىچ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى-دە، ئىشىكتىن كىرىپ، قاراڭغۇدا غايىپ بولدى.

# 6

داشا ئۇيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى-دە، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى: ئۇيدىن يېڭى گۈل پۇرىقى كېلەتتى؛ شۇ زامان پەدەز ئۈستىلدە ئىگىز تۇتقۇچىغا كوك چىلەك باغلانغان بىر سېۋەت تۇرغانلىقىنى كوردى، دەررۇ يۈگۈرۈپ باردى-دە، سېۋەتنىڭ ئىچىگە قارىدى. سېۋەتتە پارما بىنەپشە گۈلى بولۇپ، ئازراق ئېزىلگەن ۋە تېخى نەم ئىدى.

داشا ھاياجانلاندى. ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمدى بىلدىكى، ئەنە شۇ ئارزۇ قىلغىنى شۇ بىنەپشە گۈلى ئىكەن. ئەمما كىم ئېلىپ كەلدىكىن بۇنى؟ ئۇنىڭ توغرىسىدا ئويلىغان ۋە ھەتتا قىزنىڭ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ئارزۇسىنى تاپقان كىشى كىم ئىكەن؟ لېكىن، مانا بۇ چىلەكنى جايىغا باغلانماپتۇ. داشا ئۇنى يېشىۋېتىپ، ئويلايتتى.

”تىنچسىز بولسامۇ، ياخشى قىزمەن. سىلەر ئۆز بىلگىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، مەن ئۆز يولۇم بىلەن كېتىۋېرىمەن. بەلكى، نەزىرى يۇقۇرى بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئويلارسىلەر؟ شۇنداقتىمۇ مېنىڭ قەدرىمگە يېتىدىغان ئادەملەرمۇ تېپىلىپ قالار“.

چىلەك ئىچىدىن قېلىن قەغەزگە يېزىلغان خەت چىقتى، خەتتە ناتونۇش بىر كىشىنىڭ قولى بىلەن: ”مۇھەببەتنى قەدىرلەڭ“ دېگەن سوز يېزىلغان. خەتنىڭ كەينىدە: ”نىتستسا گۈلخانىسى“

www.uyghurkitap.com

دىيىلگەن. دېمەك، ”مۇھەببەتنى قەدىرلەڭ“ دېگەن خەتنى گۈل ساتىدىغان ماگىزىننىڭ ئۆزىدە كىمدۇر بىرى يازغان ئىكەن-دە.

داشا سۆەتنى كوتىرىپ، دالانغا چىقتى-دە:

— موغول، ماڭا بۇ گۈلنى كىم ئەپكەلدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلۇغ موغول سۆەتكە قاراپ، پاك كوڭۈللۈك بىلەن بىر تىندى — بۇنداق ئىشلارغا ئۇنىڭ ئالاقىسى يوق ئىدى.

— بىر بالا ماگىزىندىن يېكاتېرىنا دمىترىيېۋناغا ئەپكەپتىكەن. ئاغىچام سىزنىڭكىگە ئەپكىرىپ قوي دىدى.

— كىمدىن ئىكەن، ئېيتمىدىمۇ؟

— ھېچ نەرسە دىمىدى، پەقەت ئاغىچامغا بېرىپ قويۇڭ دەپلا كەتتى.

داشا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ، دەرىزە يېنىغا كېلىپ تۇردى. دەرىزە ئەينىگىدىن، توغرىدىكى ئىگىز ئۆينىڭ خىش تېمى كەينىدىن قۇياشنىڭ پېتىشى كورۈنەتتى؛ پۈتۈن ئاسماننى قاپلىغان قۇياش نۇرلىرى كوكىرىپ، ئوچۇپ باراتتى. كوپ-كوك بوشلۇقتا يۇلتۇز پەيدا بولۇپ، خۇددى تازا قىلىپ يۇيۇلغاندەك، يالت-يالت قىلىپ تاۋلىنىشقا باشلىدى. پەستە تار ۋە تۇمانلىشىپ قالغان كوچىدا خىرە ئېلېكتىر چىراقلىرى ياندى. يېقىن يەردىن ئاپتوموبىل دۇدۇتلەپ ئوتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كوچا بويلاپ ئاخشام قاراڭغۇسىدا شۇڭغۇپ كەتكىنى ئېنىق كورۈنۈپ تۇراتتى.

ئوينىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. بىنەپشە گۈلنىڭ يېقىملىق پۇرىغى بۇرۇنغا ئۇرۇلدۇ. بۇ گۈلنى كاتەنى گۇناكار قىلغان كىشى ئەۋەتكەن، بۇ ئېنىق. داشا ئۆزىنى ئومۇچۇك ئۇۋىسىغا ئوخشىغان ناھايىتى نازۇك ۋە مەپتۇن قىلارلىق ئالىلىغاندىق قىلتاققا چۈشۈپ،

تۇتۇلۇپ قالغان چۈشىنىغا ئوخشىتىپ ئويلايتتى. بۇ "ئاللىقاناداق قىلتاق" — خۇش پۇراق بىنەپشە گۈللىرى، "مۇھەببەتنى قەدىرلەڭ" دىگەن ھاياجانلاندۇرغۇچى ۋە ساختا سوزلىرى، ھىلقى باھار ئاخشىمىنىڭ سېھرىدىن سېزىلىپ تۇراتتى.

بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىگى چاپسان-چاپسان ۋە كۈچلۈك ئۇرۇشقا باشلىدى. داشا ئۆزىنى خۇددى رۇخسەت قىلىنمىغان سىرلىق ۋە ناھايىتى لەززەتلىك بىر نەرسىنى كورۇۋاتقاندەك، قۇلىغى بىلەن ئاڭلاپ، قولى بىلەن تۇتۇپ كورۇۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇ بىردىنلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى رۇخسەت بەردى، ئەرك بەردى. شۇ ۋاقىتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۇ تەرەپكە ئوتۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. قەتئىيلىك، مۇزدىن ياسالغان تامدەك ۋە ئاق شىلەپە كىيگەن ئىككى خانىم چۈشكەن ئاپتوموبىل كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە كېتىپ كوردىن ئوچكەندەك، ئېرىپ يوق بولۇپ كەتتى.

پەقەت ئۇنىڭ يۈرىگى گۈپۈلدەپ ئۇراتتى، بېشى بىرئاز ئايلىناتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شوخ كەيپىتە، ئۆزىدىن ئۆزى: "مەن ياشايمەن، سويىمەن. خوشاللىق، ھايات، پۈتۈن ئالەم — ھەممىسى مېنىڭكى، مېنىڭكى، مېنىڭكى!" دەپ كۈيلەيتتى.

— ماڭا قاراڭ، ياخشى قىز، — دىدى داشا كوزىنى ئېچىپ، ئۆزىگە ئۆزى، — سىز تېخى چىن قىزسىز، دوستۇم. لېكىن خۇلقىڭىز تەرسا...

داشا ئۇينىڭ نېرىقى بۇرجىكىگە بېرىپ، يۇمشاق، چوڭ كىرىسلوغا ئولتۇردى، شاكىلات ئورالغان قەغەزنى ئالدىرىماي يىرتىپ، كېيىن ئىككى ھەپتە ئىچىدە بولۇپ ئوتكەن ۋەقەلەرنى بىر-بىردىن يادىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

ئۆيدە هېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى يوق، نىكولاي ئىۋانوۋىچقا كاتە ئاۋالقىدىنمۇ مۇلايىمراق بولۇپ قالغان. نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ۋاقتى خۇش، فىنلاندىيىگە باغ سالماقچى، بۇ ئىككى قارغۇ كىشىنىڭ "پاجىە"سىنى يالغۇز داشالا سېزىدۇ. هەدىسىگە گەپنى ئاۋال قىلىشقا ئۇ تېخى پېتىنالمايتتى، داشانىڭ كۆڭلىدىكىنى دائىم بىلىپ يۈرىدىغان كاتە بولسا، بۇ قېتىم هېچ نەرسىنى سەزمەگەندەك ئىدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۆزى ۋە داشا ئۈچۈن پاسخا بايرىمىغا ئاتاپ ئەتىيازلىق يېڭى كىيىم-كېچەك بۇيرۇتۇش بىلەن ئاۋارە، تىككۈچى ۋە ئۈنچە-مارجان دۇكانلىرىدا تۇرۇپ كېتەتتى، خەيرى-ئېھسان بازىرىغا قاتنىشاتتى، نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئەدەبىيات كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چۈشكەن پۇلنى يوشۇرۇن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سول كومىتېتى، يەنى بولشېۋىكلارغا بېرەتتى، سەيشەنبە كۈنلىرىدىن تاشقىرى، جۈمە كۈنلىرىمۇ مېھمان چاقىراتتى، قىسقىسى ئۇنىڭ بىر مىنۇتمۇ بوش ۋاقتى يوق ئىدى.

"سىز بولسىڭىز شۇ ۋاقىتتا قورققاقلىق قىلاتتىڭىز، بىرەر نەرسە قىلىش قارارىغا كېلەلمەيتتىڭىز، ئۆزىڭىز چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلاپ باش قاتۇراتتىڭىز، ئەمما بۇ نەرسىلەرنى بۇرنىڭىزغا سۇ كىرگەندىن كېيىن چۈشىنىۋالىسىز" دەپ ئويلىدى داشا ۋە ئاستاغىنا كۈلدى. كېيىنكى كۈنلەردە پات-پاتلا بولۇپ تۇرغىنىدەك، مولدۇر دانىلىرى چۈشۈپ پاتقان ۋە هېچقانداق ياخشى نەرسىنى كۈتۈپ بولمايدىغان قاپ-قارا كولدىن بېسسونوۋنىڭ ئۆتكۈر ۋە ئاچچىق چىقىپ ئوبرازى گەۋدىلەندى، داشا

رۇخسەت قىلدى، بېسسونوۋ ئۇنىڭ پىكرىنى ئىگـىلىدى. داشا جـىم بولۇپ قالدى. قاراڭغۇ ئۆيدە سائەت چىكىلداپ تۇراتتى.

خېلىدىن كېيىن ئۆيـنىڭ كوچا تەرەپتـكى ئىشـكى تاق قىلىپ يېپىلدى، كېيىن ھەدىسىنىڭ:

ــ قاچان قايتتى؟ ــ دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

داشا كىرىسلودىن تۇرۇپ، دالانغا چىقتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا دەررۇ:

ــ نىمىشقا يۈزۈڭ قىزىرىپ كەتتى؟ ــ دەپ سورىدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ دىراپ پەلتوسـىنى يېشىۋېتىپ، ئاشقـنىڭ سەھنە سوزىدىكى چاخچاقلاردىن بىرىنى ئېيتتى. داشا ئۇنىڭ يۇمشاق ۋە قېلىن لەۋلىرىگە نەپرەت بىلەن بىر قارىدى ـ دە، كاتەنىڭ كەيـ نىدىن ئۇنىڭ ياتىغىغا كىرىپ كەتتى. كاتەنىڭ بولمىسـدىكى ھەممە جاھازلارغا ئوخشاشلا ناھايىتى نازۇك ۋە چىرايلىق پەدەز ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ، ھەدىسىنىڭ سەيلە قىلىپ يۈرگەندە ئۇچراتقان تونۇش ـ بىلىشلىرى توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سوزلەپ تۇرۇپ، پەلەي، تور، يۈز روملى، تور پەردە، شايى كەشلىرـنى ــ ئەتىر پۇرىغى كېلىپ تۇرغان ھەممە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلىرىنى ئەينەكلىك ئىشـكاپتا جاي ـ جايىغا قويۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. "كېرېنسـكى يەنە دەۋادا ئۇتـتۇرۇپتۇ. ئەمدى بىر تىيىنسىز ئولـتۇرغانمـش: خوتۇنـىنى كوردۇم، نالەـ پەريات قىپ كەتتى، تۇرمۇشى ئېغىرمىش. تىمىرەزېۋلارنىڭ ئۆيىدە قىزىل ئاغرىغى بار. شېيىنبېرگ يەنە ئۆزىنىڭ شاللاق خوتۇنى بىلەن ئەپ بولۇپ قاپتۇ. باھار ـ ھە، باھارنى قارىغىنا! ھاۋانىڭ ياخشىلىـ غىنى ئېيتماسەن! ئادەملەر خۇددى مەستەك، كوچـدا لەلەڭـشىپ

www.uyghurkitap.com

يۇرۇپتۇ. ھە، ئىيتقاندەك، ئاكۇنددننى ئۇچراتتىم، يېقىن كۈنلەردە بىزدە ئەلۋەتتە ئىنقىلاپ بولىدۇ، دەيدۇ. زاۋۇتلاردا، يېزىلاردا قوزغىلاڭ بولۇۋاتقانىمىش. قېنى ئەمدى، چاپسانىراق بولۇپ قالسا! نىكولاي ئىۋانوۋىچ خوشال بولىغىنىدىن مېنى پىۋاتو قاۋاقخانىسىغا ئېلىپ باردى، بولىدىغان ئىنقىلاپ شەرىپىگە بىر بوتۇلكا شامپان ھارىغى ئىچتۇق".

داشا كىچىككىنە ئەتىر بوتۇلكىلىرىدىن بىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يەنە يېپىپ، ھەدىسىنىڭ گېپىنى ئۈنچىقماي تىڭشاپ ئولتۇراتتى:

— كاتە، دىدى ئۇ، بىردىنلا، — مەن شۇ يۇرۇش-تۇرۇشۇم بىلەن ھېچكىمگە كېرەكلىكىم يوق، — قولىنى يېپەك پايپاقتا تېقىپ تۇرغان يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سىلىقلىسىغا تىكىلىپ قاردى، — ئەڭ مۇھىمى شۇكى، شۇ تۇرۇشۇم بىلەن مەن ئۆزەمگىمۇ كېرەك ئەمەسمەن. بىراۋلىرى سەۋزە يەپ، ئەمدى مەن ھەممىدىن يۇقۇرى تۇرىمەن دەپ ئويلىغاندەك، مەنمۇ ئۆزەمنى شۇنداق سىزىمەن.

— گېپىڭگە چۈشەنمىدىم، — دىدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا.

داشا ھەدىسىنىڭ يەلكىسىگە قاراپ، ئېغىر ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

— ھەممە ئادەم يامان، ھەممىنى قارىلايمەن. بىرى — ئەخمەق، بىرى — يارىماس، باشقىسى ئىپلاس. بىرلا مەن ياخشى. مەن بۇ يەردە يات. مانا شۇنىسى مېنى ناھايىتى قىينايدۇ. سىنىمۇ ئەيىپلەيمەن، كاتە.

— نىمىشقا؟ — سىلىقلىسىغا قارىماستىن، ئاستاغىنا سورىدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا.

— ياق، ئۆزەڭ بىر ئويلاپ كورگىن. مۇشۇنداق غادىيىپ يۇرۇۋېرىمەنمۇ؟ مېنىڭ بار-يوق پەزىلىتىم شۇ، ياق، بۇ بىر تەنتەكلىك.

سلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ئارىسىدا يات بولۇپ يۈرۈشۈم جېنىمغا تەگدى. قىسقىسى، سەن بىلمەيسەن، ماڭا بىر ئادەم ناھايىتى ۋە ناھايىتىمۇ يېقىپ قالدى...

داشا بۇ گەپلەرنى بېشىنى توۋەن ئېگىپ تۇرۇپ قىلدى؛ بوتۇلكىغا تىققان بارمىغىنى ئەمدى چىقىرالماي ئولتۇراتتى.

— ناھايىتى ياخشى، ياققان بولسا، ياخشى قىز، ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ. بەختلىك بول، سەن بەختلىك بولماي كىم بولاتتى؟ — يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا يېنىك تىن ئالدى.

— بىلمەسەن، كاتە، بۇ ئاددى بىر نەرسە ئەمەس ئىكەن. مېنىڭچە، مەن ئۇنى ياخشى كورمىسەم كېرەك.

— ئەگەر ياققان بولسا — كېيىن ياخشى كورۇپمۇ قالىسەن.

— ماڭا ئۇ ياقمايدۇ، ھەممە گەپ شۇنىڭدا — دە.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئىشكاپنى ياپتى — دە، داشانىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھازىرلا ئوزەڭ ياقىدۇ دېدىڭغۇ... گېپىڭنى قارىغىن...

— كاتيۇشا، گەپنى ئايلاندۇرمىغىن، سېستروريتسكدىكى ھىلىقى ئىنگلىز يادىڭدىمۇ؟ ئەنە شۇ ئادەم ماڭا ياققان ئىدى، ھەتتا مەن ئۇنى ياخشىمۇ كورەتتىم. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا مەن ئوزەم بىلەن ئوزەم ئىدىم... ئوزەمدىن — ئوزەم غەزەپلىنەتتىم، ھەممىدىن يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتىم، كېچىلىرى يىغلاپ چىقاتتىم. بۇ بولسا... راستىنى شۇمىكىن — ئوزەممۇ بىلمەيمەن. ياق، شۇ، ئەنە شۇنىڭ ئوزى... مەنىمۇ ئوزگەردىم ئەمدى... خۇددى قانداقتۇر ئىسرىق پۈرىغىنى يوتقاندەكمەن... ئۇ ھازىر ئالدىمغا كېلىپ قالسا — قىمىر قىلمايتتىم. نىمە قىلساڭ قىل دەيتتىم...

www.uyghurkitap.com

ــ داشا، نىمە دەۋاتىسەن؟

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سىگلىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، قىزىغان قولىنى تۇتتى، ئالقىنىغا سۈيدى، بىراق داشا قولىنى ئاستا چىقىرىۋالدى-دە، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى، قولىنى بېشىغا تىرەپ، كوپ-كوك تۇس ئالغان دەرىزىگە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى.

ــ داشا، ئۇنىڭ ئوزى كىم؟

ــ ئالېكسى ئالېكسېيېۋىچ بېسسونوۋ.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بۇ سوزنى ئاڭلاپ دەررۇ باشقا ئورۇنغا ئوتۇپ ئولتۇردى، قولىنى تامغىغا قويغىنىچە، قىمىرلىماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزىگە كولەڭگە چۈشۈپ تۇرغىنىدىن داشاغا كورۇنمەيتتى، ئەمما داشا ناھايىتى دەھشەتلىك گەپ ئېيتقىنىنى ئوزى سېزەتتى.

"ئەجەپ بوپتۇ!" دېدى ئۇ كوڭلىدە، ئەتۇر قاراپ؛ ئۇ شۇ "ئەجەپ بوپتۇ"دىن كېيىن خېلى يېنىكلەشتى.

ــ نىمىشقا باشقىلار قىلالايدىكەنۇ، مەن قىلالمايدىكەنمەن، ئېيتقىنا ماڭا؟ دۇنيادا ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە لەززەت① بارلىقىنى ئىككى يىلدىن بۇيان ئاڭلايمەنۇ، پۈتۈن ئومرۇمدە مۇزلۇقتا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىر مەرتىۋە سويۇشۇپتىمەن، خالاس.

داشا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، جىم بولۇپ قالدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئەمدى ئىككى مۈكچىيىپ، ئىككى قولىنى تىزلىرىنىڭ

---

① "ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە" توغرىسىدىكى ھىكايە ھەققىدە «ئىنجىل»دىكى «ۋەھىينامە»نىڭ ئون ئۈچىنچى بابىغا قارالسۇن، بۇ يەردە "سانسىز" دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئوتتۇرىسىغا قويۇپ ئولتۇراتتى.

— بىسسونوۋ ناھايىتى يامان ئادەم، — دېدى ئۇ، — ئۇ دەھشەتلىك ئادەم، داشېنكا①، ئاڭلاۋاتامسەن؟

— ھە.

— پۈتۈن ۋۇجۇدىڭنى سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ.

— ئەمدى نىمىمۇ قىلالايتتىم...؟

— مەن بۇنداق بولۇشىنى خالىمايمەن. ياخشىسى باشقا كىشى بولسۇن... سەن ئەمەس، جېنىم، ھېچ سەن ئەمەس.

— گۇنا ئارتاي دېسەڭ، بانا تېپىلىدۇ. بىسسونوۋنىڭ نىمىسى يامان، ئېيتقىنا؟ — دېدى داشا.

— ئېيتالمايمەن... بىلمەيمەن... ئەمما شۇ ئادەمنى ئويلىسام، مېنى تىترەك باسىدۇ.

— بىلىشىمچە، ئۇ ساڭىمۇ ياققان ئىدىغۇ دەيمەن؟

— ياق!... ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن... ئۇنىڭدىن سېنى خۇدا ساقلىسۇن!

— مانا، كوردۇڭمۇ، كاتيۇشا... ئەمدى ئۇنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈشۈم چوقۇم.

— نىمىلەرنى دەۋاتىسەن؟... ھەر ئىككىمىز ئەقىلدىن ئازغانمىز...

ئەمما بۇ سوزلەر داشانىڭ كوڭلىگە ناھايىتى ياقاتتى، خۇددى تاختاينىڭ قىرىدا ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈرگەندەك بولاتتى. كاتەنىڭ ھاياجانلىنىشىمۇ ئۇنىڭغا ياقاتتى. بىسسونوۋ ئەمدى ئۇنىڭ يادىدىنمۇ چىققان ئىدى، ئەمما ئۇ ئوزىنىڭ بىسسونوۋغا بولغان

① دارىيەنىڭ يەنە بىر ئەركىلەتمە ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

هسلرىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىرىنى، ئۇنىڭ قىيايىتىنى ئەتەيلەپ تەسۋىرلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئەتەيلەپ ئاشۇرۇپ، گەپ قىلاتتى. بۇنىڭدىن چىقىدىغان مەنە شۇ ئىدىكى، ئۇ كېچىسى ئۇخلىماي، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا، بېسسونوۋنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىشقا تەييار ئىدى. ئاخىر، ئۆزىنىڭمۇ كۆلكىسى قىستاپ، كاتەنىڭ يەلكىلىرىدىن قۇچاقلىغۇسى، ھەممە يېقىدىن سۆيگۈسى ۋە ناھايىتى تەنتەك ئىكەنسەن، كاتيۇشا، دىگۈسى كېلەتتى. ئەمما يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا تۇيۇقسىز ئورۇندۇقتىن گىلەمگە سىرىلىپ چۈشتى ـ دە، داشانىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، يۈزىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى سەسكىنىپ، تىترەپ، دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن:

ــ كەچۈرگىن، كەچۈرگىن مېنى... داشا، كەچۈرگىن مېنى! ــ دەپ ۋاقىرىدى.

داشا قورقۇپ كەتتى. ھەدىسىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ، قورققىنىدىن ۋە رەھمى كەلگىنىدىن، ئۆزىمۇ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى؛ ئۇ ھەدىسىدىن: "نىمە دەۋاتىسەن، نىمىنى كەچۈرەي؟" دەپ سوراپتتى. ئەمما يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا چىشىنى چىشىغا قويۇپ، سىڭلىسىنى ئەركىلىتىپ، قوللىرىدىن سۆيەتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئىگىچە ـ سىڭىللىغا قاراپ:

ــ خوش، بۇ كوز ياشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىزمۇ بىلسەك بولامدىكىن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ كوز ياشلىرىنىڭ سەۋەبى مېنىڭ كەيپىمىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدە، ــ دىدى دەررۇ داشا. ــ خاتىرجەم بولغىن، خوتۇنۇڭنىڭ چىمەلتىگىگە ئەرزىمەسلىگىمنى ئۆزەممۇ بىلىمەن.

تاماق يېيىلىپ، كوفى كەلتۈرۈلگەندە مېھمانلار كەلدى. نىكولاي
ئىۋانوۋىچ ئۆيدىكىلەرنىڭ كەيپى باشقىچە تۇرۇۋاتقاندا، مېھمانلارنى
قاۋاقخانىغا بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. كۆلچېك ماشىنا بېكىتىگە تېلېفون
بېرىشكە باشلىدى، كاتيۇشا بىلەن داشانى كىيىنىپ چىقىشقا كىرگۈ-
زۈۋېتىشتى. چىرۋا كەلدى، قاۋاقخانىغا بارماقچى بولۇۋاتقانلىغىنى
ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىردىن ئاچچىغى كەلدى:
—بۇنداق دائىم مەيخورلۇق قىلىشنىڭ زىيىنى كىمگە تېگىدۇ؟
رۇس ئەدىبىياتىغا تېگىدۇ!—ئەمما ئۇنىمۇ باشقىلار بىلەن ئاپتوموبىلغا
ئولتۇرغۇزۇپ، ئېلىپ كېتىشتى.
"شىمالىي پالمىرا"دا ئادەم كوپ بولۇپ، ۋاڭ-چۇڭ كوتىرىلگەن
ئىدى. يوغان يەر ئاستى زالىنى بىللۇر شامدانلارغا قادالغان شاملار
كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. شامدانلار، پارتېردىن كوتىرىلىۋات-
قان تاماكا ئىسلىرى، زىچ قويۇلغان ئۇستەللەر، توي كىيىمى كىيگەن
ئەرلەر، يەلكىلىرى ئوچۇق ئاياللار، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا ۋە قۇلاق-
لىرىدا سىلكىنىپ تۇرغان بېغىررەڭ، كوك، ياقۇت رەڭلەر بىلەن
تاۋلىنىدىغان قىممەت باھا گوھەرلەر، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چېپىپ-
يۈگۈرۈپ يۈرگەن كۈتكۈچىلەر، قولىنى ئاسمانغا كوتەرگەن يۈزى قانسىز
كىشى ۋە ئۇنىڭ دۇخاۋا پەردە ئالدىدا ھاۋانى كەسكۈچى سېھرىلىك
چىۋىغى، يالتىرىغان ئوركېستىر مۇزىكىلىرى—بۇلارنىڭ ھەممىسى
تاملاردىكى قاتار تاش ئەينەكلەردە ئەكس ئېتىپ، خۇددى پۈتۈن
ئىنسانىيەت، پۈتۈن ئالەم شۇ يەرگە كوچۈپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى.
داشا نەيچە ئارقىلىق شامپان ھارىغىنى شوراپ تۇرۇپ ئەتراپ-
تىكى ئۇستەللەردىكى ئادەملەرنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەنە،
تەرلەپ كەتكەن شامپان چېلىكى بىلەن دېڭىز قىسقۇچ پاقىسى شاكى-

لىنىڭ ئالدىدا ساقال-بۇرۇتى قىرىلغان، يۇزىگە ئۇپا سەپىكەن بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كوزلىرى يېرىم يۇمۇق، ئاغزى بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك قىسىلغان، ئۇ: بېرىپ-بېرىپ ئېلېكتىرمۇ ئۇچىدۇ، ئادەملەرمۇ ئاخىر ئولۇپ كېتىدۇ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، خوشاللىق ۋە كەيىپ-ساپانىڭ نېمە كېرىكى بار، دەپ ئويلاپ ئولتۇرسا كېرەك.

ئەنە، پەردىمۇ قىمىرلاپ، ئىككى تەرەپكە ئېچىلدى. سەھنىگە يۇزىنى پاجىەلىك ۋە دەھشەتلىك قورۇق باسقان كىچىككىنە بىر ياپون چىقىپ، ئالا-بۇلا پوكزەك، تەخسە، بىرنەچچە مەشئەلنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئويۇن كورستىشكە باشلىدى. داشا:

"نىمشقا كاتە ماڭا: 'كەچۇرگىن'، 'كەچۇرگىن'، دەيدىكىن-ھە!" دەپ ئويلىدى.

بىردىن ئۇنىڭ مېڭىسىنى تومۇر چەمبەر بىلەن قاتتىق قىسقاندەك بولدى، يۇرىكى ئۇرۇشتىن توختىدى. "قانداق بولغىنى؟" بىراق ئۇ بېشىنى سىلكىپ، ئېغىر تىن ئالدى، ھەتتا ئوزىنى "قانداق بولغىنى"نى ئويلاشقىمۇ قويماستىن ھەدىسىگە قارىدى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇستەلنىڭ نېرىقى بېشىدا ئولتۇراتتى، ئۇ شۇنچىلىك ھارغىن، غەمكىن ۋە گۇزەل كورۇنەتتىكى، ئۇنى كوروپ، داشانىڭ كوزى ياشقا تولدى. داشا بارمىقىنى كالپۇكىغا قويدى-دە، ئاستاغىنا پۇلىدى. بۇ، پەقەت ئىككىسىگىلا مەلۇم بولغان بىر بەلگە ئىدى. كاتە كوردى، چۇشەندى ۋە سىڭلىسىغا ئاستا ۋە ئۇزاق كۇلۇمسىرىدى.

كېچىسى سائەت ئىككىلەر بولغاندا، "قاياققا بارىمىز؟" دىگەن مەسىلە ئۇستىدە گەپ باشلاندى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئويگە

كېتىشكە رۇخسەت سورىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ: "كوپچىلىك قاياققا دېسە، مەنمۇ شۇ ياققا" دېدى. كوپچىلىك يەنە باشقا جايغا بېرىشقا قارار قىلدى.

شۇ چاغدا داشا ئازىيىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بېسسونوۋنى كورۇپ قالدى. بېسسونوۋ ئۇستەلگە جەينەكلەپ ئولتۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا نىمىدۇر بىر نەرسە دەپ سوزلەۋاتقان ئاكۇندىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئاكۇندىن يېرىم چاينالغان تاماكىسنى چىشلە-گىنى هالدا، داستىخاننى تىرنىغى بىلەن جىجاپ تۇرۇپ جىددى سوزلەۋاتاتتى. بېسسونوۋ ئۇستىدە هاۋانى كېسىپ يۇرگەن ئەنە شۇ تىرناققا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۇزى خىيالچان، نۇرسىز كورۇنەتتى، ۋاڭ-چۇڭ ئىچىدىن داشاغا: "ئاخىرەت، ئاخىرەت كەل-دى" دېگەندەك ئاڭلاندى، بىراق شۇ زامان تاتار كۇتكۇچىنىڭ كەڭ يەلكىسى ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسىنى توسۇۋالدى. كاتە بىلەن نىكو-لاي ئىۋانوۋىچ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، داشانى چاقىرىشتى. داشا يۇرىگى قانىماي، هاياجان ئىچىدە قالدى، ئەمما ماڭماي بولمايتتى.

كوچىغا چىققاندا، سوغاق شامال ئېلىپ كەلگەن يېقىملىق خۇش پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى. قارامتۇل-كوك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىر-لايتتى. داشانىڭ كەينىدىن كىمدۇر بىرسى كۇلكە ئارىلاش: "ئاجايىپ ياخشى كېچە ئىكەن-دە!" دەپ قويدى. ئادەم ئوتىدىغان يول يېنىغا ئاپتوموبىل كېلىپ توختىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن كوپ-كوك بېنزىن ئىسىنىڭ ئىچىدىن كىيىم-كېچىكى يىرتىق بىر كىشى شۇڭغۇپ چىقتى-دە، بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ، ئويناقلاپ تۇرۇپ، داشاغا ئاپتوموبىل ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. داشا ئاپتوموبىلغا چۇشۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا قارىدى—ئۇ كىشى ناهايىتى ئورۇق، ساقاللىرى ئوسۇپ كەتكەن،

www.uyghurkitap.com

ئاغزى كەمشۈك بولۇپ، يەلكىلىرىنى قىسقان هالدا تىترەيتتى.

—هوزۇر ۋە ئىشرەت ئىبادەتخانىسىدا ئۆتكۈزگەن خەيرلىك كېچەڭلەر قۇتلۇق بولسۇن!—خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن دىدى بايىقى ئادەم ۋە كىمدۇر بىرى تاشلىغان يىگىرمە تىيىننى يەرگە چۈشۈرۈۋەتمەستىن تۇتۇۋالدى، كېيىن يىرتىق شەپكىسىنى كوتىرىپ، تەشەككۇر بىلدۇردى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر، نەپرەت تولغان قارا كوزلىرى خۇددى داشانىڭ تېنىنى تاتىلىغاندەك بولدى.

ئۇلار ئويلىرىگە كەچ قايتىشتى. داشا يوتقانغا كىرىپ، يۈزىنى تورۇسقا قارىتىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇخلىيالمىدى، بەلكى پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى قېتىپ كەتكەندەك، ئۆزىنى بىلمەي ياتاتتى،—ئۇ شۇ دەرىجىدە هارغان ئىدى.

ئۇ بىردىنلا تووۋلۇەتتى-دە، هەدىسىدىن يوتقاننى ئېچىپ تاشلاپ، كارۋاتقا ئولتۇرۇپ كوزىنى ئاچتى. دەرىزىدىن گۈللۈك پارچە تاختايلارغا ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى..."ۋاي ئالللىيەي، قانداق دەهشەتلىك هادىسە بولدى، تېخى هازىرلا-هە؟!" ئۇ شۇنچىلىك قورقۇپ كەتكەن ئىدىكى، هەتتا ئۆزىنى يىغىدىن ئاران تۇتۇۋالدى، ئۇ ئۆزىنى بېسۋالغاندىن كېيىن قارىسا، هەممىسىنى ئۇنتۇغان. پەقەت قانداقتۇر مۇدهىش چۈشتىن كوكسىدە ئاغرىق قالغان ئىدى.

ناشتىدىن كېيىن، داشا كۇرسقا بېرىپ، ئىمتىهان بېرىشكە يېزىلدى. كېيىن ماگىزىنىدىن بىرقانچە كىتاپ ئېلىپ، چۈشلۈك تاماقىچە قالغان ۋاقىتنى هەقىقەتەنمۇ قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. بىراق كەچقۇرۇنلۇغى يەنە يىپەك پايپاقلارنى كىيىشكە (ئەتىگەنلىگى پەقەت يىپ پايپاق كىيىشكىلا قارار قىلىنغان ئىدى)، قول ۋە يەلكىلىرىگە ئۇپا سېپىشكە، چاچلىرىنى قايتىدىن تاراپ چىقىشقا

توغرا كەلـدى، ”ئۇنىڭـدىن كورە يەلـكىگە مۇشـت يـگەن ياخشى ئەمەسمۇ! ھەممەيلەن: چاچلىرىڭنى مودىغا مۇۋاپىق تارىغىن دەيدۇ. چاچلىرىڭ ھە دەپ چۇگۇلۇپ كېتىۋەرسە، قانـداق تارىيالايسەن!“ قىسقىسى، چاچ تاراش ئاۋارىچىـلىق ئىدى. يېقىنـدا تىكلىگەن كوك كويىنگىنىڭ پېشىدە بولسا شامپان ھارىغىـنىڭ دېغى قاپتۇ.

بۇ كويـنىگىگە، ئوزـىنىڭ بىكارغا ئوتۇپ كېتىۋاتـقان ئومـرىگە داشا شۇ دەرىجىـدە ئوكۇنـدىكى، كوينـگىـنى قولـدا تۇتـقىنىچە ئولتۇرۇپ يىغلـدى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئىشكـتىن كىرىشى بىلەن كوينەكچان يىغلاپ ئولتۇرغان داشانى كورۇپ، خوتۇنىنى چاقىردى. كاتە يۈگـۈرۈپ كەلدى، كوينەكنى قولىغا ئېلىپ، ”ھە، ھىچ نەرسە ئەمەس ئىكەن، دېغى كېتىدۇ“ دىدى ـ دە، ئۇلۇغ موغولنى چاقىردى، ئۇلۇغ موغول بېنزىن بىلەن ئىسسىق سۇ ئېلىپ كەلـدى.

كوينەك تازىلاندى. داشانى كيىندۈرۈشتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ دالاندا تۇرۇپ ئاچچىقلىناتـتى: ”ھاي جاناپـلار، دەسلەپكى ئويۇن قويۇشقا كېتىپ بارىمىز ئاخىر، كىچىكىپ بېرىش يارىمايدۇ“ دەيتتى. تىياتىرغا ئەلۋەتـتە كېچىكىپ باردى.

داشا ئالاھىدە ئورۇندا يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ يېنىدا تۇرۇپ، يۈزىگە سۇئىئى ساقال يېپىشتۇرۇۋالغان ئىگىز بوي كىشىنىڭ كوزلىرىنى غەيرى تەبىى يوسۇندا ئالايتىپ، تاختايدەك تەكشى دەرەخ تېگىدىكى ئاق ـ قىزىل رەڭ كويـنەكـلـك قىزنىڭ قولـدىن تۇتۇپ: ”مەن سىزنى ياخـشى كورىـمەن، ياخشى كورىـمەن“ دىگىنىگە قاراپ ئول-تۇراتتى. ئويۇن مۇگـلۇق ئويۇنـلاردىن بولمىسمۇ، داشانىڭ يىغلى-غۇسى، ئاچ قىزىل رەڭ كويـنەك كيگەن قىزغا رەھمى كېلەتتى ۋە ۋەقەنىڭ بۇنداق بولۇشىمۇ ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى. مەلۇم بولۇشىچە،

قىز ئۇنى ھەم ياخشى كۆرىدىكەن، ھەم ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئەر كىشى قىزنى قۇچاقلىغاندا، ئۇ سۇ پەرىسىدەك قاقاقلاپ كۈلىگىنىچە، سەل نېرىراقتا ئاق ئىشتىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ئەبلەخنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. بايىقى ئەر بېشىنى تۇتقىنىچە قېلىپ، پۈتۈن ھاياتىنىڭ نەتىجىسى بولمىش قانداقتۇر قولىيازمىنى يىرتىپ تاشلايدىغىنىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى پەردە ئويۇن تۈگىدى.

تونۇش كىشىلەر ئالاھىدە ئورۇنغا كىردى، كۆپ ۋاقىتتا بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى سۆھبەت باشلاندى.

بېشى يالتىراق، ساقىلى قىرىلغان ۋە يۈزى پۈرلەشكەن پاكارغىنا شپېنبېرگ ئويۇننى "مەپتۇن قىلارلىق" دەپ ماختىدى.

— يەنە شۇ جىنس مەسىلىسى، ئەمما بۇ يەردە بۇ مەسىلە ئۆتكۈر قويۇلغان، ئىنسانىيەت بۇ ئېغىر مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىشى كېرەك، ئاخىر!

بۇنىڭغا قاپقىغى سىلىنغان، گەۋدىسى يوغان، مەخسۇس ئىشلارنىڭ تەكشۈرگۈچىسى بۇرووۋ جاۋاب بەردى؛ ئۇ ھورىيەتچى بولۇپ، روژدېستۋو بايرىمىدا ئۇنىڭ خوتۇنى بەيگە ئاتلىرىنى ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى بىلەن قېچىپ كەتكەن ئىدى:

— سىلەرنى بىلمىدىم، ئەمما مېنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلە — ھەل بولغان مەسىلە. خوتۇنلارنىڭ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى ئالدامچىلىق، ئەرلەر بولسا سەنئەتنى ئىشقا سېلىپ، ئۇستىلىق بىلەن ئالدىنىشىدۇ. جىنسىي مەسىلىنىڭ ئۆزى ئېپلاسلىق، سەنئەت بولسا جىنايەتلەرنىڭ بىر خىلى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ خوتۇنىغا قاراپ كۈلۈۋەتتى. بۇرووۋ ھامان

قاپىغىنى سىلىپ، سوزنى داۋام قىلدى:

— قۇشنىڭ تۇخۇم بېسىش ۋاقتى كەلدىمۇ — ئەركىگى دەررۇ قۇيرۇغىغا رەڭمۇ-رەڭ چاپان كىيىدۇ. بۇ — ئالدامچىلىق، چۈنكى ئۇنىڭ تەبىي قۇيرۇغى رەڭمۇ-رەڭ ئەمەس، بەلكى ئاددى كۈلرەڭ قۇيرۇق. دەرەخنىڭ گۈللىشىمۇ ئالدامچىلىق، كىشىنى ئالدايدىغان نەرسە، پۈتۈن گەپ — ئۇنىڭ شەرمەندە يېلتىزىدا. ئەمما ئەڭ چوڭ ئالدامچى — ئادەم. ئۇنىڭ گۈلىمۇ يوق، قۇيرۇغىمۇ يوق، تىلىنى ئىشقا سېلىشتىن باشقا ھېچقانداق ۋاستىسى يوق؛ ئەڭ يامان، ئەڭ ئىپلاس ئالدامچىلىق — مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭغا چىرماشقان نەرسىلەر. كىچىك قىزلار ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر سىرلىق كۆرۈنگەن بىلەن، — ئۇ داشاغا قاراپ قويدى، — بۇ ئەرزىمىگەن نەرسىلەرگە بىزنىڭ پەمسىزلىك، پاراسەتسىزلىك ھوكۇم سۈرۈۋاتقان دەۋرىمىزدە ئەڭ جىددى ۋە ئەس-ھۇشلۇق ئادەملەرمۇ قىزىقىدۇ. خوپ دەڭلەر، روسىيە دولىتىنىڭ ئاشقازىنى بۇزۇلغان.

ئۇ تەلەتىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كەمپىت قۇتىسىغا ئىگىلدى، بارمىقى بىلەن ئىچىنى كولاشتۇرۇپ بىر تالمۇ كەمپىت ئالالمىدى ۋە يەلكىسىگە ئاسقان دۇربۇنىنى كوزىگە قويۇپ، ئەتراپقا قاراپ ئولتۇردى.

سوھبەت سىياسى چۈشكۈنلۈك ۋە ئەكسىيەتچىلىك مەسىلىسىگە كوچتى. كۆلچىك يېقىنىدا سارايدا بولۇپ ئۆتكەن جاڭجالنى ھودۇقۇپ تۇرۇپ، پىچىرلاپ ئېيتىپ بەردى.

— دەھشەت، دەھشەت! — دېدى شېينبېرگ چاپسانلىق بىلەن.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ تىزىغا ئۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— يېقىندا، يېقىن ئارىدا ئىنقىلاپ بولمىسا بولمايدۇ، جاناپلار. ئۇنداق بولمىسا، ھەممىمىز بوغۇلۇپ ئۆلىمىز. مېنىڭدە يېڭى

مەلۇماتلار بار، — ئاۋازىنى پەسەيتتى ئۇ، — زاۋۇتلاردا تىنچسىزلىق بولۇۋاتىدۇ.

شېيىنبېرگ ھاياجانلانغىنىدىن ئىككى قولىنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى كېرىپ ئاسمانغا كوتەردى.

— قېنى، قاچان بولىدۇ، قاچان؟ كۈتۈۋېرىپ تاقىتىمىز قالمىدى-غۇ!

كورۇش بىزگە نېسىپ بولىدۇ، ياكوپ ئالېكساندروۋىچ، نېسىپ بولىدۇ، — دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ كەيپى چاغلىق بىلەن، — ئۇ چاغدا بىز سىزنى ئەدلىيە مىنىستىرى قىلىمىز، جاناپلىرى.

نەرسە، ئىنقىلاپ ۋە مىنىستىر بولۇش توغرىسىدىكى گەپلەر داشانى زېرىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئالاھىدە ئورۇننىڭ دۇخاۋىسىغا يولىنىپ، بىر قولى بىلەن كاتەنىڭ بىلىدىن قۇچاقلاپ، توۋەنگە قاراپ ئولتۇراتتى، گايى-گايىدا كورۇنگەن تونۇشلىرى بىلەن باش قىمىرلىتىپ كورۇشەتتى. داشا ئوزىنىڭ ۋە ھەدىسىنىڭ ھەممىگە يېقىشىنى بىلەتتى ۋە كورەتتى، ئەرلەرنىڭ خۇمارلىق، خوتۇنلارنىڭ زەھەرلىك قاراشلىرى، قۇلاققا چالا ئاڭلانغان سوزلەر، كۇلۇشلەر — بۇلارنىڭ ھەممىسى داشانى خۇددى باھار ھاۋاسىدەك مەس قىلاتتى، ھاياجانغا سالاتتى. ئۇنىڭ يىغلامسىرىغان مۇڭلۇق كەيپىدىن ئەمدى ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. كاتەنىڭ چاچلىرى ئۇنىڭ قۇلىغىغا تېگىپ، غىدىقلايتتى.

— كاتيۇشا، مەن سېنى ناھايىتىمۇ ياخشى كورىمەن، — ئاستا پىچىرلىدى داشا.

— مەنمۇ سېنى ياخشى كورىمەن!

— سېنىڭكىدە تۇرغىنىم ساڭا ياقامدۇ؟

— ناھايىتى ياقىدۇ!

داشا ھەدىسىگە يەنە قانداق ياخشى گەپ قىلايكىن دەپ تۇرغان ئىدى، بىردىن پەستە تېلېگىننىنى كورۇپ قالدى. قارا توي كىيىمى كىيگەن تېلېگىن قولىدا بوكىنى ۋە ئويۇن گېزىتىنى تۇتقىنىچە، سموكوۋنىكوۋلارنىڭ ئالاھىدە سورۇنغا خېلىدىن بېرى بىلدۇرمەستىن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتىن قارايغان يۈزى باشقىلارنىڭ ئاپپاق ياكى ئىچكىلىكتىن ئىششىپ كەتكەن يۈزىدىن خېلى ئاجرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى داشانىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن خېلى سېرىق بولۇپ، خۇددى بۇغداي رەڭدە ئىدى.

تېلېگىننىڭ كوزلىرى داشانىڭ كوزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، دەررۇ سالاملاشتى، كېيىن باشقا ياققا بۇرۇلغان ئىدى، بوكى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بوكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېگىلىپ، كىرىسلودا ئولتۇرغان سېمىز بىر خوتۇننى تۇرتۇۋەتتى، ئەپۇ سوراشقا باشلىدى، قىزىرىپ كەينىگە سۇرۇلۇۋىدى، «ئەدەبىيات ئىلاھەلىرى خور ئەتىرىدى» دېگەن ئىستېتىك ژورنال مۇھەررىرىنىڭ پۇتىنى دەسسىۋالدى. داشا ھەدىسىگە:

— كاتە، تېلېگىن ئەنە شۇ، — دېدى.

— كوردۇم، ناھايىتى كېلىشكەن ئادەمدەك كورۇنىدۇ.

— شۇنداق ياخشى ئادەمكى، سويۇۋالغىڭ كېلىدۇ، تولىمۇ ئەقىللىق، كوپ ئەقىللىق ئادەمكى، كاتيۇشا...

— داشا، بولمىسا...

— نېمە؟

بىراق ھەدىسى ئارتۇق گەپ قىلمىدى، داشانىڭ ئۇزىمۇ چۈشىنىپ، جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىگى يەنە ئېچىشىشقا باشلىدى، —

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قۇلۇلىدەك ئۈيدە، قەلبىدە ھەممە نەرسە باشقىچە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاخىر بىر مىنۇتچە ئۇنتۇپ، كېيىن يەنە شۇ تەرەپكە قارىدى—ئۇ تەرەپ ئەندىشىلىك قاراڭغۇ ئىدى.

زالدا چىراقلار ئۆچۈپ، پەردە ئىككى تەرەپكە ئېچىلغاندا، داشا ئېغىر ئۇھ تارتتى-دە، بىر تال شاكىلاتنى سۇندۇرۇپ، بىر پارچىسىنى ئاغزىغا سالدى ۋە دىققەت بىلەن تىڭشاشقا باشلىدى.

ياسما ساقال يېپىشتۇرۇۋالغان كىشى ھامان قولىيازمىنى ئوتقا تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپۇزا قىلاتتى، قىز بولسا رايال يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى زاڭلىق قىلاتتى. بۇ كورۇنۇشلەرنى ئۈچ پەردىگىچە سوزۇپ ئولتۇرۇشتىن كورە، قىزنى پاتراق ئەرگە بېرىش كېرەكلىكى ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى.

داشا زالنىڭ تورۇسىغا قارىدى، تورۇسقا سىيلىنغان بۇلۇتلار ئارىسىدىن يۇزىدە ئۇچۇق ۋە خۇش كۇلكە ئويناپ تۇرغان يېرىم يالىڭاچ ئاجايىپ گۈزەل خوتۇن ئۇچۇپ يۇرەتتى. "ۋاي ئاللىيەي، ماڭا ئەجەپ ئوخشايدىكىنا"، دەپ ئويلىدى داشا ۋە شۇ زامان ئۆزىگە چەتتە تۇرۇپ قارىغاندەك قارىدى: ئالاھىدە ئورۇندا بىر زات شاكىلات يەپ ئولتۇرىدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋاتىدۇ، سوز-لىرىدىن ئادىشىدۇ ۋە بىرەر غەيرى ئاددى ھادىسە كېلىپ چىقسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۇنداق ھادىسە كېلىپ چىقمايدۇ. "ئۇنىڭ ئالدىغا بارماي، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي، ئۇنىڭ پۈتۈن ماھىيىتىنى ئۆزەم سەزمەي تۇرۇپ زادى تېچلىنالمايمەن. باشقا ھەممىسى يالغان. ئادەم دىگەن راستچىل بولغىنى تۈزۈك."

داشا شۇ كېچىدىن كېيىن كوپ ئويلاپ ئولتۇرمىدى. ئەمدى بېسسونوۋنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئېنىق بىلەتتى، ئەمما شۇ سائەتنىڭ

كېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ بىر مەرتىۋە ساماراغا ــ ئاتىسىنىڭكىگە كەتمەكچىمۇ بولدى، ئەمما بىر يېرىم مىڭ كىلومېتىرلىق ئارىلىق بەرىبىر بۇنىڭدىن ساقلاپ قالالمايدۇ دەپ، بۇ پىكىردىن قايتتى.

ئۇنىڭ ساغلام قىزلىغى غەزەپلىنەتتى، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى، ئەمما "ئىككىنچى كىشى"گە پۈتۈن ئالەم ياردەملىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى يېڭىشكە كۈچى يېتەمدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئۇنى مەنسىتمەيدىغان، قانداقتۇر، كامېننو ـ ئوستروۋسكى كوچىسى ئەتراپىدا هوزۇر قىلىپ ياشىغۇچى، ئىتتىگە تور تىكىلگەن يۇپكىلىق ئارتىستقا ئاتاپ شېئىرلار يازغۇچى بېسسونوۋ دىگەن ئادەم توغرىسىدا شۇنچىلىك كوپ باش قاتۇرۇش، ئازاپ چېكىشنىڭ ئۆزى بىر خورلۇق. داشانىڭ بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۇنىڭ بىلەن تولۇپ تاشقان، داشانىڭ پۈتۈن يۈرىگى ئەنە شۇنىڭدا ئىدى.

داشا ئەمدى چاچلىرىنى ئەتەيلەپ تەكشى تاراپ، يەلكىسىگە تۇگۇپ، سامارادا ئوتتۇرا مەكتەپتە كىيىپ يۈرگەن كونا كوينىگىنى كىيەتتى، ئوتتۇپ كەتكەن تىرىشقاقلىق بىلەن رىسىم هوقۇقىنى يادلايتتى، مېهمانلارنىڭ ئالدىغىمۇ چىقمايتتى، ئويۇن ـ كۈلكىدىنمۇ ۋازكەچكەن ئىدى، هالال ئادەم بولۇش ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. داشا ئوزىدىن قورقاتتى.

ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا، كۈن ئولتۇرغان، ئەمما ئاسمان تېخى كوكومتۇل ـ ساغۇچ نۇرلار بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان سالقىن بىر ئاخشامدا، داشا ئارالدىن پىيادە قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

ئويدىن چىققاندا كۇرسقا كەتتىم دەپ كەتكەن ئىدى. ئەمما كۇرسقا بارماي، تىرامۋايغا چۈشۈپ، يېلاگىن كوۋرۇگىگىچە باردى ــ دە، يوپيۇرماقسىز دەرەخلىك كوچىلار ئارقىلىق كەچكىچە مېڭىپ

www.uyghurkitap.com

يۇردى، كوۋرۇكلەردىن ئۆتۈپ، سۇلارنى، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزىل نۇرلىرىدا قارىيىپ كورۇنگەن دەرەخ شاخلىرىنى، ئوتەكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ چىرايلىرىنى، دەرەخلەر ئارىسىدىن يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئات هارۋىلىرىنىڭ چىراقلىرىنى تاماشا قىلىپ يۇردى. ئۇ هېچ نەرسە ئويلىماستىن، ئالدىرىماستىن كېلەتتى.

ئۇنىڭ يۇرىگى تىنىچ ئىدى، پۈتۈن تېنىگە، هەتتا سوڭەك ـ سوڭەكلىرىگىمۇ دېڭىزنىڭ شورتاڭ باهار هاۋاسى سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى. ئاياقلىرى هارغان بولسىمۇ، ئويگە قايتىشنى خالىمايتتى. كەڭ كامېننو ـ ئوستروۋسكى كوچىسىدىن خادىكلار، ئۇزۇنچاق ئاپتوموبىللار غۇيۇلداپ ئوتۇپ تۇراتتى، سەيلە قىلىپ يۇرگەن توپ ـ توپ ئادەملەر ـ نىڭ كۇلكىلىرى، چاخچاقلىرى ئاڭلىناتتى. داشا يان كوچىغا بۇرالدى.

بۇ يەر ناهايىتى تىنىچ ۋە خالى ئىدى. ئوگزىلەرنىڭ ئۇستىدە ئاسمان كوپ ـ كوك كورۇنەتتى. هەر ئويدىن، چۇشۇرۇلگەن پەردىلەرنىڭ كەينىدىن مۇزىكا ئاڭلىناتتى: بىر ئويدىن سوناتا ئاهڭى كېلىدۇ، يەنە بىر ئويدىن ناهايىتى تونۇش ۋالىس مۇقامى ئاڭلىنىدۇ، ئۇستۇنكى قەۋەتنىڭ پاتقان قۇياش نۇرىدىن تاۋلانغان دەرىزىسىدىن ئىسكىرىپكا نالىسى ئاڭلىنىدۇ.

مۇزىكا ئاۋازلىرى سىڭىپ كەتكەن داشانىڭمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۇيلىمەكتە، تەشنالىققا چوممەكتە ئىدى. پۈتۈن تېنى يېنىكلىشىپ، ساپلىشىپ قالغاندەك ئىدى.

داشا دىقمۇشقا بارغاندا قايرىلدى، ئويىنىڭ نومۇرىغا قارىدى، تەبەسسۇم بىلەن كۇلدى ـ دە، ئىشىك يېنىغا كەلدى. ئىشىككە مىستىن قۇيۇلغان شىر كاللىسى قېقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە "ئا.بېسسونوۋ" دەپ يېزىلغان ئىدى. داشا ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىغىنى قاتتىق باستى.

# 7

"ۋېنا" قاۋاقخانىسىنىڭ قوۋۇقچىسى بېسسونوۋنىڭ يەلكىسىدىن پەلتوسىنى ئېلىۋېتىپ، مەنىلىك بىر تەرزدە:
— ئالېكسى ئالېكسىيېۋىچ، سىزنى بىر ئادەم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى.
— كىم؟
— ئالايىتەن خانىملاردىن.
— كىم بولدىكىن؟
— بىزگە تونۇش ئەمەس.
بېسسونوۋ ئادەملەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن قاراپ، ئادەمگە لىق تولغان قاۋاقخانىنىڭ نېرىقى بۆلۈكىگە باردى. قاۋاقخانا كۈتكۈچىسى لوسكۈتكىن ئاقارغان يان ساقىلىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ ناھايىتى ئالامەت قوي بېقىنى بارلىغىنى ئېيتتى.
— تاماق يېگىم كەلمەيدۇ، — دېدى بېسسونوۋ، — مەن ئىچىدىغان ئاق ۋىنودىن بېرىڭ.
ئۇ ئىككى قولىنى ئۈستەلگە قويۇپ، قەددىنى كوتىرىپ، تىك ئولتۇراتتى. ھەر قېتىمدىكىدەك، شۇ ۋاقىتتا ۋە شۇ جايدا ئۇنىڭغا ئىلھام كەلگەن ئىدى. كۈن بويى ئالغان ھەممە تەسىراتلار مەنىلىك ۋە مەنتىقى شەكىلگە كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ دىلىدا، رومىنيە ئىسكىرىپكىلىرىنىڭ نالىسى، ئاياللاردىن كېلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقى،

www.uyghurkitap.com

ئادەمگە لىق تولغان زالدىكى دىمىقتىلىقىنىڭ تەسىرى، غايىپتىن كەلگەن بۇ شەكىلنىڭ كولەڭگىسى پەيدا بولدى، بۇ كولەڭگە ئۇنىڭ ئىلھامى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ئىچكى، تۇتۇق سەزگۈلىرى بىلەن نەرسىلەر ۋە سۆزلەرنىڭ سىرلىق مەنىسىگە چۈشىنىشنى سېزەتتى.

بېسسونوۋ ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، ۋىنو ئىچىپ ئولتۇراتتى. يۈرىكى ئاستا ئۇراتتى. مۇزىكا ۋە كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى سىڭگەن ئۆز ۋۇجۇدىنى سېزىش ئېيتقۇسىز راھەت ئىدى.

ئۇدۇلىدا، تاشيىنەك يېنىدىكى ئۈستەل ئەتراپىدا ساپوژكوۋ، ئانتوشكا ئارنولدوۋ ۋە يېلىزاۋېتا كىيېۋنالار كەچلىك تاماق يەپ ئولتۇرۇشاتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا تۈنۈگۈن بېسسونوۋغا ئۇزۇن خەت يېزىپ، خەتتە ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى، ئەمدى ئۇ قاۋاقخانىغا قارا ۋە سېرىق يوللۇق كوي- نەك كىيىپ، چىپچىغىمۇ شۇنداق چىلتەك باغلاپ كەلگەن ئىدى. بېسسونوۋ كېلىشى بىلەن، ئۇ دېمىقىپ كەتتى، دېمى تامىقىغا تىقىلدى.

— ئېھتىيات بولۇڭ، — دېدى ئۇنىڭغا ئارنولدوۋ پىچىرلاپ ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ قۇرۇت يىگەن چىشىنىڭ ئىزىغا سالدۇرغان ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسەتتى، — بېسسونوۋ ئايال ئارتىسىنى تاشلاپ، شۇ كۈنلەردە مەشۇقسىز يۈرۈپتۇ، ھازىر ئۇ يولۋاستىنمۇ قورقۇنچلۇق.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا پىخىلداپ كۈلدى، يول-يول چىلتىگىنى بىر سىلكىتتى-دە، ئۈستەللەرنى ئارىلاپ، بېسسونوۋنىڭ يېنىغا كەتتى. ھەممە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.

كېيىنكى ۋاقىتتا يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ تۇرمۇشى غەملىك بولۇشقا باشلىغان — كۈندىن-كۈنگە بىكار، كېلىچەكتىنمۇ ئۈمىدى يوق، قىس-

قىسى، ھەسرەتلىك ئىدى. تېلېگىن ئۇنىڭغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق كوڭۇل بەرمەيتتى؛ ئۇنىڭ بىلەن سالام قىلىشاتتىيۇ، خالى جايدا ئۇچرى-شىش ۋە مۇڭدىشىشتىن قاچاتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بولسا ئۆزىگە خۇددى شۇ ئادەم كېرەكلىگىنى زارىقىپ-زارىقىپ سېزەتتى. دالاندا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئىشىكتىن كوزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. تېلېگىن دالاندىن دائىم ئايغىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ ئوتۇپ كېتەتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ يۈرىگى ئۇرۇش-تىن توختاپ، ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ، كوزلىرى جىمىرلاپ كېتەتتى، لېكىن ئۇ ئوز ئويىگە كىرىپ كېتەتتى. ھېچ بولمىغاندا، ئىشىكنى ئۇرۇپ سەرەڭگە سوراپ كىرسىچۇ، كاشكى!

يېقىندا يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەنقىتلەپ يۈرگەن، ھەركەتلىرى ئاسلاننىڭكىدەك ژىرووغا ئاچچىق قىلىپ، بېسسونوۋنىڭ كىتاۋىنى سېتىۋالدى-دە، چاچىنى بۇدۇر قىلىدىغان قايچا بىلەن كىتاپ ۋاراقلىرىنى كېسىپ، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئۇستىگە كوفى توكۇۋەتتى، كوپىدە يېتىپ مىجىقلاپ پۈكلىدى، ئەڭ ئاخىردا، بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا بېسسونوۋنى دانا كىشى دەپ ئېلان قىلدى... تېلېگىننىڭ ئويىدە ئىجارىدە تۇرغان ئادەملەرنىڭ غەزىۋى كېلىپ كەتتى. ساپوژكوۋ بولسا بېسسونوۋنى بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىشكە باشلىغان تېنىدىكى مىكرۇپ دەپ ئاتىدى. ژىرووۋنىڭ پىشانە تومۇرى كوپتى. رەسسام ۋالېت تەخسىنى بىر ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتتى. يالغۇز تېلېگىن بۇنىڭغا قاتناشماي قالدى. شۇنىڭدىن يېلىزاۋېتا كىيېۋنا "ئوزىنى ئوزى ئىغۋا"غا تارتتى: ئۇ قاقاقلاپ كۇلدى-دە، ئوز بولمىسىگە كىرىپ كەتتى ۋە بېسسونوۋغا ھاياجانلىق بىلەن مەنىسىز بىر خەت يېزىپ، ئۇچرىشىشنى تەلەپ

قىلدى؛ كېيىن ئاشخانىغا قايىتىپ كىرىپ، ئۇنچىقماستىن خەتنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى. ئويدىكىلەر خەتنى ئاۋازلىق ئوقۇپ، غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— ناھايىتى دادىل يېزىلغان خەت ئىكەن، — دېدى تېلېگىن.

شۇنىڭدىن كېيىن يېلىزاۋېتا كىيېۋنا خەتنى پوچتىغا سېلىشقا ئۈچۈن ئاشپەز خوتۇنغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنى تېگى يوق ھاڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئەمدى يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بېسسونوۋنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن سىزگە خەت يازغانتىم، كەلىدىكەنسىز، رەھمەت، — دېدى-دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈستەلگە ئاياقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇردى، جەينىكىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئېڭىكىنى قولىغا تىرەپ، ياسىما كوزدەك كۆزلىرى بىلەن ئالېكسېيېۋىچقا تىكىلىپ قارىدى.

بېسسونوۋ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. لوسكۇتكىن يەنە بىر ئىستاكان كەلتۈرۈپ، يېلىزاۋېتا كىيېۋناغا ۋىنو قۇيدى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا مۇنداق دېدى:

— سىزنى نىمىشقا كورمەكچى ئىكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى سورارسىز، ئەلۋەتتە؟

— ياق، مەن بۇنى سوراپ ئولتۇرمايمەن. ۋىنو ئىچىڭ.

— توغرا ئېيىتىسىز، نىمىسىنى ئېيتاتتىم. سىز ياشايسىز، بېسسونوۋ، مەن بولسام ياق، مەن زېرىكتىم.

— نىمە بىلەن مەشغۇلسىز؟

— ھېچنىمە بىلەن، — ئۇ كۈلدى ۋە شۇ زامان قىزىرىپ كەتتى، — كوچا سەتەڭلىرىدىن بولاي دېسەم، ئۇ بىر تېتىقسىز ئىش. بىكار-

چىمەن. قاچان سۇنايلار چېلىنىپ، تاڭ نۇرلىرى چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىمەن... سىزگە غەلىتە تۇيۇلىدىغاندۇر، بۇ گەپلەر؟

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۈنچىقمىدى، بېشىنى ئەگدى-دە، تېخىمۇ قىزاردى.

— مەن قۇرۇق خىيالچىمەن، — دېدى پىچىرلاپ.

بېسسونوۋ ئاغزىنى كەمشەيتىپ، ھىجايدى: "ساراڭ، راسا ساراڭ ئىكەنغۇ بۇ" دەپ ئويلىدى بېسسونوۋ. بىراق، يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ سېرىق چاچلىرى پەقەت قىزلارغىلا خاس پەرق بىلەن ئېچىلغان، يالىڭاچ يەلكىلىرى شۇ دەرىجىدە پاك ۋە يېقىملىق كۆرۈنەتتىكى، بېسسونوۋ يەنە مۇلايىمراق ھىجايدى، بىر ئىستاكان ۋىنونى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۈمەردى، شۇ زامان بىردىنلا بۇ ساددا دىل قىزنى ئۆزىنىڭ قارا خىياللىرىغا پاتقۇزغۇسى كەلدى. ئۇ گەپنى، قىساس ئېلىش ئۈچۈن روسىيىنىڭ ئۈستىنى قاپ-قارا تۈن قاپلاشقا باشلىغانلىقىدىن باشلىدى. ئۇ بۇنى قورقۇنچ ۋە سىرلىق ئالامەتلەردىن بىلگەن ئىدى.

— كۆردىڭىزمۇ، شەھەردە كوپ جايغا رەسىم يېپىشتۇرۇلغان، رەسىمدە قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئىبلىسنىڭ ئاپتوموبىل چاقىغا مىنىپ ھەيۋەتلىك پەلەمپەيدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقىنى تەسۋىرلەنگەن... بۇنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟...

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭ مۇزدەك سوغاق كوزلىرىگە، خوتۇنلارنىڭكىدەك كالپۇكلىرىغا، يادەك ئىنچىكە قاشلىرىغا، ئىستاكان تۇتقان بارماقلىرىنىڭ تىترىشىگە، تەشنالىقتىن ۋىنونى ئالدىرىماي سومۇرۇشىگە كوزىنى ئۇزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېسسونوۋغا مەپتۇن

www.uyghurkitap.com

بولغىنىدىن، بېشى پىر-پىر ئايلىناتتى. ساپوژكوۋ ئۇزاقتىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىرنىمىلەرنى دەپ ئىشارەت قىلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىزدىن بېسسونوۋ ئۇ تەرەپكە قايرىلىپ قارىدى-دە، تەلەتىنى تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇلار كىم؟

— مېنىڭ تونۇشلىرىم.

— ئۇلارنىڭ ئىشارەتلىرى ماڭا ياقماي تۇرۇپتۇ.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئويلىماستىن تۇرۇپ:

— باشقا يەرگە بارايلى بولمىسا، خالامسىز؟ — دېدى.

بېسسونوۋ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا كوزىنىڭ قىرىنى تاشلاپ تۇراتتى، لەۋلىرىدە ئازراق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولۇپ، پىشانىسى تەرلەپ كەتكەن ئىدى. بىردىن بېسسونوۋ بۇ ساغلام، كوزلىرى ئاجىز قىزغا زوقى كېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستەل ئۇستىگە قويۇپ ئولتۇرغان يوغان ۋە ئىسسىق قولىدىن تۇتۇپ:

— ياكى هازىر يېنىمدىن كېتىڭ...يە بولمىسا جىم... بۇ يەردىن كەتتۇق. باشقا ئىلاج يوق... — دېدى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا پەقەت يېنىككىنە تىن ئالدى، يۈزىدىن قان قاچتى. ئورنىدىن تۇرغىنىنى، بېسسونوۋنىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپ، قاتار ئۇستەللەر ئارىسىدىن قانداق ئوتۇپ كەتكىنىنى سەزمەيتتى. ئۇلار خادىكقا ئولتۇرۇپ كەتكىنىدىمۇ شامال ئۇنىڭ قىزىغان يۈزىنى سوۋۇتمىدى. خادىك تاشلار ئۇستىدىن تاراقلاپ سەكرەپ باراتتى. ئىككى قولىنى هاسىسىغا تىرەپ، ئىڭىگىنى قولىغا يولەپ ئولتۇرغان بېسسونوۋ سوز باشلىدى:

— مەن ئوتتۇز بەشكە كىردىم، ئەمما ئومرۇم ئوتتى. مۇھەببەت

دىگەن نەرسە ئەمدى مېنى ئالدىيالمايدۇ. مەرت يىگىتنىڭ ئارغىمچىغى بىردىن ياغاچ ئاتقا ئايلانغاندىنمۇ ئەلەملىك نەرسە بولامدۇ؟ ئاھ ـ ھا، بۇ دۇنيادا تېخى ئۇز ئۇلۇگۇكنى يەنە قانچىيۇ ـ قانچە سورەيـ ـ سەن ... — ئۇ قىزغا قارىدى، لەۋلىرى ئاچچىق كۇلۇمسىرەشتە ئىدى، — مېنىڭمۇ سىزگە ئوخشاپ، ئاخىرەتنى كۇتۇشتىن باشقا ئىلاجىم يوق بولسا كېرەك. بىز ياتقان بۇ گورىستاندا سۇناي چېلىنسا ئىدى... پۇتۇن ئاسماننى تاڭ نۇرى قاپلىسا ئىدى... راست، ئېيتقىنىڭىز توغرا بولسا كېرەك...

ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى بىر مېھمانخانىغا كېلىشتى. مېھمانخانىنىڭ چالا ئۇيقۇلۇق خىزمەتچىسى ئۇلارنى ئۇزۇن ئارىلىق دالاندىن باشلاپ، بوش تۇرغان بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ پاكارغىنا، تاملىرىغا ئەسكى قىزىل قەغەزلەر چاپلانغان ئۆي ئىدى. تامنىڭ يېنىدا، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن پەردە تۇۋىدە يوغان بىر كارۋات بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە مىس چاچاپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى زەي بولۇپ، تاماكا ئىسى باسقان ئىدى. يىلىزاۋېتا كىيېۋنا ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ئاۋاز بىلەن:

— مېنى نىمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ياق، بۇ يەر بىز ئۇچۇن ناھايىتى ياخشى، — دەپ ئالدىراپ جاۋاپ بەردى بېسسونوۋ.

ئۇ يىلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ پەلتو ۋە شلەپىسىنى يېشىپ، سۇنۇق كىرىسلوغا قويدى. خىزمەتچى بىر بوتۇلكا شامپان ھارىغى، ئۇششاق ئالما ۋە كېپەك ئارىلاش بىر ساپاق ئۇزۇم ئېپكەلدى، نىمە ئۇچۇندۇر چاچاپنىڭ ئىچىگە قارىدى ـ دە، چىرايىنى تۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا دەرىزە پەردىسىنى ئېچىپ قارىدى، ــ ھول مەيدان ئوتتۇرىسىدا پەنەر يېنىپ تۇراتتى، ئۇ يەردىن چوڭ تۈگۈلار ئارتىلغان، ئىگىلىرى ئۈستىگە چىپتا يېپىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ھارۋىلار ئۆتۈپ باراتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى، ئەينەك ئالدىغا كەلدى-دە، ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بىر ھەركەت بىلەن چاچلىرىنى تارىدى، "ئەتە ئىسمىگە كېلىپ، ئېلىشىپ قالىمەن" دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە يول-يول چىلتىگىنى توغرىلاپ قويدى.

ــ ۋىنو ئىچەمسىز؟ ــ دەپ سورىدى بېسسونوۋ.

ــ ئىچىمەن.

ئۇ دىۋاندا ئولتۇردى، بېسسونوۋ ئۇنىڭ ئايىغىدىكى گىلەمگە ئولتۇرۇپ، خىيالچانلىق بىلەن گەپ باشلىدى:

ــ كۆزلىرىڭىز دەھشەتلىك-قورقۇنچلۇق ھەم يۇۋاش كۆزلەر ئىكەن، رۇس قىزىنىڭ كۆزلىرى. سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

شۇ ۋاقىتتا يېلىزاۋېتا كىيېۋنا يەنە ھودۇقۇپ قالدى. بىراق شۇ زامات ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، "ياق، بۇ ــ تەلۋىلىكنىڭ ئۆزى" دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قولىدىن تولۇق بىر ئىستاكان ۋىنونى ئېلىپ بىر كۆتىرىپ ئىچىۋەتتى، شۇ زامات خۇددى يارلىققا چۈشۈپ كېتىۋاتقان-دەك، بېشى ئايلىنىشقا باشلىدى.

ــ مەن سىزدىن قورقىمەن، كېيىن سىزگە نەپرەتلىنىشىمۇ ئېھ-تىمالدىن يىراق ئەمەس، ــ دېدى قىز، بۇ سۆز ئۇنىڭغا ئۆزى ئېيتقاندەكمۇ تۇيۇلدى، باشقا بىرەيلەننىڭ خۇددى يىراقتىن ئاڭلى-نىۋاتقان سۆزلىرىدەكمۇ تۇيۇلدى، ــ ماڭا بۇنداق تىكىلىپ قارىماڭ، ئۆتۈنىمەن.

— سىز ئاجايىپ قىز ئىكەنسىز.

— بېسسونوۋ، سىز ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئادەمسىز. مەن دىندار ئائىلىسىدە تۇغۇلغانمەن، جىنىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن... ھە، ماڭا بۇنداق قارىماسلىقىڭىزچۇ. مەن سىزگە نېمىشقا كېرەك بولۇۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن... مەن سىزدىن قورقىمەن.

ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى، كۈلكىدىن پۈتۈن تېنى سىلكىنىپ، قولىدىكى ۋىنوسى توكۇلۇپ كەتتى. بېسسونوۋ ئۇنىڭ ئىككى تىزىغا بېشىنى قويدى.

— مېنى ياخشى كورۈڭ... سىزدىن ئۆتۈنىمەن — مۇھەببەت قويۇڭ ماڭا، — دېدى بېسسونوۋ بوغۇق ئاۋاز بىلەن، گويا ئۇنىڭ تەقدىرى خۇددى شۇ قىزنىڭ قولىدا بولغاندەك، — مەن ئازاپلىنىۋاتىمەن... مەن قورقىمەن... يالغۇزلۇق ماڭا قورقۇنچلۇق... مېنى ياخشى كورۈڭ، ماڭا مۇھەببەت قويۇڭ...

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، كوزىنى يۇمدى.

بېسسونوۋ ھەر كۈنى كېچىسى ئەجەلدىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يېنىدا جېنىغا ئارام بولىدىغان، سىلاپ-سىپايدىغان، كوڭلىنى كوتىرىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايدىغان تىرىك ئادەم بولۇشى كېرەك. بۇ — ئازاپ، جاپا، بۇ... "بىلمەيمەن، بىلمەيمەن... پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قاتتىق. يۈرىكىم ئۇرۇشتىن توختىغان. ئىسسىتىڭ مېنى، ماڭا شۇنداق بولمىسا بولمايدۇ... رەھىم قىلىڭ، مەن ھالاك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭ. جېنىم، جېنىم...".

قورقۇنچ باسقان، ھاياجانغا تولغان يېلىزاۋېتا كىيېۋنا جىم ئولتۇراتتى. بېسسونوۋ ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۇزاق-ئۇزاق شوراپ

سويۇشكە باشلىدى. كېيىن قىزنىڭ يوغان ۋە قوۋۋەتلىك ئاياقلىرىدىن سويۇشكە باشلىدى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا كوزلىرىنى چىڭ يۇمدى، يۈرىگى ئۇرۇشتىن توختىغاندەك تۇيۇلدى، — شۇ دەرىجىدە ئويلايتتى ئۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ تېنى ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. بېسسونوۋ ئۇنىڭغا بەختسىز ۋە يېقىن، سويۇملۇك كىشى بولۇپ كورۇندى... يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭ ئىككى يۈزىدىن تۇتۇپ بېشىنى كوتەردى-دە، كالپۇكلىرىدىن قاتتىق شوراپ سويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خىجىل بولۇپمۇ ئولتۇرماي، دەررۇ يېشىنىپ يوتقانغا كىردى.

بېسسونوۋ بېشىنى ئۇنىڭ يالىڭاچ مەيدىسىگە قويۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇزىنىڭ ئاجىز كوزلىرىنى ئۇنىڭ ماڭلىيىغا، كوزلىرىنىڭ ئاستىغا، يېپىق كالپۇكلىرىنىڭ ئەترا-پىغا، قورۇق باسقان سېرىق يات يۈزىگە — ئەمما شۇ كېچىدىن باشلاپ ئەڭ سويۇملۇك بولۇپ قالغان يۈزىگە ئۇزاق تىكىپ ياتتى. ئۇيقۇدا ياتقان كىشىگە قاراپ ياتقان يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭغا ھازىر بېسسونوۋ ئويغىنىپ، سېمىز، سەت، كوزلىرى ئىششىغان قىزنى كورۇپ، ئۇنىڭدىن چاپسانراق قۇتۇلۇش چارىسىنى كورىدىغاندەك، ئۇنى ھېچ كىشى ياخشى كورمەيدىغاندەك، ھەممە ئۇنى بوزۇق، پاھىشە خوتۇن دەيدىغاندەك كورۇنەتتى: ئۇ ھەممە شۇنداق دىسۇن ئۇچۇن بۇنىڭدىن بۇيان قەستەن شۇنداق قىلىدۇ: ئوزەم بىر كىشىنى ياخشى كورىمەنۇ، ئەمما باشقىلار بىلەن يۈرىمەن دەپ ئېيتىدۇ؛ ئۇنىڭ پۈتۈن ئومرى شۇنداق ئىپلاس، تۇمانلىق، شۇنداق مەسخىرە ئاستىدا ئوتىدۇ. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئاستا-ئاستا

غىڭشىپ يىغلايتتى، يوتقانىنىڭ بىر چېتى بىلەن كوز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. يىغلا ـ يىغلا ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى.

بېسونوۋ بۇرنى بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئالدى؛ ئارقىسىغا ئورۇلدى ـ دە، كوزىنى ئاچتى. پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى قاۋاقخانا تەسىرى بىلەن كويۈپ ياناتتى. يەنە بىر كۆڭۈلۈك ھاياتنى باشلاشقا توغرا كېلىدۇ دىگەن پىكىر ئۇنىڭ يۈرىگىنى تاتىلىدى. ئۇ خېلىغىچە كارۋاتنىڭ تومۇر دۈگىلىگىگە قاراپ ياتتى، كېيىن ئۆزىنى سول تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى خوتۇن يۈزىنى بىلىگى بىلەن توساپ، تورۇسقا قاراپ ياتاتتى:

”بۇ كىمدۇ؟“ ئۇ تۇمانلىق خاتىرىسىنى ئەسلەشكە باشلىدى، ئەمما ئېسىگە ئالالمىدى، ياستۇق تېگىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ تاماكا چەكتى. ”ۋاي، ئېسىم قۇرسۇن! كىملىگىنى ئۇنتۇپتىمەنغۇ، ئۇنتۇپتىمەن! ناھايىتى يامان بولدى ـ دە“ دەپ ئويلىدى.

ــ ئويغاندىڭىزغۇ دەيمەن، ــ خوشامەتلىك ئاۋاز بىلەن دىدى ئۇ، ــ ئەتىگەنلىگىڭىز خەيرلىك بولسۇن. يىلىزاۋېتا كىيېۋنا يۈزىنى ئاچماستىن، ئۇنچىقماي يېتىۋەردى، ــ تۈنۈگۈن ئىككىمىز بىر بىرىمىزگە يات كىشى ئىدۇق، مانا ئەمدى بۇ كېچىنىڭ سىرلىق يىپلىرى ئىككىمىزنى چىڭ باغلاپ قويدى، ــ ئۇنىڭ تەلەتى پۈرۈشتى، ھەممە گەپلىرى ياسىما، سۈنئىي گەپلەر ئىدى. ئەڭ مۇھىمى يەنە شۇ ئىدىكى، خوتۇننىڭ ھازىر نىمە قىلىشى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇ پۇشايمان قىلامدۇ، يىغلامدۇ؟ ياكى خوشاللىق ھىسلىرى بىلەن تولامدۇ؟ بېسونوۋ ئاستا ئۇنىڭ بىلىگىدىن تۇتتى. سەل نېرى سۈرۈلۈپ ياتتى، ــ ئېتى مارگارىتا ئىدى ئەتىمالىم. ئۇ ئاۋازىنى غەمكىن قىلىپ سوزلىدى:

www.uyghurkitap.com

ــ مارگارېتا، مېنىڭدىن خاپا بولدىڭىزمۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئورنىدىن تۇرۇپ ياستۇقتا ئولتۇردى، يەلكىسىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىچ كوينىكىنى مەيدىسىگە بېسىپ، ئاجىز كوزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قاپىغى ئىششىغان ئىدى، ئاغزىدا كۇلكە يۇگۇرەيتتى. بېسسونوۋ دەررۇ ھەممىنى ئەسلەپ، ئوزىدە ئاكىلاردەك مېھرىۋانلىق ھاسىل قىلدۇردى.

ــ مېنىڭ ئېتىم مارگارېتا ئەمەس، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا، ــ دېدى قىز، ــ سىزنى كورۇشكە كوزۇم يوق. ئورۇندىن تۇرۇڭ.

بېسسونوۋ دەررۇ ئورۇنىدىن تۇردى-دە، پەردىنىڭ كەينىگە، سېسىق چاچاپنىڭ يېنىغا ئوتۇپ، نېرى-بېرى كىيىندى، كېيىن دەرىزە پەردىسىنى ئېچىپ، چىراقنى ئوچەردى.

ــ ئىنسان زادى ئۇنىتالمايدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ گۇدۇڭلاپ.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭ قارا كوزلىرىگە خېلىغىچە قاراپ ئولتۇردى. قاچانكى، بېسسونوۋ دىۋاندا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغاندا، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا:

ــ ئويگە بېرىپ، زەھەر ئىچىمەن، ــ دېدى.

ــ كەيىپىڭىزگە چۈشىنەلمىدىم. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا.

ــ چۈشەنمىسىڭىز چۈشەنمەڭ! تۇرۇڭ، ئويىدىن چىقىڭ، مەن كىيىنىمەن.

بېسسونوۋ ئىس باسقان ۋە ئىككى يېقىدىن شامال غۇيۇلداپ ئوتۇپ تۇرغان ئارىلىق دالانغا چىقتى. ئۇزاق كۇتۇشكە توغرا كەلدى. ئۇ دەرىزە تەكچىسىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇردى؛ كېيىن

ئاربلىق دالاننىڭ ئاخىرىغا باردى، ئۇ يەردە جايلاشقان كىچىك ۋە تار ئاشخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان قارا خىزمەتچى بىلەن ئىككى خىزمەتچى خوتۇننىڭ ئاۋازى كېلەتتى؛ خىزمەتچى دەيتتى:

— ھە دەپ يېزاكىنى ماختاۋېرىسەن. روسىيە ئىمىش! نىمىگە پەملىك يېتىدۇ! كېچىسى ئۆيلەرگە بىر كىرىپ چىقساڭ، روسىيىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسەن. ھەممىسى ئەبلەخ! ئەبلەخ، ئۇششۇق!

— قاراپراق گەپ قىلىڭ، كۇزما ئىۋانوۋىچ.

— ئون سەككىز يىلدىن بۇيان بۇ يەردە ئىشلەۋاتقاندىكىن، ئىختىيارىمچە گەپ قىلىشقا ھەققىم بار.

بېسسونوۋ قايتتى. ئۆي ئىشىگى ئۇلۇغ ئوچۇق، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. شىلەپىسى يەردە ياتاتتى.

"ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ-دە" دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئەسنەپ، كېرىلىپ سوڭەكلىرىنى بوشاتتى.

شۇنىڭ بىلەن يېڭى كۈن باشلاندى. بۇ كۈننىڭ تۈنۈگۈنكى كۈندىن پەرقى شۇ ئىدىكى، ئەتىگەندىن باشلاپ كۆچلۈك بوران يامغۇر بۇلۇتلىرىنى شىمال تەرەپكە ھەيدەپ، ئاپپاق قىلىپ يىغىپ قويدى. نەم باسقان شەھەرگە ھەممەتلىك قۇياش ئۆز نۇرلىرىنى ئايىماي سەپەتتى. كوزگە كورۇنمەيدىغان مۇدھىش نەرسىلەر — تۇمو-يوتەل، تۇرلۇك خەستىلىكلەر، سىل كېسىلىنىڭ مىكروۋپلىرى ۋە ھەتتا قارا ئەسەبى كېسەللىكنىڭ مىكروۋپلىرىمۇ ئاپتاپ نۇرىدا قۇرۇپ، قاغجىراپ، يوق بولۇپ كېتەتتى، قاراڭغۇ ئويلەرگە، زەي پول تېگىگە كىرىپ، يوشۇرۇناتتى. كوچىلارنى شامال سىپاپ ئوتۇپ كېتەتتى. ئايالار ئويلىرىنىڭ دەرىزىلىرىنى يۇيۇپ تازىلايتتى، كېيىن ئېچىۋېتەتتى. كوك كوينەك كىيگەن قوۋۇقچىلار كوچىلارنى

سۈپۈرەتتى. نېۋسكى كوچىسىدا يۈزلىرى سارغىيىپ كەتكەن ياش-ياش بۈزۈق قىزلار ئاددى ئەتىر پۇرىغى كېلىدىغان باھار گۈللىرىنى ساتاتتى. ماگىزىنلاردا قىشلىق ماللار يىغىشتۇرۇلۇپ، ئالاھىدە دەرىزىلەردە باھارغا ئائىت چىرايلىق ۋە رەڭمۇ-رەڭ ماللار پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى.

چۆشتىن كېيىن چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى "ياشىسۇن رۇس باھارى" دېگەن تېما بىلەن چىقتى. ئۇلاردا بېسىلغان بىرنەچچە شېئىرنىڭ مەنىسى بەك تۇتۇق ئىدى. قىسقىسى، مەتبۇئات تەكشۈرۈش ئورگىنى ئالدانغان ئىدى.

ئاخىر، ئوغۇل باللارنىڭ ۋاقىراش ۋە ھۇشقىيتىشلىرى ئاستىدا شەھەر كوچىلىرىدىن "مەركىزىي پونكىت"قا قاراشلىق كېلىچەكۋازلار ئۆتۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئۈچ كىشى: ژىرووۋ، رەسسام ۋالېت ۋە تېخى نامى چىقمىغان، بويى ئېگىز، يۈزى ئات يۈزىگە ئوخشاش ئاركادى سېمېسۇۋېتوۋ ئىدى.

بۇلار ئۈستىگە ساغۇچ رەڭلىك بارقۇتتىن قارا سىلىپ تىكىلگەن، بەلۋاغسىز كالتا كەمزۇل، بېشىغا شلەپە كىيىپ چىقىشقان ئىدى. ھەر بىرىنىڭ كوزىدە تاق كوزەينەك بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ يۈزىگە بېلىق، ئوقيا ئوقى ۋە "P" ھەرپى سىزىلىنغان ئىدى. سائەت بەشلەردە ساقچى ئەمەلدارى ئۇلارنى تۇتۇپ، سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن خادىكقا سىلىپ، ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەتتى.

پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى كوچىغا چىققان ئىدى. مورسكوي كوچىسىدا، نېۋا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، كامېننو-ئوستروۋسكى كوچىسىدا ياللىرىغان ئات ھارۋىلىرى، توپ-توپ ئادەم مېڭىپ يۈرەتتى. كوپ ئادەمگە، كوپچىلىككە بۈگۈن بىرەر مۇھىم ۋەقە

كىلىپ چىقىدىغانلىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار يە قىشلىق سارايدا بىرەر يارلىقنا قول قويۇلىدۇ، يە مىنىستىرلار سوۋىتىنى بومبا پارتلىتىدۇ، يە بولمىسا بىرەر نەرسە "باشلىنىدۇغۇ" دەپ ئويلىشاتتى.

بىراق كەچ كىردى، شەھەر ئۈستىگە قاراڭغۇلۇق چۈشتى، كوچىلاردا ۋە كانالىلار بويىدا چىراقلار يېقىلىپ، قارا سۇلارغا كولەڭگىلەر تاشلىدى. نېۋا كوۋرۇكلىرىدىن، كېمە ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ تۇرۇبىلىرى ئارقىسىدىن پېتىۋاتقان قۇياشىنىڭ قىپ-قىزىل شەپەقلىرىنىڭ ئۇچۇپ بېرىشى ھەر كۈندىكىدەك كورۇنىدۇ. ھېچقانداق ھادىسە كېلىپ چىقمىدى. پېتروپاۋلوۋسك قەلئەسىنىڭ ئاسمانغا يىگىندەك كوتىرىلگەن تىغى ئاخىرقى مەرتىۋە يالتىراپ، ئۆچتى، شۇنداق قىلىپ بىر كۈن ئوتۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى بېسونوۋ كوپ ۋە ئۇنۇملۇك ئىشلىدى. ناشتىدىن كېيىن، بىرئاز ئۇخلاپ، ئوزىنى خېلى يېنىك سەزگەندىن كېيىن، خېلىغىچە گيوتىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇردى. بۇ ئوقۇش ئۇنى ھاياجانلاندۇرغان ۋە روھلاندۇرغان ئىدى.

ئۇ كىتاپ ئىشكاپلىرى يېنىدا ئوزىگە ئوزى پاراڭ قىلىپ ئويلىنىپ يۈرەتتى؛ گايىدا يېزىق ئۈستىلى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، سوز-جۇملىلەرنى يازاتتى. بويتاق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئۇنىڭ ئويىدە تۇرغۇچى خىزمەتچى موماي چەينەكتە ھور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق قەھۋە ئېلىپ كەلدى.

بېسونوۋ ئاجايىپ ۋاقىتلارنى كەچۈرمەكتە ئىدى. ئۇ روسىيە ئۈستىگە قاراڭغۇ تۈن چۈشۈۋاتقىنى، پاجىە پەردىسىنىڭ ئېچىلىشىغا ئاز ۋاقىت قالغىنى، خۇداپەرەس خەلقىنىڭ «دەھشەتلىك قىساس»①

① گوگولنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

تىكى كازاكقا ئوخشاش، خۇداغا قارشى كۈرەشكۈچى خەلققە ئايلىنىپ بېرىشى، يۈزىگە مۇدھىش نىقاپ تارتىشقا باشلىشى توغرىسىدا يازاتتى. پۈتۈن خەلق قارا كۈنلەرنى ھازىرلىماقتا. ھالاكەت ئېنىق. قۇتۇلۇشقا چارە يوق.

ئۇ كوزلىرىنى يۇمۇپ، قاقاس دالىلارنى، توپىلىكلەردىكى كىرىستىلارنى، شامال ئۇچۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن ئۇگزىلەرنى، يىراقتىكى، توپىلىكلەر ئارقىسىدىكى يانغىن شەپەقلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ، رەسىم ۋە كىتاپلاردىنلا ئوقۇپ بىلگەن ۋەتىنىمنى—يۇرتۇمنى مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشىنى ياقتۇرمەن دەپ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ پىشانىسىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، يۈرىگى كەلگۈسىنىڭ دەھشەتلىك سەزگۈلىرى بىلەن تولغان ئىدى. كېيىن، بىر قولىدا ئىس چىقىپ تۇرغان تاماكا تۇتقان ھالدا، ھەيۋەتلىك يېزىقلار بىلەن شىلدىرلاپ تۇرغان قەغەز ۋاراقلىرىنى خەتكە تولدۇردى.

كەچ كىرگەندىن كېيىن، بېسسونوۋ چىراقنى ياقماي، دېۋاندا سوزۇلۇپ ياتتى، ئۇ تېخىچە ھاياجان ئىچىدە ئىدى، بېشى قىزىغان، قوللىرى ھول ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىش كۈنى تامام بولدى.

بىرئازدىن كېيىن يۈرىگى ئاستا-ئاستا ۋە بىر خىلدا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدى كەچنى قانداق ئوتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلاش كېرەك ئىدى. ھەممىدىن مانا شۇنىسى ئېغىر. ھېچكىم تېلېفون بەرمىدى، ھېچكىم ئىزدەپمۇ كەلمىدى. زېرىكىشكە، ئىبلىسقا قارشى يالغۇز ئوزى كۈرىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۈستىدىن، بىر ئىنگىلىز ئائىلىسى تۇرغان قەۋەتتىن راپال تاۋۇشى ئاڭلىناتتى. مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئۇنىڭ خىرە ۋە غەلىتە سەزگۈلىرىنى ئويغاتتى.

بىردىن كوچا تەرەپتىكى ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، ئۇنىڭ جىملىقىنى بۇزدى. خىزمەتكار موماي سوڭسىز كەشىنى سورەپ ئوتتى.

— مەن ئوزىنى كورمەكچىمەن، — دىگەن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

كېيىن يېنىك ۋە ئەپچىل ئاياق تاۋۇشلىرى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بېسسونوۋ قىمىر قىلماي، كۈلۈمسىرىدى. ئىشىك تاقىلدىماستىن ئېچىلدى، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، روماشكا گۈلى قىستۇرۇلغان كەڭ شلەپە كىيگەن نازۇكقىنا بىر قىز يورۇق دالاندىن قاراڭغۇ ئويگە كىردى.

قىز يورۇقتىن كىرگەنلىكىدىن ھىچ نەرسىنى ئوچۇق كورەلمەي، ئۇينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى؛ بېسسونوۋ ئۇنچىقماستىن دىۋاندىن تۇرغاندىن كېيىن، قىز كەينىگە داجىشقا باشلىدى، ئەمما بېشىنى قەيسەرلىك بىلەن سىلكىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— مەن ئالدىڭىزغا ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم، — دىدى.

بېسسونوۋ ئۇستەل يېنىغا كېلىپ، چىراقنى ياقتى. كىتاپلار ۋە قولىيازمىلار ئارىسىدا تۇرغان كوك لامپا شىشىسى ئويگە چالا يورۇق چاچتى.

قانداق ئىش ئىدى؟ — دىدى ئالېكسېيېۋىچ قىزغا ئورۇن كورسىتىپ، ئوزى ئىش ئۇستىلى يېنىدا ئولتۇردى-دە، بىلەكلىرىنى ئۇنىڭ يان يولەكلىرىگە قويدى. ئۇنىڭ چىرايى تەشۋىشلىك ۋە قانسىز، كوزلىرىنىڭ ئاستى كوكەرگەن ئىدى. ئۇ كوزلىرىنى ئالدىرىماستىن كوتىرىپ قىزغا قارىغان ئىدى، بىردىن سەسكىنىپ كەتتى. بارماقلىرىنى تىترەك باستى.

— داريه دمىتريېۋنا، — دېدى ئۇ، ئاستا، — مەن سىزنى تونۇماپتىمەن.
داشا ئۆيگە قانداق دادىللىق بىلەن كىرگەن بولسا ئورۇندۇقتىن شۇنداق دادىل ئولتۇردى، تېرە پەلەيلىك قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، قاپىقىنى سالدى.
— داريه دمىتريېۋنا، سىز مېنى يوقلاپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن ناھايىتى بەختلىكمەن. مېنىڭ ئۈچۈن بۇ چوڭ بەخت.
داشا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن:
— مېنى سىزنىڭ مۇخلىسلىرىڭىزدىن دەپ ئويلىماڭ. شېئىرلىرىڭىزنىڭ بەزىلىرى ماڭا ياقىدۇ، بەزىلىرى ياقمايدۇ، مەن ئۇلارنى چۈشەنمەيمەن، ھەم ياقتۇرمايمەن. مەن شېئىر توغرىسىدا سوزلەشكىلى كەلگىنىم يوق... مېنى ناھايىتى قىينىۋېتىڭىز، شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى.
ئۇ بېشىنى توۋەن ئەگدى، بېسسونوۋ ئۇنىڭ بوينىنىڭ ۋە قولىنىڭ پەلەي بىلەن يەڭ ئوتتۇرىسى قىزىرىپ كەتكىنىنى كوردى. ئۇ ئۈنچىقماستىن، قىمىرلىماي ئولتۇراتتى.
— سىزنىڭ مېنىڭ بىلەن ئىشىڭىز يوق، ئەلۋەتتە. مەنمۇ سىزگە شۇنداق پەرقسىز قاراشنى خالايتتىم. ئەمما، كورۇپ تۇرۇپسىز، ناھايىتى كوڭۇلسىز ۋاقىتلارنى كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ...
ئۇ بېشىنى دادىل كوتەردى-دە، ئوتكۇر كوزلىرى بىلەن بېسسونوۋغا ئوچۇق قارىدى. بېسسونوۋ ئاستا كىرپىكلىرىنى توۋەن سالدى.
— سىز مېنىڭ تېنىمگە خۇددى بىر ئاغرىق بولۇپ كىردىڭىز. سىز توغرىلىق دائىم ئويلايمەن. ئارتۇقچە تاقىتىم قالمىدى. ياخشى-

سى، كېلىپ توپ ـ توغرا ئېيتىش ئىدى. مانا كەلدىم. مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلدىم...

ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترىـدى ۋە دەررۇ تەتۇر بۇرۇلـدى ـ دە، پېتر I نىڭ چىشلىرى يېپىق، كوزلىرى يۇمۇق، شۇ دەۋرنىڭ ھەممە شائىرى ھەۋەس قىلىدىغان ۋە تۇۋەندىن يورۇتۇلغان چىراي شەكلى ئېسقلىق تامغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇستۇنكى قەۋەتـتە، ئىنگـلىزلار تۇرغان ئويدە توت خىل ئاۋاز بويىـچە ناخـشا ئېيتىلـماقتا ئىـدى: "ئولۇپ كېتىمىز!" "ياق، بىز ئۇچۇپ كېتـىمىز". "ئۇچۇپ كىرىـمىز بىللۇر ئاسمانغا!" "مەڭگۇگە، مەڭگۇگە شات ـ خوشاللىقتا!"

ـــ ئەگەر سىزمۇ ماڭا شۇنداق سەزگۇلىرىڭىز بارلىقىـنى ئېيتـىپ، مېنى ئىشەندۇرمەكچى بولسىڭىز ـــ ھازىرنىڭ ئوزىدە چىقىپ كېتىمەن، ـــ دىدى داشا ئالدىراپ ۋە ھاياجان ئىچىدە، ـــ سىز مېنى ھەتتا ھورمەتمۇ قىلالمايسىز، بۇ ئېنىق. خوتۇنلار بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايـدۇ. ئەمما مەن سىزدىن ھىچ نەرسە تىلىمەيمەن ۋە سورىمايـمەن. مەن پەقەت سىزنى ناھايىتى ۋە ناھايىتىمۇ ياخشى كورگىنىمـنى ئېيتىشىم كېرەك ئىدى، ئېيتتىم...بۇ مۇھەببەت مېنى ئېزىپ، خاراپ قىلىۋەتـ تى...ھەتتا تىرناقچىلىك غۇرۇرۇممۇ قالمىدى.

ئۇ "ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بېشىمنى مەغرۇرلۇق بىلەن سىلـ كىپ چىقىپ كەتسەم بولاتـتى" دەپ ئويلىـدى. بىراق، ھىجىـيىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگىنىچە قوزغالماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ مادارى كېتىپ، قولىنى كوتىرىشكـىمۇ ھالى قالمـىدى، ئۇ ئوز ۋۇجۇدىـنىڭ ئېـغىرلاشقانـلىقىـنى، قىـزىپ كەتـكەنلـىگـىنى سەزدى. "جاۋاپ بەرسەڭچۇ، جاۋاپ" دەپ ئويـلايتـتى ئۇ چۇش كورۇۋاتـقانـدەك. بېسسونوۋ يۇزىنى ئالقىنى بىلەن يېپـىپ، خۇددى چېركاۋدا ئولتۇر-

غاندىكىدەك، ئاستا ۋە بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— شۇنداق ھېسسىياتىڭىز ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرەلەيمەن، خالاس. بۇنداق ۋاقىتلارنى، ئۈستۈمگە سېپىلگەن مۇنداق خۇش پۇراقلارنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن...

— يادىڭىزدا تۇتۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى داشا چىشلىرى ئارىسىدىن.

بېسسونوۋ ئۈنچىقمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، نېرىغا باردى-دە، كىتاپ ئىشكاۋىغا يۆلەندى.

— داريە دمىترىيېۋنا، مېنىڭ سىزگە بويۇنۇمنى ئېگىپ تازىم قىلىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق. مەن سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا ئەرزىمەيدىغان ئادەممەن. مەن ئۆزەمنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك تىللىغان، قاغىغان ئەمەسمەن. ئۆزەمنى بىكارغا سەرپ قىلىپ، ئىسراپ قىلىۋەتتىم. سىزگە نېمەمنى بېغىشلاي؟ شەھەرنىڭ تاشقىرىسىدىكى مېھمانخانىغا ئېلىپ چىقايمۇ؟ داريە دمىترىيېۋنا، مەن سىز بىلەن ھالال، ۋىجدانەن گەپ قىلىشىۋاتىمەن. سىزگە ئىشقىمنى بېرەي دېسەم، ئىشقىم يوق، ئىشىق قالمىغان. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مېنىڭدە ئەبەدىي ياشلىق كۈچى بار دېسە ئىشىنەتتىم. مەن سىزنى ئۆزەمدىن ئۇزاقتا قويۇۋەتمەيتتىم.

بېسسونوۋ ئۇنىڭ تېنىگە يىڭنە سانچىۋاتقىنىنى داشا سەزدى. بېسسونوۋنىڭ سوزلىرى ئادەمنى ئۇزاق-ئۇزاق قىينايتتى...

— ئەمدىلىكتە بولسا قىممەت باھا ۋىنونى بىكارغا تۆكۈۋېتىمەن، خالاس. ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ماڭا ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، قولۇمنى سوزدۇم — بولدى، مېنىڭكى...

— ياق، ياق، — جىددىي پىچىرلىدى داشا.

— ھەئە، شۇنداق. بۇنىڭدىن ئوزىڭىزمۇ خەۋەردار. جاھاندا ئىسراپ قىلىشتىن، توكۇۋېتىشتىنمۇ لەززەتلىك گۇنا بولامدىغان. ماگا كېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ-دە. قىزىلىق شارابنى توكۇۋېتىش... سىز ئۇ شاراپنى ماڭا ئېلىپ كەلدىڭىز...

ئۇ كوزلىرىنى ئاستا يۇمدى. داشا دېمىنى چىقارماي دەھشەت ئىچىدە ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— داريە دمىترىيېۋنا، مەن سىز بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا سوزلەشەي. سىز ھەدىگىزگە شۇ قەدەر ئوخشاپ كەتتىڭىزكى، كىرگەن چېغىڭىزدىلا...

— نىمە؟ دەپ توۋلىۋەتتى داشا، — نىمە دىدىڭىز؟

داشا كىرىسلودىن سەكرەپ تۇردى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇردى. بېسسونوۋ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى باشقىچە چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ ئەس-ھوشىنى يوقىتىۋەتكەندەك بولدى. خۇش پۇراق ئەتىر پۇرىغى ھەم خۇتۇن كىشىدىن كېلىدىغان باشنى ئايلاندۇرغۇچى قانداقتۇر پۇراق ئۇنىڭ بۇرنىغا كىرىپ، غىدىغلايتتى.

— بۇ تەلۋىلىك... بىلىمەن چارىسى يوق... دەيتتى ئۇ پىچىرلاپ ۋە داشانىڭ قولىنى قىسىپ. بىراق داشا قولىنى تارتىۋېلىپ، يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا دەھشەت باسقان كوزلىرى بىلەن بىر قارىدى-دە، غايىپ بولدى. كوچا تەرەپتىكى ئىشىك تاق قىلىپ يېپىلدى. بېسسونوۋ ئۇستەل يېنىغا كېلىپ، بىللۇر قۇتىنىڭ قاپقىغىنى تىرنىغى بىلەن چېكىپ تۇردى، كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىن تاماكا ئېلىپ چەكتى. كوزلىرىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ، ئۇزۇل-كېسىل كۇرەشكە ھازىرلىق كورۇۋاتقان ئاق ئوردېن، ئۇنى ئوزىگە تارتىش، ھەق يولغا سېلىپ

قۇتۇلدۇرۇش مەقسىدىدە مانا بۇ قىزغىن، گۈزەل، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى قىزنى ئەۋەتكەن دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ "قارا چاپانلىق ئاتلىقلار"نىڭ قولىغا ئاللىقاچان چۈشۈپ قالغان، ئۇنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. قانغا ئاستا-ئاستا سىڭە-ۋاتقان زەھەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ ئارمان ۋە پۇشايمان ئۆتى ياندۇرماقتا ئىدى.

# 8

— داشا، سەنمۇ؟ قېنى كىرگىن!

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئىشكاپ ئەينىكى ئالدىدا جىلتىكىسىنى ئېتىۋاتاتتى. ئۇ داشاغا قاراپ خوشياقمىغاندەك كۈلۈمسىرىدى-دە، تار سوكىسىز كەش كىيگەن ئاياقلىرى بىلەن گىلەم ئۈستىدە يۈرۈپ ئەينەككە قاراۋەردى، بىر تۇرۇپ ئالدىغا مېڭىپ، بىر تۇرۇپ ئارقىغا داجىپ قوياتتى. ئۇ ئۇچىسىغا تۈرلۈك چىلتەكلەر ۋە تورلار بىلەن بېزىتىلگەن ئىچ كوينەك كىيىۋالغان؛ چىرايلىق بىلەكلىرى ۋە يەلكىلىرىگە ئۇپا سېپىلگەن، چاچلىرى ئالامەت قىلىپ تارىلىپ، بېشىغا تاج قىلىپ تۈگۈلگەن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى پاكارغىنا ئۈستەلگە قايناق سۇ قۇيۇپ قويۇلغان؛ ئەتراپىدا تىرناق قايچىسى، تىرناق ئىگىكى، بوياق قەلەملەر، ئۇپا سۈركەيدىغان يۇمشاق پوپۇكلەر چېچىلىپ ياتىدۇ. بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۇ بوش ئىدى، ئويىدىكىلەر-نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا "پەيلىرىنى

رەتلەۋاتقان" ئىدى.

— ئويلاپ كورگىن، — دەيتتى ئۇ تور پايپىغىنىڭ بوقۇچىنى ئېتىپ تۇرۇپ، — ھازىر تۇپ-تۇز جىلتىكىلارنىڭ پوتىسىنى باغلىماس بولۇپ قاپتۇ. مانا، قارىغىن، بۇ يېڭى خىلى، دىۋكلى خېنىمىنىڭ ماگىزىنىدىن ئالدىم. بەلنى قىسىۋالمايدىكەن، بېلى ئىنچىكىلەرگە تېخىمۇ ئوبدان كېلىدىكەن. ساڭا ياقامدۇ؟

— ياق، ياقمايدۇ، — دىدى داشا. ئۇ قوللىرىنى كەينىگە قويۇپ، تامغا يولىنىپ تۇردى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئەجەپلىنىپ، قاشلىرىنى كوتەردى:

— راستىلا ياقمامدۇ-ھە؟ ۋاي ئەتتەڭەي! كىيگەندە ناھايىتى قولاي-دە.

— نىمىسى قولاي، كاتە؟

— بەلكى ساڭا جىلتىڭى ياقمىغاندۇ؟ باشقا خىلىغا ئالماشتۇرۇش مۇمكىن. ھەر ھالدا، چۈشىنەلمىدىم: ساڭا نىمىشقا ياقمايدۇ؟

ئۇ يەنە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ ۋە سول يانلىرىغا قاراپ چىقتى.

— جىلتىكىلىرىڭنىڭ يېقىش-ياقماسلىغىنى مېنىڭدىن سورىما، — دىدى داشا.

— نىكولاي ئىۋانوۋىچمۇ بۇنى زادى بىلمەيدۇ.

— نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوق.

— داشا، ساڭا بىر نەرسە بولدىمۇ، نىمە؟

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئەجەپلەنگىنىدىن ھەتتا ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى داشانىڭ ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرغىنىنى، چەشنى چىڭ چىشلەپ سوزلەۋاتقىنىنى ۋە يۈزى قىزىرىپ كەتكىنىنى

بايقىدى.

— مېنىڭچە، كاتە، ئەينەككە قاراۋېرىشنى تاشلىشىڭ كېرەك.

— ئۆزەمنى تۈزەپراق يۇرۇشۇم كېرەكقۇ — ئاخىر؟

— كىم ئۇچۇن؟

— قويساڭچۇ بۇ گېپىڭنى!...ئۆزەم ئۇچۇن-دە.

يالغان ئېيتىسەن!

شۇنىڭدىن كېيىن ئاچا-سىڭىل خىلىغىچە جىم بولۇپ قالىدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئورۇندۇقتا ئېسقىلىق تۇرغان توگە يۇڭىدىن توقۇلۇپ كوك شايى ئەستەر سىلىپ تىكىلگەن خالاتنى ئالىدى-دە، ئۇنى كىيىپ، بەلۋېغىنى خېلىغىچە باغلىدى. داشا ئۇنىڭ ھەركەت-لىرىنى دىققەت بىلەن كۈزىتىپ تۇردى، كېيىن مۇنداق دېدى:

— نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئالدىغا كىرىپ، پۈتۈن گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتىپ بەرگىن.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا خالىتىنىڭ بەلۋېغىنى تۇتۇپ خېلىغىچە ئۈنچىقماي تۇردى. خۇددى بىرەر نەرسە يۇتقاندەك، ئۇنىڭ تامى-غىدىن دومىلاق نەرسە بىرنەچچە مەرتىۋە ئۆتكىنى كورۇنۇپ تۇراتتى.

— داشا، بىرەر نەرسە بىلدىڭمۇ؟ — ئاستا سورىدى ئۇ.

— مەن ھازىر بېسسونوۋنىڭ ئالدىدا بولدۇم. (يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭغا قارىدىيۇ، ئەمما كوزىگە ھېچ نەرسە كورۇن-مىدى، بىردىن يۈزى ئاپپاق تاتىرىپ كەتتى، يەلكىلىرى كوتىرىل-دى). كوڭلۇڭگە شەك ئالمىساڭمۇ بولىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسە بولغىنى يوق. ئۇ ماڭا دەل ۋاقتىدا ئېيتىپ قالدى...

داشا ئىغىرلىغىنى بىر ئايىغىدىن ئىككىنچى ئايىغىغا يوتكىدى.

— سىنىڭ..ئەنە شۇنىڭ بىلەن...بولغىنىڭنى خىلىدىن بىرى سېزىپ يۈرەتتىم. ئەمما بۇنىڭغا ناھايىتى قەبىھ، ئىپلاسلىق دەپ ئىشەنمەيتتىم... سەن قورقاقلىق قىلىپ، نوقۇل يالغان گەپ قىلاتتىڭ ۋە ئالدايتتىڭ. مەن بۇ ئىپلاسلىقتا ياشاشنى خالىمايمەن...ئېرىڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرگىن.

ئالدىدا ھەدىسى بېشىنى ئېگىپ تۇرغىنىدىن، داشا ئارتۇق سۆزلىيەلمىدى. داشا ھەر نەرسە بولۇشىنى كۈتكەن ئىدى. ئەمما ھەدىسىنىڭ بېشىنى گۇناكاردەك ئېگىپ تۇرۇشىنى ھېچبىر كۈتمىگەن ئىدى.

— ھازىر كىرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى كاتە.

— ھە! ھازىرنىڭ ئۆزىدە... ئۆزەڭ بىلىشىڭ كېرەك...

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئازغىنا قىسقا بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ توختىدى ۋە:

— ئېيتالمايمەن، داشا، — دىدى. لېكىن داشا ئۈنچىقمايتتى. — ماقۇل، ھازىر كىرىپ ئېيتىمەن.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ مېھمانخانىدا، سوڭەكتىن قىلىنغان پىچاق بىلەن ساقىلىنى تاتىلاپ، ئاكۇندىننىڭ «رۇس ۋەقەلىرى» دىگەن ژورنىلىنىڭ يېقىنقى سانىدا بېسىلغان ماقالىسىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ماقالا باكۇنىننىڭ① ۋاپات بولغىنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇنى ھوزۇر قىلىپ ئوقۇۋاتاتتى.

ئۇ خوتۇنى كىرىشى بىلەن ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ دىدى:

---

① باكۇنىن (1814 — 1876) — روسىيە نارودنىكلىرىنىڭ نەزىرىيىچىسى، يېقىنقى زامان ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ماركسىزمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

— كاتيۇشا، ئولتۇر. مانا بۇ يېرىنى ئاڭلىغىن، نىمە دەپتۇ ئاڭلاپ باق... ”بۇ ئادەمنىڭ“، — باكۇنىننىڭ — ”ئۆزىگە ھەممىنى جەلپ قىلغۇچى خىسلىتى ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا ئەمەس، ئۆز ئىشىغا پۈتۈنلەي بېرىلگەنلىگىدىمۇ ئەمەس، بەلكى غايىلەرنى رېياللىقتا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى قىزغىنلىقىدا، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتى، — كېچىلىرى كىرىپىك قاقماستىن پرۇدون① بىلەن سوھبەت قىلىپ چىقىشى، مەرتلىك كۆرسىتىپ، كۈرەشنىڭ ئەڭ قىزىغان يېرىگە ئۆزىنى تاشلىغانلىغى، ھەتتا ئاۋستىرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كىم بىلەن ۋە نىمە ئۈچۈن كۈرەشۋاتقانلىرىنى ياخشى بىلمەستىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زەمبىرەكلىرىنى قورۇلغا ئېلىپ بېرىشلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ قىزغىنلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان. باكۇنىننىڭ روھى يېڭى سىنىپلار چوڭ كۈرەشكە تويلاۋاتقان قۇدرەتلىك كۈچىنىڭ سىمۋولىدۇر. غايىلەرنى رېياللاشتۇرۇش — كەلگۈسى دەۋرنىڭ ۋەزىپىسى. ئىشنىڭ جەريانى غايىلەرنى ھاياتنىڭ قارغۇلارچە ئېقىمىغا بوي سۇنغان پاكىتلار ئاستىدىن ئىزدەپ تېپىش ئەمەس، ئۇلارنى خىيالى بىر دۇنياغا ئېلىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە، غايىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق ماددى دۇنيانى يېڭىۋىلىشتۇر. رېياللىق — بىر دوۋە يېقىلغۇ، غايە بولسا ئۇچقۇن، بىر بىرىدىن ئايرىلغان، بىر بىرىگە قارشى بولغان بۇ ئىككى دۇنيا جاھان ئۆزگىرىشىنىڭ يالقۇنىدا بىر بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ كېتىشى كېرەك...“ ئۆزەڭ بىر ئويلاپ كۆرگىن، كاتيۇشا... ئاققا قارا بىلەن: ياشىسۇن ئىنقىلاپ

---

① پرۇدون (1809 — 1865) — فرانسىيە ئۇششاق بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسى ۋە جەمىيەتشۇناسى، ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ ئاساسچىسى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دەپ يازغان-ھە! بارىكاللا، ئاكۇندىن! ھەقىقەتەنمۇ ھازىر بۇ دۇنيادا يا ئۇلۇغ غايە يوق، يا ئۇلۇغ سەزگۈلەر يوق. ھۆكۈمەتكە يالغۇز كېلىچەكنىڭ دەھشىتىلا رەھبەرلىك قىلىدۇ. زىيالىلار يەپ-ئىچىشتىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدۇ. نوقۇل قۇرۇق گەپ ساتقىنىمىز ساتقان، كاتيۇشا، ئۆزىمىز كىكىرتىگىمىزگىچە پاتقاقتا پېتىپ كەتكەنمىز. خەلق تىرىكلىكىچە چىرىپ كەتمەكتە. روسىيىنى سىفىلىس بېسىپ كەتكەن، ھاراق ئىلكىگە ئېلىۋالغان. روسىيە چىرىپ كەتكەن، پۇۋ دىسەك، كۆلى كوككە سورۇلۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ياشاپ بولمايدۇ... ئۆزىمىزنى ئوتقا سېلىپ، تاۋلىۋېلىشىمىز كېرەك...

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ناھايىتى يۇمشاق، ھاياجانلانغان ئاۋاز بىلەن سۆزلەيتتى، كوزلىرى پاللىداپ، قولىدىكى پىچاق ھاۋادا ئوينايتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭ يېنىدا ئورۇندۇق ئارقىسىنى تۇتقىنىچە تۇراتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ سۆزلەپ بولۇپ، يەنە ژورنال ۋاراقلىرىنى كېسىشكە باشلىغاندا، ئۇ ئېرىگە يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قولىنى قويدى.

—كولىنكا ①، ھازىر ئېيتىدىغان سۆزۈم ساڭا ناھايىتى ئېغىر تېگىدۇ. مەن سېنىڭدىن يوشۇرماقچى ئىدىم، بىراق بۇنىڭ ئىلاجى بولمىدى...

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇنىڭ قولىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى.

—خوش، قۇلىغىم سېنىڭدە، كاتە.

—يادىڭدىمۇ، بىز بىر قېتىم ئۇرۇشۇپ قالغىنىمىزدا، مەن ساڭا

① نىكولاينىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئاچچىق قىلىپ مېنىڭدىن كوڭلۇڭ توق بولمىسۇن دىگەن ئەمەسمىدىم؟... كېيىن بۇ سوزۇمدىن يېنىۋالغان ئىدىم...

— ھە، يادىمدا، — دىدى ئېرى ۋە كىتاپنى بىر چەتكە قويۇپ، پۇتۇن گەۋدىسى بىلەن خوتۇنىغا ئۇرۇلدى. كاتەنىڭ ئاستاغىنا ۋە تەشۋىشسىز قارىشىنى كورگەن كوزلىرىدە ئەندىشە پەيدا بولدى.

— ئەنە شۇنىڭدا... مەن سىېنى ئالدىغان ئىدىم... مەن ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلدىم...

نىكولاي ئىۋانوۋىچ كۇلۇمسىرەشكە تىرىشتىيۇ، لېكىن بولمىدى، قاپىغى تۈرۈلدى، ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. ئارتۇقچە جىم بولۇشنىڭ ئىلاجى بولمىغاندىن كېيىن، بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن دىدى:

— ئېيتقىنىڭ ياخشى بولدى... رەھمەت، كاتە...

كاتە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى-دە، سويۇپ، كېيىن كوكسىگە باستى. بىراق ئېرىنىڭ قولى تىيىلىپ چۇشۇپ كەتتى، كاتە ئۇنى تۇتمىدى. يىكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئاستا گىلەمگە ئولتۇردى-دە، كىرىسلونىڭ كون قاپلانغان تۇتقۇچىغا بېشىنى قويۇپ:

— باشقا نەرسىنى ئېيتىشىمنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، كەتكىن، كاتە.

كاتە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئاشخانا ئىشىگىنىڭ يېنىدا بىردىن داشا ئۇنىڭغا ئۇچراپ، قۇچىغىغا ئېلىپ قىستى، چاچلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن ۋە قۇلاقلىرىدىن سويۇپ ئەركىلەپ تۇرۇپ سوزلىدى:

— كەچۇرگىن مېنى، كەچۇر!... ئاجايىپ، تېپىلمايدىغان جۇگانەسەن!... ھەممىسىنى ئاڭلىدىم... مېنى كەچۇرەمسەن، كەچۇرەمسەن مېنى، كاتە؟...

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭ قوچىغىدىن ئاستا چىقىپ، ئۇستەل يېنىغا كەلدى، داستىخاننى تۈزەتتى-دە، مۇنداق دىدى:

— مەن سىنىڭ ئېيتقىنىڭنى قىلدىم، داشا.

— كاتە، سەن مىنى كەچۈرەلەمسەن؟

— سەن ھەقلىق ئىدىڭ، داشا. شۇنداق بولغىنى تۈزۈك.

— مەن ھېچبىر ھەقلىق ئەمەس ئىدىم! ئاچچىغىم كەلگەن ئىدى... ئاچچىغىم كەلگەن ئىدى... سىنى ئەيىپلەشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوقلۇغىنى ئەمدى ئوزەممۇ كورۇپ تۇرۇپتىمەن. مەيلى، بىز جاپا چېكەيلى، بىز قانچە قىينالساق قىينىلايلى، ئەمما سەن — ھەقلىقسەن، مەن بۇنى سەزدىم، سەن تولۇق ھەقلىقسەن. كەچۈرگىن مىنى، كاتە.

داشانىڭ كوزلىرىدىن ياش مولدۇرلەپ ئاقاتتى، ئۇ ھەدىسىنىڭ ئارقىسىدا، بىر قەدەمچە نېرىدا تۇرۇپ ھە دەپ پىچىرلاپ:

— ئەگەر كەچۈرمىسەڭ، ياشاشنى خالىمايمەن، — دەيتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭغا ئورۇلۇپ قارىدى:

— نىمە قىلغىنى دەيسەن؟ سەن ھەممە نەرسىنىڭ يەنە جاي-جايىغا چۈشۈشىنى، يەنە ئالەم گۇلستان بولۇشىنى خالايسەن... مەن ساڭا ئېيتايمۇ؟... نىكولاي ئىۋانوۋىچ بىلەن بولغان تۇرمۇشىمىزنى يەنە بىرئاز سوزۇش ئۇچۇنلا شۇ ۋاقىتقىچە ئالداپ، ئۇنچىقماي كەلدىم... ئەمدى تامام... چۈشەندىڭمۇ؟ نىكولاي ئىۋانوۋىچنى خىلىدىن بېرى ياخشى كورمەيمەن، خىلىدىن بېرى ۋاپاسىزلىق قىلىپ كەلدىم. نىكولاي ئىۋانوۋىچ مىنى ياخشى كورەمدۇ-كورمەمدۇ، ئۇنىسىنى بىلمەيمەن، ئۇ ماڭا يېقىن ئادەم ئەمەس. چۈشەندىڭمۇ. سەن بولساڭ، قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى كورمەسلىك ئۇچۇن،

www.uyghurkitap.com

توگە قۇشتەك نوقۇل بېشىڭنى قولتۇغۇڭغا تىقىسەن. بۇ دەھشەتلىك نەرسىلەرنى مەن كوپ كورگەنمەن، بىلىمەن، شۇ ئىپلاس ۋە ھارام ھاياتتا ياشىدىم، چۈنكى مەن ئاجىز بىر ئايالمەن. سېنىمۇ شۇ ھايات ئوزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى كوردۇم. سېنى ئۇنىڭدىن ساقلاشقا تىرىشتىم، بېسسونوۋنىڭ بىزنىڭكىگە كېلىشىنى توختاتتىم...بۇ، ئۇ ۋەقەدىن ئاۋال ئىدى... ھە... مەيلى ئەمدى... ئەمدى ھەممىسى پۈتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بىردىن بېشىنى كوتىرىپ، قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. داشانى قورقۇنچ بېسىپ، يەلكىلىرى مۇزلاپ كەتتى. ئىشىكتىن، پەردە ئارقىسىدىن نىكولاي ئىۋانوۋىچ چىقىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

— بېسسونوۋمۇ؟ — سورىدى ئۇ كۇلۇمسىرەپ ۋە بېشىنى چايقاپ. كېيىن ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىچىقمىدى. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كوزلىرى قۇرىدى؛ لەۋلىرى مەھكەم يۇمۇلدى.

— سەن گېپىمىزنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دەپ ئويلىساڭ كېرەك، كاتە. بىكارغا ئويلايسەن.

ئۇ ھامان كۇلۇمسىرەيتتى:

— داشا، ئىككىمىزنى يالغۇز قويغىن، چىقىپ تۇر.

— ياق، چىقمايمەن، — داشا ھەدىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇۋالدى.

— ئەگەر مەن سورىسام، چىقىسەن.

— ياق، چىقمايمەن.

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئويىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

— چىقىپ كېتىۋەر، — دېدى داشا ئۇنىڭغا دەھشەت بىلەن قاراپ.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ بوزۇرۇپ-تاتىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ كوزلىرىدە دەررۇ ئىلگىرىكى ھالەت — پەيلى خۇش تەلۋىلىك ئەكس ئەتتى.

— مەيلى، قالغىنىڭ يەنە ياخشى. گېپىمگە قۇلاق سالغىن، كاتە... ھازىر سەن مېنى تاشلاپ چىققان جايدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئومرۇم داۋامىدا ئادەم بالىسى كەچۈرەلمەيدىغان نەرسىنى پەقەت بىرنەچچە مىنۇت داۋامىدىلا كەچۈردۈم... مەن سېنى ئولتۇرۇش كېرەك دىگەن نەتىجىگە كەلدىم... ھە، ھە، شۇنداق.

داشا بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، ھەدىسىنى ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلىۋالدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ لەۋلىرى نەپرەت بىلەن تىترىدى.

- ئەسەبى تۇتقاقلىغىڭ قوزغىلىپتۇ... سۇمبۇل شىرنىسى ئىچ، نىكولاي ئىۋانوۋىچ...

— ياق، كاتە، بۇ قېتىمقىسى تۇتقاق ئەمەس...

— بولمىسا، قىلىدىغىنىڭنى قىل، — دەپ ۋاقىرىدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، ئۇ داشانى ئىتتىرىپ تاشلىدى ۋە نىكولاي ئىۋانوۋىچ-نىڭ ئالدىغا يېقىن باردى، — قېنى قىل! ئوزەڭگە ئېيتىمەن: سېنى ياخشى كورمەيمەن!

نىكولاي ئىۋانوۋىچ كەينىگە شوخشىدى ۋە ئىشىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقارغان كىچىككىنە "ئايال" تاپانچىسىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى-دە، بارماقلىرىنى ئاغزىغا سېلىپ چىشلىدى، كېيىن قايرىلىپ، ئىشىك تەرەپكە كەتتى. كاتە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئارقىسىغا بۇرۇلماي:

— يۈرەك-باغرىم پارە بولدى... ئاھ، قانداق ئېغىر... دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، كەينىدىن يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە قاراتتى ۋە:
ــ يالغان ئېيتىسەن... يالغان ئېيتىسەن... ھازىرقى گېپىڭمۇ يالغان...ــ دېدى.
بىراق، نىكولاي ئىۋانوۋىچ بېشىنى چايقىدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۈستەل يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:
ــ مانا، داشېنكا، ئۈچىنچى پەردىدىن بىر كورۈنۈش، ئادەم ئولتۇرۇشمۇ بار. مەن ئۇنى تاشلاپ كېتىمەن.
ــ كاتيۇشا... نىمە دېگىنىڭ بۇ...
ــ كېتىمەن، بۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايمەن. بەش يىلدىن كېيىن قېرىيمەن، ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ خىلدا ئارتۇقچە ياشاشقا تاقىتىم قالمىدى... بۇ تۇرمۇشتىن بەك بىزار بولدۇم!
ئۇ يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن يېپىپ، بېلىگىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئولتۇردى. داشا ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، ھەدىسىنىڭ يەلكىسىدىن پات ـ پات ۋە ئاستا سويەتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بېشىنى كوتەردى:
ــ مېنى ئۇنىڭغا ئېچىنمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇنىڭغا دائىم ئېچىنىمەن. ئەمما ئوزەڭ ئويلاپ كورگىن: ھازىر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرسەم، ئىككى ئوتتۇرىمىزدا ئۇزۇنىدىن ـ ئۇزۇن، مۇتلەق ساختا سوزلەر ئۈستىدە گەپ قىلىنىدۇ...خۇددى ئىككى ئارىدا قانداقتۇر بىر ئىبلىس ساختىلىق قىلىۋاتقاندەك بولىدۇ... بۇزۇق رايالنى چال-غاندا قانداق بولسا، نىكولاي ئىۋانوۋىچ بىلەن سوزلەشكەندىمۇ شۇنداق... ياق، جەزمەن كېتىمەن... ئاھ، داشېنكا، يۈرىگىمنىڭ قانچىلىك سىقىلىپ كەتكىنىنى بىلسەڭ ئىدىڭ!

كەچقۇرۇن يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بىرنىمە قىلىپ ئېرىنىڭ كۇتۇپ-خانىسىغا كىردى.

ئەر-خوتۇن غەمكىن ۋە ئاستا ئاۋاز بىلەن ئۇزاق سوزلەشتى، ئۇلار بىر بىرىگە هالال سوزلەشكە، بىر بىرىنى ئايىماستىن سوزلەشكە تىرىشتى، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، ئىككىلىسى بۇ سوهبەتتىن كېيىن هېچقانداق نەتىجىگە كېلىشەلمىدى، هېچ نەرسە ئېنىق بولمىدى ۋە ئۇلاردا ئالاقە جايىغا كەلمىدى، دىگەن چۇشەنچە قالدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ يالغۇز ئوزى ئۇستەل يېنىدا تاڭ ئاتقىچە ئولتۇرۇپ ئاھ تارتىپ چىقتى. ئۇ شۇ كېچىسى (بۇنى كاتە كېيىن بىلدى) پۇتۇن ئومرىنى بىر-بىردىن كوزدىن كەچۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ نەتىجىسى خوتۇنىغا يازغان ئۇزۇندىن-ئۇزۇن مەكتۇپ بولدى، خەت مۇنداق تاماملانغان ئىدى: "شۇنداق، كاتە، هەممىمىز ئەخلاق مەسىلىسىدە خالتا كوچىغا كىرىپ قالغانمىز. كېيىنكى بەش يىل داۋامىدا مەندە ئازراقمۇ كۇچلۇك هىس بولمىدى، كوزگە كورۇنگۇدەك بىرەر چوڭ ئىشمۇ بولمىدى. هەتتا ساڭا بولغان مۇهەببىتىم، بىزنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمىزمۇ ئالدىراشلىقتا ئوتكەندەك بولدى. هاياتىم يۇزە، يېرىم ئەسەبى هايات، خۇددى دائىم نەشە چەككەندەكمەن. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىككى ئىلاجى بار: يە ئوزەمنى ئوزەم ئولتۇرۇشۇم كېرەك، يە بولمىسا، پۇتۇن پىكرىم، سەزگۇلىرىم، ئېڭىمنى قاپلاپ ياتقان روهىي پەردىنى يىرتىپ تاشلىشىم كېرەك. يە ئۇنىسىنى، يە بۇنىسىنى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ...."

ئائىلە چاتىغى شۇ دەرىجىدە تۇيۇقسىزدىن باشلىنىپ، تىنىچ تۇرمۇش شۇنچىلىك چاپسان بۇزۇلۇپ كەتتىكى، داشانىڭ بېشى گاڭگىراپ، ئوزى توغرىسىدا ئويلىمايمۇ قويىدى؛ قىزلىق كەيپىياتلار

نىمىسى، بولمىغان گەپ ئىكەن ھەممىسى.

داشا كاتەنىڭ ئىشىگى ئالدىغا بىرنەچچە مەرتىۋە كېلىپ، ئىشىكنى ئىرنىغى بىلەن تاتىلىدى. كاتە بولسا:

— داشېنكا، ئۆزەمنى يالغۇز قوي، جېنىم، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ شۇ كۈنلەردە سوتتىنا نۇتۇق سوزلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئويىدىن ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ، ئۈچ ۋاقىتلىق تاماقىنى ئاشخانىلاردا يەيتتى ۋە ئويىگە كەچ قايتاتتى. ئۇنىڭ باج ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى لادىنكوۋنىڭ خوتۇنى زويە ئىۋانوۋنانى ئاقلاپ سوزلىگەن نۇتقى سوتچىلارنى ۋە زالدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى تىترىتىۋەتتى. زويە ئىۋانوۋنا لادىنكوۋا پېتىربۇرگلۇق بىر كىشىنىڭ ئوغلى، ئوز ئويىنىشى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شىلىپپىنى گوروخوۋايا كوچىسىدىكى ئويلەرنىڭ بىرىدە ئورۇندا ياتقاندا بوغۇزلاپ قويغان ئىدى. خوتۇنلار ھوكىرەپ يىغلىۋەتتى. گۇناكار زويە ئىۋانوۋنا ھە دەپ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يولەنچۈكىگە ئۇراتتى ۋە ئۇنى ئاقلايتتى.

يۈزى تاتىرىپ كەتكەن، كوزلىرى تورلاشقان نىكولاي ئىۋانوۋىچ سوتتىن چىققاندا، ئۇنى بىرتالاي خوتۇن كىشى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۈستىگە گۈل تاشلايتتى. ۋاڭ-چۇڭلىشىپ قوللىرىدىن سويۈشەتتى. ئۇ سوتتىن توپ-توغرا ئويىگە قايتىپ، كاتە بىلەن كوڭلى يۇمشىغان ھالدا سوزلەشتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا چامادانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويغان ئىكەن. نىكولاي ئىۋانوۋىچ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغا بېرىشقا چىن كوڭلىدىن مەسلىھەت بېرىپ، خىراجەت ئۈچۈن قولىغا ئون ئىككى مىڭ سوم پۇل ئالدى، شۇ گەپ ئۈستىدە ئۆزىمۇ پۈتۈن ئىشلارنى ياردەمچىسىگە تاپشۇرۇپ، دەم ئېلىش ۋە ئويدان پىكىر قىلىۋېلىش ئۈچۈن

قىرىمغا كېتىشنى قارار قىلدى. ئۇلار ۋاقىتلىق ئاجرىشىپ كېتىشۋا-تامدۇ ياكى پۈتۈنلەيمۇ، كىم كىمنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ تېخىچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇ جىددى مەسىلىلەر يولغا ئاتلىنىش، كېتىش ھەركەتلىرى بىلەن پۈختا نىقاپلانغان ئىدى.

ئۇلار داشانى ئۇنتۇغان ئىدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئاخىرقى مىنۇتلاردىلا ئاندىن ئۇنى يادىغا كەلتۈردى، ئۇ چاغدا ئۇ ئۇچىسىغا كۆلرەڭ ساياھەت كىيىمى، بېشىغا چىرايلىق شلەپىسىنى كىيىپ، يۈزىگە تور تۇتۇۋالغان ئىدى، ئورۇق، غەمكىن ۋە يېقىملىق كورۇ-نەتتى، ئۇ مېڭىپ دالانىغا چىققاندىلا، ئاندىن داشانىڭ بىر ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىغا كوزى چۈشتى. داشا پۇتلىرىنى پۈلاڭلىتىپ ئولتۇرۇپ، تاماق بۇيرۇشنى ئۇنتۇغانلىقى ئۈچۈن، مۇراببا نېنى يەپ تۇرغان ئىدى.

— جېنىم دانيۇشام، — دىدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، سىڭلىسىنى يۈزىدىكى تور ئۈستىدىن سويۇپ، — سەنچۇ، سەن نىمە قىلىسەن؟ ئەگەر خالىساڭ ئوزەم بىلەن ئېلىپ كېتەي.

ئەمما داشا ئۇلۇغ موغول بىلەن قالىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاننى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ماينىڭ ئاخىرلىرىدا كېتىپ، يازنى ئاتىسىنىڭ قېشىدا ئوتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

# 9

داشا ئويدە يالغۇز قالدى. ئەمدى ئۇنىڭغا چوڭ-چوڭ بولملەر

ناھوزۇر تۇيۇلاتتى، ئۇيدىكى بۇيۇملارمۇ ئارتۇقچە كۆرۈنەتتى. ئىگىلىرى كەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانىدىكى كۆپ شەكىلدىكى رەسىملەرمۇ ئۇچۇپ-ئۆچۈپ، كىشىگە دەھشەتلىك تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. پەردىلەر يىغىپ قويۇلغان پېتى تۇراتتى. ئۇلۇغ موغۇل ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۆيلەرنى ئايلىنىپ، چاڭلارنى خوراز قانىتىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ بىلەن سۈپۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۆي ئىچىنى قانداقتۇر باشقىچە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئېغىر چاڭ بېسىپ كېتە-ۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ھەدىسىنىڭ بۇ ئۆيدە قانداق ياشىغانلىقىنى خۇددى كىتابتىن ئوقۇپ بىلگەندەك بىلىش مۇمكىن ئىدى. ئەنە ئاۋۇ بۇلۇڭدا كىچىك-كىنە رەسىم سىزىش جازىسى ئۈستىگە بايىلا سىزىلغان رەسىم قويۇق-لۇق تۇرۇپتۇ: بېشىغا ئاق گۈل چەمبەر تاقىغان ۋە ئىككى كۆزى يۈزىنىڭ يېرىمىنى ئالغۇدەك يوغان قىلىپ سىزىلغان قىز. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا تۇرمۇشىنىڭ دەھشەتلىك باردى-كەلدىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شۇ رەسىم سىزىش جازىسىنى ئېلىپ، رەسىم سىزىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماقچى بولغان ئىدى، ئەمما ئۇ ئۇنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمايتتى، ئەلۋەتتە. مانا قەدىمىي شەكىلدە ياسالغان ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىلىرى، يىڭنە ئىشلىرى، پارچە-پۇرات لاتىلار بىلەن لىق تولغان — ھەممىسىلا پۈتمەي تاشلاپ قويۇلغان — بۇلارمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كىتاب ئىشكاپىمۇ مالىمان تۇرۇپتۇ — يىغىشتۇرىمەن دەپ چالا تاشلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك. ھەممە يەردە ۋاراقلىرى چالا قىيىۋېتىلگەن كىتابلار، يوگا① كىتابلىرى، ئىنسانشۇناسلىقتىن ئامباپ لېكسىيەلەر،

① ھىندىستاندىكى سىرلىق دىنىي پەلسەپە. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىل-غۇچىدىن.

شېرلار، رومانلار تاشلانغان. ياخشى تۇرمۇشنى باشلاش ئۈچۈن نەقەدەر ئۇرۇنغان، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىغان ئىشقا نەقەدەر تىرىشىپ كۆرگەن-ھە! داشا پەدەز ئۈستىلىدىن كۈمۈش رەڭلىك دەپتەرچە تاپتى. ئۇنىڭدا: كويىنەك 24، لىپىتىك 8، چىلتەكلىك لىپىتىك 6... كېرىپىنىسكى ئائىلىسىدىكى «ۋانە تاغا»غا① ئويۇن بېلىتى...“ دەپ يېزىلغان، كېيىن، باللارنىڭ خېتى بىلەن: ”داشاغا ئالما توقچىدىن بىر پارچە سېتىۋالدىم“ دەپ يېزىلغان.

داشا ئەسلىدى: مانا بۇ ئالما توقچى زادىلا سېتىۋېلىنمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەدىسىگە رەھمى كېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ھەدىسى مېھرىۋان، نازۇك ئىدى، ئۇ بۇ خىلدىكى تۇرمۇشقا بەكمۇ سەزگۈر ئىدى، ھەر تۈرلۈك نەرسىگە يېپىشىپ كۆڭلىگە ئارام بېرىشكە، يىمىرىلىش ۋە پۈكۈلۈشتىن ئۆزىنى ساقلاشقا ناھايىتى تىرىشاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە، ھېچقانداق كىشى زادىلا ياردەم بېرەلمەيتتى.

داشا ئەتىگەن تۇرۇپ، كىتاپ ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ”ئەلا“ دەرىجىدە بېرىپ بولدى. كۈتۈپخانىدا تېلېفون توختىماي جاراڭلاپ تۇراتتى، بۇ چاغدا ئۇ ھەمىشە ئۇلۇغ موغولنى تېلېفوننى ئېلىشقا ئەۋەتەتتى، ئۇلۇغ موغول: ”جاناپلار كېتىشكەن، خانىم قىز تېلېفوننىڭ يېنىغا كېلەلمەيدۇ“ دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

داشا كەچقۇرۇنلۇغى خېلىغىچە رايال چېلىپ ئولتۇراتتى. مۇزىكا ئۇنى ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ھاياجانلاندۇرالمايتتى، ئۇ ئۆزى بىلمە-

① چىخوۋ (1860 — 1904)نىڭ سەھنە ئەسىرى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

گەن ئاللىقانداق نەرسىلەرنى ئارتۇقچە خالىمايتتى، يۈرىكى بولسا تەشنالىق بىلەن ئۇرمايتتى. ئۇ ئەمدى ئىككى يىلدا يىلىپ تۇرغان شام يورۇغىدا، نوتا دەپتىرىگە قاراپ ئاستا ۋە جىم ئولتۇرۇپ، قۇرۇق بولۇپ قالغان بۇ ئۆينىڭ ئەڭ ئۇزاق بولۇڭلىرىغىچە بېرىپ يېتىدىغان تەنتەنىلىك مۇزىكا ئاۋازلىرى بىلەن ئۆز يۈرىكىنى، ئۆز ۋۇجۇدىنى يۇياتتى ۋە تازىلايتتى.

بەزىدە مۇزىكا چېلىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ كىچىك دۈشمەنلىرى — چاقىرىلمىغان خاتىرىلەر پەيدا بولاتتى. شۇ ۋاقىتتا داشا قوللىرىنى رايالدىن ئېلىپ، خىيال سۈرۈپ قالاتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى شۇنداق جىمجىتلىق باساتتىكى، ھەتتا شامنىڭ چىرسىلداپ يېنىشىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېيىن داشا قاتتىق ئۇھ تارتاتتى-دە، قوللىرى يەنە سوغاق ئاۋاز پەردىلىرىگە تېگىپ تۇراتتى. كىچىك دۈشمەنلەر بولسا، خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان چاڭ ۋە غازاڭدەك، چوڭ ئۆيدىن قاراڭغۇ دالانغىمۇ، ئىشكاپلارنىڭ ئارقىسىغىمۇ ئۇچۇپ چىقىپ كېتەتتى... بېسسونوۋنىڭ ئىشىكنى ئۇرغان، بىچارە كاتەگە ئاچچىق سۆزلەرنى ئېيتقان داشا ئەمدى يوق. تەنتەك قىز پالاكەت كەلتۈرۈشكە سەل قالدى-ھە! ئەجەپ ئىش! خۇددى دەرىزىدە يانغان چىراق مۇھەببەتتىن دېرەك بەرگەندەك؛ ئەمما ھېچقانداق مۇھەببەت يوق ئىدىغۇ!

داشا سائەت ئون بىرلەردە رايالنى يېپىپ، شامنى ئۆچۈرۈپ، ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئەمدى چاپسانراق مۇستەقىل ھايات باشلىماقچى بولغان، ئۆزى ئىشلەپ پۇل تېپىش، كاتەنى يېنىغا ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن.

داشا مايىنىڭ ئاخىرىدا ئىمتىھانلارنى بېرىپ بولۇپلا، ۋولگا بىلەن

رىبىنىسىك ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەتتى. ئۇ كەچقۇرۇن پويىزدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇ كېچىدە ۋە قارا سۇدا پاقىراپ تۇرغان ئاپپاق پاراخوتقا چۈشتى، تاپ ـ تازا ئامبارغا ئۆز بۇيۇملىرىنى جايلاشتۇردى، چاچلىرىنى ئورۇپ، مۇستەقىل ھاياتىنىڭ باشلىنىشى يامان ئەمەس دەپ ئويلىدى، كېيىن بېشىنى جەينىكىگە قويۇپ، ئۆز بەختىگە خوشال بولغىنىدىن كۆلۈمسىرەپ، پاراخوتنىڭ بىر خىل سىلكىنىشى ئاستىدا ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ پاراخوت ئۈستىدىن ئاڭلانغان قاتتىق دۇكۇر ـ دۇكۇردىن ئويغاندى. پاراخوت دەرىزىسىدىن چۈشۈۋاتقان ئاپتاپ يۇز ـ قول يۇيۇدىغان ئىدىشىنىڭ قىزىل چاچپىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى. شايىدىن قىلىنغان پەردىنى لەپىلدىتىدىغان شامال ئالللقاياقتىن گۈل پۇرىقىنى ئۇچۇرۇپ كەلدى. داشا دەرىزىسىنى ئاچتى. پاراخوت پاكا قىرغاق يېنىدا تۇراتتى؛ دەريانىڭ دەرەخ يىلتىزلىرى قومۇرۇلۇپ چىققان بويىدا قارىغاي تاختايدىن ياسالغان ساندۇق قاچىلانغان پويىز تۇراتتى. بىر تاي سۇ ئىچىدە ئورۇق ئاياقلىرىنى كېرىپ، سۇمۇرۇپ ـ سۇمۇرۇپ سۇ ئىچەتتى. قىرغاقنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە قىزىل كىرىست شەكلىدىكى مۇنار كوزگە چېلىقاتتى.

داشا كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، يۇيۇنۇش قاچىسىغا سۇ قاچىلاپ، بولۇت بىلەن بەدىنىنى سۇرتۇشكە كىرىشتى. سۇ مۇزدەك ئىدى، ئۇ ئەندىكىپ كەتكىنىدىن كۆلۈپ، تىزلىرىنى قوسىغىغىچە كوتىرىپ پۈكتى. كېيىن تونۇگۇن كەچقۇرۇن تەييارلاپ قويغان ئاق پايپىغىنى، ئاق كوينىكىنى ۋە ئاق شىلەپىسىنى كىيدى ــ بۇلار ئۇنىڭغا ناھايىتى ياراشقان ئىدى، ئۇ ئۆزىنى مۇستەقىل، ئەدەپلىك، تەمكىن، شۇنداقتىمۇ ناھايىتى بەختلىك سەزگەن پېتى پاراخوت ئۈستىگە

چىقتى.

قۇياش نۇرى ئاپپاق پاراخوتنىڭ ھەممە تەرىپىگە چۈشۈپ تۇراتتى، سۇغا قارىغىلى بولمايتتى، دەريا پارقىراپ، تاۋلىنىپ تۇراتتى. نېرىقى ئېگىز قىرغاقتىن، قېيىن دەرەخلىرىنىڭ ئىچىگە يېرىمىغىچە چوكۇپ كەتكەن كونا چېركاۋنىڭ ئاق تاملىرى كۆرۈنەتتى.

پاراخوت قوزغىلىپ، تۇمشۇقى بىلەن بۇرۇلۇپ، دەريا ئېقىمىغا ئۈزۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى تەرەپتىن قىرغاقلار يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. توپىلىكلەرنىڭ كەينىدىن خۇددى غۇلاپ چۈشكەندەك، ئاندا-ساندا قومۇشلىرى قارىيىپ كەتكەن ئۆيلەر كۆرۈنۈپ قالىدۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن توپ-توپ بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن كۆپ-كۆك ھاۋا كۆرۈنۈپ قالىدۇ، دەريانىڭ كۆك-ساغۇچ يۈزىگە بۇلۇتلارنىڭ ئاپپاق ئەكسى چۈشۈپ تۇرىدۇ.

داشا تال چىۋىقتىن توقۇلغان كىرىسلودا ئاياقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغىنىچە پارقىراق دەريا سۈيىنىڭ بۇرۇلۇشلىرىغا، بۇلۇتلارغا، ئۇلارنىڭ سۇدىكى ئاق ئەكسلىرىگە، قېيىنلىق دۆڭلەرگە، كۆپ-كۆك ئوتلاقلارغا قاراپ تاماشا قىلاتتى، ئۇ گايىدا سازلىق ئوتلىرىنىڭ پۇرىقىنى ئۇچۇرۇپ كەلتۈرۈۋاتقان شاماللارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋۇجۇدى ئارقىلىق ئۆتۈپ، يۈرىكى تىنچ بەخت بىلەن تولۇپ تاشقىنىنى، پارلاۋاتقىنىنى سېزەتتى.

كىمدۇر بىرى ئاستا مېڭىپ، پاراخوت پەنجىرىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغاندەك بولدى. داشا ئۇنىڭغا دىققەت قىلماسلىققا بىرنەچچە مەرتىۋە تىرىشتى، ئۇ ھامان ئەنە شۇ يەردە تۇراتتى. داشا ئەمدى ئۇنىڭغا پەقەت قارى-

ماسلىق قارارىغا كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ قىزغىن تەبىئىتى ئۇزىگە باشقا ئادەمنىڭ قاراپ تۇرۇشىغا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ ناھايىتى قىزىرىپ كەتتى ـ دە، غەزەپ بىلەن ئورۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان تېلىپگىن بولۇپ، تۇۋرۇكنى تۇتقىنىچە، يە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا، يە بارماسلىققا، يە كوزدىن غايىپ بولۇشقا جۇرئەت قىلالماي تۇراتتى.
داشا بىردىن كۇلۇۋەتتى. تېلىپگىن ئۇنىڭغا قانداقتۇر تايىنىسىز خۇش چاخچاقلىق ۋە مېھرىۋانلىقنى ئەسلەتتى. گەۋدىسى كەڭ، ئاق پەلتو كىيگەن قۇۋۋەتلىك ۋە ئۇياتچان ئىۋان ئىلئىچمۇ خۇددى شۇ تىنچ دەريانىڭ مەنزىرىسىدەك پەيدا بولغان ئىدى. شۇ ئەھۋالدا داشا ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى. تېلىپگىن مۇنداق دىدى:
— پاراخوتقا چۇشكىنىڭىزنى كورگەن ئىدىم. ئەمىلىيەتتە ئىككىمىز پېتېربۇرگدىن بىر ۋاگوندا كەلدۇق. ئەمما مەن يېنىڭىزغا كېلەلمىدىم. تەشۋىشىڭىز كوپ بولسا كېرەك... دەخلى قىلىۋاتمەنمۇ؟
— ئولتۇرۇڭ، — دىدى داشا ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا توقۇلما كىرىسلو سۇرۇپ قويدى، ئاتامنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن. سىزچۇ؟
— تېخى ئۇزەممۇ بىلمەيمەن. ھازىرچە، كىنېشمىغا، ئاتا ـ ئانىلىرىمنىڭكىگە.
تېلىپگىن داشانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بېشىدىن شلەپىسىنى ئالدى. قاشلىرى كوتىرىلدى، پىشانىسى تۇرۇلدى. ئۇ كوزلىرىنى قىسىپ پاراخوت تېگىدىن كوۋۇكلەپ چىقىۋاتقان سۇغا قاراشقا باشلىدى. سۇ ئۇستىدە ئۇچۇپ يۇرگۇچى، قاناتلىرى ئوتكۇر بېلىقچى قۇشلار يالۋۇرغاندەك ۋاقىرىشىپ، گايىدا سۇغا چۇشەتتى، گايىدا يەنە كوتىرىلەتتى. كېيىن پاراخوتتىن خېلى ئارقىدا قېلىپ، سۇدا لەيلەپ كېتىۋاتقان بىر پارچە نان ئۇچۇن بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشاتتى.

— تولىمۇ ئاجايىپ كۈن ـ ھە، داريە دمىترىيېۋنا.
— خويمۇ ئاجايىپ بىر كۈن بولدى ـ ھە، ئىۋان ئىلئىچ! شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ چىقتىم دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇۋىدىم. بىر ۋاقىتتا، كوچىدا گەپلەشكەنلىرىمىز يادىڭىزدىمۇ؟
— ھەر بىر سۆز يادىمدا، داريە دمىترىيېۋنا.
— شۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغىنى بولدى! بىر كۈنى ئېيتىپ بېرەمەن، — خىيال سۈرۈپ بېشىنى چايقىدى، — پېتېربۇرگدا ئەقلىدىن ئاداشمىغان يالغۇز سىز ئىدىڭىز، ماڭا شۇنداق تۇيۇلغان ئىدى، — داشا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ يېڭىگە قولىنى قويدى. ئىۋان ئىلئىچ سەسكىنىپ، كوزلىرى نۇرسىزلاندى، كالپۇكلىرى يۇمۇلدى، — مەن سىزگە قاتتىق ئىشىنىمەن. ئىۋان ئىلئىچ، سىز ناھايىتى ئىرادىلىك كىشىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— ئىرادە قاياقتا دەيسىز...
— يەنىلا توغرا ئادەمسىز، — داشا ئۆز پىكرىنىڭ ئېنىق، مېھرىۋان، سويۇملۇك پىكىر ئىكەنلىكىنى سەزدى، ئىۋان ئىلئىچنىڭ پىكىرلىرىمۇ خۇددى شۇنداق، ئىشىنىشكە بولىدىغان، ئىرادىلىك پىكىرلەر ئىدى. كوڭۇلگە توغرا كەلگەن ھىس دولقۇنلىرىنى ئىزھار قىلىش خۇسۇسەن راھەت ۋە لەززەت ئىدى، — مېنىڭچە، سىز، ئىۋان ئىلئىچ، ئەگەر بىر كىشىنى ياخشى كورۇپ قالسىڭىز، مەرتىلەرچە، قاتتىق ياخشى كورىسىز. ئەگەر بىرەر نەرسىگە كىرىشسىڭىز، ھېچبىر قايتمايسىز.
ئىۋان ئىلئىچ جاۋاپ بەرمەستىن، قولىنى يانچۇغىغا سېلىپ، بىر پارچە نان چىقىرىپ، سۇ ئۈستىدىكى قۇشلارغا تاشلاشقا باشلىدى. بىر توپ ئاق بېلىقچى قۇش چىقىرىشىپ، ناننى تالىشىشقا باشلىدى.



داشا بىلەن ئىۋان ئىلئىچ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پاراخوتنىڭ چېتىگە كەلدى.

— مانا مانىڭغا تاشلاڭ، — دېدى داشا، — كۆردىڭىزمۇ، ناھايىتى ئاچ كورۇنىدۇ.

تېلېگىن قالغان بىر پارچە ناننى يىراققا قارىتىپ ئاتتى. كاللىسى يوغان سېمىز بىر بېلىقچى قۇش خۇددى پىچاقتەك ئۇتكۇر ۋە قىمىر قىلمىغان قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچتى. بىراق نانىنى تۇتالمىدى. بىردىنلا ئونچە قۇش كوۋۇكلەنگەن سۇغا بېرىپ چۇشكەن ناننىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كەتتى. داشا سوزلىدى:

— بىلەمسىز، مەن قانداق خوتۇن بولۇشنى خالايمەن؟ كېلەر يىل ئوقۇشنى پۇتتۇرۇپ، ئىشقا كىرىمەن، نۇرغۇن پۇل تاپىدىغان بولىمەن، كاتەنى ئوز يېنىمغا ئالىمەن. مانا بۇنى كورۇپمۇ قالارسىز، ئىۋان ئىلئىچ.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، تېلېگىننىڭ تەلەتى پورۇشتى، ئۇ ئوزىنى كۇلكىدىن ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى، كېيىن ئاغزى ئېچىلدى-دە، سەدەپتەك قاتار چىشلىرى كورۇنۇپ، شۇنداق قاقاقلاپ كۇلۇۋەتتىكى، كوزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. داشا قىزىرىپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭمۇ ئىچىگى تىترەپ، ئوزى خالىمىسىمۇ، تېلېگىنگە ئوخشاش قاقاقلاپ كۇلۇشكە باشلىدى، نىمىشقا كۇلگىنىنى ئوزىمۇ بىلمەيتتى.

— داريە دمىترىيېۋنا، — دېدى ئاخىر تېلېگىن، — سىز ناھايىتى ئاجايىپ... راستىنى ئېيتسام، سىزدىن ئولگۇدەك قورقاتتىم... ئەمما ناھايىتى ئاجايىپ قىز ئىكەنسىز!

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، يۇرۇڭ، ناشتا قىلىمىز، — دېدى داشا

ئاچچىق بىلەن.

— بارمامدىغان.

ئۇۋان ئىلئىچ ئاش ئۇستىلىنى پاراخوت ئۇستىگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ناشتىغا ئولتۇرغاندا، تازا قىرىلغان ئىڭىكىنى ھە دەپ سىلاپ-سىپاپ، تائاملارنىڭ نامىلىرى يېزىلغان قەغەزگە قارايتتى.

— بىر بوتۇلكا ئاق ۋىنو ئەكەلدۇرسەك، نىمە دەيسىز، دارىيە دمىترىيېۋنا؟

— بىرئاز ئىچىمەن.

— ئېقىدىنمۇ، قىزىلىدىنمۇ؟

داشامۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش قىسقىلا جاۋاپ بەردى:

— قايسىسىدىن بولسا مەيلى.

— ئۇنداق بولسا، چېرىلدايدىغىنىدىن ئىچىمىز.

پاراخوت ئاچ-كوكۇمتۇل بۇغدايلار، يېشىل-ماۋى قارا بۇغدايلار، چېچەكلەۋاتقان يالىڭاچ ئارپىلار بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان ئىگىز-پەس قىرغاقنى بويلاپ باراتتى. بۇرۇلۇشتىن كېيىن تىك كېسىپ چۈشكەن قىرغاقتا، قىغ توپىدە، ئۇستى پاخال بىلەن يېپىلغان پاكار ئويلەر، ئۇلارنىڭ يالتىرىغان دەرىزىلىرى كورۇندى. نېرىراقتا يېزا گورىستانى، ئۇنىڭدا ئونچە كىرىست، خۇددى ئويۇنچۇققا ئوخشىغان ئالتە قاناتلىق، بىر بېقىنى سۇنۇپ چۈشكەن شامال تۇگمىنى تۇراتتى. قىرغاقتا بىر توپ ئوغۇل بالا سۇغا تاش ئېتىشىپ (ئاتقان تاشلىرى ھەتتا سۇغىمۇ يەتمەيتتى)، پاراخوت كەينىدىن چېپىشىپ باراتتى. پاراخوت بۇرۇلدى، پاكار-پاكار چاتقاللىق باسقان، ئۇنىڭ ئۇستىدە بۇركۇت پەرۋاز قىلىپ يۇرگەن كىشىسىز قىرغاق كورۇندى.

ئىللىق شامال ئاق داستىخاننى ۋە داشانىڭ كوينىگىنى لەپىلدى-

www.uyghurkitap.com

تىپ ئۇتەتتى. قىرلىق چوڭ رومكىلارغا قۇيۇلغان ئالتۇندەك ئۇنى تەگرىنىڭ سوغىسىدەك تۇيۇلدى. داشا تېلېگىنگە: — سىزگە ھەۋىسىم كېلىدۇ، چۈنكى، بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز، تۇرمۇشىڭىز ئېنىق، مەن تېخى يەنە بىر يېرىم يىل كىتاپ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايال كىشى بولۇپ قالغىنىم چوڭ بەختسىزلىك، — دېدى. تېلېگىن كۈلۈپ جاۋاپ بەردى:

— مېنى زاۋۇتتىن ھەيدىۋېتىشتى.

— ھوي نىمە دەۋاتىسىز!

— يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ئەسىرىڭىز قالمىسۇن دېيىشتى.

بولمىسا مەن بۇ پاراخوتتا نىمە قىلىپ يۈرەتتىم. بىزدىكى ۋەقەلەردىن خەۋىرىڭىز بولمىدىمۇ؟

— ياق، ياق.

— مەنغۇ ئوڭاي قۇتۇلدۇم... شۇنداق ئىشلار... — ئۇ بىلەكلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ، جىم بولدى، — بىزدە ھەممە ئىش شۇنداق مەنىسىز، پاراسەتسىز قىلىنىدۇ، باشقا يەردە بۇندىغىنى ئۇچراتمايسىز. بىز رۇسلارنىڭ نامىمىزنى بۇلغاپ بىرنىمە قىلىۋەتكەن. ئۇيات، شەرمەندىلىك. ئوزىڭىز ئويلاپ كورۇڭ — تالانتلىق مىللەت، ناھايىتى باي مەملىكەت قانداق بولۇپ قالغان؟ بىزدىكى ھوكۇمەت خادىملىرى شۇنداق ئوكتەم ـ ئۇششۇق بولۇپ كەتكەن! تۇرمۇشنى قەغەز بىلەن سىيا قاپلىغان. بىزدە قانچە سىيا، قانچە قەغەزنىڭ ئىسراپ بولغىنىنى كوز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز. پېتر I دەۋرىدىن بۇيان بۇنداق بىيۇروكراتلىق داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ھازىرغىچە يوقىتىشنىڭ ئامالى بولمايۋاتىدۇ. قارىڭا، سىيامۇ گايىدا قانداق ۋەقە پەيدا قىلىدىكەن!

ئۆۋان ئىلئىچ ۋىنو قۇيۇلغان ئىستاكاننى نېرىغا سۈرۈپ قويدى-دە، تاماكا چەكتى. ۋەقەنىڭ بۇ يېقىنى ئېيتىپ بېرىش ئۇنىڭغا ئېغىر كورۈندى، ئەتىمالىم.

— خوپ، مەيلى، بولغىنى بولدى. بىزدىمۇ ۋاقتى كېلىپ، باشقىلارنىڭكىدەك ياخشى بولۇپ قالار.

داشا بىلەن ئۆۋان ئىلئىچ كەچ كىرگىچە پاراخوت ئۈستىدە بولۇشتى.

چەتتىن قارىغان كىشى ئۇلار مەنىسىز گەپ قىلىپ يۈرۈپتۇ دەپ ئويلايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ گېپىنى پەقەت ئۆزلىرىلا چۈشىنەتتى. ئادەتتە ئەڭ ئاددى سوزلەر سىرلىق ۋە قوش مەنىلىك بولۇپ چىقاتتى؛ داشا يەلكىسىدە بىنەپشەرەڭ رومىلى لەپىلدەپ تۇرغان سېمىز بىر قىزنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى داۋېينىڭ ئىككىنچى ياردەمچىسىنى ئىشارەت بىلەن كورسىتىپ: "ئۆۋان ئىلئىچ، قارىڭا، ئەنە ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭ كورۈندۇ" دىگەندە، ئۇنىڭدىن "بىزمۇ شۇنداق بولغىنىمىزدا — بىزنىڭ باشقىچە بولاتتى" دىگەن مەنىنى چۈشىنىش كېرەك ئىدى. كىم نىمە دىگىنىنى ئىككىسىمۇ بىلمەيتتى، ئەمما ئۆۋان ئىلئىچ داشانى ئۆزىدىن خېلى ئەقىللىق، نازۇك ۋە زېھىنلىك دەپ ئويلايتتى. داشا بولسا ئۆۋان ئىلئىچنى ئۆزىدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى، مېھرىۋان ۋە ئەقىللىق دەپ ئويلايتتى.

داشا بېسسونوۋ توغرىسىدا تېلېگىنگە گەپ قىلىشقا بىرنەچچە قېتىم تەمشىلىپ كوردى، لېكىن يالتايدى. ئاپتاپ ئۇنىڭ تىزلىرىنى قىزىتاتتى، شامال ئۇنىڭ يۈزىنى بىراۋنىڭ يۇمشاق قولى تەككەندەك سىلاپ-سىپاپ ئوتەتتى. داشا:

"ئەتە ئېيتىمەن. يامغۇر يېغىش بىلەن ئېيتىمەن" دەپ ئويلايتتى.

ھەممە نەرسە بىلەن قىزىقىشىنى ياخشى كۆرگەن ۋە ھەممە خوتۇندەك ھەممىنى تەكشۈرۈپ يۈرگۈچى داشا كۈن كەچ كىرگىچە پاراخوتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەركىتىنى بىلىۋالغان ئىدى، بۇ بولسا ئىۋان ئىلىئىچكە ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشتەك كۆرۈنەتتى.

داشا پېتېربۇرگ داشۆبىسىنىڭ مۇدىرى، قارامتۇل كوزەينەك تاقىغان، كەڭ پەلتو كىيگەن كىشىنى قانداقتۇر پاراخوتلاردا كېزىپ يۈرگۈچى مۇتەھەم، ئالدامچى دەپ يۈردى. ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن مۇدىر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەن ئىۋان ئىلىئىچمۇ ئەمدى ئۇ گەپتىن كېيىن، ئۇنى راستىنلا ئالدامچىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدى. ئومۇمەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ رىياللىق توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى تەۋرىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ياكى بېشى گاڭگىراپ ئايلىناتتى، ياكى ئۇخىدا چۈش كورەتتى، بەزىدە ئەتراپىدا كورگەن، ئاڭلىغان نەرسىلەرگە بولغان مۇھەببىتى شۇنچىلىك كوتىرىلىپ، ئەۋجىگە چىقىپ كېتەتتىكى، ئۇ شۇنداق ۋاقىتلاردا، قېنى، ئەمدى، ئەنە ئاۋۇ چېچى كالتا قىرقىلغان قىز سۇغا چۈشۈپ كەتسىيۇ، مەن ئۇزەمنى سۇغا تاشلاپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ، چىقسام، يىقىلىپ كەتسىچۇ! — دەپ ئويلايتتى.

كېچىسى سائەت بىرگە يېتىپ، داشانىڭ ناھايىتى ئۇيىقۇسى كەلدى، ئامبارغا ئاران يېتىپ باردى-دە، ئىشىك يېنىدا ئەسنەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— كەچلىگىڭىز خەيرلىك بولسۇن. ئەنە ئۇ ئالدامچىدىن پەخەس بولۇڭ!

ئىۋان ئىلىئىچ ئۆتتۇر بىرىنچى دەرىجىلىك بولمىگە باردى، ئۇ

يەردە ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە ئۇچرىغان مۇدىر ديۇما① ئەسەرلىرىدىن بىرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ مۇدىرىغا بىر ئاز قاراپ تۇردى-دە، ئالدامچى بولسىمۇ، يامان ئادەم ئەمەس دەپ ئويلىدى؛ كېيىن كۈندۈز كۈندەك يورۇق دالانغا قايتتى، بۇ يەردىن ماشىنا پۇرىقى، ياغاچنىڭ سىرى، داشا سېپىدىغان ئەتىرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئىۋان ئىلىئىچ داشا تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى يېنىدىن ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ ئۆتۈپ، ئۆز ئۆيىگە كىردى-دە، كارۋاتتا ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ يېتىپ، كۆزلىرىنى يۇمدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تۈرلۈك خۇش پۇراقلار، قۇياش نۇرى، يۈرەككە ئۆتىدىغان ئۆتكۈر خۇشاللىقتا كۆيۈۋاتقىنىنى سەزدى.

ئەتىگەنلىكى سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا، ئۇنى پاراخوتنىڭ گۈدۈكى ئويغاتتى. پاراخوت كىنېشمىغا كېلىپ قالغان ئىدى، ئىۋان ئىلىئىچ چاپسان كىيىندى-دە، دالاندىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى، تېخى ھەممە ئۆينىڭ ئىشىكى ئېتىكلىك بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇيقۇدا، داشامۇ ئۇيقۇدا ئىدى، ”چۈشمىسەم بولمايدۇ، بولمىسا، خەق ئەجەپلىنىدۇ“ دەپ ئويلىدى ئىۋان ئىلىئىچ، ئاندىن ئۇ پاراخوت ئۈستىگە چىقىپ، ۋاقىتسىز كېلىپ قالغان كىنېشمىغا قارىدى؛ كىنېشما شەھىرى قىرغاقنىڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭغا تاختايدىن ياسالغان پەلەمپەيلەردىن چىقىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ بىنالىرىمۇ ياغاچتىن سېلىنغان ئىدى، شەھەر باغچىسىنىڭ لىپا

---

① ديۇما (1803 — 1870) — فرانسۇز دراماتورگى، يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «ئۈچ قىلىچۋاز»، «گراف مونتې كرىستو»، «يىگىرمە يىلدىن كېيىن» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دەرەخلىرى پاراخوتتىن قارىغاندا يىقىن كورۇنۇپ تۇراتتى. شەھەردىن تووۋەنگە چۈشىدىغان يولدىن كىلىۋاتقان بىرقانچە ھارۋا قويۇق چاڭ ئاستىدا قالغان ئىدى، تىلىپگىننىڭ سىرىق چامادانىنى كوتەرگەن يوغان بۇرۇت ماتروس يالاڭئاياق پۇتلىرىنى دادىل بىسىپ، پاراخوت ئۈستىگە چىقتى.

— ياق، ياق، چۈشمەيدىغان بولدۇم، جايىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، — دىدى ئىۋان ئىلئىچ ھودۇقۇپ، — نىژنىگە بارىدىغان بولدۇم، كىنىپشىمدا زورۇر ئىشىمۇ يوق ئىدى. مانا بۇ يەرگە — كارۋات تىگىگە قويۇڭ، رەھمەت، ئەزىزىم.

ئىۋان ئىلئىچ ئويگە كىرىپ، ئوزى رەزىللىك ۋە ئەدەپسىزلىك دەپ قارىغان ھەركەتنى داشاغا نىمە دەپ چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا ئۈچ سائەت ۋاقىت ئوتكىچە سەۋەپ ئىزدەپ ئولتۇردى، ئەمما سەۋەپ تاپالمىدى؛ يالغان ئىيتىشمۇ، توغرىسىنى ئىيتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ سائەت ئون بىردە ئوزىنى تىللاپ-تىللاپ پاراخوت ئۈستىگە چىقتى، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، كوزلىرى پارقىرىغان، يۇزىدىن ساختىلىق بىلىنىپ تۇرغان ھالەتتە پاراخوت ئۈستىدە يۇردى. بىراق، پۈتۈن پاراخوت ئۈستىنى ئايلىنىپ چىقىپ داشانى تاپالماي، ھودۇقتى، پاراخوتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە كىرىپ چىقتى. داشا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. بىرەر نەرسە بولغان بولسا كىرەك، ئۇ بىردىن داشانىڭ يىنىدىن چىقىپ قالدى، داشا تۇنۇگۇنكى جايىدا، توقۇلما كىرىسلودا غەمكىن ۋە تىنچ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ تىزىدا كىتاپ، بىر دانە ئامۇت تۇراتتى. ئۇ بىشىنى ئاستا ئىۋان ئىلئىچ تەرەپكە بۇراپ قارىغاندا، كوزلىرى خۇددى

بىرەر نەرسىدىن قورققانىدەك يوغان ئېچىلىپ، خوشاللىق بىلەن تولدى، يۈزى قىزاردى، ئاموت تىزىدىن دۈگىلەپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ يەردىمۇسىز؟ چۈشمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى داشا ئاستاغىنا.

ئىۋان ئىلئىچ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، داشانىڭ يېنىدا ئولتۇر-دى-دە، بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن:

— مېنىڭ بۇ قىلمىشىمغا سىز قانداق قارايسىز — بىلمىدىم، ئەمما كىنىشىمدا ئەتەي چۈشمىدىم.

— قىلمىشىڭىزغا قانداق قارايتتىم؟ بۇنى سىزگە زادىلا ئېيتمايمەن، — داشا كۆلدى ۋە قولىنى ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئالقىنىغا ئاستا ۋە مۇلايىم تەرىزدە قويدى. ئىۋان ئىلئىچنىڭ بېشى تۇنۇگۈنكىدىنمۇ قاتتىقراق ئايلىنىشقا باشلىدى.

# 10

ئەسلىدە ماشىنىسازلىق زاۋۇدىدا مۇنداق ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان، يامغۇر يېغىپ تۇرغان بىر كۈنى كەچقۇرۇن، چوڭ زاۋۇتلار ئەتراپىدىكى كوچىلارغا ئوخشاش، قارا پاتقاق بىلەن تولغان ئېپلاس، سېسىق تار كوچىدىن ئىشتىن بوشاپ چىققان ئىشچىلار ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كەتمەكتە ئىدى. بىردىن ئىشچىلار ئارىسىدا رېزىنكە يامغۇرلۇق كىيگەن، باشلىقىنى بېشىغا ئارتىۋالغان، نامەلۇم بىر كىشى پەيدا بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئادەملەرنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە يۈرۈپ، كېيىن توختىدى-دە:

— مەركىزىي كومىتېتتىن چىقىرىلغان... ئوقۇپ چىقىڭلار، يولداشلار، — دەپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىشقا باشلىدى.

ئىشچىلار مېڭىپ كېتىۋېتىپ تەشۋىقات ۋارىقىنى ئېلىپ، شەپكىلىرىنىڭ تېگىگە ياكى يانچۇقلىرىغا يوشۇراتتى.

بايىقى كىشى ھەممە ۋاراقنى تارقىتىپ بولاي دېگەندە، ئادەملەر ئارىسىدىن يېرىپ چىققان قاراۋۇل "توختا" دېدى-دە، ئۇنىڭ ياەغۇرلۇغىدىن تۇتتى. ئەمما ۋاراق تارقاتقان كىشى ئۇستى ھول ۋە سىلىق بولغىنىدىن، دەررۇ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ قاچتى. قاتتىق ھۇشتەك چېلىندى، يىراقتىن باشقا ساقچى ھۇشتەك چالدى. ئازىيىپ قالغان ئادەملەر ئارىسىدا گۇدۇڭ-گۇدۇڭ باشلاندى. ئەمما ئىش پۈتكەن، ھېلىقى كىشى بولسا قېچىپ قۇتۇلغان ئىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ماشىنىسازلىق زاۋۇدىدا مەمۇرىيەت ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ھالدا زاپچاس سېخىدىكىلەر ئەتىگەندىن تارتىپ ئىش تاشلىدى، ئۇلارنىڭ قويغان تەلەپلىرى ئۇنچىلىك جىددىي بولمىسىمۇ، ئەمما كەسكىن ئىدى.

زاۋۇتنىڭ پاسكىنا ئەينەكلىرى، تۈتۈندە قارايغان ئەينەك ئۈگزىلىرىدىن چۈشكەن يورۇقتىن سەللا يورىغان ئۈزۈنچاق زاۋۇت بىناسىدا مەنىلىك سوزلەر، ئوبزورلار، كىنايىلەر خۇددى ئۈچقۇندەك تارقىلىشقا باشلىدى. ئىستانوك يېنىدا تۇرغان ئىشچىلار يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان باشلىقلارغا غەلىتە قارايتتى ۋە ئۆز ھاياجانلىرىنى ئاران بېسىپ، نېمە بولۇشنى كۈتۈشەتتى.

چېقمـچى ۋە غەمـماز باش ئىش بېشى پاۋلوۋ سۇ بازغىنـنىڭ يېنىدا كـترلاپ يۈرگەنـدە، ئۇنىڭ پۇتـىغا قىزـپ تۇرغان تومۇر قېلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى بىرسى بوغۇزلاۋاتقانـدەك چىقىـرىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، زاۋۇتتا ئادەم ئۇلتۇرۇلـدى دېگەن پىتنە تارقالـدى. سائەت توقـقۇزدا باش ئىنژېنېرنىڭ ماشىنـسى زاۋۇت قوراسىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى.

ئىۋان ئىلئىچ تېلىگىن يۇمۇلاق، دەرىزىـلىرىـنىڭ ئەينەكـلىرى سۇنغان، مېتال ئېـرىتـدىغان مەشـلەر قاتار تۇرغان يوغان قۇيۇش سېخىغا ئادەتتىكى ۋاقىتتا كېلىپ، ئىشىك يېنىدا توختىدى، ئۇ ئەتە-گەنكى سوغاقتىن تېنى ئۇيۇشۇپ مۇرىسىنى قىستى ۋە ئالدىغا كەلگەن ئىش بېشى پۇنكو بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشتى.

قۇيۇش سېخىغا موتور شوتىلىرىنى ياساشقا بۇيرۇتـما بېرىلـگەن ئىدى، ئىۋان ئىلئىچ شۇ ئىش توغرىسىدا پۇنكو بىلەن جىددى سوز-لىشەتتى ۋە ئىككىسى ئۇچۇن مەلۇم بولغان نەرسىـلەر توغـرىسىدا چوڭقۇر مەسلىھەت قىلىشاتتى. بۇ ئازغىنا ھىلىگەرلىكـنىڭ سەۋىۋى شۇنىڭدا ئىدىكى، بۇنىڭدىن ئون بەش يىل ئىلگىرى قۇيۇش سېخىغا ئاددى ئىشچى بولۇپ كەلگەن، ھازىر بولسا باش ئىش بېشى بولۇپ، ئوز بىلـمى ۋە تەجـرىبىـسىنى بەك يۇقۇرى كورىـدىغان پۇنـكو بۇ سوھبەتـتىن مەمنـۇن بولۇشى، ئۇنىڭ ئىـززەت نەپـسى قانـدۇ-رۇلغان بولۇشى كېرەك ئىدى، پۇنـكو خوشال بولسا بولـدى، ئىش چاپسان بولىدۇ، تېلىگىن بۇنى ياخشى بىلەتتى.

ئىۋان ئىلـئىچ سېخنى ئايـلىنىپ، قۇيغۇچـىلار ۋە قېلىپچىلارنىڭ ھەر بىرى بىلەن سوزلـشىپ يۈردى؛ ئۇ ئىشچـىلار بىلەن سوزلەش-كەندە، ياسىما دوستلارچە، چاخـچاق بىلەن سوزلىشەتتى، بۇ بولسا

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كورسىتەتتى: ھەممىمىز بىر ئىشنى ئىشلەيمىز، دىمەك، يولداشمىز، شېرىكمىز، ئەمما مەن ـ ئىنژېنېر، سىلەر ـ ئىشچى، دىمەك، بىز بىر بىرىمىزگە ماھىيەت جەھەتتىن دۈشمەنمىز، ئەمما بىز بىر بىرىمىزنى ھورمەت قىلغىنىمىز ئۈچۈن، بىر بىرىمىزگە چاقچاق قىلىشىمىز ـ دە.

بىر كىران زەنجىرلىرىنى شىلدىرلىتىپ، غىلدىرلاپ مەشلەردىن بىرىنىڭ ئۈستىگە كەلدى. كۈچلۈك مۇسكۇللۇق ئىشچىلاردىن فىلىپ شۇبىن بىلەن ئىۋان ئورىشىنكوۋ ـ بىرىنىڭ چېچىغا ئاق چۈشكەن، كوزەينەك تاقىغان، ئىككىنچىسىنىڭ ساقىلى بۇدۇر، سېرىق چاچلىرىنى باغلىۋالغان، كوزلىرى كوك، يوغان ئادەم ـ ئىش باشلىدى، شۇبىن تومۇر تاختىنى لوم بىلەن كوچۈرۈشكە باشلىدى، ئورىشىنكوۋ ئوتنىڭ كۈچىدىن ئاقىرىپ كەتكەن ئىگىز تىگېلنى كىراننىڭ ئامبۇرىغا چىشلەتتى. زەنجىر تارتىلدى، تىگېل ئورنىدىن قوزغىلىپ، يۇقۇرى كوتىرىلدى ـ دە، ھەر ياققا ئۇچقۇن ياغدۇرۇپ، زاۋۇت ئويىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

— توختا، — دىدى ئورىشىنكوۋ، — توۋەن چۈشەر.

چىغىرىق يەنە شاراقلاپ، تىگېل توۋەن چۈشۈرۈلدى. كېيىن ھەممە ياقنى يورۇتۇپ، ئەتراپقا ھېساپسىز ئۇچقۇن تارقىتىپ، يەرگە قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئېرىگەن مىسنىڭ بىر خىل پۇرىغى زاۋۇت ئويىنىڭ ئىچىنى بېسىپ كەتتى.

شۇ چاغدا نېرىقى ئويگە كىرىدىغان ئىشىك ئېچىلىپ، قۇيۇش سېخىغا يۈزى قانسىز ۋە غەزەپلەنگەن ياش بىر ئىشچى كىرىپ كەلدى ـ دە:

— ئىشنى توختىتىڭلار... ھەممىڭلار چىقىڭلار! ـ دىدى كەسكىن

ئاۋاز بىلەن ۋە تېلېگىنگە كوزىنىڭ قىرىدا قارىدى، — ئاڭلىدىڭلارمۇ، يوقمۇ؟

— ئاڭلىدۇق، ئاڭلىدۇق، ۋاقىرىما، — دېدى ئورىشىنكوۋ ئاستا ۋە بېشىنى چىغىرىقىقا كوتىرىپ، دېدى: — دىمىترى، ئۇخلىما، تاۋلاۋەرگىن.

— ئاڭلىغان بولساڭلار بوپتۇ، ئوزەڭلەر بىلىسىلەر، يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرمايمىز، — دېدى ئىشچى ۋە قوللىرىنى يانچۇغىغا سېلىپ، بۇرۇلدى-دە، چىقىپ كەتتى.

ئىۋان ئىلىئىچ، يېڭى قۇيۇلغان مېتال ئالدىدا زوڭزىيىۋېلىپ، يەرنى سىم بىلەن ئاستا كولاپ ئولتۇراتتى. ئىشىك يېنىدا ئىگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پۇنكو ئوشكە ساقىلىغا ئوخشىغان ساقىلىنى سىلاپ، كوزلىرىنى پاقىرىتىپ دەيتتى:

— ئىشنى توختاتىسىمۇ، توختاتمامسىمۇ — بەرىبىر ئىشنى توختاتقان بولىدىكەن، ئەگەر زاۋۇتتىن بوشىتىلغاندا، بالا-چاقىلىرىڭنى نېمە بىلەن باقىسەن. بۇنى ئۇ دانىشمەنلەر بىلەمدىكىن، بىلمەمدىكىن؟

— سەن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمىغىن، ۋاسىلى ستېپانىچ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئورىشىنكوۋ يوغان ئاۋاز بىلەن.

— نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەنمەن؟

— بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز. سەن بېشىڭغا كۈن كەلمىسۇن دېسەڭ، خوجايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇشامەت قىل. ھازىر بولسا جىم ئولتۇرۇۋەرگىن.

— ئىش تاشلاش نېمىدىن چىقىپتۇ؟ — ئاخىر سورىدى تېلېگىن. قويغان تەلەپلىرى نېمە ئىكەن؟

تېلېگىن ئاستا ئورىشىنكوۋغا قارىغان ئىدى، ئۇ يۈزىنى تەتۈر

www.uyghurkitap.com

بۇرىدى. پۇنكو جاۋاپ بەردى:

—زاپچاس سېخى ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپتۇ. ئۇتكەن ھەپتە ئۇلاردا ئاتىمىش ئىستانوكىنى قانداق بولاركىن دەپ ئىش بېشىغا قاراپ ھەق ھىساپلاش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغان. نەتىجىدە، ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى كېمىيىپتۇ، ئارتۇقچە ئىشلەشكە توغرا كەپتۇ. ئالتىنچى ئوينىڭ ئىشىگىگە ھەر خىل تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىزىم يېپىشتۇرۇپ قويۇلغان.

پۇنكو قەلەمنى دۆۋەتكە ئاچچىق بىلەن سالدى-دە، مەلۇمات جەدۋىلى يېزىشقا كىرىشتى. تېلېگىن ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، مەشلەرنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ، يوغان چوڭقۇرغا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپپاق ئوتتا تاۋلىنىۋاتقان مىس ئېرىتمىسىغا قاراپ:

—ئورىشىنكوۋ، مانا بۇ ۋاقتىدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالمىدىمىكىن-ھە؟ — دېدى.

ئورىشىنكوۋ جاۋاپ بەرمەستىن، تېرە پەرتۇغىنى يەشتى-دە، مىخقا ئىلدى، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قالپىغىنى، ئۇزۇن چەكمەنىنى كىيىپ، پۇتۇن زاۋۇت ئويىگە ئاڭلانغۇدەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

—ئىشنى توختىتىڭلار، يولداشلار! ئالتىنچى ئوينىڭ ئوتتۇرا ئىشىگىگە يىغىلىڭلار، — دېدى ۋە ئوزى ئىشىك تەرەپكە قاراپ كەتتى. ئىشچىلار ئۇنچىقماستىن ئەسۋاپلىرىنى تاشلىدى، كىراندىكىلەر تۆۋەن چۇشتى، چوڭقۇرلۇقتىكىلەر توپىگە چىقىپ، ئورىشىنكوۋنىڭ كەينىدىن كەتتى. بىردىنلا ئىشىكتە بىر ئىش يۈز بەردى، بىر كىشىنىڭ غەزەپلىك ۋە ئەسەبى ئاۋاز بىلەن:

—يېزىۋاتامسەن؟... يېزىۋاتامسەن، ئىتنىڭ بالىسى؟ مانا، يازغىن مېنى!... بار، مەمۇرىيەتكە بېرىپ ئېيتقىن! —

دەپ ۋاقىرىغىنى ئاڭلاندى، بۇ ۋاقىرىغان كىشى قىلىپچى ئالىكسى نوسوۋ ئىدى، ئۇ پۈتكۈل قاراپ ۋاقىرايتتى. ئۇنىڭ ئورۇق-لاپ كەتكەن، ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرى خىرەلىشىپ كەتكەن يۈزى تىترەيتتى، ئىنچىكە بويىنىدىكى تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان ئىدى؛ ئۇ قاپ-قارا مۇشتۇمىنى ئۇستەلنىڭ چېتىگە ئۇرۇپ ۋاقىرايتتى،— قانخورلار!... زالىملار!... سىلەرگىمۇ كۈچىمىز يېتىپ قالار!...

ئورنىشنىكوۋ نوسوۋنىڭ بىلىدىن قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇستەلدىن ئاجراتتى-دە، ئىشىك تەرەپكە سورىدى. نوسوۋ دەررۇ جىم بولدى. سېخ بوشاپ قالدى.

چۈش ۋاقتىدا پۈتۈن زاۋۇتتا ئىش تاشلاندى. ئوبۇخوۋ زاۋۇدىدىمۇ، نېۋا ماشىنىسازلىق زاۋۇدىدىمۇ قوزغىلاڭ بولۇۋاتىدۇ دېگەن ئاۋازلار تارقىلىشقا باشلىدى. ئىشچىلار زاۋۇت هويلىسىغا يىغىلىشىپ، مەمۇرىيەت بىلەن ئىش تاشلاش كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان سوھبەتنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشۈپ تۇراتتى.

مەمۇرىيەت بىلەن ئىش تاشلاش كومىتېتىنىڭ سوھبىتى ئىشخانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. مەمۇرىيەت خېلى قورقۇپ قالغان ۋە ئىشچى-لارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا رازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى. مۇزاكىرە ئەمدى تاختاي تامنىڭ ئىشىگى مەسىلىسىدە توختاپ قالغان ئىدى: ئىشچىلارغا چارەك چاقىرىمچە يولنى لاي كېچىپ ئايلىنىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئەنە شۇ ئىشىكنىڭ ئېچىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئەسلىدە ئىشىكنىڭ هېچقانداق كېرىكىمۇ يوق ئىدى. ئەمما گەپ ئىززەت-ئابرويدا بولۇپ قالغان ئىدى، مەمۇرىيەت ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، يەنە ئۇزاققا

سوزۇلغان مۇزاكىرىلەر باشلاندى. دەل شۇ چاغدا، مەخسۇس بۇيرۇق بېرىلمىگىچە، ئىش تاشلاش كومىتېتى بىلەن ھېچقانداق مۇزاكىرە ئېلىپ بارماسلىق، تەلەپلەرنى رەت قىلىش توغرىسىدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن تېلېفون ئارقىلىق بۇيرۇق كېلىپ قالدى.

بۇ بۇيرۇق ئىشنى شۇ دەرىجىدە بۇزغان ئىدىكى، باش ئىنژېنېر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن دەررۇ شەھەرگە كەتتى. ئىشچىلار ھەيران بولۇپ قالغان ئىدى، كەيپىلىرى بولسا خۇش، تىنچ ئىدى. بىرنەچچە ئىنژېنېر ئىشچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قوللىرىنى كېرىپ، چۈشەندۈرەتتى، بەزىدە خەلق ئىچىدىن كۈلكىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاخىر، ئىشخانا ئالدىغا بۇلىبىن دېگەن يوغان، چاچلىرى ئاقارغان ئىنژېنېر چىقىپ، مۇزاكىرىلەرنىڭ ئەتىگە قالدۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن ھويلىغا ۋاقىراپ ئاڭلاتتى.

ئىۋان ئىلىئىچ كەچكىچە ئىشخانىدىن كەتمەي يۈردى، ئاخىر مەشتىكى ئوتنىڭ بەربىر ئۆچىدىغانلىقىنى بىلىپ، يەلكىسىنى تاتىلىدى-دە، ئۆيىگە قايتتى. كېلچەكۋازلار ئاشخانىدا ئولتۇرۇشاتتى. مەلۇم بولدىكى، زاۋۇتتا بولغان ئەھۋال ئۇلارنىمۇ ناھايىتى قىزىقتۇرىدىكەن. بىراق ئىۋان ئىلىئىچ ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ ئولتۇرمىدى، ئۇ يېلىزاۋېتا كىيېۋنا كەلتۇرۇپ قويغان سۇرلەنگەن گوش بولكىلىرىنى خىيالچانلىق بىلەن چايناپ ئولتۇردى-دە، كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئىچىدىن قۇلۇپلاپ، يېتىپ ئۇخلىدى.

ئۇ ئەتىسى زاۋۇتقا كېلىۋېتىپ، ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى يىراقتىنلا بايقىدى. توپ-توپ ئىشچىلار ھەممە تار كوچىنى ئىگەللەپ، مەسلىھەت قىلىشىپ تۇراتتى. دەرۋازا ئالدىدا بىرنەچچە يۈز كىشى ئۇيۇر-توپۇرلىشىپ تۇراتتى، بۇ ھال خۇددى تىنچسىزلاندۇ-

رۇلغان بال ھەرە ئۇۋىسىدەك، ۋاژ-ۋۇژ ئىدى.
يۇمشاق شىلەپە ۋە بىر قۇر ئاددى كىيىم كىيگەن ئىۋان ئىلئىچقا ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى ۋە ئۇ ئىشچىلارنىڭ تالاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئىش تاشلاش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ كېچىسى قاماققا ئېلىنغانلىقىنى، ئىشچىلارنى قاماققا ئېلىش ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقىنىنى، يېڭى ئىش تاشلاش كومىتېتى سايلىنىپ، ئەمدى ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر سىياسى تەلەپلەر ئىكەنلىكىنى، زاۋۇت ھويلىسىنى كازاكلار ئىگەللىۋالغانلىقىنى، خالايىقنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى، ئەمما كازاكلار بۇنىڭدىن باش تارتقانلىقىنى ۋە ئاخىردا، ئوبۇخوۋ زاۋۇدى ۋە بىرقانچە كىچىك زاۋۇتلارنىڭمۇ ئىش تاشلىغانلىرىنى بىلدى.
ئىۋان ئىلئىچ بىرەر يېڭى خەۋەر ئاڭلىماقچى بولۇپ ئىشخانىغا كىرىشكە ئۇرۇنغان ئىدى، بىراق خالايىق ئارىسىدىن قىسىلىپ يۇرۇپ دەرۋازا يېنىغا ئارانلا بارالىدى. ئۇ يەردە يوغان جۇۋا كىيگەن قاپىغى سېلىق، تونۇش قاراۋۇل بوبكىننىڭ يېنىدا لەمپىسى بولمىغان شەپكىسىنى بېشىنىڭ بىر يېقىغا قۇلاق ئۇستىگە كىيگەن ۋە ساقاللىرى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ تارالغان ئىگىز بويلۇق ئىككى كازاك تۇراتتى. ئۇلار ئۇيىقۇغا تويمىغان ئىشچىلارنىڭ ھارغىن يۈزىگە شوخ ۋە مەغرۇر نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى توق، يۈزى قىپ-قىزىل ئىدى، كورۇنۇشىدىن مۇشتلىششقا ۋە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكە ئۇستا بولسا كېرەك.
”بۇ نىمىلەر ھېچبىر ئۇيالماس“ دەپ ئويلىدى ئىۋان ئىلئىچ ۋە ھويلىغا كىرمەكچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان كازاك يولىنى توساپ، تىكىلىپ قارىدى-دە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرىسى

— قاياققا؟ قايت! — دېدى.

— ئىشخانىغا كىرىمەن، مەن — ئىنژېنېر مەن.

— قايت دەيمەن!

شۇ ۋاقىتتا خالايىق ئىچىدىن:

— كاپىرلار، لاللار!

— قېنىمىزنى ئاز تولتۇقلەرمۇ؟

— يېرىلىپ كەتكۈر يوغان قوساقلار! پومىششىكلار! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

شۇ ۋاقىتتا يۈزىنى دانىخورەك باسقان، يوغان ۋە قىيشىق بۇرۇن، ئۈستىگە ئۇزىدىن چوڭ پەلتو، پاخپايغان چاچلىرىنىڭ ئۈستىگە ياراشمىغان شەپكە كىيگەن پاكار بىر يىگىت توپنى يېرىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ قولىنى بوشقىنا سىلكىپ سوزلىدى:

— كازاك يولداشلار! ھەممىمىز روسىيىلىكقۇ؟ قورالىنى كىمگە قارشى كوتىرىسلەر؟ بىز سىلەرگە دۇشمەنمۇ، بىزنى نىمىشقا ئاتماقچى بولىسلەر؟ بىز نىمىنى خالايمىز؟ بىز ھەممە روسىيىلىكنىڭ بەختلىك بولۇشىنى خالايمىز. بىز ھەر بىر ئىنسان ئەركىن بولسۇن دەيمىز. بىز زۇلۇمنى، ئىستىبداتلىقنى يوق قىلىشنى خالايمىز...

كازاك كالپۇكلىرىنى چىشلەپ، ياش يىگىتنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە نەپرەتلىك قاراپ چىقتى-دە، ئارقىسىغا ئورۇلۇپ، دەرۋازا يېنىدا ئۇ ياقتا-بۇ ياققا يۈرۈشكە باشلىدى، ئىككىنچى كازاك كىتاپ تىلى بىلەن، جىددى يوسۇندا دېدى:

— ھېچقانداق قوزغىلاڭغا يول قويالمايمىز، چۈنكى بىز قەسەم ئىچكەنمىز.

بىرىنچى كازاك ئەمدى جاۋاپ بېرىشكە تەييارلانغان بولسا

كېرەك، ئەتىمالىم، يىگىتكە قاراپ:

ــ ئاغىنىلەر، ئاغىنىلەر ئىمىش... ئىشتىنىڭلارنى مەھكەمرەك باغلىۋېلىڭلار، بولمىسا يوقىتىپ قويىسىلەر...

ئىككىلا كازاك قاقاقلاپ كۈلدى.

ئىۋان ئىلئىچ دەرۋازا يېنىدىن ماڭغان ئىدى، كىشىلەر توپى ئۇنى باشقا تەرەپكە، داتلاشقان تومۇر-تەسەكلەر دۆۋىلىنىپ ياتقان تام تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. تومۇر-تەسەكلەرنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئىدى، تۇيۇقسىزدىن ئورىشىنكوۋ ئۇنى كورۇپ قالدى. ئورىشىنكوۋ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قالپىغىنى مۇرىسىگە سۇرۇپ، ئالدىرىماي نان يەپ ئولتۇراتتى. تېلپىگىنىگە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپلا سالاملىشىپ، يوغان ئاۋازى بىلەن:

ــ مانا بۇ ئىشنى كوردىڭىزمۇ، ئىۋان ئىلئىچ؟ ــ دېدى.

ــ سالامەتمۇ سىز، ئورىشىنكوۋ! بۇنىڭ ئاخىرى نىمە بولاركىن؟

ــ يەنە بىرئاز ۋاقىرىشىمىز-دە، كېيىن يەنە بېشىمىزنى ئېگىپ تۇرىۋېرىمىز. نىمە بولاتتى. كازاكلار كەلدى. ئۇلارغا قارشى نىمە بىلەن كۈرەشىمىز؟ مانا بۇ بىر باش پىياز بار، خالاس، بۇنى ئېتىپ ئىككىسىنى ئولتۇرۇش مۇمكىن بولارمۇ؟

شۇ ۋاقىتتا خالايىق ئوتتۇرىسىدا شاۋ-شۇۋ كوتىرىلىپ، جامائەت يەنە جىم بولدى، دەرۋازا يېنىدىن كوماندا بەرگەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ جاناپلار، ئوي-ئويلىرىڭلەرگە تارقىلىشىڭلارنى سورايمەن. سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارغا قاراپ چىقىمىز. تىنچلىق بىلەن تارقىلىشىڭلارنى سورايمەن.

خالايىق ئارىسىدا تەۋرىنىش بولدى، بەزىلەر ئارقىغا قايتتى،

بەزىلەر ئالدىغا ئۇتۇۋالدى. شاۋ-شۇۋ كوچەيدى.

—بۇ ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى مەرتىۋە ئۇتۇنۇشى، —دېدى ئورۇ-شىنكوۋ.

—گەپ قىلىۋاتقان كىم؟

—كازاك ئەپتىسەر.

—يولداشلار، يولداشلار، تارقالماڭلار، —دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى؛ ئۇۋان ئىلئىچنىڭ ئارقىسىدىكى تومۇر-تەسەك ئۈستىگە يوغان شىلەپە كىيگەن، ساقىلى چۇگۇلۇپ كەتكەن، بىجىرىم پەلتوسىنىڭ ياقىسى بىخەتەرلىك يىگىنىسى بىلەن ئېتىلگەن، يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ غەزەپلەنگەن بىر كىشى چىقتى.

—يولداشلار، زادى تارقالماڭلار، —دېدى ئۇ مۇشتۇملىرىنى ئال-دىغا سوزۇپ يوغان ئاۋاز بىلەن، —كازاكلار ئوق چىقىرىشتىن باش تارتتى، بىز بۇنى ئېنىق بىلىمىز، مەمۇرىيەت باشقا ئادەملەر ئارقىلىق ئىش تاشلاش كومىتېتى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بارماقتا. تومۇريول ئىشچىلىرىمۇ ئومۇمى ئىش تاشلاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشماقتا. ھوكۇمەت ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالدى.

—قالتىسقۇ! —دېدى بىرسى قاتتىق ۋاقىراپ. خالايىق ئىچىدە يەنە شاۋ-شۇۋ كوتىرىلدى، ھېلىقى كىشى خالايىقنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى-دە، كوزدىن غايىپ بولدى.

ئۇۋان ئىلئىچ كوزى بىلەن ئورىشىنكوۋنى ئىزدىدى، ئورىشىنكوۋ ئەمدى ئۇزاقتا، دەرۋازا يېنىغا بېرىپ قالغان ئىدى. ئۇۋان ئىلئىچ-نىڭ قۇلىغىغا بىرنەچچە مەرتىۋە "ئىنقىلاپ، ئىنقىلاپ" دېگەن گەپ ئاڭلاندى.

ئۇۋان ئىلئىچ پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ قورقۇنچ ھەم خوشاللىققا تول-

غانلىغىنى سەزدى، ئۇ تومۇر ـ تەسەكلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، خالايىققا قارىدى، بىردىنلا ئۆزىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا تۇرغان ئاكۇندىننى كورۇپ قالدى. ئاكۇندىن كوزەينەك تاقىغان، بېشىغا چورىسى يوغان كېپكا، ئۈستىگە قارا چاپان كىيىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگەن، كالپۇكلىرىنى تىترەك باسقان بىر كىشى يېقىنلىشىپ كەلدى. بۇ كىشىنىڭ ئاكۇندىنغا:

ــ ئىۋان ئاۋۋاكۇموۋىچ، بېرىڭ، سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، ــ دېگىنى تېلېگىنىنىڭ قۇلىغىغا كىردى.

ــ بارمايمەن، ــ دېدى ئاكۇندىن زەھەر بىلەن.

ــ پۈتۈن كومىتېت ئەزالىرى شۇ يەردە. سىز بولمىسىڭىز، ئۇلار ھەرقانداق قارار قوبۇل قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ، ئىۋان ئاۋۋاكۇموۋىچ.

ــ مەن ئوز پىكرىمدە قالىمەن، بۇ ئۇلارغا مەلۇم.

ــ تەنتەكلىك قىلماڭ. نىمە بولۇۋاتقانلىغىنى ئوزىڭىز كورۇپ تۇرۇپسىزغۇ. بىر مىنۇتتىن كېيىن ئېتىش ـ قىرىش باشلىنىشى مۇمكىن... ــ كىگىز قالپاق كىيگەن كىشىنىڭ كالپۇكلىرى قاتتىق تىترەشكە باشلىدى.

ــ بىرىنچىدىن، ۋاقىرىماڭ، ــ دېدى ئاكۇندىن، ــ بېرىڭ، بىرەر مۇرەسسە قىلىنغان قارارنى چىقىرىۋېرىڭلار، بۇ ئىغۋاغا مەن ئارىلاشمايمەن...

ــ مەنىسىزلىك، ساراڭلىق بۇ! ــ دېدى كىگىز قالپاق كىيگەن ئەپەندى ۋە خالايىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئاكۇندىننىڭ يېنىغا، تۈنۈگۈن تېلېگىنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئادەملەرنى ئىش تاشلاشقا چاقىرغان ئىشچى كەلدى. ئاكۇندىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېۋىدى، ئۇ

بېشنى سلـكىپ، يەنە خالايىق ئىچىـگە كىـرىپ كەتـتى. كېيىن ئاكۇنـدىنىڭ يېنىغا يەنە بىر ئىشچى كەلدى، ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە دىدى، ئىشچى بېشىنى سىلكىدى-دە، ئۇمۇ كوزدىن غايىپ بولدى.

شۇ ۋاقىتتا خالايىق ئىچىـدە ۋاڭ-چۇڭ كوتىـرىلـدى، بىردىن كەينى-كەينىدىن مىلتىقـتىن ئۇچ قېتىم ئوق چىقـتى. خالايىق بىر دەمـدە جىـم بولـدى. بىر كـىشى بوغۇلـغان ئاۋاز بىلەن خۇددى ئەتەيـلەپ ۋاقىرىغانـدەك "ئا-ئا-ئا" دەپ ۋاقىراشـقا باشـلىدى. خالايىق بىر سىلكىنىپ، دەرۋازا يېنىدىن كەينىگە سىلجىشقا باشلىدى. بىر كازاك تىزلىرىنى قوسىغىغا پۈكۈپ، پاتقاقـتا ئوڭدىسىغا ياتاتتى. دەرۋازا ئېچىلغاندا، خالايىق ئوتتۇرىسىدىن: "قويۇڭلار، قويۇڭلار" دىگەن ئاۋازلار چىقتى. بىراق شۇ ۋاقىتـتا بىر چەتتىن تاپانـچىدىن ئوق ئېتىلدى، بىرنەچچە تاش قاڭالتىرغا بېرىپ تاراقـلاپ تەگدى. شۇ ۋاقىتتا تىلـېگىن ئورىشىنـكوۋنى كورۈپ قالـدى؛ ئورىـشىنكوۋ تەرتىپسىز هالدا قېچىشقا باشلىغان خالايىقنىڭ ئالـدىدا يالاڭۋاشتاق يالـغۇز ئوزى ئاغزىـنى ئېچىپ تۇراتـتى. ئۇنى خۇددى دەهشەت باسـقانـدەك، يەرگە قېـقىپ قويـغانـدەك تىنچ تۇراتـتى. خۇددى تاراسلاپ چۈشـكەن قامچا ئاۋازىـدەك، كەيىنى-كەيـنىدىن مىلـتىق ئېتىلـىشـقا باشلىدى، ئورىـشـنكـوۋ ئاسـتا تىزلانـدى-دە، دۈم يىقىلدى.

بىر هەپتىدىن كېيىن، زاۋۇتتا بولغان ۋەقە تەكشۈرۈلۈپ بولدى. ئىشچىلارغا خەيرىخاهلىق قىلغۇچىـلار تىزىملىگىدە ئۇۋان ئىلئىچـمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىشخانىغا چاقىرتىلغاندا، تۇيۇقسىزدىن مۇدىرغا ياندى، تاكاللاشتى ۋە ئىشتىن ئىستىپا بەردى.

# 11

داشانىڭ ئاتىسى، دوختۇر دمىترى ستىپانوۋىچ بۇلاۋىن ئاشخا-
نىدا پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان چوڭ ساماۋار يېنىدا «سامارا مۇنبە-
رى» دېگەن يەرلىك گېزىتنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. تاماكىسى پاختى-
سىغىچە① يېنىپ بولغاندىن كېيىن، لىق تاماكا قاچىلانغان قۇتىسى-
دىن باشقا تاماكا ئېلىپ، ئاۋالقىسىدىن تۇتاشتۇرۇپ چېكەتتى، يوتىلىپ-
يوتىلىپ، قىزىرىپ كېتەتتى، گاھىدا تۇگمىلىرى يېشىلگەن كوينىكى-
نىڭ ئىچىگە قولىنى سېلىپ، يۇڭ باسقان مەيدىسىنى تاتىلايتتى.
گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچەتتى، كوينىكىگە، گېزىتكە ۋە
داستىخانغا تاماكا كۇلىنى قاقاتتى.

نېرىقى ئۆيدىن كارۋاتنىڭ غىچىرلىشى، ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى.
كېيىن، كوينەك ئۈستىدىن خالات كىيگەن، يۈزى ئۇيقۇدىن
قىزارغان داشا ئاشخانىغا كىرگەندە، دمىترى ستىپانوۋىچ دەز كەت-
كەن كوزەينەك ئۈستىدىن داشانىڭ كوزلىرىدەك سوغاق ۋە كۈلۈپ
تۇرغان كوزلىرى بىلەن قىزىغا قاراپ، يۈزىنى سويۈشكە تۇتتى.
داشا ئاتىسىنى سويدى ۋە ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا بولكا
بىلەن سارماينى سۈرۈپ قويدى.

— يەنە شامال چىقىپتۇ، — دېدى داشا. ھەقىقەتەن، ئىككى

---

① تاماكىنىڭ ئېغىزغا كىرىدىغان تەرىپىگە پاختا تىقىلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

كۈندىن بۇيان تىنماي ئىسسىق شامال چىقىپ تۇراتتى. ھاك چېڭى پۈتۈن شەھەر ئۈستىنى، قۇياش يۈزىنى قاپلاپ تۇراتتى. كوچىلاردا قويۇق چاڭ-توزاڭ غۇيۇلداپ ئۇچاتتى، ئادەملەر شامالغا ئارقىسىنى قىلىپ باراتتى. ھەر بىر توشۇك، ھەر بىر تۈگۈلۈكنى چاڭ باسقان، دەرىزىلەرنىڭ راملىرى، ئويۇقلىرىغا بىر ئەنلىك-بىر ئەنلىك چاڭ قونغان، چاڭ ئادەملەرنىڭ چىش ئارىلىرىغا كىرىپ غىچىرلايتتى. رام ۋە ئويلەرنىڭ قاڭالتىر ئوگزىلىرى تاراقلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈن ئىسسىق، تىنجىق بولغاچقا، ھەتتا ئويىنىڭ ئىچىمۇ كوچىنىڭ پۇرىغى بىلەن تولغان ئىدى.

— بىر خىل كوز ئاغرىغى تارقىلىپتۇ. كورۇڭ بۇ ئىشنى، — دىدى دمترى ستىپانوۋىچ. داشا بىر ئۇھ تاتتى.

ئۇ ئىككى ھەپتە بۇرۇن پاراخوت پەلەمپىيدە تۇرۇپ تىپلىگىن بىلەن خوشلاشقان، ئىۋان ئىلىئچ ئاخىر ئۇنى ساماراغىچە ئۇزىتىپ قويغان ئىدى، ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان، ئاتىسىنىڭ يىڭى، ئوزى تۇرۇپ باقمىغان، قۇرۇق ئويىدە بىكار ياشايتتى؛ ئويىنىڭ چوڭ زالىدا ساندۇققا سېلىنغان كىتاپلار ياتاتتى، دەرىزىلەرگە پەردە تۇتۇلمىغان ئىدى، ئويدە ئارام ئالغۇدەك جاينىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى، خۇددى كارۋان سارايدا تۇرغاندەك، ئوزىنى قاياققا قويۇشنى بىلمەيتتى.

داشا ئىستاكاندىكى چاينى قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، چاڭ-توپىلارنىڭ كوچىدا پۇقۇراپ ئايلىنىپ ئۇچۇشىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يۈرىگى ناھايىتى سىقىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، مانا ئىككى يىلمۇ چۇشتەكلا ئوتۇپ كەتتى؛ يەنە ئويگە قايتتىم، پۈتۈن ئۈمىت-ئارزۇلىرىمدىن، ياشلىق ھاياجانلىرىدىن، جۇشقۇن پىتىربۇرگدىن پەقەت چاڭ-توپىلا قالدى، دىگەن ھىسقا كەلدى.

— ئېرتسگېرتسوگ ئولتۇرۇلۇپتۇ، — دېدى دمىترى ستېپانوۋىچ، گېزىتنى ۋاراقلاپ.

— قايسىسى؟

— قايسىسى دېگىنىڭ نېمىسى؟ سارايېۋودا ئاۋستىرىيە ئېرتسگېرتسوگنى ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۆزى ياشمىدى؟

— بىلمىدىم. يەنە بىر ئىستاكان چاي قۇي.

دمىترى ستېپانوۋىچ ئاغزىغا كىچىككىنە بىر چاقماق قەن سېلىپ، (ئۇ ھەممىشە قەننى شۇمۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچەتتى) داشاغا كىنايىلىك قاراپ قويىدى.

— ئېيتقىنا، — دېدى ئۇ چاي تولدۇرۇلغان ئىستاكان قويۇلغان تەخسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — يېكاتېرىنا ئېرى بىلەن پۇتۇنلەي ئاجرىشىپ كەتتىمۇ؟

— ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردىمغۇ، دادا...

— بولدى، بولدى...

ئۇ يەنە گېزىت ئوقۇشقا كىرىشتى. داشا دەرىزە ئالدىغا كەلدى. قانداق مۆكۈلۈق بىر مەنزىرە! ئۇ ئاپپاق پاراخوتنى يادىغا ئالدى، ھەممە ياق: كوپ-كوك ئاسمانمۇ، دەريامۇ، چىنىدەك تازا پاراخوت ئۈستى — ھەممە ياق قۇياش نۇرىغا چومۇلگەن، ھاۋا ساپ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بۇ نۇرلۇق يول — كەڭ، تىنچ دەريا، ”فيودور دوستويېۋسكى“ ناملىق پاراخوت، تېلېگىن بىلەن بىللە داشانىڭ ئۆزىمۇ بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، چەكسىز نۇر ۋە خوشاللىق دېڭىزى — بەخت دېڭىزىغا كېلىپ قۇيۇلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ چاغدا داشا تېلېگىننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سەزگەن بولسىمۇ،

ئالدىرىمايتتى، تىلىگىنىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭغا ياقاتتى. بۇ يولنىڭ ھەر مىنۇتى، ھەر قەدىمىمۇ لەززەتلىك ئىكەن، ئالدىراشنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ ئۇلار بەربىر ئەنە شۇ بەخت دېڭىزىغا يېتىۋالىدۇغۇ!

ئەمما، پاراخوت ساماراغا يېقىنلاشقانسېرى، ئىۋان ئىلئىچنىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ، ئۇنچىقماس بولۇپ قالغان ئىدى. داشا "بەختكە قاراپ ئۈزۈپ بېرىۋاتىمىز" دەپ ئويلايتتى؛ شۇڭا داشا ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، ئىۋان ئىلئىچ بولسا خۇددى كۈچلۈك، خۇش چاخچاق ئادەمنى ھارۋا بېسىپ كەتكەندەك، داشاغا قارايتتى. داشا ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، رەھمى كېلەتتى، ئەمما ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. داشا ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرەلمەيتتى، مۇبادا يېقىن كەلتۈرسە، كېيىن بولىدىغان ئىشنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار بەختلىك بولالماي قالىدۇ، ئەكسىچە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانلىقى بەدىلىگە بەختنى يېرىم يولدا نابۇت قىلىۋېتىدىغۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ئىۋان ئىلئىچ بىلەن پەقەت مۇلايىم مۇناسىۋەتتە تۇتاتتى، ئارتۇغىغا يول قويمايتتى. تىلىگىن بولسا، تۆت كۈندىن بېرى ئۇخلىماي چىقىشىمنىڭ، ئۆزەمنى تونۇماستىن، قانداقتۇر تۇمان ئىچىدە يۈرگەندەك سېزىشىمنىڭ سەۋەپلىرىنى ئېيتسام، داشانى ھۆرمەت قىلمىغان بولىمەن دەپ ئويلايتتى، بۇ تۇمان ئىچىدىن داشانىڭ كۆزلىرى خاۋاتىرلىنىپ يانغاندەك، خۇش پۇراق، قۇياش نۇرى ۋە كۆكلۈكنىڭ تىنماي ئاغرىشىدىن باشقا نەرسە دۇنيادا يوقتەك تۇيۇلاتتى.

سامارادا ئىۋان ئىلئىچ باشقا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، قايتىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

داشا ئارزۇ قىلغان پاكىز دېگىز بىر دەمنىڭ ئىچىدە يوق بولدى، ئۇنىڭ ئورنىنى كوچىلاردىن ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەن چاڭ-تۇمان ئالدى.

— ئاۋستىرىيىلىكلەر سىربىلارنىڭ ئەدىۋىنى تازا بېرىدىغان بولدى-دە، — دېدى دمىترى ستىپانوۋىچ، بۇرنىدىن كوزەينەكنى ئېلىپ، گېزىت ئۈستىگە تاشلىدى، — خوش، سلاۋيان مەسلىسى توغرىسىدا سەن نىمە دەيسەن، ئاپپىغىم؟

داشا دەرىزە يېنىدا تۇرۇپ يەلكىسىنى قىستى، — چۈشلۈك تاماقتا يېتىپ كېلەمسەن، دادا؟ — دەپ غەمكىن ئاۋاز بىلەن سورىدى داشا.

— كېلەلمەسمەنمىكىن. پوستىنكوۋلارنىڭكىگە بېرىپ كېسەل كورىدىغان ئىشىم بار.

دمىترى ستىپانوۋىچ ئالدىرىماستىن ئۈستەلدىن كوينىكنى ئېلىپ كىيدى، شايى كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتى، ھەممە نەرسەم يېنىمدىمۇ دەپ يانچۇقلىرىنى سىلاشتۇرۇپ چىقتى، كېيىن چىشلىرى سۇنۇپ كەتكەن تاغاق بىلەن ئاقارغان بۇدۇر چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى.

— خوش، قېنى، سلاۋيانلار مەسلىسى توغرىسىدا نىمە دەيسەن؟

— خۇدا ئۇرسۇن، دادا، بىلمەيمەن. نىمىشقا ماڭا سوئال قويۇۋېرىسەن؟

— بۇ مەسلىدە مېنىڭ ئوز پىكرىم بار، داريە دمىترىيېۋنا، — ئۇ يولغا چىقىشقا ئالدىرىمايتتى؛ ئومۇمەن دمىترى ستىپانوۋىچ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چاي ۋاقتىدا سىياسىدىن گەپ ئېچىشنى ياخشى كورەتتى، — سلاۋيانلار مەسلىسى، ئاڭلاۋاتامسەن، قىزىم؟ — جاھان سىياسىتىنىڭ تۈگۈنى. بۇ مەسىلىدە كوپ ئادەمنىڭ ئىشى چاتاق

بولىدۇ تېخى. بۇنىڭغا سلاۋيانلارنىڭ كېلىپ چىققان جايى، يەنى بالقان يېرىم ئارىلى، ياۋروپانىڭ قارغۇ ئۈچەيى بولغانلىقى سەۋەبلىك بولغان. بۇنىڭدا مەسىلە نىمىدە؟ دەپ سورايدىغانسەن. سوزۇمگە قۇلاق سال — ئۇ يوغان بارماقلىرىنى پۇكۈپ ساناشقا باشلىدى، — بىرىنچىدىن، سلاۋيانلارنىڭ سانى ئىككى يۈز مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۇلار خۇددى توشقاندەك كۆپىيىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، سلاۋيانلار روسىيە ئىمپېرىيىسىدەك قۇدرەتلىك ھەربى دولەت قۇرۇۋېلىشقان. ئۈچىنچىدىن، ئۇششاق سلاۋيان گۇرۇھلىرى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، مۇستەقىل توپ ئۇيۇشتۇرماقتا ھەم پان سلاۋيانلار ئىتتىپاقىغا ئېغىپ بارماقتا. تۆتىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى، شۇ سلاۋيانلار ئەخلاقىي تەرەپتىن يېڭى ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى خەۋپلىك بولغان ”خۇدا ئىزدىگۈچىلەر“نىڭ ۋەكىلى. ”خۇدا ئىزدەش، — ئاڭلاۋاتامسەن، قىزىم؟ — ھازىرقى زامان مەدەنىيە-تىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنى يىمىرىش دېمەكتۇر. مەن خۇدانى، يەنى ھەقىقەتنى ئۆزەمدىن ئىزدەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇتلەق ئەركىن ئادەم بولۇشۇم كېرەك، مەن ئۈستۈمدىن بېسىپ ياتقان ئەخلاق نىگىزلىرىنى، مېنى كىشەنلەپ قويغان دولەتنى يىمىرىپ تاشلىشىم كېرەك.

— جېنىم دادا، يېزىغا چاپسانراق بارساڭچۇ، — دېدى داشا روھسىز ھالەتتە.

— ياق، ھەقىقەتنى مانا شۇ يەردىن ئىزدە، — دېمىترى ستېپانوۋىچ بارمىقىنى يەرگە قاراتتى ۋە بىردىنلا جىم بولۇپ، بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. دالاندا قوڭغۇراق جاراڭلىدى.

— داشا، بېرىپ ئاچقىن.

— ئاچالمايمەن، كىيىنگىنىم يوق.
— ماتىرىيونا! — دەپ ۋاقىرىدى دمىترى ستىپانوۋىچ، — ۋاي، خوتۇن بولماي ئۆل — دىدى-دە، كوچا تەرەپتىكى ئىشىكنى ئاچقىلى كەتتى ۋە بىر دەمدىلا قولىدا خەت تۇتۇپ قايتتى.
— كاتيۇشىدىن خەت كەپتۇ، — دىدى ئۇ، — ئالدىرىما، قولۇمدىن تارتىماي تۇرغىن، ئاۋال گېپىمنى ئېيتىپ بولاي...خوش، «خۇدا ئىزدەش» دەسلەپ ھەر نەرسىنى يىمىرىشتىن باشلىنىدۇ، بۇ دەۋر ناھايىتى خەۋپلىك ۋە تەسىرى كۈچلۈك دەۋر. روسىيە كەچۈرۈۋاتقان دەۋرمۇ خۇددى شۇ دەۋر...قېنى، ئەڭ مەركىزىي كوچىغا كەچ-قۇرۇنلۇغى چىقىپ كورگىنچۇ، «دات! ۋاي دات!» دىگەندىن باشقا نەرسىنى ئاڭلىمايسەن. كوچىلاردا ئوغرىلار، قاراقچىلار كېزىپ يۈرىدۇ، ئۇنداقلارغا ساقچىلارنىڭمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. «خۇدا ئىزدى-گۈچىلەر» — ھېچقانداق ئەخلاقى بولمىغان كىشىلەر؛ چۈشەندىڭمۇ، قىزىم؟ ئۇلار بۈگۈن چوڭ كوچىدا خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىدۇ، ئەتە روسىيىنىڭ ھەممە يېرىدە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مىللىتىمىز «خۇدا ئىزدەش»نىڭ بىرىنچى دەۋرىنى، يەنى نېگىزلەرنى يىمىرىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.
دمىترى ستىپانوۋىچ دىمىغىنى قېقىپ، تاماكا چېكىشكە باشلىدى. داشا ئۇنىڭ قولىدىكى خەتنى تارتىۋېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. دمىترى ستىپانوۋىچ يەنە بىر ھازاغىچە سوزلەپ، ئاندىن ئىشىكنى تاراقىدا يېپتى-دە، چاڭ باسقان، پوللىرى سىرلانغان چوڭ ئۆيدە بىر پەس مېڭىپ يۈرۈپ، كېيىن يېزىغا مېڭىپ كەتتى.

«دانيۇشا، جېنىم، — دەپ يازغان ئىدى كاتە، — شۇ ۋاقىتقىچە يە سەن-دىن، يە نىكولايدىن خەۋەر يوق. مەن ھازىر پارىژدىمەن. ھازىر مەۋ-

سۇمنىڭ ھەممىدىن قىزىغان ۋاقتى. ھازىر بۇ يەردە ئېتەكلىرى تار كوينەك كىيىش رەسىم بولۇپ قاپتۇ. ھەممەيلەپ شىفىڭ كىيىم كىيىدىكەن. پارىژ ناھايىتى چىرايلىق شەھەر ئىكەن. ھەممەيلەن، پۈتۈن پارىژ ئەھلى ئومۇمەن تانگو ئۇسۇلىنى ئوينايدىكەن، قېنى بىر قېتىم كورسەڭ ئىدىڭ. ناشتا ۋاقتىدىمۇ، ئىككى ۋاقلىق تاماق ئوتتۇرىسىدىمۇ، سائەت بەشتىمۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىمۇ تانگو ئۇسۇلىنى ئويناۋېرىدىكەن؛ ئەتىگەنگىچە ئوينايدىكەن. بۇ مۇزىكىدىن ھېچ قەيەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئۇنىڭ ئۈزىمۇ قانداقتۇر غەمكىن، يۈرەكنى ئەزگۈچى لەززەتلىك مۇزىكا. مۇرىلىرى، مەيدىلىرى ئوچۇق، كوزلىرىگە سۇرمە قويغان خوتۇنلارغا، ئۇلارنىڭ يىگىتلىرىگە قاراپ ئولتۇرسام، خۇددى ياشلىقىم بىلەن، زادى قايتىپ كەلمەيدىغان بىر نەرسە بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك بولىمەن. قىسقىسى، يالغۇزلۇقتىن يۈرىكىم قىسىلىپ يۈرۈپتىمەن. ماڭا نوقۇل بىرەر كىشى ئۇلۇشى كېرەكتەك تۇيۇلىدۇ. مەن دادامدىن ئەنسىرەيمەن. ئۆزى خېلىلا قېرىپ قالغان ئەمەسمۇ. بۇ يەردە رۇسلار نۇرغۇن ئىكەن، ھەممىسى كونا تونۇشلار؛ ھەر كۈنى بىرەر يەردە يىغىلىپ قالىمىز، ئۆزەمنى خۇددى پېتېربۇرگدىن ھېچ قاياققا كەتمىگەندەك سېزىمەن. ئېيتقاندەك، ماڭا بۇ يەردە بىرسى نىكولاينىڭ بىر ئايال بىلەن يېقىن ئالاقىدا بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ تۇل خوتۇن ئىمىش، ئۈچ بالىسى بولۇپ، كەنجىسى بوۋاق ئىكەن. بىلدىڭمۇ؟ ئاۋال ماڭا ناھايىتى ئەلەم قىلدى. نىمىشقىدۇر بوۋاققا ئاستا ـ ئاستا ناھايىتى رەھىم كېلىپ كەتتى... ئاھ، دانيۇشا، تازىمۇ بالا كورگۇم كېلىپ كەتتىكى، ئەمما بالىنى ياخشى كورگەن كىشىگىدىن كورۇشۇڭ مۇمكىن ـ دە. ئەرگە تېگىپ، بالا تۇغ، ئاڭلىدىڭمۇ!

داشا بۇ خەتنى بىرنەچچە مەرتىۋە ئوقۇپ چىقتى، يىغلىدى، خۇسۇسەن گۈناسىز بوۋاق توغرىسىدا يېزىلغان جايىنى ئوقۇپ يىغلىدى، كېيىن جاۋاپ يېزىشقا ئولتۇردى ۋە ئۇنى چۈشكىچە يازدى؛ چۈشلۈك تاماقتا يالغۇزلا ئولتۇردى، تاماقنى تۈزۈكرەكمۇ يېمىدى، ئۇنى ئازراق تېتىپ بېقىپلا كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ، كونا ژورناللار

ئىچىدىن چوڭ بىر رومان تېپىۋېلىپ، ئۇنى دېۋاندا ئولتۇرۇپ كەچ كىرگىچە ئوقۇدى. كەچقۇرۇنلۇغى ئاتىسى قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ھەممە يېقى چاڭ، ھارغان ئىدى؛ ئۇلار كەچلىك تاماقتا ئولتۇردى، ئاتىسى داشانىڭ سوئاللىرىغا بىر خىلدا قىلىپ: "ھە"، "ھە" دەپلا جاۋاپ بېرەتتى. داشا سۇرۇشتۇرگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، قىزىل چىققان ئۈچ ياشلىق بالا قازا قىپتۇ. دمىترى ستېپانوۋىچ بۇ گەپنى ئېيتىپ، بۇرنىنى تارتىشقا باشلىدى، كوزەينىگىنى قۇتە-سىغا سېلىپ، ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتتى. داشامۇ ئۆيگە كىرىپ ياتتى، بېشىغا يوتقانىنى يۆركىۋېلىپ، ھەر تۈرلۈك قايغۇلۇق نەرسىلەردىن تويۇپ يىغلىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. چاڭ-توپا يامغۇرلۇق بوران، گۈلدۈرماما ۋە قاتتىق ياققان يامغۇر بىلەن تۈگىدى؛ يامغۇر ئۆينىڭ قاڭالتىرلىرىنى داراڭلىتىپ چىققان ئىدى، يەكشەنبە كۈنى — ئەتىسى ھاۋا چىندەك يۇيۇلۇپ، تاپ-تازا بولغان بىر كۈن بولدى.

داشا ئەتىگەنلىكى ئەمدى تۇراي دەپ تۇرغاندا، يەرلىك ئاپتو-نومىيە ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتچىسى، ئورۇق، مۇكچەيگەن، يۈزى دائىم قانسىز، سېرىق ساقاللىق، چاچلىرىنى قۇلاق ئارقىسىغا قارىتىپ تارىغان سېمىيون سېمىيونوۋىچ گوۋەدىن دىگەن تونۇش كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن قايماق پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى؛ گوۋەدىن ۋىنو، تاماكا، گوش دىگەن نەرسىلەرگە يېقىن يولمايتتى، ساقچىلار ئۇنىڭغا كوز-قۇلاق بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ داشا بىلەن كورۇ-شۇپ تۇرۇپ، ھىچقانداق ئاساس بولمىسىمۇ، زاڭلىق قىلغاندەك ئاۋاز بىلەن:

— سىزنى ئىزدەپ كەلدىم، ئايال كىشى. يۈرۈڭ، ۋولگا بويىغا

باردىمىز، — دېدى.

داشا: "بۇ سانلىق مەلۇماتچى گوۋەدىن قانداق بولۇپ كېلىپ قالدى" دەپ ئويلىدى-دە، ئاق كۆڭلۈگىنى ئېلىپ، سېمىيون سېمىيونوۋىچنىڭ كەينىدىن ۋولگىغا — قېيىقلار تۇرغان ماتۇغا كەتتى.

ئاشلىق، ياغاچ، يۈك ۋە پاختا تايلىرى دۆۋىلەنگەن ئۇزۇن-ئۇزۇن تاختاي ئويلەرنىڭ ئەتراپىدا يەلكە ۋە مەيدىلىرى كەڭ، يالاڭغىداق، يالاڭئۇاش، يەلكىلىرى ئوچۇق پىرىستان ئىشچىلىرى ۋە يۈكچىلەر يۈرۈشەتتى؛ بەزىلىرى قىمار ئوينايتتى، بەزىلىرى قاپ ياكى تاختايلاردا يېتىپ ئۇخلايتتى؛ نېرىراقتا ئوتتۇزغا يېقىن كىشى يەلكىلىرىگە ساندۇق ئارتىپ، سىلكىنىپ، ئەگرى تاختايدىن چىقىپ چۈشەتتى. چوڭ هارۋىنىڭ يېنىدا ھەممە يېرى مەينەت ۋە چاڭ، يۈزى قانىغان بىر مەس ئىشتىنىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ، كىمنىدۇر بىرىنى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تىللاپ تۇراتتى.

— بۇ ئۇنسۇرلار يە ھېيتنى بىلمەيدۇ، يە ئارام ئېلىشنى، — دېدى سېمىيون سېمىيونوۋىچ بىرسىگە تەلىم بەرگەندەك ئاھاڭ بىلەن، — مانا بىز ئەقلىلىق ۋە زىيالى كىشىلەردىن بولغىنىمىز ئۈچۈن، تەبىەت مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىشقا كېتىۋاتىمىز. — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، يەردە ئۇخلىغان سوزۇلۇپ ياتقان مەيدىسى كەڭ، كالپۇكلىرى قېلىن بىر يىگىتنىڭ ئايىغى ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتتى؛ يەنە بىر يىگىت ياغاچقا مىنىپ، فرانسۇز بولكىسى يەپ ئولتۇراتتى. يەردە ياتقان يىگىتنىڭ گېپى داشانىڭ قۇلىغىغا يەتتى:

— فىلىپ، قېنى ئەمدى، بىزگە شۇندىغىدىن بولسا.

ئاغزىغا لىق بولكا تىققان يەنە بىر يىگىت مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى تازىسى ئىكەن. تەشۋىشى كوپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەڭ، قىزغۇچ سېرىق دەريا ئۈستىدە يىراقتىكى قۇملۇق قىرغاق تەرەپكە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قېيىقلارنىڭ قۇياش نۇرىدىن جىلۋىلەنگەن قارىسى كورۈنىدۇ. گوۋەدىنىمۇ شۇنداق قېيىقلاردىن بىرىنى ئالدى-دە، داشانى رولغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوزى پالاقنى ئېلىپ، ئېقىمغا قارشى ھەيدەشكە باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزى تەرلەپ كەتتى.

— تەنھەرىكەت قالتىس نەرسە، — دىدى سېميون سېميونوۋىچ ۋە پەلتوسىنى يەشتى، ئىشتىنىنى كوتىرىپ تۇرغان تاسمىسىنىمۇ يېشىپ، قېيىقنىڭ تۇمشۇغىغا قويدى. قوللىرى ئورۇق، يۇڭ بېسىپ كەتكەن ئىدى. داشا كۇنلۇگىنى ئېچىپ، سۇغا قاراپ ئولتۇردى.

— قوپال سوئال بەرگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، داريە دمىترىيېۋنا، شەھەردە سىزنى ئەرگە چىقارمىش دىگەن گەپ بار، شۇ راستمۇ؟

— ياق، يالغان.

سېميون سېميونوۋىچ ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپ ھىجايدى. ئۇنىڭ تەشۋىشلىك يۈزىدە بۇ ھىجىيىش خېلى كۇلكىلىك بولۇپ كورۈنەتتى؛ ئۇ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن: "ئېخ، كەڭ ۋولگىدىن ئۈزۈپ بارىمىز..." ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىغان ئىدى، ئاۋازىدىن ئۇيىلىپ جىم بولدى، قېيىقنى كۇچىنىڭ بېرىچە ھەيدەشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئادەمگە لىق تولغان بىر قېيىق ئۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىدى. كوك ۋە قىپ-قىزىل كەشىر كوينەك كىيگەن ئۇچ مىشچان گازىر چېقىپ، شاكىلىنى تىزلىرىغا توكۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا غەرق مەس، چاچلىرى بۇدۇر، بۇرۇتى قاپ-قارا بىرى، خۇددى جان بېرىۋاتقان ئادەمدەك، كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ، گارمۇن چېلىپ ئولتۇراتتى. ئىككىنچىسى قېيىقنى چايقالدۇرۇپ

ھەيدەيتتى، ئۈچىنچىسى بولسا پالاقىنى سېمېيون سېمېيونوۋىچقا تەڭلەپ:

— چەتكە بۇرۇل، ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان ئەخمەق! — دەپ ۋاقىرىدى. ئۇلار ۋاقىراش-جاقىراش ۋە تىللاشلار بىلەن، سېمېيون سېمېيونوۋىچلارنىڭ قېيىقى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى.

ئاخىر، قېيىق دەريانىڭ تېيىز يېرىگە بېرىپ، قۇمغا تەگدى. داشا قىرغاققا سەكرەپ چۈشتى. سېمېيون سېمېيونوۋىچ يەنە تاسمىسىنى ئېتىپ، پەلتوسىنى كىيىۋالدى.

— ئۆزەم شەھەر ئادىمى بولساممۇ، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ، — خۇشۇسەن، تەبىئەت قۇچىقىدا قىز قامىتى كۆرۈنۈپ تۇرسا، بۇ تۇرگېنېۋ يازغان مەنزىرىلەرنى يادىغا كەلتۈرىدۇ، يۈرۈڭ ئورمانلىققا بارىمىز.

ئۇلارنىڭ پۇتى قىزىپ تۇرغان قۇمغا ئوشۇقلىرىغىچە پاتاتتى، ئۇلار ئورمان تەرەپكە كەتتى. گوۋەدىن پات-پات توختاپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتتى ۋە:

— بىر قاراڭا، قانچىلىك گۈزەل مەنزىرە! — دېدى.

كېيىن، ئۇلار قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، بىر تۆپىلىككە چىقىشتى، بۇ يەردىن بەزى يەرلىرىدىكى چۆپلەر ئورۇۋېلىنغان كۆپ-كۆك ئوتلاقلار باشلىناتتى. ھەر ياقتىن بال گۈلىنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى. تارغىنا بىر يارنىڭ ياقىسىنى ياڭاق دەرەخلىرى قاپلىغان. پەستىن كۆپ-كۆك مايسا ئوتلار ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئاققان سۇ نېرىغا بېرىپ، باشقا بىر كىچىك كۆلگە قۇيۇلاتتى. كۆلنىڭ ئەتراپىدا قېرىپ قالغان لىپا دەرەخلىرى، خۇددى بىرسى قولىنى سوزۇپ تۇرغاندەك بىر شېخى يانداپ چىققان قېرى قارىغاي تۇراتتى. نېرىدا،

تارغىنا بىر جايىدا ئېچىلغان ئاق گۈللەر كورۈنەتتى. بۇ يەرلەر قىرغاۋۇللار ئۇچۇپ ئۆتكەندە توختايدىغان يەرلەر ئىدى. داشا بىلەن سېمىيون سېمىيونوۋىچ مايىسا ئوتىقا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قىڭغىر-قىيشىق يارنىڭ سۇيىدە كوپ-كوك ئاسمان، يېشىل يوپۇرماقلار ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. داشادىن سەل نېرىدىكى پاكار دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئىككى قۇش بىر خىلدا چىرىلدىشىپ، سەكرىشىپ يۇرەتتى. دەرەخلەر ئارىسىدا قەيەردىدۇر بىر يەردە، جۇپتى تاشلاپ كەتكەن ياۋايى كەپتەر ئېغىر قايغۇدا تىنىماي گۇگۇ-لايتتى. داشا ئاياقلىرىنى ئۇزىتىپ، قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، جۇپتى-دىن ئايرىلغان كەپتەرنىڭ نالىسىنى تىڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ كەپتەر خۇددى: "داريە دمىترىيېۋنا، هاي داريە دمىترىيېۋنا، سىزگە نىمە بولدى، نىمىشقا قايغۇلۇق كورۇنىسىز، نىمىشقا يىغلىغىڭىز كېلىدۇ؟ هېچ نەرسە بولغىنى يوققۇ تېخى، نىمىشقا قايغۇرىسىز، نىمىشقا خۇددى ئومۇر تۇگەپ كەتكەندەك قايغۇرىسىز؟ ئوزىڭىز يىغلاڭغۇسىز" دەۋات-قاندەك قىلاتتى.

—سىز بىلەن ئۇچۇق گەپلەشمەكچىمەن، داريە دمىترىيېۋنا،—دىدى گوۋەدىن،—هەرقانداق ئەندىشىنى بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ گەپ قىلسام مەيلىمۇ؟...

—گەپ قىلىڭ، ماڭا بەرىبىر،—دىدى داشا ۋە سېمىيون سېمىيونو-ۋىچنىڭ ئۇنىڭ ئاق پايپاقلىرىغا پارقىراپ قاراپ تۇرغان كوزلىرىنى ئەمەس، بەلكى كوپ-كوك ئاسمانىنى كورۇش ئۇچۇن قوللىرىنى يەلكىسىگە قويۇپ، ئاسمانغا قاراپ ياتتى.

—سىز—مەغرۇر، يۇرەكلىك قىز سىز. سىز ياش، چىرايلىق، جۇشقۇن هايات بىلەن تولغان قىز سىز...

www.uyghurkitap.com

—شۇنداقمۇ؟—دېدى داشا.

—تەربىيە ۋە مۇھىت تەسىرى ئاستىدا پەيدا بولغان ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى يىمىرىشنى ئويلاپ كۆرمىگەنمۇ سىز؟ ھەممە ئالىملار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان شۇ ئەخلاقنى دەپ، ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەل سەزگۈلىرىڭىزنى بېسىپ تۇرامسىز؟

—مەن ئۆزەمنىڭ گۈزەل سەزگۈلىرىمنى بېسىپ تۇرۇشنى خالىمىدىم دەپمۇ پەرەز قىلاي، ئۇ ۋاقىتتا نېمە قىلاتتىڭىز؟—سورىدى داشا ۋە گوۋەدىنىنىڭ نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. داشانىڭ تېنىنى ئاپتاپ قىزىتماقتا ئىدى، ئاسمانغا، قۇياش نۇرىنىڭ پۈتۈن كۆك يۈزىنى ئورىۋالغان شولىلىرىغا قاراپ يېتىش شۇنچىلىك راھەت ئىدىكى، ئۇنىڭدا يە قىمىرلاش ۋە ھەتتا پىكىر يۈرگۈزۈش تىلىگى يوق ئىدى.

سېمىيون سېمىيونوۋىچ بارمىقى بىلەن يەرنى كولاپ، جىم ئولتۇردى. داشا ئۇنىڭ مارىيە داۋىدوۋنا دېگەن بىر ئاكۇشېركىغا ئۆيلەنگىنىنى بىلەتتى. مارىيە داۋىدوۋنا ئۈچ بالىسىنى كوتىرىپ، كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ياشايدىغان ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يىلدا نەچچە مەرتىۋە كېتىپ قالاتتى. سېمىيون سېمىيونوۋىچ يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىدە بىللە ئىشلەيدىغان يولداشلىرىغا مارىيە داۋىدوۋنانىڭ ھالى چوڭلۇغىنى ۋە نازۇك تەبىئىتىنى ئائىلە جاڭجاللىرىنىڭ سەۋىبى قىلىپ كورسىتەتتى. مارىيە داۋىدوۋنا بولسا يەرلىك ئاپتونومىيە ئىدارىسىنىڭ كېسەلخانىسىدا ئېرىنىڭ كىم توغرا كەلسە، شۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ خوتۇنىغا ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلىقى، پەقەت قورققىنىدىنلا بۇنداق قىلماي يۈرگەنلىكى، ئۇنىڭغا، يەنى مارىيە داۋىدوۋناغا ھەممىدىن شۇنىسى ئەلەم قىلىپ، ھەتتا ئەمدى ئېرىنىڭ

ئىگىز بويىنىمۇ كورۇشكە تاقىتى قالمىغانلىقى توغرىسىدا نالە قىلاتتى. بۇنداق جاڭجال بولغان چاغلاردا، سېمىيون سېمىيونوۋىچ ھەر كۇنى كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە بىرنەچچە مەرتىۋە يالاڭئاشتاق قاتنايتتى. كېيىن بۇ ئەر-خوتۇن يارىشىپ، ماريە داۋىدوۋنا بالىلىرى ۋە كوپە-ياستۇقلىرىنى ئېلىپ يەنە ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى.

—خوتۇن كىشى ئەر كىشى بىلەن يالغۇز قالغاندا، خوتۇن كىشىدە تەبىي بېرىلىش ھىسسى، ئەر كىشىدە بولسا—ئۇنىڭ تېنىنى ئىگەللەش ھىسسى پەيدا بولىدۇ، —دىدى ئاخىر سېمىيون سېمىيونوۋىچ يوتىلىپ، —مەن سىزنى ھالال، ئوچۇق بولۇشقا چاقىرىمەن. ئۆزىڭىز-نىڭ كوڭلىڭىزنى كوز ئالدىڭىزغا كەلتۇرۇپ بېقىڭ، ئۇنىڭدىن بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ساختىلىقلارنىڭ ئارىسىدىن چاقناپ تۇرغان ساغلام ۋە تەبىي شەھۋانى تىلەكنى كورىسىز.

—ھازىر مېنىڭدە ھېچقانداق تىلەك يانمايدۇ، بۇنىسى قانداق بولغىنى؟—دەپ سورىدى داشا، ئۇنىڭ كۇلكىسى قىستايتتى؛ ئەمما كۇلۇشكە ئېرىنەتتى. ئۇستى تەرەپتە، ياۋا قىزىلگۇلنىڭ ئاپپاق نۇر-سىز گۇلىدە، بال ھەرىسى ئۇنىڭ سېرىق چاڭلىرىنى توزۇتۇپ غىڭىل-دىماقتا ئىدى. دەرەخلەر ئارىسىدا يالغۇز قالغان ھىلىقى كەپتەر بولسا ھامان گۇكۇلاپ: "داريە دمىترىيېۋنا، ھەي داريە دمىترىيېۋنا، يە بىرسىنى ياخشى كورۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئەلۋەتتە ياخشى كورگەنسىز، شۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇرىسىز-دە" دىگەندەك قىلاتتى. داشا ئاستا-ئاستا كۇلۇشكە باشلىدى.

—بەتىنىڭىزگە قۇم كىرىۋاپتۇ. رۇخسەت قىلىڭ، ئۇنى چىقىرىپ تاشلاي، —دىدى سېمىيون سېمىيونوۋىچ، ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى قانداق-تۇر بوغۇلۇپ، ئوزگەرگەن ئىدى. ئۇ داشانىڭ پاشنىسىدىن تۇتتى.

داشا دەررۇ تۇرۇپ ئولتۇردى-دە، بەتىنكىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، سېمىيونوۋىچنىڭ يۈزىگە بىرنى ئۇردى.

— بۇزۇق ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — سىزنى شۇنچىلىك ئېپلاس ئادەم دەپ ئويلىمىغان ئىدىم.

ئۇ بەتىنكىسىنى كىيىپ، ئورنىدىن تۇردى، كۆنلۈگىنى ئېلىپ، گوۋەدىنىگە قاراپمۇ قويماستىن دەريا بويىغا كەتتى. "ئۆزەم ئەخمەق-مەن، ئادرىسىنىمۇ سوراپماپتىمەن، مەن ئەخمەق" دەپ ئويلايتتى داشا تۈپىلىكتىن چۈشۈۋېتىپ، "هازىر ئۇ كىنېشمىدىمۇ، نىژنىدىمۇ، مانا ئەمدى كۈنۈڭ گوۋەدىنىگە چۈشتى. ۋاي مەن ئەخمىقەي!". ئۇ كېينىگە قايرىلىپ قارىدى. سېمىيون سېمىيونوۋىچ ئاياقلىرىنى لەگلەك-تەك ئىگىز كۆتىرىپ، كوزىنى باشقا تەرەپكە تىكىپ، مايسا ئارىلاپ كېلەتتى. "كاتەگە: 'مەن بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم' دەپ خەت يازىمەن". بىرەر نەرسىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغاندەك، "جېنىم، جېنىم، جېنىم ئۇۋان ئىلىچ" دەپ پىچىرلىدى.

شۇ ۋاقىتتا بىر چەتتىن: "چۆشمەيمەن دىدىم چۆشمەيمەن، قويۇ-ۋەتكىن، يۇپكامنى يىرتىسەن" دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قىرىراق، كالتا ساقاللىق، قىپ-يالىڭاچ، قوۋۇرغىلىرى سېرىق، مەيدىسىدە كىچىك كىرىست ئېسىلغان بىر كىشى قىرغاق بويىدا سۇدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇياتسىزلىق قىلىپ، بىر خوتۇننى زورلۇق بىلەن سۇغا تارتاتتى. خوتۇن بولسا: "قويۇۋەتكىن، يۇپكامنى يىرتىسەن" دەيتتى.

داشا بۇنى كۆرۈپ، كۆچىنىڭ بېرىچە قىرغاق بويىدىن قېيىق تۇرغان جايغا يۈگۈردى، يىرگەنگىنىدىن ۋە ئۇيالغىنىدىن دىمى قىسىلىپ كەتتى. داشا قېيىقنى سۇغا سورەپ چۈشۈرگىچە گوۋەدىن

ھاسراپ يېتىپ كەلدى، داشا ئۇنىڭغا ئۇنچىقمىدى ۋە قارىمىدى. ئۇ قېپىقنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ ئولتۇردى ـ دە، يۈزىنى كۆنلۈك بىلەن يوشۇرۇپ، ئۆيگە يەتكىچە ئۇنچىقمىدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن داشادا تېلېگىنىدىن ئاغرىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى، نىمە ئۈچۈن ئاغرىنغىنىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بۇ كىچىك شەھەرنىڭ جەزىرىمە ئاپتاپتا قىزىشىغا، چاڭ باسقىنىغا، ئۇنىڭ تام ۋە دەرۋازىلىرىنىڭ ئاستى سىيسىقلىقىغا، خۇددى ساندۇقتەك خىشلىق ئىمارەتلىرىگە، كوچىلاردا دەرەخ ئورنىغا تېلېفون ۋە تىرامۋاي تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلغىنىغا، چۈش ۋاقتىغا كېلىپ كۈننىڭ ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كېتىشىگە، كولەڭگىسىز ئىسسىق كوچىدىن گاراڭ بولغان خوتۇنىنىڭ ئەپكەشكە قورۇتقان بېلىق ئېلىپ، چاڭ باسقان دەرىزىلەر يېنىدا "قورۇتقان بېلىق، قورۇتقان بېلىق!" دەپ يۈرۈشىگە، ئىسسىقتىن بېشى قايغان ۋە قۇتراشقا سەل قالغان ئىتنىڭ بېلىقنى پۈرىشىغا، ئاللىقايەردىكى بىر ھويلىدىن نەغمىچىنىڭ كوڭۈلنى تارتىدىغان دۇناي دولقۇنلىرىدەك شوخ پەدىگە چېلىنىشىغا — بۇلارنىڭ ھەممىسىگە خۇددى تېلېگىن ئەيىپداردەك ئىدى.

داشا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چۈشىنىپ قالغان، كوچىغا چىقىپ، "ياشاشنى خالايمەن، ياشاشنى!" دەپ مىڭ مەرتىۋە ۋاقىرىغان چاغدىمۇ جايىدىن قوزغالمايدىغان مىشچانلىق مۇھىتىنىڭ ئۇنى ئوردۋالغىنىغا تېلېگىن ئەيىپداردەك ئىدى.

تېلېگىن ئۆزىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى تارتىنچاقلىقى ۋە كەمتەرلىكىگە ئەيىپدار؛ "مەن سىزنى ياخشى كورىمەن" دېگەن گەپنى داشا ئاۋال ئېيتىشى كېرەكمىدى؟ تېلېگىن خۇددى يەر يۈزىدىن يوق بولۇپ كەتكەندەك، ئىككى ئېغىز سوز بىلەن خەت يازمىغانلىقى ئۈچۈن

ئەيىپدار ئىدى، بەلكى يادىدىن چىقىرىپ، ئۇنتۇپمۇ قالغان بولسا كېرەك.

بۇ قايغۇ-ئەلەملەر ئازلىق قىلغاندەك، ئىسسىق ۋە دىمىقتا كېچە-لەرنىڭ بىرىدە داشا چۈش كورۇپ چىقتى، بۇ چۈشى ئۇنىڭ خۇددى پېتېربۇرگدا كورگەن چۈشىگە ئوخشايتتى، يەنە ئويغىنىپ يىغلىدى، پېتېربۇرگدىكىدەك، بۇ قېتىممۇ چۈشىنى دەررۇ ئۇنتۇدى. ئەمما بۇ دەھشەتلىك چۈش بىرەر بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدىغاندەك تۇيۇل-غان ئىدى. دىمترى ستېپانوۋىچ داشاغا مەرگىمۇش ئىشلىتىپ كور، دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇ ۋاقىتتا كاتەدىن يەنە بىر خەت كەلدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"ئەزىزىم دانيۇشا، سېنى ۋە ھەممە يېقىن كىشىلىرىمنى، روسىيىنى ناھايىتى سېغىندىم. نىكولاي بىلەن ئاجرىلىپ كېتىشىمگە مەن ئوزەم سەۋەپچى بولسام كېرەك. ئەتىگەنلىكى ئويقۇدىن ئويغىنىشىم بىلەن "مەن گۇناكارمەن" دىگەن خىيال-پىكىر كەچكىچە ئېزىپ قىيناپ تۇرىدۇ، كوڭلۇم خىرە. ئۇنىڭ ئۇستىگە — يادىمدا يوق، ساڭا يازغان ئالدىنقى خەتلىرىمدە ئېيتتىممۇ، يوق، بىرقانچە كۇندىن بۇيان بىر ئادەم مېنىڭ كەينىمدىن تاپانداپ يۇرۇپتۇ. ئويدىن كوچىغا چىقسام، ئالدىمدىن چىقىپ قالىدۇ. چوڭ ماگىزىندا توك شوتىغا چۇشۇپ يۇقۇرىغا چىقسام، ئۇمۇ مەن بىلەن تەڭلا چىقىدۇ. تۇنۇگۇن لوۋردا مۇزېيغا بارغان ئىدىم، تولا يۇرۇپ ھېرىپ، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان چېغىمدا، تۇيۇقسىزدىن بىرسى دۇمبەم-دىن سىلاپ-سىيپىغاندەك بولدى. شۇنداقلا قارىسام، سەل نېرىدا يەنە شۇ ئادەم ئولتۇرۇپتۇ. يۇزى جۇدەڭ، قاپ-قارا، چاچلىرىغا ئاق چۇشكەن، ساقىلى خۇددى يېپىشتۇرۇلغان ياسىما ساقالدەك. ئىككى قولىنى ھاسىسىغا تايىنىپ، چوكۇپ كەتكەن كوزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئوزى زادى ئۇنچىقمايدۇ، ماڭا تەگمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ناھايىتى قورقىمەن. خۇددى ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۇرگەنگە ئوخشايدۇ..."

داشا خەتنى ئاتىسغا كورسەتتى. دمىترى ستىپانوۋىچ ئەتىسى ئەتىگەنلىگى گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ گەپ ئارىلىغدا:

—قىزىم، قىرىمغا بېرىپ كەلسەڭ قانداق بولاركىن؟ —دېدى.

—نىمىشقا؟

—نىكولاي ئىۋانوۋىچنى تاپ، بوشاڭ ئىكەنسەن دەپ ئېيتقىن. پارىژغا، خوتۇنىنىڭ يېنىغا بارسۇن... بىراق، ئىختىيار ئوزىدە، بىلگىنىنى قىلسۇن... بۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسى ئىشى...

دمىترى ستىپانوۋىچنىڭ ئاچچىغى كەلدى، ئۇ باشقىلارغا ئوز ھىسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈشنى يامان كورسىمۇ، ئەسەبىلىشىپ كەتتى. داشا بىردىن خوشال بولدى: ئۇنىڭغا قىرىم دولقۇنلىرى شاقىراپ تۇرغان چەكسىز كوپ-كوك دېڭىز بولۇپ كورۈندى. تىك ئوسكەن تېرەكنىڭ كولەڭگىسى، ئويۇلتاشتىن ئويۇلۇپ ياسالغان ئورۇندۇق، شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان بېشىدىكى شارپا ۋە كىمنىڭدۇر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ يۇرگەن كوزلىرى...ئۇنىڭ كوز ئالدىغا كەلدى.

داشا دەررۇ ئاتلىنىپ، يېۋپاتورىيىگە مېڭىپ كەتتى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئەنە شۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان ئىدى.

# 12

شۇ يىلى يازلىغى، قىرىمغا شىمال تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. كورەڭ، زۇكام ۋە كاناي ياللۇغى كېسىلىگە دۇچار بولغان پېتىربۇرگلۇقلار، تەلەپپۇزلىرى سوزۇق، خۇش چاخچاق

ۋە كىيىملىرى رەتسىز موسكۋالىقلار، "o" بىلەن "a"نى پەرقلەندۈرمەيدىغان قارا كوز كىيىۋلىقلار، روسىيىنىڭ تىنچسىزلىقىنى ياماڭ كورىدىغان باي سىبىرىيىلىكلەر دېگەن بويىنى تولدۇرغان ئىدى، ئاپتاپ ئۇلارنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ بىر قات تېرىسىنى چۇشۇرۇۋەتكەن ئىدى؛ ياش جوگانلار، ئۇزۇن پاچاق يىگىتلەر، روھانىلار، ئەمەلدارلار، مۇھتەرەم ۋە ئائىلىلىك كىشىلەر ئەتىگەندىن-كەچ كىرگىچە ئاپتاپقا قاخلىنىپ ياتاتتى؛ پۈتۈن روسىيىدەك، بۇ ئادەملەرمۇ، خۇددى ئۇمۇرتقىلىرى ئۇرۇپ سۇندۇرۇلغاندەك، سۇسلۇق ۋە ئىرىنچەكلىك بىلەن ياشايتتى.

يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تۇزلۇق دېگىز سۈيى، تىنجىق ۋە ئاپتاپتىن بەدەننىڭ قارىيىپ كېتىشى — مانا بۇلار كىشىلەردە ئۇيات دېگەن نەرسىنى يوقىتىپ قوياتتى، شەھەر كىيىملىرى چاكىنا دەپ تونۇلاتتى، گويا ئىتراسكان① گۈل تەشتەكلىرىگە سىزىپ قويۇلغان ئەركەكلەردەك، ئۇياتلىق يېرىنى تاتار لوڭگىسى بىلەنلا يېپىۋالغان خوتۇنلار سۇ بويىدىكى قۇملۇقتا كورۇنۇشكە باشلايتتى.

مانا مۇشۇنداق كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان سورۇندا — كوپ-كوك دېگىز دولقۇنلىرى، ئىسسىق قۇم ۋە هەر تەرەپتىن ماراپ چىقىپ كېلىۋاتقان يالىڭاچ تەنلەر كورۇنۇپ تۇرغان شارائىتتا — ئائىلە ئاساسى لىڭشىشقا باشلىدى. بۇ يەردە ھەممە نەرسىگە ئېرىشىش

---

① ئىتراسكان — قەدىمقى دەۋردە ئىتالىيىدىكى ئەڭ قەدىمىي مىللەت بولۇپ، خېلى يۇقۇرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردە ئۇلار ئىتالىيىنىڭ كوپ قىسىم رايونلىرىنى ئىگەللەپ، رىم مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەسىر كورسەتكەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇۋاي ۋە مۇمكىن ئىدى. شىمالغا قايتىپ بارغاندا، كوچىدا يامغۇر يېغىپ، دالاندا تېلېفون جاراڭلاپ تۇرغاندا، ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى مۇرەككەپلىشىپ كەتكەندە بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، بۇنى ھېچكىم ئويلاپ قويمايتتى. دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا ئاستا كېلىپ، ئاياقلارنى، قۇمدا سوزۇلۇپ ياتقان تەنلەرنى، يەلكىگە تاشلانغان قوللارنى، يۇمۇلغان كوزلەرنى يۇمشاقىنا، ئىللىق ۋە لەززەتلىك سىپاپ ئوتەتتى. ھەممە نەرسە، ھەتتا ئەڭ خەۋپلىگىمۇ يېنىك ۋە لەززەتلىك ئىدى.

بۇ يىل يازدا بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا يېنىكلىك ۋە بۇزۇقچىلىق ھەممە چەكتىن ئېشىپ چۇشكەن، گويا ئىيۇن كۇنلىرىنىڭ ئەتىگىنىدە قىزىپ تۇرغان قۇياشتىن ئېتىلىپ چىققان ھەيۋەتلىك يالقۇندەك، مىڭلىغان-يۇز مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسىنى گاڭگىرىتىۋەتكەن ۋە ئەقلىدىن ئازدۇرۇۋەتكەندەك كورۇنەتتى.

دېڭىز بويىدا تېپ-تېچ، ساق تۇرغان بىرەرمۇ ئوي تېپىلمايتتى. شۇ ۋاقىتقىچە قاتتىق ۋە مۇستەھكەم بولغان مۇناسىۋەتلەر بىردىنلا بۇزۇلۇپ كەتتى. ھەتتا ئەتراپتىكى ھاۋامۇ ئىشقىي سوزلەر، نازلىق كۇلكىلەر، قەدىمقى شەھەر قالدۇقلىرى ھەمدە ئولۇپ كەتكەن مىللەتنىڭ سوڭەكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىسسىق قۇمدا ئېيتىلىدىغان تۇرلۇك مەنىسىز گەپلەر بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. كۇز يامغۇرى يېغىشقا باشلىغاندا، ئومۇمى يۇزلۇك قىساس ئېلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاچچىق-ئاچچىق كوز ياشلىرى توكۇلۇشى مەلۇم ئىدى.

داشا يېۋپاتورىيىگە يېقىنلاشقاندا كۇن پېشىن بولغان ئىدى. شەھەرگە يېقىن قالغاندا، تەپ-تەكشى چولگە سېلىنغان چاڭ يولدىن شور توپىلىق جايلار ۋە پاخال دوۋىلىرىنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ

كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزدىن ياغاچتىن ياسالغان چوڭ كېمىنى كۆرۈپ قالدى. كېمە يېرىم چاقىرىمچە نېرىدىن، سېسىق ئوتلار ئۆسۈپ ياتقان يايلاقنى بويلاپ قاپ-قارا يەلكەنلىرىنى يېيىپ، ئاستا ئۈزۈپ باراتتى. بۇ مەنزىرە شۇنچىلىك ئاجايىپ ئىدىكى، داشانىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئاپتوموبىلدا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەرمەن كۈلۈپ: "ھازىر دېڭىزنى كۆرىسەن" دېدى.

ئاپتوموبىل تۈز كانىلىرىدىن ئۆتۈپ، قۇم تۆپىگە ئۆملەپ چىقتى، دېڭىز كۆرۈندى. ئۈستىنى ئۈزۈن ئاق كۆۋۈك قاپلىغان كۆپ-كۆك دېڭىز خۇددى يەر ئۈستىدىن ئېگىزدەك كۆرۈنەتتى. قولاقتا شامال ئۇرۇشقا باشلىدى. داشا خۇرۇم چامادانىنى تىزى بىلەن قىسىپ، "ئەنە، ئەمدى كەلدىم" دەپ ئويلىدى.

شۇ ۋاقىتتا نىكولاي ئىۋانوۋىچ سموكوۋنىكوۋ دېڭىز ئۈستىگە قۇرۇلغان شىپاڭدا ئاشىق رولىدا چىقىدىغان ئەر بىلەن قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. داچىدا دەم ئالغۇچىلار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، دەم ئېلىپ بولۇپ، شىپاڭغا كېلىشىپ، ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، يوتىنىڭ داۋالىنىشتىكى ئۈنۈمى توغرىسىدا، دېڭىز سۈيىدە چومۇلۇش ۋە خوتۇنلار توغرىسىدا پاراڭ سېلىشاتتى. شىپاڭ سالقىن ئىدى، داستىخانلارنىڭ چەتلىرىنى ۋە ئاياللارنىڭ شارپىلىرىنى شامال يەلپۈپ ئۆتۈپ تۇراتتى. شىپاڭ يېنىدىن يەلكەنلىك كېمە ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كېمىدىكىلەر بىرنېمىلەرنى دەپ ۋاقىرىشاتتى. بىر توپ موسكۋالىق كېلىپ، چوڭ بىر ئۈستەلنى ئىگەللەپ ئولتۇرۇشتى — ئۇلار ئۆمۈمەن دۇنيادا ئاتاقلىق كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن نىكولاي يېنىدىكى ئەرنىڭ تەلەتى تۇرۇلدى ۋە يازماقچى بولغان دىراما ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى بايان

قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

— پۇتۇن تېمىنى چوڭقۇر ئويلاپ، تەييارلاپ قويغانمەن، ئەمما ھازىرغىچە پەقەت بىر پەردىسىلا يېزىلغان، — دەيتتى ئۇ نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ يۈزىگە خىيالچانلىق ۋە سەممىلىك بىلەن قاراپ، — سېنىڭ ئەقلىڭ جايىدا، كولە، مېنىڭ ئويۇمنى چۈشىنىسەن: چىرايلىق ياش بىر جۇگان زېرىكىدۇ، يۈرىگى قىسىلىدۇ، پۈتۈن ئەتراپتىكىلەر — نەزىرى پەس، مەزىسىز ئادەملەر. بەزى ئوبدان ئادەملەرنى تۇرمۇش قايىنىمى تارتىپ كەتكەن، چىرىگەن ھىس، ئىچكىلىك كاردىن چىقارغان. قىسقىسى، ئۆزەڭ چۈشىنىسەن. جۇگان بىردىن: ”كېتىشىم كېرەك، بۇ ھاياتتىن قول ئۈزۈپ، پارلاق تەرەپكە كېتىشىم كېرەك“ دەيدۇ. كېتەي دېسە، ئېرى، دوستى بار... ھەر ئىككىلىسىمۇ ئازاپتا قالغان... كولە، ئۇلارنى بۇنىڭغا تۇرمۇش ئېلىپ كەلگەن... جۇگان ئاخىر كېتىدۇ، كىمنىڭ يېنىغا كېتىشىنى ئېيتمايمەن، چۈنكى ئۇنىڭ خۇشتارى يوق، پۈتۈن ۋەقە ئۇنىڭ كەيپىياتى ئاساسىغا قۇرۇلغان... كېيىن، ئىككى كىشى قاۋاقخانىدا ئىچىشىپ ئولتۇرغان بولىدۇ... كوز ياشلىرىنى ئۆزئۆم ھارىغى بىلەن قوشۇپ ئىچىشىدۇ... موردا شامال غۇيۇلدايدۇ، ئۇلارغا ماتەم كۈيى چالىدۇ... غەمكىنلىك... پەرىشانلىق... قاراڭغۇلۇق...

— مېنىڭ پىكرىمنى بىلمەكچىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ.

— ھەئە، سەن: ”مىشا، قوي، يازما“ دىسەڭ، بولدى قىلىمەن، يازمايمەن.

— سەھنە ئەسىرىڭ ناھايىتى ياخشى، تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزىدىن ئېلىنغان، — نىكولاي ئىۋانوۋىچ كوزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى لىڭشىت-

www.uyghurkitap.com

تی، — توغرا ئېيتىسەن، مىشا، بىز ئۇز بەختىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئىكەنمىز، بەخت قولىدىن كەتتى، بىز بولساق ئۇمتىسىز، ئىرادىسىز قېلىپ، ئۆزۈم ھارىغى ئىچىپ ئولتۇرۇپتىمىز. كۆرىمىزنىڭ توپىسىدە شامال غۇيۇلدايدۇ... سەھنە ئەسىرىڭ مېنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى.

ئاشىق رولىنى ئالغۇچىنىڭ كۆز - قاپاقلىرى مىدىرلىدى، ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىن سوزۇلۇپ، نىكولاي ئىۋانوۋىچنى قاتتىق سۆيدى، كېيىن رۇمكىلارغا ئۆزۈم ھارىغى قۇيۇپ، رۇمكىلارنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى - دە، جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە قويغان پېتى مۈگدەششنى داۋاملاشتۇردى.

— كولە، — دىدى ئاشىق رولىنى ئالغۇچى سوھبەتدىشىغا غەملىك قاراپ، — خوتۇنۇڭنى خۇدادىنمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىغىمنى بىلەمسەن؟

— ھەئە، شۇنداق دەپ ئويلايتتىم.

— بۇ ماڭا ناھايىتى ئېغىر ئىدى. كولە، ئەمما سەن دوستۇمەسەن... ئويۇڭدىن نەچچە مەرتىۋە قېچىپ، بوسۇغاڭغا ئاياق باسماسلىققا قەسەم ئىچكەنىمەن... ئەمما، چىدالماي، يەنە كېلەتتىم، ئۆزەمنى مەسخىرىۋازدەك كۆرستەتتىم...سېنىڭ ئۇنى ئەيىپلەشكە ھېچ ھەققىڭ يوق، نىكولاي، — دەپ، كالپۇكلىرىنى سوزدى.

— مىشا، ئۇ ماڭا ناھايىتى قاتتىق خىيانەت قىلدى...

— بەلكى... ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىمىز ئەيىپدارمىز... ئاھ، كولە، سېنىڭ شۇنداق خوتۇنۇڭ بولۇپ تۇرۇپ، قانداقتۇر سوفيە ئىۋانوۋنا دىگەن تول خوتۇن بىلەن تېپىشىۋالغىنىڭغا زادى چۈشەنەلمىدىم. نىمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟

— بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلە.

ــ يالغان ئېيتىسەن. مەن ئۇنى كورگەنىمەن، ئاددى مىكياندىن ئارتۇقلۇغى يوق.

ــ بۇنىڭ ھەممىسى ئوتۇپ كەتكەن ئىش، يوشۇرىدىغان يېرى يوق... سوفيە ئىۋانوۋنا ماڭا نىسبەتەن مېھرىۋان خوتۇن ئىدى. ئۇ ماڭا خوشاللىق مىنۇتلىرىنى بېرەتتى، ئەمما مېنىڭدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايتتى. ئائىلەمدە بولسا، ھەممە نەرسە مۇرەككەپ، ئاجايىپ ۋە ئېغىر ئىدى... يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇچۇن مېنىڭ روھى كۇچۇم يەتكىنى يوق. ...

ــ كولە، ئەگەر پېتېربۇرگقا قايتىپ بارغاندا، سەيشەنبە كۇنى كەچقۇرۇن ئويۇن قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سېنىڭكىگە بارسام، ئويۇڭدە ھېچكىم بولمىسا ـ ھە؟... ماڭا زۇلۇم بولىدىغۇ؟... ماڭا قارا... ھازىر خوتۇنۇڭ قەيەردە؟

ــ پارىژدا.

ــ خەت يېزىشىپ تۇرامىسلەر؟ .

ــ ياق.

ــ پارىژغا ماڭ! بولمىسا ئىككىمىز بىللە كېتىمىز.

ــ پايدىسى يوق...

ــ كولە، كەل، ئۇنىڭ سالامەت بولۇشى ئۇچۇن ئىچەيلى.

ــ ماقۇل، ئىچەيلى.

شپاگدا، ئۇستەللەر ئارىسىدا ئۇستىگە كوك كوينەك، بېشىغا يوغان شلەپە كىيگەن، يىلاندەك ئەۋرىشىم، كوزلىرىنىڭ تېگى كوكەرگەن چارودېيېۋا دېگەن ئارتىس پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئومۇرتقىسى تېنىنى تۇتۇپ تۇرالمىسا كېرەك، ئۇ شۇ قەدەر تولغىناتتىكى، قويۇۋېرىڭلار. ئۇنىڭ ئالدىدا «ئەدىبىيات ئىلاھەلىرى خور ئەتىردى»

www.uyghurkitap.com

دىگەن ئەدىبىي ژورنالنىڭ مۇھەررىرى تۇرۇپ، قولىدىن تۇتتى ـ دە، بىلىكىدىن شوراپ سويۇپ كورۇشتى.

ــ ناھايىتى گۈزەل خوتۇن ـ دە، ــ دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

ــ ياق، كولە، چارودىيىۋا ــ ئۇلۇمتۇك خوتۇن. نىمىشقا دىمەمسەن؟... ئۇ بىيسونوۋ بىلەن ئۈچ ئاي بىللە تۇردى، كونسىرتلاردا مۇشۇك مىياڭلىغاندەك، نوقۇل چۇشكۇنلەشكۇچىلەرنىڭ شىيىرلىرىنى ئوقۇيدۇ... ئوزەڭ قارىغىنا، ئاغزى قۇلىغىغىچە كىلىدۇ، بويىنىدىكى كوك تومۇرلىرى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ــ خوتۇن كىشى ئەمەس، چىلبورى.

شۇنداق دىسىمۇ، چارودىيىۋا كالپۇكلىرى قىپ ـ قىزىل يوغان ئاغزى بىلەن ھىجىيىپ، ھەر تەرەپكە سالام بىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىلىگە يىقىنلىشىپ كەلگەندە، ئاشىق رولىنى ئالغۇچى خۇددى بىرەر موجىزە كورگەندەك ھەيران بولۇپ، ئورنىدىن ئاستا تۇردى ـ دە، ئىككى ئالقىنىنى بىر قىلىپ، تامغىغا قويۇپ تۇردى.

ــ جىنىم... نىنوچكا... كىيىملىرىڭ ناھايىتى باشقىچىغۇ... چىددىيالماي كەتتىم... دوختۇرلار ماڭا تىنچ ئارام ئىلىشىنى بۇيرۇغان، جىنىم...

چارودىيىۋا ئورۇق قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدىن تۇتۇپ، بۇرنىنى تۇرتتى.

ــ تۈنۈگۈن قاۋاقخانىدا مىنىڭ توغرامدا غەيۋەت قىلغان كىم ئىدى؟

ــ مەن سىنى تۈنۈگۈن قاۋاقخانىدا تىللاپتىمەنمۇ؟ نىنوچكا!

ــ يەنە تىللىغاندىمۇ شۇنداق تىللاپسەنكى.

ــ خۇدا ئۇرسۇن، بۇ توھمەت!

چارودېيېۋا كۈلۈپ، چىمەلتىگىنى ئۈنىڭ لېۋىگە قويۇپ: "سېنىڭ-دىن زادى خاپا بولماسلىغىنىمۇ بىلىسەن-دە" دېدى. كېيىن ئاۋازىنى باشقىچە قىلىپ، نىكولاي ئىۋانوۋىچقا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ھېلى سىزنىڭ بولمىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئىدىم، مېھمان كەپتۇ، ئېھتىمال قېرىندىشىڭىز بولسا كېرەك، خويما چىرايلىق قىز ئىكەن...

نىكولاي ئىۋانوۋىچ يالت قىلىپ ھەمرىيىغا قارىدى-دە، چېكىپ بولمىغان تاماكىسىنى كۈلداندىن ئېلىپ، ھە دەپ شوراشقا باشلىدى، پۈتۈن ساقىلىنى تۈتۈن بېسىپ كەتتى.

— تۇيۇقسىزدىن كېلىپ قاپتۇ، ئۆزى نىمە بولدىكىن؟ — دېدى ئۇ، — يۈگۈرۈپ بارايچۇ، — تاماكىسىنى دېڭىزغا تاشلىدى-دە، شلەپىسىنى ئارقىسىغا سۈرۈپ، كۈمۈش تاياقنى قولىدا ئوينىتىپ، شىپاگىدىن قىرغاققا چۈشۈپ كەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ مېھمانخانىغا نەپەسى بوغۇلغان ھالدا كىرىپ كەلدى...

— داشا، نىمشقا كەلدىڭ؟ بىرەر ۋەقە بولدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ. داشا پولدا ئوچۇق چامادانىنىڭ يېنىدا پايپېغىنى تىكىپ ئولتۇراتتى. خىيالچان ئولتۇرغان داشا ھەدىسىنىڭ ئېرى كىرىشى بىلەن، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى-دە، يۈزىنى سويۇشكە تۇتۇپ، دېدى:

— ياخشىمۇسەن، ئاكا، دادام بىلەن ئىككىمىز سېنى پارىژغا بېرىپ كېلىشى كېرەك دېگەن قارارغا كەلدۇق. كاتەنىڭ ئىككى پارچە خېتىنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم. مانا، ئۆزەڭ ئوقۇپ چىق.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئىككى پارچە خەتنى ئېلىپ دەرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. داشا يۇيۇنۇشخانىغا چىقىپ، ئۇ پەردە

www.uyghurkitap.com

كيينئۋېتىپ، ئاكسىنىڭ خەتلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئوقۇغىنىنى، ئۇنىڭ تارتقىنىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. كېيىن ئاكسى جىم بولۇپ قالدى. داشا قۇلاق سالدى.

— ناشتا قىلدىڭمۇ، قانداق؟ — دەپ تۇيۇقسىزدىن سورىدى ئاكىسى، — قوسىقىڭ ئاچ بولسا، يۈر، شىپاڭغا بارىمىز. شۇ چاغدا داشا: "كاتەدىن كوڭلى قالغان بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدى. كېيىن قالپىغىنى ئىككى قوللاپ كىيدى-دە، پارتىزغا بېرىش توغرىسىدىكى سوزنى ئەتىگە قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ شىپاڭغا يەرگە قاراپ ئۈنچىقماي باردى، ئەمما داشا: "قانداق، چومۇلۇپ باققانمۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ كەيپى چاغلىق بىلەن بېشىنى كوتەردى-دە، بۇ يەردە چومۇلگەندە كىيىدىغان كىيىمگە قارشى كۈرەشكۈچى جەمىيەت قۇرۇلغانلىغىنى، بۇ جەمىيەتنىڭ ئاساسەن، ساقلىقنى كۈچەيتىش مەقسىدىدە كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىغىنى سوزلەپ بەردى.

— ئوزەڭ ئويلاپ باققىن: بۇ يەردە بىر ئاي چومۇلگەن كىشىنىڭ تېنىگە شۇ مەزگىل داۋامىدا سۇنئى رەۋىشتە تەتبىق قىلىنغان يوتقا قارىغاندا خېلى كوپرەك يوت سىڭىدىكەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، تېنىڭگە قۇياش نۇرلىرى، قىزىغان قۇمنىڭ ئىسسىغىمۇ كىرىدۇ. بىز ئەرلەرغۇ مەيلى، كالتا ئىشتان كىيىۋالساقلا بولىۋېرىدۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى دىگۇدەك يېپىق تۇرىدۇ. بىز بۇنىڭغا قارشى كەسكىن كۈرەش باشلىدۇق... يەكشەنبە كۈنى مەن بۇ توغرىدا لېكسىيە ئوقۇيمەن.

ئۇلار دېڭىز ياقىلاپ، دولقۇن كۈچىدە سىلىقلىنىپ كەتكەن قۇلۇلە قېپىدا سىيلىنغان، ساپ-سېرىق، دۇخاۋىدەك يۇمشاق قۇمدا

كېتىپ باراتتى. سەل نېرىراقتا كوپۇپ كېلىپ يەنە قايتىپ كېتىدىغان كىچىك دولقۇنلار ئۈستىدە بېشىغا قىزىل چومۇلۇش بوكى كىيگەن ئىككى قىز يۈزلىرىنى ئاپتاپقا قاخلاپ ياتاتتى.

— بىزنىڭ ھىمايىچىلىرىمىز، — دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ جىددى ئاھاڭدا قىزلارنى كورسىتىپ. داشانىڭ يۈرىگىدە ھاياجانلىنىش، خاۋاتىرلىنىش سەزگۈسى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. داشادا بۇ سەزگۇ قارا كېمىنى كورگەن چاغدا باشلانغان ئىدى.

داشا توختاپ، سۇنىڭ قۇمنى يالاپ، ئۇشىشاق-ئۇششاق ئىز قالدۇرۇپ، يەنە قايتىپ كېتىشىگە قاراپ تۇردى، سۇنىڭ يەرنى سىلاپ-سىپىشى شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە مەڭگۇ بولۇپ كورۇنەتتىكى، ھەتتا داشا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى سۇغا سېلىپمۇ كوردى. كىچىككىنە بىر ياپىلاق قىسقۇچ پاقا قۇمنى توزۇتۇپ، بىر چەتكە ئېتىلدى-دە، دېڭىزغا كىرىپ كەتتى. كېلىپ ئۇرغان دولقۇن داشانىڭ بىلىگىنى جەينىگىچە سىلاپ ئوتتى.

— سېنىڭدە قانداقتۇر بىرەر ئوزگىرىش بولغان، — دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ كوزلىرىنى قىسىپ قاراپ، — يە تېخىمۇ چىرايلىق بولغانسەن، يە بولمىسا ئورۇقلىغانسەن، ياكى ئەرگە چىقىش ۋاقتىڭ بولۇپ قالغان.

داشا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا غەلىتە قارىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنىمۇ سۇرتمەستىن، شىپاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شىپاڭدىن ئاشىق رولىنى ئالغۇچى شىلەپىسىنى ئۇلارغا پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى.

ئۇلار داشانى قېتىق ۋە گوشنان بىلەن مېھمان قىلىشتى. شامپان ھارىغى ئىچكۇزۇشتى؛ ئاشىق رولىنى ئالغۇچى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئوزىدىن-ئوزى "ياپىر، نەقەدەر گوزەل-ھە!" دەپ ئېسىنى يوقىتىپ،

داشاغا تىكىلەتتى-دە، يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھولۇقۇپ يۈرۈشكە باشلايتتى، تىياتىر مەكتىۋىنىڭ ئاۋازىنى ئەتەيلەپ بوغۇپ سوزۇلگۈچى ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، داشاغا تونۇشتۇراتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ "ئۆزىنىڭ داشوركىسى"نىڭ شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىن چەكسىز خوشال بولاتتى.

داشا ۋىنو ئىچەتتى، كۈلەتتى، كىملەرگىدۇر قولىنى سويدۇرەتتى، دولقۇنلىنىپ ھاياجانلانغۇچى كوك دېڭىزدىن كوزلىرىنى ئۈزمەي قارايتتى. "بەخت مانا شۇ" دەپ ئويلايتتى.

ئۇلار چومۇلۇشتى، كېيىن بىر پەس سەيلە قىلىپ يۈرۈشۈپ، مېھمانخانىغا كەچلىك غىزالىنىشقا كېتىشتى. قاۋاقخانىنىڭ ئىچى ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازغا تولغان، چىراقلار يېقىلىپ، چىرايلىق بىزىتىلگەن ئىدى. ئاشىق رولىنى ئالغۇچى مۇھەببەت توغرىسىدا يۈرەكتىن چىقىرىپ نۇرغۇن سوزلىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ داشاغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كوپ ئىچتى، يۈرىگى قايغۇ-ھەسرەت بىلەن تولدى. داشا بولسا دەرىزە پەردىسىنىڭ ئارىسىدىن سەل نېرىراقتا گايىدا پەيدا بولۇپ، گايىدا غايىپ بولۇپ تۇرغان قانداقتۇر كولەڭگىلەرنى كورۇپ ئولتۇراتتى. ئاخىر، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قىرغاققا چىقتى. مىڭ بىر كېچە چوچەكلىرىدىكىگە ئوخشاش، سۇتتەك ئاق، دوملاق ۋە ناھايىتى يېقىن كورۈنگەن ئاي دېڭىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ھىساپسىز كوپ كۈمۈش تىيىن سەپكەندەك، يول سالغان ئىدى. داشا ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر بىرىگە چەمبىرەك قىلىپ، سىقىپ قارسىلدىتاتتى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان داشا قىرغاقنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يالاپ تۇرغان سۇنى بويلاپ چاپسان مېڭىپ ئۇزاق-



www.uyghurkitap.com

لاشتى. قۇمدا بىر خوتۇن كىشى ئولتۇراتتى، بىر ئەر كىشى بولسا ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ياتاتتى، قاپ-قارا بولۇپ كورۇنگەن سۇنىڭ يالتىرىغان دولقۇنلىرى ئارىسىدا بىر كىشىنىڭ بېشى ئۈزۈپ يۇرەتتى، بۇ كىشىنىڭ ئاي نۇرى ئەكس ئەتكەن كوزلىرى داشاغا تىكىلدى-دە، خىلىغىچە كۆزىتىپ قالدى. نېرىدا يەنە ئىككى كىشى قۇچاقلىشىپ تۇراتتى: ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئوتكەندىن كېيىن، داشا-نىڭ قۇلىغىغا قاتتىق تىن ئېلىش ۋە سويۇشۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

يىراقتىن: "داشا، داشا!" دەپ چاقىردى بىركىم. داشا قۇمدا ئولتۇردى-دە، جەينىكىنى تىزىغا قويۇپ، ئىڭىكىنى ئالقىنى بىلەن تىرەپ تۇردى. ئەگەر هازىر ئۇنىڭ ئالدىغا تېلېگىن كېلىپ، يېنىدا ئولتۇرسا، بېلىدىن قۇچاقلاپ، ئاستا ۋە قوپال ئاۋازى بىلەن: "سەن مېنىڭكىمۇ؟" دىسە، "سېنىڭكى" دەيتتى جەزمەن.

قۇم دوڭىنىڭ ئارقىسىدا ئوڭدا ياتقان بىر كىشىنىڭ تېنى قىمىر-لىدى، ئۇ بېشىنى توۋەن ئېگىپ، ئاي نۇرى جىمىرلاپ تۇرغان دېڭىز يولىغا ئۇزاق قارىدى-دە، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى جانسىز ئادەمدەك، داشانىڭ يېنىغا هەسرەت چەككىنىچە كەلدى. داشا ئۇنىڭ بېسونوۋ ئىكەنلىگىنى تونۇدى، يۇرىگى دۇپۇلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

داشا ئۇچۇن كونا دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى شۇ يوسۇندا باشلاندى. پەسىيىپ بېرىۋاتقان يازنىڭ جەزىرىمە ئىسسىغى، خوشال-خورامىلىق ۋە تەشۋىشسىز سەزگۇلەر بىلەن تولغان بۇ كۈنلەرنىڭ ئۇزىمۇ ئاز قالغان ئىدى. ئەمما كېلىچەك كۈنىمىزمۇ ئۇزاقتىكى كوكۇمتۇل تاغ چوققىسىدەك يورۇق بولىدۇ دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر، هەتتا ئەقىللىق ۋە ئۇزاقنى كورىدىغان

كىشلەرمۇ كەلگۈسى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى،
رەڭمۇ-رەڭ، ھەر خىل خۇش پۇراقلار، تۇرمۇشنىڭ ھەممە لەززەت-
لىرى بىلەن بولغان بۇ ۋاقىتنىڭ ئارقىسىدا قاپ-قاراڭغۇ زىمىستانلىق
ياتاتتى... بۇ زۇلمەتنى كېسىپ ئۆتىدىغان كوز نۇرىمۇ، سەزگۈمۇ،
پىكىرمۇ يوق ئىدى؛ ياۋايى ھايۋانلار گۈلدۈرمامنىڭ يېقىن كېلىشىنى
قانداق سەزگۈ بىلەن سەزسە، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان پالاكەتنىمۇ
شۇنداق سەزگۈ بىلەن سېزىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ساندا بولسا كېرەك.
بۇ سەزگۈ ھېچكىم چۈشىنىپ بولالمايدىغان ئەندىشىلىك سەزگۈ ئىدى.
شۇ ۋاقىتتا قانداقتۇر تەنتەنىلىك، قەھرۇ-غەزىۋى ئاشقان ۋە
تاقەتسىزلەنگەن، ئەمما كىشىنىڭ كوزىگە كورۈنمەيدىغان پالاكەت
يەر يۈزىنى قاپلاشقا باشلىغان ئىدى. بۇ پالاكەت قۇياش نۇرىنى
غەرىپتىن شەرققىچە، شىمالدىن جەنۇپقىچە قاپلاپ، كونا خۇشال-
خورام ۋە گۈنالىق تۇرمۇشنى ئۆز كولەڭگىسى بىلەن قارا قىلىۋەت-
كەن ئىدى.

# 13

بېسسونوۋ ھەر كۈنى دېڭىز بويىدا ياتاتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ
ئاپتاپ قارايتىۋەتكەن ۋە خۇش چاقچاق يۈزلىرىگە، ئەرلەرنىڭ مىسقا
ئوخشاپ كەتكەن قىپ-قىزىل ۋە ھاياجانلىق يۈزلىرىگە قارىغانسېرى
ئۆز يۈرىكىنىڭ خۇددى بىر پارچە مۇزدەك سوۋۇپ ياتقىنىنى ئەلەم
بىلەن سېزەتتى. ئۇ دېڭىزغا كوز تىكىپ يېتىپ، مانا شۇ دېڭىز

مىڭ-مىڭ يىللاردىن بۇيان شاقىراپ كېلىپ، ئۆزىنى قىرغاققا ئۇرماقتا؛ قىرغاقمۇ بىر ۋاقىتلاردا ئادەمسىز ئىدى، ھازىر بولسا ئادەملەرگە تولغان، بىر ۋاقىتلار كېلىپ ئادەملەرمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، قىرغاق يەنە بوشاپ قالىدۇ، دېڭىز بولسا ھەمىشە دولقۇنلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇ ئويلارنى ئويلاپ، يۈزى پۈرۈلۈپ، ئىككى قولى بىلەن قۇلۇلە شاكاللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئوچۇپ قالغان تاماكىسىنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە كومۇپ قوياتتى. كېيىن سۇغا چۈشۈپ چومۇلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھورۇنلۇق بىلەن تاماق يەيتتى-دە، يېتىپ ئۇخلايتتى.

تۈنۈگۈن كەچتە ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتىكى قۇمغا بىر قىز كېلىپ، دېڭىز ئۈستىگە چۈشكەن ئاينىڭ ئەكسىگە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى: قىزدىن بىنەپشەگۈل پۇرىقى كېلەتتى. بېسسونوۋنىڭ قېتىپ قالغان مېڭىسىگە كونا بىر خاتىرە كېلىپ چۈشتى. بېسسونوۋ بىر ئورۇلدى-دە، "يېتەر ئەمدى، بۇ قارماققا ئىلىنماي، بېرىپ ئۇخلاش كېرەك" دەپ ئويلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانخانىغا كەتتى.

داشا شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن قورقۇپ قالدى. ئۇ پېتېربۇرگ ھاياتى، تىنچسىز كېچىلەر مەڭگۇ يوقالدى، ئۆز خىيالىغا مەلۇم بولمىغان يوللار بىلەن كىرىۋالغان بېسسونوۋمۇ ئۇنتۇلدى دەپ ئويلايتتى.

ئەمما بېسسونوۋنىڭ بىر قارىشى، ئۇنىڭ ئايدىڭ كېچىدە ئوتۇپ قېلىشى داشانىڭ كونا ھېسلىرىنى يەنە ئويغاتتى؛ ئەمما بۇ ھېسلار خىرە، ئېنىق بولمىغان كەچۈرمىلەر ئەمەس، بەلكى ئېنىق، قۇياش قىزىغىدەك قىزغىن تىلەك ئىدى: داشا بۇ ئادەمنى سىلاپ-سىپاشقا

تەشنا ئىدى. ئۇنى ياخشى كورۇشنى، قىينىلىپ، ئاۋاپ چېكىپ يۇرۇشنى، ئۇزاق ئويلىنىپ يۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا قېتىم يېقىنلىششىنى خالايتتى.

ئۇ ئاينىڭ نۇرلىرى سۇتتەك ئاپپاق قىلىپ يورۇتقان ئاپپاق ئويدە ئاپپاق ئورۇندا ئولتۇرۇپ، يۇمشاق ئاۋاز بىلەن:

— ئاھ، خۇدايىم، خۇدايىم، ئەمدى نىمە قىلىمەن ـ ھە؟ — دەيتتى.

ئەتىگەنلىكى سائەت ئالتىدىن ئۇتكەندە داشا دېڭىز بويىغا بېرىپ يېشىنىپ، سۇغا تىزىغىچە كىردى ۋە ئەتراپقا قارىدى. دېڭىزنىڭ رەڭگى ئوزگەرگەن بولۇپ، ئاچ كوك تۇستە ئىدى، بەزى يەرلىرى دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. سۇ گايىدا ئۇنىڭ تىزىدىن يۇقۇرىغا چىقىپ، گايىدا يەنە پەسكە چۇشەتتى. داشا ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزدى ـ دە، لەززەتلىك سوغاق سۇغا يېتىپ، ئۇزۇپ كەتتى؛ كېيىن ئوزىنى خېلى يېنىك سېزىپ، ئۇستىگە ياخپاق خالات كىيدى ـ دە، قىزىشقا باشلىغان قۇمدا سوزۇلۇپ ياتتى.

”ئىۋان ئىلئىچنىلا ياخشى كورىمەن“ دەپ ئويلايتتى ئۇ مەڭزىنى سوغاق بىلىگىگە قويۇپ يېتىپ. ”ئىۋان ئىلئىچنى ياخشى كورىمەن. ئۇنىڭ بىلەن يۇرسەم، ھەر ۋاقىت پاك ـ ساغلام ۋە خوشال يۇرىمەن. خۇداغا شۇكۇر، ئىۋان ئىلئىچنى ياخشى كورىمەن. ئەنە شۇنىڭغا تېگىمەن.“

ئۇ كوزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى سۇمۇ ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىگە قوشۇلغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا جۇر بولۇپ دەم ئالاتتى.

بۇ ئۇيقۇ ناھايىتى لەززەتلىك ئىدى. داشا تېنىنىڭ ئىللىق

قۇمدا راھەتلىنىپ ياتقانلىغىنى ئۇيقۇسىدىمۇ سېزەتتى. ئۇ ئۇخلىغان-دىمۇ ئۆزىگە ئۆزى ناھايىتى ياقاتتى.

كەچقۇرۇندا ئاپتاپ قايىنمى تاپ-تازا، قىپ-قىزىل شولىلار ئىچىگە چۆمۈپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا داشا بېسسونوۋنى ئۇچراتتى. بېسسونوۋ ياۋا ئوت ئۇسۇۋاتقان تەپ-تەكشى دالادىن سىلىنغان يالغۇز ئاياق يول ئۈستىدىكى بىر چوڭ تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى. داشا بۇ تەرەپكە ئايلىنىپ يۈرۈپ كېلىپ قالغان ئىدى؛ ئەمدى بېسسونوۋنى كورۈپ توختىدى؛ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولغان ئىدى، بىراق ئەتىگەنكى يېنىكلىگى يەنە يوقىلىپ، ئاياقلىرى ئېغىر-لىشىپ، خۇددى يەرگە قېقىلغاندەك تۇرۇپ قالدى؛ ئۇ بېسسونوۋنىڭ بۇ ئۇچرىشىشتىن ھېچ ئەجەپلەنمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىپ كېلىشىگە، چىغ شلەپىسىنى ئېلىپ، موناخلاردەك، بېشىنى ئېگىپلا سالام بېرىشىگە پىشانە تېگىدىن قاراپ تۇراتتى.

— تۈنۈگۈن مەن خاتا قىلماپتىمەن، دارىيە دمىترىيېۋنا، دېڭىز بويىدىكى سىز مىدىڭىز؟

— ھەئە، مەن ئىدىم...

بېسسونوۋ يەرگە قارىغىنىچە جىم تۇردى، كېيىن داشانىڭ يېنىدىن ئوتۇپ، دالىغا قارىدى.

— قۇياش پېتىۋاتقاندا بۇ دالادا ئۆزەڭنى خۇددى چولدە يۈرگەن كىشىدەك سېزىسەن. بۇ تەرەپلەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ. ئەتراپنى ئوتلار، تاشلار باسقان... گۇگۇم چۈشكەندە يەر يۈزىدە ھېچكىم قالمىغاندەك بولىدۇ...

بېسسونوۋ ئاپپاق چىشلىرىنى ئاستا ئېچىپ كۈلدى. داشا ئۇنىڭغا خۇددى ياۋايى قۇشتەك قارايتتى. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يالغۇز

www.uyghurkitap.com

ئاياق يولدىن كەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى، پۈتۈن ئەتراپىنى ئىگىز-ئىگىز ياۋايى ئوتلار بېسىپ ياتاتتى؛ ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئادەم بويىدىن يەرگە خىرە كۆلەڭگە تاشلايتتى. ئۇلارنىڭ بېشى ئۇستىدە ئىككى شەپەرەڭ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— قىلتاق، قىلتاق... قىلتاقتىن ھېچ قەيەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ كىشى، ئۇلار سېنى جەلپ قىلىدۇ، ئۆزىگە تارتىدۇ، يولدىن ئازدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئالدىنىپ قالىسەن. قاراڭا، قانداق ھىلىگەرلىك بۇ-ھە، — دېدى بېسىسونوۋ ھاسىسى بىلەن پەس كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاينى كۆرسىتىپ، — ئۇ كىچىچە تور توقۇپ چىقىدۇ، مانا بۇ يالغۇز ئاياق يول كىچىك ئېرىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ھەر بىر دەرەخ قۇشلار بىلەن لىق تولغاندەك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا مۇردىمۇ چىرايلىق، خوتۇن كىشىنىڭ چىرايى سىرلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بەلكى، شۇنداق بولغىنىمۇ دۇرۇس بولار؛ پۈتۈن دانالىق ئالداشتا بولسا كېرەك...سىز قانداق بەختلىك-ھە، داريە دمىترىيېۋنا، قانداق بەختلىك سىز...

— بۇنىسى نېمىشقا ئالداش بولىدىكەن؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا ھېچقانداق ئالداش يوق. ئاينىڭ يورۇغى چۈشىدۇ، خالاس، — دېدى داشا.

— ئەلۋەتتە، داريە دمىترىيېۋنا، ئەلۋەتتە!... "بالىلاردەك ساددا بولۇڭلار".① ئالداش — بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنمەسلىكتە،

---

① «ئىنجىل»دا مۇنداق سوزلەر بار: "مەن سىلەرگە ھەقىقى يوسۇندا ئېيتايكى، ناۋادا سىلەر بالىلاردەك ساددا بولالمىساڭلار، جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. شۇڭا ئۆزىنى بالىلاردەك كەمتەر تۇتقانلا كىشى جەننەتتە ھەممىدىن ئۇلۇغ ھىساپلىنىدۇ." — خەنزۇچىسىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئەمما، "يىلاندەك ئەۋرىشىم بولۇڭلار"① دېگەن سۆزمۇ بار. بۇ ئىككىسىنى قانداق قىلغاندا بىر بىرىگە قوشقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟... مۇھەببەت قوشىدۇ دەيدىغۇ؟ سىز قانداق دەپ ئويلايسىز؟

— بىلمىدىم. مەن بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە ئويلىمىغان.

— مۇھەببەت دېگەن قايسى ئىقلىمدىن كېلىدۇ؟ ئۇنى قانداق كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ ئۇنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قانداق سۆزلەرنى ئېيتىش كېرەك؟ توپىدا يېتىپ، "ئاھ خۇدا ماڭا مۇھەببەت ئەۋەتكەيسەن!" دەپ يالۋۇرۇش كېرەكمۇ؟...— ئۇ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ، ئاستاغىنا كۈلدى.

— مەن ئۇ ياققا بارمايمەن، — دېدى داشا، — دېڭىز بويىغا بارىمەن.

ئۇلار ئارقىغا قايتىپ، ئوت ئۈستىدىن مېڭىپ، قۇم توپىگە قاراپ كېتىشتى. بىردىنلا بېسسونوۋ يۇمشاق ۋە ئاستا ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— پېتېربۇرگدا مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ئېيتقان سۆزىڭىزنىڭ ھەر بىرى يادىمدا، ئەنە شۇ ۋاقىتتا مەن سىزنى قورقۇتۇۋەتكەن ئىدىم. (داشا ئالدىغا قاراپ، ئىلدام مېڭىپ باراتتى.) ئەنە شۇ ۋاقىتتا يۈرەكلىرىم ئوينىناپ كەتكەن ئىدى... سىزنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى، ئارتۇقچە چىرايىڭىز ئەمەس، ياق... تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئاۋازىڭىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمنى كېسىپ ئۆتكەن ئىدى. مەن

① «ئىنجىل»دا مۇنداق دېيىلگەن: "مەن سىلەرنى ئەۋەتىمەن، قويلار بۆرە توپىغا كىرگەندەك كىرىسىلەر، دېمەك، سىلەر يىلاندەك ئەۋرىشىم بولۇشۇڭلار، كەپتەردەك يۇۋاش بولۇشۇڭلار كېرەك." — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇ ۋاقىتتا سىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن كۆڭلۈمنى سىزگە بەرسەم، ئۆزەم نامرات، گاداي بولسام، سىزنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىڭىزدا ئىرىپ كەتسەم — ئىنجادىم شۇنىڭدا، دەپ ئويلىدىم... ياكى سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ئىگەللەپ، چەكسىز باي بولۇپ يۈرۈشۈممۇ ئېھتىمال... ئويلاپ كۆرۈڭ، دارىيە دمىترىيېۋنا، مانا ئەمدى ئۆزىڭىز كەلدىڭىز، مەن بۇ تېپىشماقنى تېپىشىم كېرەك!

داشا ئۇنىڭدىن ئاۋال قۇم توپىگە يۈگۈرۈپ چىقتى. سۇ يۈزىدە خۇددى بىلىق قاسراقلىرىدەك پارقىراپ تۇرغان ئاينىڭ شولىسى دېڭىزنىڭ نېرىقى چېتىگە بېرىپ ئۈزۈلەتتى ۋە شولا ئۈزۈلگەن ئۇپۇق نۇرلىنىپ تاۋلىناتتى؛ داشا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، "خۇدايىم، مېنى ئۆز پانايىڭدا ساقلىغايسەن" دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقماقتا ئىدى. بېسسونوۋ ھاسىسىنى بىرنەچچە قېتىم قۇمغا سانچىدى.

— ئەمما بۇنى بىر ياقلىق قىلىش كېرەك، دارىيە دمىترىيېۋنا...بۇ ئوتتا ئىككىمىزدىن بىرىمىز كۆيۈپ تۈگىشىمىز كېرەك... سىزمۇ... مەنمۇ؟... ئويلاپ، جاۋاپ بېرىڭ...

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، — قوپاللا جاۋاپ بەردى داشا.

— بار-يوقىڭىزنى بېرىپ، كۆيۈپ پۈتكىنىڭىزدىن كېيىنلا ھەقىقى ھايات كەلگەنلىگىنى بىلىسىز، دارىيە دمىترىيېۋنا... شۇ ئاي نۇرى بولمىسا، ھەۋەسىمۇ بىر تېيىن. دانالىق كېيىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت قىزلىق بەلۋېغى يېشىلسە بولىدۇ.

بېسسونوۋ مۇزدەك قولى بىلەن داشانىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. داشانىڭ كۆزلىرىنى يۇمۇشتىن باشقا ئىلاجى قالمىغان ئىدى. ئۇزاققا سوزۇلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن، بېسسونوۋ

مۇنداق دېدى:

— يۇرۇڭ، ياخشىسى، ئۆي-ئۆيىمىزگە بېرىپ ياتايلى. سوزلەش-تۇق، مەسىلىنى ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمە قىلدۇق، ۋاقىتمۇ كەچ بولدى...

بېسسونوۋ داشانى مېھمانخانىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ خوشلاشتى، شلەپىسىنى يەلكىسىگە سۇرۇپ، سەيلە قىلىپ يۇرگۇچىلەرنىڭ خىرە كولەڭگىلىرىگە تىكىلىپ-تىكىلىپ، سۇ بويلاپ كەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز-دىن توختىدى، ئاق شال رومال ئورىغان ئېگىز بويلۇق خوتۇن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، بېسسونوۋ ھاسىسىنى يەلكىسىدىن ئاشۇرۇپ، ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇۋالدى.

— سالام، نىنا، — دېدى ئۇ.

— سالام.

— ئېگىز بويىدا يالغۇز نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— شۇنداق، ئوزەملا تۇرۇۋاتىمەن.

— نېمىشقا يالغۇز تۇرىسەن؟

— يالغۇز بولغانلىغىم ئۇچۇن يالغۇز تۇرۇپتىمەن-دە، — دېدى چارودېيېۋا ئاستا ۋە ئاچچىق بىلەن.

— مېنىڭدىن ھازىرمۇ خاپىمۇسەن؟

— ياق، ئەزىزىم. خاپىلىغىم بۇرۇنلا يانغان.

— نىنا، يۇر، مېنىڭكىگە بارايلۇق.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بېشىنى كوتەردى-دە، خېلىغىچە گەپ قىلمىدى، كېيىن تىترەك ۋە روشەن ئاۋاز بىلەن:

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ساراڭ بولغىنىمنى بىلمىگەنمىدىڭ؟ — بېسسونوۋ ئۇنىڭ قولتۇغى-

دىن تۇتقان ئىدى، خوتۇن قولىنى زەردە بىلەن تارتىۋالدى-دە، ئۇنىڭ يېنىدا بىللە كەتتى.

ئەتىگەنلىكى نىكولاي ئىۋانوۋىچ داشانىڭ ئىشىكىنى تاقىلدىتىپ ئويغاتتى:

— دانيۇشا، تۇر، جېنىم، قەھۋا ئىچىمىز.

داشا ئاياقلىرىنى كارۋاتتىن چۈشۈرۈپ، پايپاق ۋە بەتىنكىلىرىگە قارىدى، ھەممە يېقى چاڭ. بىرەر پالاكەت روي بەردىمۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ، ياكى يەنە ئەسكى چۈش كۆرۈپ چىقتىممۇ؟ ياق، بۇ — چۈشتىنمۇ يامان نەرسە ئىدى. داشا نېرى-بېرى كىيىنىپ، چوموللۇشقا كەتتى.

بىراق ئۇنى سۇ ھاردۇردى ۋە ئاپتاپ كۆيدۈردى. ئۇ ئۇستىگە پاخپاق خالاتنى كىيىپ، يالىڭاچ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ يەردە بىرەر بالاغا يولۇقمىغىيتتىم دەپ ئويلىدى.

"ئەقىلسىزمەن، ئۆزەم قورقۇنچاق، ئېرىنچەكمەن. نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلمەن. نېمىنى خالىغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ئەتىگەنلىكى بىر نەرسە خالىسام، كەچقۇرۇنلۇغى باشقىسىنى خالايمەن. ئۆزەم يامان كۆرگەن تائىپىدىنمەن".

داشا بېشىنى ئېگىپ، دېڭىزغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، شۇنچىلىك كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرىكى سىقىلغان ئىدى.

"ساقلاپ كېلىۋاتقىنىممۇ ئەرزىيدىغان غەزنە ئەمەسقۇ، ئۇ كىمگە كېرەك؟ ھېچكىمگە كېرىكى يوق. چىن يۈرەكتىن ياخشى كۆرگەن كىشىم يوق. دېمەك ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن-دە: ۋۇجۇدىڭنى ئوتقا تاشلاپ، كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك ئىكەن، كېيىن ئەقلىڭ جايىغا

چۈشكىنى توغرا ئىكەن ـ دە. ئۇغۇ چاقىردىغۇ، ئۇنىڭغا بۇگۈن كەچقۇ-
رۇنلا بېرىش كېرەك ـ تە، ئۇنىڭغا... ۋاي، ياق، بارمايمەن!...“
داشانىڭ تېنى قىزىپ كەتتى، يۈزىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇردى.
شۇنىڭدىن بۇيان ئىككى ياقلىما ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگى ئېنىق
ئىدى. ئارتۇقچە چىداپ بولمايدىغان قىزلىقتىن قۇتۇلۇش كېرەك،
ئاخىر، يە بولمىسا مەيلى، بىرەر پالاكەت كېلىپ چىقسۇن.
ئۇ دېڭىز بويىدا قايغۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئويلايتتى:
”پەرەز قىلايلى، مەن بۇ يەردىن ئاتامنىڭ ئالدىغا كېتەرمەن.
يەنە ئەنە شۇ چاڭ ـ توپا، يەنە خىرە چىۋىنلار... كۈزمۇ كېلەر.
ئوقۇش باشلىنار. كۈنگە ئون ئىككى سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا
كېلىدۇ. قېرىپ سەتلىشىپ كېتىمەن. خەلقارا قانۇننى يادقىمۇ بىلىپ
ئالارمەن. كېيىن، تېرىكىدىن تىكىلگەن يۇپكا كىيىپ يۈرىدىغان
بولىمەن. ھورمەتلىك قانۇنشۇناس بولاۋىنا بولىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ
يامان يول ئەمەس“.
داشا تېنىگە يېپىشقان قۇمنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئويگە كىرىپ
كەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ شايى كېچىلىك كىيىم كىيىپ، دالاندا
ئاناتول فرانسنىڭ ئوقۇش چەكلەنگەن رومانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.
داشا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كىرىسلودا ئولتۇردى ۋە ئايىغىدىكى
بەتىنكىسىنى ئويىنىتىپ، خىيال ئىچىدە دېدى:
ـــ سېنىڭ بىلەن كاتە توغرىسىدا سوزلەشمەكچى ئىدىم.
ـــ ھە، ھە، خوش.
ـــ بىلەمسەن، نىكولاي، خوتۇن كىشىنىڭ تورمۇشى، ئومۇمەن،
قىيىن ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئون توققۇز ياش بولسىمۇ ئۆزىنى
قاياققا قويۇشنى بىلمەي قالىدۇ.

— سەن قۇراملىق كىشى، داشا، كوپ ئويلاپ ئولتۇرماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياشىشى كېرەك. كوپ ئويلاۋەرسەڭ، قۇرۇق قالىسەن، كورمەمدىغان ناھايىتى چىرايلىق قىز بولۇپ كەتكىنىڭنى.

— دەيدىغىنىڭ يەنە شۇ، نىكولاي، سېنىڭ بىلەن سوزلىششمۇ پايدىسىز. دائىم ئارتۇقچە ۋە كېرەك بولمىغان گەپلەرنى قىلىغىنىڭ قىلغان. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كاتە سېنى تاشلاپ كېتىپ قالغان-دە.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ كۇلدى، ئاناتول فرانسىنىڭ رومانىنى قوسىغىغا قويۇپ، يوغان قوللىرىنى يەلكىسىگە تاشلىدى.

— كۇز يامغۇرى يېغىشى بىلەن، قۇش ئۇۋىسىغا ئوزى ئۇچۇپ كېلىدۇ. يادىڭدىمۇ، قاناتلىرىنى تازىلىغىنى؟... ھەرنىمە بولسىمۇ، كاتيۇشانى ناھايىتى ياخشى كورىمەن. ئارىمىز ئوچۇق.

— ھە، ھە، ئەمدى گەپنى بۇ ياققا بۇرىدىڭمۇ؟ كاتەنىڭ ئورنىدا بولسام، مەنمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم...

داشا يامانلاپ، پىشايۋان پەنجىرىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

— تۇرمۇشتىكى جەۋرلەرگە ھەددىدىن تاشقىرى جىددى قاراشنىڭ زىيان ۋە ئارتۇقچە ئىكەنلىگىنى چوڭ بولغىنىڭدا بىلىسەن، — دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ، — بۇ نەرسە، يەنى ھەر نەرسىنى مۇرەككەپلەشتۇرۇش سىلەردە، بولاۋىنالاردا كونىدىن ئادەت... مەسىلىگە ئاددىراق قاراش، تەبىئەتكە يېقىنراق بولۇش كېرەك...

نىكولاي ئىۋانوۋىچ چوڭقۇر بىر تىنىدى، جىم بولۇپ، تىرناقلىرىغا قاراپ ئولتۇردى. دالان يېنىدىن ۋەلسىپىت مىنگەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوتتى، ئۇ شەھەردىكى پوچتا ئىدارىسىدىن خەت-چەك ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

— مەن يېزا ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا كېتىمەن، — دىدى داشا

قاپېغىنى سالغان ھالدا.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نىكولاي ئىۋانوۋىچ.

داشا جاۋاپ بەرمەي، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. داشاغا پوچتىدىن ئىككى پارچە خەت كەلدى: بىرى كاتەدىن، ئىككىنچىسى ئاتىسىدىن. دمىترى ستېپانوۋىچ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"...ساشا كاتيۇشانىڭ خېتىنى ئەۋەتتىم. ئوقۇپ چىقتىم، ماشا ياقمىدى. ماشا دىسە، بىلگىنىڭلارنى قىلىڭلار دەيمەن شۇ... ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى — كونىچە. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سېمىيون سېمىيونوۋىچ گوۋەدىنىنى تۈنۈگۈن لوكچەكلەر شەھەر بېغىدا تۇتۇۋېلىپ، راسا ئۇرۇپتۇ، سەۋەبىنى زادى ئېيتمايدۇ، يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ. ئېيتقاندەك، ساشا تېلېگىن دېگەن بىر ئادەمدىن ئاتكىرىتكا كەلگەن ئىدى، نەدە قويغىنىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇمۇ قىرىمدا بولسا كېرەك، لېكىن چوقۇم قىرىمدا دەپ جەزمەنلەشتۈرەلمەيمەن."

داشا خەتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى دىققەت بىلەن ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى، يۈرىكى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئاچچىقى كېلىپ، يەرنى تېپىشكە باشلىدى، "'قىرىمدا بولسا كېرەك، لېكىن چوقۇم قىرىمدا دەپ جەزمەنلەشتۈرەلمەيمەن' دېگىنى نېمىسى..." دادام ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە، بىسەرەمجان ۋە قورقۇنچلۇق ئادەم-دە. داشا خەتنى مىجىقلىدى-دە، ئىككى قولىنى ئىڭىكىگە تىرەپ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا خېلىغىچە ئولتۇردى، كېيىن كاتەدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

"يادىڭدىمۇ، دانيۇشا، مېنىڭ كەينىمدىن دائىم بىر ئادەم يۈرىدۇ، دەپ يازغان ئىدىم. تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ليۇكسىمبۇرگ بېغىدا ئەنە شۇ

ئادەم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن ئاۋال ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم، ئەمما ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ ماڭا مۇنداق گەپلەرنى دېدى: 'مەن سىزنىڭ ئارقىڭىزدىلا يۈرۈپ، ئىسمىڭىزنى، كىملىگىڭىزنى بىلدىم. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىدىم: سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىم؛ مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدىم، يۈزى جىددى، قاپ-قارا، ئورۇق ئادەم ئىكەن. 'سىز مېنىڭدىن قورقماسلىقىڭىز كېرەك، مەن قېرىپ قالغانمەن، ھېچ كىشىم يوق. مەيدە ئاغرىقى كېسىلىم بار، ئۆلۈم خەۋپى ھەر دائىم مەۋجۇت، شۇنداق بىر بەختسىزلىككە ئۇچرىدىم'. ئۇنىڭ مەڭزىدىن ياش تامچىسى دومىلاپ چۈشتى. كېيىن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: 'ئاھ، چىرايىڭىز خويمۇ يېقىملىق، خويمۇ گۈزەل ئىكەن' دېدى. مەن ئۇنىڭغا: 'ئەمدى ئارقامغا كىرىۋالماڭ!' دېدىم ۋە تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئىدىم، بىراق ئۇنىڭغا رەھىم قىلغۇم كەلدى، سوزلىشىپ ئولتۇردۇق... ئۇ بېشىنى چايقاپ، مېنىڭ گېپىمنى ئۇنچىقماي تىڭشاپ ئولتۇردى. بۇ يېقىنى ئاڭلا، دانيۇشا: بۈگۈن بىر خوتۇندىن — ئەنە شۇ كىشى تۇرغان ئۆينىڭ قوۋۇقچىسى بولسا كېرەك — بىر پارچە خەت ئالدىم... ئەنە شۇ خوتۇن 'ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا مۇۋاپىق'، تۈنۈگۈن كېچىسى ئۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى... شۇنداق دەھشەتلىك بىر خەۋەر... مانا ھازىر دەرىزە يېنىغا كېلىپ قارىدىم، كوچىلاردا مىڭلاپ-مىڭلاپ چىراقلار يانىدۇ، ئات ھارۋىلىرى چېپىپ ئوتىدۇ، دەرەخلەر ئارىسىدا ئادەملەر كېزىپ يۈرىدۇ. يامغۇردىن كېيىن، تۇمان چۈشتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا مەڭگۈگە كەتكەندەك، خۇددى بۇ دۇنيادىن ئوتكەندەك، ئادەملەر بولسا، ئۆلۈكتەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. كوزلىرىم، خۇددى تامام بولغان نەرسىنى كورۈۋاتقانغا ئوخشايدۇ، ھازىر، شۇ تاپتا بولۇۋاتقان ۋە كورۈپ تۇرغان نەرسىلەرنى كورمەيدۇ، ئەمما بىلمەنكى، ھەممە نەرسە تۈگىدى، بۇ دۇنيادىن ئوتتى. كاللامغا كېسەل بولۇپ قالغان بولسام كېرەك دىگەن ئوي كەلدى. بەزىدە يېتىپ ھوكىرەپ يىغلايمەن، ئومرۈمنىڭ ئوتۇپ كەتكىنىگە ئېچىنىمەن. ئازغىنا بولسىمۇ، ئوزەمنىڭ بەختىم، سويۈملۈك

كىشىلىرىم بار ئىدى، ئەمدى ئۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى... يۈرىگىممۇ قېتىپ كەتتى. مەن بىلمەن، داشا، ئالدىمىزدا تېخى يەنە چوڭ پالاكەت تۇرۇپتۇ، ھارام ئۆتكۈزگەن ھاياتىمىز ئۈچۈن ئۆچ ئالىدۇ...“

داشا خەتنى نىكولاي ئىۋانوۋىچقا كورسەتتى.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ خەتنى ئۇھ تارتىپ-ئۇھ تارتىپ ئوقۇپ چىقتى، كېيىن گەپنى ئۆزى كاتەنىڭ ئالدىدا گۇناكار ئىكەنلىگىدىن باشلىدى.

— ھارام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىمىزنى بىلەتتىم، توختاۋسىز ئەيش-ئىشرەتلەرنىڭ ئاخىرىدا چوڭ بالا كەلتۈرۈپ چىقىشىنى سېزەتتىم. ئەمما مېنىڭ، كاتەنىڭ، ئەتراپىمىزدىكى ھەممە كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەيش-ئىشرەت بولغاندىن كېيىن، مەن نىمە قىلالايتتىم؟ گايىبىر ۋاقىتلاردا دېڭىزغا كوز تىكىپ، بۇنىڭدىن ئۆزگىچە روسىيە بار، يەر ھەيدەپ، ئېكىن ئېكىدىغان، مال باقىدىغان، كومۇر كولاپ چىقىرىدىغان، چىت توقۇيدىغان، تومۇرچىلىك قىلىدىغان، ئىمارەت سالىدىغان روسىيە بار، ئۇنى بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر قىلغۇچى كىشىلەر بارۇ، بىز بولساق ئۈچىنچى تائىپەدىكى ئادەملەر، مەملىكەتنىڭ مەنىۋى — زىيالى ئاقسۆڭەكلىرى بولغان بىزنىڭ شۇ روسىيىگە نىمىشقىدۇر ھېچبىر ئالاقىمىز يوق، دەپ ئويلاپ ئولتۇرىمەن. روسىيە بىزنى باقىدۇ، بىز تەييارتاپلارمىز. بۇ پۈتۈن بىر پاجىە. قېنى، مەن كوكتات تېرىپ كورەيچۇ، ياكى يەنە بىرەر باشقا پايدىلىق ئىش قىلىپ كورەيچۇ، بۇنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمايمەن. ئومرۇمنىڭ ئاخىرىسىغىچە تەييارتاپ بولۇپ يۈرۈشكە مەھكۇم قىلىنغانمەن. ئەلۋەتتە، بىز كىتاپ يازىمىز، نۇتۇق سوزلەيمىز، سىياسى بىلەن مەشغۇل بولىمىز، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا

ۋىجدانىمىز قىينالغان چاغلاردىمۇ، ئەمەك قاتارىغا كىرىدۇ. توختاۋ-سىز ئەيش-ئىشرەتلەر كاتىيۇشانى روھىي چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ كەلدى... بۇنىڭدىن ئۆزگىچىمۇ بولمايتتى. مەن ئۇنىڭ نەقەدەر يېقىملىق، مۇلايىم ۋە مومىن-قاۋۇل خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم! ئۇنى مەن بۇزدۇم، مەن پەس قىلدىم... سەن ھەقلىقسەن، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىش كېرەك...

ئۇلار پاسپورت ئېلىش بىلەنلا ئىككىسى پارىژغا دەررۇ مېڭىپ كېتىدىغان بولدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن نىكولاي ئىۋانوۋىچ شەھەرگە كەتتى. داشا بولسا چىغ شلەپىسىنى يولدا كىيىپ مېڭىش ئۈچۈن ئوڭلاشقا تۇتۇنغان ئىدى، بىراق يەنىمۇ بۇزۇپ قويدى-دە، ئۇنى مېھمانخانا خىزمەتچىسىگە سوغا قىلدى. كېيىن ئانىسىغا خەت يازدى، كەچ كىرگەندە تۇيۇقسىزدىن ئۆزىنىڭ تولىمۇ ھارغانلىقىنى سېزىپ، كارۋاتقا چىقىپ يېتىپ، يۈزىنى ئالقىنىغا قويۇپ، ئۇزاقتىن دېڭىزنىڭ شاقىرىشىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

كېيىن كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ، يۈزىگە چۈشكەن چاچلىرىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويغاندەك، كېيىن كۆزلىرىگە، يۈزىگە، لەۋلىرىنىڭ بۇرجىكىگە ئاستاغىنا سۆيگەندەك بولدى. بۇنداق سۆيۈشنىڭ لەززىتى پۈتۈن بەدىنىگە تارقالدى. داشا ئاستا ئويغاندى. ئوچۇق دەرىزىدىن ئاندا-ساندا يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە ئۇچۇپ كىرگەن شامال خەت ۋاراقلىرىنى شىلدىرلىتاتتى. كېيىن تام يېنىدىن بىر كىشى چىقىپ، تاشقىرى تەرەپتىن دەرىزە ئويۇغىغا تاياندى-دە، داشاغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن داشا پۈتۈنلەي ئويغاندى. ئۇ كارۋاتتا ئولتۇ-رۇپ، تۈگمىلىرى يېشىلگەن مەيدىسىنى قوللىرى بىلەن توستى.

— سىزگە نىمە كېرەك؟ — دەپ ئاۋازى ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ھالدا سورىدى داشا. دەرىزە ئالدىدا تۇرغان كىشى بېسسونوۋنىڭ ئاۋازى بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن سىزنى دېگىنىز بويىچە كۈتتۇم. نېمىشقا كەلمىدىڭىز؟ قورقامسىز؟

داشا بىرئاز جىم بولۇپ، كېيىن:

— ھە، — دەپ جاۋاپ بەردى.

شۇنىڭ بىلەن، بېسسونوۋ دەرىزىدىن ئارتىلىپ چۈشتى - دە، ئۇستەلنى ئىتتىرىپ قويۇپ، كارۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى:

— شۇ كېچىدەك ئېغىر كېچىنى كەچۈرگىنىم يوق، — ئۆزەمنى ئۆزەم ئېسىپ ئۆلتۈرۋالماقچى بولدۇم. سىزدە ماڭا قارىتا بىرەر سەزگۇ بارمۇ؟

داشا كالپۇكلىرىنى ئاچماستىن، بېشىنى چايقىدى.

— دارىيە دمىترىيېۋنا، ماڭا قاراڭ، بۇ ئىش بۇگۇن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا يەنە بىر كۈنى ھامان بولىدۇغۇ. مەن سىز بولمىسىڭىز ياشالمايمەن. مېنى ئادەم قىياپىتىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلماڭ، — ئۇ بوغۇلغان ۋە خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن سوزلەپ، داشا-نىڭ يېنىغا يەنىمۇ يېقىنراق كەلدى. داشا بىردىن ئېغىر تىن ئالدى-دە، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى، — تۈنۈگۈن ئېيتقان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان... ناھايىتى قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن... سىزنى يادىمدىن چىقىرىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن... ماڭا خوتۇن بولۇڭ.

بېسسونوۋ داشانىڭ بويىنغا قولىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئېگىلدى، لېۋىنى ئۇنىڭ لېۋىگە باستى. داشا ئۇنىڭ مەيدىسىگە تىرەلدى،

قولى بىلەن ئىتتىردى، ئەمما قوللىرى پۇكۇلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىر نۇقتىدا توختاپ قالغان ئاھاڭدا: "مەن قورقىقان ۋە كۆڭلۈم خالىغان ئىش—مانا شۇ، ئەمما بۇ ئۇزىنى ئۇلتۇرۇشكە ئۇخشايدۇ" دىگەن پىكىر يەنە يالت ئېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇزىنى چەتكە بۇرىدى. ئاغزىدىن شاراپ پۇرىغى كېلىپ تۇرغان بېسونوۋ ئۇنىڭ قۇلىغىغا بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. داشا: "كاتەنىمۇ خۇددى شۇنداق قىلغان ئىدى" دەپ ئويلىدى. شۇنى ئويلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ مىڭىسى روشەنلەشتى، ۋىنو پۇرىغىمۇ ئۇتكۇرلەشتى. بېسونوۋنىڭ پىچىرلىشى تېخىمۇ ئىپلاسراق كورۇندى.

—قويۇۋېتىڭ، —دىدى داشا، بېسونوۋنى ئىتتىرىپ ۋە ئىشىك-نىڭ يېنىغا باردى ھەممە كوينىگىنىڭ تۇگمىسىنى ئەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بېسونوۋ قۇتراپ كەتتى. داشانىڭ قوللىرىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇزىگە تارتتى ۋە تامىغىغا سويۇشكە باشلىدى. داشا كالپۇكلىرىنى قاتتىق يۇمۇپ، ئۇنچىقماي قارشىلىق كورستىشكە باشلىدى. بېسونوۋ ئۇنى كوتىرىپ، كارۋات تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا داشا ئالدىراپ:

—ھىچ بولمايدۇ، ئولۇپ كەتسىڭىزمۇ!... —دەپ پىچىرلىدى.

ئۇ بېسونوۋنى كۇچىنىڭ بېرىچە ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇچىغى-دىن چىقتى ۋە تامنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى. بېسونوۋ ھامان دېمى قىسىلغان ھالدا، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھەركەتسىز جىم بولۇپ قالدى. داشا بولسا قوللىرىنىڭ بارماق پېتىپ ئىز قالغان جايلىرىنى سىلاپ تۇراتتى.

—ئالدىرىماسلىق كېرەك ئىدى، —دىدى بېسونوۋ.

داشا جاۋاپ بەردى:

— ئىپلاس، يىرگىنىشلىك كىشى.

بېسسونوۋ بېشىنى ئۇستەلنىڭ يولەنچۇكىگە قويدى. داشا مۇنداق دېدى:

— ئەقلىڭىزدىن ئېزىپسىز... بۇ يەردىن كېتىڭ...

ئۇ بۇ سوزلەرنى بىرنەچچە مەرتىۋە تەكرارلىدى. بېسسونوۋ ئاخىر چۇشەندى، ئورنىدىن تۇردى-دە، دەرىزىدىن ئەپسىزلىك بىلەن ئارتىلىپ چۇشتى. داشا دەرىزىنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ، قاراڭغۇ ئوي ئىچىدە يۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ بۇ كېچىدە ناھايىتى قىينىلىپ چىقتى.

تاڭ ئېتىش ۋاقتىدا نىكولاي ئىۋانوۋىچ يالاڭئاياغ پۇتلىرىنى سورەپ، داشانىڭ ئىشىگى يېنىغا كەلدى ۋە تېخى ئۇيقۇغا تويمىغان ئادەم ئاۋازى بىلەن:

— چىشىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، داشا؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— ئەمىسە كېچە چىققان ئاۋاز نىمە ئاۋاز؟

— بىلمىدىم.

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئوزىگە ئوزى "ئەجەبا" دەپ غوتۇلدى-دە، كەتتى. داشا ئولتۇرالمايتتى ۋە ياتالمايتتى، ئوزىگە نىسبەتەن بولغان چىش ئاغرىغىدەك قاتتىق يىرگىنىش ھىسسىنى باستۇرۇش ئۇچۇن، دەرىزە يېنىدىن ئىشىككە، ئىشىكتىن دەرىزە يېنىغا مېڭىپ تۇراتتى. بېسسونوۋغا بېرىلگىنىم ياخشىراق بولاتتى، بۇنچىلىك قىينالمايتتىم، دەپ ئويلايتتى ئۇ، بىردىن يۇرىگى ئېچىشىپ، قۇياش نۇرلىرى بىلەن قاپلانغان ئاپپاق پاراخوتنى، ئورمان ئىچىدە يالغۇز قالغان ئاشىق داشانىڭ ھىچكىمسىز قالغانلىقى توغرىلىق

يالغان گەپ قىلغانلىرىنى يادىغا ئالدى. قاراڭغۇدا ئاقىرىپ كۆرۈنىۋاتقان ۋە ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىنسان چىرايى ئىت تەلەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن بولغان كوپىسكە قاراپ، داشا بۇنداق ئاڭ بىلەن ياشىغىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ھەرقانداق قىيناقىقا، ئازاپ چېكىشكە تەييار ئىدى، پەقەت شۇ يىرگىنىش ھىسسىياتىدىن قۇتۇلسىلا بولاتتى، ئۇنىڭ مېڭىسى قىزىپ ياناتتى، يۈزىدىن، بويىنىدىن، ھەممە يېرىدىن ئۇرىۋالغان ئۇمۇچۇك تورلىرىنى ئېلىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى.

ئاخىر، تاشقىرىدا كۈن يورۇپ كەتتى. ئۆيدە ئىشكىلەر تاراقلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى. كىمدۇر بىرسى: "ماترىيوشا، سۇ ئېلىپ كەلگىن..." دەپ ۋاقىرايتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچمۇ ئويغىنىپ، نېرىقى ئۆيدە چېشىنى يۇيۇشقا باشلىدى. داشا يۈزىنى سوغاق سۇ بىلەن يۇدى ۋە قالپىقىنى پېشانىسىگە باستۇرۇپ كىيىپ، دېڭىز بويىغا چىقتى. دېڭىز سۈتتەك، قوم تېخى نەم ئىدى. دېڭىزدىن سۇ ئۇسۇملۇكلىرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. داشا ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ چوڭ يولنى بويلاپ كەتتى. ئوتتۇرىدىن چاقلىرى چاڭ چىقىرىپ، بىرلا ئات قوشۇلغان يېنىك ھارۋا كېلىۋاتاتتى. ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە تاتار، كەينىدە يەلكىسى كەڭ، ئاپپاق كىيىنگەن بىر كىشى ئولتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. داشا ئۇنىڭغا كۆز سالدى ۋە خۇددى چۈشىدە كورگەندەك (ئاپتاپ نۇرىدىن، چارچىغىنىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ باراتتى): "مانا، يەنە بىر ياخشى، بەختلىك كىشى، مەيلى، بەختلىك بولۇپ يۈرۈۋەرسۇن" دەپ ئويلىدى، يولدىن چەتكە چىقتى. تۇيۇقسىز ھارۋىدىن ھەيرانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— داريە دمىترىيېۋنا!

چاقىرغان كىشى ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ كەلدى.

بۇ ئاۋازدىن داشانىڭ يۈرىكى ئۈرۈشتىن توختاپ، ئاياقلىرى بوشى-
شىپ كەتتى، ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپتاپتا قارىدى-
غان، كوك كوز، هاياجانلانغان تېلېگىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى؛ ئۇ
شۇنچىلىك كۈتۈلمىگەن ۋە شۇنچىلىك زوقلاندۇرغۇچى ئىدىكى،
داشا ئالدىراپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە قوللىرىنى قويۇپ، يۈزىنى بېسىپ،
باللاردەك يىغلىۋەتتى.

تېلېگىن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قاتتىق تۇتۇپ تۇراتتى. داشا ئېغىر-
ئېغىر تىن ئېلىپ، بىرنىمىلەرنى ئېيتىپ چۈشەندۈرمەكچى بولغان
ئىدى، تېلېگىن گەپ باشلىدى:

—بولدى، بولدى، داريە دمىترىيېۋنا، كېيىن ئېيتىپ بېرىسىز.
ھېچقىسى يوق...

ئۇنىڭ بىرزىنت پەلتوسى داشانىڭ كوز ياشلىرىدىن هول بولۇپ
كەتتى. داشانىڭ كوڭلىمۇ خېلى بېسىلدى.

—بىزنىڭكىگە كەلدىڭىزمۇ؟—دەپ سورىدى داشا.

—هەئە، مەن خوشلاشقىلى كەلدىم. داريە دمىترىيېۋنا...
سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى تۇنۇگۇن ئاڭلاپ، ئەمدى خوشلاش-
قىلى كەلدىم...

—خوشلاشقىلى؟

—مېنى ئەسكەرلىككە ئېلىشتى، ئىلاجىم يوق.

—ئەسكەرلىككە؟

—سىز تېخى بۇنداق گەپنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

—ياق.

—ئۇرۇش باشلىنىپتۇ، هەممە گەپ شۇنىڭدا-دە.

داشا كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى، ئۇ نىمە

ئىش ئىكەنلىگىنى تېخى چۈشەنمىگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 14

ئەركىنچىلەرنىڭ «خەلق سوزى» گېزىتى تەھرىر بولۇمىدە تەھرىرلەرنىڭ جىددى چاقىرىلغان مەجلىسى بولۇۋاتقان ئىدى. تۈنۈگۈن ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا قانۇن چىقىرىلغانلىغى ئۈچۈن، مەجلىس ئەھلىگە چاي بىلەن بىر قاتاردا، ئادەتتىن تاشقىرى، كانياك ۋە تاتلىق ھاراق قويۇلغان ئىدى.

يۇمشاق كىرىسلولاردا ئولتۇرغان قېلىن ساقاللىق، ئىگىز بوي ئەركىنچىلەر توختىماي تاماكا چېكىپ، نىمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇراتتى، دەرىزە تەكچىلىرىنى ۋە ئوكتىچىلەر ئىستىھكامى دەپ نام چىقارغان ۋە مەشھۇر بىر يازغۇچى چۈسا كوپ ئىكەن، دىگەن كون-خورۇم دىۋاننى گېزىتنىڭ ياش خادىملىرى ئىگەللىگەن ئىدى.

چاچلىرى ئاپپاق، يۈزى قىپ-قىزىل، ئىنگلىزچە خۇلق-ئادەتلىك بىر تەھرىر ھەر سوزنى چېكىپ، ئېنىق قىلىپ نۇتۇق سوزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ نۇتقى ئەڭ ئاجايىپ نۇتۇقلاردىن بولۇپ، ئۇ ھەممە ئەركىنلىك مەتبۇئاتىنىڭ فاجىيىنى كورسىتىپ بەرمەكچى بولاتتى، ئەمىلىيەتتىمۇ كورسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

—...ۋەزىيىتىمىزنىڭ مۇرەككەپلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىز چار پادىشا ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا يول قويماسلىغىمىز كېرەك، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن روسىيە دولىتىگە خەۋپ يېتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا،

شۇ ھاكىمىيەتكە ياردەم قولىمىزنى سوزۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بۇ ھەركىتىمىز ھالال ۋە ئاشكارا بولۇشى كېرەك. روسىيىنى ئۇرۇش قايىنىمىغا ئىلىپ كىرگەن پادىشا ھوكۇمىتىنىڭ جىنايىتى ھازىر تېخى ئىككىنچى ئورۇندىكى مەسىلە. بىز ئاۋال غەلىبە قىلىشىمىز، كېيىن بولسا ئەيىپدارلارنى جاۋاپكارلىققا تارتىشىمىز لازىم. جاناپلار، بىز بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز، لېكىن كراسنوستاۋ يېنىدا قانلىق جەڭ بولۇۋاتىدۇ، ئۇ يەرگە، ئالدىنقى سەپكە گوۋاردىيە ئەۋەتىلدى. جەڭ ئاقىۋىتى تېخى مەلۇم ئەمەس، ئەمما كىيىۋنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىغىنى ئۇنتۇمايلى. شەك-شۇبھە يوقكى، ئۇرۇش ئۇچ-توت ئايدىن نېرىغا بارماس، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىز بىشىمىزنى ئىگىز كوتىرىپ، چار ھوكۇمىتىگە مۇنداق دەيمىز: ئەڭ ئېغىر كۇنلەردە بىز سىلەر بىلەن بىللە بولدۇق، ئەمدى بىزنىڭ سىلەر بىلەن ھىساپلىشىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى!...

تەھرىر بولۇمىنىڭ ئەڭ قېرى تەھرىرلىرىدىن بىرى، يەرلىك ئاپتونومىيە مەسىلىلىرى جەھەتتىكى نوپۇز ئىگىسى بېلوسۋېتوۋ چىداپ تۇرالمىدى-دە، غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى:

—ئۇرۇشنىغۇ پادىشا ھوكۇمىتى قىلىۋاتىدۇ، ئەمما بىز نىمىشقا ياردەم قىلىدىكەنمىز؟ بۇنىڭغا ھىچ چۇشەنمەي كەتتىم... ئاددى مەنتىقى پىكىر بىزنىڭ ۋە بىزنىڭ رەھبەرلىگىمىزدىكى ھەممە زىيالىلارنىڭ بۇ تەۋەككۇلچىلىكتىن چەتتە تۇرۇشىمىز كېرەكلىگىنى تەكىتلەيدۇ. مەيلى، پادىشالار ئوزلىرىنىڭ بېشىنى ئوزلىرى يىسۇن، بۇنىڭدىن بىز پايدىلا كورىمىز، خالاس.

—راستىنى ئېيتسام، نىكولاي II گە ياردەم بېرىش، —دىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باش ماقالىچى ئالفا تەخسىدىن تاتلىق توقاچنى تالىلاپ تۇرۇپ:
— توغرا بولماس، ناھايىتى مەنىسىز ئىش بولار...
ھەممە بىردىن سۆزگە كىرىشىپ كەتتى:
— بىزنى مۇرەسسەگە مەجبۇر قىلىدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق، بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس...
— نىمە بولدى، بۇ تەسلىم بولۇشمۇ؟
— ھەممە ئىلغار ھەركەت مۇشۇنداق شەرمەندىلەرچە ئاخىرلىشامدۇ؟
— ھەر ھالدا، جاناپلار، ماڭا بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.
— ئالدىرىماڭلار، نېمىسلار راسا دۇمبالاشقا چۈشكەندە، چۈشىنىۋالىسىلەر!
— ئاھ-ھا، دوستۇم، سىز مىللەتچى ئىكەنسىزغۇ!
— ياق، مەن تاياق يېيىشنى خالىمايمەن، خالاس.
— تاياق يەيدىغان سىز ئەمەس، نىكولاي II غۇ؟
— ئالدىرىماڭ...پولشا قانداق بولىدۇ؟ ۋولىنچۇ؟ كىيېۋچۇ؟ قانچە كوپ تاياق يىسەك، ئىنقىلاپ شۇنچە چاپسان بولىدۇ.
— ھەرقانداق ئىنقىلاۋىڭىز ئۇچۇن كىيېۋنى بېرىشكە رازى ئەمەسمەن...
— ئۇيىلىڭ، پېتر پېتروۋىچ...
كىشىلەر ئاران جىم بولۇشتى، تەھرىر ھەربى ھالەت توغرىسىدا چىقىرىلغان قانۇن ئاساسىدا، ھوكۇمەتكە قارشى قارىتىلغان بىرەر سوز ئۇچۇنمۇ ھەربى تەكشۇرۇش ئورگىنى گېزىتنى يېپىپ قويۇشى مۇمكىنلىگىنى، شۇنچە ئەمگەك سەرپ قىلىنىپ قولغا كەلتۇرۇلۇۋاتقان

سوز ئەركىنلىگىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىنلىگىنى چۈشەندۈردى.
—...شۇ سەۋەپتىن، قىممەتكە ئېگە بۇ يىغىلىشتىن ئۆزىمىزگە مۇۋاپىقراق نۇقتىنەزەر تېپىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئۆز تەرىپىمدىن ئېيتسام، مەنتىققە خىلاپ بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇشقا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن قەتئىي نەزەر، پۇتۇنلەي قوشۇلۇشىمىز كېرەك، دىگەن پىكرىمنى سىلەرگە بايان قىلىمەن. بۇ ئۇرۇشنىڭ جەمىيەت ئىچىدە ناھايىتى مەقبۇل ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇماڭلار. موسكۋادا بۇ ئۇرۇشنى ئىككىنچى ۋەتەن ئۇرۇشى دەپ ئاتاشقا باشلىدى، —ناتىق بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىپ ھىجايدى-دە، تووۋەنگە قارىدى—پادىشا ھەزرەتلىرى موسكۋادا خېلى قىزغىن دىگۈدەك كۈتۈۋېلىندى، ئاددى خەلق ئوتتۇرىسىدا سەپەرۋەرلىك كۈتۈلگەندىن ئارتۇق دەرىجىدە بارماقتا...
—ۋاسىلى ۋاسىلىيېۋىچ، بۇنى ئويناپ سوزلەۋاتامسىز، ياكى راستىنمۇ؟—بېلوسۋېتوۋنىڭ ئاۋازى ئەمدى پۇتۇنلەي قايغۇ تۇسىنى ئالغان ئىدى،—سىز بۇ سوزىڭىز بىلەن پۇتۇن پەلسەپىمىزنى يوققا چىقىرىپ تاشلايسىزغۇ... بىرىپ ھوكۇمەتكە ياردەملىشىش كېرەك دەمسىز؟ سىبىردە چىرىپ ياتقان ئون مىڭچە ئەڭ ياخشى رۇس كىشىلىرىچۇ؟... ئىشچىلارنىڭ ئېتىپ تاشلىنىشىچۇ؟... ئاخىر، ئۇلارنىڭ قېنى تېخى قاتمىدىغۇ.
بۇ سوزلەر ھەيۋەتلىك-داغدۇغىلىق سوزلەر ئىدى، ئەمما ئولتۇرغانلارنىڭ ھەر بىرىگە ھوكۇمەت بىلەن پۇتۇشۇش مۇقەررەرلىگى ئايان بولۇپ قالدى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن باسمىخانىدىن ”گېرمان باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇستەھكەم بىرلىك سەپ تۈزەيلى“ دەپ باشلىنىدىغان باش ماقالىنىڭ كوررېكتور نۇسخىسى كەلتۇرۇلگەندە، يىغىن ئەھلى ئۇنچىقماستىن كورۇپ چىقتى، بەزىبىرلىرى ئاستاغىنا

ئۇھ تارتىپ قويدى، بەزىبىرلىرى مەنىلىك ئاھاڭ بىلەن: ”كۆڭلىمىز شۇنىڭغا قاپتۇ-دە“ دەپمۇ قويدى. بىلوسىۋىتوۋ تاماكا كۈلى توكۇلگەن قارا توي كىيىمىنىڭ تۈگمىلىرىنى ھودۇقۇپ ئەتتى، ئەمما ھېچ قاياققا كەتمىدى، يەنە كىرىسلودا ئولتۇردى، گېزىتنىڭ نوۋەتتىكى سانى ”ۋەتىنىمىز خەۋپ ئاستىدا! قولغا قورال ئېلىڭلار!“ دىگەن شوئار بىلەن چىقىدىغان بولدى.

ھەر ھالدا، ھەر كىمنىڭ كۆڭلى غەش، يۈرىگى ئەنسىدە ئىدى. مۇستەھكەم ۋە بۇزۇلماس دەپ ئاتالغان ياۋروپا تىنچلىقى قانداق قىلىپ يىگىرمە توت سائەت ئىچىدە بۇزۇلىدىكىن، «خەلق سوزى» گېزىتى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ھوكۇمەتكە پەش قىلىپ كەلگەن ۋە ئاددى پۇقرالارغا ئۇقتۇرۇپ كېلىۋاتقان ياۋروپا مەدىنىيىتى قانداق قىلىپ ئويۇنچۇق ئوي بولۇپ قالدىكىن. (مەتبە، ئېلېكتىر ئىختىرا قىلىندى، ھەتتا رادىيومۇ تېپىلدى، ئەمما ۋاقىت كەلدىكى، كىرا خاماللانغان ئاپپاق كوينەك كىيىپ، قولىدا تاياق تۇتقان ھامان بايىقى ھايۋانغا ئوخشاش ئادەم كېلىپ چىقتى.) بۇنى تەھرىر بولۇمى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى، بۇنى ئېتىراپ قىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر ئىدى.

كېچەش جىملىق ۋە كوڭۇلسىزلىك بىلەن تۈگىدى. نامى چىققان يازغۇچىلار كىيۇبا قاۋاقخانىسىغا ناشتا قىلىشقا كەتتى، ياشلار بولسا ئاخبارات بولۇم-ئىشخانىسىغا يىغىلدى. ھەر خىل قاتلاملارنىڭ كەيپىياتى چوڭقۇر تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. ئانتوشكا ئارنولدوۋغا ھەربى تەكشۈرۈش ئورگىنىنى تەكشۈرۈش تاپشۇرۇلدى. ئارنولدوۋ ئالدىدىن پۇل ئالدى-دە، كىرا ھارۋىسىغا چۈشۈپ، نېۋسكى كوچىسىنى بويلاپ باش ئىشتاپقا قاراپ كەتتى.

ئاخبارات بولۇمىنىڭ باشلىغى، سەنىمۇبۇنىڭ شاگشىياۋى سولنتسېۋ ئۇز ئىشخانىسىدا ئانتوشكا ئارنولدوۋنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا خۇش چاخچاق، روشەن كوزلىرى بىلەن قاراپ، ھورمەت بىلەن ئۇنىڭ سوزىنى تىڭشىدى. ئانتوشكا ئاۋال، مەتبۇئات ئەركىنلىگىنى بوغىدىغان، ئەپسانىۋى پالۋان كىشىنى، تەلەتى شىرنىڭ تەلەتىگە ئوخشايدىغان بىرەر جىياگجۇننى كورىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا كىلىشكەن، ئەدەپلىك كىشى ئولتۇراتتى، ئۇ كىشى يە خىرىلدىمايتتى ۋە ياكى شىردەك ھوكىرىمەيتتى. ھىچ نەرسىنى بوغىدىغان، يانچىپ تاشلايدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى — بۇ سۇپەتلەرنىڭ ھەممىسى پادىشا مالايلىرى دىگەن نامغا ھىچ ماس كەلمەيتتى.

— خوش، شاگشىياۋ ئەپەندىم، ئۇزىگىزنىڭ موتىۋەر پىكرىڭىز بىلەن، مىنىڭ بىرنەچچە سوئالىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بىرىدىغانلىغىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دىدى ئارنولدوۋ ۋە ئىمپىراتور نىكولاي I نىڭ يوغان رەسىمىگە كوز قىرىنى تاشلىدى. نىكولاي I بۇ مەتبۇئات ۋەكىلىگە خۇددى: "پەلتوينىڭ كالتا، بەتىنكىلىرىڭ ساپ-سېرىق، بۇرنۇڭنى تەر باسقان، تەلەتىڭ يامان، — قورقۇۋاتىسەنمۇ دەيمەن ئىتنىڭ بالىسى" دەۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، — رۇس قوشۇنلىرىنىڭ يىڭى يىلغىچە بېرلىنغا كىرىدىغانلىغىغا مىنىڭدە شەك-شۇبھە يوق، شاگشىياۋ، بىراق ھازىر تەھرىر بولۇمىنى بىرقانچە ئاللەندە مەسىلە قىزىقتۇرىدۇ...

شاگشىياۋ سولنتسېۋ ئۇنىڭ سوزىنى ئەدەپ بىلەن بولدى:

— مىنىڭچە، رۇس جامائەتچىلىگى ھازىرقى ئۇرۇشنىڭ مىقياسىنى يېتەرلىك تەسەۋۇر قىلغۇچىلىك بولمىدى. ئەلۋەتتە، شەۋكەتلىك قوشۇنلىرىمىزنىڭ بېرلىنغا كىرىپ بېرىشى توغرىسىدىكى ياخشى

تىلگىڭىزنى مەن سوزسىز ئالقىشلايمەن، ئەمما بۇنىڭغا ئېرىشىش سىز ئويلىغاندىن ئېغىرراق بولارمىكىن، دەپ قورقىمەن. مېنىڭچە، ئاخباراتچىلارنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — دولتىمىزگە تەھلىكە سېلىپ تۇرغان خەۋپنىڭ جىددى خەۋپ ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممىمىزدىن ئادەتتىن تاشقىرى قۇربانلار بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى جامائەتچىلىككە چۈشەندۈرۈش، ئۇقتۇرۇش بولسا كېرەك.

ئانتوشكا ئارنولدوۋ خاتىرە دەپتىرىنى تىزىغا قويدى-دە، ھەيران بولۇپ شاگشىياۋغا قارىدى. سولنتسېۋ سوزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ئۇرۇشنى بىز باشلىمىدۇق، بىز ھازىر ئۇزىمىزنىلا مۇداپىئە قىلىۋاتىمىز. گېرمانلار زەمبىرەك سانى ۋە چېگرا رايونلاردىكى تومۇريول تارماقلىرىنىڭ كوپلۈگى جەھەتتە بىزدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. بىز شۇنىڭغا قارىماستىن، دۈشمەننى چېگرىمىزدىن ئوتكۈزمەسلىككە قولىمىزدىن كەلگىنىچە ھەركەت قىلىمىز. رۇس قوشۇنلىرى ئوز ئۇستىگە يۈكلەنگەن بۇرۇچلىرىنى ئورۇنلىماقتا. ئەمما، جامائەتچىلىكمۇ ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرۇچلىرىنى ئوز يولى بىلەن ئورۇنلىسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — سولنتسېۋنىڭ قېشى يۇقۇرى كوتىرىلدى، — بەزى تەبىقىلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ بىرمۇنچە مۇرەككەپلەشكەنلىكىنى بىلىمەن. ئەمما خەۋپ شۇنچىلىك جىددىكى، ھەممە تارتىشىش ۋە ئاداۋەتلەر كەلگۈسى ۋاقىتقا قالدۇرۇلغۇسى، دەپ ئىشىنىمەن. روسىيە ئىمپېرىيىسى، ھەتتا 1812-يىلدىمۇ① بۇنداق ئېغىر ھالەتنى باشتىن كەچۈرمىگەن ئىدى. مەن سىزدىن

① 1812-يىلى روسىيە ئىمپېرىيىسى ناپولېونغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنى دېمەكچى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

شۇ سوزلەرنى يېزىۋېلىشنى ئۇلتىماس قىلىمەن. كېيىن، دولەت قارد- مىغىدا بولغان ھەربى دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممە يارىدارنى سىغدۇ- رالمايدىغانلىغى مەلۇم. شۇنىڭ ئۇچۇن، جامائەتچىلىك بۇ تەرەپتىن- مۇ كەڭ مىقياستا ياردەم كورستىشكە تەييار تۇرۇشى لازىم...

— كەچۇرۇڭ، شاگشياۋ، يارىدارلارنىڭ سانى قانچىگە يېتەر؟

سولنتسېۋنىڭ قاشلىرى تېخىمۇ يۇقۇرى كوتىرىلدى:

— مېنىڭچە، مۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە، ئىككى يۇز ئەللىك مىڭدىن ئۇچ يۇز مىڭغىچە يارىدار كېلىشى مۇمكىن.

ئانتوشكا ئارنولدوۋ تۇكۇرۇگىنى يۇتتى-دە، ئېيتىلغان سانىنى يېزىۋېلىپ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— ئۇنداق بولسا، ئولگەنلەرنىڭ سانى قانچە كېلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئادەتتە، يارىدارلار سانىنىڭ بەش پىرسەنتىدىن ئون پىرسەنتىنى ئولگەن دەپ ھىساپلايمىز.

— ھە-ھە، سىزگە تەشەككۇر.

سولنتسېۋ ئورنىدىن تۇردى، ئانتوشكا ئۇنىڭ قولىنى قىستى- دە، دۇپ ياغىچىدىن قىلىنغان ئېغىر ئىشىكنى ئېچىۋاتقاندا، ئوپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان، چاچلىرى پاخپايغان، كىيىملىرى پۇرلىشىپ كەتكەن، تۇنۇگۇندىن بۇيان ھاراق ئىچمىگەن ئاتلانت دىگەن مۇخبىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— شاگشياۋ، مەن ئۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سىزگە كېلىۋىد- دىم، — دىدى ئاتلانت كىر كوينىگىنىڭ ياقىسىنى قولى بىلەن توساپ، — خوش، بېرلىننى قاچان ئالىمىز؟

ئارنولدوۋ سەنمۇبۇدىن ساراي مەيدانىغا چىقىپ، شىلەپىسىنى

www.uyghurkitap.com

كىيدى ـ دە، بىرمۇنــچە ۋاقىت كوزلــرىنى سۇزۇپ خــيال سۇرۇپ
تۇردى.

ــ ئۇرۇش غەلىبە قىلغىچە داۋام قىلىدۇ،ــ دىدى ئۇ چىش ئارىسى ـ
دىن،ــ ئېھتىيات بول، يىرتىق كالاچ، بىز سىلەرگە نىمىنىڭ "مەغلۇ ـ
بىيەتچىلىك" ئىكەنلىگىنى كورستىپ قويىمىز.

پاكىز قىلىپ سۇپۇرۇلــگەن، ئوتــتۇرىســدا ئالېكــساندرغا ئاتاپ
تىكلەنگەن گىرانىت تۇۋرۇكــلۇك كەڭ مەيــدانىنىڭ ھەمــمە يېرىــدە
ساقاللــىرى ئوسۇپ كەتــكەن، قوپال دىخانــلار توپ ـ توپ بولۇپ
يۇگۇرۇپ يۇرەتتى، كوماندا ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. دىخانلار بىر دەم
قاتار بولۇپ تۇرۇشاتتى، بىر دەم يۇگۇرۇپ بېرىپ، يەرگە ياتاتتى،
بىر جايدا ئەللىكچە ئادەم ياتقان يېرىــدىن تۇرۇپ كەيــنى ـ كەينى ـ
دىن "ئۇررا!" دەپ ۋاقــىرىدى ـ دە، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، يۇگۇرۇپ
كېتەتــتى... "توخــتا! دىققەت... ئەبلەخلەر، ئىتنىڭ بالىلىرى!" دەپ
ۋاقىــرىــدى بوغۇلــغان بىر ئاۋاز. باشــقا بىر يەردىــن: "يۇگۇرۇپ
بارغان پېتى نەيزىنى دەل قوســغىغا تىق، نەيزە سۇنسا، قونــداق
بىلەن سال" دىگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

مانا مۇشۇنداق سۇپۇرگە ساقالــلىق، ئاياقلىرىغا چورۇق كىيگەن،
كوينەكلىرىنىڭ يەلكىلىرىدىن شور چىقىپ كەتكــەن دىخانلار بۇنىڭ ـ
دىن ئىككى يۇز يىل ئىلــگىرى شۇ يەردىــكى سازلىقــلارغا كېــلىپ،
شۇ شەھەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەن ئىــدى، ئەمــدى ئۇلارنى لىگشىپ
قالغان ئىمپېرىيە تۇۋرۇكــلىرىــنى يەلكــلىرى بىلەن يولەپ تۇرۇش
ئۇچۇن يەنە چاقىرىپ كېلىشكەن ئىدى.

ئانتوشكا ئوز ماقالىسىنى قانداق يېزىشنى ئويلاپ ـ ئويلاپ، نېۋسكى
كوچىسىغا چىقتى. كوچىنىڭ ئوتــتۇرىســدىن، خۇددى كوز شامــلى

گۇرۇلدىگەنــدەك چېلىنــغان نەي ئاھاڭى ئاستــدا، ئىككى لــيەن ئەسكەر كېتىپ باراتتى، ئەسـكەرلەر سەپەرگە ئاتلانغان، يەلكىلىرد-گە خالتا، قازان ۋە گۇرجەك ئارتــقان ئىــدى. يۇزى ياپــلاق بۇ ئەسكەرلەر ھارغان، ئېگىلىرىنى چاڭ باسقان ئىدى. كوك كوينەك-لىك، بېلىنى يېگى تاسما بىلەن باغلىۋالغان كىچىك ھەربى ئەمەل-دار ئاياقلىرىنى پات-پات كوتىــرىپ، كەينىگە قاراپ: "ئوڭ ئاياق! سول ئاياق! ئوڭ ئاياق! سول ئاياق!" دەپ باراتــتى. ياسىــتىلــغان ئات ھارۋىلىرى قاتىنغان ۋە دەرىزىلىرى پارقىراپ تۇرغان نېۋىسكى خۇددى چۇشكە كىرگەندەك ئاۋات ئىدى. "ئوڭ ئاياق! ئوڭ ئاياق!".
كىچىك ھەربى ئەمەلدارنىڭ كەينىدىن ئىتائەتلىك، ئاياقلىرى ئېغىر ئەسكەرلەر بىر خىلدا كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارا يورغا ئات قېتىلغان ھارۋا يېتىشىۋالــدى، سېــمىز ھارۋىــكەش ھارۋىسىنى توختاتــتى. ھارۋىــدا ئولــتۇرغان چىرايلىق بىر خېــنىم ئورنــىدىن تۇردى-دە، ئەسكەرلەرگە كوز تاشلىدى. كېيىن ئاق پەلەي كىيگەن قولى بىلەن ئەسكەرلەرگە دۇئا قىلدى.
ئەسكەرلەر ئوتۇپ كەتــتى. ئۇلارنى ھارۋىلار توساپ كورسەتمە-دى. ئادەم ئوتىدىغان يوللار قىستا-قىستاڭ بولۇپ، خۇددى ھەممە كىشى بىر نەرسىنى كۇتۇۋاتقاندەك ئىــدى. ئوتــكەن-كەچكەنــلەر توختاپ تۇرۇپ، سوزلەرگە قۇلاق سالاتــتى، ئادەمــلەرنىڭ ئارىسى-دىن تىقىــلىپ گەپ سورايتتى، ئۇ توپتىن بۇ توپقا كېلىپ قوشۇلاتتى.
خالايىق نېۋىــكى كوچىســدىن مورسكايا كوچىســغا بۇرۇلغاندا مەلۇم دەرىــجىــدە تەرتىپ ئورنىتىلــدى، ئادەمــلەر ئەمــدى پۇتۇن كوچىنى ئىگەللەپ ئېقىپ باراتــتى. قانداقتۇر بېقىش تاپمــغاندەك كورۇنگەن بىرنەچچە ياش ئۇنچىقماستىن ۋە تەشۋىشلىنىپ يۇگۇرۇپ

ئۇتۇپ كەتتى. دوقمۇشقا يەتكەندە شەپكىلەر ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىلدى، كۈنلۈكلەر ھاۋادا سىلكەندى. مورسكايا كوچىسىدا "ئۇررا! ئۇررا!" سادالىرى ياڭرىدى. باللار قۇلاقىنى پۈتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە ھۇشقىتىشقا باشلىدى. توختاپ قالغان ھېساپسىز كوپ ھارۋىلاردا ياسىنىۋالغان ئاياللار ئورە تۇرۇشاتتى. خالايىق ئىساكيېۋسكى مەيدانىغا ئېقىپ كىرىپ، پۈتۈن مەيدانىنى تولدۇرغان. تولىسى مەيدان رىشاتكىلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ھەممە يەر — دەرىزىلەرمۇ، ئوگزىلەرمۇ، چېركاۋنىڭ گىرانىت پەلەمپەيلىرىمۇ ئادەمگە لىق تولۇپ كەتكەن ئىدى. نەچچە مىڭ كىشىلىدىغان بۇ خالايىق گېرمانىيە ئەلچەخانىسىنىڭ قىزىل رەڭگە بويالغان بىناسىغا قاراپ ۋاقىرىشاتتى، بىنانىڭ ئۈستۈنكى دەرىزىلىرىدىن پۇرقۇپ ئىس چىقاتتى. ئەينەكلىرى سۇندۇرۇلغان دەرىزىلەرنىڭ ئىچىدە ئادەملەر ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈپ، خالايىقنىڭ ئۈستىگە قۇچاق-قۇچاق قەغەز ئاتاتتى؛ قەغەز ۋاراقلىرى ئاسماندا لەيلەپ، ئاستا-ئاستا پەسكە ئۇچۇپ چۈشمەكتە ئىدى. دەرىزىدىن تاشلانغان ھەر بىر بۇيۇمغا، ئىسنىڭ لاپىلداپ چىقىشىغا خالايىق ۋاقىراش بىلەن جاۋاپ بېرەتتى. بىردىن بىنانىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە، تامنىڭ تېگىدە، مىستىن ياسالغان ئىككى ھەيكەل جىرەن ئاتنىڭ يۈگىنىدىن تارتىپ تۇرغان جايدا بىرنىمە قىلىۋاتقان بىرنەچچە ئادەم پەيدا بولدى. خالايىق جىم بولدى. مىتالغا ئۇرۇلغان بولقىنىڭ تاۋۇشى جاراڭلىدى. ئوڭ تەرەپتىكى پالۋان ھەيكەل بىر ياققا قاراپ قىشايدى-دە، ئادەم ئوتىدىغان يولغا غۇلاپ چۈشتى. خالايىق ۋاقىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىلىپ كەلدى، ئادەملەر ئاياق ئاستى بولۇپ كەتتى. "بۇ ئەبىلەخلەرنى مويكا تەرەپكە سورە، مويكىغا سورە!" ئىككىنچى ھەيكەل-

مۇ غۇلاپ چۈشتى. كوزەينەك تاقىۋالغان سېمىز بىر خوتۇن ئانتوشكا ئارنولدوۋنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ: "ھەممىسىنى سۇغا تاشلايلى، يىگىت!" دەيتتى. خالايىق مويكا قانىلى تەرەپكە قاراپ قوزغالدى. بىردىن ئوت ئۇچۇرگۈچىلەرنىڭ سىگنالى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، يىراقتىن ئۇلارنىڭ مىس قالپاقلىرى پارقىرىدى. دوقمۇشلاردىن ئاتلىق ساقچى كۆرۈندى. بىردىن ئارنولدوۋ ۋاقىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن خالايىقنىڭ ئىچىدە يۈزى ئاپپاق ئاقارغان، يالاڭۋاشتاق، كۆزلىرى پارقىراپ قالغان بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ بېسسونوۋ ئىدى. ئارنولدوۋ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىز ئۇ يەردە بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى بېسسونوۋ، — ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ دىگەن گەپنى ئۆز قۇلىغىم بىلەن ئاڭلىدىم.

— ئادەممۇ ئۆلتۈرۈشۈپتىمۇ؟ كىمنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ؟

— بىلمەيمەن.

بېسسونوۋ قايرىلدى-دە، خۇددى قارغۇ كىشىدەك پۇتلىشىپ-پۇتلىشىپ مەيداندىن كەتتى. توپىلاڭچىلارنىڭ قالدۇقلىرى ئەمدى يەنە نېۋسكى تەرەپكە، ئۇ يەردىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر قەھۋەخانىسىنى ۋەيران قىلغىلى كەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئانتوشكا ئارنولدوۋ تەھرىر بولۇمىنىڭ تاماكا ئىسى بېسىپ كەتكەن بولمىلىرىدىن بىرىدە ئولتۇرۇپ، تار قەغەزگە ماقالا يازغان ئىدى:

"...بىز بۈگۈن خەلق غەزىۋى ۋە نەپرىتىنىڭ قانچىلىك قاتتىق ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى كوردۇق. شۇنى ئالايىتەن كورسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گېرمان ئەلچىخانىسىنىڭ ئورىسىدىكى ۋىنولاردىن خەلق بىر بوتۇلكىسىنىمۇ ئىچمەي، ھەممىسىنى مويكا دەرياسىغا ئاققۇزۇ-

www.uyghurkitap.com

ۋەتتى. يارىششقا پۇتۇنلەي ئورۇن قالمىدى، بىز قانچە قۇربان بېرىپ بولسىمۇ، غەلىبە قىلغانغا قەدەر ئۇرۇشىمىز. نېمىسلار رۇسىيىنى قاتتىق ئۇيىقۇدا، غەپلەتتە دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئەمما 'ۋەتىنىمىز خەۋپ ئاستىدا' دېيىلىشى بىلەنلا ھەممە خەلق بىر تەن-بىر جان بولۇپ كوتىرىلدى. خەلقنىڭ غەزىۋى دەھشەتلىك. ۋەتەن دىگەن سوز—ئۇلۇغ سوز، ئەمما بىز بۇ سوزنى ئۇنتۇغان ئىكەنمىز. گېرمان زەمبىرىگى بىرىنچى ئوق ئېتىشى بىلەن، بۇ سوز يەنە تىرىلىپ، ھەر بىرىمىزنىڭ يۇرىگىدە يەنە چاراقلاپ يېنىشقا باشلىدى..."

ئانتوشكا كوزلىرىنى يۇمدى، يەلكىلىرىدىن چۇمۇلە ئومىلەپ ئوتكەندەك بولدى. قانداق ئاجايىپ سوزلەرنى تېپىپ يېزىشى كېرەك ئىدى! ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇنلا يازلىق تاماشلار توغرىسىدا خەۋەر يېزىپ يۇرەتتى. توڭگۇز سىياقىدا كىيىنگەن بىر ئادەمنىڭ كۇلكىلىك ئويۇنخانا سەھنىسىگە چىقىپ: "توڭگۇز بالىسىمەن، ئويالمايمەن، توڭگۇز بالىسىمەن، پەخىرلىنىمەن، ئانام توڭگۇز ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايمەن..." دەپ كۇلكىلىك ناخشا ئېيتقىنى بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا چۇشتى.

"بىز قەھرىمانلىق دەۋرىگە كىرىپ كېتىپ بارىمىز. بىزنىڭ تىرىكلىگىمىزچە چىرىپ كېتىپ بارغىنىمىز يېتەر! بىزنى ئۇرۇش پاك قىلىدۇ" دەپ يازاتتى ئانتوشكا قەلىمىدىن سىيا چاچرىتىپ.

بېلوسۋېتوۋ باشچىلىغىدىكى مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ قارشىلىغىغا قارىماي، ئارنولدوۋنىڭ ماقالىسى گېزىتتە بېسىلىپ چىقتى. گېزىتخانا ئەنئەنىسىدىن باشقىچە بولغان ئىش شۇ بولدىكى، ماقالا پەقەت ئۇچىنچى بەتتىلا «ئۇرۇش كۇنلىرىدە» دىگەن ئومۇمى سەرلەۋھە ئاستىدا بېسىلدى. تەھرىر بولۇمىگە گېزىت ئوقۇيدىغانلاردىن دەررۇ

خەت كېلىشكە باشلىدى. بەزىلىرى ماقالىدىن زوقلانغانلىقىنى ئىزھار قىلاتتى، بەزىلىرى بولسا، ئاچچىق تەنە بىلدۈرەتتى. ئەمما ئالدىنقىلىرى كۆپرەك ئىدى. ئانتوشكىغا قەلەم ھەققى ئاشۇرۇلدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن باش تەھرىر ئۆنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىردى، ئىشخانىدا چاچ-ساقىلى ئاقارغان، يۈزى قىپ-قىزىل، ئۆزىدىن ئىنگلىز ئەتىرىسى پۇراپ تۇرغان ۋاسىلىيېۋىچ ئانتوشكىنى كىرىسلوغا تەكلىپ قىلدى-دە، سەممىي ئاۋاز بىلەن:

— يېزىغا بېرىپ كېلىڭ، — دېدى.

— ماقۇل، ئەپەندىم.

— بىز دېخانلارنىڭ ئۆرۈش توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك، — ئۇ ئالدىنىنى بىر ۋاراق خەتنىڭ ئۈستىگە قويدى، — زىيالىلار يېزىغا قىزىقىشقا باشلىدى. سىز مانا شۇ تېپىشماق توغرىسىدا جانلىق ۋە قىزىقتۇرىدىغان تەسىرات يېزىپ ئەۋەتىڭ.

— سەپەرۋەر قىلىش يەكۈنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ناھايىتى كۆتىرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ۋاسىلىيېۋىچ.

— بىلىمەن. ئەمما ئۇلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك قەيەردىن پەيدا بولىدىكىن؟ ئۆزىڭىز خالىغان يېزىغا بېرىڭ، ئاڭلاڭ، سوراڭ، بىلىڭ. شەنبە كۈنى سىزدىن بەش يۈز قۇرلۇق يېزا تەسىراتىنى كۈتىمەن.

ئانتوشكا تەھرىر بولۇمىدىن چىقىپ، نېۋسكى كوچىسىغا باردى، ئۇ يەردىن ئۆزىگە يولدا كىيىشكە ھەربىيچە تىكىلگەن كاستۇم، سېرىق ئاياق، بوك سېتىۋالدى؛ كېيىن بۇ يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، دونون ئاشخانىسىغا ناشتا قىلغىلى باردى-دە، يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر بوتۇلكا فرانسۇز شامپان ھارىقى ئىچتى؛ ئۇ ئەڭ ياخشىسى خىلبى

www.uyghurkitap.com

دىگەن يېزىغا بېرىشنى قارار قىلدى، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا شۇ يېزىغا — كىي كىيېۋىچ دىگەن ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەتكەن ئىدى. كەچقۇرۇنلۇغى پويىزغا چۇشتى ۋە تاماكا تۇتاشتۇردى-دە، قاتتىق غاچىلدايدىغان سېرىق ئايىغىغا تىكىلىپ قاراپ: ”مانا بۇ ھايات!“ دەپ ئويلايتتى.

ئاتمىش ئويلۇك خىلبى يېزىسى سۇنىيۇخا دىگەن كىچىككىنە دەريا بىلەن سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايلىقتا جايلاشقان ئىدى؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ كوكتاتلىقلىرىنى يوگىمەش بېسىپ كەتكەن، كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە لىپا دەرەخلىرى بار ئىدى، توپىلىكتىكى ئىلگىرىكى پومىششىك ھويلىسىدا مەكتەپ جايلاشقان ئىدى. يېزا ئاھالىسىگە قاراشلىق يەر ئازغىنا بولۇپ، بۇ يەر ئۇنۇمسىز يەرلەر ئىدى، شۇڭا ئېتىز ئىشلىرىدىن بوشىغاندا ھەممە دىخان دىگۇدەك موسكۋاغا ئىش ئىزدەپ كېتەتتى.

ئاخشىمى ئانتوشكا ھارۋىدا يېزىغا كىرىپ كەلگەندە ئۇنى جىم-جىتلىق كۇتۇۋالدى، بۇ ئەھۋال ئانتوشكانى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. پەقەتلا ئات ئايىغىنىڭ تېگىدىن بىر توخۇ قاقاقلاپ ئۇچۇپ چىقتى، ئامبار تېگىدە ياتقان قېرى ئىتنىڭ خىڭقىرىشى ئاڭلاندى، يەنە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قوشقار قاس-قۇس ئۇسۇشۇۋاتقان ئىدى، كىمدۇ بىرسى ئېرىق بويىدا كىيىم توقماقلىماقتا ئىدى، خالاس.

ئانتوشكا ئۆزىنى ئىستانسىدىن ئېلىپ كەلگەن قېرى، قولىغى پاكقاي ھارۋىكەشكە يول كىراسىنى تولىدى-دە، چىغىر يولدىن قېيىن دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان مەكتەپ بىناسى تەرەپكە يۇرۇپ كەتتى. مەكتەپ بىناسىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى كونا-

راپ كەتكەن پەلەمپەيدە ئوقۇتقۇچى كىمي كىيىۋىچ بىلەن يېلىزاۋېتا كىيىۋنا ئالدىرىماي سوزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىگىز ـ ئىگىز تال دەرەخ-لىرى تووەندىكى ئوتلاقتا ئۇزۇن كولەڭگىلەر تاشلاپ تۇراتتى. ئاس-ماندا توپ ـ توپ قارغوجىلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. يىراقتىن ماللىرىنى توپلاۋاتقان پادىچى چېلىۋاتقان سۇناي ناۋۇشى ئاڭلىناتتى. قومۇش-لۇقتىن بىرنەچچە قىزىل كالا چىقىپ كەلدى، ئۇلاردىن بىرسى تۇمشۇغىنى كوتىرىپ مورەشكە باشلىدى. سىڭلىسىغا ئوخشىغان، كوز-لىرى خۇددى ياسمىدەك كورۇنگەن كىمي كىيىۋىچ بىر تال پاخال چىشلەپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى:

ــ ئۇنىڭ ئۇستىگە، لىزا، جىنسى مەسىلىدە تىزگىنىڭ ناھايىتى بوشاپ كەتكەن. ساڭا ئوخشىغان نۇسخىلار بۇرژۇئازىيە مەدەنىيە-تىنىڭ يىرگىنىشلىك شاكىلى.

يېلىزاۋېتا كىيىۋنا ئېرىنچەكلىك بىلەن كۇلۇمسىرەپ، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدا تاۋلانغۇچى مايسا ئوتلارغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ــ گېپىڭىزنى ئاڭلىغان ئادەم دەررۇ زېرىكىپ كېتىدۇ، ھەممە گەپنى يادلاپ ئالغانسەن، خۇددى كىتاپتا يېزىلغاندەك، ھەممىسى ساڭا ئايان.

ــ ھەر كىشى زېرىكىش ياكى زېرىكمەسلىك توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئوز ئىدىيىسىنى بىر تەرتىپكە، بىر سىستىمىغا كەلتۇرۇشكە تىرىشىشى كېرەك.

ــ بەللى، ئوزىڭىز تىرىشۋېلىڭ!

ئاخشام تىنچ ئىدى. مەكتەپ بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەجنۇن تالنىڭ شاخلىرى قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. توپىلىكنىڭ كەينىدە چىكەتكە

چىرىلدايتتى. كىمي كىيىۋىچ پاخالنى چىشلەپ ئولتۇراتتى، يىلىزاۋېتا كىيىۋنا ئاخشامنىڭ يورۇغىدا ئېرىپ كېتىۋاتقان دەرەخلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. شۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چامادان كوتەرگەن چاققان، پاكار بىر ئادەم كورۈندى.

— ھە، مانا! — ۋاقىردى ئانتوشكا، — سالامەتمۇ سەن، گۈزىلىم...

يىلىزاۋېتا كىيىۋنا ئۇنى كورۈپ ئىچ-ئىچىگە پاتماي خوشال بولۇپ كەتتى، يۈگۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئانتوشكانى قۇچاقلىدى.

كىمي كىيىۋىچ سوغاققىنا كورۈشتى-دە، پاخالنى چىشلەپ ئولتۇرۈۋەردى. ئانتوشكا پەلەمپەيگە يامپاشلاپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— مەن بۇ يەرگە ئاخبارات ئالغىلى كەلدىم، كىمي كىيىۋىچ، قېنى، خىلبىكىزدىكىلەر ئۇرۇش توغرىسىدا نىمىلەرنى ئويلاپ، نىمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىغىنى ئېيتىپ بېرىڭا...

كىمي كىيىۋىچ قاپىغىنى تۇرۇپ، ئاغزىنى كەمشەيتىپ، ھەجەپ قويدى.

— كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نىمە ئويلاۋاتقىنىنى... ھېچكىم ھېچنىمە دېيىشمەيدۇ... بورىلەرمۇ پادا بولۇپ توپلانغاندا ئۇنچىقمايدۇ...

— دىمەك، سەپەرۋەرلىككە قارشىلىق كورسىتىلمەپتۇ-دە؟

— ياق، قارشىلىق بولمىدى.

— نېمىسنىڭ بىزگە دۈشمەن ئىكەنلىگىنى بىلىشەمدۇ؟

— ياق، گەپ نېمىستا ئەمەس.

— نىمىدە؟

كىمي كىيىۋىچ يەنە ھىجايدى.

— گەپ نېمىستا ئەمەس، مىلتىقتا... قولغا مىلتىق كىرسە بول-

غنى... قولىغا مىلتىق تەككەن كىشىنىڭ كەيپى باشقىچە بولىدۇ. ئۆلمىسەك، مىلتىقنىڭ قايسى تەرەپكە ئېتىلىشىنى كورەرمىز... شۇنداق ئىشلار...

— ئۇرۇش توغرىسىدا گەپ-سوزلەر بولغاندۇ؟

— يېزىغا بېرىڭ، ئاڭلايسىز...

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئانتوشكا بىلەن يېلىزاۋېتا كىيېۋنا يېزىغا كېتىشتى. پۈتۈن ئاسمان ئاۋغۇست يۇلتۇزلىرى بىلەن تولغان. تۆۋەندە، خىلىبى يېزىسىدا پادا توزۇتقان چاڭ ۋە يېڭى سېغىلغان سۈتنىڭ پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى. دەرۋازىلارنىڭ ئالدىدا هارۋىلار تۇراتتى. لىپا دەرىخىنىڭ تېگىدە، قاراڭغۇدا قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان ياغاچ غىچىرلايتتى. ئاتنىڭ كىشنىشى، سۇ ئىچىشى ئاڭلىناتتى. ئوچۇق جايدا، ئوگزىگە پاخال يېپىلغان ئامبارنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندا ئۈچ قىز ئاستا ناخشا ئېيتىپ ئولتۇراتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بىلەن ئانتوشكىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، سەل نېرىسىدا ئولتۇرۇشتى، قىزلار ناخشا ئېيتىشاتتى:

خىلىبى كەنتى چىرايلىق،
ئۈستەل، گۈللىرى بىلەن.
ئۇنىڭ قىزلىرى خۇددى
سۇرەتتىكىدەك ئىكەن...

قىزلاردىن بىرى، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغانلارغا بىر قاراپ قويدى-دە، يولداشلىرىغا:

— خوش، قىزلار، يېتىپ ئۇخلاش ۋاقتى بولدىغۇ دەيمەن، —

دىدى.

ئۇلار قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. ئامبارنىڭ ئىچىدە بىرسى تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، كالتا جۇۋا كىيگەن، بېشى تاز بىر دىخان چىقتى-دە، ئىشىككە ئاسما قۇلۇپ سالدى. كېيىن قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى بېلىگە تايىنىپ، ئۇشكە ساقىلىنى سوزدى.

— بۇلبۇلگويالار، ناخشىغا تويمايدىكەنسىلەرغۇ؟

— ئېيتىمىز-دە، فيودور تاغا، ساڭا دەخلىسى يوق...

— هازىر قامچا ئېلىپ، سىلەرنى قوغلىۋەتمىسەم، توختاڭلار... كېچىسى ناخشا ئېيتىدىغان قانداق تەرتىپ بار؟

— ئىچىڭ ئاداپ كېتىۋاتامدۇ؟

ئىككىنچى قىز ئېغىر بىر تىن ئالدى-دە:

— ئۆزىمىزنىڭ خىلىمىز توغرىسىدا ناخشا ئېيتىدىغان بىزدىن باشقا هېچكىم قالمىدى، فيودور تاغا، — دىدى.

— هە، سىلەرگە يامان بولدى، ئەرلەر كېتىپ، يالغۇزچىلىق تارتىپ قالدىڭلار.

فيودور قىزلارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. قىزلاردىن يەنە بىرى:

— يېرىم دۇنيانىڭ خەلقىنى ئۇرۇشقا ئېلىپ كېتىپتۇ. بۈگۈن كوزما دېميانلىق خوتۇنلار شۇنداق دەپ ئېيتىشتى.

— يېقىندا سىلەرگىمۇ نۆۋەت كېلىدۇ، قىزلار.

— بىزنىمۇ ئۇرۇشقا ئەۋەتەمدۇ؟

قىزلار كۈلۈشتى. چەتتە ئولتۇرغان قىز يەنە سورىدى:

— فيودور تاغا، پادىشايىمىز كىم بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ؟

— باشقا پادىشا بىلەن.

قىزلار بىر بىرىگە قاراشتى، بىرى ئۇھ تارتتى، ئىككىنچىسى ياغلىقىنى توغرىلاپ قويدى، ئەڭ چەتتىكىسى مۇنداق دېدى:
— كوزما دېمىيانلىق خوتۇنلارمۇ شۇنداق دېيىشكەن ئىدى.
شۇ چاغدا ياغاچنىڭ كەينىدىن چاچلىرى پاخپايغان بىر ئادەم ئورنىدىن تۇردى-دە، جۇۋىسىنى يەلكىسىگە تاشلاپ مۇنداق دېدى:
— يالغان گەپتىن زادىلا قالمايسەن-دە، قانداقىسىگە باشقا پادىشا بولسۇن، نېمىس بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز.
— ئەتىمالىم شۇنداقتۇر، — دېدى فيودور. پاخپاقۋاش يەنە غايىپ بولدى. ئانتوشكا ئارنولدوۋ تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپ، فيودورغا تۇتتى-دە، ئېھتىياتلىق بىلەن:
— يېزىڭىزنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇشقا ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن كېتىشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— تولىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەتتى، ئەپەندىم.
— دېمەك، روھى كوتىرەڭگۈ بوپتۇ-دە؟
— ھە، شۇنداق بولدى. نىمىشقىمۇ بارمىسۇن؟ ھەر ھالدا ئۇ ياق-بۇ ياقنى كورۇپ كېلىدۇ. ئۇلسە نىمە بولاتتى؟ ئەجىلى يەتكەن بولسا بۇ يەردىمۇ ئۆلىدۇغۇ. بۇ يەردە كىشىلەر گاداي، بىر پارچە نانغا زار. ئۇ يەردە بولسا كۈنىگە ئىككى مەرتىۋە گوشلۇك تاماق بېرىدىكەن، قەن، چاي بېرىدىكەن، تاماكىنى بولسا تويغۇچە چېكەرمىش.
— ئۇرۇش قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟
— نىمىشقا قورقۇنچلۇق بولمىسۇن، ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# 15

كىلىيونكا يېپىلغان ھارۋىلار، پاخال ۋە قۇرۇق ئوت-چۆپ قاچىلانغان چوڭ ھارۋىلار، قۇتقۇزۇش ھارۋىلىرى، لەيلىمە كۆۋرۈك كېمىلىرىنىڭ يوغان-يوغان تەگلىرى يامغۇردىن لاي بولۇپ كەتكەن چوڭ تاش يولدىن غىچىرلاپ، تاراقلاپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. سىمىلداپ يېغىۋاتقان ئۇششاق يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاختاما قىلىنغان يەرلەر، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقلار يامغۇر سۈيىگە تولۇپ تاشقان. يىراقتىن دەرەخلەر، كىچىك جاڭگاللىقلار خىرە بولۇپ كۆرۈنەتتى.

ئالغا كېتىۋاتقان رۇس قوشۇنلىرى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاستىدا، قامچىلارنىڭ شىپىلدىشى، ھارۋا ئوقلىرىنىڭ غىچىرلاش نەغمىسى ئاستىدا توختىماي ئىلگىرىگە سىلجىپ بارماقتا. يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدا ئۆلگەن ياكى جان بېرىپ تۇرغان ئاتلار، ئۆرۈلۈپ چاقلىرى ئاسمانغا قاراپ قالغان ھارۋىلار ياتاتتى. تۇرۇپ-تۇرۇپ بۇ ئېقىمنىڭ ئىچىگە ھەربىي ئاپتوموبىل كىرىپ قالاتتى. شۇ چاغدا ۋاراڭ-چۇرۇڭلار يەنە ئەۋج ئالاتتى، ئاتلار ئۈركۈپ، ئالدىنقى ئاياقلىرىنى كوتىرىپ خارتىلدايتتى، يۈك بېسىلغان ھارۋا يانتۇلۇقتا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىۋىدى، ھارۋىدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى.

ھارۋىلار ئېقىمىنىڭ كەينىدىن، يەلكە-مۈرىلىرىگە قاپ ۋە چېدىر ئارتىشىۋالغان پىيادە ئەسكەرلەر سورۇلۇشۇپ باراتتى. ئۇلارنىڭ

ئارىسىدىن بۈيۈم ئارتىلغان، ئۈچلىرى ھەر تەرەپكە دىڭگىيىپ چىقىپ تۇرغان مىلتىقلار بېسىلغان، خىزمەتكارلار پۈكۈلىنىپ ئولتۇرغان ھارۋىلار كېتىپ باراتتى. بەزىدە بىرەر كىشى چوڭ يولدىن دالاغا چېپىپ ئوتەتتى-دە، مىلتىقنى ئوت-چۆپ ئۈستىگە قويۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

كېيىن يەنە ھارۋىلار، لەيلىمە كوۋرۈك كېمىلىرى، چوڭ ھارۋىلار، ھول بولۇپ كەتكەن ھەربىي ئەمەلدارلار چۈشكەن شەھەر ھارۋىلىرى ئوتۇپ تۇراتتى. غاقىراپ تۇرغان بۇ ئېقىم گايىدا سايلىققا چۈشەتتى ۋە ئۇ يەردە تارچىلىق پەيدا بولۇپ، ۋاڭ-چۇڭ باشلىناتتى، گايىدا يەنە توپىلىككە سوزۇلۇپ چىقىپ، كوزدىن غايىپ بولۇپ كېتەتتى. يان يوللاردىن ئاشلىق، ئوت-چۆپ ۋە ئوق-دورا قاچىلانغان چوڭ ھارۋا كارۋانلىرى كېلىپ قوشۇلاتتى. دالادىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئات چاپتۇرۇپ ئوتۇپ كېتەتتى.

بەزىدە كارۋان ئارىسىغا قاراس-قۇرۇس ئاۋاز چىقارغان ۋە پولات-تومۇرلىرىنى داڭگىرلاتقان توپچى قىسىملار كىرىپ قالاتتى. كوكرىگى كەڭ، كۈچلۈك ئاتلارغا مىنىۋالغان جاھىل، ساقاللىرى ئوسۇپ كەتكەن تاتار ھارۋىكەشلىرى ئات ۋە ئادەملەرنى تەڭلا ئۇرۇپ-دۇمبالاپ، تۇمشۇقلىرى تومتاق زەمبىرەكلەرنى سورۇتۇپ، ئوزلىرىگە يول ئېچىپ باراتتى. ئادەملەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلەتتى ۋە ھارۋىلاردا ئورە تۇرۇپ، قوللىرىنى سىلكىتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئادەم دەرياسى يەنە ئۆز يولىنى تېپىپ گۈمبە، چىرىگەن غازاڭ پۈرىقى بىلەن تولغان ۋە يامغۇر تامچىلىرىدىن ئاستا شىلدىرلاپ تۇرغان ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن نېرىسىدا، يولنىڭ ئىككى قاسنىغىدا خارابىلىقلار ۋە ئىس چىقىپ ياتقان چوغ ئارىسىدىن مەش تۇرخۇنلىرى دىڭگىيىشىپ تۇراتتى، ئەينىگى سۇنۇپ كەتكەن پانۇس چايقىلاتتى، زەمبىرەك ئوقلىرى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئۆينىڭ خىش تېمىغا چاپلانغان كىنو ئېلانىنىڭ بىر پارچىسى شامالدا شىلدىرلاپ تۇراتتى. شۇ يەردە، ئالدىنقى چاقلىرى يوق بىر هارۋىدا، ئۇچىسىغا كوك كىيىم كىيگەن ئاۋستىرىيىلىك بىر يارىدار ئەسكەر ياتاتتى، ئۇنىڭ چىرايى زەپىرەڭ هالەتتە بولۇپ، نۇرسىزلىنىۋاتقان كوزلىرىنى غەم باسقان ئىدى.

بۇ يەردىن يىگىرمە بەش چاقىرىمچە نېرىسىدا، ئىس قاپلىغان ئۇپۇق تەرەپتە زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. بۇ قوشۇن ۋە كارۋانلار كېچە-كۈندۈز تىنماي شۇ يەرگە بېرىپ قوشۇلاتتى. روسىيىنىڭ هەر يېقىدىن ئاشلىق، ئادەم ۋە ئوق-دورا قاچىلاپ ئەۋەتىلگەن ئۇرغۇن پويىز شۇ تەرەپكە سوزۇلۇپ كېلەتتى. زەمبى-رەكلەرنىڭ ساداسى پۈتۈن ئەل-يۇرتنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئاخىردا، زۇلۇم ۋە زورلاۋانلىق شارائىتىدا يىغىلىپ كەلگەن ئاچكوز-لۇك، ياۋۇز ۋە قانمىغان هىسلار ئەرك تېپىپ، ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

يامان ۋە چىرىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن شەهەر ئاهالىسى خۇددى دەهشەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك ئىدى. زەمبىرەكلەرنىڭ جاهانغا دەهشەت سالىدىغاندەك سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئوتمۇش هايات ئەمدى يارىماس بولۇپ كورۈنگەندەك، ئاهالە ئۇرۇشنى ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ قارشى ئالغان ئىدى.

يېزىدىكى بەزى كىشىلەر دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇش-نىڭ مەقسىدىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئانچىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى،

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشلار ئۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق بولسىمۇ — بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. يېزا ئاھالىسىنىڭ كۆزلىرى غەزەپكە، نەپرەتكە، قانغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىش ۋاقتى كەلدى. چاققان يىگىتلەر ۋە ياش دېخانلار خوتۇن ۋە ياخشى كۆرگەن قىزلىرىنى تاشلاپ، يۈك ۋاگونلىرىنى تولدۇرۇپ ئولتۇ- راتتى، شەھەرلەردىن ئۇشقىتىپ، ئەدەپسىز ناخشىلارنى ئېيتىپ ئوتەتتى. كونا تۇرمۇش پۈتتى، چوڭ چومۇچ بىلەن قازان قوچىغاند- دەك، روسىيەمۇ قوچالغان ئىدى، ھەممە قوزغالغان، سىلجىغان ئىدى، ئۇرۇش ھەممىنى مەس قىلغان ئىدى.

ھارۋىلار ۋە ئەسكىرىي قىسىملار نەچچە ئون چاقىرىمغا سوزۇلغان ۋە گۈلدۈرلەۋاتقان جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ، تارقىلىپ، غايىپ بولۇپ كېتەتتى. ئىنسانغا خاس بولغان ھەممە جانلىق نەرسە شۇ يەرگە يېتىپ بېرىپلا يوق بولۇپ كېتەتتى. ھەركىمگە يەردىن ئاكوپ ئېچىشتىن مەلۇم ئورۇن بېرىلەتتى. ئۇلار شۇ يەردە ئۇخلايتتى، تاماق يەيتتى، پىتىنى شۇ يەردە باقاتتى ۋە يامغۇر قاراڭغۇلاشتۇرغان تەرەپكە قاراپ مىلتىقتىن ئوق ئېتىپ ياتاتتى.

كېچىلىرى ئۇپۇقنى يانغىن شولىلىرى قاپلاپ ئالاتتى، ئۇزۇن- ئۇزۇن راكېتىلار ئاسماننى كېسىپ ئوتەتتى-دە، مىڭ-مىڭ ئۇچقۇنغا بولۇنۇپ، تارقىلىپ كېتەتتى. زەمبىرەك ئوقلىرى غۇيۇلداپ كېلىپ يېرىلاتتى. ئوت، ئىس ۋە تۇپراقلار ئاسمانغا سورۇلۇپ كېتەتتى.

بۇ يەردە ئادەم قورققىنىدىن يۈرەك جىغ قىلىپ، بەدەن جىمىر- لىشىپ كېتىدۇ، بارماقلار ئىختىيارسىز پۈكۈلىدۇ. يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا، سىگنال بېرىلىدۇ. لەۋلىرى قىيشىيىپ كەتكەن ھەربى ئەمەلدارلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ھاقارەتلەش، ۋاقىراش، ئۇرۇش-

دۇمبالاش بىلەن، ئۇيقۇدىن ۋە زەيلىكتىن ئۈششۈپ كەتكەن ئەس- كەرلەرنى تۇرغۇزاتتى. ئەسكەرلەر تىللاپ-قاغاپ، يىرتىلغۇچ هايۋانلاردەك هوكىرىشىپ، ئىلگىر-كېيىن، پۈتلىشىپ-مۈدۈرۈلۈپ، جەڭگاھتا يۈگۈرۈپ كېتەتتى، نېرىسىغا بېرىپلا يەرگە ياتاتتى؛ دەھشەت ۋە غەزەپتىن ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ، يەنە تۇرۇشاتتى- دە، يۈگۈرگەن پېتى دۈشمەن ئاكوپلىرىغا باستۇرۇپ كىرىشەتتى.

جەڭدىن كېيىن، ئاكوپلاردا نىمىلەر بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەگەر بىرەر كىشى ئۆزىنىڭ مەرتلىكىدىن—نەيزە سانچىشىدىن، دۈشمەن بېشىغا مىلتىق قونداقى بىلەن ئۇرغىنىدىن ماختان- غۇسى كەلسە—ھەممىسىنى ئوزى ئويلاپ چىقىراتتى، كېچىدە بولغان جەڭدىن پەقەت ئۆلۈكلەرلا قالاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ، ھەربى ئاشخانا ماشىنىسى يېتىپ كېلىدۇ. مۇزلاپ كەتكەن ۋە ھالسىرىغان ئەسكەرلەر تاماق يەيدۇ. تاماكا چېكىشىدۇ. كېيىن مەنىسىز نەرسىلەر، خوتۇنلار توغرىسىدا سوزلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ، ئۇلار بۇلارنىمۇ ئوزلىرى ئويلاپ چىقىرى- شىدۇ. پىت بېقىشىدۇ، ئۇخلىشىدۇ. زەمبىرەك ئوقلىرى ۋە ئەجەل ئارىلاپ يۈرگەن، ھەممە يېقى ئىپلاسلىق بىلەن تولغان، قانغا مىلەن- گەن بۇ تاقىر يەردە ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئۇخلىشاتتى.

تېلېگىنمۇ شۇنداق ئىپلاس، زەي جايلاردا ھەپتىلەپ يېشىنمەي، ئوتتۇگىنى سالماي كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ جۇڭۋېي بولۇپ ئىشلەۋاتقان مۇتتىزىم بىكتۇۋەنمۇ ھۇجۇمغا قاتناشقان ئىدى. كوماندىر-جەڭچىلەر- نىڭ يېرىمىدىن تولىسى تالاپەت تارتقان، ياردەملەشكۈچى قوشۇن بولسا تېخى كەلمىگەن ئىدى، كېيمىلىرى يىرتىلىپ جۇلۇغى چىقىپ كەتكەن، ھارغانلىقىدىن يېرىم جان بولۇپ قالغان جەڭچى ۋە كوماند-

دىرلار جەڭ مەيدانىدىن ئارقا سەپكە قايتىش ۋاقتى قاچان كېلەر-كىن، دەپ ئارزۇ قىلىشاتتى.
بىراق ئالى قوماندانلىق ئىشتاۋى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، قىش باشلانغىچە كارپات تاغلىرىدىن ئېشىپ، ۋېنگرىيىگە باستۇرۇپ كىرىشنى، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشنى مولچەرلىگەن ئىدى. ئادەملەرنى ئايىمايتتى — ئادەم زاپىسى نۇرغۇن ئىدى. ئۇلار ئۈچ ئاي داۋامىدا توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شىددەتلىك جەڭ نەتىجىسىدە تەرتىپسىز يوسۇندا چېكىنىۋاتقان ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى-نىڭ قارشىلىقى ئەلۋەتتە سۇندۇرۇلىدۇ، كراكوۋ بىلەن ۋېنا ئېلىنىدۇ-دە، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ سول قانىتى گېرمانىيىنىڭ ھىمايىسىز قالغان ئارقا سېپىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.
رۇس قوشۇنلىرى شۇ پىلانغا ئەمەل قىلىپ، ئون مىڭلاپ ئەسىر ئېلىپ، كوپ مىقداردا ئوزۇق-تۈلۈك، ئوق-دورا، قورال-ياراق ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئولجا ئېلىپ، غەرپ تەرەپكە توختاۋسىز سىلجىپ باراتتى. ئىلگىرى بولۇپ ئوتكەن ئۇرۇشلاردا بۇنداق ئولجىلارنىڭ بىرلا قىسمى، پۈتۈن جۇنتۇەن يېڭىلگەن بۇ توختاۋسىز قانلىق جەڭلەرنىڭ بىرلا بارلىق ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلالايتتى. ۋاھالەنكى ھازىر مۇنتىزىم قوشۇن دەسلەپكى جەڭلەردىلا ھالاك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ زەربىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. ياشلاردىن تارتىپ قېرىلارغىچە — پۈتۈن خەلق، پۈتۈن مىللەت ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئادەم چۈشىنىش قىيىن بولغان تەرەپمۇ بار ئىدى. بەزىلەر دۈشمەن تارمار قىلىندى، قانغا مىلەندى، ئەمدى كەسكىن زەربە بېرىلسىلا، ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قولغا كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. كەسكىن زەربىمۇ بېرىلەتتى،

ئەمما دۈشمەننىڭ تارمار قىلىنغان قوشۇنلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى پەيدا بولۇپ، ئۆلۈمگە دۈچكېلەتتى-دە، نابۇت بولۇشاتتى. تاتار، كوچمە قاراقچىلىرىمۇ، ئىران ئالامانلىرىمۇ تېنى ئاجىز، يېرىمجان ياۋروپالىقلار ۋە زىرەك رۇس دېخانلىرىدەك، شىددەت بىلەن ئۇرۇشمىغان، ئۇلاردەك ئاسان ئۆلمىگەن، بۇ كىشلەرگە ئۇزلىرىنىڭ لام-مىم دېيەلمەيدىغان ھايۋاندىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى، خوجايىن تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوشخانىدىكى ھايۋان گۆشى ئىكەنلىكى ئايان ئىدى.

تېلېگىن تۇرۇشلۇق تۆەندىكى قالدۇق قىسىم تار ۋە چوڭقۇر دەريا بويىغا ئاكوپ كولاپ، شۇ يەرگە جايلىشىۋالغان ئىدى، بۇ ئورۇن بەكمۇ ئەپسىز بولۇپ، ھەممە تەرىپى ئوچۇقچىلىق، ئاكوپلارمۇ چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. قوشۇننىڭ ھۇجۇم باشلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق كۈتۈلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە جايلاشقان ئاۋستىرىيە قىسىملىرى توختىماي ئوق ئېتىپ تۇرۇشسىمۇ، خالايىق ھەممە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىمالال يېتىپ ئۇخلايتتى، ئوتۇكلىرىنى يېشىپ پايتىمىلىرىنى قۇرۇتاتتى ۋە دېمىنى ئالاتتى.

كەچقۇرۇنلۇغى، دۈشمەننىڭ ئوق ئېتىشى پەسەيگەندە، ئىۋان ئىلئىچ ئىستېھكامدىن ئىككى كىلومېتىرچە نېرىدىكى ئېگىز قالغان ئورۇنغا جايلاشقان تۆەن قوماندانلىق ئىشتابىغا كەتتى.

قومۇشلۇقنى ئارىلاپ ئاققان دەريانىڭ ئۈستىنى ۋە دەريا بويىدىكى دەرەخلەرنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغان ئىدى. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېتىلغان بىرەر-يېرىم تال مىلتىق ئاۋازى دەريا ئۈستىدىن ئەكس سادا بېرىپ ئۆتەتتى.

ئىۋان ئىلئىچ بىر ياردىن سەكرەپ ئۆتۈپ، تاشيولغا چىقىۋالدى-دە، توختاپ تاماكا چەكتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يوپۇرماقلىرى توكۇلۇپ يالىڭاچ بولۇپ قالغان دەرەخلەر تۇماندا ناھايىتى ئىگىز بولۇپ كورۇنەتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپى خۇددى سۇت توكۇلگەندەك سېزىلەتتى. جىملىقتا بىر تال ئوق ۋىڭىلداپ ئوتتى.

ئىۋان ئىلئىچ ئېغىر تىن ئالدى-دە، دەرەخ ئۇچلىرىغا قاراپ، شېغىلنى دەسسەپ كېتىۋەردى. بۇ جىملىقتىن، يالغۇز ئوزىنىڭلا ئويلاپ كېتىپ بېرىشىدىن پۇتۇن ۋۇجۇدى راھەتلىنەتتى؛ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۇدەك ۋاڭ-چۇڭلاردىن ئۇزاقلىشاتتى، يۇرىگىنى نازۇك ۋە ئوتكۇر غەم باساتتى، ئۇ يەنە بىر ئۇھ تارتتى-دە، تاماكىسىنى تاشلىدى، ئىككى قولىنى بوينىغا قويۇپ، باشقا بىر دۇنيادىن — قايسىكى پەقەت دەرەخلەرلا، پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببەتتىن كويگەن يۇرىگىلا ۋە داشانىڭ گوزەللىگىلا مەۋجۇت بولغان ئاجايىپ دۇنيادىن كېتىپ بارغاندەك مېڭىپ باراتتى.

بۇنداق ئارام ئېلىش ۋە جىملىق ۋاقىتلىرىدا داشا ھامان ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتى. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ مۇدھىش غىڭىلدىشى، مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى، قىچقىرىق ۋە ھاقارەتلەر — بۇ ئاجايىپ دۇنيادا ئارتۇقچە بولغان ئاۋۇشلار ئوچكەندە، گەمىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ ئازغىنا توگۇلۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولغاندا، ئىۋان ئىلئىچ داشانىڭ ئوز يېنىدا ئىكەنلىگىنى سېزەتتى، داشانىڭ گوزەللىگى ئۇنىڭ يۇرىگىگە بېرىپ تېگەتتى.

ئىۋان ئىلئىچ ئەگەر ئولۇپ كەتسەم، بۇ قوشۇلۇشنىڭ لەززىتىنى ئومرۇمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە سېزىمەن دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئولۇش توغرىسىدا ئويلىمايتتى، ئولۇمدىنمۇ قورقمايتتى. ئۇنى ئوز

ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ لەززەتلىك چاغلىرىدىن ھېچ نەرسە
ھەتتا ئۇلۇمۇ جۇدا قىلالمايتتى.

شۇ يىلى يازلىغى، ئىۋان ئىلئىچ داشانى ئاخىرقى قېتىم كورۇۋې-لىش مەقسىدىدە يېۋپاتورىيىگە باردى، يول بويى ئۇنىڭ كوڭلى غەش، ئوزى ھاياجاندا ئىدى، ھامان نىمە بانا تېپىپ بارسامكىن، دەپ ئويلايتتى. ئەمما يولدا ئۇچرىتىش، داشانىڭ كۇتۇلمىگەن كوز ياشلىرى، ئۇنىڭ سېرىق چاچلىق بېشىنى كوكرىگىگە بېسىشى، دېڭىز پۇرىغى ئۇرغان قوللىرى، چاچلىرى، يەلكىلىرى، ھول كىرپىك-لىرى ئارىسىدىكى كوزلىرى بىلەن ئىۋان ئىلئىچقا قاراپ تۇرۇپ: "جېنىم، ئىۋان ئىلئىچ، مەن سىزنى قانچە كۇتتۇم-ھە" دەپ ئېيتقانلىرى— ئاسماندىن چۇشكەندەك بۇ گەپلەر ۋە بۇ سەزگۇلەر ئىۋان ئىلئىچنىڭ ھاياتىنى بىر دەمدە ئاستىن-ئۇستۇن قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭغا ئىۋان ئىلئىچ سويۇملۇگىنىڭ چىرايىغا قاراپ:

— ئومرۇمنىڭ ئاخىرىسىغىچە سىزنى سويىمەن، — دىگەن ئىدى.

كېيىن، ئۇ بۇ سوزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم، پەقەت ئويلاپلا قويغان ئىدىم، ئەمما ئۇ چۇشەندى، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا داشا ئۇنىڭ يەلكىسىدىن قولىنى چۇشۇرۇپ:

— مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان بىرتالاي گېپىم بار، يۇرۇڭ، — دىگەن ئىدى.

ئۇلار سۇ بويىغا، قۇمغا بېرىپ ئولتۇردى. داشا قولىغا بىر سىقىم تاش ئېلىپ، ئۇنى سۇغا ئاستا-ئاستا تاشلاپ ئولتۇراتتى.

— ھەممە مەسىلىنى بىلىۋالغىنىڭىزدىن كېيىن ماڭا نىسبەتەن مۇناسىۋىتىڭىز قانداق بولاركىن، مەسىلە شۇنىڭدا-دە، — ئۇ بىر ئۇھ

www.uyghurkitap.com

تارتىۋالدى، — سىز يوق چاغدا مەن ناھايىتى يامان يۈردۈم، ئىۋان ئىلئىچ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، كەچۈرۈڭ مېنى.

داشا سامارا توغرىسىدا، بۇ يەرگە كېلىپ، بېسسونوۋنى ئۇچراتقانلىغى، شۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشتىن توپغانلىغى، يەنە كوتىرىلىپ، قانلى بوزغان، يۈرىگىنى غىدىغلىغان پېتېربۇرگدىكى مالىمانلىقنىڭ شۇنچىلىك ئېپلاس ئىكەنلىگى توغرىسىدا چىن ۋە تەپسىلى سوزلەپ بەردى...

— قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرەي؟ پاتقاقتا پېتىشىنى خالىدىم — پېتىشقا باشلىدىم. ئەمما ئاخىرقى مىنۇتتا يۈرىگىم چىدىمىدى... ئىۋان ئىلئىچ، جېنىم... داشا ئىككى قولىنى كەردى، — ماڭا مەدەت بېرىڭ! ئوزەمدىن ئارتۇقچە غەزەپلىنىپ، ئاچچىقلىنالمايمەن، خالىمايمەن... مەندىكى ئالى خىسلەتلەر تامامەن يوق بولۇپ كەتمىگەندۇ!... كوڭلۇم پۈتۈنلەي باشقا نەرسىنى خالايدۇ!...

داشا شۇ پاراڭلاردىن كېيىن خېلىغىچە جىم بولۇپ قالدى. ئىۋان ئىلئىچ ئاپتاپتا تاۋلانغۇچى كوك دېڭىز سۇلىرىدىن كوزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى، يۈرىگى بولسا بەختكە تولۇپ تاشقان ئىدى.

ئۇرۇش باشلانغانلىغى ۋە تېلېگىنىنىڭ ئوز قوشۇنىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئەتىلا مېڭىپ كېتىشى كېرەكلىگى داشانىڭ يادىغا كېيىنرەك، شامالدىن كوتىرىلگەن دولقۇن سۈيى ئۇنىڭ ئاياقلىرىغا چاچراپ تەككەندىلا كەلدى.

— ئىۋان ئىلئىچ!

— لەببەي.

— سىز مېنى ياخشى كورەمسىز؟

— ھەئە.

— ناھايىتىمۇ؟

— ھەئە.

شۇنىڭدىن كېيىن داشا قۇمدا تىزلىنىپ مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇردى-دە، خۇددى بىر ۋاقىتتا پاراخوتتا قىلغىنىدەك، قولىنى ئۇنىڭ قولىغا قويدى.

— ئىۋان ئىلئىچ، مەنمۇ سىزنى ناھايىتى ياخشى كورىمەن.

داشا ئىۋان ئىلئىچنىڭ تىترىگەن بارماقلىرىنى قاتتىق سىقىپ، ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن سورىدى:

— يولدا نېمە دەپ ئېيتقان ئىدىڭىز؟... — ئۇنىڭ پېشانىسى تۈرۈلدى، — قانداق ئۇرۇش؟ كىم بىلەن؟

— نېمىسلار بىلەن.

— سىزچۇ؟

— ئەتىلىككە ماڭىمەن.

داشا ئاھ دېدى-دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى. ئۇزاقتىن دېڭىز بويلاپ، ئۇستىگە كىچىكلىك كىيىم كىيگەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ كارۋاتتىن ئەمدى تۇرغان بولسا كېرەك — قولىدا گېزىت كوتىرىپ، نىمىلەرنىدۇر ۋاقىراپ كېلىۋاتقان ئىدى.

ئۇ ئىۋان ئىلئىچقا دەسلەپ دىققەت قىلمىدى. داشا ئۇنىڭغا: "نىكولاي، بۇ كىشى مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم" دېگەندە، نىكولاي ئىۋانوۋىچ تېلېگىنىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— مانا، يىگىت، كۈنىمىز شۇنىڭغا قاپتۇ! ھە؟ مانا، يەنە مەدىنىيەت ئىمىش! ھە؟ دەھشەت بۇ! چۈشىنەمسىز؟ ئەقىلدىن ئادىشىش بۇ! — دەپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىرايتتى.

داشا ئەتىدىن-كەچكىچە ئىۋان ئىلئىچتىن ئاجرالماي، مومىن،

خىيالچان بىر ھالدا يۈردى. ئۇۋان ئۆلتۈرۈپ ئىچقا بولسا قۇياشنىڭ كوكۇش نۇرلىرىغا چومگەن، دېڭىزنىڭ شاۋقۇنى بىلەن تولغان بۇ كۈن خۇددى ئۈزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ كۈننىڭ ھەر بىر مىنۇتى پۈتۈن بىر ئومۇردەك تۇيۇلاتتى.

تېلېگىن بىلەن داشا دېڭىز بويىلىرىنى كېزىپ يۈرۈشتى، قۇمدا يېتىشتى، لەمپىدە ئولتۇرۇشتى — ئىككىلىسى خۇددى ئەس-ھۇشىنى يوقاتقاندەك كورۇنەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرگەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇرۇش توغرىسىدا، نېمىسلارنىڭ زالىم-لىغى توغرىسىدا ئۈزۈندىن-ئۈزۈن نۇتۇق سوزلەپ يۈرەتتى.

ئۇلار كەچقۇرۇنلۇغى نىكولاي ئىۋانوۋىچتىن ئاخىر قۇتۇلۇشتى-دە، ئىككىلىسىلا كورپەزىنىڭ ئۈزاق تەرىپىگە كېتىشتى. ئۇلار تەڭ قەدەم تاشلاپ، ئۈنچىقماي باراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ ئەمدى داشاغا بىرەر ئېغىز سوز قىلمىسام بولماس، دەپ ئويلىدى. ئەلۋەتتە، داشا ئۇنىڭدىن ئوز مۇھەببىتىنى قىزغىن ۋە ئېنىق يوسۇندا ئىزھار قىلىشنى كۈتەتتى. ئۇ نىمە دىيەلەيتتى؟ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تولدۇرغان تۇيغۇلارنى سوز بىلەن ئىپادە قىلىپ كەتكىلى بولامدۇ؟ ياق، ھەرگىز بولمايدۇ.

"ياق، ياق" دەيتتى ئۇ ئوزىگە ئوزى، ئاياقلىرىنىڭ تېگىگە قاراپ قويۇپ. "بۇ سوزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ئۇياتسىزلىق بولىدۇ، ئۇ مېنى ياخشى كورمەيدۇ، ئەمما ھالال ۋە مېھرىۋانلىغى ئارقىسىدىن، ماڭا تېگىمەك دىسەم، ياق دىمەس. ئەمما بۇ مەجبۇرلاش بولىدۇ. بۇنى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن نىمۇ قىلماسلىق كېرەككى، بىزنىڭ يەنە قاچان كورۇشۇشىمىز مەلۇم ئەمەس، بەلكى مەن ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلمەسمەن..."

www.uyghurkitap.com

بۇ ــ ئۇۋان ئىلئىچىتا بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزىگە ئۆزى كۆڭۈل غەشلىكى تېپىش ھادىسىلىرىدىن بىرى ئىدى. داشا بىردىنلا توختىدى، ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى تىرەپ، بىر ئايىغىدىن بەتىنكىسىنى يەشتى.

ــ ئاھ، خۇدايىم، خۇدايىم، ــ دېدى ـ دە، بەتىنكىسىگە كىرىپ قالغان قۇمنى توكۇپ تاشلاپ، يەنە كىيدى، ئېغىر بىرتىن ئېلىپ، سوزىنى داۋام قىلدى:

ــ سىز كەتكىنىڭىزدىن كېيىن، مەن سىزنى ناھايىتى، ناھايىتى سېغىنىپ يۈرىمەن، ئىۋان ئىلئىچ.

داشا يەنە قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، ئۆزىنىڭ كوك ۋە جىددى كوزلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىپ تۇردى ـ دە، يەنە بىر تىنىپ، خوشاللىقتا:

ــ ئۇ يەردىمۇ ئىككىمىز بىللە بولىمىز ـ ھە؟ ــ دېدى.

ئىۋان ئىلئىچ ئۇنى ئاستا ئۆزىگە تارتىپ، يۇمشاق ۋە تىترىگەن لەۋلىرىگە سۈيدى. داشا كوزلىرىنى يۇمدى. كېيىن ئىككىسىگە ھاۋا يېتىشمەي، نەپەسلىرى بوغۇلۇشقا باشلىغاندا، داشا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقتى ـ دە، قولتۇغىدىن تۇتۇپ، دېڭىز بويىنى يالاپ كەتكۈچى سۇنى ياقىلاپ كېتىشتى.

جەڭ ئارىلىغىدا جىملىق بولغان بىر ۋاقىتلاردا ئىۋان ئىلئىچ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتا ـ قايتا ئەسلەيتتى. مانا ھازىرمۇ قوللىرىنى يەلكىسىگە قويۇپ، تاش يولدا دەرەخ ئارىلاپ كېتىپ بارغاندا، داشانىڭ دىققەت بىلەن تىكىلگىنىنى، لەۋلىرىدە ئۇنىڭ يەنە ئۇزاق سۈيۈشىنى سېزىپ باراتتى.

— توختا! كىم ئۇ؟ — دېگەن قوپال بىر ئاۋاز تۇمان ئىچىدىن ئاڭلاندى.

— ئۆز كىشى، ئۆز كىشى، — جاۋاپ بەردى ئىۋان ئىلىئىچ قولىنى پەلتوسىنىڭ يانچۇغىغا سېلىپ. ئۇ دۇپ دەرەخلىرى ئارىسىدا، چىراق يېقىلغان بىرنەچچە دېرىزىسى كورۇنىگەن ساراي تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى. ئىشىك ئالدىدا، تاماكا چېكىپ تۇرغان بىر كىشى تېلېگىننى كورۇپ، تاماكىسىنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، كوكرىگىنى كوتىرىپ، دىققەتتە تۇردى.

— خەت ـ چەك كەلمىدىمۇ؟

— ھېچ كەلمىدى، جانابى ئالىلىرى كۇتۇپ تۇرۇپتىمىز.

ئىۋان ئىلىئىچ دالانغا كىردى. دالانىنىڭ تورىدىكى كەڭ دۇپ پەلەمپەينىڭ ئۇست تەرىپىدە قەدىمقى كونا گىلەم ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇششاق دەرەخلەر ئارىسىدا تۇرغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ رەسمى توقۇپ سېلىنغان ئىدى. ھاۋا ئانىنىڭ قولىدا ئالما، ئادەم ئاتا بولسا كېسىۋېلىنغان گۇل شېخىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بويىغى ئوچۇپ، خىرە بولۇپ كەتكەن يۇزىنى ۋە بەدىنىنى پەلەمپەيدە بوتۇلكا ئاغزىدا يېنىپ تۇرغان شام يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئىۋان ئىلىئىچ ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپ، بوش تۇرغان ئويگە كىردى: ئويىنىڭ تورىسى نەقىشلىق، بىر بۇلۇڭىنى تۇنۇگۇن زەمبىرەك ئوقى بۇزۇۋەتكەن ئىدى. ئوتى گۇرۇلدەپ يېنىپ تۇرغان تام مەش ئالدىدا كارۋاتتا جۇڭۋېي كىنەز بېلىسكى بىلەن شاۋۋېي مارتىنوۋ ئولتۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ ئىشتاپتىن ئاپتوموبىلنىڭ قاچان كېلىشىنى سورۇشتۇرۇپ بىلدى ـ دە، يورۇقتىن كوزلىرى سۇزۇلۇپ، نېرىسىدا تۇرغان ئوق ساندۇغىغا

ئولتۇردى.

— قانداق، سىلەر تەرەپتە يەنە ئېتىشىش بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى مارتىنوۋ.

ئىۋان ئىلئىچ جاۋاپ بەرمەي، يەلكىسىنى قىسىپ قويدى. كىنەز بېلىسكى سوزىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى:

— ئەڭ يامىنى سېسىق پۇراق. ئويگە خەت يېزىۋەتتىم، ئولۇمدىن قورقمايمەن. ۋەتەن ئۇچۇن جېنىمنى پىدا قىلىشقا تەييارمەن، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىغا ئوتۇپ، ئاكوپتا يېتىپتىمەن-دە. ئەمما، بۇ يەرنىڭ سېسىقى مېنى جاق تويغۇزدى.

— سېسىق ھېچ گەپ ئەمەس، ياقمىسا پۇرىما، — جاۋاپ بەردى مارتىنوۋ پاگونىنى توغرىلاپ تۇرۇپ، — ئەمما بۇ يەردە خوتۇن زاتىنىڭ يوقلۇغى يامان. بۇنىڭ ئاخىرى ياخشى بولماس دەيمەن. ئوزەڭ ئويلاپ كور، بىزنىڭ جۇنجاڭ مىگىسىنى يەپ قويغان قاۋاش، بىزنى شەيخ قىلىپ قويغان شۇ! يە ھاراق بولمىسا، يە خوتۇن بولمىسا. شۇمۇ قوشۇنغا غەمخورلۇق بولدىمۇ، شۇمۇ ئۇرۇش بولدىمۇ؟...

مارتىنوۋ كارۋاتتا تۇرۇپ، يېنىپ تۇرغان ئوتۇننى ئوتۇگى بىلەن توغرىلاپ قويدى، كىنەز تاماكا چەككىنىچە خىيال سۈرۈپ، ئوتقا قاراپ ئولتۇراتتى.

— بەش مىليون ئەسكەر ھەممە ياقنى بۇلغايدۇ، — دەيتتى ئۇ، — ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئادەم ئولۇكلىرى، ئولگەن ئاتلار سېسىپ-چىرىپ ياتىدۇ. شۇ ئۇرۇشتىن يادىمدا قالىدىغان نەرسە — پەقەتلا سېسىق پۇراق. تۇفي!...

ھويلىدىن ئاپتوموبىلنىڭ گۇرۇلدەپ ماڭغان ئاۋازى ئاڭلاندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

— جاناپلار، خەت-چەك كەلدى! — دىدى بىر كىشى خوشال ۋاقىراپ.

ھەربى ئەمەلدارلار ھويلىغا چىقىشتى. ئاپتوموبىل يېنىغا بىرنەچچە كىشى توپلانغان، يەنە بىرنەچچە كىشى ھويلىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئاۋازى بوغۇلغان بىر كىشى:

— جاناپلار، قولۇمدىن تارتىپ ئالماڭلار! — دەيتتى.

خەت سېلىنغان قاپ ۋە پوسۇلكىلار دالانغا كىرگۈزۈلدى: ئۇلار پەلەمپەيدە، ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنىڭ تېگىدە ئېچىلىپ، ئىگىلىرىگە تارقىتىلدى. بۇ يەردە بىر ئاي داۋامدا يىغىلىپ قالغان خەتلەر بار ئىدى. خەت-چەك قاچىلانغان بۇ كىر قاپلارغا دېڭىزدەك پۈتمەس-تۈگىمەس مۇھەببەت ۋە قايغۇ-ھەسرەتلەر يىراقتا قالدۇرۇلغان بارلىق كوركەم ۋە قايتماس ھايات يوشۇرۇنغاندەك تۇيۇلاتتى.

— جاناپلار، خەتلەرنى تالاپ كەتمەڭلەر، — دەيتتى بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن سېمىز ۋە يۈزى قىپ-قىزىل شاگۇۋېي بابىكىن، — جۇنۇۋېي تېلېگىن، سىزگە ئالتە پارچە خەت بىلەن بىر پوسۇلكا... بايىراقدار نېژنى، ئىككى پارچە خەت...

— نېژنى ئۆلۈپ كەتتى، جاناپلار...

— قاچان؟

— بۈگۈن ئەتىگەن...

ئىۋان ئىلئىچ تام مەشىنىڭ يېنىغا باردى. ئالتە پارچە خەتنىڭ ھەممىسى داشادىن كەلگەن ئىدى. كونۋېرتلاردىكى ئادرىسلار يوغان-يوغان يېزىلغان ئىدى. ئىۋان ئىلئىچ خەتلەرنى يوغان-يوغان يازغان قولنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يۈرىگى جىغىلداپ

كەتتى. ئۇتنىڭ يېنىغا ئېگىلىپ، بىر كونۋېرتنى ئېھتىيات بىلەن يىرتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن كونا خاتىرىلەر پۈرىغى كېلىپ، ھاياجاندىن كوزلىرىنى بىر مىنۇت يۇمۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

"بىز سىزنى ئىزدىتىپ، شۇ كۈنىلا نىكولاي ئىۋانوۋىچ بىلەن سىمفېروپولغا كەتتۇق، ئۇ يەردىن كەچقۇرۇنلۇغى پېتېربۇرگقا بارىدىغان پويىزغا چۈشۈپ ماڭدۇق، بىز ھازىر ئۆزىمىزنىڭ كونا ئۆيىمىزدە. نىكولاي ئىۋانوۋىچ قاتتىق تەشۋىشتە: كاتيۇشادىن ھىچ خەۋەر يوق، قەيەردە ئىكەنلىگىنى بىلمەيمىز. ئوتتۇرىمىزدا بولۇپ ئوتكەن ئىش مېنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ۋە كۆتۈلمىگەن ئىش بولدىكى، تېخىچە ئوزەمگە كېلەلمەي يۈرىمەن. سىزنى "سىز" لىگىنىم ئۈچۈن خاپا بولماڭ. مەن سىزنى ياخشى كورىمەن. مەن سىزنى ئولگىچە ياخشى كورىمەن. ھازىر ھەممە ياق تىنچسىز، كوچىلاردىن ئەسكەرلەر مۇزىكا بىلەن توختىماي ئوتۇپ تۇرۇپتۇ، كوڭۈل شۇنچىلىك غەشكى، خۇددى شۇ مۇزىكىلار ۋە ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئوز بەختىمىز ئەبەدى كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق سوزلەرنى يازماسلىغىم كېرەكلىگىنى بىلىمەن، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ، سىز ئۇرۇشتا ئېھتىيات قىلىپ يۈرۈڭ."

جانابى ئاللىرى! جانابى ئاللىرى! — تېلېگىن بېشىنى ئاران كوتىرىپ قارىدى، ئىشىكتە خەۋەرچى تۇراتتى.

— تېلېفون كەلدى، جانابى ئاللىرى... لىيەنىۇغا چاقىرىۋاتىدۇ.

— كىم؟

— جۇڭشياۋ روزانوۋ، چاپسان يېتىپ بارسىدىكەنسىز.

تېلېگىن ئاخىرسىغىچە ئوقۇپ ئۇلگۇرمىگەن خەتنى پۈكلىدى-

دە، باشقا خەتلەرگە قوشۇپ قوينىغا سالدى ۋە بوكسىنى باستۇرۇپ كىيىپ، چىقىپ كەتتى.

تۇمان قويۇقلىشىپ كەتكەن، دەرەخلەر كورۇنمەيتتى: ئادەم خۇددى سۇت ئىچىدە يۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى، ئاياق تېگىدىكى شېغىللىڭ شاراقلىشىپ تۇرۇشىدىن يولنى تېپىپ ماڭغىلى بولاتتى. ئىۋان ئىلئىچ "مەن سىزنى ئۇلگىچە ياخشى كورىمەن" دىگەن بىر جۇملە سوزنى دىلىدا تەكرارلاپ باراتتى. ئۇ بىردىن توختاپ، قۇلاق سالدى. قويۇق تۇماندا ھىچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، پەقەت تۇرۇپ-تۇرۇپ دەرەختىن ئېغىر شەبنەم چىكىلداپ تېمىپ تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن سەل نېرىدىن "شىلىق-شىلىق" دىگەن تاۋۇش ۋە شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىۋان ئىلئىچ ئالغا ئىلگىرىلەپ يۇرگىنىدە، شىلىقلاش ئېنىقراق ئاڭلاندى. ئۇ ئوزىنى بىردىن ئارقىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئاياق تېگىدىن بىر پارچە يەر قوزغىلىپ، شالاق قىلىپ سۇغا غۇلاپ چۇشتى.

ئىۋان ئىلئىچ كويدۇرۇۋېتىلگەن كوۋرۇككە كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە، بۇ يەردىن يۇز قەدەمچە نېرىدا، ئاۋسترىيىلىكلەرنىڭ ئاكوپلىرى بارلىغىنى بىلەتتى. ھەقىقەتتە، سۇنىڭ شالاپ ئېتىشى بىلەنلا نېرىقى تەرەپتىن ئوق ئېتىلىپ، دەريا ئۇستىدىن غىڭىلداپ ئوتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئوق ئېتىلدى ۋە يەنە ئېتىلدى، كېيىن خۇددى بىرەر تومۇرنى ئۇرغاندەك، كەينى-كەينىدىن ئوقلار ئېتىلدى، بۇ بىردىن ئېتىلغان ئوقلارغا جاۋابەن ھەر تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئالدىراشلىق بىلەن ئېتىلغان بۇ ئوقلار تۇمان ئىچىدىن ياخشى ۋە ئوچۇق ئاڭلانمايتتى. ئېتىشما بارغانسېرى كۇچىيىپ باراتتى،

www.uyghurkitap.com

ئەمدى پۈتۈن دەريانىڭ ئۈستىنى گۈلدۈر-گۈپپۈك قاپلىغان ئىدى، بۇنىڭغا پىلموت ئاۋازىمۇ قوشۇلدى. ئورماننىڭ بىر يېرىدىن گۈلـ دۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. زەمبىرەك ئاۋازلىرى بىلەن تولغان تۇمان بۇ ئاددى ۋە ئىپلاس ئىشنى نىقاپلاپ، يەر ئۈستىنى قاپلاپ تۇراتتى.

ئىۋان ئىلىئچنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن بىرنەچچە ئوق ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ، دەرەخنىڭ غولىغا تەگدى، شاخلارنى چىرس قىلىپ ئۈشتۈ-ۋەتتى. ئىۋان ئىلىئچ تاشيولدىن ئۇچۇق دالاغا چىقىپ، دەرەخلەر ئارىسىدىن يول ئىزدەپ كەتتى. بىردىن ئېتىشىش يەنە پەسىيىپ، جىم بولدى، ئىۋان ئىلىئچ پەلتوسىنى ئېلىپ، تەرلەپ كەتكەن پىشانىسىنى سۈرتتى. ھەممە ياقنى سۈ سەپكەندەك، يەنە جىمجىتلىق باستى، ھامان دەرەخلەردىن تېمىپ تۇرغان تامچا ناۋۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ بۈگۈن داشانىڭ خەتلىرىدىنى ئوقۇپ چىقىدۇ. ئىۋان ئىلىئچ بىردىن كۈلۈۋەتتى-دە، ئىرىقتىن سەكرەپ ئۆتتى. ئەڭ ئاخىردا يېقىن بىر يەردىن بىر كىشىنىڭ ئەسنەپ: "ئۇيقۇمۇ ھارام بولدى، ۋاسلى، ئۇيقۇ ھارام بولدى" دىگىنى ئاڭلاندى.

— ئالدىرىما، — دىدى باشقا بىرسى ئاستا، — كىمدۇ بىرى كېلىۋاتىدۇ.

— كىم ئۇ؟

— ئۆزىمىزنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ، — دىدى تېلىپگىن ئالدىراشلىق بىلەن ۋە شۇ زامان ئاكوپقا كوزى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ تۇرغان ساقاللىق ئىككى يۈزنى كوردى-دە:

— قايسى لىيەندىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇچىنچى لىيەندىن، جانابى ئالىلىرى، سىزنىڭ لىيەنگىزدىن. نېمىشقا ئوچۇق-ئاشكارا يۈرىسىز، جانابى ئالىلىرى؟ ئوق تېگىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ.

تېلېگىن ئاكوپقا سەكرەپ چۈشتى-دە، ھەربى ئەمەلدارلار گەمىسىگە بارىدىغان يولدىن كەتتى.

ئېتىشىشتىن ئويغىنىپ كەتكەن ئەسكەرلەر سوزلىشىپ ئولتۇراتتى:

— ئۇ بۇنداق تۇماندا دەريادىن بىر دەمدىلا ئۆتۈشى مۇمكىن.

— ھېچ قىيىنلىغى يوق.

— توساتتىن ئوق ئېتىلدى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، گۈلدۈر-گۈلدۈر...نېمە ئۇ بىزنى قورقۇتماقچىمۇ؟ يە ئۇ ئۆزى قورققانمۇ؟

— سەن قورقماسەن؟

— مەن؟ مەن ئەزەلدىن قورققامەن.

— يىگىتلەر، گاۋرىلوۋنىڭ بارمىغى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

— مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بارمىغىنى كوتىرىپ تۇرغاندۇ-دە.

— تەلىيى بار ئىكەن... ئەمدى يۇرتىغا قايتىدۇ.

— ئۇنداق بولمايدۇ! ئەگەر پۈتۈن قولى ئۈزۈۋېتىلگەن بولسا قايتۇراتتى، بارمىغى ئۈزۈلۈپ كەتكەنگە قايتۇرمايدۇ، سەل ئارقىغا ئاپىرىپ قويۇشىدۇ-دە، داۋالاپ، كېيىن يەنە لىيەنگە قايتۇرۇۋېتىشىدۇ...

— ئۇرۇش قاچان تۈگەيدىكىن؟

— گەپ قىلماي قويغىنا!

— تۈگەشنىغۇ تۈگەيدۇ، ئەمما بىز كورەلمەي قالىمىز.

— ھېچ بولمىغاندا، ۋېنا ئېلىنسا ياخشى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

—ساشا ۋېنانىڭ نىمە كېرىگى بار ئىدى؟

—ھەر ھالدا-دە...

—باھارغىچە ئۇرۇش تامام بولسىمۇ، بولمىسىمۇ—بەربىر ھەممە تارقىلىپ كېتىدۇ. يەرنى كىم ھەيدەيدۇ، خوتۇنلارمۇ؟ ئادەملەر راسا قىرىلدى-دە، بولار ئەمدى. تويىدۇق، ئۆزىمىز قايتىپ كېتىۋېرىمىز.

—جياڭجۇنلەر ئۇرۇشنى پات تۈگەتمەس دەيمەن.

—بۇ نىمە دىگەن گەپ؟ گەپ قىلىۋاتقان كىم؟

—كوپ بىلىجىرلىما، جۇنشى... ھەي، سەن گېپىڭنى قىلىۋەر...

—جياڭجۇنلەر تېخى كوپ ئۇرۇشىدۇ.

—توغرا گەپ، يىگىتلەر. بىرىنچىدىن، ئۇلارغا ئىككى ھەسسە كوپ ئايلىق ھەق بېرىلىدۇ، كىرىست، ئوردېنلار شۇلارغا تېگىدۇ. ماڭا بىر كىشى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى: ئىنگلىزلار تۇتۇپ بېرىلگەن ھەر بىر يېڭى ئەسكەر ئۈچۈن جياڭجۇنلىرىمىزگە ئوتتۇز سەككىز يېرىم رۇبلى تولەرمىش.

—ۋاي ئەبلەخلەرەي! مالدەك ساتىدىكەن-دە!

—مەيلى، ئولمىسەك كورەرمىز.

تېلېگىن گەمىگە كىرىشى بىلەن، بىر بۇلۇڭدا قارىغاي شاخلىرى ئۈستىدە ئولتۇرغان، كوزەينەك تاقىغان، چاچلىرى شالاڭ، سېمىز، يىڭجاڭ جوڭشياۋ روزانوۋ:

—كەلدىڭمۇ، قەدىناس دوستۇم،—دىدى.

—ئەيىپلىكمەن، فيودور كۇزمىچ، تۇمان ناھايىتى قويۇق، يولدىن ئادىشىپ قالدىم.

—بۈگۈن كېچە ئېغىر بىر ئىشنى ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ،

قەدىناس دوستۇم...

ئۇ كىر قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بىر پارچە ناننى ئاغزىغا سالدى. تېلىگىنىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ كەتتى.

— گەپ شۇنداق، ئىۋان ئىلئىچ، ئەزىزىم، بىزگە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۇتتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بۇ ئىش ئاسانلىق بىلەن ئورۇنلانسا ياخشى بولاتتى. قېنى، بۇ ياقتا ئولتۇرغىن، كانىياك ئىچەمسەن؟ مەن مانا بۇنداق بىر نەرسىنى ئويلاپ قويدۇم... چوڭ تالىنىڭ ئۇدۇلىغا كوۋرۇك سالساق، ئۇ تەرەپكە ئىككى پەيىنى ئوتكۇزۇۋەتسەك...

# 16

— سۇسوۋ!

— لەببەي، جانابى ئالىلىرى!

— مايەرنى كولا... ئاستا، لاي سۇغا چۈشمىسۇن. يىگىتلەر، قېنى، ئالغا، ئالغا مېڭىڭلار... زۇبتسوۋ!

— لەببەي، جانابى ئالىلىرى!

— ئالدىرىما...مانا بۇ يەرگە تاشلا... يەنە ئازراق كولا... چۈشە... ئاستاراق...

— ئاستاراق، يىگىتلەر، مۇرىنى ئۇزۇۋېتىسلەر... ياتقۇزۇۋەر...

— قېنى، ئىچىگە تىقىپ كورگىنە...

— ۋاقىرىما، جىم، بەتبەخ!

— نېرىقى ئۇچىنى باسقىن، تىرەپ تۇرغىن... جانابى ئېلىلىرى، كوتىرىۋېرەيمۇ؟

— ئىككى ئۇچىنى باغلاپ بولدۇڭلارمۇ؟

— باغلاپ بولدۇق.

— كوتەرگىن...

ئاينىڭ شولىسى ئاقارتىپ تۇرغان تۇماندا، ئوتتۇرىسىدىن باغلانغان ئىككى خادا ئاسما كوۋرۇك كوتىرىلدى. دەريا بويىدا نېرىقى تەرەپكە ئوتىدىغان بىرنەچچە كىشى كوزگە چېلىقار-چېلىقماس بىر هالدا قىمىرلاپ يۈرەتتى. ئۇلار پىچىرلىشىپ سوزلىشەتتى ۋە تىللىشاتتى.

— ئورناشتىمۇ؟

— ياخشى ئورناشتى.

— چۈشەرگىن... ئېهتىيات بول...

— ئاستاراق، ئاستاراق، يىگىتلەر...

بىر ئۇچى دەريانىڭ ئەڭ تار جايىدىكى قىرغاققا تىرەلگەن خادىلار ئاستا-ئاستا توۋەن چۈشۈپ، سۇ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— نېرىقى قىرغاققا يېتەرمىكىن؟

— ئاستاراق چۈشەر...

— ناهايىتى ئېغىر ئىكەن.

— توختا، توختا، ئاستاراق!

شۇنداق بولسىمۇ، كوۋرۇكنىڭ نېرىقى بېشى شالاپ قىلىپ سۇغا چۈشتى. تېلېگىن قولىنى سىلكىپ:

— يېتىڭلار! — دېدى.

پىدائىلار قىرغاق بويىدىكى ئوت ئۈستىگە ئاستا يوشۇرۇنۇپ

ياتتى. تۇمان شالاڭلاشتى، لېكىن قاراڭغۇلۇق قويۇقلاشتى ۋە سەھەر ئالدىدىكى ھاۋانىڭ سوغىقى كۈچەيدى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپى جىمجىت ئىدى.

— زۇبتسوۋ! — دەپ چاقىردى تېلېگىن.

— لەببەي، جانابى ئالىلىرى!

— سۇغا چۈش، كوۋرۇككە تاختاي ياتقۇز!

تەر پۇرىقى چىقىپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق ۋاسىلى زۇبتسوۋ تېلېگىننىڭ يېنىدىن ئاستاغىنا ئۇتۇپ سۇغا چۈشتى. ئىسۋان ئىلىنچ ئۇنىڭ دىر-دىر تىترەپ تۇرغان يوغان قوللىرىنىڭ كوكاتلارنى تۇتقانلىقىنى ۋە كېيىن پۇتۇنلەي سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كورۇپ تۇردى.

— ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن، — دېدى زۇبتسوۋ سۇ ئىچىدە تۇرۇپ دىرىلدىگەن ئاۋاز بىلەن، — يىگىتلەر، قېنى، تاختاينى ئۇزىتىڭلار...

— تاختاينى ئۇزات، تاختاينى!

تاختايلار قولدىن-قولغا ئاستا-ئاستا ئۇزىتىلدى، تاختاينى مىخ بىلەن قېقىش خەۋپلىك ئىدى، چۈنكى دۈشمەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن. زۇبتسوۋ بىر قاتار تاختاينى ياتقۇزۇپ بولۇپ، سۇدىن تاختايغا چىقتى-دە، چىشىنى چىشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— تېز-تېز ئۇزىتىڭلار،... ئۇگدەپ قالماڭلار...

كوۋرۇك تېگىدىن سۇ شارىلداپ ئېقىپ، خادىلار چايقىلىپ تۇراتتى. تېلېگىن دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قارىيىپ تۇرغان دەرەخلەرنى كورەتتى، ئۇ دەرەخلەر بۇ يەردىكىلەردىن زادىلا پەرق قىلمىسمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا دەھشەتلىك بولۇپ كورۈنەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇۋان ئۈلۈشچ پىدائىلار ياتقان قىرغاق بويىغا كېلىپ:
— تۇرۇڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى.
شۇ ۋاقىتتىلا پىدائىلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى،
ئۇلارنىڭ بويلىرى سۇتتەك تۇماندا ھەددىدىن تاشقىرى ئېگىز كۆرۈنەتتى.
— بىردىن-بىردىن يۈگۈرۈڭلار!
تېلپېگىن كوۋرۇك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. شۇ زامان خۇددى قۇياش شولىسى تۇماننى يېرىپ ئۆتكەندەك، كوۋرۇكنىڭ سېرىق تاختىسىغا، ساقىلى قاپ-قارا زۇبتسوۋنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە كوتىرىلگەن بېشىغا يورۇق چۈشتى. قول ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ شولىسى يان تەرەپكە، دەرەخلىككە يوتكىلىپ ئۆتۈپ، شاخلىرى يالىڭاچ دەرەخلەرنى يورۇتتى-دە، يەنە تاختىغا كېلىپ چۈشتى. تېلپېگىن چىشىنى چىڭ چىشلەپ كوۋرۇكتىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى. شۇ ۋاقىت پۈتۈن قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ چۈشكەندەك، بېشى گاراڭ بولدى، ئاۋستىرىيىلىكلەر كوۋرۇكنى ملتىق ۋە پىلىموت ئوقىغا تۇتۇشقا باشلىدى. تېلپېگىن قىرغاققا سەكرەپ چۈشتى-دە، يەردە ئولتۇرۇپ، كەينىگە قارىدى. كوۋرۇكتىن ئېگىز بويلۇق بىر ئەسكەر مىلتىقىنى كوكرىگىگە بېسىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىدى. كىملىگىنى تونالمىدى، بىردىن مىلتىغى چۈشۈپ كەتتى، قوللىرىنى ھاۋاغا كوتەردى-دە، ياماپاشلاپ سۇغا ئاغدۇرۇلدى. كوۋرۇككە، سۇنىڭ ئۈستىگە، قىرغاققا پىلىموت ئوقى يېغىپ تۇراتتى... يەنە بىر ئەسكەر — سۇسلوۋ كوۋرۇكتىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، تېلپېگىننىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى...
— پارە-پارە قىلىپ تاشلىسام بۇ بەچچىغەرلەرنى!
يەنە بىر ئەسكەر كوۋرۇكتىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى، يەنە بىرى

ئۇنىڭ كەينىدىن يۇگۇردى، يەنە بىر ئەسكەر كوۋرۇكتىن يىقىلىپ، سۇدا شالاپلاپ ۋاقىراشقا باشلىدى...

ھەممەيلەن كوۋرۇكتىن ئوتتۇۋالدى، يەرنى گۇرجەك بىلەن كولاپ، ئالدى تەرەپلىرىنى توپا بىلەن توساپ ياتتى. ئەمدى پۈتۈن دەريا ئۇستىگە ئوق ياغدۇرۇلاتتى. ئادەملەر بېشىنى كوتىرەلمەيتتى، پىدائىلار كېلىپ ياتقان جاي پىلموت ئوقلىرى ئاستىدا قالغان ئىدى. بىردىن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئالتە زەمبىرەك ئوقى ۋىژىلداپ كەينى-كەينىدىن ئوتتى-دە، نېرىغا بېرىپ گۇمبۇرلەپ پارتلىدى. بۇ دۈش-مەن پىلموتىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىغان رۇس قوشۇنلىرى ئىدى.

تېلىگىن ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ياتقان ۋاسىلى زۇبتسوۋلار ئورۇن-لىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى-دە، قىرىق چامدامچە جايغا يۇگۇرۇپ بېرىپ يەنە ياتتى. سول تەرەپتىن، قاراڭغۇ ئىچىدىن يەنە پىلموت ئېتىلىشقا باشلىدى. ئەمما رۇس قوشۇنلىرىنىڭ كۇچلۇكلۇكى كورۇ-نۇپ تۇراتتى، چۈنكى ئەمدى ئاۋستريىلىكلەر ئاكوپلارغا كىرگۈزۈ-ۋېتىلگەن ئىدى. پىدائىلار زەمبىرەك ئېتىش توختىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋستريىلىكلەرنىڭ ئاكوپلىرى ئالدىدىكى تىكەنلىك سىم توساق يېنىغا يۇگۇرۇپ باردى، بۇ توساقنى تۇنۇگۇن رۇس قوشۇنلىرى ئاغدۇرۇپ، بۇزۇپ تاشلىغان ئىدى.

شۇ كېچىسى ئاۋستريىلىكلەر توساقنى يەنە باشقىدىن تىكلەشكە باشلىغان ئىدى. سىمدا بىر ئولۇك ئېسىقلىق ياتاتتى. زۇبتسوۋ سىمنى كېسىۋەتتى. ئولۇك گۇپ قىلىپ تېلىگىننىڭ ئالدىغا چۈشتى. پىدائى لاپتېۋ مىلتىغىنى قويۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئومىلەپ ئوتتى-دە، ئاكوپنىڭ نەق ئالدىغا كېلىپ يېتىۋالدى. زۇبتسوۋ ئۇنىڭغا:

— تۇر، بومبا تاشلا! — دەپ ۋاقىرىدى.

بىراق لاپتېۋ قىمىرلىماي ياتاتتى؛ قورقىنىدىن يۈرىكى قىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئوق كۈچەيگەنلىكتىن پىدائىلار ئالدىغا سىلجىيالماي، ئۆزلىرىنى يەردىن كۆتىرەلمەيتتى.

— تۇر، ئىتنىڭ بالىسى، بومبا تاشلا! — ۋاقىرىدى زۇبتسوۋ، — بومبىنى تاشلا! — دىدى-دە، مىلتىقىنىڭ قونداقىدىن تۇتۇپ، نەيزە بىلەن لاپتېۋنىڭ كىيىمىنى تۇرتتى: لاپتېۋ ئۇنىڭغا كوزلىرىنى ئالايتىپ قارىدى، كېيىن بېلىدىكى بومبىنى يېشىپ، بىردىن كوكرىگى بىلەن ئاكوپنىڭ توپىسىغا تاشلىنىپ، بومبىنى ئاتتى، بومبا پارتلىشى بىلەن ئاكوپقا سەكرىدى.

— ئۇر! چاپ! — دەپ ۋاقىرىدى زۇبتسوۋ ئاۋازىنىڭ بېرىچە.

ئۇنچە پىدائى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈشتى، كېيىن يەر تېگىدە غايىپ بولۇشتى، پەقەت نەيزە تىققاندا ئاڭلىنىدىغان ئاۋازلارلا ئاڭلىناتتى.

تېلېگىن بېلىدىكى بومبىسىنى يېشەلمەي، ئاكوپ ئۈستىدە، خۇددى قارغۇ ئادەمدەك، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈپ يۈردى، كېيىن ئاكوپ ئىچىگە سەكرىدى-دە، پۈتلىشىپ خەندەكنىڭ لاي يان-يېنىغا ئۈرۈلۈپ يۈرۈپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ، يۈگۈرۈپ كەتتى... ئۇ كېتىۋېتىپ ئاكوپنىڭ ئويۇغىغا يولىنىپ تۇرغان بىر كىشىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى كورۇپ قالدى، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىقىشقا باشلىدى، ئۇ ئادەم، خۇددى چۈش كورۈۋاتقاندەك، بىرنىمىلەرنى دەپ كۈتۈلدايتتى.

— ئۇنىڭنى چىقارما، شەيتان، تەگمەيمەن ساڭا، — دىدى تېلېگىن ۋاقىراپ ۋە يەردە ياتقان ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ، يەنە يۈگۈرۈپ كەتتى. جەڭ تۈگەي دەپ قالغان ئىدى، بىرتالاي كىشى

قورالـلىرىنى تاشلاپ، ئاكوپتىن توپىگە چىقىشتى. رۇس قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن مىلتىق قونداقلىرى بىلەن ئىتتىرىشەتتى. قىرىق مېتىرچە نېرىدا ئۇستى يېپىق بىر يەردە هامان پىلىموت تاتىلـداپ، كوۋرۇككە ئوق ياغدۇراتتى. ئۇۋان ئىلىنىچ پىدائىـلار ۋە ئەسىـرلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ ئوتۇپ:

— ئىمىـشقا قاراپ تۇرىسـلەر، ئىمىـشقا قاراپ تۇرىسـلەر!... زۇبتسوۋ، زۇبتسوۋ قېنى؟ — دەپ ۋاقىرايتتى.

— مانا مەن...

— ئىمىشقا قاراپ تۇرىسەن، لەنتى!

— ئۇنىڭغا يېقىن بارغىلى بولامدۇ؟

ئۇلار يۇگۇرۇپ كېتىشتى.

— توختا! مانا ئۇ!

پىلىموت جايلاشتۇرۇلغان يەرگە تار يول تۇتىشـاتتى. تېلېگىن ئېگىلىپ يۇگۇرۇپ باردى-دە، ئىستىهكامغا كىردى. توختىماي ئېتىـلىۋاتقان پىلىموت ئاۋازىدىن قاراڭغۇ ئىستىهكامنىڭ ئىچى تىتىـرەپ تۇراتتى، تېلېگىن بىر كىشىنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇپ تارتـقان ئىـدى، پىلىموت توختاپ جىم بولدى، ھېلىقى كىشى تېلېگىن بىلەن ئېلىـشىپ، خىرىلدايتتى.

— جېنى چىقـقـۇر خۇنـپەر ياق دەمـدۇ، قېـنى، ماڭـا قويۇپ بېرىڭا، — دىدى زۇبتسوۋ ئارقىدا تۇرۇپ ۋە مىلتىق قونداـغى بىلەن ئۇنىڭ كالـلىسىغا ئىككى-ئۈچنى ئۇرغان ئىـدى، ئۇ سەنـتۇرۇلۇپ: "بۇ، بۇ، بۇ" دىدى-دە، جىم بولدى... تېلېگىن ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئىستىهكامدىن چىقىپ كەتتى، زۇبتسوۋ ئۇنىڭ كەينىدىن:

— جانابى ئالىيلىرى، ئۇ كىـشەنـلەپ قويۇلـغان ئىـكەن! — دەپ

ۋاقىرىدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي تاڭ ئاتتى. سېرىق تۇپراق قانغا مىلەنگەن ئىدى، يەردە بىرنەچچە موزاي تېرىسى، قەلەي قۇتا، قازان-تاۋاقلار تۇراتتى. ئۆلۈكلەر خۇددى قاپقا ئوخشاش ياتاتتى. ھارغان-تالغان پىدائىيلارنىڭ بەزىلىرى يېتىپ دەم ئالاتتى، بەزىلىرى كونسېرۋا يەيتتى، بەزىلىرى ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ سومكىلىرىنى ئاختۇراتتى. ئەسىرلەر بولسا دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئاللىقاچان ھەيدەپ كېتىلگەن. قوشۇن كوۋرۇكتىن ئۆتۈپ، ئورۇن ئىگەللىگەن، زەمبىرەكچى ئەسكەرلەر بولسا ئاۋستىرىيىلىكلەرنىڭ كېيىنكى قاتارىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ تەرەپتىن جاۋاپمۇ كەلمەيتتى. يامغۇر سىمىلداپ يېغىپ تۇراتتى، تۇمان تارقاپ كەتكەن. ئۇۋان ئىلىنچ ئاكوپىنىڭ چېتىگە يۆلىنىپ، كېچىسى چىپىپ ئۆتكەن دالاغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى. دالا ئاددى، ھۆل بولۇپ، باشقا دالالاردىن پەرقى يوق ئىدى، ئۇ يەر-بۇ يېرىدە تىكەنلىك سىم توساقلار ياتاتتى، بەزى جايلىرى كولانغان ئىدى ۋە پىدائىيلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ ئۆلۈگى تۇراتتى. دەريامۇ يېقىن ئىدى. تونۇگۈنكى يوغان دەرەخلەر، مۇدھىش چاتقاللىقلارمۇ ئەمدى ئاددى كۆرۈنەتتى. ئەمما شۇ ئۈچ يۈز چامدام كېلىدىغان جاينى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىندى-ھە!

ئاۋستىرىيىلىكلەر داۋاملىق چېكىنىپ باراتتى، رۇس قىسىملىرى ئۇلارنى كەچكىچە قوغلاپ باردى. تېلېگىنگە ئۇز قول ئاستىدىكى پىدائىيلار بىلەن توپىلىكتە قارىيىپ كۆرۈنگەن كىچىك ئورمانىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇلغان ئىدى، قىسقا ۋاقىت ئېتىشىشتىن كېيىن

كەچقۇرۇنغا يېقىن ئۇنى ئىگەللىدى. ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاكوپ كولاشتى، ئەتراپقا گۈزەتچىلەر قويۇلدى، ئوز قىسىملىرىغا تېلېفون سىمى تارتىپ، خالتىلىرىدىكى ئوزۇقلىرىنى تەڭ يېيىشتى. كېچىسى مىلتىق ئېتىپ چىقىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەن بولسىمۇ، تولىسى ئۇششاق يامغۇر تېگىدە قاراڭغۇدا ۋە چىرىگەن غازاڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قېلىشتى.

تېلېگىن كوتەكتە دەرەخكە يولىنىپ ئولتۇراتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بويىنىغا يامغۇر تامچىسى تېمىپ، ئۇنى سەگەك تۇتۇپ تۇراتتى. ئەتىگەندىكى هاياجانلىق ئەمدى بېسىلغان، يامغۇردىن كوپۇپ چىققان ئاختاملىقتا ئون چاقىرىم يول بېسىش، قاشا تاملاردىن ئېشىپ ئوتۇش، ئېرىقلاردىن سەكرەشتىن كەلگەن هېرىش ۋە باش ئاغرىقلىرىمۇ بېسىلغان ئىدى.

كىمدۇر بىرسى ـــ زۇبتسوۋ بولسا كېرەك ـــ غازاڭ ئۈستىدىن يۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئاستا:

ـــ قۇرۇق بولكا يەمسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ رەهمەت.

ئۇۋان ئىلىنىچ ئۇنىڭ قولىدىن بولكىنى ئېلىپ، چايناشقا باشلىدى. بولكا ناهايىتى تاتلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدا ئېرىپ كەتتى. زۇبتسوۋ ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى:

ـــ تاماكا چەكسەم مەيلىمۇ، جانابى ئالىيلىرى؟

ـــ ئېهتىيات قىلغىن، ئوتى كورۇنمىسۇن.

ـــ مەن غاڭزا بىلەن چېكىمەن.

ـــ زۇبتسوۋ، بايىقى ئادەمنى بىكارغىلا ئولتۇردۇڭ ـ هە؟

ـــ پىلىموتچىنى ئېيتامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

— ھەئە.

— ئەلۋەتتە، بىكارغا ئۆلتۈردۈم.

— ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ؟

— مەيلى، ئۇخلىمىسامىمۇ بولىدۇ.

— ئۇخلاپ قالسام، تۇرتۇپ قوي.

يامغۇر تامچىلىرى چىرىگەن غازاڭلارغا، قولغا، شەپكىگە تېمىپ تۇراتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن، ئادەمنىڭ كوڭلىنى ئاينىتىدىغان ئىشلاردىن، پىلموتچىنى ئۆلتۈرۈشتىن كېيىنمۇ، يامغۇرنىڭ ئەينەكتەك سۈزۈك تامچىلىرى تېمىپ تۇراتتى. يامغۇر تامچىلىرى قاراڭغۇلۇقتا، چىرىگەن يوپۇرماقلار پۇرىقى كېلىپ تۇرغان تېگى يوق جايلارغا چاك-چاك قىلىپ چۈشەتتى...كىشىگە ئۇيقۇ بەرمەيتتى...مۇمكىن ئەمەس... مۇمكىن ئەمەس... ئىۋان ئىلئىچ كوزلىرىنى سۈزۈپ، قاپ-قاراڭغۇ دەرەخ شاخلىرىنى خىرە كورەتتى... بىراق، كېچىسى مىلتىق ئېتىپ چىقىشمۇ مەنىسىزلىك، پىدائىلار يېتىپ دەم ئالسۇن... سەككىزى ئولدى، ئون بىرى يارىدار بولدى... ئەلۋەتتە ئۇرۇشتا ئوزەڭنى ئېھتىياتلىق بىلەن ئېلىپ يۇرۇشۇڭ كېرەك... ئاھ، داشا، داشا!... يامغۇر تامچىلىرى ھەممىنى ياراشتۇرىدۇ. تىنچ قىلىدۇ...

— ئىۋان ئىلئىچ!

— ھە، ھە، زۇبتسوۋ، ئويغاقمەن...

— ئادەمنى ئولتۇرۇش گۇنا. شۇنداقمۇ؟...ئوي-جايى، بالا-چاقىسى بار بولۇشى مۇمكىن، مەن ئۇنىڭغا نەيزە سانچىپ بىر پەستە ئولتۇردۇم، ئىش پۇتتى. مەن بىرىنچى مەرتىۋە نەيزە سانچىپ ئادەم ئولتۇرگەن چېغىمدا...بۇ بىر دەھشەت-تە؟ بۇنىڭ گۇناھىنى بىرەر كىشى ئوز ئۇستىگە ئالغاندۇر دەيمەن؟

— قانداق گۇنا؟

— ھە، مېنىڭ گۇنايىمنى-دە، مېنىڭ گۇنايىمنى بىرەر جىياگجۇن ياكى پېتېربۇرگدا تۇرۇپ، شۇ ئىشلارغا باش بولغانلارنىڭ بىرى ئالغان بولسا كېرەك؟

— ۋەتەننى قوغدىغانلىق گۇنا بولامتىمۇ؟

— بۇنىسىغۇ شۇنداق-ھە...مەن، ئۇۋان ئىلئىچ، بۇ ئىشلارنىڭ ئەلۋەتتە بىرەر ئەيىپدارى بولسا كېرەك دەيمەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە يەر تېگىدىن بولسىمۇ تاپىمىزغۇ. ئۇرۇشنى كىم قوزغىغان بولسا، جاۋاپكار شۇ بولىدۇ... بۇ قىلمىشلىرىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىمىز...

ئورماندا بىردىنلا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. تېلېگىن چوچۇپ كەتتى. باشقا تەرەپتىن يەنە بىرنەچچە مىلتىق تاۋۇشى كەلدى.

بۇ ھادىسە شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئەجەپلەندۇرىدىغان ھادىسە ئىدىكى، دۇشمەن تۇنۇگۇن كەچقۇرۇنلۇغى خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن ئىدى. تېلېگىن تېلېفونغا يۇگۇردى. تېلېفونچى ئاكوپتىن بېشىنى چىقىرىپ:

— تېلېفون ئاپاراتى ئىشلىمەيدۇ، جانابى ئالىلىرى، — دىدى.

ئەمدى ئورماننىڭ ئىچىنى مىلتىق ئاۋازى بېسىپ، ئوقلار دەرەخ شاخلىرىنى قىرقىپ ئۆتمەكتە. ئالدىنقى تەرەپتىكى پوسلار ئوق ئېتىپ، ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىغان ئىدى. كىسلىموۋ تېلېگىننىڭ يېنىغا كېلىپ، قانداقتۇر غەلىتە ۋە يات ئاۋاز بىلەن: ”قورشاۋ ئىچىدە قالدۇق، جانابى ئالىلىرى!“ دىدى-دە، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، يەردە ئولتۇردى ۋە دۇم چۈشۈپ ياتتى. قاراڭغۇدا يەنە كىمدۇر بىرى:

— ۋاي ئولدۇم، ئاغىنىلەر! — دەپ ۋاقىرىدى.

www.uyghurkitap.com

تېلىگىن دەرەخلەر ئارىسىدا تۇرغان پىدائىلارنى كوردى. ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئوزىگە تىكىلىپ تۇراتتى، تېلىگىن بۇنى سېزەتتى ۋە
ئۇ: ھەممەيلەننىڭ تارقىلىپ، ئورماننىڭ شىمال تەرىپىگە بىر-بىرلەپ
ئوتۇشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇ ئورماننىڭ ئۇ تەرىپىدە دۇشمەن يوق
دەپ ئويلايتتى. ئوزى بولسا، قېلىشنى خالىغانلار بىلەن شۇ يەردە
قالماقچى بولدى.

— بەش كىشى كېرەك. كىم قېلىشنى خالايدۇ؟

دەرەخ يېنىدىن زۇبتسوۋ، سۇسوۋ، كېيىن كولوۋ دىگەن ياش
يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇشتى. زۇبتسوۋ ئارقىسىغا قايرىلىپ:

— يەنە ئىككى كىشى كېرەك! رەبكىن، سەن كەلگىن! — دەپ
ۋاقىرىدى.

— مەيلى، قالسام قالاي...

— يەنە بىر كىشى.

كالتا جۇۋا، پاخپاق قۇلاقچا كىيگەن پاكار ئەسكەر ئورنىدىن
قوزغالدى.

— مانا، مەن قالىمەن.

ئالتە كىشى ئارىلىقلىرىدا يىگىرمە قەدەمدىن جاي قالدۇرۇپ
ئوق ئاتتى. دەرەخ تېگىدە تۇرغانلار كېتىشتى. ئىۋان ئىلئىچ
كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە ئوقنى ئاتقاندىن كېيىن،
بىردىنلا ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كوك كىيىم كىيگەن كىشىلەرنىڭ
ئوزىنىڭ ئولۇگىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاغدۇرۇپ، يانچۇقلىرىنى
كولاشقا باشلىشى، ئىپلاس قوللىرىنى قوينىغا سېلىشى كوز ئالدىغا
كەلدى.

ئۇ مىلتىغىنى يېنىغا قويدى، يۇمشاق يەرنى كولىدى-دە، داشا-

نىڭ خەتلىرىنى قويىدىن چىقىرىپ سويدى، كېيىن ئۇلارنى كولىغان يېرىگە سېلىپ، ئۈستىنى چىرىگەن غازاڭ ۋە تۇپراق بىلەن كۆمدى.
— ۋاي، ۋاي، ئاغىنىلەر، ئۆلدۈم! — بۇ سول تەرەپتە ياتقان سۇسۇۋنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەمدى ئىككى ئوقدان ئوق قالغان ئىدى. ئىۋان ئىلىئىچ دۈم چۈشۈپ ياتقان سۇسۇۋنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى-دە، ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ، سومكىسىدا قالغان ئوقدانلارنى ئالدى. ئەمدى پەقەت تېلېگىن بىلەن ئوڭ تەرەپتە يەنە بىر كىشىلا ئوق ئاتاتتى. ئوقمۇ تۈگىدى. ئىۋان ئىلىئىچ ئەتراپىغا بىرئاز كۆز سېلىپ ياتتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، پىدائىيلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ چاقىردى. بىرلا كىشى: "مانا مەن!" دەپ جاۋاپ بەردى. كولوۋ مىلتىق تايانغان پېتى كەلدى. ئىۋان ئىلىئىچ:
— ئوقۇڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يوق.
— باشقىلاردىن جاۋاپ يوقمۇ؟
— ياق، ياق.
— مەيلى، يۈر! يۈگۈر!
كولوۋ مىلتىقنى يەلكىسىگە قويدى-دە، دەرەخلەرنى پانا قىلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. تېلېگىن بولسا تېخى ئۇن قەدەممۇ ماڭمىغان ئىدى، ئارقىسىغا بارماقتەك تومۇر كېلىپ تىرەلدى.

# 17

ئۇرۇش دېگەندە، كىشىلەر ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك ھۇجۇملىرى، تەنتەنىلىك ھەربىي يۈرۈشلەر، كوماندىر-جەڭچىلەر كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئەمدى بولسا بۇنداق قاراشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى.

دۈشمەن پىلىموتلىرىدىن ئوق يېغىپ تۇرغان بۇ چاغدا، شۇ ھۇجۇمغا ئاغزىغا تاماكا چىشلىۋالغان ھالدا قامىتىنى ئەگمەستىن كىرگەن ۋە ئادىتى بويىچە فرانسۇزچە تىللايدىغان قوشۇن كوماندىرى كىنەز دولگوروكوۋنىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ جۇڭدۇي ئاتلىق ئەسكەر پىيادە بولۇۋېلىپ بىرمۇ ئوق ئاتماستىن تىكەنلىك سىم توساقتىن ئۆتۈپ قىلغان مەشھۇر ھۇجۇمنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى ئۆلۈپ كەتتى ۋە يارىلاندى، بۇ جۇڭدۇي پەقەت بىرلا پىلىموت ھىمايىسىدە بولغان ئىككى-ئۈچ بۇزۇق زەمبىرەكنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىشقان ئىدى.

كازاك ئاتلىق ئەسكەرلەر جۇڭدۇيىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بۇ جەڭ توغرىسىدا: "ماڭا تاپشۇرۇشقىنىدا، بۇ ئەرزىمىگەن نەرسىنى ئون كازاك بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ كەلگەن بولاتتىم" دېگەن ئىدى.

يوغان قامەتلىك، قويۇق بۇرۇتلۇق، باتۇرلۇغى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇرۇنقى زامان چېرىكىنىڭ ئات چاپتۇرۇشى، قىلىچ چېپىشى ۋە ئوقلارغا پىسەنت قىلماسلىقىنىڭ ئەمدى پايدىسىز ئىكەنلىكى بۇ

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدىلا مەلۇم بولۇپ قالغان ئىدى. تېخنىـ كىنى پىششىق ئىگەللەش ھەممە ئارقا سەپنى ئۈزۈلدۈرمەي ئۈزۈلۈشى ۋە ئۈزۈشتۇرۇش جەھەت ـ تىكى ئىقتىدار ئۇرۇش تاكتىكىـــسىدا ئەڭ مۇھىم ئىش بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمدى ئەسكەرلەردىن خەرىتىدە بەلگىـلەپ قويۇلغان يەرگە بېرىپ ئۆلۈش تەلەپ قىلىناتتى، خالاس. يوشۇرۇنۇشنى بىلىدىغان، يەرنى كولاپ، ئىچىگە كىرىپ كېتەلەيدىغان، چاڭ ئىـچىگە كىرىپ كورۇنمەي كېتىدىغان ئەسكەر كېرەك بولۇپ قالـدى. گائاگا يىغىنىـ نىڭ ئادەمنى ئۇنداق ئولتۇرسە ئەخلاقلىق بولىدۇ، بۇنداق ئولتۇرسە ئەخـلاقسىزلىق بولىدۇ، دەپ چىقارغان رەھىمدىل قارارلىرى ئوچۇق ـ تىن ـ ئوچۇق يىرتىـپ تاشلانـغان، ئاياق ئاسـتى قىلىنـغان ئىدى. ئەمدى ھىچكىمگە كېرەك بولـماي قالـغان ئەخـلاق قانۇنـلىرىـنىڭ قالغان ـ قاتقانـلىرىمۇ شۇ قەغـەز پارچىلـىرى بىلەن بىلـلە ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن بىر ئەسىر قىلىدىغان ئىشـنى بىر نەچچە ئاي داۋام قىلغان ئۇرۇش پۈتتۈرۈپ قويـدى. شۇ ۋاقىتـقىچە كوپ كىشى ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى خېلى يۇقۇرى ئەخلاق قانۇنلىرى تىزگىنـ لەپ تۇرىدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى يېڭىدۇ، ئىنسانىيەت كامال تاپىدۇ دەپ ئويلىشاتتى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئويلار ئوتتۇرا ئەسىر قالدۇق ـ لىرى بولۇپ، ئىرادىـنى ئاجىزلاشـتۇراتـتى، مەدىنىيەتـنىڭ ئالـغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ياخشىلىق ۋە يامانلىق چۈشەنچىلىرىنىڭ پەقەت پەلسەپىۋى ئۇقۇم ئىكەنلىكى ۋە ئىنسان تالانـتىنىڭ يامان، ياۋۇز خوجايىن خىزمىتىگە كىرگەنلىكىنى ئەمدى ھەممىدىن ئەشەددىي ئىدىيالىستلارمۇ بىلىپ قالدى.

بۇ شۇنـداق ۋاقىتـلار ئىدىكى، ھەتـتا ياش باللارغىمۇ ئادەم

ئۆلتۈرۈش، يىمىرىش ۋە پۈتۈن مىللەتنى قىرىپ تاشلاش — ساۋاپلىق ئىش دەپ ئۆگىتىشەتتى. بۇ توغرىدا، گېزىتلەردە ھەر كۈنى تەكرار تەشۋىقات، چۇقان-سۈرەن ۋە مۇراجەتلەر بولاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىگى مۇتەخەسسىسلەر جەك ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەتتى... گېزىتلەردە تېب دىگەن مەشھۇر ئايال ھوكۇمانىڭ ھوكۇملىرى بېسىلدى. پالچىلارنىڭ، رەمچىلەرنىڭ، ئادەم ئۆمرىنىڭ كېلىچىگىنى ئېيتىپ بېرىدىغان دولچىلارنىڭ ھەددى-ھىساۋى يوق ئىدى. تاۋار-ماللار يېتىشمەيتتى، باھا شىددەت بىلەن ئېشىپ باراتتى. روسىيىدىن چەتكە خام ئەشيا چىقىرىلمايدىغان بولغان ئىدى. شىمال ۋە شەرقتىكى ئۈچ پورتقا — ھەممە يېقى قورشىۋېلىنغان مەملىكەتنىڭ ئىختىيارىدا پەقەت شۇ ئۈچ يوللا قالغان ئىدى — پەقەت زەمبىرەك ئوقلىرى ۋە ئۇرۇش ئەشيالىرىلا كەلتۈرۈلەتتى. ئېتىز ئىشلىرىغا قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى. مىليارت-مىليارت قەغەز پۇل يېزىغا قاراپ ئاقاتتى، دىخانلار ئاشلىقنىمۇ ساتمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئانتروپوسوفىيە① جەمىيىتى ئەزالىرىنىڭ ستوكھولمدا بولۇپ ئۆتكەن مەخپى يىغىنىدا جەمىيەتنى ئۇيۇشتۇرغان رەھبەر، ئاسماندا بولۇۋاتقان دەھشەتلىك كۆرەش ھازىر يەر يۈزىگە كوچكەن، پۈتۈن جاھاندا چوڭ پالاكەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، قىلىنغان گۇنالارنى

---

① ئانتروپوسوفىيە — تېيوسوفىيىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، ئادەم گويا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جان دۇنياسى بىلەن توغرىدىن-توغرا مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ، دىگەن ئەكسىيەتچىل تەلىماتىنى تەرغىپ قىلىدۇ، گېرمانىيىلىك شىدىينىر (1861 — 1925) ئۇنىڭ ئاساسچىسى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كەچۈرۈش ھساۋىغا روسيە قۇرۇۋانلىقىغا بىرىلىدۇ، دەپتۇ. ھەقىقەتەن، ھەممە مەنىلىك، دانا مۇلاھىزىلەر ياۋروپا قىتئەسىنىڭ ئۈچ مىڭ چاقىرىمچە كېلىدىغان ناھايىتى چوڭ يېرىدە توكۇلۇۋاتقان قان دەريالىرىدا غەرق بولۇپ كەتمەكتە ئىدى. نىمە ئۈچۈن تومۇر، پارتلىتىش دورىسى ۋە ئاچارچىلىق ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەرسالىق بىلەن قىرىۋېتىشى ئەقىلگە زادى توغرا كەلمەيتتى. ئەسىرلەردىن بۇيان يىرىڭداپ كەلگەن يارىلار ئەمدى ئېچىلغان ئىدى. ئىنسانىيەت ئۆتمۈشنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئىدى. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ ھىچ نەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مەملىكەتلەردە ئاچارچىلىق باشلاندى. جايلاردا ھايات توختىدى. ئۆرۈش پاجەنىڭ بىرىنچى پەردىسى بولۇپ كورۇنۇشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىكى چاغدىكى ”كىچىك زىمىن“، سەمرىپ كەتكەن ئىنسان ئەمدى دەرمانسىزلىنىپ، ئاجىز، ئۆششاق قۇم زەررىسىگە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پاجە سەھنىسىگە ئېپىدائى دەۋر ئاممىسى چىقىپ كېلىۋاتقان ئىدى.

ھەممىدىنمۇ ئاياللارنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ چىرايى، ناز-كەرەشمىلىرى ۋە ھەر خىل ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كۆندىلىك تۇرمۇشىدا مۇستەھكەم بولۇپ كەتكەن تور-قاپقانلارنى قۇرۇشقان ئىدى. ھەر ھالدا، بۇ تور-قاپقانلارغا تەقدىرىگە پۈتۈلگەنلەر چۈشكەن ۋە ئىشقى-سويگۈنىڭ ھوزۇرىنى قىلىپ ياتقان ئىدى.

ئەمما ئۇرۇش بۇ تورلارنىمۇ ئۈزۈپ، پارچىلاپ تاشلىغان ئىدى. بۇنداق تور-قاپقاننى شۇنداق ئېغىر يىللاردا يېڭىدىن قۇرۇش مۇمكىن بولمايتتى. ياخشى زامانلارنى كۈتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى.

شۇڭا، ئايallar زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىنى سەۋرى-تاقەت بىلەن كۈتەتتى، ئەمما ۋاقىت ئۆتمەكتە، ئاياللارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ياشلىق زايا كېتىپ، غەمكىنلىكتە ئۆتۈپ بارماقتا ئىدى.

ئەرلىرى، ئاشىقلىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە پەرزەنتلىرى — ئۇلار ئەمدى پەقەتلا نامدىكى ۋە ئابستراكىت كىشىلەر ئىدى — ئوچۇق داللاردا، ئورمانلاردا، يول ياقىلىرىدا كولانغان خەندەكلەردە ياتاتتى. ئاياللارنىڭ يۈزلىرىدىكى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ بارغۇچى قورۇقلارنى ئەمدى ھېچ نەرسە يوقىتالمايتتى.

# 18

— مەن ئاكامغا: «سەن قىرائەتخانىسەن، مەن سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى يامان كۆرىمەن. ئەگەر بىر كىشى بىرەر سوزدە خاتالىشىپ قالسا، قىيناپ ئۆلتۈرىسىلەر» دېدىم. مەن ئۇنىڭغا: «سەن يۈرەكسىز ئادەم» دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمگە چىدىماي، مېنى ئۆيىدىن ھەيدىۋەتتى. مانا ئەمدى موسكۋادا بىر تىيىنسىز يۈرىمەن. ئەھۋالىم ئېغىر. جان دارىيە دمىترىيېۋنا، نىكولاي ئىۋانوۋىچقا ئېيتىپ كۆرۈڭ، قانداق ئىش بولسىمۇ مەيلى ماڭا، كېسەللەر پويىزىدا ئىشلىسەمۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— ماقۇل، مەن ئېيتىپ كۆرەي.

— بۇ يەردە مېنىڭ ھېچكىمىم يوق. بىزنىڭ «مەركىزىي پوند-

كىت"نىمىز يادىڭىزدىمۇ؟ ۋاسىلى ۋېنيەمىنوۋىچ ۋالېت ئالىلقاچان جۇڭگوغا كېتىپ قالغان... ساپوژكوۋ ئالدىنقى سەپتە. ژىروۋ كاپكازدا كېلىچەكئۋازلار توغرىسىدا لېكسىيە ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇۋان ئىلئىچ تېلېگىنىنىڭ قەيەردىلىگىنى بىلمەيمەن. سىز ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇش ئىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بىلەن داشا تار كوچىدا ئىگىز قار دوۋىلىرى ئارىسىدىن كېتىپ باراتتى. قار ياغماقتا، ئاياق ئاستى غىچىرلاپ تۇراتتى. پاكا چانىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان پىيمىلىق كىشى قېتىپ كەتكەن ئايىغىنى ساڭگىلىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، "ھەي قىزلار، پوش-پوش، چانا بېسىۋالىدۇ!" دەپ ۋاقىرىدى.

بۇ قىشتا قار ناھايىتى كوپ ياققان ئىدى. كوچا بويىلىرىدىكى لىپا دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى قارغا كومۇلۇپ كەتكەن، يېغىۋاتقان قاردا ئاپپاق كورۇنگەن ئاسماننى تولدۇرغان توپ-توپ قۇشلار گاھ ئىمارەتلەرنىڭ مۇنارلىرىغا قونۇشاتتى، گاھ يەنە ھاۋاغا كوتىرىلىپ، پەرۋاز قىلىشاتتى.

داشا دوقمۇشقا بېرىپ توختىدى-دە، بېشىدىكى ئاق ياغلىقنى تۈزەتتى. ئۇنىڭ تىيولېن ياقىلىق پەلتوسى ۋە پەلەيلىرى قار بولۇپ كەتكەن، يۈزى ياداپ قالغان ئىدى، كوزلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتكەندەك كورۇنەتتى.

— ئىۋان ئىلئىچ دېرەكسىز بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن مۇتلەق خەۋەرسىز مەن، — دېدى ئۇ.

داشا بېشىنى كوتىرىپ، ئاسماندىكى قۇشلارغا قارىدى، قار قاپلىغان بۇ شەھەردە يەم تاپالماي يۈرگەن بۇ قاغىلار ئاچ قالغان بولسا كېرەك. قىپ-قىزىل لەۋلىرىدە تەبەسسۇم قېتىپ قالغان

www.uyghurkitap.com

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا قوۇلاقچا كىيگەن بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەرچە تىكىلگەن پەلتوسى كوكرىگىنى قىسىپ تۇراتتى. پەلتونىڭ تېيولېن ياقىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كالتا يەڭلىرى ئۇنىڭ سوغاقتا قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى ياپمايتتى. ئۇنىڭ سېرىق بوينىغا چۈشكەن قار ئۇچقۇنلىرى دەررۇ ئېرىپ يوق بولۇپ كېتەتتى.

— نىكولاي ئىۋانوۋىچ بىلەن بۇگۇنلا سوزلىشىپ قويىمەن، — دېدى داشا.

— مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەن، — يېلىزاۋېتا كىيېۋنا يەرگە قاراپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى، — ئىۋان ئىلئىچنى ناھايىتى ھورمەتلەيتتىم، ناھايىتى، — ئۇ كۈلدى، ئۇزاقنى كورەلمەيدىغان ئاجىز كوزلىرى ياشقا تولدى، — ماقۇل، بولمىسا، ئەتىلىككە كېلەرمەن، خوش.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا خوشلاشتى-دە، مۇزلىغان قوللىرىنى ئەرلەردەك يانچۇغىغا سالدى، پېيما كىيگەن ئاياقلىرى بىلەن يوغان-يوغان چامداپ كەتتى.

داشا ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، كېيىن قوشۇمىسىنى تۇرۇپ دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ ئوتتى-دە، شەھەر دوختۇرخانىسى جايلاشقان بىناغا كىردى. ئوگزىلىرى دۈپ تاختىيى بىلەن قاپلانغان، تورۇسلىرى ئېگىز بولمىلەردە چىرىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى پۇراپ تۇراتتى. كارۋاتلاردا چاچلىرى چۈشۈرۇلگەن ۋە خالات كىيگەن يارىدارلار ئولتۇرۇشاتتى، ياتاتتى. دەرىزە يېنىدا ئىككى يارىدار شاخمات ئويناپ ئولتۇراتتى. ئايىغىغا يېنىك پوپۇش كىيگەن يەنە بىر يارىدار ئوي ئىچىنى ئايلىنىپ يۇرەتتى. داشا كىرىشى بىلەن، ئۇ دەررۇ ئۇنىڭغا قارىدى-دە، پىشانىسى پۈرۈشۈپ، كارۋىتىغا بېرىپ ياتتى.

ــ ھەمشىرە، ــ دەپ چاقىردى ئاجىز بىر ئاۋاز. داشا كالپۇكلىرى قىلىن، يوغان بىر يىگىت ياتـقان كارۋاتــنىڭ يېنىغا باردى، ــ خۇدا خەيرىڭنى بەرسۇن، سول يېنىمـغا ياتقۇزۇپ قوي، ــ دىدى يارىدار ھەر بىر سوزىــدىن كېــيىن تۇۋلاپ، داشا ئۇنىڭ بېلىــدىن قۇچاق- لىــدى-دە، كوتىــرىپ، قاپىنى يوتـكەپ قويغاندەك، سول يېــنىغا ياتقۇزۇپ قويــدى، ــ تېمپېــراتۇرىــنى ئولچەيــدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، ھەمشىرە، ــ دىدى ئۇ. داشا تېرمومېتىرنى ئېلىپ، يارىدار- نىڭ قولتۇغىغا تىقىپ قويدى، ــ كوڭلۇم ئاينىيدۇ، ھەمشىرە، ئازغىنا تاماق يېسەممۇ قۇسۇپ تاشلايمەن. تاقىتىم قالــمىدى.

داشا ئۇنىڭ ئۇســتىگە يوتقان يېپىپ، يېنىــدىن كەتــتى. باشقا كارۋاتــتا ياتــقانلار كۆلۈمــسىرەپ قاراپ ياتاتــتى، ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دىدى:

- ھەمشىرە، ئۇ سىزنى دەپ ئوزىنى ئەتەيلەپ ئاغرىققا سالىــدۇ، ئوزى بولسا ئاتتەك ساق.

- مەيلى، قويۇپ بەر، ئەركىلىك قىلىۋەرسۇن، ــ دىدى يارىدار- لاردىن بىرى، ــ سىڭلىمغىمۇ ئەرمەك، ئۇنىڭمۇ كوڭلى ئارام ئالىدۇ.

ــ ھەمشىرە، ئاۋۇ سېمىيون سىزگە بىرنىمە دىمەكچى، ئەمما گەپ قىلىشقا ئۇيىــلىدۇ.

داشا كارۋاتــتا ئولــتۇرغان، كوزلــرى ئويــناپ تۇرغان، ئېيىق ئاغزىغا ئوخشــغان ئويــماق ئېغىزلىق كىشــنىڭ يېنىغا كەلــدى، بۇ يارىدارنىڭ سۇپۇرگىدەك يوغان ساقىلى ياخشى تارالــغان ئىدى، ئۇ ساقىلىنى ئالدىغا تارتىپ، كالپۇكلىرىنى ئېسىلدۇردى.

ــ ئۇلار ئويىنىشىپ شۇنداق دەۋاتىدۇ، ھەمشىرە، ھەممە نەرسە- دىن مىننەتدارمەن، رەھمەت.

www.uyghurkitap.com

داشا كۆلدى، يۈرىگىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىرلىق يوقالدى. ئۇ سېميوننىڭ كارۋىتىدا ئولتۇردى-دە، ئۇنىڭ يېڭىنى كوتىرىپ يارىسى باغلانغان داكىنى تۇتۇپ كوردى. سېميون قايسى يېرى ئاغرىيدىغانلىقىنى، قانداق ئاغرىيدىغانلىقىنى باشتىن-ئاياق چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

داشا موسكۋاغا ئوكتەبىردە، نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ۋەتەنپەر-ۋەرلىك ھىسسىياتى قوزغىلىپ، مۇداپىئە يولىغا ئىشلەيدىغان شەھەر جەمىيىتىنىڭ موسكۋا بولۇمىدە ئىشقا كىرگەن ۋاقتىدا كەلگەن ئىدى. ئۇ پېتىربۇرگدىكى ئۆيىنى ئىنگلىز ھەربى ۋەكىللەر ئۆمىگى خادىم-لىرىغا ئىجارىگە قويۇپ، داشا بىلەن ئىككىسى موسكۋادا تۇرۇشاتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئەمدى قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن چاققان ئۈستىكى كىيىم كىيىپ يۈرەتتى، كوڭلى بوش ۋە ئاجىز زىيالىلارنى تىللىغىنى تىللىغان ئىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆزى ئاتتەك ئىشلەيتتى.

داشا جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئۆگىنەتتى، ئۇششاق-چۈششەك ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ھەر كۈنى دىگۈدەك ئىۋان ئىلىئىچقا خەت يازاتتى. ئۇنىڭ يۈرىگى تىنچ ۋە ئەمىن ئىدى. ئوتمۇش خۇددى ئۆزگىنىڭ چۈشىدەك ئۇزاقتا قالغان ئىدى. ئۇ كۈنلەرنى ئەتىگەن-دىن كەچقۇرۇنغىچە ئەندىشىدە، خەت-خەۋەر كۈتۈپ، ئۆزىنى ئىلىئىچقا پاك ساقلاپ قېلىشىنىڭ غېمىدە ئوتكۈزەتتى.

نويابىرنىڭ باشلىرىدا، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ داشا «رۇس سوزى» گېزىتىنى ۋاراقلاپ، دېرەكسىز يوقالغانلارنىڭ تىزىملىكى ئىچىدىن تېلېگىننىڭ ئىسمىنى كورۇپ قالدى. ئۇششاق ھەرپ بىلەن بېسىلغان بۇ تىزىملىك گېزىت

بېتىنىڭ ئىككى ئىستونىنى ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ياربدار بولغانلار پالانچىلار، هالاك بولغانلار پالانچى-پالانچىلار، دېرەكسىز يوقالغانلار پالانچى-پالانچىلار دېيىلگەن. ئاخىردا تېلېگىن، ئىۋان ئىلئىچ، جۇنۇبىي دەپ يېزىلغان.

ئۇششاق ھەرپلىك بىر قۇر سوز ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھادىسىنى شۇنداق نىشانلاپ ئۆتتى.

داشاغا بۇ ئۇششاق ھەرپلەردىن، ئاچچىق-ئەلەملىك، سوغاق خەۋەر كەلتۈرگۈچى قۇرلاردىن، ئىستونلاردىن، سەرلەۋھەلەردىن خۇددى قان تېمىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ چاغلار تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان قايغۇلۇق ۋە دەھشەتلىك چاغلار ئىدى. گېزىت ۋارىقىدىن ئۆزى تەسۋىرلىگەن نەرسە، يەنى قان پۇرىقى كېلەتتى، ئۇ يەردىن چىرىگەن پۇراق، تاۋۇشسىز سادالار كېلەتتى.

داشانى تىترەك باستى. ھەتتا ئۇنىڭ چوڭقۇر ئۈمىتسىزلىكى، قايغۇ ۋە ئەلەممۇ شۇ دەھشەت ۋە يىرگىنىش مەنزىرىسى ئىچىگە كومۇلۇپ كەتتى. ئۇ جۇۋا يېپىنىپ، دىۋاندا ياتتى.

چۈشلۈك تاماقنى يىگىلى كەلگەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ داشانىڭ ئاياق تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنچىقماستىن ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى سىلاپ ئولتۇردى.

—ئالدىرىما، ئەڭ مۇھىمى ئالدىرىما، دانيۇشا،—دەيتتى نىكولاي ئىۋانوۋىچ،—دېرەكسىز يوقالغان بولسا، دېمەك ئەسىرگە چۈشكەن ئىكەن-دە. دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپ، كېيىن ئامان-ئېسەن قايتقان نۇرغۇن ئادەمنى بىلىمەن.

داشا كېچىسى چۈش كورۇپ چىقتى: دەرىزىلەرنى ئىس باسقان، ئومۇچۇكلەر تور تارتقان تار بىر ئۆيدە، تومۇر كارۋاتتا ھەربىچە

كىينگەن بىر كىشى ئولتۇرغانمىش. ئۇنىڭ زەپىرەك يۈزى ئاغرىقتىن پۈرۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئۆزىنىڭ تاز بېشىنى خۇددى تۇخۇمنى چەككەندەك چېكىپ، ئىچىنى كولاپ، تېرىسىنىڭ ئاستىدىكى نەرسىنى ئالارمىش-تە، بەش بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ يەرمىش.

داشا يېرىم كېچىدە بىردىن ۋاقىرىۋەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ دەررۇ يوتقان يېپىنىپ، داشانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، نىمە بولدى دەپ سورىسا، داشا ئۈنچىقمىدى. كېيىن رۇمكىغا سۇمبۇل شىرنىسى تامچىتىپ داشاغا ئىچۈردى، ئۆزىمۇ ئىچتى.

داشا كارۋاتتا ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىنى كوكرىكىگە ئۇراتتى ۋە ئەلەملىك ئاۋاز بىلەن دەيتتى:

— ئەمدى ياشىيالمايمەن، نىكولاي، ئارتۇقچە ياشىيالمايمەن، ياشاشنى خالىمايمەن.

شۇنداق ۋەقە كېلىپ چىققاندىن كېيىن ياشاش ئېغىر ئىدى. ئەمما شۇ كۈنگىچە داشا كورۇپ كەلگەن ئۆمۈر بىلەن ياشىغىلى بولمايتتى.

ئۇرۇش ئۆزىنىڭ تومۇر بارماقلىرى بىلەن داشاغىمۇ تېگىپ كەتكەن ئىدى، ئەمدى ھەممە ئۆلۈم، ھەممىنىڭ كوز يېشى داشاغىمۇ تېگىشلىك، ئەھمىيەتلىك ئىدى. قايغۇ-ئەلەمنىڭ دەسلەپكى ئېغىر كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە، داشا قولىدىن كەلگەن بىر ئىشقا كىرىشتى: قىسقا مۇددەتلىك ھەمشىرىلەر كۇرسىدا ئوقۇپ چىقىپ، دوختۇرخانىغا ئىشقا كىردى.

ئاۋال خېلى ئېغىر بولدى. فىرونتتىن يارىسى ھەپتىلەپ باغلانمىغان يارىدارلار كېلىپ تۇراتتى؛ داكىلار شۇنچىلىك سىسىپ

كەتكەن ئىدىكى، ھەمشىرىلەرنىڭ بېشى ئايلىناتتى. ئاپېراتسىيە ۋاقتىدا داشاغا ياردارلارنىڭ قول ياكى پۇتلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالاتتى؛ ياردارلارغا يېپىشىپ قالغان ئىپلاس نەرسىلەر سويۇلۇپ چۈشەتتى، كۆچلۈك كىشلەرنىڭ چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ، بەدىنىنى دوختۇرغا تىنچ تۇتۇپ بېرىشىنى داشا كوپ كورەتتى.

بۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلەر شۇنچىلىك ھىساپسىز ئىدىكى، ئۇلارغا ئارام بېرىشكە دۇنيادىكى بارلىق ھەمشىرىلەر يېتىشمەيتتى. داشا ئەمدى ئوزىنى شۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك، قانغا مىلەنگەن ھايات بىلەن باغلانغاندەك، بۇنىڭدىن باشقا ھايات يوقتەك سېزەتتى. كېچىلىرى نوۋەتچىلەرنىڭ بولمىسىدە كوك رەڭلىك ئېلېكتىر چىرىغى يېنىقلىق تۇردۇ. تامنىڭ كەينىدە كىمدۇر بىرى گۈدۈڭلايتتى، كوچىدىن ئاپتوموبىل ئوتۇپ قالسا، ئويۇقتىكى دورا بوتۇلكىلىرى جىرىڭلاپ كېتەتتى. مانا شۇ مۇڭلۇق ھايات رىيال ھاياتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان ئىدى.

داشا كېچىلىرى نوۋەتچى بولمىسىدە ئولتۇرغاندا، ئوزىنىڭ ئوتمۇشىنى يادىغا ئالاتتى. بۇ ئوتمۇش بارغانسېرى خۇددى چۈشىدە كورگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شۇ چاغلاردا، يەرنى كورگىلى بولمايدىغان ئىگىزلىكتە ياشايتتى؛ ھەممىگە ئوخشاش، ئوزىنى ئوزى ياخشى كورۇپ، ھودۇقۇپ ياشايتتى. مانا ئەمدىكى ۋاقىت كەلدىكى، بۇ ئىگىز بۇلۇت ئۇستىدىن قانغا، ئىپلاس يەرگە، ئاغرىق تەنلەر پۇرىغى ئۇرۇپ تۇرغان، كېچىلىرى تۇۋلاپ، جويلۇپ چىقىدىغان دوختۇرخانىغا چۈشۈپ قالدى. مانا ھازىر بىر تاتار ئەسكەر جان بەرمەكتە، ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭغا مورفى سېلىش كېرەك.

بۈگۈن يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بىلەن ئۇچرىشىش داشانى ھاياجان-

www.uyghurkitap.com

لاندۇرۇۋەتتى. بۈگۈن ناھايىتى ئېغىر ئىدى: گالتىسىدىن ئېپكەلگەن يارىدارلارنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك ئېغىر ئىدىكى، بىرىنىڭ بىلىكىدىن كېسۋېتىشكە، يەنە بىر كىشىنىڭ مۈرىسىدىن كېسىشكە توغرا كېلەتتى. ئىككى كىشى جان تالاش ھالىتىدە ياتاتتى. داشا پۈتۈن كۈن ئىشلەپ ھاردى، ئەمما يېلىزاۋېتا كىپىۋنانى، ئۇنىڭ كوكىرىپ كەتكەن قوللىرىنى، ئەرچە پەلتوسىنى، يۇۋاش كوزلىرىنى، ئېچىنارلىق تەبەسسۇمىنى ھېچ ئۇنتۇيالمايتتى.

كەچقۇرۇنلۇغى دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندا، داشا چىراقىنىڭ كوك قالپىغىغا تىكىلىپ، ”قېنى ئەمدى، كوچىنىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ يىغلىۋالسام، يات كىشىلەرگە: ئىۋان ئىلىئىچىنى ناھايىتى ياخشى كورەتتىم، ناھايىتى...“دىسەم، دەپ ئويلايتتى.

داشا چوڭ كىرىسلودا گاھ يامپاشلاپ، گاھ ئاياقلىرىنى پۈكۈپ ئولتۇراتتى؛ «شەھەرلىك بىرلەشمىنىڭ ئۈچ ئايلىق ئىش ھىساۋى» دىگەن كىتاپنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىغان ئىدى، بىراق كىتاپ ئۇنى تىنچلاندۇرمىدى. ئۇ سائەتكە قارىدى، ئۇھ تارتىپ، كېسەللەر بولۇمىگە كىرىپ كەتتى.

يارىدارلار ئۇيقۇدا، ئۈينىڭ ھاۋاسى دىمىقتا ئىدى. ئىگىز تورۇستا تومۇر چەمبىرەككە ئېسىپ قويۇلغان لامپا خىرە يېنىپ تۇراتتى. بىر قولى كېسىپ تاشلانغان ياش تاتار ئەسكەر چاچلىرى قىرىپ تاشلانغان بېشىنى ياستۇققا ئۇرۇپ جويىلۇيتتى. داشا يەردىن مۇز سېلىنغان ئەينەك ئىدىشنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىسسىق پىشانىسىگە قويدى ـ دە، يوتقىنىنى توغرىلاپ ياپتى. كېيىن ھەممە يارىدارنى بىر نوۋەت كورۇپ چىقىپ، بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

”كوڭلۇم ئۇگەنمىگەن، ھەممە گەپ شۇنىڭدا“ دەپ ئويلايتتى

ئۇ، "كوڭلۇم پەقەت نازۇك ۋە گۈزەل نەرسىلەرنىلا ياخشى كۆرۈشكە ئۈگەنگەن، ياخشى كۆرۈپ بولمايدىغان نەرسىگە ئىچىنىشقا، ياخشى كۆرۈشكە ئۈگىتىلمىگەن".

— ھەمشىرە، ئۈيقۇڭ كەلمىدىغۇ دەيمەن؟ — داشانىڭ قۇلىغىغا مېھرىۋان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ قايرىلىپ قارىدى. ساقىلى ئۆزۈن سېمىيون ئۆز كارۋىتىدا داشاغا قاراپ ياتاتتى. داشا:

— نىمىشقا ئۇخلىمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كۈندۈزى قانغىچە ئۇخلىۋالغانمەن.

— قولۇڭ ئاغرىمىدۇ؟

— بېسىلدى... ھەمشىرە!

— ھە؟

— چىرايىڭدىن قارىسا ئۈيقۇڭ كەلگەندەك تۇرىدۇغۇ... بېرىپ ئازراق ئۇخلىۋال. مەن ئويغاق قاراپ تۇرىمەن. كېرەك بولۇپ قالساڭ چاقىرىمەن.

— ياق، ئۈيقۇم كەلگىنى يوق.

— سېنىڭمۇ يېقىن كىشلىرىڭدىن ئۇرۇشقا كەتكىنى بارمۇ؟

— يارىم كەتكەن.

— خۇدا ئۆز پانايىدا ساقلىغاي.

— دېرەكسىز يوقلىپ كەتتى.

— ۋاي ئەتتەڭەي، — سېمىيون ئېغىر ئۇھ تارتتى، ئۇنىڭ ئۆزۈن ساقىلى سىلكىنەتتى، — مېنىڭ ئۇكامىمۇ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن ئۆزىدىن خەت كەلدى، ئەسىرگە چۈشكەن ئىكەن، يارىڭ ياخشى ئادەم بولسا كېرەك — ھە؟

— ناھايىتى، ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى.

—بەلكى مەن ئۇنى تونۇيدىغاندۇرمەن، ئېتى كىم ئىدى؟
—ئىۋان ئىلئىچ ئىلىگىن.
—ئاڭلىغانىمەن. ھە، ھە، توختا، توختا. ئاڭلىغانىمەن. ئۇنى ئەسىرگە چۈشۈپتۇ دېيىشكەن ئىدى... ئۆزى قايسى قوشۇندىن؟
—قازان قوشۇنىدىن.
—ھە، خۇددى ئۆزى! ئەسىردە! تىرىك، ناھايىتى ياخشى ئادەم ئۆزى! مەيلى ھېچ ۋەقەسى يوق، سەۋرى قىل، سىڭلىم. يەردىن قار كېتىشى بىلەن، ئۇرۇش تۈگەپ، تېچ كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سەن ئۇنىڭغا بالا تۇغۇپ بېرىسەن تېخى، راست ئېيتىمەن، راست.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان داشانىڭ كوزلىرى ياشقا تولدى، ئۇ سىميونىنىڭ بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دىلىدىن چىقىرىپ ئېيتىۋاتقانلىغىنى، ئۇنىڭ ئىۋان ئىلئىچنى تونۇماسلىغىنى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن مىننەتدار ئىدى. سىميون ئاستا مۇنداق دېدى:
—ئاھ قەدىردان...
داشا يەنە نۆۋەتچىلەر بولمىسىغە چىقىپ، ئورۇندۇقنى ئات مىنگەندەك مىنىپ ئولتۇرغاندا، تونۇش بولمىغان باشقا كىشىلەر ئۇنى مېھرىۋانلىق بىلەن ئۆز ئارىسىغا ئېلىپ، بىز بىلەن بىللە ياشاۋەرگىن دىگەندەك تۇيۇلاتتى. ئۆزىمۇ ھەممە ئاغرىق ۋە ئۇخلاپ ياتقانلارغا ئېچىنغاندەك بولاتتى. ئۇلارغا ئېچىنىپ ئولتۇرغاندا، بىردىن ئىۋان ئىلئىچنىڭ بىرەر يەردە، مانا بۇ كېسەللەردەك، تار كارۋاتتا ئۇخلاپ ياتقانلىغىنى، ئېغىر نەپەس ئېلىشىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى...
داشا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينى ئايلىنىپ يۇرۇشكە باشلىدى. بىردىن تېلېفون جىرىڭلىدى. داشا دىڭگىدە چوچۇپ كەتتى:

تېلېفون ئاۋازى بۇ جىمجىت ئۆيدە شۇنچىلىك قوپال ۋە يېقىمسىز ئاڭلاندى. كېچىلىك پويىز بىلەن يەنە يارىدارلار كەلگەن بولسا كېرەك.

— ھە، ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ. تېلېفون مۇشتىگىدىن ئال-دىراشلىق بىلەن گەپ قىلغان ئايال كىشىنىڭ نازۇك ۋە ھاياجانلىق بىلەن سوزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مۇمكىن بولسا، دارىيە دمىترىيېۋنا بۇلاۋىنانى تېلېفونغا چاقىرىپ بەرسىڭىز.

— بۇلاۋىنا مەن بولىمەن، — دېدى داشا، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، — كىم بۇ؟...كاتەمۇسەن؟...كاتيۇشا!...سەنمى-دىڭ؟...جېنىم!...

# 19

— ھە، قىزلار، مانا يەنە ھەممىمىز بىر يەرگە يىغىلىۋالدۇق — دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇستى كىيىمىنى قارىنىغا تارتىپ قويۇپ، ئاندىن يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانىڭ ئىڭىگىدىن تۇتتى-دە، يۈزىگە قاتتىق سويدى، — ئەتىگەنلىگىڭ خەيرلىك بولسۇن، قانداق ياخشى ئۇخلاپسەنمۇ؟ — ئۇ داشا ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ، قېينى سىڭلىسىنىڭ چېچىغا سويدى.

— داشا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىن قىل ئوتمەيدىغان بولۇپ قالغانمىز، كاتيۇشا. ناھايىتى چاققان، ئەمگەكچان قىز چىقىپ

www.uyghurkitap.com

قالدى ئۇ.

ئۇ ئاپپاق پاختىدەك داستىخان سېلىنغان ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ تۇخۇم سېلىنغان تەخسىنى ئالدىغا تارتتى-دە، پىچاق بىلەن ئۇنى سۇندۇرۇپ، شاكىلىنى تازىلاشقا باشلىدى.

— بىلەمسەن، كاتيۇشا، مەن تۇخۇمنى ئىنگلىزلاردەك قىچا يېغى بىلەن سېرىق ياغ سۇرتۇپ يېيىشنى ياخشى كورىمەن. ناھايىتى مەززىلىك بولىدىكەن، بىر يەپ كورگىنە. نېمىسلاردا ئادەم بېشىغا ھەر ئىككى ھەپتىدە ئاران بىر داندىن تۇخۇم بېرىدىغان بوپتۇ، قانداق، جايىدىمۇ؟

ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۇلىدى.

— مانا شۇ تۇخۇم بىلەن گېرمانىيىنى ئۇرۇپ، مىجىغىنى چىقىرىپ قويىمىز. ئۇلارنىڭ باللىرى ئەمدى تېرىسىز تۇغۇلىدىغان بوپتۇ دېيىشىدۇ. بىسمارك ئۇ ئەخمەقلەرگە روسىيە بىلەن ئەپ ئوتۇڭلار دەپ ئېيتقان ئىدى، ئۇلار گەپكە قۇلاق سالمىدى، بىزنى كوزگە ئىلماي قويۇشتى، مانا ئەمدى كۇنى ئېيىغا ئىككى تۇخۇمغا چۇشۇپ قاپتۇ. خوپ بولسۇن.

— باللارنىڭ تېرىسىز تۇغۇلۇشى بىزدە بولسىمۇ، نېمىسلاردا بولسىمۇ، بەرىبىر، ئومومەن دەھشەت، — دېدى يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا كوزلىرىنى يەرگە تىكىپ.

— مېنى كەچۇرگىن، كاتيۇشا، ئەمما گېپىڭ مەنىسىز.

— مەن پەقەت ھەر كۇنى مىڭلاپ-مىڭلاپ ئادەمنىڭ ئولۇپ كېتىشىنى يامان دەيمەن، بۇ شۇنچىلىك دەھشەتلىكى، بۇ دۇنيادا ياشىغىڭ كەلمەيدۇ.

— ئىلاج يوق، جېنىم، بىزگە دولەتنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى ئوز

سەرگۈزەشتىلىرىمىز ئارقىلىق بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتقىچە بىز دىخانلارنىڭ كۇلىكوۋو①، بورودىنو② دېگەن جايلاردا روسىيە تۈپرىغى ئۈچۈن قانداقلارچە جەڭ قىلغانلىقىنى ئىلوۋايىسكى③ ۋە باشقا تارىخچىلارنىڭ كىتاپلىرىدىن ئوقۇپ بىلگەن ئىدۇق. بىز خەرىتىگە قاراپ، "ئوھو، روسىيە ناھايىتىمۇ چوڭ مەملىكەت ئىكەن ـ ھە" دەپ يۈرەتتۇق. مانا ئەمدى ۋاقتى كەلدى، خەرىتىدە ياۋروپادىن تارتىپ ئاسىيانىڭ شەرقىغىچە كۆك بويالغان دولەتنىڭ پۈتۈنلۈگىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھاياتىڭنىڭ مەلۇم پەرسەنتىنى سەرپ قىلىش كېرەك بولۇپ قالدى. بۇ ئوڭاي ئەمەس. ئەگەر سەن بىزدە دولەت ماشىنىسى يامان دىسەڭ، مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن. ناۋادا مېنىڭ شۇ دولەت ئۈچۈن جېنىمنى بېرىشىم كېرەك بولسا، ئەڭ ئاۋال مېنى ئۆلۈمگە ئەۋەتىدىغان كىشىلەردىن: "ھە، قېنى، ئۆزەڭلەر دولەتنى باشقۇرۇشقا قادىرمۇ سىلەر؟ ۋەتەن يولىدا قېنىمنى بىمالال توكۈۋەرسەم بولامدۇ؟" دەپ سورايمەن. شۇنداق، كاتيۇشا،

① 1380 ـ يىلى، موسكۋا كىنەزى دىمترى باشچىلىغىدىكى روسىيە قوشۇنلىرى كۇلىكوۋو ئۇرۇشىدا ماماي خاقان باشچىلىغىدىكى تاتارلارنى مەغلۇپ قىلغان. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② 1812 ـ يىل 8 ـ ئايدا، بورودىنودا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق مەشھۇر ئۇرۇشتا، روسىيە قوشۇنلىرى بىلەن رۇس خەلقى ناپولېئوننىڭ فرانسىيە تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە باتۇرانە زەربە بېرىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

③ ئىلوۋايىسكى (1832 ـــ 1920) ـــ روسىيە ئەكسىيەتچى تارىخشۇناسى بولۇپ، «رۇسلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تەتقىقات» (1876)، «رۇسلارنىڭ تارىخى» (پېتر I نىڭ ئىسلاھاتىغىچە يېزىلغان، 1876 ـــ 1905) قاتارلىق كىتاپلارنى يازغان. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

هوكۇمەت هازىرغىچە كونا ئادەتتى بويىچە ئىش كورۇپ، جامائەت تەشكىلاتلىرىغا ئالىيپ قاراپ كەلمەكتە، ئەمما ئۇنىڭ بىزنىڭسىز كۇن كەچۇرەلمەسلىگى ئەمدى ھەممىگە مەلۇم بولۇپ قالدى. بولدى، بەس! بىز ئاۋال ئۇنىڭ بارمىغىدىن تۇتۇۋالىمىز، كېيىن قولىدىن تۇتۇپ تارتىمىز. مەن ناھايىتى ئۇمىتۋار بولۇپ كەتكەنمەن. — نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئورنىدىن تۇردى، تام مەش ئۇستىدىن سەرەڭگە ئېلىپ تاماكىسىنى ياندۇردى-دە، كويۇپ بولغان سەرەڭگىنى تۇخۇم شاكىلىنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى، — توكۇلگەن قان بىكارغا كەتمەيدۇ. ئۇرۇش بىزنىڭ — جامائەت ئەرباپلىرىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىمىز بىلەن تۇگەيدۇ. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا، ”زىمىن ۋە ئەركىنلىك“ تەرەپدارلىرى، ئىنقىلاپچىلار ۋە ماركسىزمچىلار ئورۇنلىيالمىغان ئىشلار ئورۇنلىنىدۇ. خەير خوش، قىزلار، — ئۇ ئۇستكى كىيىمىنى تارتىپ قويدى-دە، ئويدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئارقىدىن قارىغاندا، خۇددى بىر ئەرەنچە كىيىنىۋالغان سىمىز خوتۇنغا ئوخشايتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئىغىر تىن ئېلىپ، قول ئىشى بىلەن دەرىزە يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. داشا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى. ئاچا-سىڭىل ئىككىلەنلا كوكرەك ۋە ياقىلىرى يېپىق بىر خىل قارا كوينەك كىيگەنلىگىدىن، بىر بىرىگە ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇلار جىم ئولتۇردى. تاشقىرىدا قار ياغماقتا، قار ئەكسىدىن ئوينىڭ تاملىرى ئاپپاق كورۇنەتتى. داشا ھەدىسىنىڭ يات ئەتىر پۇرىغى كېلىدىغان چاچلىرىغا بېشىنى قويۇپ ئولتۇردى.

— كاتيۇشا، بىز كورۇشمىگەن ۋاقىتتا قانداق تۇرغان ئىدىڭ؟ ھېچبىر ئېيتمايسەنغۇ.

— نىمىلەرنى ئېيتاي، جېنىم؟ ھەممىسىنى خەتتە يازغان ئىدىمغۇ.
— ھەر ھالدا مەن چۈشىنەلمەيـمەن، كاتيۇشا؛ ئۆزەڭ چىرايـلىقسەن، گۈزەل، مېھرىۋان خوتۇنسەن. ساڭا ئوخشاشلارنى ئۇچراتـقىنىم يوق. ئەمما، نىمىشقا بەختسىز سەن ـ ھە؟ كوزلىرىڭنىڭ ھەمىشە غەمـكىن، مەيۇس...
— قەلبىم بەختسىز بولـسا كېرەك.
— ياق، مەن راستىنى سوراۋاتىمەن.
— ئۆزەمـمۇ بۇ توغـرىدا كوپ ئويلايـمەن، جېنىم. ئادەمـنىڭ بەختسىزلىگى ئۇنىڭ تەل ـ توكۇسلۇگى، مۇكەمـمەلـلىكـدىن كەلسە كېرەك. مېنىڭ ياخشى ئېرىم بار، سويۇملۇك سىڭلىم ۋە ئوز ئەركىم بار...شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوزەمنى ئېغىر غەم ئاستىدا ياشاۋاتـقاندەك سېزىمەن، ئوزەمنى يوقتەك ھىس قىلىمەن...پارىژدا بولغان ۋاقتىمـدا: قېنى ئەمـدى، ئۇزاق، تىنچـقىنا كـىچىك بىر شەھەردە ياشـسام، توخۇ ـ چۈجىلىرىم بولسا، كىچىك كوكـتاتـلىغىم بولـسا، كېچىلىرى سايىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە، سويگۈنۈمـنىڭ يېنىـغا بارسام، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم...ياق، داشا، ئەمـدى مېـنىڭ ئومـرۇم ئوتۇپ كەتتى.
— كاتيۇشا، بۇنداق مەنىسىز گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ...
— بىلەمسەن، ـــ كاتە مەيۇس، ئىپادىسىز كوزلـىرى بىلەن سىڭـلىسىغا قارـىدى، ـــ بۇگۈن مېنىڭ كوز ئالـدىمدا تۇرۇپـتۇ...بەزەن يوللۇق چۈشەك، سىرىلىپ چۈشكەن يوتـقان، زەرداپ تاشـلانـغان داس كوز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ...مەن زەپىرەڭ، چاچلىرىم ئاقارغان، ئولگەنـدەك يېتىپتىمەن...
يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا توقۇۋاتقان ئىشىنى تىزىغا قويۇپ، شامالسىز

ھاۋادا يىغىۋاتقان قارغا قاراپ ئولتۇراتتى. يىراقتا، كىرىملىنىڭ ئىگىز چوققىلىق مۇنارىسى ئەتراپىدا قاغىلار قارا غازاڭدەك ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— يادىمدا، داشىنكا، بىر كۈنى ناھايىتى ئەتىگەن تۇردۇم. پىشايۋاندىن پۈتۈن پارىژ كوك پەردە بىلەن قاپلانغاندەك كورۈنەتتى، ھەر ياقتىن ئاق، كۆلرەڭ، كوك ئىسلار چىقىپ تۇراتتى. كېچىسى يامغۇر ياققاچقا، قانداقتۇر تازا، يېنىك ۋە خۇش پۇراق ھاۋا دىماققا ئۇراتتى. كوچىدىن قولتۇغىغا كىتاپ قىستۇرغان بالىلار، سىۋەت كوتەرگەن خوتۇنلار ئوتۇپ تۇراتتى، دۇكانلار ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا تۇرمۇش ماڭا ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە مەڭگۈ بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى. مېنىڭ يەرگە چۈشۈپ، شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكۈم، كوزلىرى مېھرىۋان بىرەر كىشىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭ كوكرىكىگە قوللىرىمنى قويغۇم كېلىپ كەتتى. مەن دەرەخلىك كوچىغا چۈشكەن چېغىمدا، پۈتۈن شەھەر ھودۇقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. گېزىت ساتقۇچىلار ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈپ، ۋاقىراپ يۈرۈشەتتى، ھەر يەردە ھاياجانغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر توپلىنىپ تۇراتتى. ھەممە گېزىت ئۇلۇم خەۋپى ۋە غەزەپ تۇيغۇلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇرۇش باشلاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ خۇدانىڭ بەرگەن كۈنى ئولۇم، ئولۇم دىگەن گەپتىن باشقا سوز ئاڭلىمايمەن...بۇنداق بولغاندىن كېيىن يەنە نىمىدىن ئۈمىدىم بولسۇن؟.

بىرئاز جىملىقتىن كېيىن داشا:

— كاتيۇشا...، — دىدى.

— لەببەي، جېنىم؟

— نىكولاي بىلەن مۇناسىۋىتىڭ قانداق؟
— بىلمەيمەن، بىر بىرىمىزنىڭ گۇنايىدىن كەچكەندەك تۇرىمىز. ئۆزەڭ كوردۇڭغۇ، كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى، ئۈچ كۈندىن بېرى مېنىڭ بىلەن ناھايىتى ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ، ھازىر كونا ھىساپنى قىلىدىغان چاغ ئەمەس. ئازاپ تارتساڭمۇ، ئەقىلدىن ئازساڭمۇ — كىمنىڭ كارى بولاتتى. پاشىدەك غىڭىلداپ يۈرىۋېرىسەن، ئاۋازىڭ ئۆزەڭگىمۇ ئاران ئاڭلىنىدۇ. موماي لارغا زوقۇم كېلىپ يۈرىدۇ: ئۇلار ئومرى توگەي دەپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ، كېپەنلىكىنى ھازىرلاپ، تەييار تۇرۇشىدۇ.
داشا ئولتۇرغان يېرىدە، كىرىسلونىڭ يان يولەنچۇكىدە مىدىرلاپ قويدى، بىرنەچچە مەرتىۋە ئېغىر ئۇھ تارتىپ، قولىنى ھەدىسىنىڭ يەلكىسىدىن چۇشۇردى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئاستاغىنا مۇنداق دىدى:
— داشىنكا، نىكولاي ئىۋانوۋىچ سېنى ئىۋان ئىلئىچنىڭ يارى دەپ ئېيتتى، راستمۇ؟ ئايلىنىپ كېتەي، — ئۇ داشانىڭ قولىدىن تۇتۇپ سويدى، كېيىن ئۇنى كوكرىكىگە بېسىپ، سىلاشقا باشلىدى، — ئىۋان ئىلئىچ تىرىك، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ئەگەر سەن ئۇنى ناھايىتى ياخشى كورگەن بولساڭ — بولىدى، ساڭا دۇنيادا باشقا ھىچ نەرسە كېرەك ئەمەس.
ئاچا - سىڭىل تاشقىرىدا يېغىۋاتقان قارغا تىكىلىپ، يەنە جىم بولۇپ قالدى. كوچىدىكى قار دوۋىلىرى ئارىسىدىن قولتۇقلىرىغا كىيىم ۋە سۇپۇرگە قىستۇرۇۋالغان بىر پەي ئەسكەر قاردا تېيىلىپ - تېيىلىپ ئوتۇپ كېتىشتى. ئۇلار مونچىغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كوچىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، ھەممىسى ئاۋازىنىڭ بېرىچە ناخشا ئېيتىشاتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

لاچىنلاردەك پەرۋاز قىلدىڭ، بۈركۈتلەر،
يېتەر ئەمدى قايغۇ-ئەلەملەر...
... ... ... ... ...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، داشا يەنە دوختۇرخانىغا قاتناشقا باشلىدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۆيدە ئەمدى يالغۇز ئۆزى قالاتتى؛ پۈتۈن ئۆي ئىچى، ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر: تامدا ئېسىقلىق ئىككى پارچە رەسىم — ئۇلارنىڭ بىرى، ئوت-چۆپ دوۋسى، ئىككىنچىسى، قېيىن دەرەخلىرى ئارىسىدىكى سۇ تاشقىنى ئىدى — مېھمانخانىدىكى دىۋان تۈپىسىگە ئېسىلغان يوچۇن كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرى، بۇلۇڭدا چاڭ بېسىپ ياتقان ئادرىسمانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يات ۋە يوچۇن كۆرۈنەتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا قېرى ئارتىسلار ئوستروۋسكىنىڭ سەھنە ئەسىرىنى ئوينىۋاتقان تىياتىرخانىغا، كىتاپ كۆرگەزمىسىگە، مۇزېيلارغا بېرىپمۇ كۆردى، ئەمما بۇلار ئەمدى ئۇنىڭغا نۇرسىز، كونىراپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى، ئۆزىنىمۇ ھەممە كىشى ئاللىقاچان تەرك قىلىپ كەتكەن دۇنيادا تەمترەپ يۈرگۈچى بىر كولەڭگە دەپ سېزەتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئەتىگەندىن-كەچكىچە دەرىزە يېنىدا ھور تۇرۇبىسىغا تايىنىپ، قار باسقان موسكۋاغا قاراپ ئولتۇراتتى؛ قار يېغىپ تۇرغان تېپ-تېنچ ھاۋادا چىرقاۋ قوڭغۇرىغىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋۇشى ياڭرايتتى، گايىدا ئىبادەت قىلىناتتى، گايىدا فۇرونتتىن كەلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۆلۈمى ئۇزىتىلاتتى. كىتاپمۇ بىر چەتتە قالاتتى. نىمىنىمۇ ئوقۇسۇن؟ نىمىنى ئارزۇ قىلسۇن؟ ئارزۇلار ۋە ئوتمۇش خىياللار — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئەھمىيەتسىز ئىدى!

ئۇ پەقەت ئەتىگەنلىك ۋە كەچقۇرۇنلۇق گېزىتلەر كەلگەندىلا
بىرئاز جانلىناتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەم-
لەرنىڭ پەقەت كىيلچەك ئۇمۇرلىرى، ئۆزلىرى خىيال قىلغان غەلىبە
ۋە تىنچلىق كۈنلەرنى كۈتۈش بىلەن ياشىغانلىغىنى بىلەتتى؛ بۇ ئار-
زۇلارنى مۇستەھكەملەيدىغان، كۆچەيتىدىغان ھادىسىلەر ھەممىدە
چوڭ خوشاللىق تۇغدۇراتتى، بىرەر مەغلۇبىيەت بولۇپ قالسا، روھى
چۈشۈپ، كوڭلى بۇزۇلاتتى. ئادەملەر ھەر خىل شۇم خەۋەرلەرنى
تېپىپ يۈرەتتى، ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئاڭلىغان گەپلەرنى، بىمەنە
خەۋەرلەرنى كوتىرىپ يۈرەتتى، گېزىتنىڭ بىرەر قۇرلۇق خەۋىرىدىن
جانلىنىپ كېتىشەتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئاخىر ئېرى بىلەن سوزلىشىپ، بىرەر ئىشقا
كىرگۈزۈپ قويۇشنى سورىدى، مارتىنىڭ بېشىدا داشا ئىشلەپ تۇرغان
دوختۇرخانىغا ئىشقا كىردى.

دەسلىۋىدە ئۇمۇ داشاغا ئوخشاش، پاسكىنىچىلىقتىن ۋە يارىدار-
لاردىن يىرگىنىپ يۈردى. بىراق ئۇ ئوزىنى كوندۇرۇپ ئىشقا
كىرىشىپ كەتتى. بۇ كوندۇرۇش ئۇنى خوشال قىلدى. ئۇ ئەمدى
ئوز ئەتراپىدىكى ھاياتنى كورۇشكە باشلىدى. ئۇ ئىپلاس ۋە ئېغىر
ئىشنى ياخشى كورۇپ قىلىدىغان، كېسەل ۋە يارىدارلارغا رەھمى
كېلىدىغان بولدى. ئۇ بىر كۈنى داشاغا مۇنداق دىدى:

—بىزنىڭ ئاللىقانداق ئاللاھىدە، نازۇك ھايات كەچۇرۇشى-
مىز كېرەكلىگىنى كىم ۋە نىمىشقا ئويلاپ چىقاردىكىن؟ ئەسلىنى
سۈرۈشتۈرسەڭ، بىز ئاددى ئايال كىشى، پېشانىمىزگە ساددىراق ئەر
پۈتكەن بولسا، تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاددىراق بولغىنى، كوپرەك بالا
تۇغقىنىمىز ياخشىراق بولار ئىدى...

پاسخا بايرىمىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا دوختۇرخانىدىكى پاسخا بايرىمى تاتلىق يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ بەخت تىلىدى ۋە داشا بىلەن بىللە دوختۇرخانىدا ئىپتا قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئالدىراش ئىچىلىدىغان بىر يىغىنغا قاتناشماقچى بولغان ئىدى، ئەمما ئۇ ئەتىگەن سائەت ئىككىدىن ئوتـ كەندىن كېيىنلا ئاندىن ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ بېرىپ ئاچا-سىڭىللىرىنى كۈتۈۋالدى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا:

—داشانىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئۇيقۇمىز كەلمەيۋاتىدۇ، بىزنى ئاپتوموبىلىڭىزغا سېلىپ، شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ، ئوينىتىپ كەلسىڭىزچۇ،— دەپ ئىلتىماس قىلدى. بۇ مەنىسىز ئىش ئىدى، ئەمما ئۇلار شوپۇرغا بىر ئىستاكان كانياك ئىچكۈزۈپ، خودىنكا دالاسىغا قاراپ كېتىشتى.

ھاۋا يۇزنى ئېچىشتۇرغۇدەك سوغاق ئىدى. ئاسمان تىنىق، يول-تۈزلار چاراقلاپ تۇراتتى. ئاپتوموبىل چاقىنىڭ تېگىدىكى مۇز غىچىرلايتتى. ئاچا-سىڭىل ئىككىلىسى ئاق رومال ئورىۋالغان، كۆلرەڭ جۇۋا كىيىۋالغان. كاتە بىلەن داشا ئاپتوموبىلنىڭ يۇمشاق ئورۇنىدۇغىدا بىر بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشاتتى. شوپۇر بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرغان نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇلارغا پات-پات قاراپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى قارا قاش، كوزلىرى يوغان بولغىنىدىن، بىر بىرىدىن ئاجرىتىش قىيىن ئىدى.

—قايسىڭلارنىڭ مېنىڭ خوتۇنۇم ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەي قالدىم،— دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئاستا.

ئۇلارنىڭ بىرى:

—قېنى تونۇۋالغىنا،— دېدى. ئاچا-سىڭىل كۈلۈشتى.

ناھايىتى كەڭ دالانىڭ ئۈستىدىكى ئاسماننىڭ چەتلىرى

كوكىرىشىكە باشلىغان ئىدى. يىراقتىن كۈمۈش ئورمان قارىيىپ كورۈنەتتى.

داشا پىچىرلاپ:

— كاتيۇشا، ناھايىتى مۇھەببەت قويغۇم كېلىدۇ، — دېدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭ قولىنى ئاستا قىسىپ قويدى. ئورمان توپىسىدە، تاڭ يورۇغىدا بىر يۇلتۇز خۇددى نەپەس ئالغاندەك تاۋلىنىپ چاراقلايتتى.

— ئېيتىمەن دەپ يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ، كاتيۇشا، — دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ كەينىگە بۇرۇلۇپ، — فورونتتىن ۋەكىلىمىز چۇماكوۋ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، گالتسىيىدە ئەھۋالىمىز جىددى ئىمىش. نېمىسلار بىزنىڭكىلەرنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇۋاتقان ئىمىش، پۈتۈن قوشۇن قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. بىزدە بولسا زەمبىرەك يېتىشمەيدۇ... مانا بۇ رەسۋاچىلىقنى قارا...

كاتە يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ، ئۇنچىقمىدى. داشا يۈزىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ ئولتۇردى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ يەنە ئىشنىڭ رەسۋالىغىنى تەكرارلاپ، شوپۇرغا ئۆيگە قايتىشنى بۇيرۇدى.

پاسخا بايرىمىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدە، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا بىتاپ بولۇپ قېلىپ، ئىشقا بارمىدى، ئورۇندا ياتتى. دوختۇر ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلىنى ئېنىقلىدى، شامالداپ قالغان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# 20

—ئىش شۇنداق چاتاق، ئېيتقىلى قورقىدۇ ئادەم.

—ئوتقا قاراپ ئولتۇرۇۋېرەمسە، يېتىپ ئۇخلا.

—ئىش شۇنداق چاتاق... ئېخ، ئاغىنىلەر، روسىيە تۈگەشتى.

ئوگزىسى پاخال بىلەن يېپىلغان لەمپە ئاستىدىكى يېلىنجاپ تۇرغان گۈلخان يېنىدا ئۈچ ئەسكەر ئولتۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرى پايپىمىلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن قوزۇققا ئېسىپ قويىدى ۋە كويۇپ كەتمىسۇن دەپ قاراپ-قاراپ ياتتى؛ ئىككىنچىسى يېپنى يىڭنە بىلەن ئاۋايلاپ تارتىپ، ئىشتىنىنىڭ يىرتىغىنى ياماپ ئولتۇراتتى؛ چوقۇر، يوغان بۇرۇن، شالاڭ قارا ساقاللىق ئۈچىنچى ئەسكەر يەردە بەدەشقان قۇرۇپ، قوللىرىنى پەشمىتىنىڭ يانچۇغىغا تىقىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن دەھشەت كۆزلىرىنى ئوتقا تىكىپ ئولتۇراتتى.

—بۇ يەردە سۈيىقەست بار، ئىش شۇنداق، —دەيتتى ئۇ ئاستا، —بىزنىڭكىلەر سەل ئۈستۈن كېلىشى بىلەنلا، چېكىنىڭلار دېگەن بۇيرۇق بېرىشىدۇ. قىلىدىغان ئىشىمىز يەھۇدىلارنى دەرەخكە ئېسىش بولۇپ قالدى. خىيانەت ئەڭ يۇقۇرقى ئورۇنلاردا...

—ئۇرۇش شۇ قەدەر جېنىمغا تېگىپتۇكى، ئۇنى ھېچقانداق گېزىتتە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيسەن، —دېدى پايپىمىسىنى قۇرۇتۇپ ئولتۇرغان ئەسكەر، ئۇ ئوت ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن ئوتۇن سالدى، —ھۇجۇم باشلايمىز، كېيىن چېكىنىمىز، كېيىن يەنە ھۇجۇمغا

ئوتتۇق، بۇ ئەبلەخلەر يەنە چېكىنىشلار دەپ بۇيرۇدى. چېكىندۇق، ئۆز جايىمىزغا قايتىپ كەلدۇق! نەتىجىسى بولمىدى! — دېدى ئۇ ۋە ئوتقا قاراپ تۇكۇردى.

— بايا جۇڭگۇيې ژادوۋ يېنىمغا كەپتۇ، — دېدى ئىشتىنىنى ياماپ ئولتۇرغان ئەسكەر كۇلۇپ ۋە بېشىنى كوتەرمەي، — كەلسە كەلسۇن، زېرىككەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئۇ چىشىمغا تېگىشكە باشلىدى. نىمىشقا ئىشتىنىڭ يىرتىق، تۇرۇشۇڭ غەلىتە، دەپ ۋاقىراپلا كەتتى. مەن ئۇنچىقمىدىم. ئاغزىمغا بىر مۇشت ئۇردى، پارىڭىمىز شۇنىڭ بىلەن تۇگىدى.

پايتىما قۇرۇتۇپ ئولتۇرغان ئەسكەر جاۋاپ بەردى:

— ئاتاي دېسەڭ مىلتىق يوق. بىزنىڭ توپچىلار لىيەنىمىزدە، ھەر بىر زەمبىرەككە يەتتە تالدىن ئوق قاپتۇ. مۇشتلىشىشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى.

ئىشتىنىنى ياماپ ئولتۇرغان ئەسكەر ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىپ قاردىدە، بېشىنى چايقاپ، — بولدى، بولدى! — دەپ قويدى. كوزلىرى دەھشەت، قارا ساقاللىق ئەسكەر مۇنداق دېدى:

— ئۇلار پۇتۇن ئەل-يۇرتنى ئەسكەرلىككە چاقىرىپ ئېپكەلدى، ئەمدى قىرىق ياشقا كىرگەنلەرنىمۇ ئېلىۋاتقانمىش. بۇنداق نۇرغۇن ئادەم بىلەن پۇتۇن جاھاننى ئالىمەن دېسىمۇ ئالغىلى بولىدۇ. بىز ئۇز بۇرۇچىمىزدىن ۋازكېچىپتۇقمۇ؟ ياق، سەن ئۇز ۋەزىپەڭنى ئورۇنلا، بىزمۇ ئۇزىمىزنىڭكىنى ئادا قىلىشتىن قاچمايمىز.

ئىشتان ياماپ ئولتۇرغان ئەسكەر:

— توغرا...، — دېدى.

— ۋارشاۋا يېنىدىكى جەڭ مەيدانىنى ئوز كوزۇم بىلەن كور-

www.uyghurkitap.com

دۇم، — دەيتتى قارا ساقاللىق، — ئۇ يەردە بەش-ئالتە مىڭ سىبىر ئوقچىلىرى سوزۇلۇشۇپ يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، خۇددى ئورۇلغان ئوتتەك، يەردە يېتىپتۇ. نىمىشقا؟ سەۋەبى نىمە؟ سەۋەبى شۇكى... ھەربىي كېڭەشتە جەڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنىۋاتقاندا بىر جىياڭجۇن ئۇ يەردىن چىقىپ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، بېرلىنغا مەخپىي تېلېگرامما بېرىپتۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ سىبىرىيەدىن كەلتۈرۈلگەن ئىككى جۈنتۈەن ئەسكەر ۋوگزالدىن توپ-توغرا شۇ مەيدانغا ئېلىپ كېلىنىگەن-دە، پىلىموتقا يەم بولغان. سەن بولساڭ ئاغزىمغا بىر مۇشت ئۇردى دەيسەن. مەن بۇرۇن ھارۋا خامۇتىنى چاتاقراق سالغىنىمدا ئاتام كېلىپ، ئۈستىگە كاچات ئۇرۇۋېتەتتى، توغرىمۇ قىلاتتى، نىمىشقا دىسەڭ، پىششىق بول، ئادەم بول دەيتتى. ئەمما سىبىر ئوقچىلىرىنى نىمە سەۋەپتىن قىرىۋېتىشتى؟ روسسىيىنىڭ شورى قۇرۇدى، ئاغىنىلەر، ھەممىمىزنى سېتىۋېتىشكەن، راست ئېيتىمەن. بىزنى سېتىۋەتكەن ئادەممۇ ئۆزىمىزنىڭ دىخنىمىز، مەن بىلەن يېزىداش، پوكروۋسكوي يېزىسىلىق بىر تېجىمەل دەيدۇ. ئېتىنى تىلىمغىمۇ ئالغۇم كەلمەيدۇ... ئۆزى ساۋاتسىز، شۇم، شىرىن تاماق، ئىش ياقماس، ئات ئوغرىسى، يېزىمۇ-يېزا تەمتىرەپ يۈرىدىغان خوتۇنباز، ھاراقكەش ئادەم... ئەمدىلىكتە شۇ ئادەم پېتېربۇرگدا پادىشاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانىمىش، مىنىستىرلار، جياڭجۇنلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەرمىش. بىز بۇ يەردە ئەدىۋىمىزنى يىمەكتىمىز، مىڭلاپ-مىڭلاپ ئۆلۈكلەر قارا يەردە قالماقتا، ئەمما ئۇلارنىڭ پېتېربۇرگدىكى ئۆيلىرىنى ئېلېكتىر چىراقلىرى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، قىلمىشلىرى — يېيىش، ئىچىش، كەيپ-ساپا سۈرۈش...

ئۇ سوزىنى بىردىن توختاتتى. ئەتراپ جىم، نەم ئىدى، ئاتخانىدا ئاتلار كورسىلدىتىپ ئوت يىمەكتە ئىدى، ئاتلارنىڭ بىرى تامنى تەپتى. تام كەينىدىن بىر قۇش ئۇچۇپ چوغ ئۇستىگە چۈشتى-دە، چىر-چىر قىلغىنىچە قاراڭغۇلۇقتا ئۇچۇپ غايىپ بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇزاقتىن ئاسماندا قانداقتۇر بىر ئاۋاز پەيدا بولدى، بۇ ئاۋاز، تۇمشۇغى بىلەن قاراڭغۇلۇقنى يىرىپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچقا ئوخشاش، ئۇچۇپ كەلدى-دە، نەگىدۇر بىرىپ چۈشتى، ئاتخانىنىڭ نىرىقى تەرىپىدە پارتلاپ، يەر لەرزىگە كەلدى. ئاتلار يۈگەنلىرىنى تارتىپ، ئۇركۈپ كەتتى. ئىشتىنىنى ياماپ ئولتۇرغان ئەسكەر قورقۇنچ بىلەن:

— مانا بۇنى راسا ئاتتى-دە!—دىدى.

— ئەنە ئۇنى زەمبىرەك دەيدۇ!

— توختىغىنا!

ئۇچەيلەنلا بېشىنى كوتىرىشتى. يۇلتۇزسىز قاپ-قاراڭغۇ ئاسماندىن يەنە ئىككىنچى تاۋۇش پەيدا بولۇپ، ئىككى مىنۇتچە غىڭىلداپ كەلدى-دە، ئۇينىڭ نىرىقى يېنىغا چۈشۈپ پارتلىدى، يەر يەنە لەرزىگە كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچىنچى زەمبىرەك ئوقىنىڭ كېلىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ تاۋۇشى يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان ئوزىگە تارتىدىغان بىر تاۋۇش ئىدى... ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرىگى ئۇرۇشتىن توختايتتى... قارا ساقاللىق ئەسكەر ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىگە داجىشقا باشلىدى. توپىدىن گۈلدۈرماما ئۇرغاندەك گۈلدۈرلەپ قارا ئارىلاش ئوت تۈۋرۈگى كوتىرىلدى.

تۈۋرۈك يوقالدى، گۇلخان يېنىپ تۇرغان، ئەتراپىدا ئادەملەر ئولتۇرغان يەر ئەمدى يوغان ئورا بولۇپ قالغان ئىدى. لەمپىنىڭ

ئۆرۈلۈپ تۇرغان تام توپىسىنى ئوت ئېلىپ، پاخال ئۆگزىسىنى ئىس-تۈتەك بېسىشقا باشلىدى. يالقۇن ئىچىدىن يايلى ئۇزۇن بىر ئات خارتىلدىغىنىچە چىقىپ، قاراڭغۇدا خىرە قارىيىپ كۆرۈنگەن قارغايلىققا قاراپ چېپىپ كەتتى.

تۇزلەڭلىكنىڭ ھەرە چىشىدەك قىرلىرىدا بولسا ئوت يالقۇنلىرى بىر كۆرۈنۈپ، بىر ئۆچۈپ تاۋلىناتتى، زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن راكېتىلار ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقاتتى، ئۇلارنىڭ ئوتى ئاستا تۆۋەنلەپ، قاپ-قارا، نەم يەرنى يورۇتاتتى. زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەپ ۋە غىڭىلداپ، ئوق ئاسماننى يېرىپ ئۆتەتتى.

# 21

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ئۆيدىن سەل نېرىراقتىكى ھەربى ئەمەلدارلار كەمىسىدە داۋېي تيوتكىننىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالغانلىغى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇسولسكى قوشۇننىڭ لېيەنلىرىدىن بىرىنىڭ ئەپىتسەرلىرىگە زىياپەت بېرىلىۋاتقان ئىدى. چوڭقۇر قىلىپ كولانغان، ئۈستى مەھكەم يېپىلغان، تورۇسى پاكار كەمىنى ئىستاكانلارغا ئورنىتىلغان شام چىراقلار يورۇتۇپ تۇراتتى. كەمىدە ئۈستەل ئەتراپىدا سەككىز ئەپىتسەر، كوچىمە دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان بىر دوختۇر ھەم ئۈچ ھەمشىرە ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇلار ھاراقنى ناھايىتى كوپ ئىچىشكەن ئىدى. بەختلىك ئاتا

داۋېي تيوتكىن ئۆزىنى تاماق قالدۇقلىرى بىلەن تولغان تەلەڭگىگە قويۇپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ پاسكىنا قولى پارقىراق بېشى ئۈستىدىن ئېسىلىپ چۈشكەن ئىدى. دىمىقتىلىقتىن، ئىچىلگەن ئىسپىرتتىن ۋە شاملارنىڭ پىلىلداپ تۇرغان يورۇغىدىن ھەمشىرىلەر خۇيما مۇلايىم كورۇنەتتى، ئۇلار كولرەڭ كوينەك كىيگەن، بېشىنى كۆلرەڭ رومال بىلەن تېڭىۋالىغان ئىدى. ئۇلاردىن بىرسىنىڭ ئېتى مۇشكا بولۇپ، ئىككى چىككىسىدىكى قاپ-قارا چاچلىرى بۇدۇر قىلىپ قويۇلغان ئىدى، ئۇ توختىماي كۆلەتتى، كۆلگىنىدە ئاپپاق تامىغى كورۇنۇپ تۇراتتى، ئىككى يېنىدا ۋە ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئەرلەر زوقلىنىپ، ئۇنىڭ تامىغىغا كوزلىرىنى تىكىپ ئولتۇراتتى. يۈزى ئالمىدەك قىپ-قىزىل، ماريە ئىۋانوۋنا دىگەن تولۇقتەك بىر جۇگان جىپسىلار ناخشىلىرىنى كېلىشتۇرۇپ ئېيتاتتى. تولپەتتەكلەر زوقلىرى ئېشىپ كەتكىنىدىن، ئۈستەل ئۈستىنى ئۇرۇپ، "ئاھا، تۇرمۇشىمىز ئەجەپمۇ تۇرمۇش-تە!" دىيىشەتتى. جوگانىلارنىڭ ئوچىنچىسى يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئىدى. شام شوللىرى ئۇنىڭ كوز قارچۇغىلىرىدا ئۇششاق-ئۇششاق پىلىلداپ كورۇنەتتى، قويۇق ئىس ئىچىدە ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى ئاپپاق بولۇپ كورۇنەتتى، جۇڭۋېي ژادوۋنىڭ چىرايى بولسا دەھشەتلىك، ھەم گۈزەل كورۇنەتتى. ژادوۋ يەلكىلىرى كەڭ، سېرىق چاچلىق، ساقال-بۇرۇتى قىرىلغان، كوزلىرى پارقىراق كىشى ئىدى. ئۇ تاسما پوتا باغلىغان قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇراتتى، كەينى-كەينىدىن ھاراق ئىچەتتى ۋە ئىچكەنسېرى يۈزىدىن رەڭگى ئوچەتتى. قارا چاچ مۇشكا قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن كۈلگەندە، ماريە ئىۋانوۋنا قولىغا گىتارنى ئېلىپ پۇرلىشىپ كەتكەن ياغلىغى بىلەن يۈزىنى ئېرتىپ، كوكرەكتىن چىققان يوغان

www.uyghurkitap.com

ئاۋازى بىلەن «مەن مولداۋىيە قىرلىرىدا تۇغۇلدۇم...» ناخشىسىنى باشلىغاندا، ژادوۋ ئاغزىنىڭ بىر چېتى بىلەن ھىجىيىپ، ئۆزىگە يەنە ھاراق قۇياتتى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭ قورۇقسىز، پاك يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ژادوۋ يېلىزاۋېتا كىيېۋنانى ئەرزىمىگەن ۋە ئەھمىيەتسىز گەپلەر بىلەن مەشغۇل قىلىپ ئولتۇراتتى؛ گەپ ئارىسىدا ئۆز قوشۇنىدا خىزمەت قىلىدىغان داۋىي مارتىنوۋ دىگەن ئادەمنىڭ تەقدىرچىلىك تەرەپدارى دەپ نام چىقارغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى؛ ھەقىقەتتىمۇ، مارتىنوۋ كانىياك ئىچىپ، تۈن قاراڭغۇلۇقىدا تىكەنلىك سىم توساقتىن نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ، نېمىس ئاكوپلىرىنىڭ ئالدىغا بارىدىكەن-دە، تۈت تىلدا نېمىسلارنى تىللاپ-تىللاپ قايتىدىكەن؛ يېقىندا ئۇنىڭ بۇ قەھرىمانلىقى بېشىغا چىقىپتۇ: قوسىقىغا ئوق تېگىپتۇ. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بىر ئۇھ تارتىپ، داۋىي مارتىنوۋ مەرت، قەھرىمان ئادەم ئىكەن، دىدى.

— كەچۈرىسىز، بۇ دۇنيادا قارا نىيەتلەر ۋە ئەخمەقلەر بار، لېكىن قەھرىمانلار يوق، — دىدى ژادوۋ كۈلۈپ.

— خوپ، سىزنىڭ ئاتاكىغا بېرىشىڭىزمۇ قەھرىمانلىق ئەمەسمۇ؟

— بىرىنچىدىن، ئاتاكىغا ھېچكىم ئۆزلىرى خالاپ بارمايدۇ، ئاتاكىغا بېرىشقا مەجبۇر قىلىشىدۇ، ئاتاكىغا بارىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قورقىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆز خاھىشى بىلەن جېنىنى ئايىمايدىغانلارمۇ بار، بۇ كىشىلەر ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئۈگىنىپ قالغان، ئادەم ئۆلتۈرمىسە تۇرالمايدىغان كىشىلەردۇر، — ژادوۋ قېتىپ كەتكەن تىرناقلىرى بىلەن ئۈستەلگە ئۇردى، — راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كىشىلەر ھازىرقى زامان روھىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى باسقۇچىدا تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.

ئۇ لىپ قىلىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇستەلنىڭ نېرىقى بېشىدىن بىر قۇتا تاتلىق يەل-يېمىش ئېلىپ، يېلىزاۋېتا كېيېۋناغا تۇتتى.

— ياق، ياق، كوڭلۇم خالىمايدۇ، — دېدى يېلىزاۋېتا كېيېۋنا؛ ئۇ پۇتۇن بەدىنى بوشىشىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئورۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، — ئېيتىڭا سىزچۇ؟

ژادوۋنىڭ پىشانىسى تۈرۈلدى، بىردىن يۈزىنى قورۇق باستى، ئۇنىڭ يۈزى قېرى كىشىنىڭ يۈزىگە ئوخشاپ كەتتى.

— نىمە ئۇ سىزچۇ دىگىنىڭىز، — دېدى ئۇ جىددىيلىك بىلەن، — تۈنۈگۈن ئۇينىڭ ئارقىسىدا بىر يەھۇدىنى ئېتىپ تاشلىدىم. شۇنداق قىلىشىم ياخشىمۇ ياكى ياخشى ئەمەسمۇ، شۇنى بىلمەكچىمۇ سىز؟ شۇمۇ گەپ بوپتۇ-دە!

ژادوۋ ئوتكۈر چىشلىرى بىلەن تاماكا چىشلەپ تۇرۇپ سەرەڭگە چاقتى، سەرەڭگە تۇتقان ياپىلاق بارماقلىرى قاتتىق ئىدى، لېكىن تاماكىغا ئوت تەگمىدى، يانمىدى.

— مەن مەس بولۇپ قالدىم، كەچۈرەرسىز، — دېدى ئۇ ۋە يېنىپ تۇگىگەن سەرەڭگىنى تاشلىدى، — يۈرۈڭ، تاشقىرىغا، ئوچۇق ھاۋاغا چىقايلى.

يېلىزاۋېتا كېيېۋنا خۇددى ئۇيقۇدىن تۇرغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن گەمىنىڭ تار ئىشىگىگە قاراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەس بولغاندىن كېيىنكى ئاۋازلار ئاڭلاندى. مارىيە ئىۋانوۋنا گىتارنىڭ تارلىرىنى چېكىپ، «ئىشرەت كېچىسى ئەۋجىگە چىققاندا...» ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

تاشقىرى جىمجىت ۋە قاراڭغۇ ئىدى، كوكلەم شامىلى چىرىگەن

يوپۇرماقلارنىڭ پۇرىغىنى كەلتۇرەتتى. ژادوۋ ئىككى قولىنى يانچۇ-غىغا سېلىپ، ھول ئوت ئۈستىدىن ئىلدام مېڭىپ باراتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭ كەينىدىن ھىجىيىپ باراتتى. ژادوۋ بىردىنلا توختاپ، كەسكىنلىك بىلەن سورىدى:

— ھە، قانداق؟

يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ قۇلاقلىرى قىزىرىپ، يېنىپ كەتتى. تامىغى بوغۇلۇپ ئاڭلىنار-ئاڭلانماس:

— بىلمىدىم...، — دېدى.

— يۈرۈڭ! — ژادوۋ قارىيىپ تۇرغان لەمپىنىڭ ئارقىسىنى كور-سەتتى. بىرنەچچە قەدەم يۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە توختىدى-دە، مۇزدەك قولى بىلەن يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ قولىدىن قاتتىق تۇتتى.

— مەن ناھايىتى پالۋان ئادەممەن، — دېدى ئۇ بىردىن قىزىپ كېتىپ، — يەنە تېيىنلىق كۈمۈش ۋە مىس تېيىنلارنى پۈكۈپ تاشلايمەن. ھەركىمنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىغىنى بىلىمەن... ئۇلارنى كورىدىغان كوزۇم يوق! — ئۇنىڭ يادىغا بىر نەرسە كېلىپ قالغان-دەك، گېپى بولۇندى، كېيىن يەرنى تەپتى، — ھى-ھىلار، ھا-ھالار، ناخشىلار، غەيۋەتلەر — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپلاسلىق! ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېسىق قىغ ئىچىدە يۈرگەن قوڭغۇزدىن پەرق قىلمايدۇ... مەن ئۇلارنى دەسسەپ ئولتۇرىمەن... ماڭا قاراڭ... مەن سىزنى ياخشى كورمەيمەن، ياخشى كورەلمەيمەن! ھېچبىر ياخشى كورەلمەيمەن... سىز غادىيىپ كەتمەڭ... ئەمما سىز ماڭا كېرەك... بىراۋغا باغلىنىپ قېلىشنى، بېقىندا بولۇپ قېلىشنى يامان كورىمەن... گېپىمنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك... — ئۇ ئىككى قولىنى يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ قولتۇغىدىن ئوتكۈزۈپ، ئۇنى ئوزىگە قاتتىق تارتتى-دە،



www.uyghurkitap.com

چوغدەك لەۋلىرىنى ئۈنىڭ يۈزىگە باستى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۈنىڭ قۇچىغىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇندى، بىراق ژادوۋ ئۇنى شۇنداق قىستىكى، بەدىنى غىرىسلاپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، پۈتۈن تېنى بىلەن ئۈنىڭ قولىدا ئېسىلىپ قالدى.

— سىز باشقىلارغا، ئەنە شۇلارغا ئوخشىمايسىز، — دىدى ژادوۋ، — مەن سىزگە ئۆگىتىپ قويىمەن... — ئۇ بىردىن جىم بولۇپ قالدى، بېشىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتەردى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بارغانسېرى كۈچىيىپ غىڭشىلدىغان ئاۋاز كېلىۋاتقان ئىدى.

— ۋاي، ئاتاڭغا لەنەتەي، — دىدى ژادوۋ چىشىنىڭ ئارىسىدىن.

خۇددى شۇ ۋاقىتتا يىراقتا گۈلدۈرلەپ زەمبىرەك ئوقى پارتىلىدى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بوشاشقا يەنە تىرماشقان ئىدى، ژادوۋ ئۇنى يەنە قاتتىقراق قىستى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا جان ئاچچىغىدا:

— قويۇۋېتىڭ! — دەپ توۋلىدى.

يەنە بىر زەمبىرەك ئوقى پارتىلىدى. ژادوۋ تېخىچىلا بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى، بىراق بىردىنلا يېقىن بىر يەردە، ئۇلار تۇرغان لەمپىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قارا ئىس كۆتىرىلىپ، پارتىلاش دولقۇنى لاپىلداپ كۆيۈشكە باشلىغان پاخاللارنى ئاسمانغا سورۇۋەتتى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ھىلىقى ئەپتىسەرنىڭ قۇچىغىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى-دە، گەمە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

گەمىنىڭ ئىشىگىدىن ئەپتىسەرلەر ئالدىراپ چىقماقتا ئىدى ۋە يالقۇن قاپلىغان لەمپىگە كۆز سېلىپ، يالقۇن يورۇتقان يەرنىڭ ئويمان-چوڭقۇرلىرىدىن سەكرەپ، بەزىلىرى ئاكوپ كولانغان كىچىك ئورمانغا، بەزىلىرى ئالدىنقى ئىستىھكاملارغا ئېلىپ بارىدىغان

www.uyghurkitap.com

خەندەكلەرگە يۇگۇرۇپ باراتتى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە، توپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا نېمىس توپلىرى گۇمبۇرلەيتتى. نېمىسلار ئىككى تەرەپتىن ئوقنا تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى؛ ئوڭ تەرەپتىن كوۋرۇك، سول تەرەپتىن ئوسولىسكى قوشۇنىنىڭ لىيەنلىرىدىن بىرى تۇنۇگۇن دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئىگەللىگەن قورغانغا ئېلىپ بارىدىغان ئوتتۇش جاي ئوقنا تۇتۇلغان ئىدى. رۇس توپچىلىرىمۇ زەمبىرەك ئوقىغا تۇتۇلماقتا ئىدى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ژادوۋنىڭ يالاڭۋاشتاق ۋە ئىككى قولىنى يانچۇغىغا سالغان ھالدا دالا ئارقىلىق توپ-توغرا پېلىموت تۇرغان تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ تۇراتتى. ئۇ قەدەم تاشلىغان جايدىن توساتتىنلا ئىس ئارىلاش يالقۇن كوتىرىلدى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا كوزلىرىنى يۇمدى. ئۇ كوزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، ژادوۋ سولراق تەرەپتە ئىككى جەينىكىنى كېرىپ، تېخىچىلا كېتىپ باراتتى. يېلىزا-ۋېتا كىيېۋنانىڭ يېنىدا دۇربۇن تۇتۇپ تۇرغان داۋېي تيوتكىن ئاچچىق بىلەن دەيتتى:

— بۇ قورغاننىڭ بىزگە نىمە كېرىگى بار دەپ ئېيتمىغانمىدىم! مانا ئەمدى پۇتۇن ئوتتۇش جايىمىزنى ئاغدۇرۇپ، ئاستىنى ئۇستىگە كەلتۇردى. ۋاي، ئەبلەخلەرەي! — ئۇ يەنە دۇربۇن بىلەن قاراشقا باشلىدى، — ۋاي ئەبلەخلەرەي، توپ-توغرا قورغاننى مولچەرلەپ ئېتىۋاتىدۇ يا! ئالتىنچى لىيەنگە ئۇۋال بولدى-دە. ۋاي ئەتتەڭەي! — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ گەجگىسىنى تاتىلىدى، — شلەپكىن!

— لەببەي، — دەررۇ جاۋاپ بەردى پاكارغىنا، بۇرنى يوغان، پاپاق كىيگەن بىر كىشى.

— قورغان بىلەن سوزلەشتىڭىزمۇ؟

— ئالاقه ئۈزۈلگەن.
— سەككىزىنچى لىيەندىكىلەرگە ئېيتىڭ، — قورغانغا ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتسۇن.
— ماقۇل! — دىدى شلەپكىن قولىنى چېكىسىدىن ئېلىپ، ئىككى قەدەم نېرى باردى-دە، توختىدى.
— جۇڭگۇۋېي شلەپكىن! — غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن يەنە چاقىردى داۋېي.
— لەببەي!
— مەرھەممەت قىلىپ، بۇيرۇقنى ئورۇنلاڭ!
خوپ، — شلەپكىن سەل نېرىراق بېرىپ بېشىنى ئېگىپ، ياغاچ بىلەن يەرنى كولاپ تۇردى.
— جۇڭگۇۋېي شلەپكىن! — ۋاقىرىدى داۋېي.
— لەببەي!
— سىزگە ئېيتىۋاتقان گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟
— چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن.
— بۇيرۇغۇمنى سەككىزىنچى لىيەنگە يەتكۈزۈڭ. ئۇز نامىڭىزدىن بۇيرۇقنى ئورۇنلىماڭلار دەپ ئېيتىڭ. ئۇلارمۇ ئەخمەق ئەمەس، ئۇ ياققا ئادەم ئەۋەتسە، ئۇن بەشچە ئادەمنى ئوتتۇش جايىغا ئەۋەتىشسۇن، ئوق ئېتىپ تۇرۇشسۇن. شىبۇغا دەرھال خەۋەر قىلىڭ: سەككىزىنچى لىيەن ئوتتۇش جايىدىن قەھرىمانلىق بىلەن ئوتتۇۋاتىدۇ، دەڭ. قانچىلىك قۇربان بەردىڭلار دىسە، ئالتىنچى لىيەندىن قۇربان بولغانلارنى كورسىتىمىز. بېرىڭ. ھە، قىز، سىز بۇ يەردىن چاپسان كەتىسىڭىزچۇ، — دىدى ئۇ يېلىزاۋېتا كىيېۋناغا قاراپ، — بۇ يەردىن ھازىر يوقىلىڭ، زەمبىرەك ئوقىغا تۇتۇش ھازىرلا باشلىنىدۇ.

دەل شۇ چاغدا، زەمبىرەك ئوقى ۋىژىلداپ ئۆتتى-دە، يېقىن بىر يەرگە چۈشۈپ پارتلىدى.

# 22

ژادوۋ پىلىموت توسىغىدىكى چوڭقۇرغا جايلىشىۋېلىپ، جەڭگە دۈربۈندىن قىزغىن قاراپ ياتاتتى. توساق دەرەخلىك توپىلىكنىڭ باغرىغا جايلاشقان ئىدى. توپىلىكنىڭ ئېتىكىدىن ئاقىدىغان دەريا ئۇنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى؛ ئوڭ تەرەپتە ھازىرلا ئوت كېتىشكە باشلىغان كوۋرۇكنى ئىس بېسىپ كەتكەن ئىدى؛ ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە، ئوت بېسىپ كەتكەن سازلىقتىكى قىڭغىر-قىيشىق ئاكوپلاردا ئۇسولسىزلىقلارنىڭ بىرىنچى لىيەنى جايلاشقان، ئۇلارنىڭ سول تەرىپىدە، قومۇشلۇقتىن ئاقىدىغان كىچىك سۇ دەرياغا بېرىپ قۇيۇلاتتى؛ تېخىمۇ سول تەرەپتە، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە قورغاننىڭ ئۈچ بىناسىنى يالقۇن بېسىپ ياتماقتا؛ قورغاننىڭ نېرىقى تەرىپىدە بۈرجىكى سوزۇلۇپ چىققان ئاكوپلاردا ئالتىنچى لىيەن ياتاتتى. ئالتىنچى لىيەندىن ئۈچ يۈز قەدەمچە نېرىدىن باشلانغان نېمىس ئاكوپلىرى ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇزاقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرەخلىك توپىلىكلەرگىچە يېتىپ باراتتى.

ئىككى يانغىننىڭ يالقۇنىدا دەريا قىپ-قىزىل بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئۈستى-ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرىدىن دەريا سۈيى قايناپتتى، فونتان بولۇپ ئاسمانغا چاچرايتتى، ئۇنى قاپ-قارا ئىس

كومۈۋەتكەن ئىدى.

قورغان زەمبىرەك ئوقلىرىغا ھەممىدىن كۆپرەك تۇتۇلغان ئىدى. لاۋىلداپ يېنىپ تۇرغان ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىدە چاچما ئوقلار پارتلايتتى، ئاكوپلارنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرى ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتەتتى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىن، قومۇشلۇق ۋە ئوت-چۆپلەر ئارىسىدىن مىلتىق ئوقلىرى ئۇچۇپ چىقاتتى.

ئېغىر زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ گۈلدۈر-گۇپپاڭ پارتىلىشى ئالەمنى لەرزىگە سالاتتى. دەريا ئۈستىدە، بۇ تەرەپتىكى ئوتلاق ئۈستىدە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى لىيەنلەرنىڭ ئاكوپلىرى ئۈستىدە گۇم-گۇم قىلىپ چاچما ئوقلار يېرىلاتتى. توپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا جايلاشقان ئون ئىككى نېمىس توپى توختىماي گۈلدۈرلەيتتى. رۇس قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى توپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىغا قاراپ ئۇچۇپ ئوتەتتى. بۇ ئاۋازلار قۇلاقلارنى پۈتتۈرەتتى، كوكرەكنى ئېزىۋېتەتتى، كىشىنىڭ قەھرۇ-غەزىۋىنى قوزغايتتى.

بۇ ھال ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلدى. ژادوۋ قاراڭغۇدا پارقىراپ كورۈنىدىغان سائىتىگە قارىدى: سائەت ئىككى يېرىم بولغان، دىمەك، تاڭ ئاتىدىغانغا ئاز قالدى، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.

ھەقىقەتەن، توپلارنىڭ ئېتىلىشى كۈچەيدى، دەريا سۈيى يەنە كوپرەك قايناپ كوۋۈكلىشىشكە باشلىدى، زەمبىرەك ئوقلىرى كېچىككە ۋە بۇ تەرەپتىكى توپىلىكلەرگە كېلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بەزى چاغلاردا يەر ئۈستى بىر خىل ئاۋاز بىلەن لەرزىگە كېلىپ، تەۋرەيتتى. يوشۇرۇن ئورۇن تاملىرىدىن، تورۇستىن توپا ۋە تاشلار شىرىلداپ توكۈلەتتى. ئەمما، كويۈپ بولغان قورغان مەيدانى جىم بولۇپ قالاتتى. يىراقتىن ئۈشتۈمتۈتلا دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئۇنلاپ

راكېتا ئاسمانغا يېنىپ چىقتى، پۈتۈن ئەتراپ خۇددى ئاپتاپ يورۇت-
قاندەك بولۇپ كەتتى. راكېتىلار يېنىپ بولغاندا، ھەممە ياقنى
بىرنەچچە مىنۇت قاراڭغۇلۇق باستى. نېمىسلار ئاكوپلاردىن چىقىپ،
ئاتاكا باشلىدى.

تاڭ يېڭىدىن يورۇشقا باشلىغان چاغدا ژادوۋ يىراقتىكى ئوتلاق-
تىن گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ يەرگە يېتىپ بىر بىردىن ئوتۇشۇپ
كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ قالدى. قورغان تەرىپىدىن ئۇلارغا
بىرمۇ ئوق ئېتىلمىدى. ژادوۋ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— ئۇلارغا قارىتىپ ئوت ئاچ! — دەپ ۋاقىرىدى.

پىلىموتتىن قاتتىق ئوق چىقىرىلدى — قوغۇشۇن ئوقلار ياغدۇ-
رۇلدى. ئوتلاقتىن كېلىۋاتقانلار تېخىمۇ ئىلدامراق يۈگۈرۈشكە
باشلىدى، بەزىلىرى يەرگە يېتىۋالدى. ئەمما ئەمدى پۈتۈن ئوتلاقنى
ھۇجۇمغا ئۆتكەن نېمىسلار قاپلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى
ئالتىنچى لىيەنىنىڭ بۇزۇلغان ئاكوپلىرىغا يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى.
بۇ يەردە بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىرتالاي ئادەم يىغىلىپ قالدى.

قورغان ئۈچۈن بولغان بۇ جەڭ بىرنەچچە يۈز چاقىرىمغا سوزۇل-
غان فۇرونت بويلاپ باشلانغان ھەمدە ئىككى تەرەپتىن يۈز مىڭلاپ
قىرىۋېتىلگەن چوڭ جەڭنىڭ زەررىچىلىك قىسمى ئىدى.

رۇسلار دەريا ئارقىلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرا كېلىپ قالسا
ئۆزىمىزگە مۇداپىئە ئورنى قىلارمىز دەپ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى شۇ
قورغاننى قولغا كىرگۈزگەن ئىدى. نېمىسلار بولسا قورغاننى —
ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش پونكىتلىرىنى دەرياغا يېقىنراق جايغا ئورنىتىش
مەقسىتىدە ئالماقچى بولغان، بۇ ئىككى خىل مەقسەت — نېمىس
ۋە رۇس شتابلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇلار-

نىڭ باھار ئۇرۇشى توغـرىسىدىـكى ئىستىراتېگىيىلىك پىلانـلىرىغا كىرەتتى.

رۇس ئارمىيىسىنىڭ شىجاڭى دوبرووۋ (ئەسلىدە ئۇنىڭ پەمىلىسى رۇس پەمىلىلىرىدىن ئەمەس ئىـدى، پادىـشانىڭ رۇخسـىتى بىلەن بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى ئۆز پەمىلىسىنى دوبرووۋ قىلىپ ئۆزگەر-تىـۋالـغان ئىـدى)، ئۇسولسكى قوشۇنىـنىڭ جايىـغا نېمىسـلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلگەندە، ئۇ قارت ئويناپ ئولتۇرغان ئىدى.

جياڭجۇن قارتىنى تاشـلاپ، بىرنەچچە ھەربى ئەمەلـدار ھەمدە بىرنەچچە فۇگۇەن بىلەن زالغا چىقىشتى، زالـدا، ئۈستەل ئۈستىدە نۇرغۇن خەرىتە تۇراتـتى. فىرونتتىن ئوتۇش جاي ھەمدە تۇۋرۇك-نىڭ ئوققا تۇتۇلۇۋاتقانلىغى توغرىسـىدا خەۋەرلەر كېـلىپ تۇراتتى. ئۇ نېمىسلارنىڭ، يەنى جياڭجۇن تۈزگەن مەشھۇر ھۇجۇم پىلانىنىڭ مەركىزى جايىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىغىنى بىلدى، بۇ پىلان جۇن-تۇەن سىلىڭبۇسى تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ، جۇنجاڭنىڭ تەستىقلىـشىغا سۇنۇلغان ئىـدى. ھازىر بولسا نېمىـسـلار قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ پىلانىنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان ئىدى.

تېلېفون ئارقىلىق مىنۇت ئوتـمەي كېـلىپ تۇرغان خەۋەرلەر بۇ خەۋپنى بارغانسېرى كۈچەيتمەكـتە ئىدى. جياڭجۇن مۇشـتۇمدەك بۇرنىدىن كوزەينەكنى ئېلىپ، قولىدا ئويناپ تۇرۇپ، ئاستا ئەمما قەتئى ئاھاڭ بىلەن دىدى:

ــ ياخشى! مەن ئىگەللىـگەن جايىمـدىن بىر قەدەمـمۇ ئارقـىغا چېكىنمەيمەن.

قورغاننى مۇداپىئە قىلىش چارىلىرى توغرىسىدا شۇ زامان خاتىرە

تېلېفون بېرىلدى. زاپاستا تۇرغان ئۇچىنچى نوۋەتتىكى كوندراۋىنس-كى قوشۇنىغا ئىككى يېڭ ئەسكەرنى كېچىككە تيوتىكىنغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. شۇ چاغدا ئىنغىر توپ كوماندىرىدىن ئوقىنىڭ ئاز قالغانلىقى، بىر زەمبىرەكنىڭ كاردىن چىقىرىلغانلىقى ۋە دۈشمەننىڭ مولدۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقىغا جاۋاپ بېرىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ قالدى.

بۇ خەۋەرگە جاۋابەن جياڭجۇن دوبرووۋ يېنىدىكىلەرگە جىددى يوسۇندا قاراپ:

— خوپ ياخشى. زەمبىرەك ئوقلىرى تۈگەپ قالسا قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن ئۇرۇشىمىز، — دېدى ۋە قىزىل ياقىلىق كۆلرەڭ ھەربىچە كىيىمىنىڭ يانچۇغىدىن ئاپپاق پاختىدەك ياغلىق چىقىرىپ، كوزەينەكنى سۈرتتى-دە، خەرىتىگە ئىگىشتى.

ئىشىك يېنىدا توق بېغىررەڭ كاستۇم كىيگەن كىچىك فۇگوەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر بايراقچىسى بۇبروۋىسكى پەيدا بولدى.

— جانابى ئاللىرى، — دېدى ئۇ چىرايلىق ئاغزىنىڭ ئۇچى بىلەن ھىجىيىپ، — داۋېي تيوتكىن دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك ئوق ياغدۇرۇ-شىغا قارىماي، سەككىزىنچى لېيەن ئوتۇش جايىدىن مەرتلىك بىلەن ئوتۇۋاتىدۇ دەپ خەۋەر قىلىدۇ.

جياڭجۇن كوزەينىكى ئۈستىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەر بايراقچىسىغا قارىدى، لەۋلىرىنى تەمشىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ياخشى.

ئۇنىڭ روھى كوتىرەڭگۇ بولسىمۇ، فرونتتىن كېلىۋاتقان خەۋەر-لەر بارغانسىرى كىشىنى ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى. كوندراۋىنسكى

تۆەنى ئۇتتۇش جايىغا يېتىپ باردى، خەنــدەك كولاپ، يېتىپمۇ ئال-
دى. سەككىزىنچى ليەن هامان مەرتلىك بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرسىمۇ،
دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتەلــمەيتتى. زەمبىرەكچىــلەر يېڭىنىڭ
يېڭىجاڭى داۋېــي ئىسلامبېكوۋ ئىككى زەمبىرىگى ئىشــتىن چىققانلى-
غى ۋە زەمبىرەك ئوقلىرى ئاز قالغانلىغى توغرىسىدا خەۋەر قىلدى.
ئۇسولسكى تۆەنىنىڭ بىرىنــچى يىڭ يېڭــجاڭى شاڭشــياۋ بوروزدىن
جەڭ مەيدانىنىڭ ئوچۇقچۇلۇغى ئارقىســدا ئىككــىنچى، ئۈچىنچى ۋە
تۆتىنچى ليەنلەر كوپ زىيانغا ئۇچرىغانلىغىدىن، يە دۈشــمەن ئۈس-
تــىگە ئوچۇق هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بىتــچىت قىلىپ تاشــلاشــقا، يە
بولمىسا ئورمان ياقىسىغا چېكىنىشكە رۇخسەت سورايتتى. قورغانــنى
ئىگەللەپ تۇرغان ئالتىنچى ليەندىن بولسا هېچ خەۋەر يوق ئىدى.
كېچىــسى سائەت ئىكــكى يېرىــمــدا هەربى كېڭەش چاقىرىلــدى.
جياڭجۇن دوبروۋ، ئوز ئىختىيارىمىدىكى قوشۇنــنى باشــلاپ هۇجۇمغا
ئوتسەم ئوتىمەنكى، قولغا كىرگەن ئىستىهكامىمىنىڭ بىر غېرىچچىلى-
گىنىمۇ بەرمەيمەن، دىدى. شۇ چاغدا ئالتىنچى ليەنــنىڭ پۇتۇنلەي
قىرىلىپ كەتكەنلىگى ۋە قورغاننىڭ قولدىن كەتكەنلــگى توغرىسىدا
خەۋەر كېلىپ قالــدى. جياڭجۇن سۇرۇپ ياغلىغىــنى قولىدا قاتتىق
مىجىقلاپ، كوزلىرىــنى يۇمدى. سەنــمۇجاڭ سۇخېچىن شاڭشــياۋ كەڭ
مۇرىــســنى كوتەردى ۋە قارا ساقاللــىق سېمىز يۈزىنى قــىزارتىپ،
بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن دىدى:
ـــ جانابى ئالــلىرى، مەن سىزگە جەڭ مەيدانــنى ئوك قىرغاق-
قا كوچۇرۇشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىگــنى بىرنەچچە مەرتىۋە ئېيتقان
ئىدىم. ئوتتۇش جايىنىڭ يېنىدا ئىككى، ئۈچ، ياكى توت يىڭ ئەسكە-
رىمىز قۇربان بولۇشى مۇمكىن، قورغاننى قايــتۇرۇۋالــغان هالەتتە-

www.uyghurkitap.com

مۇ، ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش ناھايىتى تەس بولىدۇ.

ــ بىزگە ئىستىھكام كېرەك، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە قولغا كىرگۈزۈشىمىز كېرەك، بىز ئۇنى چوقۇم قولغا كىرگۈزىمىز، ــ دېدى جياڭجۇن دوبرووۋ، ئۇنىڭ بۇرنى تەرلەپ كەتتى.

ــ گەپ شۇنىڭدىكى، ئىستىھكام قولدىن كەتسىلا، مېنىڭ ھۇجۇم قىلىش پىلانىم يوققا چىقىدۇ.

شاڭشياۋ سۋېچىن تېخىمۇ قىزىرىپ-تاتىرىپ مۇنداق دېدى:

ــ جانابى ئالىيلىرى، توپچى قىسىم مۇۋاپىق ياردەم بېرىپ تۇرمىسا، مولدۇردەك يېغىپ تۇرغان ئوق ئاستىدا ئەسكەرلەر دەريادىن ئۆتەلمەيدۇ، ئەمما توپچى قىسىم، ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئوقسىز يېتىپتۇ.

بۇنىڭغا جياڭجۇن جاۋاپ بەردى:

ــ ياخشى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەسكەرلەرگە دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى سىم توساقلاردا گېۋورگى كىرىست ئوردېنلىرى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ دەپ ئېيتىڭ، مەن ئۇز ئەسكەرلىرىمنى بىلىمەن.

جياڭجۇن تارىختا قېلىشى كېرەك بولغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئارقىسىغا ئالغان قوللىرىدا ئالتۇن رامكىلىق كۆزەينەكنى ئوينىتىپ، دەرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سەھەرنىڭ كۆكۈمتۇل تۇمانىدا يالغۇز تۇرغان قېيىن دەرىخىگە قاراپ تۇردى. بىر توپ قۇشقاچ دەرەخنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىغا كېلىپ قونۇپ، بىر پەس چۇرۇقلىشىپ تۇردى-دە، يەنە ھەممىسى پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى تۇمان باسقان مايسىلارنى، خىرە بولۇپ كۆرۈنگەن دەرەخلەرنى يورۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

قۇياش چىقىشى بىلەن تەڭ جەڭمۇ تۈگىدى. نېمىسلار قورغاننى

ۋە دەريانىڭ سول تەرىپىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. پۈتۈن بازـ
دىن رۇسلارنىڭ قولىدا پەقەت دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى
لىيەن تۇرغان ئويمانلىق قالغان ئىدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە دەريا
ئارقىلىق بوش ئېتىشىش بولۇپ تۇردى، ئەمما بىرىنچى لىيەنىنىڭ
قورشاۋغا ئېلىنىش خەۋپى ئېنىق ئىدى؛ كوۋرۇك كويۇپ كەتكەنلىـ
گى ئۈچۈن، دەريانىڭ بۇ يېقى بىلەن توغرىدىن ـ توغرا ئالاقە قىلالـ
مايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كېچىسىلا سازلىقنى تاشلاپ كېتىش
ھەممىدىن توغرا كورۇنەتتى.

بىراق، چۈشتىن كېيىن بىرىنچى يىڭنىڭ يىڭجاڭى شاڭشياۋ
بورۇزدىن شۇ كېچىسى كېچىك ئارقىلىق سازلىقتا ئوتۇپ بىرىنچى
لىيەنگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئالدى. داۋېي تيوتكىنگە
بەشىنچى ۋە يەتتىنچى لىيەنلەرنى قورغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە يىغىپ
لەيلىمە كوۋرۇك ئارقىلىق دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئوتۇش بۇيـ
رۇلدى. ئۇسولسىكلىقلارنىڭ زاپاستا تۇرغان ئۈچىنچى يىڭىغا بولسا،
ئاتاكىغا كەتكەنلەرنىڭ جايىنى ئىگەللەش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلـ
دى. كوندراۋىنىسكى تۆەنىگە كويگەن كوۋرۇك يېنىدىكى تېيىز
يەردىن ئوتۇپ، دۈشمەنگە ئالدى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش
بۇيرۇلدى.

بۇيرۇق جىددى، ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئېنىق ئىدى: ئوڭ تەرەپتىن
بىرىنچى يىڭ، سول تەرەپتىن ئىككىنچى يىڭ قورغاننى ئوتتۇرىغا
ئېلىپ سىقىشى، زاپاستا تۇرغان كوندراۋىنىسكى تۆەنى بولسا
دۈشمەننىڭ بارلىق دىققىتىنى ۋە ئوزىگە جەلپ قىلىشى كېرەك ئىدى.
ھۇجۇمنى يېرىم كېچىدە باشلاش مولچەر قىلىنغان ئىدى.

گۇگۇم چۈشكەندە ژادوۋ ئوتۇش جايىغا پىلىموتلارنىڭ ئورنىتىـ

www.uyghurkitap.com

لىش ئەھۋالىنى كورۈپ بىقىش ئۈچۈن كەتتى؛ بىر پىلىموتنى قىيىقتا سالىدى ـ دە. ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈگەتلىك، بىرنەچچە كۈۋادىرات ساژىنلىق كىچىككىنە بىر ئارالغا ئېلىپ ئوتتى. ژادوۋنىڭ ئوزىمۇ شۇ يەردە قالدى.

رۇس توپچىلىرى قورغانىنى، نېمىسلار ئىگىلىۋالغان دەريا بويىدىكى ئىستىھكاملارنى كۈن بويى ئوققا تۇتۇپ تۇردى. دەريانىڭ گاھ ئۇ يېرىدە، گاھ بۇ يېرىدە ملتىق ئوقى پاڭىلداپ تۇراتتى. يېرىم كېچىدە، ھەممە ياقنى جىمجىتلىق باسقاندا، توساتتىن دەريانىڭ ئۈچ جايىدىن قوشۇنلار نېرىقى تەرەپكە ئوتۇشكە باشلىدى. دۈشمەننىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراش مەقسىدىدە بېلوتسېركوۋسكى قوشۇنىنىڭ بەش چاقىرىمچە نېرىدا تۇرغان قىسىملىرى ملتىقلاردىن باستۇرۇپ ئوق ياغدۇردى. نېمىسلار قۇلاق سېلىپ، جىم تۇرۇشاتتى.

ژادوۋ چاتقاللىقلارنىڭ تور بېسىپ كەتكەن شاخلىرى ئارىسىدىن قاراپ، ئوتۇش جايىنى بايقاپ ياتاتتى. ئوڭ تەرەپتە، دەرەخلىك تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە جىمىرلىماي تۇرغان سېرىق يۇلتۇزنىڭ قاپ ـ قارا كورۇنگەن سۇغا چۈشكەن ئەكسى چايقىلىپ تۇرايتتى. سۇنىڭ يۇلتۇز يورۇغى چۈشۈپ تۇرغان جايىدىن قارىيىپ كورۇنگەن نەرسىلەر ئوتۇشكە باشلىدى. قۇملۇق ئارال ۋە تېيىز يەرلەردە يۈگۈرۈپ ئوتۇۋاتقان ئادەملەر پەيدا بولدى. ژادوۋدىن سەل نېرىراقتا ئونچە كىشى مەيدىسىگىچە سۇغا چۈشۈپ، قوللىرىدىكى ملتىق ۋە ئوقدانلىرىنى ئېگىز كوتىرىشىپ، ئاستا ـ ئاستا ئوتۇپ بارماقتا. سۇدىن ئوتۇۋاتقانلار كۈندراۋىنسكى تۈەنىدىكى ئەسكەرلەر ئىدى.

ئۈشتۇمتۇت نېرىقى تەرەپتە، خېلى يىراقتا كەينى ـ كەينىدىن

ئوت چاقناپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۇچۇپ كەلگەن زەمبىرەك ئوقلىرى دەريا ئۈستىدە يېرىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر زەمبىرەك ئوقى پارتلىغاندا سۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان ساقاللىق يۇزلەر كورۇنەتتى. دەريا بويى يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە تولۇپ كەتتى. كەينى-كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى گۇمبۇرلەپ پارتلىماقتا. ھەر تەرەپتىن پەرياتلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاسمانغا بىرتالاي راكېتا كوتىرىلىپ، ھەممە ياقنى يورۇتۇۋەتتى. رۇس قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەكلىرى ئېتىلىپ گۇلدۇرلەشكە باشلىدى. ژادوۋنىڭ ئالدىغا تېپىرلاۋاتقان بىر كىشى ئېقىپ كەلدى. "بېشىمنى ياردى، بېشىمنى!" دەيتتى ئۇ خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن ۋە ھە دەپ سۇغا چۇشۇپ تۇرغان دەرەخ شېخىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ژادوۋ ئارالنىڭ نېرىقى تەرىپىگە قاراپ يۇگۇردى. خېلى نېرىراقتا ئادەملەر لەيلىمە كوۋرۇك كېمىلەردە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە ئوتمەكتە ئىدى، ئوتكەنلەرنىڭ ئوچۇق دالادىن يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقلىرى كورۇنۇپ تۇراتتى. تۇنۇگۇنكىدەك، بۇگۇنمۇ دەريا ئۈستىنى، ئوتۇش جايلىرىنى، توپىلىكلەرنى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ گۇمبۇر-گۇلدۇرلىرى بېسىپ كەتكەن ئىدى. قايناۋاتقان سۇ خۇددى قۇرۇتلاپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى، قارا ۋە قىزغۇچ ئىس-تۇتەك ئىچىدە، ئاسمانغا كوتىرىلگەن سۇ تۇۋرۇكلىرى ئارىسىدا ئەسكەرلەر ۋاقىرايتتى، سۇغا چوكەتتى، قىرغاققا يامىشىشقا ھەركەت قىلاتتى. نېرىقى تەرەپكە يېتىۋالغانلار جان-ئاچچىغى بىلەن قىرغاققا يامىشىپ چىقىشاتتى. ئارقا تەرەپتىن ژادوۋ ئورناتقان پىلىموتلاردىن توختىماي ئوق ئېتىلىپ تۇراتتى. دەريادىن ئوتۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدى تەرەپلىرىدە رۇس قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك

ئوقلىرى پارتلاپ تۇراتتى. داۋبې تيوتكىنىنىڭ ھەر ئىككى لېيەنى قورغاننى ئىككى تەرەپتىن ئوققا تۇتماقتا. كۇندراۋىنسكى تۇەنىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى، كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، دەريادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى قىرىلىپ كەتكەن ئىكەن — نەيزە بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. بىراق ھۇجۇمنىڭ دىمى قايتىپ، ئەسكەرلەر تىكەنلىك سىم توساق يېنىدا يېتىۋېلىشتى. سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە قومۇشلۇق ئىچىدىن بىرىنچى يىلىق ئەسكەرلىرى يېپىلىپ چىقتى. نېمىسلار ئاكوپلىرىنى تاشلاپ، ئارقىغا چېكىندى.

ژادوۋ پىلىموت يېنىدا يېتىپ، ئادەتتىن تاشقىرى چاپسان ھەركەت قىلىپ تىترەۋاتقان پىلىموت زاموگىنى قاتتىق باسقىنىچە، نېمىس ئاكوپلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىككىلەپ، ئۇچلەپ قېچىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئوق ياغدۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى — بىرىمۇ قالماستىن دۇم ياكى يېنىچە يىقىلىپ يېتىپ قالاتتى.

"ئەلىلىك سەككىز، ئاتىمىش" دەپ ساناپتتى ژادوۋ. ئەنە، يېرىمجان بىر كىشى بېشىنى تۇتقىنىچە يەردىن تۇرۇپ، توپىلىكنىڭ ئۇستىگە قاراپ سورۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى. ژادوۋ پىلىموت ستىۋو-لىنى بۇرىدى، بايىقى كىشى تىز چوكۇپ، يەرگە يىقىلدى. "ئاتىمىش بىر". تۇيۇقسىزدىن ئۇنىڭ ئالدىدا كوزنى قاماشتۇرغۇچى يالقۇن ئوت پەيدا بولدى، ژادوۋ ئوزىنى ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى ۋە قولىنىڭ سىقىراپ ئاغرىغانلىغىنى ھىس قىلدى.

قورغان ۋە ئۇنىڭغا ياندىشقان ئاكوپلار قايتۇرۇۋېلىنىغان، ئىككى يۈزچە ئەسىر قولغا چۈشۈرۈلگەن ئىدى؛ تاڭ ئاتار چاغدا ھەر ئىككى تەرەپتىكى توپ ئېتىشىش جىمىدى. يارىدار بولغانلار

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلگەنلەرنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئىشى باشلاندى. قۇتقۇزۇش
دۆيىدىكىلەر كىچىك ئارىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، سۇنۇپ كەتكەن
كىچىك دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاغدۇرۇلۇپ ياتقان پىلىموت، ئۇنىڭ
يېنىدا قۇم ئۇستىگە دۈم چۈشكەن، يەلكىسى ئۈزۈلۈپ ياتقان
مەنسۇۋى تووۋەنرەك بىر ئەسكەرنى تاپتى، بەش ساژىنچە نېرىدا،
ئارالنىڭ نېرىقى چېتىدە ئاياقلىرىنى سۇغا ئېسىلدۇرۇپ ژادوۋ ياتقان
ئىدى. ئۇلار ئۇنى كوتىرىشكەن ئىدى، توۋۆلدى، ئۇنىڭ قېنى
قېتىپ كەتكەن يېڭى ئىچىدىن بىر بولەك قىپ-قىزىل سوڭگى
چىقىپ تۇراتتى.

ژادوۋ دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، دوختۇر
يېلىزاۋېتا كىيېۋناغا: "سىزنىڭ ئەزىمەتىڭىزنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنى
ئۇستەلگە دەررۇ ياتقۇزۇپ قويىڭىزلار" دىدى. ژادوۋ ھوشسىز ئىدى،
ئۇنىڭ بۇرنى قاتقان، ئاغزى قارىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ
كوينىگى يېشىۋېلىنغان چاغدا، يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ كوزى ئۇنىڭ
ئاپپاق ۋە كەڭ كوكرىكىگە ئۇچمەس بوياق بىلەن سىزىلغان قۇيرۇق-
لىرى تۇتاش ئىككى مايمۇن سۇرىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئاپېراتسىيە
ۋاقتىدا ژادوۋ چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ تۇردى، يۇزى ئاغرىقتىن
پۇرۇشۇپ كەتتى.

ژادوۋ ئاغرىقى بېسىلغان، يارىسى تېڭىلغاندىن كېيىن، ئاندىن
كوزلىرىنى ئاچتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭغا ئىگىشتى.

— ئاتمىش بىر، — دىدى ژادوۋ.

ئۇ كېچىسى جويلوپ، تاڭنىسى ئەتىگەندىلا ئاندىن ئوخلاپ
قالدى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنى شىيۇ قارىمىغىدىكى چوڭ دوختۇر-
خانىغا ئوزى ئاپىرىپ قويۇشقا رۇخسەت ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# 23

داشا ئاشخانىغا كىردى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ ۋە ئىككى كۈن بۇرۇن جىددى تېلېگىراممىا تاپشۇرۇۋېلىپ سامارادىن كەلگەن دمىترى ستىپانوۋىچ جىم بولۇشتى. داشا ئاق شال ياغلىقنى ئىككىنىڭ ئاستىغا قىسىپ تۇتقىنىچە، ئاياقلىرىنى پۈكۈپ ئولتۇرغان ئاتىسىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن قىپ-قىزىل يۈزىگە، نىكولاي ئىۋانو-ۋىچنىڭ پۈرۈشۈپ كەتكەن يۈزىگە ۋە ئۆي-قۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى. داشامۇ ئۈستەل يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. دەرىزىدىن كۆكۈش كۆگۈم ئاسماندا ئوغاق شەكلىدىكى بىرنەچچە كۈنلۈك ئاي ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دمىترى ستىپانوۋىچ كۆلىنى پاخپاق پەشمىتىگە توككەن ھالدا تاماكا چېكەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ داستىخان ئۈستىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى بىر يەرگە دوۋىلەيتتى. ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە جىم ئولتۇرۇشتى.

ئاخىردا، نىكولاي ئىۋانوۋىچ بوغۇق ئاۋاز بىلەن مۇنداق دىدى:

—نىمىشقا ھەممەيلەر ئۇنى يالغۇز تاشلاپ چىقتىڭلار؟ بۇنداق قىلىش يارىمايدۇ-دە.

—ئولتۇرىۋەرگىن، مەن كىرىمەن،—دىدى داشا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ئەمدى يە ھارغىنىنى، يە پۈتۈن تېنىدىكى ئاغرىقنى سەزمەيتتى،— ئاتا، سەن كىرىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئوكۇل سالغىن،—دىدى ئۇ

ئاغزىنى رومىلى بىلەن پۈركەپ. دمىترى ستېپانوۋىچ بۈرنىنى قاتتىق تارتتى ـ دە، يېنىپ بولغان تاماكىسىنى مۈرىسىدىن ئاشۇرۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

ــجېنىم دادا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئوكۇل سالغىن، سادىغاڭ كېتەي دادا!

نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، خۇددى سەھنىدە ئوينا- ۋاتقان ئارتىستەك ئۇنلۇك سوزلىدى:

ــئۇ بىرلا كامىفارا بىلەن تۇرالامدۇ! ئولەي دەپ يېتىپتۇ، داشا.

داشا ئۇ تەرەپكە دەررۇ قايرىلىپ قارىدى.

ــبۇنداق گەپ قىلىشقا تىلىڭ قانداق باردى! قانداق باردى! ئۇ ئولمەيدۇ!

نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ زەپىرەڭ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرىزە تەرەپكە قارىغان ئىدى، ئۇمۇ كوكۇش ئاسماندا ئىنچىكە سۇزۇك ئاي ئوغىنى كوردى.

ــشۇنداق قايغۇ ـ ئەلەم ـ ھە!...ــ دىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ،ــ ئەگەر ئۇ كەتسە، مەن خاراپ بولىمەن...

داشا ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ مېھمانخانىدىن ئوتتى ـ دە، دەرىزىلەرگە يەنە بىر كوز تاشلىدى، تاشقىرىدا ئەبىدى سوغاق ھوكۇم سۈرەتتى، ئۇ كاتەنىڭ چىراق ئاران يورۇتۇپ تۇرغان ياتىغىغا كىرىپ كەتتى.

ئوينىڭ تورىدە، پاكا ۋە كەڭ كارۋاتتا، ياستۇقلارنىڭ ئۇستىدە قۇرۇق ۋە قارايغان چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن كىچىككىنە كوز ۋە تووەنرەكتە تارغىنا ئالقان قىسىرلىماي ياتاتتى. داشا كارۋات ئالدىغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

كېلىپ تىزلاندى. كاتە ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ھالدا دەم ئالاتتى. ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بوش ۋە ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن:

ــ سائەت نەچچە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ سەككىز، كاتيۇشا.

كاتە بىرئاز نەپەس ئېلىپ، كېيىن خۇددى بىر نەرسىدىن نالىغاندەك بولۇپ يەنە سورىدى:

ــ سائەت نەچچە بولدى؟

كاتە بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى ئاشۇنداق دەپ سوراپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن يۈزى مۆڭلۈك، كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى...ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، ئۇ ئۇزۇن ۋە ساپ ـ سېرىق دالانغا سېلىنغان يۇمشاق گىلەمدە ماڭماقتا ئىدى. پۈتۈن ئارىلىق دالان، تام ۋە تورۇسلار ــ ساپ ـ سېرىق. ئوڭ تەرەپتە چاك باسقان ئىگىز دەرىزىلەردىن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدىغان ساپ ـ سېرىق يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ. سول تەرەپتە بىرتالاي تەپ ـ تەكشى ئىشىكلەر، ئىشىكلەرنىڭ ئارقا تەرىپى، ئەگەر ئېچىپ قارالسا، ئاللەنىڭ بىر چېتى، جەھەننەم. كاتە خۇددى چۈشىدىكىدەك، شۇ دەرىزە ۋە ئىشىكلەرنىڭ يېنىدىن ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ بارىدۇ. ئالدىدا، ئۇزۇن، تۈپ ـ تۈز دالان، دالاننى ساپ ـ سېرىق نۇر قاپلىغان. بۇ جاي دىمىقتى، ھەر بىر ئىشىكتىن ئەجەل چىقىپ كېلىۋاتقاندەك كورۇنىدۇ. ئاھ، خۇدايىم، قاچان زامان ئاخىرى بولىدۇ؟ توختاپ، قولاق سېلىپ كورەيمۇ؟...ياق، ھېچ نەرسە ئاڭلانمايدۇ...ئىشىكلەرنىڭ كەينىدە، قاراڭغۇلۇقتا، خۇددى تام سائىتىنىڭ پۇرژىنىسىدەك بىر نەرسە ئاستا ۋە توختاۋسىز غىڭىلدايدۇ...ئاھ، جېنىم سىقىلىپ كەتتى!...كوزۇمنى

ئاچسامچۇ...بىرەر ئاددى گەپ قىلسامچۇ...

كاتە بىر نەرسىدىن نالىغاندەك، زورۇقۇپ تەكرارلايتتى:

— سائەت نەچچە بولدى؟

— كاتيۇشا، نىمشقا سائەتنى سوراۋېرىسەن؟

"شۇكۇر، داشا شۇ يەردە ئىكەن..." ئۇ يەنە دالانىنىڭ يۇمشاق گىلىمدىن مېڭىپ باردۇ، چاڭ باسقان دەرىزىلەردىن يەنە دىمىقتى ۋە ساپ-سېرىق يورۇق چۇشدۇ. ئۇزاقتىن سائەت پۇرژىنىسىنىڭ غىڭىلدىشى ئاڭلىنىدۇ.

"ئاڭلىمىسام، كورمىسەم، سەزمىسەم... يېتىپ، پۇركۇنۇۋالسام... تىنىغىم چاپسانراق توختىسىچۇ، كاشكى...ئەمما داشا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئۇخلاشقا قويمايدۇ...قولۇمدىن تۇتۇپ سويىدۇ، بىرنىمىلەرنى پىچىرلايدۇ...خۇددى ئۇنىڭدىن بوش ۋە يېنىك تېنىمگە هايات بەخش ئېتىدىغان بىرەر نەرسە قۇيۇلۇۋاتقاندەك...بۇنىسى ماڭا هىچ ياقمايدۇ...ئاشۇ نەرسىنى سېزىشتىن كوره، ئولۇش ئاسانراق ئىكەنلىگىنى ئۇنىڭغا قانداق چۇشەندۇرسەمكىن...قويۇۋەتسۇن مېنى..."

— كاتيۇشا، مەن سېنى ياخشى كورىمەن، ئاڭلاۋاتامسەن؟

"قويۇۋەتمەيۋاتىدۇ، ماڭا ئېچىنىۋاتىدۇ...دېمەك، مۇمكىن ئەمەس ئىكەن... قىز يالغۇز قالىدۇ، يېتىم قالىدۇ..."

— داشا!

— هە، جېنىم، هە؟

— مەن ئولمەيمەن.

ئەنە، يېنىغا بىر كىشى كەلدى، ئاتىسى بولسا كېرەك، تاماكا پۇرىغى كېلىدۇ. ئۇ ئىڭىشتى، يوتقانىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئاغرىتىپ كوكرىگىگە يىڭنە سانچىشقا باشلىدى. قېنىغا راهەت، ئارام كىردى،

www.uyghurkitap.com

سېرىق دالانىڭ تاملىرى ئىككى تەرەپكە كېڭىيىشكە باشلىدى، شامال كىردى. يوتقان ئۈستىدە ياتقان قولىنى داشا سىلايدۇ. لەۋلىرىنى بېسىپ سويىدۇ، ئىسسىق نەپەس بېرىدۇ، يەنە بىر دەمدىن كېيىن كاتەنىڭ تېنى شىرىن ئۇيقۇغا چوكۇپ كېتىدۇ. بىراق، يان-ياندىن، ھەر تەرەپتىن يەنە ساپ-سېرىق شەيتانلار پەيدا بولۇپ، يەنە شۇ ئۇزۇن ساپ-سېرىق ئاردىلىق دالانى قورۇشقا باشلىدى...

— داشا، داشا، مەن ئۇ ياققا بارمايمەن، ئۇ ياققا...

داشا ئۇنىڭ بېشىنى تۇتىدۇ، يېنىغا، ياستۇققا بېشىنى قويۇپ ياتىدۇ، قۇچاقلايدۇ، ئىدرەكلىك، كۆچلۈك داشا خۇددى ئۇنىڭغا ئۆز كۆچىنى بەرگەندەك، ئۇلمە، ياشا! دىگەندەك بولاتتى. ئەمما يەنە دالان پەيدا بولدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەر بىرى يۈز پۇتچە كېلىدىغان ئاياقلىرىنى سورەپ مېڭىشى كېرەك. يېتىش مۇمكىن ئەمەس. داشا ئۇنى قۇچاقلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ-دە، "بارغىن!" دەيدۇ.

شۇ يوسۇندا كاتە ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۆلۈمگە قارشى كۆرەشتى. ئۇ داشانىڭ كۆچلۈك ئىرادىسىنى ئۆزىدە ھەر قېتىم سېزىپ ياتتى، داشا بولمىغاندا ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان ھالىدىن كېتىپ، ھاياتى بىلەن خوشلاشقان بولاتتى.

ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ۋە كېچىسى داشا ئاغرىقىنىڭ يېنىدا بولدى. ئاچا-سىڭىل بىر دەرت، بىر ئىرادە، بىر تەن-بىر جان بولۇپ قالغان ئىدى. ئاخىردا، تاڭ ئاتار چاغدا كاتەنى تەر بېسىپ، بىر يانغا ئورۇلۇپ ياتتى. تىنىقى ئاڭلانمايتتى. داشا ئەنسىرەپ قالدى، ئاتىسىنى چاقىردى. دادىسىنىڭمۇ ئامالى يوق ئىدى، سەۋرى قىلىشقا، كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ئەتىگەنلىكى سائەت ئالتىدىن

ئوتكەندە كاتە ئېغىر نەپەس ئالدى ـ دە، باشقا يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. خەۋپ ئۆتكەن، ئەھۋال تۈزىلىشكە باشلىغان ئىدى.

داشامۇ كېيىنكى كۈنلەردە شۇ يەردە كارۋات يېنىدىكى چوڭ كىرىسلودا بىرىنچى مەرتىۋە ئۇيقۇغا كەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ كاتەنىڭ ئولۇمدىن قۇتۇلغانلىقىنى بىلىپ، دمىترى ستىپانوۋىچنىڭ پاخپاق پەشمىتىدىن قۇچاقلاپ، ھوكىرەپ يىغلىۋەتتى.

يېڭى خوشاللىق كۈن باشلاندى. كۈن ئىسسىق، ھاۋا ئوچۇق، ھەممە بىر بىرىگە مېھرىۋان ئىدى. گۈل دۇكىنىدىن ئاپپاق سىرىن گۈلى كەلتۈرۈلۈپ، مېھمانخانىغا قويۇلدى. داشا كاتەنى ئەبىدى قاراڭغۇلۇق ياقىسىدىن ئوز قولى بىلەن تارتىۋالغانلىقىنى سېزەتتى...ياق، ياق، بۇ دۇنيادا ھاياتتىنمۇ قىممەت نەرسە يوق، ئۇ بۇنى ئەمدى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

.......

نىكولاي ئىۋانوۋىچ ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىسدا يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنانى موسكۋادىن يېزىغا قوش پىشايۋانلىق ياغاچ ئۆيگە كوچۈرۈپ كەتتى، پىشايۋانلارنىڭ بىرى كوپ ـ كوك يوپيۇرماقلىرى دائىم شىلدىرلاپ، جىمىرلاپ تۇرغان، ئالا موزايلار ئوتلاپ يۈرگەن قېيىنلىققا قارايتتى؛ ئىككىنچىسى دېڭىز دولقۇنىدەك كورۈنىدىغان ئويمان ـ دوڭ دالىلارغا قارايتتى.

ھەر كۈنى كەچقۇرۇن داشا بىلەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ كىچىك بېكەتتە شەھەر ئەتراپىغا قاتنايدىغان پويىزدىن چۈشۈپ، سۈيى چىقىپ ياتقان ئوتلاقلىقتىن يۈرۈپ كېتىشەتتى. باش ئۈستىدە پاشىلار غىڭىلداپ ئۇچۇشاتتى. كېيىن توپىلىككە چىقىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ يەرگە يەتكەندە ئادەتتە نىكولاي ئىۋانوۋىچ گويا كۈنپېتىشنى

www.uyghurkitap.com

تاماشا قىلماقچى بولغاندەك بولۇپ توختايتتى-دە، ھاسراپ تۇرۇپ:

—ئىخ، قانداق ياخشى مەنزىرە-ھە! —دەيتتى.

گايىدا بۇغدايلىق، گايىدا ياڭاقلىق ھەممە قېيىنلىق بىلەن قاپلانغان، ئاخشامدا قارايغان ئىگىز-پەس ئېدىرلارنىڭ ئۇپۇقىدا پەقەت ئاخشىملا بولىدىغان كوكۇش بۇلۇتلار سوزۇلۇپ، قىمىر قىلماي ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسمان مەشئىلىنىڭ ئۇچۇپ بېرىۋاتقان شوللىرى تاۋلىناتتى، سەل نېرىراقتىكى سۇ يۈزىدە سۈزۈك ئاسماننىڭ بىر قىسمى ئەكسىلىنىدۇ. پاقىلار تىنماي كۈرۈلدايتتى، ئوچۇقلۇقتا ئوت-چوپ دوۋىلىرى ۋە يېزا ئۆيلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بىر يەردە گۈلخان يانماقتا. ئۇ يەرگە، ئىگىز دوڭ ئارقىسىغا، ھەممە يېقى ئورالغان قورغان ئىچىگە ئاۋالقى زامانلاردا ئۆزىنى دىمىترى① دەۋالغان بىر ئادەم يوشۇرۇنغان ئىدى. ئورمان ئارقىسىدىن پويىز گۈدۈگىنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، پويىز ئەسكەرلەرنى غەرپ تەرەپكە، كۈن خىرەلىنىپ پېتىۋاتقان تەرەپكە ئېلىپ كەتمەكتە ئىدى.

داشا بىلەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئورماننى ياقىلاپ ئۆز ئۆيلىرىگە

① دىمىترى (1582 — 1591) رۇس پادىشاسى ئىۋان IV نىڭ ئوغلى، 1591-يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنى پاجىەلىك ئۆلگەن. قانداق ئۆلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ھوكۇمەتنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سارايدا يەرگە پىچاق ئېتىپ ئويناۋاتقاندا، تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ يىقىلغان ۋە قولىدىكى پىچاق كانىيىنى كېسىۋەتكەن، شۇ مەيداندا ئۆلگەن ئىمىش، ئەمما خەلق ئارىسىدا ئۇ بورىس گودونوۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دىگەن گەپ بار. پولشا فېودال خوجىلىرىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمى روسىيىنى ئۆز ئىلكىگە ئوتكۇزۇش ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرىنى ئىۋان IV نىڭ ئوغلى دىمىترى دىگەن نام بىلەن ئىككى قېتىم ئەۋەتكەن، ئەمما بۇ يالغان دىمىترىلار ئۆلتۈرۈلگەن. —خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

يېقىن كەلگەندە، پىشايۋاننىڭ دەرىزىلىرىدىن داستىخان سىلىقلىق ئۈستەلنى، يېنىپ تۇرغان دۈگىلەك لامپا شىشىسىنى كورەتتى. ئويگە قارايدىغان شارىك دىگەن پىستە كۈچۈك ئۈلارنىڭ ئالدىغا ئەركىلەپ هاۋشىپ چىقاتتى، ئاندىن قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ چوپلۇككە كىرىپ غىڭشىپ قوياتتى-دە، كوزدىن نېرى بولاتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا پىشايۋان دەرىزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەينەكنى چېكىشكە باشلايتتى، كەچقۇرۇنلۇغى تاشقىرىغا چىقىش ئۈنىڭغا هازىرمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ باغنىڭ ئىشىگىنى يېپىۋېتىپ: ”ئەجەپ پەيزى جاي-هە، مەن ساڭا ئېيتسام!“ دەيتتى. كېيىن ئۈلار كەچلىك تاماققا ئولتۇرۇشاتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا: تۈشىنىدىن غالجىرلاشقان ئىت كېلىپ، كىشكىنىلارنىڭ ئىككى چۈجىسىنى يەپ كېتىپتۇ؛ ژىلكىنىلار بۈگۈن سىمىيون بېغىغا كوچۈپ كېلىشكەن ئىكەن، توساتتىن ساماۋارىنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ؛ ئاشپەز ماترىيونا ئوغلىنى بۈگۈنمۇ ئولگۈدەك ئۇرۇپتۇ، دىگەنگە ئوخشاش يېزا يېڭىلىقلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى.

داشا ئۈنچىقماي تاماق يەيتتى، ئادەتتە شەھەردىن ناهايىتى هېرىپ كېلەتتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ سومكىسىدىن بىر باغلام گېزىت چىقىرىپ، چىشىنى كولاپ، گېزىت ئوقۇشقا كىرىشىدۇ؛ كوڭۈلسىز خەۋەرلەرنى كورگەندە تا كاتە: ”نىكولاي، چىشىڭنى كولىما“ دىمىگۈچە چىشىنىڭ كاۋىگىنى كولاۋېرەتتى. داشا سىرتقا چىقىپ، ئىشىگىنى تۈتۈپ، قارايغان تۈزلەڭگە، ئۈزاقتىكى گۈلخانىلارغا، چاراقلاپ كورۈنۈشكە باشلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. گۈلزاردىن سۇ سېپىلگەن گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى.

پىشايۋاندا نىكولاي ئىۋانوۋىچ گېزىتنى شاراقلىتىپ كورۈۋېتىپ

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دىدى:

ـــئۇرۇش شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇزاققا سوزۇلمايدۇكى، ئانتانتا دولەتلەرمۇ، بىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمىزمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىزلىنىدۇ.

كاتە:

ـــقېتىق ئىچەمسەن؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــسوغاق بولسا ئىچىمەن... دەھشەت، دەھشەت! لۆۋۆنى، لىۋبلىنىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇق. نىمە بولاركىن! خائىنلار ئارقاڭدىن پىچاق سانچىپ تۇرسا، قانداق ئۇرۇشىمىز! ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلار ـ ھە!

ـــنىكولاي، چىشىڭنى كولىمساڭچۇ!

ـــجىم ئولتۇرغىن! ۋارشاۋانى قولدىن بېرىپ قويساق، راسا شەرمەندە بولىمىز ـ دە! بەزەندە، بىر ئىلاجىنى قىلىپ يارىشىش پۇتۇمىنى تۇزۇپ، مىلتىق نەيزىلىرى پېتېربۇرگغا قارىتىلسا ياخشى بولاتتىمىكىن، دەپ ئويلايدۇ كىشى.

ئۇزاقتىن پويىزنىڭ گۇدۇك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ تېخى ھازىرلا كۇنىنىڭ پېتىشى ئەكس ئېتىپ تۇرغان دەريا ئۇستىدىكى كوۋرۇكنى قانداق تاراقلىتىپ ئوتۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، پويىز فۇرونتتىن موسكۋاغا يارىدارلارنى ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. نىكولاي ئىۋانوۋىچ يەنە گېزىتلىرىنى شاراقلاتتى:

ـــفۇرونتتا ئەۋەتىلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ بىرسىدىمۇ مىلتىق يوق؛ ئۇلار ئاكوپلاردا مىلتىق ئورنىغا تاياق تۇتۇپ ئولتۇرۇشىدۇ، بەش كىشىگە بىر تالدىن مىلتىق توغرا كېلىدۇ. ئاتاكىغىمۇ شۇ تاياقلارنى كوتىرىشىپ بارىدۇ، بىرسى ئوق تېگىپ ئولسە، مىلتىغىنى

ئىلىۋالسام، دەپ ئويلىشىدۇ، ئىخ، لەنىتىلەر، لەنىتىلەر!.

داشا دالانىدىن چىقىپ، باغ ئىشىگىنىڭ پەنجىرىسىگە يولىنىپ تۇردى. پىشايۋاننىڭ چىرىغى تام تېگىدىكى ئاتقۇلاقلارنى، كوچا يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ماترىيونانىڭ ئوغلى پېتكا كوچىدىن بېشىنى ئېگىپ، يالاڭغىداق ئاياقلىرى بىلەن چاڭ توزىتىپ، قورۇنۇپ-قورۇنۇپ پۇشۇلداپ ئوتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشخانىغا قايتىپ بېرىپ، دۇمبىسىنى تاياقچا تۇتۇپ بېرىشتىن كېيىن يېتىپ ئۇخلاشتىن باشقا ئىلاجىسى قالمىغان ئىدى.

داشا كوچىغا چىقىپ، ئاستا-ئاستا مېڭىپ خىمكا دەرياسىغىچە باردى.

ئۇ كەچ قاراڭغۇسىدا، يار قىرغىقىدا تۇرۇپ قۇلاق سالدى، قەيەردىدۇر بىر يەردە بۇلاق بۇلدۇقلايتتى؛ قۇرۇق ياردىن بىر داڭگال دومىلاپ، "شالاق" قىلىپ سۇغا چۇشتى. ئەتراپتا قارىسىپ كورۇنگەن دەرەخلەر ئۇشتۇمتۇت شىلدىرلىشاتتى، ئاندىن يەنە جىملىق هوكۇم سۇرەتتى. "قاچان، قاچان ئاخىر؟" دەيتتى داشا بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ پەس ئاۋازدا.

ئىيۇننىڭ بېشىدا، هېيت كۇنى داشا ئەتىگەن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كاتە ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ، ئاشخانىغا يۇز يۇغىلى كىردى. ئۇستەلدە بىرتالاي كوكتات، ئۇنىڭ ئۇستىدە قانداقتۇر كوكۇش خەت تۇراتتى، ئۇنى كوكتات كەلتۇرىدىغان خىزمەتكار پوچتىدىن گېزىتكە قوشۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ماترىيونانىڭ ئوغلى پېتكا بوسۇغىدا بۇرنىنى تارتقىنىچە، بىر ياغاچقا توخۇنىڭ پۇتىنى باغلاپ ئولتۇراتتى. ماترىيونا هويلىدا ئاكاتسىيە

www.uyghurkitap.com

دەرىخىغە كىر يايماقتا ئىدى.

داشا كوزا ئىدىشىقا دەريادىن ئېلىپ كېلىنگەن سۇنى قۇيۇپ، يەلكىسىدىن كوينىكىنى چۇشۇردى ـ دە، بۇ قانداق خەت ئىكەنە؟ دەپ يەنە قارىدى. خەتنى هول بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېلىپ قارىسا: ”جېنىم داشا، ئەنسىرەپ قالدىم، نىمىشقا شۇنچە كوپ يازغان خەتلىرىمنىڭ بىرىگىمۇ جاۋاپ يوق، شۇنچە كوپ يازغان خېتىمدىن بىرىمۇ تەگمىدىمىكىن؟“ دىگەن سوزلەرنى كورۇپ قالدى.

داشانىڭ كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئاياقلىرىنى تىترەك باستى، ئۇ ئۇستەلگە ئولتۇردى...”يارام تۇزۇلۇپ كەتتى، هەر كۇنى تەنهەرىكەت قىلىمەن، ئومۇمەن ئوزەمگە قاراپ يۇرىمەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىنى ئۇگىنىشكە باشلىدىم. داشا، ئەگەر مېنى ئۇنتۇمىغان بولساڭ، سېنى قاتتىق قۇچاقلايمەن. ئى. تېلېگىن“.

داشا كوينىكىنى يەلكىسىگە كوتىرىپ، خەتنى يەنە بىر ئوقۇپ چىقتى.

”ئەگەر مېنى ئۇنتۇمىغان بولساڭ!...“، داشا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، كاتەنىڭ ياتىغىغا يۇگۇرۇپ كىردى ـ دە، دەرىزىدىكى چىت پەردىنى ئېچىۋەتتى.

ــ كاتە، بۇنى ئوقۇ، ئاۋازىڭنى چىقىرىپ ئوقۇ!...

داشا قورقۇپ كەتكەن كاتەنىڭ كارۋىتىدا ئولتۇرۇپ، هەدىسىنىڭ ئوقۇشىنى كۇتمەيلا خەتنى ئوزى ئوقۇپ بەردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى ئالقىنىنى بىر بىرىگە ئۇردى.

ــ كاتە، كاتە بۇ بىر دەهشەتقۇ!

ــ مانا ئەمدى خۇداغا شۇكۇر، تىرىك ئىكەن، دانيۇشا!

—مەن ئۇنى ياخشى كورىمەن!...ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى نىمە قىلىمەن؟ بۇ ئۇرۇش قاچان توگەيدۇ، ئېيتساڭچۇ!

داشا خەتنى ئېلىپ نىكولاي ئىۋانوۋىچىنىڭ ئالدىغا يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا خەتنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇرۇشنىڭ قاچان توگىشىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

—بۇنى هازىر هېچكىم ئېيتالمايدۇ، جېنىم قىزىم.

—بۇنى بىلمىسەڭ، بۇ ئەخمەقلەرچە شەھەر ئىشتىپاقىدا نىمە قىلىپ يۇرىسەن؟ ئەتىدىن-كەچكىچە گەپ سېتىپ ئولتۇرىسىلەر. هازىر موسكۋاغا، قوشۇن باش قوماندانىنىڭ ئالدىغا بارىمەن... ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىمەن...

—سەن ئۇنىڭدىن نىمىنى تەلەپ قىلىسەن؟. ئاھ، داشا، داشا، كۇتۇش كېرەك، كۇتۇش...

داشا بىرنەچچە كۇنگىچە ئوزىنى قويغىلى جاي تاپالماي يۇردى، كېيىن خۇددى سوۋۇپ پۇتكەندەك تىنچىدى، كەچقۇرۇنلىرى ئويىگە ئەتىگەن كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، ئىۋان ئىلئىچقا ئۇست-ئۇستىگە خەت يېزىپ، پوسۇلكىلارنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭغا تېلېگىن توغرىسىدا سوز باشلىسا داشا ئادەتتە ئۇنچىقمايتتى؛ ئۇ كەچلىك سەيلىلىرىنى تاشلىدى، كوپرەك كاتەنىڭ يېنىدا كىيىم تىكىپ ياكى كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئوزىنىڭ هەممە هىس-تۇيغۇسىنى مۇمكىن بولغىنىچە ئىچىگە چوڭقۇرراق يۇتۇشقا، ئوزىنى ئادەتتىكىچە، كۇندىكىدەك ئېلىپ يۇرۇشكە مەجبۇر قىلاتتى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا يازىچە خېلى تۇزۇلۇپ قالغان ئىدى، ئەمدى ئۇمۇ داشاغا ئوخشاش سوۋۇپ باراتتى. ئاچا-سىڭىل ئىككى-

سى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئېغىرلىقتا ئوخشاشلا، ئۇزلىرىنىڭمۇ ئۈستىگە خۇددى تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلىق چۈشكىنى-دىن ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۆيقۇدىن تۇرۇش، يۇرۇش، ئۆي ئويلاش، ئادەملەر بىلەن كورۇشۇش—بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشەققەت؛ قاچان كەچ كىرەركىن، قاچان ئورۇنغا كىرىپ ئۇخلارمەنكىن دەيدۇ كىشى؛ پۈتۈن راھەت ئۆيقۇدا دەپ ئويلايدۇ كىشى ئەنە، تۈنۈگۈن ژىلكىنلار يېڭى مۇرابىا قايناتىپ، مېھمان چاقىرىشىپتۇ؛ چاي ۋاقتىدا گېزىت كېلىپ قاپتۇ، گېزىتنى ئوقۇپ تۇرۇشسا، ئۇنىڭدىن ژىلكىنىنىڭ ئۇكىسى شان-شوھرەت مەيدانىدا ھالاك بولدى دېگەن سوز چىقىپ قاپتۇ، ئوي ئىگىلىرى ئويگە كىرىپ كېتىشىپتۇ، مېھمانلار پىشايۋاندا بىرئاز ئولتۇرۇپ، كەچ قاراڭغۇسىدا ئاستا-ئاستا تارقىلىشىپ كەتتى. ھەر يەردىمۇ ئەھۋال شۇ. مال باھالىرى ئورلەپ كەتكەن. ئەمدى نېمە بولىدۇ، مەلۇم ئەمەس. ۋارشاۋانىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشۇپتۇ. بىرېست-لىتوۋسكىنىمۇ پارتلى-تىپ قولدىن بەردى. ھەممە ياقنى جاسۇس بېسىپ كەتكەن.

خىمكا دەرياسىنىڭ يارلىغىدا قاراقچىلار پەيدا بوپتۇ. بىر ھەپتىگىچە ھېچكىم ئورمانغا بارمىدى—ھەممە قورقاتتى. كېيىن ئەسكەرلەر كېلىپ ياردىن قاراقچىلارنى ھەيدەپ چىقىشتى، ئىككىسىنى تۇتۇپتۇ، بىرى قېچىپ كېتىپتۇ، ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، زۋېنىگورود رايونىدىكى قورغانلارنى بۇلاش ئۈچۈن شۇ ياققا قېچىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى بىر ھارۋىكەش سموكوۋنىكوۋلار ئائىلى-سىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا ھارۋا چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئاياللار، ئاشپەز خوتۇنلار ۋە باللارنىڭ ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ

كېلىپ، ئۇنى ئورىۋالغانلىقىغا كورۇنۇپ تۇراتتى. بىر نەرسە بولغان ئوخشايدۇ، داچا ئىگىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىشىكتىن كوچىغا چىقىشتى. ماترىيونامۇ باغ ئىچىدىن قولىلىرىنى سۇرتۇپ چىقىپ كەلدى. قىزىرىپ كەتكەن، ھودۇققان ھارۋىكەش ھارۋىدا ئورە تۇرۇپ سوزلەيتتى:

—...ئۇلار ئۇنى ئىشخانىدىن كوتىرىپ چىقىشتى-دە، ئاسمانغا قارىتىپ سىلكىپ تۇرۇپ، يەرگە بىر ئۇرۇشتى، كېيىن موسكۋا دەرياسىغا تاشلاشتى، زاۋۇتتا يەنە بەش نېمىس يوشۇرۇنۇپ يۇرۇپتۇ...ئۇلارنىڭ ئۇچىنى ئىزدەپ تېپىشتى، ئەمما ساقچىلار ئاجرىتىۋالدى، بولمىسا ئۇلارمۇ سۇغا تاشلىنىۋېتىلگەن بولاتتى...لۇبەنكا مەيدانىدا بولسا شايى، دۇخاۋىلار ئېلىپ كېتىلمەكتە...پۇتۇن شەھەر بۇلانماقتا...ئادەمنى ئېيتماسلەر—توپ-توپ بولۇشقان...

ھارۋىكەش ئىككى تەرتە ئوتتۇرىسىدا ھېرىپ، تەرلەپ تۇرغان ئايغىرغا بىر قامچا ئۇردى-دە، ھارۋىسىنى ھەيدەپ كەتتى، نېرىغا بېرىپ، قاۋاقخانا تەرەپكە بۇرۇلدى.

داشا بىلەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ موسكۋادا ئىدى. ئۇ تەرەپتىن قۇياش قىزىتىۋەتكەن ئاسمانغا قويۇق ئىس كوتىرىلىپ، بۇلۇتتەك قارىلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى. يانغىن يېزا مەيدانىدىن ياخشى كورۇنەتتى. ئۇ يەردە توپلىنىپ تۇرغان ئاددى پۇقرالار قېشىغا داچا ئىگىلىرى يېقىنلاشسا جىم بولۇشاتتى؛ ئۇلار بايلارغا كۇلۇمسىرەپ، يە بولمىسا، قېنى، كورەرمىز، دىگەندەك كوز بىلەن قارايتتى. يالاڭۋاشتاق، گەۋدىلىك، كوينىگى يىرتىلىپ كەتكەن بىر كىشى كىچىك چېركاۋ يېنىغا كېلىپ:

—موسكۋادا نېمىسلارنى ئولتۇرۇشمەكتە!—دەپ ۋاقىرىدى. ئۇنىڭ ۋاقىردىشى بېسىلىشىغىلا، ئېغىر ئاياق بىر خوتۇن دات-

www.uyghurkitap.com

پەريات كوتەردى. خەلق چېركاۋ يېنىغا يىغىلىشقا باشلىدى، يېكا-
تېرىنا دمىترىيېۋنامۇ بۇ سەپتە بار ئىدى. خالايىق هاياجانلىناتتى،
ھەممە ياق ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىدى.

—نېمىسلار ۋارشاۋا ۋوگزالىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ، ئوت يالقۇنلاپ
كويۇۋېتىپتۇ.

—ئىككى مىڭچە نېمىس ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

—ئىككى مىڭ ئەمەس، ئالتە مىڭ، ھەممىسى دەرياغا تاشلانغان.

—ئۇلار ئىشنى ئاۋال نېمىسلاردىن باشلىغان، ئاندىن كېيىن
داۋاملىق تۈردە تازىلاش ئېلىپ بارغان. ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە،
كۈزنېتسكى كوۋرۇگىدە① ھېچ نەرسە قالمىغان ئىمىش.

—ئەجەپ ئوبدان بوپتۇ! ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولسۇن! بۇ ئەبلەخ-
لەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قېنىمىزنى شوراپ سەمرىگەن!

—خەلقنى توسۇۋالغىلى بولامدۇ، زادىلا بولمايدۇ-دە!

—پېتروۋسكى باغچىسىدىكى ئويلەرنىڭ بىرىدىن رادىيو تېلېگ-
راف تېپىلغان، تېلېگراف يېنىدا ئۇزىگە يالغان ساقال تارتىۋالغان
ئىككى جاسۇسمۇ بار ئىمىش، بۇ راست گەپ، يالغان بولسا خۇدا
ئۇرسۇن، ھازىر شۇ ياقتىن سىڭلىم كەلدى. ئۇلار بۇ ئىككىلەننى
شۇ جايدىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

—بىز ھەممە داچىنى تەكشۈرۈپ چىقساق بولاتتى!

بوش قاپلارنى كوتىرىۋالغان بىرنەچچە قىز توپىلىكتىن تۇۋەنگە،
موسكۋا يولى ئوتىدىغان توغان تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ

---

① موسكۋانىڭ بىر كوچىسى، بۇ يەردە كاتتا دۇكانلار ناھايىتى كوپ،بۇلارنىڭ
تولىسىنى چەتئەللىكلەر ئاچقان. — ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كەيىندىن ئادەملەر ۋاقىراشقان ئىدى، قىزلار قاپلىرىنى سىلكىپ كۈلۈشتى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا سەل نېرىدا ئۈزۈن ھاسىغا تايىنىپ تۇرغان، ئەدەپلىك بىر بوۋايدىن سورىدى:

— ئۇ قىزلار قاياققا يۈگۈرۈپ كېتىشتى؟

— تالاڭچىلىق قىلغىلى، خانىم.

داشا بىلەن نىكولاي ئىۋانوۋىچ كەچ سائەت بەشلەردە ئات ھارۋىسىغا كىرا قىلىپ ئولتۇرۇپ شەھەردىن قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار-نىڭ ھەر ئىككىلىسى ھاياجان بىلەن بىر بىرىنىڭ سوزلىرىنى تارتىۋېلىپ، پۈتۈن موسكۋادا ئادەملەر توپ-توپ بولۇپ، نېمىسلار تۇرغان ئويلەرنى، نېمىسلارغا قاراشلىق دۇكانلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا باشلىغانلىقلىرىنى سوزلەپ بېرىشتى. بىرقانچە ئويگە ئوت قويۇلغان. ماندېلىنىڭ تەييار كىيىملەر دۇكىنى تالانغان. كۈزنېتىسكى كوچىسىدىكى بېككېر رايال ئامبىرى خاراپ قىلىنغان، راياللار بىنا-نىڭ ئىككىنچى قەۋەت دەرىزىسىدىن كوچىغا تاشلىنىپ ئوت قويۇۋې-تىلگەن. لۇبەنكا مەيدانى دورا-دەرمانغا، سۇنغان بوتۇلكىلارغا تولۇپ كەتكەن، ئادەم ئولتۇرۇشمۇ بولغان، چۇشتىن كېيىن چارلاش ئەترەت-لىرى ئەۋەتىلىپ، خەلق تارقىتىلغان. ھازىر ھەممە ياق تىنچلانغان.

— ئەلۋەتتە، بۇ — ۋەھشىلىك، — دەيتتى نىكولاي ئىۋانوۋىچ ھاياجانلىنىپ ۋە كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — ئەمما خەلقنىڭ غەيرىتى، كۈچى ماڭا ياقىدۇ. بۈگۈن نېمىس دۇكانلىرىنى ئۇرۇپ سۇندۇرسا، كورەرسىز، ئەتىگە كوچىا قورغىنى قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇنداق ئۇر-يىقىتقا ھوكۇمەت ئەتەي يول قويغان. ماقۇل دەۋەرگىن! خەلقنىڭ غەزىۋىنى چىقىرىۋېلىشى يۈزىسىدىن ئەتەي شۇنداق قىلىنغان. ئەمما، خەلق بۇنداق نەرسىلەردىن كېيىن جىددىيرەك نەرسىلەرنى

ئۇگىنىۋالدۇ...

شۇ كۈنى كېچىسى ژىلكىنلارنىڭ گەمىسى پاك-پاكىز ئوغرىلانغان، سۋېچىنكوۋلارنىڭمۇ چېدىرىغا ئېسىپ قويۇلغان كىرلىرى ئوغرىلانغان. قاۋاقخانىدا چىراق تاڭ ئاتقىچە كويۇپ چىقتى. يەنە بىر ھەپتىگىچە يېزا ئاھالىسى سەيلە قىلىپ يۈرگۈچى داچا ئىگىلىرىگە كوز ئالايتىپ، بىر بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ يۈرۈشتى.

ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا سموكوۋنىكوۋلار شەھەرگە كوچۇپ كېتىشتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا يەنە دوختۇرخانىغا ئىشقا كىردى. شۇ يىلى كۈزدە موسكۋا پولشادىن قېچىپ كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى، كۇزنېتسكى كوۋرۇگى، پېترووكا ۋە تۋېرسكا كوچىلىرىدىن مېڭىشقا زادى بولمايتتى. دۇكانلار، قەھۋىخانىلار، تىياتىرخانىلار ئادەمگە لىق تولغان، ھەر ياقتىن يېڭى پەيدا بولغان: "كەچۈرەرسىز" دىگەن سوز ئاڭلىناتتى.

بۇ يۈرۈش-تۇرۇشلارنى، سولەتلەرنى، ئادەمگە لىق تولغان تىياتىرخانا ۋە مېھمانخانىلارنى، ئېلېكتىر چىراقلىرى يورۇتۇلغان ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق كوچىلارنى خەۋپ-خەتەردىن ساقلاپ تۇرغان نەرسە قانغا مىلەنگەن ئون ئىككى مىليون كىشىلىك ئارمىيە ئىدى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتى كىشىنىڭ كوڭلىنى بەكمۇ غەش قىلاتتى. ھەر يەردە — ئالدىنقى سەپتىمۇ، ئارقا سەپتىمۇ راسپۇتىننىڭ① يامان تەسىرى، خائىنلىقلار، ئەگەر پەيغەمبەر نىكولاي كارامەت كورسەتمىسە،

① راسپۇتىن (1872 — 1916) ئەسلىدە سىبىرىيىدە دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئات ئوغرىسى ئىدى، كېيىن نىكولاي II نىڭ ۋەزىرى بولۇۋالغان، 1916-يىل 12-ئايدا قەستلەپ ئولتۇرۇلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇرۇشۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى
گەپلەر ئېغىزدىن چۈشمەيتتى.
ھەممىنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، پۈتۈن ئىش بۇزۇلاي دەپ قالغاندا،
كۆتۈلمىگەندە جىياڭجۇن رۇزىسكى ئوچۇق دالىدا گېرمان ئارمىيىسى-
نىڭ ھۇجۇمىنى توختاتتى.

# 24

كۈز ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، دېڭىز بويىدا شەرقىي شىمال تەرەپ-
تىن كەلگەن شامال يالىڭاچ تېرەكلەرنى ئېگەتتى، توپىلىكتىكى ياغاچ
مۇنارلىق كونا ئۆينىڭ راملىرىنى تىترىتەتتى. ئوگزىنى شۇنچىلىك
تاراقلىتاتتىكى، خۇددى قاڭالتىرلىق ئوگزىدە يوغان بىر ئادەم يۈر-
گەندەك ۋە ئۇ تۇرخۇنلارغا، ئىشىكلەرگە، ھەممە ئوچۇق توشۇكلەرگە
پۈلەپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى.
ئۆي دەرىزىسىدىن قارىغاندا، قارىيىپ كەتكەن گۈلزاردا يوپۇر-
ماقسىز گۈللەرنىڭ پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرۈشى، ئۇدۇر-بۇدۇرلەشكەن
قوغۇشۇندەك دېڭىز ئۈستىدە پارچە بۇلۇتلارنىڭ ئۈزۈپ يۈرۈشى
كۆرۈنەتتى. ئۆي ئىچى سوغاق ۋە كۆڭۈلسىز ئىدى.
ئاركادى ژادوۋ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىردىن-بىر كىشى
بار بولمىدە يىرتىلىپ كەتكەن دىۋاندا ئولتۇراتتى. قاچاندۇر بىر
ۋاقىتلاردىكى ھەشەمەتلىك قىلىپ تىكىلگەن ھەربى كىيىمنىڭ ئەمدى
بوشاپ قالغان بىر يېڭى پوتىسىنىڭ تېگىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ كوزلىرى ئىششىپ كەتكەن، ساقىلى تازا قىرىلغان، چېچىنىڭ يامىسى ئايرىلىپ تارالغان. قوۋۇزلىرىنىڭ تومۇرلىرى ئۇيىناپ تۇراتتى.

ژادوۋ تاماكا ئىسىدىن كوزلىرىنى قىسىپ، ئاتىسىدىن قالغان ئوينىڭ ئامبىرىدا ساقلانغان قىزىل ۋىنونى ئىچىپ ئولتۇراتتى. دىۋانىنىڭ نېرىقى بېشىدا يېلىزاۋېتا كىيېۋنا تاماكا چېكىپ، ۋىنو ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئاستا-ئاستا كۇلمەكتە ئىدى. ژادوۋ ئۇنى كۇن بويى جىم ئولتۇرۇشقا، ئوزى خالىغان ۋىنودىن ئالتە بوتۇلكىنى ئىچىپ بولۇپ، سوزگە كىرىشكەندە گېپىنى ئاڭلاشقا ئۇگەتكەن ئىدى. ئۇرۇشتا، ئۇ "شاتو كابېرنى"دا، بىرنەچچە مو يەردىكى ئۇزۇملۇك بىلەن قالغان يېرىم ۋەيران بولۇپ كەتكەن قورغاندا — ئاتىسى ئولگەندىن كېيىن مىراسقا پەقەت شۇلا قالغان ئىدى — ئاچ ئولتۇرۇپ، خېلى ئاچچىق-ئاچچىق پىكىرلەرنى توپلىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن ئالتە ئاي بۇرۇن، ئارقا سەپتىكى دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىدە، ژادوۋ ئوزىنىڭ كېسىپ تاشلانغان قولى سىقىراپ ئاغرىپ تۇرغان چاغدا، يېلىزاۋېتا كىيېۋناغا زەردە ۋە ئاچچىق بىلەن:

— كىچىچە مۇھەببەتلىك كوزلىرىڭىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغاندىن كورە، ئەتىلا پوپ چاقىرىپ، ئىشنى بىر ياقلىق قىلىپ قويغىن-دە! — دېگەن ئىدى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن ۋە بېشىنى ئېگىپ ماقۇل بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دوختۇرخانىدا توي قىلدى. ژادوۋ دېكابىردا موسكۋاغا كەلدى، بۇ يەردە ئۇ ئىككىنچى مەرتىۋە ئاپېراتسىيە قىلىندى. باش باھاردا ئۇ يېلىزاۋېتا كىيېۋنانى ئېلىپ ئاناپاغا، "شاتو كابېرنى"غا كوچۇپ كەتتى. ژادوۋنىڭ ئىگە-

لىكنى تەۋرىتىپ تۇرۇشقا زادى پۇلى يوق ئىدى، كونا ئەسۋاپ ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنى سېتىپ نان پۇلى قىلدى. ئەمما ئۆزلىرى تەييارلىغان بۇ كابېرنى ھارىغى ئۇرۇش دەۋرىدە گەمىدە ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

بۇ يەردە، مۇنارىسىغا قۇشلار قونۇۋالغان يېرىم ۋەيرانە ئۆيدە، ئىشسىزلىق، بىكارچىلىق باشلاندى، بۇ تۇرمۇشنىڭ ئاخىرى كورۇنمەيتتى. ئېيتىلىدىغان سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان ئېيتىلىپ بولغان. كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشى مەلۇم ئەمەس. گويا ژادوۋلارنىڭ كەيىندىن ئىشىك ئەبەدى بېكىتىلگەندەك ئىدى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇزاققا سوزۇلغان ئازاپ-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنىڭ بوشلۇغىنى ئۆزىنىڭ دوستلۇغى بىلەن تولدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كوردى، ئەمما بۇنىڭدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى: ئېرىگە يېقىپ قېلىشقا تىرىشاتتىيۇ، كېلىشتۇرەلمەي، كۈلكىگە قالاتتى ۋە چاندۇرۇپ قوياتتى. ژادوۋ ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى، يېلىزاۋېتا كىيېۋنا بولسا كەڭ پىكىرلىك ئادەم بولساممۇ، ئەمما ئايال كىشى بولغانلىغىم ئۇچۇن ئاجىزمەن دەپ ئويلايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنداق نامراتلىق تۇرمۇشنى، ھاقارەتلىنىش، زېرىكتۇرگۇچى تۇرمۇشنى، ئېرىگە باش ئېگىش ۋە كەمدىن-كەم بولۇپ تۇرىدىغان خوشاللىق چاغلىرىنى باشقا ھېچقانداق تۇرمۇشقا تەڭ قىلمايتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دېڭىز بويلىرىغا سوغاق كۆز كەلگەندىن كېيىن، ژادوۋنىڭ مىجەزى چۇسلىشىپ، ئازراق نەرسىگىمۇ ئاچچىغى كېلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى: قىمىر قىلغاندىمۇ لەۋلىرى تىترەپ، ئەڭ ئەسكى سوزلەر بىلەن ھاقارەت قىلاتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ بەزىدە يۈرىگى جىغىدا قىلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ھاقارەتلىرىدىن

بەدىنى جىمىرلىشىپ، تۈكلىرى ھۆرپىيىپ كېتەتتى. ئۇ شۇلارغا قارىماي، ژادوۋنىڭ ئورۇۋقلاپ كەتكەن، ئەمما چىرايلىق يۈزىگە سائەتلەپ تىكىلىپ، ئۇنىڭ بىلجىرىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

ژادوۋ ئۇنى يوغان-يوغان ئومۇچۇكلەر ئومىلەپ يۈرگەن خىشلىق گەمىگە ۋىنوغا ئەۋەتەتتى. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ساپال كورا قىپ-قىزىل كاپېرنى بىلەن تولغىچە ئۇنىڭ ئالدىدا تىز چوكۇپ، ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. "بىر كۈنى ئاركادى مېنى شۇ گەمىدە ئولتۇرۇپ، تۈكىنىڭ تېگىگە كومىدۇ؛ قىش كېچىلىرى كەينى-كەينىدىن ئۆتۈپ كېتەر، ژادوۋ شام كوتىرىپ چۈشەر؛ تۈك ئالدىدا ئولتۇرار، ۋىنونىڭ ئېقىپ چۈشۈشىگە تىكىلىپ، 'لىزا...' دەپ چاقىرار، ئۇنىڭغا جاۋاپ چىقماس، پەقەت ئومۇچۇكلەرلا ھەر ياققا قېچىپ كېتەر. ئۇ شۇ ۋاقىتتا يالغۇزلۇقتىن ئومرىدە بىرىنچى مەرتىۋە يىغلىۋېتەر."

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا شۇنداق خىياللار بىلەن، پۈتۈن ئەلەمدىن چىقاتتى؛ ئاقىۋەتتە ئۇ ئەمەس، مەن غالىپ بولۇپ چىقىمەن دەپ ئويلايتتى.

شامال بارغانسېرى كۈچىيەتتى، ئۇنىڭ كۈچىدىن دەرىزە ئەينەكلىرى تىترەپ جالاقلايتتى. مۇنارىدا شامال دەھشەت بىلەن تاك ئاتقىچە ھۇۋۇلداپ چىقاتتى، دېڭىز ئۈستىدە ھېچقانداق يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا گەمىگە ئۈچ مەرتىۋە چۈشۈپ، كورىنى تولدۇرۇپ چىقتى، ژادوۋ ھامان ئۇنچىقماي ۋە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. بۇ كېچە ئۇنىڭ قانداقتۇر مۇھىم گەپ قىلىشى مۇمكىندەك تۇراتتى.

— ھېچ بولمىغاندا ياكيۇمۇ تېپىلمامدۇ؟ — توساتتىن سورىدى

ژادوۋ قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — تۇنۇگۈندىن بېرى ئاغزىمغا ھېچ نەرسە كىرمىگىنىنى بىلسەڭ كېرەك!

يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئولتۇرغان جايىدا قېتىپ قالدى. ياگېۋ، ياگېۋ... ئەتىسگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئويى، ئاركادىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، تاماقنىمۇ ئۇنتۇپتۇ. ئۇ دىۋاندىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئولتۇر، پاسكىنا، — دېدى سوغاق بىر ئاھاڭ بىلەن ژادوۋ، — ياگېۋ يوقلۇغىنى ئۇزەممۇ بىلىمەن. ساڭا شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان تۇرلۇك خىياللارغا بېرىلىشتىن باشقا، ھېچ نەرسىگە پەملىك يوق.

— خوشنىلارغا چىقىپ، ۋىنوغا بولكا بىلەن ياگېۋ تېگىشىپ كېلەي...

— بۇنى مەن سوزۇمىنى تامام قىلغىنىمدىن كېيىن قىلىسەن، ئولتۇر، مەن بۇگۈن ھەرقانداق جىنايەتكە يول قويۇلۇشى مۇمكىن دىگەن مەسىلىنى ھەل قىلدىم. (بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندا يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ياغلىغى بىلەن كوكرىگىنى ياپتى-دە، دىۋانىنىڭ چېتىگە بېرىپ ئولتۇردى.) بۇ مەسىلە مېنى ياش چېغىمدىلا قىزىقتۇراتتى. مېنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئاياللار مېنى جىنايەتچى دەيتتى ۋە ماڭا ئالايىتەن بىر ھەۋەس بىلەن بېرىلەتتى، ئەمما جىنايەتچىلىك مەسىلەسىنى مەن پەقەت يېقىندىلا ھەل قىلدىم.

ئۇ قولىغا رومكا ئېلىپ، تەشنا ئادەمدەك ۋىنونى سۈمۈرۈپ ئىچتى-دە، تاماكا چەكتى.

— مەن ئۇزەمنى دۈشمەندىن ئۇچ يۈز قەدەمچە بېرىسىدىكى ئاكوپتا دەپ پەرەز قىلاي. مەن نىمىشقا ئاكوپتىن ئېشىپ دۈشمەننىڭ خەندىگىگە بارمايمەن، ئولتۇرۇشكە كېرەك بولغان ئادەمنى ئولتۇ-

رۇپ، پۇللىرىنى، يوتقان-ياستۇقلىرىنى، قەھۋە ۋە تاماكىسىنى تارتىۋالمايمەن؟ ئەگەر ئوققا تۇتۇلماسلىقىمنى ئېنىق بىلسەم ئىدىم، ياكى ئوققا تۇتۇلسامۇ، ئەمما ماڭا ئوق تەگمەسلىكىنى چوقۇم بىلسەم ئىدىم — ئەلۋەتتە بېرىپ دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن ۋە بار-يوقىنى تارتىۋېلىپ كەلگەن بولاتتىم. شۇنداق قىلغىنىمدا مېنى قەھرىمان دەپ كوتىرىشەتتى، گېزىتلەردە سۈرەتلىرىمنى بېسىپ چىقىرىشقان بولاتتى. بۇنىڭ ئوچۇقلۇغى، مەنتىقى ئىكەنلىكى كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ. خوش، مەن ھازىر ئاكوپتا ئەمەس، بەلكى ئاناپادىن ئالتە چاقىرىمچە نېرىسىدا، شاتو كابېرنىدا ئولتۇرۇپتىمەن، نىمىشقا ئەمدى كېچىسى شەھەرگە بېرىپ، مۇراۋېيچىكنىڭ ئالتۇن دۇكىنىنى ئېچىپ، قىممەتلىك تاش ۋە ئالتۇنلىرىنى ئالماي تۇرىمەن؟ نىمىشقا ئوزى كېلىپ قالسا، مانا بۇ يېرىگە خەنجەر سالمايمەن؟ — ژادوۋ بارمىقى بىلەن كېكىرتىكىنى كورسەتتى، — نىمىشقا شۇ ۋاقىتقىچە شۇ ئىشنى قىلمىدىم؟ بۇنىمۇ قورققىنىمدىن قىلماي كەلدىم. قاملىشىتىن، سوتلىنىشتىن، ئېسىلىشتىن قورقتۇم. گېپىم مەنتىققە توغرا كېلەمدۇ؟ دۈشمەننى ئولتۈرۈش، ئۇنىڭ مېلىنى تالاش مەسىلىسى دولەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن يەنى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر تۈزگەن ئەخلاق تەرىپىدىن ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىنى چىقىرىش يولى بىلەن ئىجابى ھەل قىلىنغان. دىمەك، بۇ مەسىلىنىڭ نەتىجىسى كىمنى دۈشمەن دەپ بىلىشىمدە قالغان.

— ئۇ يەردە دېيىلگەن دۈشمەن دولەت دۈشمىنى، سىز دەۋاتقان دۈشمەن بولسا، ئوزىڭىزنىڭ شەخسى دۈشمىنى، — دېدى يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئاۋازىنى ئاڭلىنار-ئاڭلانماس چىقىرىپ.

— تەبرىكلەيمەن، سىز تېخى ماڭا سوتسىيالىزم توغرىسىدا گەپ

ساتارسىز! بولمىغان سوز-دە! ئەخلاق دىگەن نەرسە كوللىكتىپ ھوقۇقى ئاساسىغا ئەمەس، ھەر بىر شەخس ھوقۇقى ئاساسىغا قۇرۇلغان، مەن ھەممە مەملىكەتتە سەپەرۋەرلىك ناھايىتى شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، رىم پاپاسىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە قارىماي، ئۇرۇشنىڭ ئۈچ يىلدەك ۋاقىتتىن بېرى ئومۇمى يۈزلۈك داۋام قىلىشىغا بىزنىڭ يوگەكتىن چىقىپ چوڭ بولىغىنىمىز سەۋەپچى بولدى دەپ ھىساپلايمەن. بىز ئادەم ئۆلتۈرۈشنى، بۇلاڭ-تالاڭ بولۇشنى خالايمىز، توغرىدىن-توغرا خالىمىساقمۇ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمەيمىز. ئادەم ئۆلتۈرۈشنى، مال-مۈلۈكنى تالاشىنى دولەت ئۆيۇشتۇرغان. پەقەت ئەخمەقلەر بىلەن نان قېپى كىشىلەرلا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئوغرىلىقنى قاتىللىق ھەم ئوغرىلىق دەپ ئاتاۋېرىدۇ. مەن ھازىردىن باشلاپ بۇنى ھەر بىر شەخسنىڭ ئوز ھوقۇقىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشى دەپ بىلىمەن. يولۋاسمۇ خالىغىنىنى ئالىدۇ. مەن يولۋاستىن دانا. كىم مېنىڭ ھوقۇقۇمنى چەكلىيەلەيدۇ؟ قانۇنلارمۇ؟ ئۇنى بۇرۇنلا قۇرۇت يەپ كەتكەن.

ژادوۋ ئاياقلىرىنى يىغىپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى-دە، دەرىزىنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەن ئەينەكلىرىدىن ئاخشام قۇياشى خىرە يورۇتۇپ تۇرغان ئۆي ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈرۈشكە باشلىدى.

— نەچچە مىليونلىغان ئادەم ئۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى، ئەللىك مىليونچە ئادەم فرونتلاردا ئۇرۇشماقتا. ئۇلار ئۇيۇشقان، قوراللانغان. ئۇلار ھازىرچە بىر بىرىگە قارشى بولغان ئىككى گورۇھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىشىپ كېتىشىنى ھىچ نەرسە توسالمايدۇ. بۇنداق كۈن

يېتىپ كېلىدۇ، قانداقتۇر بىر كىشى پەيدا بولۇپ، ئۇ ئەللىك مىليون كىشىلىك كوللىكتىپقا: ”ئەخمەقلەر، مىلتىقنى باشقا تەرەپكە ئېتىڭلار!“ دىگۈدەك بولسا، خۇددى مەن ئېيتقاندەك بولىدۇ. ئۇرۇش چوقۇم ئىسيان، ئىنقىلاپ بىلەن، جاھان يالقۇنى بىلەن تاماملىنىدۇ. مىلتىق نەيزىلىرى مەملىكەتنىڭ ئىچىدىكى ھوكۇمرانلارغا قارىتىلىدۇ. ھاياتنى كوللىكتىپ باشقۇرىدىغان بولىدۇ. بىرەر گادايىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشىدۇ-دە، ھەممە شۇنىڭغا سەجدە قىلىدىغان بولىدۇ. مەيلى، نىمە بولسا، شۇ بولسۇن. بۇنداق بولسا، يەنە ياخشى، قولۇم يەنە ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇ يەردە ئاما قانۇنى بولسا، بۇ يەردە شەخس قانۇنى بولىدۇ، بۇنداق شەخس ئاشكارا، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان بولىدۇ. سىز سوتسىيالىزىمنى ھىمايە قىلىسىز، بىز پۇقرا قانۇنىنى ھىمايە قىلىمىز، ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ مۇقەددەس، تەشكىللىك ئىنتىزامىنى ھىمايە قىلىمىز.

يېلىزاۋېتا كىيېۋنانىڭ يۈرىگى پوكۇلداپ ئۇرۇپ تۇراتتى. ژادوۋ ئېيتقان نەرسىلەر تىلېگىننىڭ ئۆيىدە بولغان چاغدا خىيال قىلغان ”ھاياجانلاندۇرغۇچى چوڭقۇر“ ھىسلارنىڭ خۇددى ئۆزى ئىدى. ئەمما بۇ نەرسىلەر تېلېگىننىڭ ئىجارىچىلىرى تەرىپىدىن لىزانىڭ ئىشىگىگە يېيىشتۇرۇپ قويۇلىدىغان ئۇن ئىككى ماددىلىق چاخچاق سۆزلەردىن ئەمەس ئىدى... ئەنە، گۈگۈمدا، دەرىزىلەرنىڭ يېنىدا خۇددى قەپەزگە سېلىنغان شىردەك، دەھشەتلىك ئادەم يۈرۈپتۇ. ئۇ ئەركىن ھەركەت قىلالمىغاچقا، شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ-دە. يېلىزاۋېتا كىيېۋنا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، ئاتلار چېپىپ يۈرگەن يايلاقىنى، تاڭ شەپەقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى... ئۇنىڭ قۇلىغىغا قىيقاس-چۇقانلار، جەڭ سادالىرى،

دادۇ - پەرياتلار، دالا قوشاقلىرى ئاڭلىنىۋاتقاندەك بولاتتى.

# 25

ھەممىنىڭ كوڭلى سوۋۇپ، ئۇمىدى ئۇزۇلگەن بىر چاغدا، يەنى 1916 - يىلى قىشنىڭ بېشىدا رۇس قوشۇنلىرى قېلىن قارلارنى بېسىپ، مۇز توڭلىغان تاغلاردىن ئېشىپ، كۇتۇلمىگەندە ئارزىرۇم قەلئەسىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ۋەقە ئىنگلىزلارنىڭ مىسسوپوتامىيىدە ۋە ئىستامبۇل يېنىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرغان، غەربىي فورونتتا ئىزېر دەرياسى بويىدىكى بىر كىچىك كېمىچىسىنىڭ ئويى ئۇچۇن قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان، قانغا مىلەنگەن بىرنەچچە مېتىر جاينى جەڭ قىلىپ قولغا كىرگۈزۈش زور غەلىبە دەپ ئاتالغان ۋە بۇ ئىش ئېفېل مۇنارىسىدىن پۈتۈن دۇنياغا جار سېلىپ تارقىتىلىۋاتقان بىر چاغدا بولدى.

ئاۋسترىيە فورونتىدا، جياڭجۇن برۇسىلوۋ قوماندانلىقىدىكى رۇس قوشۇنلىرىمۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇتكەن ئىدى.

بۇ ئەھۋاللار پۈتۈن دۇنيادا تەسىر قوزغىغان ئىدى. ئەنگلىيىدە رۇسلارنىڭ ھېچكىم چۈشىنىپ بولمايدىغان روھى توغرىسىدا كىتاپ بېسىپ چىقىرىلدى. ھەقىقەتتە، روسىيىنىڭ ئۇرۇشىنىڭ بىر يېرىم يىلدىن بېرى داۋام قىلىشىغا قارىماي، مەغلۇبىيەتكە، ئون سەككىز ئولكىنىڭ قولدىن كېتىشىگە قارىماي، ھەممىنىڭ روھى چۈشۈپ، ئىگىلىكنىڭ خاراپ ھالغا كەلگىنىگە، سىياسى جەھەتتىن چۈشكۈن

هالەتتە تۇرۇشقا قارىماي، ئۈچ مىڭ چاقىرىمچە سوزۇلغان ھەممە فۇرونتتا تۇتاش ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىرئىش ئىدى. يېڭى ۋە تېخى ماغدۇرلۇق كۈچلەرنىڭ دولقۇنى كوتىرىلگەن ئىدى.

روسىيىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىگە يۈز مىڭلاپ ئەسىر ئەۋەتىلىشكە باشلىدى. ئاۋستىرىيىگە شۇنداق كۈچلۈك زەربە بېرىلدىكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن خۇددى ھېچىر تاۋاقتەك، پارچە-پارچە بولۇپ ۋەيران بولدى. گېرمانىيە مەخپى يوسۇندا سۇلھ قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. پولنىڭ قىممىتى كوتىرىلدى. دۇنيا ئۇرۇشى يەنە بىر مەرتىۋە ھەربى زەربە بېرىش بىلەن تۈگەيدۇ، دېگەن ئۈمىتلەر يەنە پەيدا بولدى. "رۇس روھى" چەكسىز داڭققا ئىگە بولدى. رۇس ئەسكەرلىرى ئوكيان پاراخوتلىرىغا چۈشۈپ ھەر تەرەپكە كېتىشكە باشلىدى. ئورىيول، تۇلا، رەزان دېخانلىرى سالونىكى، مارسېل، پارىژ كوچىلىرىدا "كىچىك بۇلبۇل كۈيى"نى دەللىك ئېيتىپ يۈرەتتى، ياۋروپا مەدىنىيىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن نەيزە جەڭلىرىگە شىردەك ئېتىلىپ كىرىشەتتى.

پۈتۈن ياز بويى ھۇجۇم داۋام قىلىپ تۇردى. ئەسكەر بولۇش يېشىغا تولغانلار كەينى-كەينىدىن سەپەرۋەر قىلىناتتى. قىرىق ئۈچ ياشتىكى دېخانلارنى ئېتىزدىن، ئىشلەپ تۇرغان جايلىرىدىن توپ-توغرا ئېلىپ كېتىشەتتى. ھەممە شەھەردە ئەسكەر توپلىناتتى. سەپەرۋەر قىلىنغانلارنىڭ سانى يىگىرمە توت مىليونغا يېتىپ قالغان ئىدى، گېرمانىيە ئۈستىگە، پۈتۈن ياۋروپا ئۈستىگە ئاسىيالىق ئالامانلارنىڭ قەدىمقى ۋەھىمىسى بېسىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

شۇ يازنىڭ ئىچىدە موسكۋا بوشاپ قالغان ئىدى، ئاھالىنىڭ

ئەرلەر قىسمى ئۇرۇشقا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ فۇرونتقا — مىنىسككە كەتكەن. داشا ۋە كاتە شەھەردە تىنچ يالغۇز ئۆزلىرى قالدى، ئۇلارغا ئىش جىق ئىدى. تۇرۇپ-تۇرۇپ تېلېگىنى-دىن قىسقا ۋە كوڭۈلسىز خەتلەر كېلىپ تۇردۇ، مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئەسىردىن قاچماقچى بولغان ئىكەن، ئەمما قولغا چۈشۈپ، قەلئە ئىچىگە سولىنىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردا ئاچا-سىڭىللارنىڭكىگە داۋىي روشىن دېگەن ناھايىتى خۇش پېئىل بىر كىشى كېلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئوق-دورا، قورال-ياراقلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن موسكۋاغا كوماندىروپكىغا كەلگەن ئىدى. بىر كۈنى نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئۇنى شەھەرلىك بىرلەشمىدىن ئۆز ئاپتوموبىلىغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرى روشىن ئۇلارنىڭكىگە كېلىپ-كېتىپ يۈرۈشكە باشلىدى.

ھەر كۈنى ئاخشىمى كوچا ئىشىكىنىڭ قوڭغۇرىقى جاراڭلايتتى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئاستا ئۇھ تارتىپ، يىمەكلىك ئىشكاۋى يېنىغا بېرىپ، قاچىغا قىيام قۇيۇپ ياكى چايغا لىمون كېسىپ كېلەتتى. ئىشىك قوڭغۇرىقى جاراڭلاپ، روشىن ئاشخانىغا كىرگەندە، كاتەنىڭ شۇ زاماتلا ئەمەس، بەلكى بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىشىنى، لەۋلىرىدە ئادەتتىكىدەك نازۇك تەبەسسۇم پەيدا بولۇشىنى داشا سېزىپ يۈرەتتى. ۋادىم پېترووۋىچ روشىن ئۈنچىقماستىن تازىم قىلاتتى. ئۇنىڭ بويى ئورۇق، كوزلىرى قارا، غەمكىن، چېچى قىرىلغان ئىدى... ئۇ ئۈستەل يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ يېڭىلىقلىرىنى ئالدىرىماستىن، بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ بېرەتتى. ساماۋار يېنىدا ئولتۇرغان كاتە ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ، ئۈنچىقماي

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ ئولتۇراتتى؛ كاتەنىڭ تىكىلگەن كوزلىرى ئۇنىڭ قىزىشقا ئاڭلاۋاتقانلىغىنى كورستەتتى. روششىننىڭ كوزلىرى كاتەنىڭ كوزى بىلەن ئۇچراشقاندا، روششىن قوشۇمىسىنى سەل تۇرۇپ قوياتتى، ئۇستەل تېگىدە دىۋىتكۇچ جاراڭلاپ كېتەتتى. بەزىدە كوپچىلىك ئۇزاق جىم قېلىشاتتى-دە، كاتە بىردىنلا ئۇھ تارتىپ، قىزىرىپ كېتەتتى، ئەيىپدارەك كۇلۇمسىرەيتتى، سائەت ئون بىرلەردە روششىن ئورنىدىن تۇراتتى، كاتەنىڭ قولىنى ئىھتىرام بىلەن، داشانىڭ قولىنى ھودۇقۇش بىلەن سىيىپ، ئولتۇرىۋېرىڭلار، ئۇزدىمەن دىمەگلار دەپ چىقىپ كېتەتتى. كىشىسىز كوچىدىن ئۇنىڭ قەدەم تاشلاپ كېتىشى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كاتە قاچىلارنى سۇرتۇپ ئىشكاپقا سېلىپ قوياتتى. كېيىن ئۇنچىقماستىن ئوز ئويىگە كىرىپ كېتەتتى-دە، ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالاتتى.

بىر كۇنى كەچقۇرۇنلۇغى كۇن ئولتۇرغان ۋاقىتدا، داشا ئوچۇق دەرىزە يېنىدا ئولتۇراتتى. كوچىدا، ئىگىز ئاسماندا قۇشقاچلار ئۇچۇپ يۇرەتتى. داشا ئۇلارنىڭ چىرىلدىشىغا قۇلاق سالاتتى. ئەگەر قۇشقاچلار ئىگىز ئۇچسا، ئەتىسى كۇن ئوچۇق ۋە ئىسسىق بولىدۇ، ئۇلار ئۇرۇشتىن خەۋەرسىز، بەختلىك قۇشلار، دەپ ئويلايتتى.

كۇن پاتقان، شەھەر ئۇستىنى ئالتۇن رەڭلىك چاڭ قاپلىغان ئىدى. گۇگۇم چۇشكەن، ئادەملەر دەرۋازا ۋە كوچا ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. ھەسرەتلىك بىر ۋاقىت ئىدى، داشا بىرەر نەرسىنى كۇتمەكتە ئىدى. ئەنە، يېقىن بىر جايدىن ئاخشام كوكۇلسىزلىگىدە قول گارمۇنىنىڭ مۇڭلۇق كۇيى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. داشا دەرىزىنىڭ تەكچىسىگە يولەندى. بىر ئايال قاتتىق ۋە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

نان بولسا ئۇزۇقلۇغۇم،
سوغاق سۇ ئۇسسۇلۇغۇم،
...........

دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

كاتەمۇ داشانىڭ كەينىگە كېلىپ، قىمىرلىماستىن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

— ناھايىتى ياخشى ئېيتىۋاتىدۇ-ھە، كاتيۇشا.

— نىمە ئۇچۇن؟— دىدى كاتە ئۇشتۇمتۇتلا، پەس ۋە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن، — نىمە گۇنا قىپتىمىز؟ قاچان تۈگەيدۇ بۇ — ئاخىر مەن قېرىپ كېتىۋاتىمەنغۇ، چۈشىنەمسەن بۇنىڭغا! ئارتۇقچە تاقىتىم قالمىدى، قالمىدى!...—ئۇ تام تۈۋىدە، پەردە يېنىدا، دېمى قىسىلىپ، رەڭگى ئاپپاق تاتىرىپ تۇراتتى، ئاغزىنىڭ ئەتراپىدا قورۇق پەيدا بولدى، ئۇ قورۇق، قاپ-قارا كوزلىرىنى داشاغا تىكىپ تۇراتتى.

— تاقىتىم قالمىدى، ئارتۇقچە چىدىيالمايمەن، — دەيتتى ئۇ ھامان، ئاستا ۋە خىرىلداپ، — بۇنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ!... بىز ئولۇپ كېتىمىز... بىز ئەمدى خوشاللىقنى زادى كورمەيمىز... ئاڭلاۋاتامسەن ناخشا ئېيتىۋاتقان خوتۇننىڭ ئاۋازىنى؟... پەريات چېكىدۇ... تىرىكلەرگە مەرسىيە ئوقۇۋاتىدۇ...

داشا ھەدىسىنى قاتتىق قۇچاقلاپ سىلايتتى، ئۇنىڭ كوڭلىنى بېسىپ، ئارام بېرىشكە ئۇرۇناتتى، ئەمما كاتە جەينىكىنى تىرەپ، ئۇنىڭ قۇچىغىدىن چىقىشقا تىرىشاتتى.

دالاندا قوڭغۇراق جاراڭلىدى. كاتە سىڭلىسىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىككە كوز تىكىپ تۇردى. يىرىك موۋۇت كىيىم، ياغلان-

www.uyghurkitap.com

غان يىڭى ئۇتۇك كىيگەن روششەن كىرىپ كەلـدى. ئۇ داشا بىلەن كۇلۇمسىرەپ سالاملاشقاندىن كېيىن كاتەگە قول ئۇزاتـقان ئىـدى. ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ھەيـران بولۇپ، قوشۇمـــــنى تۇردى. داشا دەررۇ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇستەلگە چەينەك-چىنىلەرنى ئېلىپ قويۇۋېتىپ، كاتەنىڭ ھامان شۇ بوش ۋە خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— كېتىدىغان بولدىڭىزمۇ؟—دەپ سوراۋاتقانلىغىنى ئاڭلىدى.

— ھەئە،—دىدى روششەن بىر يوتىلىپ.

— ئەتىمۇ؟

— ياق، بۈگۈن، بىر سائەت ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن.

— قاياققا؟

—ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىسىمغا،—ئۇ سەل توختاپ، يەنە مۇنداق دىدى:

— مەسىلە مانا بۇنىڭدا، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، ئېھتىـمال، بىز ئاخىرقى مەرتىـۋە كورۇشۇۋاتـقان بولـساق كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە ئېيتماقچى بولدۇم...

كاتە ئۇنىڭ سوزىنى بولدى:

— ياق، ياق... مەن ھەممىسىنى بىلىمەن... سىزمۇ مەن توغرىلىق ھەممىنى بىلىسىز...

— يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، سىز...

كاتە جىنىنىڭ بېرىچە:

— ئۆزىڭىز كورۇپ تۇرۇپسىزغۇ!... سادىغاڭ كېتەي، كېتىڭ...— دەپ ۋاقىرىدى.

داشانىڭ چىنە تۇتقان قولى تىترەپ كەتتى. مېھمانخانا جىمجىت ئىدى. كېيىن كاتە ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— كېتىڭ، ۋادىم پېترووۋىچ...، — دېدى.

— خەير-خوش!

روشىن بىر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ ياغلانغان ئۆتۈكىنىڭ غاچ-غۇچى ئاڭلاندى. دالان ئىشىكى تاق قىلىپ يېپىلدى. كاتە ئاشخانىغا كىرىپ، پېشانىسىنى ئىككى قولى بىلەن كۆچىنىڭ بىرىچە قىسىپ ئۈستەل يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ شۇنىڭدىن بېرى، ۋادىم پېترووۋىچ توغرىسىدا گەپ قىلمايتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى كوزلىرى قىزىرىپ، لەۋلىرى ئىششىپ چىقسىمۇ، دەردىنى يۇتۇپ يۈرەتتى. روشىن يول ئۈستىدە ھەدە-سىڭىلغا سالام دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ، خەتنى تام مەشىنىڭ ئويۇغىغا قويۇشقان ئىدى، چۈشىن ئولتۇرۇپ قارايتىۋەتتى.

ئاچا-سىڭىل مۇزىكا ئاڭلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچقۇرۇن تۋېرسكوي سايىلىق كوچىسىغا بېرىشاتتى: ئۇلار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كوچا بېغىدا تاماشا قىلىپ يۈرگەن، ئاق ۋە كۆلرەڭ كوينەك كىيگەن قىزلارنى تاماشا قىلىشاتتى. ئۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن ئايال ۋە باللار بولاتتى؛ گايىبىر ۋاقىتلاردا داكا بىلەن تېڭىلغان قولىنى ئېسىۋالغان ھەربىلەر ياكى قولتۇق تاياق تايانغان مەجرۇھ ھەربىلەر ئۆتۈپ قالاتتى. سازەندىلەر ”مانجۇرىيە تاغلىرىدا“ ۋالىسىغا چالاتتى. كانايىنىڭ تۇ-تۇ-تۇ دېگەن مۇڭلۇق ئاۋازى كېچە ئاسمىنىغا ئۆچۈپ، سىڭىپ كېتەتتى. داشا كاتەنىڭ جانسىز، ئاجىز قولىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— كاتيۇشا، كاتيۇشا، — دەيتتى ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، — مانا بۇ يادىڭدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئىشقا ئاشىمدى مۇھەببەت-ئىشقىم،
سوۋۇدى ئەجەپ نازۇك ھال دىلىم؟...

ئەگەر دادىل بولساق، ئۆلمىسەك، بۇنچىلىك قىينالماستىن مۇھەببەتلىشىش مۇمكىن بولىدىغان زاماننىمۇ كۆرىمىز، مەن بۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىمەن... ئەمدى بىز دۇنيادا مۇھەببەتتىنمۇ يۇقۇرى نەرسە يوق ئىكەنلىگىنى بىلىمىزغۇ. مەن بەزىدە ئىۋان ئىلىئىچ ئەسىردىن پۈتۈنلەي باشقىچە، يېڭى ئادەم بولۇپ قايتىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ھازىر مەن ئۇنى ئۆزەملا روھىي جەھەتتىن سۆيىمەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا بىر بىرىمىزگە خۇددى باشقا ھاياتتا كۆيۈپ كەلگەندەك ئۇچرىشىمىز.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئۇنىڭ يەلكىسىگە تايىنىپ ئولتۇرۇپ:

— دانيۇشا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى شۇنداق قايغۇ-ھەسرەت ۋە شۇنداق قاراڭغۇلۇق باسقانكى، ئۇ مېنى قېرىتىپ قويىدى. سەن تېخى ياخشى زامانلارنى كۆرىسەن، مەن بولسام ئۇ زامانلارنى كۆرەلمەيمەن، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى.

— كاتيۇشا، بۇنداق دىيىش ئۇيات.

— ياق، جېنىم، رىياللىققا دادىل قاراشنى بىلىش كېرەك.

شۇنداق ئاخشاملارنىڭ بىرىدە ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ نېرىقى بېشىغا ھەربىچە كىيىنگەن بىر كىشى كېلىپ ئولتۇردى، سازەندىلەر قەدىمقى ۋالسلاردىن بىرىگە چېلىۋاتقان ئىدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا چىراقلار خىرە پاللداپ تۇرغان ئىدى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھېلىقى كىشى بۇ ئاچا-سىڭىللارغا شۇنداق تىكىلىپ قارىدىكى، داشانىڭ بويىنى جىمىرلىشىپ كەتتى، ئۇمۇ قايرىلىپ قارىغان ئىدى، ئۇشتۇمتۇت قورققان ئاۋاز بىلەن:

— ياق! — دەۋەتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئورۇقلاپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىق، قاپتەك كەڭ ئۇستىكى كىيىم كىيگەن، ئۇستىگە قىزىل كىرىست قادالغان شەپكە كىيگەن بىسسونوۋ ئولتۇراتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. داشا: "ياخشىمۇسىز؟" دىدى-دە، لەۋلىرىنى قىستى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئارقىسىنى ئورۇندۇققا يولەپ، ئوزىنى داشانىڭ شلەپىسىدىن چۇشكەن كولەڭگىگە ئېلىپ، كوزىنى يۇمۇپ ئولتۇردى. بىسسونوۋنىڭ يۇزى يە چاڭ باسقان، يە يۇيۇنمىغاندەك كورۇنەتتى، ھەر ھالدا تەلەتى پاسكىنا ئىدى.

— مەن سىزنى سايىلىق كوچىدا تونۇغۇنمۇ، ئاۋالقى كۇنىمۇ كورگەن ئىدىم، — دىدى ئۇ داشاغا. قاشلىرىنى كوتىرىپ، — ئەمما يېنىڭىزغا كېلىشكە پېتىنالمىدىم...ئۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن. مانا ماڭىمۇ نوۋەت كەلدى...

— سىز قىزىل كىرىستتا ئىكەنسىزغۇ، ئۇرۇشتا نىمە قىلىسىز؟ — دىدى داشا تۇساتتىن تىترەپ.

— خەۋپ-خەتەر ئاز، ئەلۋەتتە ماڭا قالسا — ھەممىسى بەرىبىر، ئولتۇرەمدۇ. ئولتۇرمەمدۇ...زېرىكتىم، داريە دمىترىيېۋنا، — ئۇ بېشىنى كوتىرىپ، خىرە كوزلىرى بىلەن داشانىڭ لەۋلىرىگە قارىدى، — بۇ ئولۇكلەردىن زېرىكىپ كەتتىم. ئولۇك، ئولۇك...

كاتە كوزىنى ئاچماستىن سورىدى:

— شۇنىڭدىن زېرىكتىڭىزمۇ؟

— ھە، ناھايىتى زېرىكتىم، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا. ئىلگىرى ئازغىنا بولسىمۇ ئۇمىت بار ئىدى...ئەمما شۇ ئولۇكلەردىن كېيىن ئاخىرقى تۇن باستى... ئولۇك، قان، مالىماتاڭچىلىق. داريە دمىترى-

www.uyghurkitap.com

يېۋونا، سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمدىن مەقسەت بىرېر سائەت ۋاقتىڭىزنى سوراش ئىدى.

— نىمە قىلاتتىڭىز؟ — داشا ئۇنىڭ يات، ئاغرىق يۈزىگە قارىدى، توساتتىن بۇ ئادەمنى بىرىنچى مەرتىۋە كورگەندەك بولۇپ، بېشى ئايلىنىپ كەتتى.

قىرىمدا سوزلەشكەن گېپىمىز ئۈستىدە كوپ ئويلىدىم، — دېدى بېسسونوۋ تەلەتىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — سىز بىلەن سوزلەشمەكچى ئىدىم، — ئۇ ئۈست كىيىمىنىڭ يانچۇغىغا قول سېلىپ، تاماكا قۇتىسىنى چىقاردى، — مەن بەزىبىر يارىماس تەسىراتلارنى ئېنىقلىماقچى ئىدىم...

داشا ئۇنىڭغا كوزلىرىنى قىسقان پېتى قارىدى. بېسسونوۋنىڭ يېقىمسىز يۈزىدە بۈرۈنقى سېھىرگەرلىكنىڭ ئەسىرىمۇ قالمىغان ئىدى. داشا دادىللىق بىلەن:

— مېنىڭچە، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزلەشكۈدەك ھېچقانداق گەپ يوق، — دېدى-دە تەتۈر قاراپ ئولتۇردى، — خەير-خوش، ئالېكسېي ئالېكسېيېۋىچ.

بېسسونوۋ زورىغا ھىجايدى-دە، شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. داشا ئۇنىڭ ئاجىز يەلكىسىگە، چۈشۈپ كېتەي دەپ تۇرغان كەڭ ئىشتىنىغا، چاڭ باسقان ئېغىر ئوتۇكلىرىگە قاراپ، ئەنە شۇ كىشىمۇ مېنىڭ قىزلىق، ئويىقۇسىز كېچىلىرىمنىڭ ئېبلىسى بولغان ئىدى-ھە؟ دەپ ئويلىدى.

— كاتيۇشا، سەن بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇرغىن. مەن ھازىر كېلىمەن، — دېدى داشا ئالدىراپ ۋە بېسسونوۋنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى. بېسسونوۋ باشقا كوچىغا بۇرۇلغان ئىدى. داشا

ئېغىر نەپەس ئېلىپ، كەينىدىن بېرىپ يەتتى-دە، يېڭىدىن تۇتتى. بېسسونوۋ توختىدى، قايرىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ ئىككى كوزى ئاغرىق قۇشنىڭ كوزلىرىدەك ئېچىلىپ، يۇمۇلۇپ تۇراتتى.

— ئالېكسى ئالېكسېيېۋىچ، مېنىڭدىن خاپا بولماڭ.

— مەنغۇ خاپا ئەمەسمەن، ئۇزىڭىز سوزلىشىشنى خالىمىدىڭىز.

— ياق، ياق...سوزۇمنى چۇشەنمەپسىز...مەن سىزگە ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋەتتىمەن، مەن سىزگە ياخشىلىق تىلەيمەن... ئەمما بولۇپ ئوتكەن نەرسە توغرىسىدا سوز قىلىشىنىڭ كېرىگى يوق، ئوتمۇشتىن ھېچ نەرسە قالمىدى...مەن ئوزەمنى گۇناكار دەپ سېزىمەن، سىزگە ئېچىنىمەن...

بېسسونوۋ مۇرىسىنى كوتەردى ۋە سوغاق كۇلۇپ، داشانىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقانلارغا قاراپ تۇردى.

— رەھمەت، ئىللىگىز ئۇچۇن تەشەككۇر.

داشا ئۇھ تارتتى. ئەگەر بېسسونوۋ ياش بالا بولغاندا ئىدى، داشا ئۇنى ئوز ئويىگە ئېلىپ بېرىپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغان ۋە ئۇنىڭغا كەمپىت يېگۈزگەن بولاتتى. ئەمما بۇ ئادەمگە نىمە قىلسۇن، ئۇ ئوزىنى ئوزى قىيناپ، ئازاپ چېكىپ، ئوزىدىن ئوزى يامانلاپ يۇرۇپتۇ.

— ئالېكسى ئالېكسېيېۋىچ، خالىسىڭىز ماڭا ھەر كۈنى خەت يېزىپ تۇرۇڭ، مەنمۇ جاۋاپ يېزىپ تۇرىمەن،— دېدى داشا ئۇنىڭ يۈزىگە مۇمكىن قەدەر مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ. بېسسونوۋ بېشىنى كوتىرىپ، خۇددى ياغاچ تاقىلدىغاندەك تاۋۇش بىلەن كۇلدى.

— تەشەككۇر... ئەمما، قەغەز بىلەن سىيادىن بېزىپ قالغانمەن...— ئۇ خۇددى چۇچۇك نەرسە يۇتقاندەك، تەلەتىنى پۈرۈش-

تۇردى، — ياكى سىز ئەۋلىيا سىز، دارىيە دمىترىيېۋنا، ياكى ئەخمەق سىز... سىز مېنىڭ بېشىمغا پۈتكەن بىر بالا بولدىڭىز، بىلدىڭىزمۇ؟

ئۇ كەتمەكچى بولغان ئىدى، ئەمما يەردىن ئايىغىنى ئۈزەلمەي قالدى. داشا بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى، — ئۇ ھەممىنى چۈشىنەتتى، ئۇزى غەمكىن ئىدى، بىراق يۈرىگى سوغاق ئىدى. بېسسونوۋ ئۇنىڭ ئېگىلگەن بويىنىغا، ئاق كوينىگىنىڭ ياقىسىدىن كورۈنۈپ تۇرغان نازۇك، يېقىملىق كوكرىگىگە قاراپ، ئەمدى تامام، شۇ ئۆلۈم، دەپ ئويلىدى.

— رەھىم قىلىڭ، — دېدى بېسسونوۋ ئاددى، ئاستا ۋە ئىنسانى ئاۋاز بىلەن. داشا بېشىنى كوتەرمەستىن: — ھە، ھە، — دەپ پىچىرلىدى-دە، دەرەخلەر ئارىسىدىن يۈرۈپ كەتتى. بېسسونوۋ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ چاچلىق بېشىنى ئادەملەر ئىچىدىن كورۈپ قالدى، — داشا كەينىگە قايرىلىپ قارىماستىن كېتىپ قالدى. بېسسونوۋ بىر قولى بىلەن دەرەخنى تۇتۇپ، كۈچىنىڭ بېرىچە مىجىقلىدى، ئۇ ئۇزىنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىدىن، كوتىرىپ يۈرگەن يېرىدىن جۇدا بولغان ئىدى.

# 26

چولۈلۈك ۋە تورفلۇق يەر ئاسمىنىدا خىرە پاقىراپ تۇرغان دۈگىلەك ئاي تۇراتتى. تاشلاندۇق ئاكوپلارنى تۇمان قاپلىغان ئىدى. ھەممە ياق كوتەك، ئۇ يەر-بۇ يەردە ئوسكەن پاكار قارىغايلار

قارىيىپ كورۈنەتتى. ھاۋا نەم، جىمجىت ئىدى. بىرنەچچە ھارۋىلىق قۇتقۇزۇش كارۋىنى تار يولدىن ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ بارماقتا. فۇرونت لىنىيىسى ئۈچ چاقىرىم نېرىدا، ئۇچى قارىيىپ تۇرغان ئورمان ئارقىسىدا بولسىمۇ، ئۇ تەرەپتىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى.

ھارۋىلارنىڭ بىرىدىكى قۇرۇق ئوت-چۆپ ئۈستىدە، بىمسونوۋ ئۈستىگە يوپۇق يېپىپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى، يوپۇقتىن ئاتنىڭ تەر پۇرىغى كېلەتتى. ھەر كۈنى كۆن پېتىش بىلەنلا، ئۇنىڭ بەزگىكى تۇتاتتى، تىترەپ چىشلىرى كاراسلاپ كېتەتتى، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى، مېڭىسىدە روشەن، يېنىك ۋە ھەر تۈرلۈك ئوي-پىكىرلەر بىر تۇرۇپ سوۋۇپ، بىر تۇرۇپ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇنداق ھالەت تەن ئېغىرلىقىنى بىلدۈرمەي، چوڭ لەززەت كەلتۈرەتتى.

ئالېكسى ئالېكسېيېۋىچ يوپۇقنى ئېڭىگىچە يېپىنىپ، خىرە ئاسمانغا كوز تىككىنىچە ئويلاپ ياتاتتى: ئەنە، ئومۇر يولىمۇ تۈگىدى—قاراڭغۇلۇق، ئايدىڭ، خۇددى بوشۇكتەك تەۋرىنىپ بارغۇچى ھارۋا. سىكىلار ھارۋىسى ئەسىرلەردىن بىرى دۇنيانى كېزىپ، يەنە غىچىرلاپ بارىدۇ، بولۇپ ئوتكەن ئىشلار—پېتېربۇرگ چىراقلىرى، ھەشەمەتلىك سارايلار، ئىسسىق ۋە چاراقلاپ تۇرغان يورۇق زاللار-دىكى مۇزىكا، تىياتىر پەردىلىرىنىڭ ئېچىلىشىدا سېزىلىدىغان لەززەتلەر، قىشنىڭ سوغاق كېچىلىرى، خوتۇنلارنىڭ ياستۇق ئۈستىدە ئېچىلىپ ياتقان قوللىرى، كوزلەرنىڭ ھېرىسلىك ئوت بىلەن يانغۇچى قارچۇقلىرى—مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى—چۈش... شوھرەت لەززەتلىرى... شوھرەتنىڭ مەس قىلغۇچى لەززەتلىرى... ئىش

بولمىسىنىڭ چالا يورۇغى، خوشاللىق كۈچى بىلەن ئۇرغۇچى يۈرەك دولقۇنلىرى، سوزلەرنى تىزىشنىڭ لەززەتلىك چاغلىرى... ئاق روماشكا گۈل قىسقان قىزنىڭ دالان يورۇغىدىن چالا يورۇق ئۈيگە، ئۇنىڭ ھاياتىغا باستۇرۇپ كىرىشى...— بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش... ھارۋا تەۋرىنىپ بارماقتا... ھارۋىنىڭ يېنىدا شەپكىسىنى قېشىغىچە چۈشۈرۈپ كېيىۋالغان دىخان كېتىپ باراتتى: ئۇ ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى ھارۋا يېنىدا يۈرمەكتە... ئەنە، ئاي يورۇغىدا ئېچىلغان ئاداقسىز ۋاقىت مۇساپىسى...ئەسىرلەر قاراڭغۇلۇغىدىن كولەڭگىلەر كېلىپ چىقىدۇ، ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىنىدۇ، ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا قارا ئىز سېلىپ كېزىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇ ياقتا، خىرە تۇمانىدا كونا مورىلار قارىيىپ كورۇنىدۇ، ئوت يالقۇنلىرى، ئىسلىرى ئاسماننى قاپلىغان، چاقلارنىڭ غىچىر-غىچىرى، تاراق-تۇرۇغى ئاڭلىنىدۇ. غىچىرلاشمۇ، تاراق-تۇرۇقمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ، يۈرەكنى ئەزگۈچى گۈلدۈراس ئاۋازلار پۈتۈن ئالەمنى باسىدۇ...

ھارۋا ئۇشتۇمتۇت توختىدى. ئاقۇش كېچىنى باسقان گۈلدۈر-گۈلدۈرنىڭ ئارىسىدىن ھارۋىكەشلەرنىڭ قورققان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بېيىسونوۋ بېشىنى كوتىرىپ قارىدى، ئورمان ئۈستىدىن ئاي يورۇغىدا ئۇزۇن، قىرلىرى يالتىرىغان نەرسە ئۇچۇپ ئوتتى-دە، قايرىلدى، موتورلىرى گۈكىرەپ چاقنىدى، كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىنچىكە كوكۇش-ئاق شولا چىقتى-دە، قارغايلىقنى يورۇتۇپ ئوتۇپ، يول ئۈستىگە، يولدىكى ھارۋىلارغا كېلىپ چۈشتى.

گۈلدۈر-گۈلدۈر ئارىسىدا خۇددى ئاۋاز تەڭشىگۈچ يۈرۈپ تۇرغاندەك، بىر نەرسە تاراقلاشقا باشلىدى... ئادەملەر ھارۋىلاردىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچقىلى تۇردى. ئىككى چاقلىق قۇتقۇزۇش

ھارۋىسى سازلىق تەرەپكە ئىپقىپچىلغان ئىدى، ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى...
ئۇشتۇمتۇت بىسسونوۋدىن يۇز قەدەمچە نېرىدىكى يول ئۇستىدە كوزنى قاماشتۇرغۇدەك ئوت پەيدا بولدى-دە، ئات-ھارۋىلار ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى، ھەيۋەتلىك ئىس كوتىرىلىپ، ھەممە كارۋاننى تىرى-پىرەڭ قىلىۋەتتى. ئاتلار سۇنۇق ھارۋىلارنى سازلىققا سورەپ قاچتى، ئادەملەر ھەر تەرەپكە يۇگۇردى. بىسسونوۋ ياتقان ھارۋا بىر سىلكىنىپ، ئاغدۇرۇلۇپ چۇشتى، ئالىكسى ئالىكسېيېۋىچمۇ تاشيولدىن ئىرىققا يۇمۇلاپ چۇشتى، ئۇستىگە ئىغىر قاپ ۋە پاخاللار چۇشۇپ، ئۇنى كومۇپ تاشلىدى.

ھىلقى تىسپپېلىن ① يەنە بىر بومبا تاشلىدى، كېيىن ئۇنىڭ موتورلىرىنىڭ گۇرۇلدىشى بارا-بارا يىراقلاپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بىسسونوۋ ئاھ-ۋاي دەپ ئۇستىدىكى پاخالنى ئىچىپ، ئىغىر يۇك تىگىدىن ئاران چىقتى-دە، كىيىملىرىنى قىقىپ يولغا چىقتى. يول ئۇستىدە ئورۇلۇپ كەتكەن بىرقانچە ھارۋا ياتاتتى؛ سازلىقتا ھارۋا شوتىسى ئىچىدىن چىقالمىغان بىر ئات كاللىسىنى سوزۇپ، تىپىرلاپ تۇراتتى.

بىسسونوۋ يۇزىنى، بىشىنى تۇتۇپ كوردى، قۇلىغىنىڭ تىگى ھول ئىدى، ئۇ يارىسىنى ياغلىق بىلەن باغلاپ، ئورمان تەرەپكە قاراپ كەتتى... قورققىنىدىن ۋە يىقىلغىنىدىن ئاياقلىرى شۇنداق تىترەيتتىكى، بىرئازدىن كېيىن يولدىكى تاشنىڭ توپىسىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئازراق كانىياك ئىچمەكچى بولغان

---

① ئۇچار كىمىنىڭ بىر خىلى، ئۇنى گېرمانىيىلىك تىسپپېلىن كەشپ قىلغان. ــــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئىدى، ئەمما بوتۇلكىدىكى ھاراق يۈك ـ تاقلار بىلەن بىللە ئېرىقتا
كومتۈرۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەنلىكى بىلىندى. بېسسونوۋ ئەمدى
تەسلىكتە يانچۇغىدىن غاڭزا، سەرەڭگە چىقىرىپ، تاماكا چېكىشكە
باشلىدى، تاماكا ئىسسى ھەم ئاچچىق ئىدى، ھەم كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى.
شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئىش چاتاق،
قانداقلا بولمىسۇن، ئورمانغا يېتىۋېلىش كېرەك، ئۇ يەردە توپچى
لېيەن بار دېيىشكەن ئىدىغۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. بېسسونوۋ ئورنىدىن
تۇردى، ئاياقلىرى كۆيۈشۈپ، ياغاچتەك قېتىپ قالغان ئىدى، ئۇ
ئارانلا يۈرۈپ، يەنە ئولتۇرۇۋالاتتى، ئاياقلىرىنى سوزۇپ مىجىقلاپ
ئۇۋۇلايتتى، كېيىن ئاغرىغۇدەك يەنە بىر مىجىقلىدى ـ دە، شۇنىڭدىن
كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كېتىپ قالدى.

ئاي خېلى كوتىرىلگەن ئىدى، يول سازلىقتىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ
خۇددى ئاخىرى يوقتەك كورۈنەتتى. بېسسونوۋ ئىككى قولىنى
بېلىگە قويۇپ، ھەر بىرى بىر پۇتتىن كېلىدىغان ئوتۇكلىرىنى ئاران
كوتىرىپ، سەنتۈرۈلۈپ، ئوزى بىلەن ئوزى سوزلىشىپ باراتتى:

"تا ھارۋا بېسىپ كەتمىگۈچە سورۈلۈپ بېرىۋەر... شېرىن يازاتتىڭ،
تەلۋە ئاياللارنى ئالدايتتىڭ... ئەمدى سېنى بۇ ياقتا ئىرغىتىپ
تاشلاپتۇ، تا يىقىلمىغىنىڭچە غەرپكە قاراپ سورۈلۈپ بېرىۋەر...
نارازىلىق بىلدۈرۈشۈڭ مۇمكىن، مەرھەمەت... نارازىلىق بىلدۈر،
داتلا...قېنى، داتلا، ئاۋازىڭنىڭ بېرىچە داتلاپ كورگىنە..."

بېسسونوۋ تۇساتتىن ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى. تاش يولدىن
تۇۋەنگە بىرنىمە لىپ قىلىپ چۈشتى... بېسسونوۋنىڭ يەلكىسى مۇز ـ
لاپ، جىمىرلاپ كەتتى. ئۇ كۇلۇمسىرىدى ۋە ئاغزىغا كەلگەن سوز ـ
لەرنى ئۇنلۇك قىلىپ، يەنە يول ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ كېتىۋەردى.

كېيىن ئاستا ئارقىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەللىك قەدەمچە نېرىدا كاللىسى يوغان، پۇتلىرى ئۇزۇن بىر ئىت كېلىۋاتاتتى.

— بۆرىسى بالا بولىدىغۇ، — دېدى بېسسونوۋ ئاستاغىنا. ئۇ شۇنداق دېدى-دە، يەنە قەدىمىنى تېزلىتىپ كېتىۋەردى، نېرىراققا بېرىپ يەنە ئارقىسىغا قارىدى. ئەمدى ئۇلار بەش ئىت بولغان ئىدى، ئۇلار بېشىنى سىلىپ بېسسونوۋنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. بېسسونوۋ ئۇلارغا قارىتىپ تاش ئاتتى: كەت! يوقال!

ئىتلار ھاۋشىماي تووۋەنگە، سازلىققا قاراپ يۈگۈرۈشتى. بېسسونوۋ قولىغا تاش ئېلىپ، توختاپ-توختاپ، ئۇلارغا قارىتىپ تاش ئاتاتتى... كېيىن ماڭاتتى، "ھاي، ھاي!" دەپ ۋاقىراپ قوياتتى. ئىتلار يەنە يولغا چىقىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تىزىلىپ باراتتى.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن پاكار ئۆسكەن قارىغايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بېسسونوۋ يولنىڭ بۇرۇلۇشىغا يەتكەندە ئالدى تەرەپتىن بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئادەم توختاپ، خېلىغىچە پايلاپ قاراپ تۇردى-دە، ئاستا قارىغاينىڭ دالدىسىغا موكۇۋالدى.

— لەنىتى! — دەپ پىچىرلىدى بېسسونوۋ ۋە ئۇمۇ قارىغاي دالدىسىغا موكۇۋالدى؛ ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ ئۇراتتى. سەل-نېرىدا ئىتلارمۇ توختىدى. ئالدىنقى ئىت بېشىنى ئاياقلىرىغا قويۇپ ياتتى. ئالدىدىكى ئادەم قىمىرلىمايتتى. بېسسونوۋ ئاينىڭ يۈزىنى قاپلاشقا باشلىغان ئاپپاق بۇلۇتنى روشەن كۆرۈپ تۇراتتى. كېيىن قۇلاققا يىڭنە سانچىغاندەك ئېچىشتۇرغۇچى بىر تاۋۇش ئاڭلاندى، بايىقى كىشىنىڭ ئايىغى تېگىدە دەرەخ شاخلىرى شالدىرلىغاندەك قىلدى. بېسسونوۋ دەررۇ يول ئوتتۇرىسىغا چىقتى-دە، مۇشتۇمنى تۈگۈپ كېتىۋەردى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىردا، ئوڭ تەرەپتە بايىقى كىشىنى كوردى، ئۇ ئىگىز بويلۇق، مۇكچەيگەن ئەسكەر ئىدى، يەلكىسىگە پەلتوسىنى ئارتىۋالغان، ئۇزۇنچاق، قانسىز يۈزى خۇددى جانسىزدەك رەڭسىز كورۇنەتتى، ئاغزى بولسا ئوچۇق تۇراتتى. بېسسونوۋ توۋلىدى:

— هاي، قايسى قوشۇندىن سەن؟

— ئىككىنچى توپچىلار لىيەنىدىن.

— يۈر، مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قوي.

ئەسكەر قىمىر قىلماي ۋە ئۈنچىقماي، خىرە كوزلىرىنى بېسسو-نوۋدىن ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى؛ كېيىن يۈزىنى سول تەرەپكە بۇراپ سوزلىدى:

— ئاۋۇلار نىمە؟

— ئىتلار، — دىدى بېسسونوۋ تاقەتسىزلىنىپ.

— ياقەي، ئۇلار ئىت ئەمەس.

— يۈر ئىلدامراق، مېنى ئاپىرىپ قوي دەيمەن.

— ياق، بارمايمەن، — دىدى ئەسكەر ئاستا.

— ماڭا قارا، مەن قىزىقۋاتىمەن، ئاپىرىپ قوي، بەرىكە تاپقۇر، پۇل بېرىمەن.

— ياق، مەن ئۇ تەرەپكە بارمايمەن، — ئەسكەر ئاۋازىنى كوتەر-دى، — مەن قاچقۇنمەن.

— ئەخمەق، سېنى هامان تۇتۇۋالىدىغۇ.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

بېسسونوۋ قايرىلىپ قارىدى. ئىتلار يوق ئىدى، قارىغايلىقتا كىرىپ ياتقان بولسا كېرەك.

— توپچىلار لىيەنى يىراقمۇ؟

ئەسكەر ئۈنچىقمىدى. بىسسونوۋ ئۇ ياقئا بىرىش ئۈچۈن ئەمدىلا بۇرۇلغان ئىدى، ئەسكەر ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— ياق، ئۇ ياققا بارمايسىز...

— قولۇمنى قويۇۋەت.

— قويۇۋەتمەيمەن! — ئەسكەر بىسسونوۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قاردىغايلىق ئاسمىنىغا قاراپ تۇراتتى، — ئۈچ كۈندىن بېرى ئاغزىمغا بىر چىشلەم نان كىرگىنى يوق... بايا ئېرىقتا يېتىپ ئۇگىدەپ قاپتىمەن، قۇلىقىمغا ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى، بىرەر ھەربى قىسىم كېلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم-دە، يېتىۋەردىم. ئۇلار ناھايىتى كۆپ كىشى ئىدى، تاشيولدىن كېلىۋېرىشتى، نىمىكىن دەپ ئېرىقتىن بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام — كېپەنگە ئورالغان ئادەملەر كەلمەكتە ئىكەن، كەينى كورۇنمەيدۇ... خۇددى تۇمان باسقاندەك...

— ماڭا نىملەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ — دەھشەت بىلەن ۋاقىرىدى بىسسونوۋ ۋە قولىنى تارتتى.

— مەن ساڭا راست ئېيتىۋاتىمەن، ئىشەنگىن، بەتبەخ!...

بىسسونوۋ قولىنى تارتىۋېلىپ، خۇددى پاختىدىن ياسالغاندەك ئاياقلىرىنى سورەپ، يۇگۇرۇپ كەتتى. ئەسكەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئېغىر ئوتۇكلىرىنى توكۇلدىتىپ مېڭىپ، ھاسىراپ كەلگەنچە يېتىشىۋالدى-دە، يەلكىسىدىن تۇتتى. بىسسونوۋ يىقىلدى، بېشىنى ۋە يۈزىنى قولى بىلەن ياپتى. ئەسكەر ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىقىلدى-دە، ياغاچتەك قاتتىق بارماقلىرىنى ئۇنىڭ كېكىرتىگىگە ئېلىپ بېرىپ، قاتتىق بوغدى، ئۇ شۇ ھالىچە جىم قېتىپ قالدى.

— سەن شۇنداق ئادەم ئىكەنسەن-دە، سەن شۇنداق ئادەم

ئىكەنسەن-دە،— دەپ پىچىرلىدى ئۇ. يەردە ياتقان كىشىنىڭ تىنى
بىر ئىھىرلاپ، جېنى چىقىپ سوزۇلغاندىن كېيىن، ئەسكەر ئۇنى
قويۇۋەتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە يەردىن شەپكىسىنى ئېلىپ،
ئۆزى قىلىپ قويغان ئىشقا قارىماي، يولدا كېتىۋەردى. ئۇ ئىغاڭلى-
دى، بېشىنى سىلكىدى، ئاياقلىرىنى ئېرىنچەقلىك بىلەن سۆرەپ ئولتۇردى.

— ئەمدى نىمە قىلاي، ئەمدى قاياققا باراي؟— دىدى ئەسكەر
ئۆزىگە ئۆزى،— ئەجىلىم يەتتى!... كېلىڭلار، مېنى يەۋېتىڭلار،
ھۇ ھايۋانلار!

# 27

ئۇۋان ئىلىنچ تېلېگىن قاماق لاگىرىدىن قېچىشقا ئۇرۇنغاندا
قولغا چۈشۈپ، قەلئەگە، يالغۇز ئۆيگە كۆچۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ بۇ
يەردە يەنە قېچىش ھەركىتىدە بولۇپ دەرىزىنى ئالتە ھەپتىگىچە
ھەرىلەش بىلەن ئاۋارە بولدى. بىراق، ياز ئوتتۇرىسىدا كۈتۈلمىگەن-
دە پۈتۈن قەلئەدىكىلەر كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىلدى. تېلېگىن
جىنايىتى بولغىنىدىن ”چىرىگەن ئورا“ دەپ ئاتىلىدىغان جايغا
سولاندى. بۇ يەر ناھايىتى دەھشەتلىك، ئادەمنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ
كېتىدىغان بىر جاي ئىدى؛ تورفلۇق مەيدانىنىڭ كەڭ ئويمانلىقىغا
سېلىنغان توت ئۇزۇن بارگاھ چەللىسىنىڭ ئەتراپى تىكەنلىك سىم-
لار بىلەن ئورىۋېتىلگەن ئىدى. بىراقتا، كىچىك توپىلىكىنىڭ ئېتى-
كىدىن، خىشتىن قۇرۇلغان تۇرخۇنلار ئاسمانغا دىڭگىيىپ تۇرغان

جايدىن تاق رىلىسلىق تومۇريول باشلىناتتى، دات بېسىپ كەتكەن پولات رېلىس سازلىقتىن ئۆتۈپ، بارگاھ چەللىسىنىڭ يېنىغا، يوغان چوڭقۇرلۇق ئالدىغا كېلىپ توختايتتى: بۇ يەردە بۇلتۇر كولاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان، بەش مىڭدىن كوپرەك رۇس ئەسكىرى كېزىك ۋە تولغاق بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. گىيالىرى قۇرۇپ كەتكەن تۈزلەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كوكۇش كارپات تاغلىرىنىڭ قىرلىق چوققىلىرى كورۇنۇپ تۇراتتى. بارگاھ چەللىلىردىنىڭ شىمال تەرىپىدە، سازلىق بويلاپ ئورنىتىلغان ناھايىتى نۇرغۇن قارىغاي كىرىستلىرى كورۇنۇپ تۇراتتى. كۈن ئىسسىغان ۋاقىتلاردا بۇ تۈزلەڭدىن ھور چىقىپ تۇراتتى، كوكۇنىلەر غۇڭۇلدايتتى، قىزغۇچ ۋە خىرە ئاپتاپ بۇ مۇڭلۇق جاينى سېسىتىۋېتەتتى.

بۇ يەردىكىلەر ئېغىر شارائىتتا ئاچلىقتا تۇتۇلاتتى. قامالغانلارنىڭ يېرىمى قوساق ئاغرىقىغا، بەزگەككە گىرىپتار بولغان ئىدى، ھەممە يېرىگە يارا چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، لاگىردىكىلەرنىڭ ۋاقتى چاغ ئىدى: برۇسىلوۋ قاتتىق جەڭلەر بىلەن ئالغا قاراپ بارماقتا، فرانسۇزلار شامپاندا ۋە ۋېردىن يېنىدا نېمىسلارغا زەربە بەرمەكتە، تۈركلەر كىچىك ئاسىيادىن چېكىنمەكتە ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ قالاي دەپ قالغاندەك ئىدى.

بىراق يازمۇ ئوتتى، يامغۇر ۋاقتىمۇ كەلدى. برۇسىلوۋ كراكوۋنىمۇ، لۋوۋنىمۇ ئالالمىدى. فرانسيە فۇرونتىدا قانلىق جەڭلەرمۇ بېسىلدى. ئىتتىپاقداش مەملىكەتلەرمۇ، كېلىشىم تۈزۈشكەن مەملىكەتلەرمۇ يارىلىرىنى يالايتتى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىنىڭ كۆزگە قالغانلىقى روشەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ”چىرىگەن ئورا“دا ئۇمىتسىزلىك باشلاندى.

تېلېگىن بىلەن بىر جايدا يانمۇ-يان يېتىپ-قوپۇپ يۈرىدىغان ۋوسكو بوينكوۋ دېگەن كىشى توساتتىنلا يۈز-قولىنى يۇماي يۈرىدىغان، ساقال-بۇرۇتىنى ئالمايدىغان، ئەتىدىن-كەچكىچە ئورنىنى يىغىشتۇرماي جايىدا ياتىدىغان، سوئاللارغا جاۋاپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ گايىدا جايىدىن تۇرۇپ ھە دەپ تېنىنى تاتىلايتتى، تېنىگە تەمرەتكە چىقىپ، گاھ يوقلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئۇۋان ئىلىئىچنى ئويغىتىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— تېلېگىن، سەن ئويلەنگەنمىدىڭ؟

— ياق.

— تۋېردا خوتۇنۇم بىلەن قىزىم بار. بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويغىن.

— بىلجىرلىماي تېز ئۇخلىغىنا.

— دوستۇم، مەن قاتتىق ئۇخلاپ قالىمەن.

تاڭ ئاتار چاغدا يوقلىما بولغاندا ۋوسكو بوينكوۋ جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ ھاجەتخانىدا ئىنچىكە تاسما بىلەن ئېسىقلىق ھالدا تېپىلدى، ئۇ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان ئىكەن. پۈتۈن بارگاھ ھاياجانغا چۈشتى. قاماقتىكىلەر يەردە ياتقان ئۆلۈكنىڭ قېشىدىن نېرىغا كېتىشمەيتتى. توپىدىكى پەنەر ئۆلۈكنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىينىلىپ شۇ ھالدا قېتىپ قالغان تەلەتىنى، يىرتىلغان كوينىگىنىڭ ئاستىدىن تاتىلانغان تېنىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. پەنەرنىڭ يورۇغى خىرە، ئۆلۈك ئۈستىگە ئېگىشىپ تۇرغان تىرىكلەرنىڭ ئىششىغان، زەپىرەڭ يۈزى مۇدھىش كورۇنەتتى. ئۇلاردىن بىرى، جۇڭشياۋ مېلشىن بارگاھنىڭ قاراڭغۇ ئىچىگە قاراپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— يولداشلار، هازىرمۇ جىم تۇرىۋېرىمىزمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.
خالايىق ئۇتتۇرىسىدا، ئورۇن-توشەكلەردە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتىرىلدى. بىردىنلا ئىشىك ئېچىلدى، لاگىر تەپتىشى، ئاۋستىريە ھەربى ئەمەلدارى كىرىپ كەلدى. خالايىق ئارىنى ئېچىپ ھەربى ئەمەلدارغا يول بەردى، ئەمەلدار ئولۇكنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا ھەر تەرەپتىن ئاۋازلار كۆتىرىلدى:
— جىم تۇرمايمىز!
— ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشتى!
— بۇلارنىڭ ئۆزى شۇنداق يول تۇتقان!
— مەن تىرىكلىگىمچە چىرىپ كېتىۋاتىمەن!
— بىز مەھبۇس ئەمەسمىزغۇ!
— ئەدىۋىڭلارنى ئاز بەرگەن ئىكەنمىز، لەنىتىلەر...
تەپتىش ئايىغىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ:
— جىم! تارقال جاي-جايىڭغا! رۇس چوشقىلىرى، — دەپ ۋاقىرىدى.
— نىمە؟... نىمە دىدى ئۇ؟...
— بىزنى رۇس چوشقىلىرى دەۋاتىدۇ-ھە؟!
پاكار، ساقاللىق ئۇسۇپ كەتكەن، كۈچلۈك بىر كىشى — داۋىي ژۇكوۋ تەپتىشنىڭ ئالدىغا دەررۇ سوقۇلۇپ بېرىشقا باشلىدى. كالتا بارمىغىنى ئاۋستىرىيىلىك ھەربى ئەمەلدارنىڭ يۈزىگە ئېلىپ بېرىپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:
— مانا بۇنى كوردۇڭمۇ، ئىتنىڭ بالىسى، كوردۇڭمۇ؟ — دىدى-دە، پاخپايغان بېشىنى سىلكىپ، ھەربى ئەمەلدارنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىدى ۋە ئۇنى يەرگە يىقىتىپ، ئۇستىگە

مىنۋالدى.

ھەربى ئەمەلدارلار يەردە بىر بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلارغا ئۇنچىقماي قاراپ تۇرۇشاتتى. بىراق، تاختاي يولدىن يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ دۈكۈر-دۈكۈرى ئاڭلاندى، تەيتىش: "ۋايجان! ۋايجان!" دەپ ۋاقىرىدى. شۇ چاغدا تىلىكىن يولداشلىرىنى تۇرتۇپ: "ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ نىمە، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈدۈڭۇ!" دىدى-دە، ژۈكوۋنىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلاپ، ئاۋستىرىيەلىكتىن تارتىپ ئاجراتتى. "سەن بىر لۈكچەك ئىكەنسەن!" دىدى تىلىكىن تەيتىشكە نىمىس تىلىدا. ژۈكوۋ ھاسرايتتى. "قويۇپ بەر مىنى، ئۇنىڭغا كىمنىڭ چوشقا ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ قوياي" دەيتتى ئۇ ئاستا. ئەمما تەيتىش ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇرلىشىپ كەتكەن بوكىنى كيىدى ۋە تونۇۋېلىش ئۈچۈن ژۈكوۋ، تىلىكىن، مىلشىن ۋە يەنە يىنىدا تۇرغانلاردىن ئىككى-ئۈچ كىشىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىۋالدى-دە، دىۋىتكۈچىنى جاراڭلىتىپ، بارگاھتىن چىقىپ كەتتى.

ئىشىك دەررۇ قۇلۇپلاندى، ئۇنىڭ يىنىغا قاراۋۇل قويۇلدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە يوقلىمىمۇ بولمىدى، دۇمباقمۇ چېلىنمىدى، چوشقا ياغىدىن قاينىتىلغان كوفىمۇ بېرىلمىدى. چۈش ۋاقتىدا ئەسكەرلەر بارگاھقا زەمبىل كوتىرىپ كىرىشتى-دە، ۋوسكو بويىنكوۋنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كېتىشتى. ئىشىك يەنە قۇلۇپلاندى. قاماقخانىدىكىلەر جاي-جايىغا تارقىلىشتى، تولىسى ياتتى. بارگاھنىڭ ئىچى جىم بولۇپ قالدى، مەسىلە روشەن: ئىسيان، سۇيىقەست ۋە ئاقىۋەتتە ھەربى سوت.

ئۇلار ئىلىنىچ بۇ كۈنىنىمۇ ئۆزى تۈزۈۋالغان ۋە بىر يىلدىن بىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كېلىۋاتقان قائىدىلەرنى ئورۇنلاش بىلەن

باشلىدى: ئەتىگەن سائەت ئالتىدە بىر چىلەك سۇنى ئۇستىگە قۇيۇپ، تېنىنى ياخشىلاپ سۈرتتى، مۇسكۇللىرىنى قىسىرلىتىپ يۈز بىر خىل تەنھەرىكەت ئوينىدى، كىيىندى، ساقال-بۇرۇتىنى ئالدى، بۈگۈن كوفى بولمىغىنى ئۈچۈن، ئاچ قوساق ئولتۇرۇپ نېمىس گىراماتىكىسىنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئەسىردىكىلەرنى ھەممىدىنمۇ قىينىغان، ھەممىدىنمۇ زىيان بولغان ئىش جىنسى مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇغى بولدى. كىشىلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ مەسىلىدە ئەقلىدىن ئازىدۇ؛ بەزىلەر يۈزىگە ئۇپا سۈرتۈپ، قاش-كۆزلىرىنى بويايدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە يۈزىگە ئۇپا سۈرتكەن باشقا بىرسى بىلەن پىچىرلىشىدىغان بولۇۋالىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۆزىنى يولداشلىرىدىن چەتكە ئالىدۇ، ئەتىدىن-كەچكىچە يۇيۇنىماي، تارانماي، ئەسكى لاتىلارغا ئورۇلۇپ ياتىدۇ، بەزىبىرلىرى يامان تىللار بىلەن تىللايدۇ، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغان ھىكايىلەرنى ئېيتىۋېرىپ، ھەممىنىڭ جېنىغا تېگىدۇ ۋە ئاخىردا شۇنداق بىر يارىماس ئىش قىلىپ قويىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسىدىن خالى بولۇشنىڭ بىرلا يولى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۆزى كەسكىن تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى. تېلېگىن ئەسىرگە چۈشكەندىن بېرى ئاز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان، مۇسكۇللۇق بەدىنى قاتاڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى، بەدەن ھەركەتلىرى كەسكىن، كۆزلىرىدە سوغاق تەرسالىق ئوتى يانىدىغان بولغان ئىدى، نەپرەتلەنگەن چېغىدا بۇ كۆزلەر دەھشەتلىك بولۇپ چاقناپ كېتەتتى.

تېلېگىن شۇ كۈنى نېمىسچە سۆزلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى تەك-

رارلىدى ـ دە، شپىلھاگېننىڭ① يىرتىلىپ كەتكەن كىتاۋىنى ئاچتى. ئۇنىڭ يېنىغا ژۇكوۋ كېلىپ ئولتۇردى. ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭغا قارىماي، ئاۋازىنى سەل چىقىرىپ ئوقۇۋەردى. ژۇكوۋ ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ سوتتا مەن ساراڭدەك بولۇۋالايمىكىن دەيمەن، ئىۋان ئىلئىچ.

تېلېگىن يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ژۇكوۋنىڭ يوغان بۇرۇتلۇق، تۈكلۈك ساقاللىق، ئۇسۇپ چىگىشلىنىپ كەتكەن بۇرۇتىنىڭ ئارىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان يۇمشاق لەۋلىك قىپ ـ قىزىل ۋە مۇلايىم يۈزى گۇناكار سىياقىدا تۇراتتى، سۆزۈك كىرپىكلىرى پات ـ پاتلا چىمىلدايتتى.

ــ نىمىشقىمۇ ئۇنىڭغا بارمىغىمنى تەگلىدىم ـ ھە، بۇنىڭ بىلەن نىمىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ئىۋان ئىلئىچ، مەن بىلىمەن، مەن ئەيىپلىكمەن... يولداشلىرىم مېنىڭ بالايىمغا قالىدۇ... مەن ئۆزەمنى ساراڭ دەمەكچىمەن... توغرا كورەمسىز؟

ــ ماڭا قاراڭ، ژۇكوۋ، ــ دېدى ئىۋان ئىلئىچ بارمىقىنى كىتاپ ئارىسىغا تىقىپ، ــ ئارىمىزدىن بىرنەچچە كىشىنىڭ ئېتىلىشى ئېنىق، بۇنى بىلەمسىز؟

ــ ھە، بىلىمەن.

ــ شۇنداق بولغاندىن كېيىن، سوتتا ساراڭ بولۇۋېلىشىنىڭ نىمە كېرىگى بار؟... قانداق دەپ ئويلايسىز؟

---

① شپىلھاگېن (1829 ــ 1911) ــ نېمىس يازغۇچىسى، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر ئەسىرى كوزدە تۇتۇلىدۇ. ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ــ بۇنىسى توغرا...

ــ يولداشلىرىمىزدىن ھېچبىرى سىزنى ئەيىپلىمەيدۇ. ئەمما ئاۋستىرىيىلىكنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرۇش قىممەتكە چۈشىدىغاندەك ئوخشايدۇ.

ــ ئۇۋان ئىلىئىچ، مەن ئۆزەممۇ خىجالەتتىمەن، ئاخىر، ئۆز يولداشلىرىمنى سوتقا تۇتۇپ بەردىمغۇ، ــ ژۇكوۋ پاخپاق بېشىنى چايقىدى، ــ ئۇ بەتبەخلەر مېنىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشسە مەيلىدىغۇ!

ئۇ يەنە خېلىغىچە شۇ خىلدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇردى، ئەمما تېلېگىن ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، شىپىلھاگېننىڭ كىتاۋىنى ئوقۇشنى داۋام قىلدى. كېيىن ئورنىدىن تۇردى، سوڭەك بوغۇنلىرى، مۇسكۇللىرى قىسىرلاپ كەتتى. شۇ چاغدا تاشقىرىقى ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى، نەيزىلىك مىلتىق كوتەرگەن توت ئەسكەر كىرىپ، ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرۇشتى، مىلتىقلارنىڭ تەپكىلىرى شاراقلىدى؛ بىر كوزنى باغلىغان، قاپىغى سېلىق ئونبېشى كىرىپ، بارگاھقا قارىدى-دە، بوغۇلغان ۋە دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن:

ــ داۋىي ژۇكوۋ، جۇگشىياۋ مېلشىن، شاۋۋېي ئۇۋانوۋ، شاۋۋېي ئۇبېيكو، جۇنۋېي تېلېگىن...، ــ دەپ ۋاقىراپ چاقىردى.

نامى ئېيتىلغانلار ئونبېشىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتى. ئونبېشى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تىكىلىپ قارىدى؛ ئەسكەرلەر ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشتى، ئۇلارنى ھويلىدىن ئېلىپ ئوتۇپ، تاختاي ئۇيگە ــ تەپتىش ئىشخانىسىغا ئېپكىرىپ كېتىشتى. بىنا ئالدىدا يېقىندىلا كەلگەن ھەربى ئاپتوموبىل تۇراتتى. تىكەنلىك سىم ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازا ئوچۇق ئىدى، ئاق ۋە قارا رەڭ بىلەن يول-يول قىلىپ

بويالغان قاراۋۇلخانا يېنىدا قاراۋۇل قىمىر قىلماي تۇراتتى. شوپۇر بالا — كۆزلىرى ئىشىشىق يىگىت ئاپتوموبىل ئورۇندۇقىدا ئۇخلاپ ياتاتتى. تېلىگىن يېنىدىكى مېلىشىننى تۇرتۇپ:

— ماشىنا ھەيدەشنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

بىلىمەن، قانداق؟

— جىم!

ئۇلار تەپتىش ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىلدى، بۇ يەرگە ھېلىلا يېتىپ كەلگەن ئاۋستىرىيىلىك ئۈچ نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار ئۈستىگە قىزغۇچ قەغەز سېلىنغان قارىغاي ئۈستەل يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇلاردىن بىرسى — ساقىلى پاكىز قىرىلغان، سېمىز يۈزىگە قىپ-قىزىل داغ چۈشكەن كىشى سىگار تاماكا چېكىۋاتاتتى. تېلىگىن ئۇنىڭ ئويگە كىرگەنلەرگە ئېتىۋارمۇ بەرمىگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ تۈك باسقان قوللىرىنى بىر بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ، كۆزلىرىنى تاماكا ئىسىدىن قىسىپ ئولتۇراتتى ۋە ياقىسى سېمىز بوينىغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. "بۇ ئەبلەخ مەسىلىنى ھەل قىلىپ قويغان" دەپ ئويلىدى تېلىگىن.

سوتقا رەئىسلىك قىلغۇچى كىشى ئورۇق ئىدى. ئاپپاق بۇرۇتلۇق بۇ قېرىنىڭ ئۇزۇنچاق ۋە مەيۈس يۈزىنى قورۇق باسقان ئىدى. ئۇ بىر كۆزىگە تاق كۆزەينەك تاقىغانلىقىدىن قېشى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ ئەيىپدارلارغا دىققەت بىلەن قارىدى. كۆزەينەك تاقىغان كۆك كۆزىنى تېلىگىنگە تىكتى، كۆزى روشەن، سەزگۈر ۋە مېھرىۋان ئىدى، بۇرنى قىمىرلاپ كەتتى.

"ئىش چاتاق" دەپ ئويلىدى تېلىگىن ۋە ئۈچىنچى سوتچىغا قارىدى؛ ئۇنىڭ ئالدىدا چەمبىرىگى تاشپاقا ئۈستىخىنىدىن قىلىنغان

كوزەينەك ۋە ئۇششاق خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز قاتلاقلىق تۇراتتى. بۇ كىشى پاكار، زەپىرەڭ يۈزلۈك، چېچى كالتا قىلىپ ياستىلغان كىشى بولۇپ، قۇلاقلىرى يوغان تۇگۈلگەن جۇۋاۋىغا ئوخشايتتى. ئۇ كورۇنۇشىدىن ئامىتى يوق كونا ھەربى خادىمغا ئوخشايتتى.

ئەيىپدارلار ئۇستەلنىڭ ئۇدۇلىغا تىزىلغاندا، ھىلىقى كىشى كوزەيىنگىنى تاقىدى-دە، ئۇرۇق قولى بىلەن ئالدىدىكى قەغەزنى ئېچىپ، پۇكۇلگەن جايلىرىنى ئالقىنى بىلەن تەكشىلەپ، سىيرىق ياسىما چىشلىرىنى كورسىتىپ، ئەيىپنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇستەلنىڭ بىر چېتىدە دەۋاگەر — ھىلىقى تەپتىش قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، لەۋلىرىنى پۇرۇپ ئولتۇراتتى. تىلىگىن ئەيىپنامىدە يېزىلغان سوزلەرنىڭ مەنىسىگە يېتىش ئۇچۇن دىققىتىنى بىر جايغا يىغىشقا كۇچىنىپ ئۇرۇناتتى، بىراق پىكرى ئىختىيارسىز باشقا ياققا كېتىپ قالاتتى.

"...ئوزىنى ئولتۇرۇۋالغان كىشىنىڭ جەسىدى بارگاھقا كەلتۇرۇلگەندىن كېيىن رۇسلارنىڭ بىرقانچىسى ئۇنى بانا قىلىپ ئوز يولداشلىرىنى مەمۇرىيەتكە ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىنائەت قىلماسلىققا دەۋەت قىلىپ، مۇشت كوتىرىپ، ھاقارەت ۋە ئەدەپسىز سوزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. جۇملىدىن جۇڭشىياۋ مېلشىننىڭ قولىدا قەلەمتۇراچ بار ئىدى..."

ئۇۋان ئىلئىچ دەرىزىدىن ھىلىقى ياش شوپۇرنىڭ بۇرنىنى كولىغانلىغىنى، كېيىن ئىككىنچى يېنىغا ئورۇلۇپ، شەپكىسىنىڭ لەمپىسىنى يۈزىگە يېپىپ ياتقانلىغىنى كورۇپ تۇراتتى. يەلكىلىرىگە كوك يېپىنچا يېپىنىۋالغان پاكار ئىككى ئەسكەر ئاپتوموبىلنىڭ يېنىغا كېلىپ

تۇرۇشتى، بىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، چاقنىڭ رېزىنكىسىنى تۇتۇپ كوردى، كېيىن ئىككىسى ئارقىسىغا قايتتى — كوچمە ئاشخانىنى قوراغا ئېپكىردى. ئاشخانىنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىپ تۇراتتى. كوچمە ئاشخانا گەزەرمە تەرەپكە بۇرۇلدى، ئەسكەرلەرمۇ شۇ ياققا قاراپ كېتىشتى. شوپۇر بېشىنى كوتىرىپمۇ قويمىدى، قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. دىمەك ئۇ ئۇخلاپ قالغان. تېلېگىن تاقەتسىزلىك-تىن لەۋلىرىنى چىشلىدى ۋە ئەيىپلىگۈچىنىڭ زېرىكتۇرىدىغان ئاۋازىغا قۇلاق سىلىشقا باشلىدى.

"...يۇقۇرىدا نامى ئېيتىلغان داۋېي ژۇكوۋ تەپتىش جاناپلىرىنىڭ جېنىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق قەست قىلىپ، مۇشتۇمىنى تۇگۇپ، باشمالتىغىنى ئوتتۇرا بارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىن چىقىرىپ، تەگلىگەن. ئۇ بۇ ئەدەپسىز ھەركىتى بىلەن پادىشالىق ئەسكەرلىرىنىڭ شوھرە-تىنى بۇلغىماقچى بولغان..."

بۇ سوزلەر ئېيتىلغاندا تەپتىش ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى؛ ئۇ داۋېينىڭ بارماقلىرى تەرىپىنى سوتچىلارغا تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. نېمىس تىلىنى چۈشەنمىگەن ژۇكوۋ ھە دەپ قۇلاق سالاتتى، ئارىغا سوز قوشۇشقا ئۇرۇناتتى، يېنىدىكى يولداشلىرىغا مۇلايىملىق ۋە خىجالەت بىلەن كۇلۇپ قارايتتى. ئاخىردا چىداپ تۇرالماي، ئەيىپلىگۈچىگە مۇراجەت قىلىپ، رۇسچە سوزلەشكە باشلىدى:

— شاگشىياۋ جاناپلىرى، رۇخسەت قىلىڭ، مەن ئېيتىپ بېرەي، مەن ئۇنىڭغا: نىمىشقا بىزنى قىيناپسەن، نىمىشقا؟ دىدىم... نېمىس تىلىنى بىلمەيمەن-دە، شۇنىڭ ئۇچۇن بارماقلىرىم بىلەن كورسەتتىم.

— جىم تۇرۇڭ، ژۇكوۋ، — دىدى ئىۋان ئىلىئىچ چىشىنىڭ

ئارىسىدىن.

رەئىس ئۇستەلنى قېرىنداش بىلەن ئۇردى. ئەيىپلىگۈچى ئوقۇشنى داۋام قىلدى.

ژۇكوۋنىڭ تەپتىشنى قانداق بوققانلىغىنى، "ئوگدىسىغا ياتقۇزۇپ، ئولتۇرۇش نىيىتىدە بارماقلىرىنى ئۇنىڭ كىكىرتىگىگە پاتۇرغانلىغى"نى تەسۋىرلەپ بولۇپ، شاگشىياۋ ئەيىپنامىنىڭ ئەڭ نازۇك جايىغىچە ئوقۇدى: "رۇسلار توپلىشىۋېلىپ ئەيىپدارنى دەي-دەيگە سالدى ۋە ئولتۇرۇشكە دەۋەت قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يەنى جۇنۋېي گوگانىن تېلېگىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئاياق تاۋۇ-شىنى ئاڭلاپ، ھادىسە بولۇۋاتقان جايغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ژۇكوۋنى ئاجرىتىۋالدى، تەپتىش جاناپلىرى ئولۇشكە سەل قالغان ئىدى".

ئەيىپلىگۈچى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختىدى-دە، ئۆزىچىلا خوشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى، — "بىراق شۇ چاغدا نوۋەتچى ئەسكەر-لەر كېلىپ قالدى، جۇنۋېي تېلېگىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا: سەن 'لۈكچەك!' دېيىشكە ئۈلگۈردى."

شۇنىڭدىن كېيىن، "ئەسىردىن قېچىشقا ئىككى مەرتىۋە ئۇرۇن-غان" تېلېگىننىڭ ھەركىتى ئۇستىدە روھىي ھالەتلىك تەھلىل يۈرگۈزۈلدى... شاگشىياۋ ئۆز سوزىدە تېلېگىننى، ژۇكوۋنى ۋە قولىدا قەلەمتۇراچ تۇتۇپ تەپتىش جاناپلىرىنى ئولتۇرۇشكە ئۇرۇنغان مېلشىننى سوزسىز گۇناكار دەپ ئەيىپلەيتتى. شاگشىياۋ ئەيىپنى چوڭ قىلىپ كورسىتىش ئۈچۈن ھەتتا ئىۋانوۋ ۋە ئۇبېيكونى "ئەسەبى ھالەتتە بولغانلىغى ئۈچۈن" دەپ ئاقلىدى.

ئەيىپنامە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەپتىش ئەنە شۇ ئېيتىلغان سوزلەرنىڭ ھەممىسى دەل شۇنداق ئىدى، دەپ تەستىقلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەر گۇۋالىقتا تارتىلدى، ئۇلار ئالدىنقى ئۈچ ئەپىدار ھەقىقەتەنمۇ ئەپىلىك، قالغان ئىككىسىنى بىلمەيمىز، دەپ ئېيتىشتى. رەئىسلىك قىلغۇچى ئوروق قوللىرىنى ئۇگۇلاپ تۇرۇپ، ئىۋانوۋ بىلەن ئۇبىپىكونىڭ گۇنايى ئېنىق بولمىغانلىغى ئۈچۈن، ئاقلىۋېتىشنى تەكلىپ قىلدى. يۈزى قىپ-قىزىل ھەربى ئەمەلدار تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى، ئەيىپلىگۈچى بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىيۇ، كېيىن ئۇمۇ رازى بولدى. ئەسكەرلەرنىڭ ئىككىسى مىلتىغىنى كوتەردى. تېلېگىن: "خوش، يولداشلار" دىدى، ئىۋانوۋ بېشىنى ئەگدى. ئۇبىپىكو ھېچنىمە دىمەي ئىۋان ئىلىچقا قورقۇپ قارىدى.

ئۇلار ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى، رەئىسلىك قىلغۇچى ئەيىپدارلارغا سوزلەش پۇرسىتى بەردى.

—ئىسيان كوتىرىشتە، بارگاھ تەپتىشنىڭ ھاياتىغا سۇيىقەست قىلىشقا ئۇگىتىشتە ئوزەڭنى گۇناكار دەپ ھىساپلامسەن؟—دەپ سورىدى تېلېگىندىن.

—ياق.

—باشقا گەپ-سوز بارمۇ؟

—ئەيىپنامە بېشىدىن-ئاخىرىسىغىچە توھمەت.

تەپتىش ئورنىدىن چىچاڭشىپ تۇرۇپ، سوزلەشنى تەلەپ قىلدى، رەئىسلىك قىلغۇچى ئۇنى ئىما-ئىشارەت بىلەن توختاتتى.

—بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېيتىدىغان سوزىڭىز يوقمۇ؟

—ھېچنىمە يوق.

تېلېگىن ئۇستەل يېنىدىن نېرى سۇرۇلۇپ، ژۇكوۋغا تىكىلىپ قارىدى. ژۇكوۋ قىزىرىپ كەتتى؛ بۇرنىنى تارتقاچ، تېلېگىن ئېيت-

قان جاۋاپىنى تەكرارلىدى. مېلشىنمۇ شۇنى ئېيتتى. رەئىسلىك قىلغۇچى جاۋاپلارنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھارغىنلىق بىلەن كوزلىرىنى يۇمدى. ئاخىردا، سوتچىلار نېرىقى بولمىگە كىرىپ كېتىشتى؛ يۇزى قىزىل ھەربى ئەمەلدار ئىشىككە بېرىپ، چېكىپ بولغان تاماكىسىنى تاشلىدى-دە، قوللىرىنى كوتىرىپ كېرىلدى.

— ئۇلۇم جازاسى بېرىلىدۇ، مەن بۇنى كىرىشىمىزدىلا بىلگەن ئىدىم، — دىدى تېلېگىن پىچىرلاپ؛ كېيىن ئەسكەرگە:

— بىر ئىستاكان سۇ بېرىڭ، — دەپ مۇراجەت قىلدى.

ئەسكەر ئۇستەل يېنىغا ئىلدام كەلدى-دە، مىلتىغىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ، ئۇزۇن بوتۇلكىدىن سۇ قۇيۇشقا باشلىدى. ئىۋان ئىلىئىچ مېلشىنىنىڭ قۇلىغىغا:

— بىزنى ئېلىپ چىقىشى بىلەنلا موتورنى ئوت ئالدۇرۇشقا ھەركەت قىلىڭ، — دەپ پىچىرلىدى.

— چۈشەندىم.

ئارىدىن بىرەر-ئىككى مىنۇت ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن، سوراقچىلار قايتىپ كىرىپ، جاي-جايىغا ئولتۇرۇشتى. رەئىسلىك قىلغۇچى تاق كوزەينىكىنى ئالدىرىماي ئالدى-دە، بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان ھوكۇمنى كوزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئوقۇپ بەردى: تېلېگىن، ژۇكوۋ ۋە مېلشىنلار ئېتىپ ئولتۇرۇشكە ھوكۇم قىلىنغان ئىدى.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغان ئىۋان ئىلىئىچ ھوكۇمنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يۇرىگى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ژۇكوۋ بېشىنى ئەككىنچە قالدى، قوۋۋەتلىك، گەۋدىلىك، كوزلىرى ئوتكۇر مېلشىن لەۋلىرىنى ئاستا-ئاستا يالىدى.

رەئىسلىك قىلغۇچى ھارغان كوزلىرىنى سىلىدى، كېيىن كوز-

لىرىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىپ، ئاستا، ئەمما روشەن قىلىپ:

— ھوكۇمنى دەررۇ ئورۇنلاش تەپتىش جاناپلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، — دىدى.

سوتچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. يۇزى تاتىرىپ-كوكىرىپ كەتكەن تەپتىش بىر دەم گىدىيىپ ئولتۇردى، كېيىن ئورنىدىن تۇردى، تازا ئىش كىيىمنى تارتىپ-تۇزەپ قويدى-دە، قالغان ئىككى ئەسكەرگە ھوكۇم قىلىنغانلارنى ئېلىپ چىقىشنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن بۇيرۇدى. تېلىگەن تار ئىشكتە بىرئاز ئاستىلاپ، مېلىشنىغا يول بەردى. مېلىشىن خۇددى ھالىدىن كەتكەندەك بولۇپ، بىر ئەسكەرنىڭ قولىدىن تۇتتى، تىلى گەپكە كەلمەي:

— يۇر، يۇر، ئىلتىماس قىلىمەن، يەنە ئازغىنا يۇر... قوسىغىم ئاغرىۋاتىدۇ، تاقىتىم قالمىدى...، — دىدى.

ئەسكەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ گېپىگە چۈشەنمەيتتى، نىمە قىلىشنى بىلمەي، ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. بىراق مېلىشىن ئۇنى ئاپتوموبىلىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگىچە سورەپ ئاپىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە ھە دەپ يۇزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن تۇرۇپ تۇگمىلىرىنى كۇچىنىپ تۇتاتتى، تۇرۇپ ئاپتوموبىلنىڭ تۇتقۇچىنى تارتاتتى. ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كورۇنۇشىدىن ئۇنىڭ مېلىشىنغا ئىچىنغىنى ۋە يىرگىنىشى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قوسىغىڭ ئاغرىغان بولسا، ئولتۇر، — دىدى ئەسكەر ئاچچىغى كېلىپ، — ئىلدامراق بول!

شۇ چاغدا مېلىشىن موتورنىڭ تۇتقۇچىنى كۇچىنىڭ بىرىدچە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەسكەر قورقۇپ كېتىپ، ئۇنى تارتىشقا باشلىدى.

شوپۇر بالا ئويغاندى، بىرنىمە دەپ ئاچچىقى بىلەن ۋاقىرىدى-دە، ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بولۇپ ئۆتتى. تېلىگىن ئىككىنچى ئەسكەرگە يېقىن-راق تۇرۇشقا ھەركەت قىلىپ، مىلشىنىڭ ھەركىتىنى قاپىغىنى سىلىپ بايقاپ تۇراتتى. موتور گۈرۈلدەپ كەتتى، ئۇنىڭ كەسكىن ۋە يېقىملىق ئاۋازىغا يۇرەكنىڭ سوقۇشى ئاھاڭداش بولاتتى.

—ژۇكوۋ، مىلتىقنى تارتىۋال!—دەپ ۋاقىرىدى تېلىگىن ۋە ئەسكەرنىڭ بېلىدىن تۇتتى-دە، ئىگىز كوتىرىپ، يەرگە ئۇرۇپ، ئىككى سەكرەپ ئاپتوموبىلغا يېتىۋالدى. ئۇ يەردە مىلشىن باشقا ئەسكەر بىلەن ئېلىشىپ، مىلتىقنى تارتىۋېلىۋاتقان ئىدى. ئىۋان ئىلئىچ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەسكەرنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت سالدى. ئەسكەر ئاھ دىدى-دە، يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. مىلشىن ماشىنىنىڭ رولىغا يېپىشتى، تەپكۈچلەرنى باستى، ئىۋان ئىلئىچ مىلتىق كوتەرگەن ژۇكوۋنىڭ ئاپتوموبىلغا چىققانلىقىنى، شوپۇر بالىنىڭ تام تېگىدىن موكۇپ بېرىپ، تەپتىش ئىشخانىسىنىڭ ئىچىگە لىپ قىلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، دەرىزە يېنىدا تاق كوزەينەك تاقاپ ۋە قور-قۇپ تۇرغان بىرسىنىڭ يۈزىنى، ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىققان تەپتىشنى، ئۇنىڭ قولىدىكى تىترەپ تۇرغان تاپانچىنى ئېنىق كورۇپ تۇردى... ئوق ئېتىلدى، يەنە ئوق ئېتىلدى... "تەگمىدى، تەگمىدى، تەگمىدى". ئاپتوموبىلنىڭ چاقلىرى خۇددى تۇرقا يېپىشىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق، چىشلىق چاقلار غىچىرلىدى، ماشىنا ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى. تېلىگىن كون ئورۇندۇققا يىقىلىپ چۈشتى. يۈزىگە شامال ئۇردى، ئاق-قارا رەڭلىك يول-يول قاراۋۇل-خانا، مىلتىق تەڭلىگەن قاراۋۇل بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com



پاق! ئاپتوموبىل ئۇنىڭ يېنىدىن قۇيۇندەك ئۇتۇپ كەتتى. ئارقىدا، پۈتۈن قورادا ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوق ئاتاتتى. پاكىلدىتىپ ئېتىلغان مىلتىقنىڭ بوش ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ژۇكوۋ ئارقىسىغا ئورۇلۇپ، مۇشتۇمىنى تەڭلەپ قوياتتى. بارگاھلار بارغانسېرى كىچىكلەپ، پەسىيىپ باراتتى، ئاخىردا، بۇرۇلۇشتىن كېيىن بارگاھ كوزدىن غايىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى، دەرەخلەر، تاشقا يېزىلغان رەقەملەر غۇيۇلداپ كېلىپ، يان تەرەپتىن ئوتۇپ ئارقىدا قالاتتى.

مېلشىن ئارقىسىغا قارىدى ئۇنىڭ پىشانىسى، كوزى ۋە يۈزى قانغا مىلەنگەن ئىدى. ئۇ تېلېگىنگە:

— ئۇدۇل مېڭىۋېرىمىزمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

— ئۇدۇل ماڭىمىز، كوۋرۇكتىن ئوتكەندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، تاققا بارىمىز.

# 28

كۈزنىڭ شاماللىق ئاخشاملىرىدا كارپات تاغلىرى مۇڭلۇق ۋە سۈرلۈك بولىدۇ. قاچقۇنلار يامغۇر سۈيى يۇيۇپ ئاقارتىۋەتكەن تاش يولدىن داۋان تويىسىگە چىققاندا دەككە-دۈككە بولۇپ قالىدى. يارلىقنىڭ تويىسىدە ئۈچ-توت تۇپ قارىغاي ئىغاڭلاپ تۇراتتى. قويۇق تۇمان ئىچىدە كورۈنمەي قالغان تۈۋەندىكى ئورمان شامالدا گۈرۈلدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىنمۇ پەسرەكتە، يارنىڭ ئەڭ تېگىدە

سۇ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، شاقىراپ ئېقىۋاتاتتى.
قارىغاي غولىلىرىنىڭ ئارىسىدىن، يىراقتىكى دەرەخلىك، چۆل تاغ چوققىلىرىنىڭ ئارقىسىدا پېتىۋاتقان كۈننىڭ ئىنچىكە شولىسى قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن كورۇنۇپ تۇراتتى. بۇ تۇپىلىكتە قاتتىق سوقۇۋاتقان ئەركىن شامال ئاپتوموبىلنىڭ ياپقۇچىنى ئۇچۇرۇپ كېتەي دەيتتى.
قاچقۇنلار ئۇنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى. تېلېگىن خەرىتىگە قاراشقا باشلىدى، مېلشىن رولغا تايىنىپ، كۇنېپىتىشقا قارىدى، ئۇنىڭ بېشى لاتا بىلەن باغلانغان ئىدى.
— ئاپتوموبىلنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ ئاستا، — بېنزىن تۈگىدى.
— ماشىنىنى بۇنداق قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ! — دېدى تېلېگىن.
— ياردىن ئىتتىرىۋېتىش كېرەك، ئىش تامام، — مېلشىن بىر يوتىلىپ يولغا سەكرەپ چۈشتى، ئۇيۇشۇپ قالغان ئاياقلىرىنى تۈزەش ئۈچۈن يەرنى تېپىشكە باشلىدى. كېيىن ژۇكوۋنىڭ يەلكىسىدىن تۇرتۇپ: — ھاي، داۋېي، تۇر، كەلدۇق! — دېدى.
ژۇكوۋ كوزىنى ئاچماستىن يولغا سەكرەپ چۈشتى، دىككوكلاپ بېرىپ تاشتا ئولتۇردى. ئۇۋان ئىلئىچ ئاپتوموبىلدىكى جۇۋىلارنى، "چىرىگەن ئورا"غا كەلگەن سوتچىلارغا ئاتالغان تاماقلارنى يەرگە چۈشۇردى. ئۇلار تاماقلارنى يانچۇقلىرىغا سىلىۋالدى، جۇۋىلارنى كىيىشتى، كېيىن ماشىنىنى ئىتتىرىپ، يارنىڭ ياقىسىغا ئېلىپ كېلىشتى.
— خىزمىتىڭنى ئادا قىلدىڭ، — دېدى مېلشىن ماشىنىغا، — قېنى، بىر ھە دەپ كورۇڭلار!

ئالدىنقى چاقلار يار ئۈستىدە ئېسىلىپ قالدى. ئۈستى برونزا بىلەن، كېيىن تېرە بىلەن قاپلانغان ئۇزۇن، كۆلرەڭ ماشىنا خۇددى تىرىك ئادەمدەك، پەسكە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن سىيرىلدى-دە، ئاستا قىيسىيىپ، تاش-شېغىللارنى ئېلىپ سايغا غۇلاپ چۈشتى؛ بىر توپىنىڭ چوققىسىغا يەتكەندە ئىلىنىپ قالدى، تاراقلاپ يەنە بىر ئايلاندى-دە، كەينىدىن تاش ۋە تومۇرلەرنى ئەگەشتۇرۇپ، پەسكە، يارغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. قاتتىق ئەكس سادا كوتىرىلىپ، تۇمان باسقان تاغ ئارىلىرىدىن ئۇزاقلارغا كەتتى.

قاچقۇنلار ئورمان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يولنى ياقىلاپ كېتىشتى. ئۇلار كەم سوزلىشەتتى، سوزلەشكەندىمۇ پىچىرلىشىپ سوزلىشەتتى. ئەمدى خېلى قاراڭغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ توپىسىدە قارىغايلار شارىلدايتتى، دەرەخلەرنىڭ بۇنداق شارىلدىشى ئۇزاقتىكى سۇنىڭ شاقىراپ ئېقىپ چۈشۈشىگە ئوخشايتتى.

تېلىگىن تۇرۇپ-تۇرۇپ تاشيولغا چۈشۈپ، مۇساپە يېزىلغان تۇۋرۇكلەرنى كورۇپ چىقاتتى. ھەربى پوس بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغان بىر جايغا يەتكەندە، ئۇ يەرنى خېلى ئايلىنىپ ئوتۇپ، بىرنەچچە كىچىك يارلىقتىن ئوتۇشتى، قاراڭغۇدا يىقىلىپ ياتقان دەرەخلەرگە، تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن بۇلاقلارغا دۇچكېلىپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ پۇتۇن ئەزا-بەدىنى ھول بولۇپ مىلىچلاپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىلغان ئىدى، ئۇلار توپ-توغرا بىر كېچە يۇردى. بىر قېتىم، تاڭ ئاتار چاغدا ئاپتوموبىل تاۋۇشى ئاڭلاندى، ئۇلار ئېرىق ئىچىگە چۈشۈپ يېتىشتى، ئاپتوموبىل ئۇلارنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئوتۇپ كەتتى، ھەتتا ماشىنىدىكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلاندى.

ئەتىگەنلىگى، قاچقۇنلار ئورمان ئىچىدە چوڭقۇر سايدا ئېقۋاتـ

قان سۇ بويىدىن دالدا جاي تاللاپ، دەم ئېلىپ يېتىشتى. تاماق يېيىشتى، كانىياك قاچىلانغان بوتۇلكىنى يېرىم قىلىشتى. ژۇكوۋ ئاپتوموبىل ئىچىدىن تېپىۋالغان، داتلىشىپ كەتكەن ئۇستىرا بىلەن ساقىلىنى ئېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى، ساقال-بۇرۇتى ئېلىن-غاندىن كېيىن، تۇساتتىن ئۇنىڭ ئىڭىكى ۋە داردايغان لەۋلىرى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى، تېلېگىن بىلەن مېلشىن ژۇكوۋنىڭ ئىڭىكىنى كۆرۈپ، خېلىغىچە قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ژۇكوۋنىڭ كەيپى ناھايىتى خۇش ئىدى، ئۇ كۈلەتتى، كالپۇكلىرىنى سوزاتتى، ئۇ مەس بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇلار ئۇنى ياتقۇزۇپ، ئۇستىگە غازاڭ يېپىپ قويۇشتى.

كېيىن، تېلېگىن بىلەن مېلشىن ئوت ئۇستىگە خەرىتىنى يېيىپ، ھەركىم ئۆزىگە ئۇنىڭ كىچىك نۇسخىسىنى سىزىۋالدى. ئۇلار ئەتىسى ئىككىگە بولۇنۇشنى قارار قىلدى: مېلشىن بىلەن ژۇكوۋ رۇمىنىيە تەرەپكە، تېلېگىن گالىتسىيىگە قاراپ كېتىدىغان بولۇشتى. چوڭ خەرىتە توپىغا كۆمۈپ قويۇلدى. كېيىن ئۇلار غازاڭ توپلاپ، ئىچىگە كىرىپ ياتتى-دە، دەررۇ ئۇخلاپ قالدى.

تاشيولنىڭ نېرىقى تەرىپىدە، ئىگىز چوققىدا بىر كىشى مىلتىققا تايىنىپ تۇراتتى، ئۇ كوۋرۈكنى ساقلاپ تۇرغان قاراۋۇل ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەتراپى، ئاياق تېگىدىكى دەرەخلىك جىمجىت ئىدى. پەقەت تاغ توخۇلىرىلا قاناتلىرىنى قارىغاي ئۇچلىرىغا تەككۈزۈپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى، يەنە بىر يەردىن سۇنىڭ بىر خىل شاقىراپ ئېقىشى ئاڭلىناتتى. قاراۋۇل بىر پەس تۇرۇپ، مىلتىقنى يەلكىسىگە ئېلىپ كەتتى.

ئۇۋان ئىلىنچ كوزىنى ئاچقاندا كېچە بولغان ئىدى؛ قاپ-قارا

دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن قىمىر قىلماي چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇز-لار كۆرۈنەتتى. ئىۋان ئىلىئىچ تۈنۈگۈنكى ۋەقەلەرنى يادىغا كەلتۈرگەن ئىدى، بىراق سوتتا بولغان ۋە قېچىش ۋاقتىدىكى جىددىيچىلىك كوز ئالدىغا كېلىپ بەك ئازاپلاندى، شۇڭا بۇ پىكىرلەرنى ئۆزىدىن ھەيدىدى.

— ئويغاقمۇسىز، ئىۋان ئىلىئىچ؟ — ئاستا سورىدى مېلشىن.

— ھە، خېلىدىن بېرى ئويغاقمەن. تۇرۇڭ، ژۇكوۋنى ئويغىتىڭ.

ئارىدىن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىۋان ئىلىئىچ قاراڭغۇدا خىرە ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يولنى بويلاپ چوڭ قەدەملەر بىلەن يالغۇز يۈرۈپ كەتتى.

# 29

ئۈنىنچى كۈنى، تېلېگىن فرونتقا يېتىپ باردى. شۇ كۈنگىچە ئۇ كېچىسى يول يۈرۈپ، كۈندۈزى ئورمانلارغا كىرىپ يوشۇرۇندى، بەزىدە ئۈنىڭغا تۇزلەڭلىكتە مېڭىشقا توغرا كېلىپ قالاتتى، بۇنداق چاغدا ئاھالە تۇرىدىغان جايلاردىن يىراقتا ياتاتتى. ئۇ كوكتاتلىقتىن كوكتات ئوغرىلاپ خام يەپ يۈردى.

تۈن يامغۇرلۇق ۋە سوغاق ئىدى. ئىۋان ئىلىئىچ غەرب تەرەپكە كېتىۋاتقان، يارىدارلار سېلىنغان قۇتقۇزۇش ھارۋىلىرى، ئوي جابدۇقلىرى بېسىلغان ھارۋىلار، قوللىرىدا باللىرىنى، تۇگۈن ۋە بۇيۇملىرىنى كوتىرىۋالغان ئايال ۋە قېرىلارنىڭ ئارىسىدا

كېتىپ باراتتى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىن شەرققە قاراپ ھەربى كارۋانلار، ئەسكىرىي قىسىملار ئۆتۈپ باراتتى. ئۇيلاپ باقسا ئەجەپ بىر ئىش: 1914-يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، 1915-يىلمۇ ئۆتتى، 1916-يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى، لېكىن بۇزۇلۇپ كاردىن چىقىپ كەتكەن يوللاردىن ھارۋىلار ھامان غىچىرلاپ ئۆتەتتى، ئوتتا يېنىپ كەتكەن يېزىلارنىڭ ئاھالىسى تەقدىرگە تەن بېرىپ سورۇلۇشۇپ بارماقتا. بىراق چوڭ ھەربى ئاتلار ھازىرمۇ ئاياقلىرىنى ئاران كوتىرىپ ماڭاتتى، ئەسكەرلەر ھالسىزلىنىپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن، ئۇيىسىز، باشپاناسىز قالغان مىڭلىغان كىشى كەم سوزلۈك، پەرۋاسىز بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ تەرەپتە، شەرقتە، قاتتىق شامال پاكار-پاكار بۇلۇتلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان تەرەپتە، ئادەملەر ھامان بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈشەتتى ۋە بىر بىرىنى قىرىپ تۈگىتەلمەيتتى.

توۋەن سازلىقتا، سۇيى ئۇلغىيىپ كەتكەن ئۇلۇغ سۇدىكى كوۋرۈك-نىڭ ئۈستىدە قاراڭغۇلۇقتا بىرتالاي ئادەم ۋە ئات-ھارۋىلار تىقىلىشماقتا. ھارۋا چاقلىرى تاراقلايتتى، قامچىلار تارسىلدايتتى، كوماندا ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ھىساپسىز كوپ چىراقلار پىلىلدايتتى، ئۇلارنىڭ يورۇغى كوۋرۈك تۈۋرۈكلىرى ئارىسىدىن شارىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇلار ئىلىچ تاشيولنىڭ يانتۇ يېرىدىن پەسكە تېيىلىپ چۈشۈپ، كوۋرۈك يېنىغا يېتىۋالدى. كوۋرۈكتىن ھەربى كارۋان ئۆتۈۋاتقان ئىدى. تاڭ ئاتقىچە سۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈشنىڭ ئىلاجى يوقلۇغى روشەن ئىدى.

كوۋرۇك بېشىدا ئاتلار ھارۋىنى تارتالماي تۇرۇپ قالاتتى، ھول تاختاي ئارىسىغا تۇياقلىرى تىقىلىپ، يۈكنى ئاران تارتىپ چىقاتتى. كوۋرۇكنىڭ بىر چېتىدە ئاتلىق بىر كىشى قولىدىكى چىرىغىنى سىلكىتىپ، ۋاقىرايتتى، ئۇ ۋاقىراۋېرىپ ئاۋازى خىرىلداپ قالغان ئىدى، ئۇچىسىدىكى كىپىلەك تون شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر بوۋاي كەلدى-دە، شەپكىسىنى ئېلىپ، بىرنىمىلەرنى سورىدى. ئاتلىق كىشى جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا تومۇر پەنەر بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىر ئۇردى، بوۋاي ھارۋىسىنىڭ تېگىگە يىقىلىپ چۈشتى.

كوۋرۇكنىڭ نېرىقى تەرىپى قاراڭغۇ ئىدى، ئەمما پىلىلدىغان چىراقلاردىن ئۇ يەردە مىڭلاپ قاچقۇن توپلىنىپ قالغانلىغى سېزىلەتتى. كارۋان ھامان ئاستا-ئاستا قىمىرلاپ تۇراتتى. ئىۋان ئىلئىچ بىر ھارۋىنىڭ قېشىغا تىقىلىپ تۇراتتى، ھارۋىدا كۆرپىگە ئورالغان، چاچلىرى كۆزلىرىگىچە يېيىلىپ چۈشكەن ئورۇق بىر ئايال بىر قولىدا قوش قەپىزى، بىر قولى بىلەن ئات يۈگىنىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. كارۋان بىردىن توختىدى. بايىقى ئايالنى قورقۇنچ بېسىپ، نېرىقى تەرەپكە قارىدى، كوۋرۇكنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىرقانچە ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، چىراقلار يېقىنلىشىپ كەلدى. بىر ھادىسە بولغان بولسا كېرەك. ئات قورقۇپ كېتىپ چىقىراپ كىشنەۋەتتى. كىمدۇر بىرى پولەك تىلىدا: ”قېچىڭلار!“ دەپ ۋاقىرىدى. شۇ زامان ھاۋانى بىرتالاي مىلتىق ئوقى كېسىپ ئۆتتى. ئاتلار ھەر ياققا قاچتى، ھارۋىلار پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى، ئاياللار، بالىلار چىقىرىشىپ كەتتى.

ئوڭ تەرەپتە، ئۇزاقتا شالاڭ ئۇچقۇنلار كۆرۈندى، ئۇ يەردىن

جاۋابەن مىلتىق ئېتىلىشقا باشلىدى. ئىۋان ئىلىئىچ ھارۋىنىڭ چاقىغا چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ ئۇراتتى. ھەممە ياقتا، پۈتۈن دەريا ئۈستىدە مىلتىق ئېتىلىۋاتقانىدەك تۇيۇلاتتى. قەيەردىندۇر ئۇتقان ئايال ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقان ئىدى، ئېتىگى ئىلىنىپ قېلىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. "ۋاي دات! ئۆلدۈم!" دەپ ۋاقىردى ئۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن، قەيەرگە قېچىشنى بىلمەي سايغا دومىلاپ كەتتى.

كارۋان يەنە تاقۇر-تۇقۇر، دۈكۈر-دۈكۈر قىلىپ كۆۋرۈكتىن يۈرۈپ كەتتى. "توختا! توختا!" دىگەن ئاۋازلار دەررۇ ئاڭلاندى، ئىۋان ئىلىئىچ يوغان بىر ھارۋىنىڭ كۆۋرۈك چېتىگە چىقىپ كېتىپ پەنجىرىلەرنى سۇندۇرۇپ، سۇغا ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىگىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ چاقتىن سەكرەپ چۈشتى-دە، يەردە ياتقان تۇگۈنلەردىن سەكرەپ-سەكرەپ ئۆتۈپ كارۋانغا يېتىۋالدى، كېتىپ بارغان بىر ھارۋىغا لىپ قىلىپ چىقىپ، دۈم يېتىۋالدى. ئۇنىڭ دىمىغىغا مەزىلىك بولكا پۇرىقى كېلىپ ئۇردى. ئىۋان ئىلىئىچ بىر زىنت تېگىدىن قولىنى تىقىپ، بىر بولكىنىڭ چېتىنى سۇندۇرۇپ ئالدى-دە، يېيىشكە باشلىدى.

ئېتىشىشلار بولۇپ تۇرغان قالايمىقانچىلىق ئىچىدە كارۋان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالدى. ئىۋان ئىلىئىچ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، قاچقۇنلار چۈشكەن ھارۋىدىن ئۆتۈپ، ئوچۇق دالاغا چىقىۋالدى-دە، يولنى ياقىلاپ كېتىۋەردى. قاراڭغۇدا قۇلىقىغا ئاڭلانغان يېرىم-ياتا سۆزلەردىن بىلىندىكى، دۈشمەن رۇسلارنىڭ ئەسكىرىي قىسمىنى ئوققا تۇتقان ئىكەن. دىمەك، فرونت لىنىيىسى كوپ دىگەندە ئون چاقىرىم نېرىدا، شۇ ئەتراپتا بولسا كېرەك.

ئۇۋان ئىلئىچ بىرنەچچە مەرتىۋە توختاپ دېمىنى ئالدى. يامغۇردا شامالغا قارشى يۈرۈش تەس ئىدى. ئۇنىڭ تېزى سىقىراپ ئاغرىيتتى، يۈزى كويۈپ ياناتتى، كوزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ئاخىردا، ئۇ ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتتى. يامغۇرنىڭ سوغاق تامچىلىرى بويىنغا چۈشەتتى. پۈتۈن تېنى سىقىراپ ئاغرىيتتى.

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ قۇلىغىغا يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، خۇددى قەيەردىدۇر يەر ئويۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن، خۇددى يەنە شۇنداق ئاۋاز چىقتى. ئۇۋان ئىلئىچ بېشىنى كوتىرىپ قۇلاق سالدى. ئۇ بۇ قاتتىق ئاۋازلارنىڭ ئارىسىدىن گايىدا پەسىيىپ، گايىدا كۈچىيىپ چىقىۋاتقان باشقا ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار ئۇۋان ئىلئىچ كېتىۋاتقان تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى سول تەرەپتىن، ئۇ كېلىۋاتقان تەرەپتىن دىڭگۇدەك ئاڭلىناتتى.

ئۇۋان ئىلئىچ ئېرىقنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئوتۇپ ئولتۇردى، ئۇ ئەمدى ئېپلاس ۋە كوكۇش ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن پارچە-پارچە، پاكار بۇلۇتلارنى ئېنىق كورۇپ تۇراتتى. تاڭ ئاتتى. ئۇ — كۈنچىقىش تەرەپ. ئۇ تەرەپ روسىيە ئىدى.

ئۇۋان ئىلئىچ ئورنىدىن تۇردى، بەلۋېغىنى مەھكەم تارتىپ باغلىدى، لايدا تېيىلىپ-تېيىلىپ، ئاختامىلىقلاردىن، ئېرىقلاردىن، چەتلىرى ئورۇلۇپ چۈشكەن بۇلتۇرقى ئاكوپلاردىن ئوتۇپ شۇ تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئەتراپ ئاپپاق-ئايدىڭ بولغاندا، تېلېگىن يەنە دالانىڭ ئاخىرىسىدىكى ئادەم ۋە هارۋىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن تاشيولنى كوردى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ توختاپ، ئەتراپقا كوز تاشلىدى. بىر چەتتە، يوپۇرماقلىرى پۈتۈنلەي دىگۈدەك چۈشۈپ كەتكەن يوغان بىر تۈپ دەرەخ يېنىدا ئاپپاق ئاقارتىلغان بىر چىركاۋنى كورۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئىشىگى ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، گۈمبەز ئۈستىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى غازاڭ بېسىپ ياتاتتى.

ئۇۋان ئىلئىچ قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇ يەردە قالماقچى بولۇپ، چىركاۋنىڭ ئىچىگە كىردى-دە، ئوت بېسىپ كوكىرىپ كەتكەن يەردىلا ياتتى. چىرىگەن غازاڭلارنىڭ ئەسكى پۇرىغى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇراتتى. ئۇزاقتىن چاقلارنىڭ تاراقلىشى، چۈشقىلارنىڭ شاقىلدىشى ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلغان بۇ ئاۋۇشلار بىردىنلا غايىپ بولاتتى. بىرو قولى بىلەن ئۇنىڭ كوزلىرىنى بېسىپ يۇمۇپ قويغاندەك بولدى، ئېغىر ئۇيقۇ ئىچىدە يارقىن داغ ئاستا-ئاستا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇۋان ئىلئىچ شۇنچىلىك ھارغان ئىدىكى، ئۇ پۇشۇلدايتتى، بارغانسېرى ئۇيقۇسى كۈچىيەتتى، ئەمما بايىقى يارقىن داغ ئۇنى ھامان بىارام قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، يەنە يىراقتىن چاقلارنىڭ تاراق-تۇرۇغى قۇلىغىغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇۋان ئىلئىچ ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

ئىشىكتىن قويۇق ۋە تەكشى بۇلۇتلار كورۇنەتتى؛ غەرپكە سۇرۇلۇۋاتقان قۇياش شۇ بۇلۇتلارنىڭ تېگىدىن كەڭ شولىلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ سۇيۇق دىگۈدەك شولىسى چىركاۋنىڭ ۋەيرانە تېمىغا چۈشۈپ، مەريەم بۇۋىنىڭ ياغاچقا ئويۇلغان، كونىراپ ئوڭۇپ كەتكەن يۈزىنى يورۇتتى، ئۇنىڭ تىزىدا يىرتىلىپ كەتكەن

چىت كوينەك كىيدۇرۇلگەن بوۋاق ياتىدۇ، بوۋىنىڭ دۇئايى-ئىبادەت قىلىش يۈزىسىدىن كوتىرىلگەن قوللىرى سۇنۇپ كەتكەن ئىدى.
ئىۋان ئىلئىچ چىركاۋدىن تاشقىرىغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيدە بالىسىنى تىزىغا قويىۋالغان بىر چوكان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى ئاق كوينىگى لايغا مىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن چېكىسىنى تىرەپ، ئىككىنچى قولىنى بالا يوگەلگەن ئالا-بۇلا كوپىگە قويۇپ ئولتۇراتتى. چوكان بېشىنى ئاستا كوتىرىپ ئىۋان ئىلئىچقا قارىدى، ئۇنىڭ قارىشى ئۇچۇق ۋە غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ يىغلىغان چىرايى خۇددى تەبەسسۇم قىلغاندەك تىترىدى، كېيىن مۇلايىم تاۋۇش بىلەن، رۇس تىلىدا:
—بالام ئولۇپ قالدى، —دىدى.
شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە قولىنى چېكىسىگە تىرەپ ئولتۇردى. تېلېگىن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ، بېشىنى سىلىدى، چوكان ئېغىر ئۇھ تارتتى.
—يۈرۈك. ئۇنى مەن كوتىرىپ كېتىمەن، —دىدى ئىۋان ئىلئىچ مېھرىۋانلىق بىلەن.
چوكان بېشىنى چايقىدى.
—نەگىمۇ باراي؟ ئوزىڭىز كېتىۋېرىڭ، مېھرىۋان ئەپەندى.
ئىۋان ئىلئىچ بىر دەم تۇردى-دە، شەپكىسىنى كوزىگىچە باستۇرۇۋېلىپ مېڭىپ كەتتى. شۇ چاغدا چېركاۋنىڭ ئارقىسىدىن بۇرۇتلىرى ئۇزۇن، ئۈچىسىدىكى پەلتوسى ھول ۋە لاي بولۇپ كەتكەن ئاۋستىرىيىلىك ئىككى ئاتلىق دالا ژاندارمىسى چىقىپ قالدى. ئۇلار ئوتۇپ كېتىۋېتىپ ئىۋان ئىلئىچنى كورۇپ، ئاتلىرىنى توختاتتى، ئالدىنقىسى خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

—بۇ ياققا كەلگىن!

ئىۋان ئىلىئىچ يېقىن باردى. ژاندارما ئېگەردىن بېشىنى ئېگىش- تۇرۇپ، شامال ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئىۋان ئىلىئىچقا تىكىلىپ قاردى، كېيىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

—رۇس!—دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ۋە تېلېگىنىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى.

ئىۋان ئىلىئىچ قېچىپ قۇتۇلۇشقىمۇ ئۇرۇنمىدى، پەقەت ئاچچىق ھىجىيىپ قويدى.

ئۇلار تېلېگىننى سامانلىققا قاماپ قويۇشتى. تۈن كېچە ئىدى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى. تامنىڭ يوچۇغى- دىن يانغىننىڭ چالا قىزىل شولىسى كۆرۈنەتتى. ئىۋان ئىلىئىچ تۈنۈگۈن ھارۋىدىن ئالغان بولكىنىڭ قالغىنىنى يېدى-دە، بىرەر يەردە تۆكلۈك بارمىكىن دەپ، تاختاي تامنى ياقىلاپ يۈرۈپ، بىر باغلام ئوتقا پۇتلىشىپ كەتتى ۋە كېيىن ئەسنىۋالدى-دە، ياتتى. بىراق ئۇنىڭغا ئۇخلاشقا توغرا كەلمىدى، يېرىم كېچىدىن كېيىن يېقىن ئەتراپتا زەمبىرەكلەر گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. زەمبىرەك ئېتىلغاندا چىققان شولىلار تامنىڭ يوچۇغىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولاق سېلىپ ئولتۇردى. زەمبىرەكلەر بارغانسېرى ئىلدام-ئىلدام ئېتىلىپ، سامانلىقنىڭ تاملىرى تەۋرەپ كېتەتتى، تۇساتتىن يېقىن جايدا مىلتىق ئېتىلىشقا باشلىدى.

جەڭنىڭ يېقىن جايدا بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. تاشقىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن تاۋۇشلار ئاڭلاندى، ئاپتوموبىل گۈرۈلدىدى. دۈكۈر-دۈكۈر ئاياق تاۋۇشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاشقىرىدا

بىرنىمىنىڭ گەۋدىسى كېلىپ تامغا ئۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇۋان ئىلىئىچ تامنىڭ ئوقتا تۇتۇلغانلىقىنى بايقىدى-دە، دەررۇ يەرگە ياتتى.

يوغان سامانلىقنىڭ ئىچىنىمۇ مىلتىق دورىسىنىڭ پۇرىقى بېسىپ كەتكەن ئىدى. مىلتىق توختىماي ئېتىلىپ تۇراتتى. رۇسلار شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما، يۇرەكنى پارە قىلغۇچى ۋاڭ-چۇڭلۇق ئۇزاق داۋام قىلمىدى. قول بومبىلىرى خۇددى ياڭاق چاققاندەك پاقىلداپ پارتلاشقا باشلىدى. ئۇۋان ئىلىئىچ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، سامانلىقنىڭ ئىچىدە ھودۇقۇپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. قۇتۇلدۇرۇپ قالالماسمىكىن-ھە؟ ئاخىردا خىرىلداق ۋاقىراشلار، دۈكۈر-دۈكۈرلەر ئاڭلاندى. مىلتىق ئاۋازلىرى بىردىن توختىدى. ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان جىملىق داۋامىدا بىر نەرسىنىڭ يۇمشاق نەرسىگە ئۇرۇلۇشى، تومۇرنىڭ جىرىڭلىشى ئاڭلاندى. كېيىن قورقۇنچ بىلەن نېمىسچە ۋاقىرىغان ئاۋاز چىقتى:

"تەسلىم بولدۇق، رۇس، رۇس!"

ئۇۋان ئىلىئىچ ئىشىك تاختىيىدىن بىرىنى ئېچىپ قارىغان ئىدى، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەملەر كورۇندى، ئۇلار بېشىنى قوللىرى بىلەن پانا قىلىپ يۈگۈرەيتتى. ئوڭ تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاتلىق ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى يېرىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. ئۈچ قاچقۇن سامانلىققا قاراپ يۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر ئاتلىق ئەسكەر ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ھەيۋەتلىك يوغان ئات خارتىلداپ، ئالدىنقى ئاياقلىرىنى كوتىرىپ تىكلەندى. ئاتلىق ئەسكەر خۇددى مەس كىشىدەك، قىلىچىنى ئوينىتاتتى، ئۇنىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلغان ئىدى. ئاتلىق ئەسكەر

ئۆتى ئالدىنقى ئاياقلىرىنى يەرگە قويغاندا دۈشمەننى قىلىچ بىلەن شۇنداق چاپتىكى، قىلىچىنىڭ بىسى سۇنۇپ كەتتى.

—مېنى چىقىرىڭلار!—دەپ دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى تېلېگىن ئىشكنى كۆچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇپ. ئاتلىق ئەسكەر ئۆتنى توختاتتى.

—ۋاقىرىغان كىم؟

—ئەسىر، رۇس ھەربى ئەمەلدارىمەن.

—ھازىر!—ئاتلىق ئەسكەر قىلىچىنىڭ سېپىنى تاشلاپ، ئىگەردىن ئىڭىشتى-دە، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئاچتى. ئىۋان ئىلئىچ ساماندىن چىقتى، ئۇنى ئازات قىلغان كىشى، "ياۋايى شى"نىڭ ئەپتىسرى كۆلۈپ مۇنداق دېدى:

—مانا بۇ ئۇچرىششنى قارا!

ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:

—تونۇمىدىم،—دېدى.

ساپوژكوۋ مەنغۇ، سېرگىي سېرگېيېۋىچ ساپوژكوۋ دېگەن مەن،—دېدى-دە، قاتتىق كۈلۈۋەتتى. خىيالىڭغىمۇ كەلمىگەن بولغىيدى؟...مانا قارا، ئۇرۇشتا ھەر نەرسە بولىدىكەن!

# 30

موسكۋاغا يېتىشكە بىر سائەتلىك يول قالغان؛ پويىز چول بولۇپ قالغان داچىلارنىڭ يېنىدىن ھۇۋلىغان پېتى ئۇتۇپ باراتتى، ئۇنىڭ

ئاپپاق ئىسسى كۆز غازاڭلىرىغا، يالتىراق، سېرىق قېيىن دەرەخلىرىگە، يوپۇرماقلىرى قىزىرىپ تۇرغان تېرەك دەرەخلىرىگە ئىلىنىپ يوگىلىپ قالاتتى. ئۇ جايلاردىن نوقۇل گۇمبە پۇرىقى كېلەتتى. بەزەن ئېرەن دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى، قىپ-قىزىل شاخلىرى پويىز رېلىسىغىمۇ يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى. شالاڭلىشىپ قالغان دەرەخلىكلەرنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدىن گۈلزار ئىچىگە ئورنىتىلغان ئەينەك شارلار، داچا ئۆيلىرىنىڭ تاقۋېتىلگەن دەرىزىلىرى، غازاڭ بېسىپ كەتكەن يول ۋە پەلەمپەيلەر كۆرۈنۈپ قالاتتى.

مانا، پويىز كىچىك بېكەتتىن غۇيۇلداپ ئۆتتى. يەلكىسىگە خالتا ئېسىۋالغان ئىككى ئەسكەر پويىز دەرىزىلىرىگە كوڭۇلشىمەي قاراپ تۇراتتى، چاقماقلىق پەلتو كىيگەن، غەمكىن بىر قىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، نەم تاختايغا كۈنلۈگىنىڭ ئۇچى بىلەن بىرنىمىلەرنى سىجايىتتى. مانا، بۇرۇلۇشتىن كېيىن دەرەخلەر ئارىسىدىن ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان تاختاي ئېلان كۆرۈندى: "شۇس-توۋنىڭ تاغ نەشپۈتىدىن ئىشلەنگەن ۋوتكا ھارىغى، ئەڭ ئېسىل!". ئەنە، ئورمانمۇ تۈگىدى، پويىزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاقۇش-كوكۇش كاپۇستىلىق باشلاندى، ئاچا يولدا پاخال بېسىلغان ھارۋا، ئەرچە چاپان كىيگەن بىر ئايال ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. يىراقتا، ئۇزۇن سوزۇلغان بۇلۇت تېگىدە مۇنارىلارنىڭ ئۇچى، شەھەرنىڭ توپىسىدىن ئەيسا پەيغەمبەر چېركاۋىنىڭ پارقىراپ تۇرغان گۈمبىزى كۆرۈنىدۇ.

تېلېگىن ۋاگون دەرىزىسى ئالدىدا تۇرۇپ، سېنتەبىرنىڭ قويۇق ھاۋاسىنى، غازاڭ، گۇمبە پۇرىغىنى، ئالىقەيەردە كويۇۋاتقان پاخال ئىسىنى، تاڭ ئاتاردا سوغاق توڭلاتقان يەر پۇرىغىنى ھوزۇر قىلىپ

www.uyghurkitap.com

يۇتاتتى.

ئۇ ئىككى يىللىق ئازاپلىق يولنىڭ ئەمدى تۈگىگەنلىكىنى، شۇ يولنىڭ ئەڭ ئاخىرىسى — ناھايىتى ئۇزاقتا سوزۇلغان شۇ ئاخىرقى سائەتتە ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ ھېساپلاپ چىقتى: سائەت ئىككىدىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ كۆنۈپكىسىنى بېسىشى مۇمكىن، ئۇ ئىشىك چىنار ياغىچىدىن ياسالغان، توپىسىدە ئىككى دەرىزىسى بار دەپ ئويلايتتى، ئۇ بۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا ئولۇپ كەتسىمۇ يېتىپ بارىدۇ-دە.

كوكتاتلىقلار ئۆتۈپ كەتتى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە شەھەر چېتىنىڭ لاي چاچرىغان كىچىك-كىچىك ئۆيلىرى، تاش ياتقۇزۇلغان كوچىلار، تاراقلاپ كېتىۋاتقان ھارۋىلار، تاختاي تاملار، ئۇلارنىڭ كەينىدە شاخلىرى كوچىغىچە ئېسىلىپ چۈشكەن لىپا دەرەخلىرى، رەڭمۇ-رەڭ ۋىۋىسكىلار، ئەتراپىنى لەرزىگە سېلىپ كېتىۋاتقان پو-يېزنى، ۋاگون دەرىزىسى ئالدىدا ئولتۇرغان ئىۋان ئىلىئىچنى بايقىماي، كوز سالماي، ئۆزلىرىنىڭ ئەرزىمىگەن ئىشلىرىغا ئالدىراشىۋاتقان ئادەملەر كورۈنۈشكە باشلىدى؛ پەستە، كوچىدىن خۇددى ئويۇنچۇق-تەك تىراموۋاي ئوتۇپ كەتتى؛ بىر ئوينىڭ يېنىدىن كىچىك چېركاۋ-نىڭ گۈمبىزى كورۈندى، پويىز بۇرۇلۇشلاردىن ئوتۇشكە باشلىدى. ئاخىر، ئاخىر — ئۇزاق ئىككى يىلدىن كېيىن، موسكۋا ۋوگزالىنىڭ تاختاي ياتقۇزۇلغان پەشتىغى كورۈندى. ۋاگونغا پاكىز كىيىنگەن، ئاق پەرتۇق تارتقان بوۋايلار كىرىشتى. ئىۋان ئىلىئىچ بېشىنى دەرىزىدىن خېلى چىقىرىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىدى. ۋاي تەنتەگەي، كېلىشكىنى خەۋەر قىلمىغان ئىدىڭغۇ، نىمىشقا قارايسەن!

ئىۋان ئىلىئىچ ۋوگزال مەيدانىغا چىقىپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

ئەللىك قەدەمچە نېرىسىدا خادىك ھارۋىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ھارۋىكەشلەر ئولتۇرغان جايلىرىدا قولقاپلىق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋاقىرىشاتتى:

— مەن ئېلىپ باراي! مەن ئېلىپ باراي!

— مەرھەمەت، قېنى، يورغىسىغا ئولتۇرۇڭ!

— بۇ ياققا، بۇ ياققا، يۇگۇرىگى بۇ ياقتا!

تىزگىنى تارتىلغان ئاتلار يەر تېپىپ، پىشقىرىپ، كىشنىشەتتى. پۈتۈن مەيداننى شاۋقۇن قاپلىغان ئىدى. يەنە بىرئازدىن كېيىن، ھەممە ھارۋىكەش خۇددى ۋوگزالغا باستۇرۇپ كىرىدىغاندەكلا كورۇنەتتى.

ئىۋان ئىلئىچ ئورۇندۇغى تار، ئىگىز خادىكقا چىقىپ ئولتۇردى؛ قارام، چىرايلىق خادىكچى ئۇنىڭدىن ئادرىسىنى مۇلايىمغىنا ئاۋاز بىلەن سورىۋالدى-دە، يېنىچە ئولتۇرۇپ، نوختىنى بوش قويۇۋېتىپ، ئاتنى چاپتۇردى. رېزىنكە چاقلار تاشلىق كوچىدىن غۇيۇلداپ ئوتۇپ كەتتى.

— ئۇرۇشتىن قايتتىڭىزغۇ دەيمەن، جانابى ئەپەندىم؟

— ئەسىرگە چۈشكەن يەردىن قېچىپ كەلدىم.

— راستىنمۇ؟ خوش، ئۇ ياقتا ئەھۋال قانداق ئىكەن؟ ئاچارچىلىق دېيىشىدۇ. ھاي، چوڭنا، يولدىن قاچ! مىللەت قەھرىمانى ئىكەنسىز-دە!... تولىسى قېچىپ كېلىۋاتىدۇ.... ھاي ھارۋىكەش، يولنى بوشات!... ئېبخ نادان!... ئىۋان ترىفونىچنى بىلەتتىڭىزمۇ؟

— كىم ئۇ؟

— رازگۇلەيدىكى رەخت ساتقۇچى!... تۈنۈگۈن ئۇ مېنىڭ ھارۋامغا چۈشۈۋىدى، ئوزى خاپا. ۋەقەسى قىزىق!... تىجارىتى ئوبدان بولۇپ

ناھايىتىمۇ بىيىپ كەتكەن ئىدى، پۇلنى قويىدىغان جايى يوق بولۇپ
قاپتۇدەك، خوتۇنى ئېرىنى تاشلاپ، ئۆتكەن كۈنى بىر پولەك بىلەن
قېچىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ھارۋىكەشلىرىمىز بۇ ۋەقەنى پۈتۈن موسكـ
ۋاغا يايدى. ئىۋان تىرىفونىچ ئەمدى ئۇيالغىنىدىن كوچىغىمۇ چىقال-
ماي ئولتۇرۇپتۇ... خەلقنى بۇلىغانىنىڭ جازىسى شۇ-دە!...
— بۇرادەر، ئىلدامراق ھەيدە، — دىدى ئىۋان ئىلئىچ، يورغا
ئات بېشىنى ئوينىتىپ يەلدەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ.
— كەلدۇق، ئەپەندىم، ئىككىنچى ئىشىك. تىسس، ۋاسە!...
ئىۋان ئىلئىچ ئاق ئوينىڭ تازا تور پەردە تۇتۇلغان ئالتە دەرد-
زىسگە يۈرىگى جىغىلدا قىلىپ قارىدى-دە، ھارۋىدىن ئىشىك
يېنىغا سەكرەپ چۈشتى. ئىشىك كونا ئىشىكلەردىن — نەقىشلىق،
شىرنىڭ كاللىسى ئويۇپ ئىشلەنگەن ئىشىك ئىدى، قوڭغۇرىغىمۇ
ئېلېكتىر قوڭغۇراق بولماي، ئاددى قوڭغۇراقلاردىن ئىدى. ئىۋان
ئىلئىچ قولىنى قوڭغۇراققا سوزالماي، بىرنەچچە سېكۇنت تۇردى،
يۈرىگى ئېغىر ئۇراتتى. "تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە، تېخى ھېچ نەرسە
مەلۇم ئەمەس، بەلكى ئۇيدە ھېچكىم يوقتۇر، بەلكى قوبۇلمۇ قىلىش-
ماس" دەپ ئويلىدى-دە، قوڭغۇراق زەنجىرىنى تارتتى. ئۇي
ئىچىدە قوڭغۇراق جاراڭلىدى، "ھېچكىم يوق دىمىدىمۇ!". ئەمما
شۇ زامان خوتۇن كىشىنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىۋان ئىلئىچ
ھودۇقۇپ، ئەتراپقا قارىدى، كورۇنۇشى خوشال ھارۋىكەش كوزىنى
قىساتتى. زەنجىر شىرىق قىلدى، ئىشىك قىيا ئېچىلدى، ئۇي خادىمى-
نىڭ چوقۇر يۈزى كورۇندى.
— داريە دمىترىيېۋنا بۇ يەردە تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى تېلېگىن
يوتىلىپ.

— ئويدە، ئويدە، كىرىڭ، — دىدى چوقۇر قىز مۇلايىمغىنا سوزۇق ئاھاڭ بىلەن، — دارىيە خانىمۇ، ھەدىسىمۇ ئويدە.

ئىۋان ئىلئىچ خۇددى چۇش كورۇۋاتقاندەك، ئەينەكلىك لەمپە-دىن ئوتتى، بۇ يەردە بىرقانچە سىۋەت ساندۇق تۇراتتى ۋە بۇ يەردىن جۇۋىنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. خىزمەتچى قارا كىلىيونكا بىلەن قاپلانغان ئوڭ قول تەرەپتىكى ئىككىنچى ئىشىكنى ئاچتى، چالا يورۇق كىچىك دالاندا ئايالىلارنىڭ پەلتوسى ئېسىقلىق، ئەينەك تەكچىدە پەلەي، قىزىل كىرىست تىكىلگەن ياغلىق، يۇڭ شارپا تۇراتتى. بۇ تازا نەرسىلەردىن تونۇش ۋە بىلىنەر-بىلىنمەس ئەتىر پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى.

خىزمەتچى قىز مېھماننىڭ ئىسمىنىمۇ سورىماستىن، ئوي ئىگىسىگە ئېيتقىلى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئىۋان ئىلئىچ يۇڭ شارپىغا بارمىغىنى تەككۈزۈپ كوردى-دە، تۇساتتىن بۇ پاك ۋە گۈزەل ھايات بىلەن قان دەرياسىدىن چىقىپ كەلگەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقە يوقلۇ-غىنى سەزدى. "دارىيە خانىم، بىر كىشى سىزنى سوراۋاتىدۇ"، خىزمەتكار قىزنىڭ ئىچكىرىكى ئويدە تۇرۇپ ئېيتقان بۇ سوزى ئىۋان ئىلئىچنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئىۋان ئىلئىچ كوزلىرىنى يۇمدى، مانا ئەمدى گۈلدۈرماما باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ بېشىدىن-ئايىغىچە تىترەك باستى. خوتۇن كىشىنىڭ: "مېنى سوراۋاتامدۇ؟ كىمكەن؟" دىگەن سوزى ئاڭلاندى.

ئوي ئىچىدىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ بۇ ئاياق تىۋىشلىرىنى ئىككى يىللىق كۇتۇشتىن كېيىن ئاڭلىماقتا ئىدى. دەرىزە يورۇغىدىن دالان ئىشىگىدە داشا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئالتۇندەك تاۋلانغان. ئۇ بويىغا ئوسۇپ، نازۇكلاشقاندەك

ئىدى. ئۇچىسىدا يۇڭ كۆپتا، كۆك يۇپكا بار ئىدى.

— مېنى سىز سورىدىڭىزمۇ؟

داشا دۇدۇقلاپ قالدى، يۈزىنى تىترەك بېسىپ، قاشلىرى ئۈچتى، ئاغزى ئېچىلدى، ئەمما شۇ چاغدىلا يۈزىدىن قورقۇنچ ئالامىتى كېتىپ، كۆزلىرى خوشاللىق ۋە ھەيرانلىق بىلەن چاقناپ كەتتى.

— بۇ سىزمۇ؟ — ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس ھالدا دېدى ئۇ ۋە بىلەكلىرىنى كۆتىرىپ، ئېتىلغىنىچە ئىۋان ئىلئىچنى بوينىدىن قۇچاقلىدى ۋە تىترىگەن نازۇك لەۋلىرى بىلەن ئۇنى سۆيدى. كېيىن ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ:

— ئىۋان ئىلئىچ، بۇ ياققا يۈرۈڭ، — دېدى ـ دە، ئۆزى مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، كىرىسلوغا ئولتۇرۇپ، يۈزىنى قولى بىلەن يېپىۋالدى.

— بۇ نادانلىق، تەنتەكلىك، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ قولى بىلەن ھە دەپ كۆزىنى سۈرتۈپ. ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. داشا ئۇشتۇمتۇت كىرىسلونىڭ تايانچۇغىنى تۇتۇپ، بېشىنى كۆتەردى:

— ئىۋان ئىلئىچ، قېچىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ۋاي خۇدايىمەي، كېيىن قانداق بولدى؟

— كېيىن مانا... توپ ـ توغرا بۇ يەرگە كەلدىم.

ئۇ شەپكىسىنى كۆكرىكىگە بېسىپ، ئۇدۇلدىكى كىرىسلوغا ئولتۇردى.

— قانداق قىلىپ قاچتىڭىز؟ — دەپ سورىدى داشا.

— ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوڭايلىق بىلەن.

— قورقۇنچلۇقمىدى؟

— ھە... ياق، ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس.

شۇ يوسۇندا ئۇلار يەنە بىرئاز گەپ قىلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىنچاقلىق چۈشتى، داشا تووەنگە قارىۋېلىپ:

— موسكۋاغا قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىر ۋوگزالدىن كېلىشىم.

— مەن ھازىر كوفى بۇيرۇپ قوياي...

— ياق، ئاۋارە بولماڭ... مەن ھازىر مېھمانخانىغا بارىمەن.

داشا ئاستا سورىدى:

— كەچقۇرۇن كېلەمسىز؟

ئىۋان ئىلئىچ لەۋلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— خوش، مەن كەتتىم. كەچقۇرۇن كېلىمەن.

داشا قولىنى ئۇزاتتى. ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ نازۇك ۋە كۈچلۈك قولىنى تۇتتى، بۇ ھال ئۇنىڭ تېنىنى قىزىتىۋەتتى، يۈزىگە قان يۈگۈردى. ئۇ داشانىڭ قولىنى قىستى-دە، دالانغا قاراپ كەتتى، ئىشىككە بېرىپ كەينىگە قارىدى. داشا دەرىزىگە ئارقىسىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا كوز ئاستىدىن قاراپ ئولتۇراتتى.

— سائەت يەتتىلەردە كەلسەم بولامدۇ، داريە دمىترىيېۋنا؟

داشا بېشىنى لىڭشىتىپ جاۋاپ بەردى. ئىۋان ئىلئىچ كوچىغا چىقىپ، ھارۋىكەشكە:

— ئەڭ ياخشى مېھمانخانىغا ئېلىپ بارغىن! — دېدى.

ئۇ ھىلىقى خادىكقا ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى پەلتوسىنىڭ يېڭىگە تىقىپ، يەلكىسىنى ئورۇندۇق تايانچۇغىغا يولەپ كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن ئادەملەر، دەرەخلەر ۋە هارۋىلار كولەڭگىدەك ئوتۇپ باراتتى. رۇس شەھىرىگە خاس سوغاق شامال يۈزىگە كېلىپ ئۇراتتى. ئىۋان ئىلئىچ داشاغا تەككەن ۋە هازىرمۇ ئىسسىق تۇرغان ئالقىنىنى بۇرنىغا يېقىن كەلتۇرۇپ، ”بۇ سېھرىگەرلىك!“ دەپ كۈلدى.

شۇ ۋاقىتتا داشا ئىۋان ئىلئىچنى ئۇزىتىپ، مېھمانلىق ئويىنىڭ دەرىزىسى يېنىدا تۇراتتى. بېشى گاراڭ، نىمە بولغانلىغىنى ئويلاي دىسە پىكىرلىرىنى يىغالمايتتى. ئۇ كوزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئاچتى، بىردىنلا ۋاي! دىدى-دە، ھەدىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا دەرىزە يېنىدا بىر نەرسە تىككەچ، خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ داشانىڭ كىرگىنىنى تۇيۇپ، بېشىنى كوتەرمەي تۇرۇپ سورىدى:

— كىم كەلگەن ئىكەن، داشا؟

داشا كاتەگە تىكىلىپ قاراپ تۇردى، يۈزى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇ... چۈشەنمەسمەن... ئۇ... ئىۋان ئىلئىچ.

كاتە يىپ-يىڭنىسىنى تىزىغا قويۇپ، ئىككى قولىنى بىر بىرىگە ئۇردى.

— كاتە، راستىنى ئېيتسام، ھەتتا ئۆزەممۇ خوشال ئەمەسمەن. پەقەت قانداقتۇر قورقىمەن، — دىدى داشا ئاستا.

# 31

گۇگۇم چۇشۇشى بىلەن، تاق قىلغان ئاۋاز ئاڭلانسىلا داشا چوچۇپ كېتەتتى، مېھمانخانىغا يۇگۇرۇپ چىقىپ قۇلاق سالاتتى... ئۇ مەلۇم بىر كىتاپنى بىرنەچچە قېتىم ئاچتى، ھەر بىر ئاچقىنىدا: "مارۇسا كىرافت دۇكىنىدىن ئېرى ئېلىپ كېلىدىغان شاكىلاتنى ياخشى كورەتتى..." دىگەن يېرىگە كوزى چۇشەتتى.

سوغاق بولۇپ كەچ كىرگەندە، ئۇدۇلدىكى ئايال ئارتىس چارو-دېيېۋا تۇرىدىغان ئويىنىڭ ئىككى دەرىزىسى توساتتىنلا يورۇپ كەتتى، بېشىغا ئادەتتىكى بوك كىيىۋالغان ئايال خىزمەتكار ئۇس-تەلگە داستىخان سېلىشقا باشلىدى، كورۇنۇشىدىن ئىسكىلېتكە ئوخ-شىغان، يەلكىسىگە دۇخاۋا كەمزۇل يېپىنغان چارودېيېۋا كورۇندى، ئۇ ئۇستەل يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەسنىدى، يېڭىلا دىۋاندا يېتىپ ئۇخلىغان بولسا كېرەك؛ ئوزىگە شورپا قۇيدى-دە، بىردىنلا ئەينەككە ئوخشىغان كوزلىرىنى سولاشقان ئەتىر گۇل سېلىنغان قاچىغا تىكىپ خىيال سۇرۇپ قالدى. "مارۇسا كىرافت دۇكىنىدىن..." دەپ پىچىر-لىدى داشا. قوڭغۇراق جاراڭلىدى. داشانىڭ يۇرىكى جىغغىدا قىلدى. لېكىن ئۇ كەچلىك گېزىتنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئىكەن. "كەلمەيدۇ" دەپ ئويلىدى داشا ۋە ئاشخانىغا چىقتى، ئۇ يەردە بىر لامپۇچكا يېنىپ تۇراتتى. داستىخان يېيىلغان بولۇپ، سائەت چىكىل-داپ تۇراتتى. سائەت بەش مىنۇت كەم يەتتە بولدى. داشا ئۇستەل

يېنىدا ئولتۇرۇپ: ”ھەر مىنۇتتا ئۆمرۈڭ قىسقىراپ بارىدۇ...“ دەپ ئويلىدى.

ئالدىنقى ئىشىكتىكى قوڭغۇراق يەنە چېلىندى. داشانىڭ دىمى سىقىلىپ دالانغا يۈگۈرۈپ چىقتى... دوختۇرخانىنىڭ قوۋۇقچىسى بىر تۇتام قەغەز ئېپكەپتۇ. ئىۋان ئىلئىچ كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، كەلمەسمۇ ھەقلىق: ئۇ سېنى ئىككى يىل كۈتتى، ئەمما قايتقىنىدا ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز تۈزۈك سۆز تېپىپ ئېيتالمىدىڭغۇ!

داشا ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى چىشلەشكە باشلىدى. خۇددى شۇنداق بولۇشىنى بىلگەن ئىدىغۇ، ئىككى يىلغىچە ئۆز خىيالىدا مۇھەببەت باغلاپ كەلگەن ئىۋان ئىلئىچنى كۈتۈپ كەلدى، كۈتكەن ئادىمى قايتىپ كېلىشى بىلەن... ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى.

”ياخشى ئەمەس، ياخشى ئەمەس“ دەپ ئويلىدى داشا. ئۇ ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە چوقۇر لىزانىڭ كىرگەنلىكىنى بايقىماي قالدى.

— دارىيە خانىم، سىزگە مېھمان كەلدى!

داشا ئېغىر ئۇھ تارتتى-دە، يېنىك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ئاشخانىغا چىقتى. كاتە ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئىۋان ئىلئىچ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىملىداپ، تىك تۇردى.

ئۇ ئۇچىسىغا يېڭى موۋۇت كويىنەك كىيگەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يېڭى تاسما پوتا باغلىغان، ساقال-بۇرۇتى تازا قىرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىگىز بويلۇق، قامىتى كېلىشكەن ۋە كەڭ يەلكىلىك ئىكەنلىگى خۇسۇسەن ئەمدى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، بۇ — پۈتۈنلەي يېڭى ئادەم؛ كۆكۈش كۆزلىرىنىڭ قارىشى كەسكىن، ئادىل

ۋە پاك ئاغزىنىڭ ئىككى چېتىدە ئىككى سىزىق، قورۇق... داشانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى، بۇ قاراش ۋە قورۇقلار — دەھشەت، مۇشەققەت ۋە ئۇلۇم ئىزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇۋان ئىلئىچنىڭ قولى سوغاق ۋە كۈچلۈك ئىدى.

داشا ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىپ تېلېگىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. تېلېگىن ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى بىر بىرىگە قويۇپ قىستى ۋە داشاغا پات ـ پات قاراپ، قانداق قىلىپ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ۋە قانداق قىلىپ قاچقانلىقىنى سوزلەپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن ئولتۇرغان داشا ئاغزىنى سەل ئېچىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى.

ئۇۋان ئىلئىچ سوزلىگەندە، ئاۋازىنى خۇددى باشقا كىشىنىڭ ئاۋازىدەك چىقىرىپ، ئوزىنى چوڭقۇر ھاياجاندا سېزەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھىچقانداق سوز بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان كىشى، ھىچبىر چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىز ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ئىسسىق، باشنى ئايلاندۇرغۇدەك ئالىقاندىق خۇش پۇراق.

ئۇۋان ئىلئىچ بېشىدىن ئوتكەن ئىشلارنى بىر ئاخشام سوزلەپ ئولتۇردى. داشا ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، قايتۇرۇپ ـ قايتۇرۇپ سورايتتى، ھەدىسىگە قاراپ، قوللىرىنى بىر بىرىگە ئۇراتتى:

— ۋاي ئاللايەي، قارىغىنا كاتيۇشا، ئېتىشقا ھوكۇم قىلىشقان ئىكەنە!

تېلېگىن ئاپتوموبىل ئۇچۇن بولغان كۇرەش، ئولۇشكە سەل قالغان سېكۇنت، يۈزگە كېلىپ ئۇرغان شامال، ئەركىنلىك! ھايات! ھەققىدە سوزلىگەندە، داشانىڭ يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە:

www.uyghurkitap.com

— بىز ئەمدى سىزنى ھېچقاياققا ئەۋەتمەيمىز! — دېدى.
تېلېگىن كۈلۈۋەتتى:
— يەنە چاقىرىشسا، ئىلاج يوق، بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مەن پەقەت مېنى بىرەر قورال زاۋۇدىغا ئەۋەتسە دېگەن ئۈمىتتىمەن.
ئۇ داشانىڭ قولىنى ئاستا قىستى. داشا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، ـ دە، يۈزى قىزىرىپ كەتتى، قولىنى تارتىۋالدى:
— ئىمىشقا تاماكا چەكمەيسىز؟ مەن ھازىر سىزگە سەرەڭگە ئېپكېلىپ بېرەي.
داشا ئىلدام چىقىپ كەتتى ـ دە، شۇ زامان بىر قاپ سەرەڭگە ئېپكېلىپ، ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئالدىدا تۇردى ۋە سەرەڭگە ياغىچىنىڭ ئەڭ ئۇچىنى تۇتۇپ سۈركىۋىدى، سەرەڭگە سۇنۇپ كەتتى.
— لىزا سېتىۋالغان سەرەڭگە شۇنداق بولىدۇ ـ دە! — دېدى ئۇ. ئاخىردا سەرەڭگە ياندى. داشا ئوتنى ئىۋان ئىلئىچنىڭ تاماكىسىغا ئېھتىيات بىلەن تەگدۈردى. تېلېگىن كۆزلىرىنى قىسىپ، تاماكىسىنى ياندۇردى.
كاتە شۇ چاغدا داشا بىلەن تېلېگىنگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ داشا ئۈچۈن خوشال بولسىمۇ، كۆڭلى غەمكىن ئىدى. تېخى ئۇنتۇلمىغان ۋادىم پېتروۋىچ روششىن كۆز ئالدىدا تۇراتتى: ئۇمۇ خۇددى مانا شۇنداق ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنامۇ سەرەڭگە ئېپكېلىپ، بىرنەچچە سۇندۇرماي چېقىپ، ئۇنىڭغا تۇتقان ئىدى.
تېلېگىن يېرىم كېچىدە كەتتى. داشا ھەدىسىنى قۇچاقلاپ قاتتىق سۆيدى ـ دە، ئۆز بولمىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئېتىۋالدى، قوللىرىنى بېشىنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ يېتىپ، ئەمدى زېرىكىش ۋاقتى تۈگىدى،



ئالەم بوش ۋە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئەمما پارلاق كۈنگە يېتىش خوشاللىق، دەپ ئويلايتتى.

# 32

ئۇۋان ئىلىئىچ قايتىپ كېلىپ بەشىنچى كۈنى پېتېربۇرگدىن كەلگەن رەسمىي ئالاقىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئالاقىدە ئۇنىڭ بالىتىق زاۋۇدىغا دەرھال بېرىپ ئۇزىنى مەلۇم قىلىشى ئېيتىلغان ئىدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەيدا بولغان خوشاللىق، كۈننىڭ يېرىمىنى داشا بىلەن بىللە شەھەرنى كېزىپ ئۆتكۈزۈش، نىكولايېۋ ۋوگزالىدا ئالدىراپ خوشلىشىش، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ ھەم ئىسسىق، ھەم قۇرغاقلىغى؛ يانچۇغىدىن كۈتۈلمىگەندە لىنتا بىلەن باغلانغان تۇگۇنچەكنىڭ چىقىشى، ئۇنىڭدىن چىققان ئىككى ئالما، شاكىلات ۋە پېچىنە ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى چۈشتىكىدەك ئىدى. ئىۋان ئىلىئىچ موۋۇت كوينىگىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، ئاياقلىرىنى ئۇزاتتى. كۈلۈشنى توختىتىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان كوزەينەكلىك ناتونۇش بوۋايغا قاراپ ئولتۇردى.

ــ موسكۋادىن كېتىۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدى بوۋاي.

ــ ھەئە، موسكۋادىن كېتىۋاتىمەن، ــ دىدى تېلېگىن. ياپىرەي، موسكۋا دىگەن سوز قانچىلىك ئاجايىپ ۋە گۈزەل سوز ـ ھە!...... كۈز قۇياشى نۇر سەپكەن كوچىلار، ئاياق ئاستىغا توكۇلۇپ ياتقان غازاڭلار، بۇ غازاڭلارنى دەسسەپ مېڭىپ يۈرگەن يېىنىك، نازۇك

داشا، ئۇنىڭ ئەقلى، روشەن ئاۋازى، — ئەمما داشا ئېيتقان گەپلەر-نىڭ ھېچبىرى يادىدا قالمىغان، — ئۇنىڭغا ئىگىشكەندە، ياكى ئۇنىڭ قولىدىن سويگەندە چىقىپ تۇرغان گۈل پۇراقلىرى…

— جەھەننەم، جەھەننەم شەھىرى موسكۋا دىگەن، — دىدى بوۋاي، — موسكۋادا ئۈچ كۈن تۇردۇم… تويدۇم… — بوۋاي ئوتۇك تېشىغا كالاچ كىيگەن ئاياقلىرىنى كېرىپ، تۇكۇردى، — كوچىغا چىق-ساڭ، ئادەم تىقما-تىقماق، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈرگىنى يۈرگەن… كېچىسى چىقساڭ — چىراق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ۋىۋىسكىلار — ئادەمنىڭ كوزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدۇ…. بۇنچىۋالا ئادەم قاياقتىن كەلگەنكىن… ھەممىسى مەنىسىزلىك!!! موسكۋاسى شۇ ئىكەن… دولىتىمىزنىڭ باشلانغان يېرى شۇ ئىكەن!… ئۇ ياقتىن -بۇ ياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئادەملەرنىلا كورىسەن. سىز جەڭلەردە بولغانمۇ، ياردار بولغانمۇ، يىگىت؟… دەررۇ بايقىدىم… قېنى، مەن بوۋايغا ئېيتىڭچۇ، نىمىشقا بىزنىڭ قېنىمىز مانا شۇنداق بىكاردىن-بىكارغا توكۇلۇۋاتىدۇ؟ ۋەتەن قانداق بولدى؟ دىنىمىزچۇ؟ پادىشايىمىزچۇ؟ قېنى، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭچۇ! مانا مېنى ئېلىپ قارىسىڭىز، مەن يىپ ئالغىلى پېتېربۇرگقا كېتىۋاتىمەن… قۇرۇپ كەتسۇن يىپى!… تيۇمېنگە نىمە ئېلىپ بارىمەن، يىپمۇ؟… ياق، مەن ئۇ يەرگە يىپ ئېلىپ بارمايمەن، قايتىپ بارىمەن-دە: خالايىق، بىز تۇگىشىپتۇق، دەيمەن، مەن مانا شۇ گەپنى ئېلىپ بارىمەن… جازاسىنى تارتىمىز، جازاسىنى، يىگىت، بۇ گېپىم ئېسىڭىزدە بولسۇن… مانا شۇ مەنىسىز-لىكنىڭ جازاسىنى تارتىمىز…. — بوۋاي ئىككى قولى بىلەن تىزىغا تايىنىپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، دەرىزىنىڭ پەردىسىنى چۇشۇرۇپ قويدى، سىرتتا پاراۋۇزنىڭ ئىسى بىلەن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى

قاراڭغۇدا ئۇچاتتى، — خۇدانى ئۇنتۇدۇق، خۇدامۇ بىزنى ئۇنتۇدى... سىزگە دەپ قوياي،... قاتتىق جازاسىنى تارتىمىز...

— نىمە، نېمىسلار بىزنى يېڭىپ قويىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ سورىدى ئىۋان ئىلئىچ.

— كىم بىلىدۇ. خۇدا كىمنى ئەۋەتسە شۇنىڭ جازاسىنى تارتىمىز-دە،... مىسال ئۇچۇن ئېيتايلۇق، مېنىڭ دۇكىنىمدا ئىشلەيدىغان يىگىتلەر توپىلاڭ قىلىشقا باشلىسا، دەسلەپتە سەۋرى-تاقەت قىلىمەن، كېيىن بىرىنىڭ كەينىگە تېپىپ، ھەيدەيمەن، ئىككىنچىسىنىمۇ شۇنداق قىلىمەن، ئۇچىنچىسىنىمۇ كوچىغا چىقىرىپ قويىمەن... بىراق روسىيە مېنىڭ دۇكىنىمدەك كىچىككىنە ئەمەس-تە! خۇدا مېھرىۋان، ئەمما ئادەملەر ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى ئېپلاس قىلغان ئىكەن، ئۇنى تازىلاش كېرەك ئەمەسمۇ؟ مەن مانا شۇنى ئېيتىمەن-دە... خۇدا بەندىسىنى تاشلاپ كەتتى... بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك بولمايدۇ...

بوۋاي ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپ، كوزىنى يۇمدى، ئۇ كۇلرەڭ ئورۇندا كوزەينىكىنى پارقىرىتىپ ئىغاڭلايتتى. ئىۋان ئىلئىچ دالانغا چىقىپ، يۈزىنى دەرىزە ئەينىكىگە تەككۈزۈپ تۇردى.

ساپ ۋە سوغاق ھاۋا دەرىزە يوچۇغىدىن كىرىپ تۇراتتى. تاشقىرىدا، كېچە قاراڭغۇسىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى بىر بىرى بىلەن ئوينىشىپ، گاھ ئاسمانغا كوتىرىلىپ، گاھ يەرگە قايتىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. گايىدا پاراۋوز ئىسى ئوتۇپ قالاتتى. ۋاگون چاقلىرى ئاستا يۇرۇپ باراتتى. ئەنە، دوقمۇشقا بېرىپ يەتكەندە پاراۋوز ئۇزاق قىچقاردى، پاراۋوز ئوتخانىسىنىڭ شولىسى پاكار ئارچا دەرەخلىرىنى يورۇتۇپ ئوتتى، ئارچىلار قاراڭغۇدىن شۇڭغۇپ

چىقتى ـ دە، يەنە غايىپ بولدى. پويىز ئايلانمىدىن تاراقلاپ ئۆتتى. ۋاگون ئاستا چايقالدى، يېشىل پەنەر چىرىغى پىلىلدىدى، كېيىن يەنە ئوت ئۇچقۇنلىرى پويىز يېنىدىن ئۇچۇشقا باشلىدى.

ئىۋان ئىلىئىچ شۇ ئۇچقۇنلارغا قارىغاندىن كېيىن، ئاخىرقى بەش كۈن ئىچىدە بولغان ۋەقەلەرنى ئويلاپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خوشال بولاتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزىدىكى بار ھىسلارنى بىرەر كىشىگە ئېيتىپ بېرەلىسە، ئۇنى ساراڭ دېگەن بولاتتى. ئەمما ئىۋان ئىلىئىچ ئۈچۈن بۇنىڭ ھېچ ئەجەپلەنگۈچىلىكى ۋە غەلىتىلىكى يوق ئىدى — ھەممىسى تەبىي ۋە روشەن ئىدى.

ئۇ مىليون ـ مىليون كىشىنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ياشىشىنى، جاپا چېكىشىنى، ئۆلۈپ كېتىشىنى سېزەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ياشىشى شەرتلىك، يەر يۈزىدە كېلىپ چىقىدىغان پۈتۈن ھادىسىلەرمۇ ھەقىقەت بولماي، بەلكى يالغانغا ئوخشايتتى. شۇنچىلىك يالغانغا ئوخشايتتىكى، ئەگەر ئىۋان ئىلىئىچ بىرەر ھەركەت قىلسا — ھەممىسى ئۆزگىرىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. يالغانغا ئوخشىغان شۇ دۇنيانىڭ كىندىكى — ۋاگون دەرىزىسىگە يۆلىنىپ تۇرغان ئىۋان ئىلىئىچتۇر، بەلكىم. بۇ — بىركىم سويگەن كىشى. بۇ كىشى قاراڭغۇ زىمىستانلىقتىن چىقىپ، قاراڭغۇ باسقان دۇنيا ئۈستىدىن ئوت يامغۇرى ئارىسىدا ئۇچۇپ بارماقتا.

ئۆزىنى ئۆزى سويۈش تۇيغۇسى پەقەت بىرنەچچە سېكۇنتلا داۋام قىلدى. ئىۋان ئىلىئىچ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كىردى، ئۈستۈنكى ئورۇنغا چىقتى ـ دە، يېشىنىۋېتىپ ئۆز قوللىرىغا قارىدى، قولۇم چىرايلىق ئىكەن دەپ، بىرىنچى قېتىم ئويلىدى، قوللىرىنى بېشىنىڭ تېگىگە قويۇپ، كوزلىرىنى يۇمدى. شۇ چاغدىلا داشا كوز ئالدىغا

كەلدى. داشا ھاياجان ئىچىدە شەلا كوزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كوزلىرى-
گە قاراپ تۇراتتى. (بۇ ئىش دەل بۇگۇن ئاشخانىدا بولغانىدەك
ئىدى. داشا مانتا تۇگۇۋاتاتتى. ئىۋان ئىلئىچ ئۇستەلنى ئايلىنىپ
ئۇتتى-دە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىسسىق بوينىدىن سويدى. داشا
ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى، ئىۋان ئىلئىچ: "داشا، ماڭا تېگەمسىز؟"
دەپ سورىدى. داشا پەقەت قاراپلا قويدى.)

ھازىر ئۇ ۋاگوندىكى ئورۇندا يېتىپ داشاغا قاراپ-قاراپ
تويمايتتى، داشا ئۇنى، قوللىرى يوغان ۋە چىرايلىق كىشىنى ياخ-
شى كورگىنىدىن، ئىۋان ئىلئىچ ئۇزىدە ناھايىتى چوڭ خوشاللىق
جۇش ئۇرۇۋاتقانلىغىنى سېزەتتى.

ئىۋان ئىلئىچ پېتېربۇرگقا يېتىپ كەلگەن كۇنىلا بالتىق
زاۋۇدىغا باردى، ئۇ بىر سېختا كېچىلىك ئىسمىنىغا ئىشقا تەيىن
قىلىندى.

ئۇچ يىل داۋامىدا زاۋۇتتا كوپ ئوزگىرىشلەر بولغان ئىدى:
ئىشچىلارنىڭ سانى ئۇچ ھەسسە كوپەيگەن، كوپ قىسمى ياشلار
ئىدى؛ ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرالدىن ياكى غەربىي شەھەرلەر-
دىن كوچۇرۇپ كەلتۇرۇلگەن، بەزىلىرى بىۋاستىلا جەڭگە كىرگەن
ئارمىيىدىن يوتكەپ كېلىنگەن ئىدى. ئىشچىلار ھەر كۇنى گېزىت
ئوقۇيتتى، ئۇرۇشنى، پادىشانى، پادىشانىڭ خوتۇنىنى، راسپۇتىننى،
جياڭجۇنلەرنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق قاغايتتى؛ ئۇلاردىن غەزەپلەن-
نەتتى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن "ئەلۋەتتە ئىنقىلاپ بولىدۇ" دەپ
ئىشىنەتتى.

شەھەر بولىكخانىلىرىدا بولكىغا كېپەك ئارىلاشتۇرۇلۇشى،

بىرنەچچە كۈنـدىن بېـرى بازارلارغا گوش كەلمەسلىگى، كەلسىمۇ سېسىپ پۇراپ قالغان گوش كەلـتۈرۈلۈشى، توگـلاپ قالغان ياغيۇ سېتىلىشى، شېكەرنىڭ مەينەتلىگى، ئۇنىڭ ئۈستـگە ئوزۇق ـ تولۇك ـ نىڭ نەرقىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىگى، دۇكاندارلارنىڭ، ئېلىپساتارلار ـ نىڭ ئارمىيگە مال يەتكۈزۈش ئارقىسىدا چاپـسان بېيىپ، بىر قۇتا كەمپىتكە ئەللىك سوم، بىر بوتۇلكا شامپان هارىغـىغا يۈز سومـلاپ پۇل تولەشلىرى، نېمىس بىلەن يارىشىش زادىـلا يارىمايدۇ دېيىش ـ لىرى ھەممىنىڭ غەزىۋىنى ئاشۇراتتى.

ئىۋان ئىلئىچ ئوزىنىڭ شەخسى ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك رۇخـسەت ئالـدى، شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە شەھەردىن ئوي تېپىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈردى. ئۇ ئونـدىن ئارتۇق جايغا بېرىپ كوردى ــ ھېچبىرى ئۇنىڭغا ياقمايتتى. بىراق ئاخىرقى كۈنى، ۋاگوندا كېلىۋېتىپ ئارزۇ قىلغانـدەك، دەرىزىـلىرى پاكىز يۇيۇلغان بەش ئېـغىزلىق ئوي تاپـتى. كامېننو ـ ئوسـترووسـكى كوچىسىنىڭ ئاخىرىسىغا جايـلاشقان بۇ ئوي ئىۋان ئىلئىچ ئۈچۈن خېلى قىممەت بولسىمۇ، دەررۇ ئىجارىگە ئېلىپ، بۇ توغرىدا داشاغا خەت يېزىۋەتتى.

توتىنچى كۈنى كېچىسى ئىۋان ئىلئىچ زاۋۇتقا ئىشقا كەتتى. ھەممە يېقىنى كومۇر قارايتىۋەتكەن قورادىكى ئىـگىز تۈۋرۈكلەردە چىراق ـ لار ياناتـتى. شامال تۇرخۇنـلاردىن چىقـقان ئىسـنى ھول يەرگە بېسىپ چۇشۇرەتتى. هاۋانى دىمىقتۇرىدىغان قانداقتۇر سېرىق ئىس ھەر ياقنى قاپـلاپ كەتـكەن ئىدى. يېرىم دۇگـلەك، چاڭ باسـقان يوغان دەرىزىـلەردىن، زاۋۇت ئىچىدىـكى ھىساپـسىز كوپ غالتەك ۋە ماشىنىلارنى ئايلاندۇرىدىـغان تاسمـلار، پولات ۋە برونزىـلارنى تېشىدىـغان، چاقـلايدىـغان ۋە تەكشـلەيدىـغان ئىسـتانوكـلارنىڭ

توختىماي يۈرۈپ تۇرۇش، كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قېلىپ ماشىنىلىرىنىڭ تىك تۇرغان تەخسىلىرى غىرىلداپ تۇراتتى. ئۈستىدە يۈك كۆتىرىدىغان كىرانلارنىڭ ساندۇقلىرى ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا غىلدىرلاپ ئۆتۈپ تۇراتتى. مەشتىكى ئوتلار قىپ-قىزىل ۋە ئاپپاق بولۇپ ياناتتى. ھور بىلەن ئىشلەيدىغان ھەيۋەتلىك بولقا ھەر ئۇرغاندا يەرنى تىترىتىۋېتەتتى. پاكار تۇرخۇنلاردىن چىققان يالقۇنلار قاراڭغۇ ئاسمانغا ئۇچۇپ يوق بولۇپ كېتەتتى. ماشىنىلارنىڭ تاراقلىغان ئاۋازلىرى ئارىسىدا ئادەملەر يۈرۈپ تۇراتتى...

ئىۋان ئىلىئىچ سېخقا كىردى، بۇ يەردە زەمبىرەك ئوقلىرى ئۈچۈن ئىستاكان قۇيىدىغان قىسقۇچ ماشىنىلار ئىشلەپ تۇراتتى. كونا تونۇش ئىنژېنېر سترۇكوۋ ئىشنىڭ بەزىبىر يېڭىلىقلىرىنى تېلېگىنگە چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى سېختا ئايلاندۇرۇپ يۈردى. كېيىن سېخنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان بىر بۆلمىگە كىرىشتى. سترۇكوۋ ئۇنىڭغا سېخنىڭ دەپتەر-كىتاپلىرىنى، مەلۇمات جەدۋەللىرىنى كۆرسەتتى، ئاچقۇچىنى تاپشۇردى-دە، پەلتوسىنى كىيىۋېتىپ سۆزلىدى:

— بۇ سېخ يىگىرمە ئۈچ پىرسەنت كېرەكسىز مەھسۇلات چىقىرىدۇ، سىز مۇشۇ ساندا تۇرىۋېرىڭ.

ئىۋان ئىلىئىچ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن، سېخنى شۇ خىلدا تاپشۇرۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى سەزدى، بولمىسا سترۇكوۋ ئەسلىدە مۇنەۋۋەر ئىنژېنېر، غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. ئىۋان ئىلىئىچنىڭ كۆڭلى رەنجىدى، ئۇ سورىدى:

— كېرەكسىز مەھسۇلاتنى ئازايتىشنىڭ ئىلاجى يوق دەمسىز؟

سترۇكوۋ ئەسنىدى، بېشىنى چايقىدى-دە، تارالمىغان چاچلىرى-



www.uyghurkitap.com

غا شەپكىسىنى باستۇرۇپ كىيىپ، ئۇۋان ئىلئىچ بىلەن بىللە يەنە ئىستانوكلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

ـ پەرۋا قىلماڭ، دوستۇم. ھېچقىسى يوق، بولمىسا، فۇرونتتا نېمىسلارنىڭ يىگىرمە ئۇچ پىرسەنتىنى كەمرەك ئۇلتۇرەرمىز. بىزنىڭ نىمە ئامالىمىز بولسۇن ـــ ئىستانوكلارنىڭ ھەممىسى كاردىن چىقىپ قالغان، كېرەكسىز مەھسۇلاتنى يوقىتىشنىڭ ئىلاجى يوق...قويۇڭ، بۇ كارغا كەلمەس نىملەرنى!

ستروۇكوۋ قىسقۇچ ماشىنىسى يېنىدا توختىدى. تېرە پەرتۇق تارتىۋالغان، كالتا پاچاق قېرى ئىشچى قىزىپ تۇرغان قۇيۇلمىنى قېلىپ تېگىگە قويدى، رامنى چۆشەردى. قېلىپ دەستىسى قىپ-قىزىل پولاتقا ياغدەك پېتىپ كىردى-دە، يالقۇنلاندى، رام يەنە كوتىرىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەرگە زەمبىرەك ئوقىنىڭ قېپى تەييار بولۇپ چۈشتى. قېرى ئىشچى دەررۇ يېڭى قۇيۇلمىنى ئىشلەشكە باشلىدى. بۇرۇتلىرى قارا، ئىگىز بويلۇق ياش ئىشچى مەش ئالدىدا ئىشلەپ تۇراتتى. ستروۇكوۋ قېرى ئىشچىغا قاراپ:

ـــ رۇبلىيوۋ، بۇ ئوق قاپلىرىنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز مەھسۇلات خېلى بارغۇ دەيمەن-ھە؟ـــ دېدى.

بوۋاي مىيىغىدا كۈلدى، شالاڭ ساقىلىنى لىكاڭلاتتى-دە، قۇۋ كوزلىرى بىلەن تېلېگىنگە قاراپ قويدى.

ـــ كېرەكسىز مەھسۇلاتنىڭ بارلىغى راست. كوردىڭىزمۇ بۇنىڭ ئىشلىشىنى؟ـــ بوۋاي قېلىپ رامى چىقىپ-چۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە ياغدىن كوكىرىپ كەتكەن تۈۋرۈكنى تۇتۇپ كورسەتتى،ـــ مانا بۇ تىترەيدىغان بولۇپ قالغان. ئالماشتۇرۇش كېرەك ئىدى.

ئۇۋان رۇبلىيوۋنىڭ مەش يېنىدا ئىشلەپ تۇرغان ئوغلى ۋاسكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆلدى:

— بۇ يەردىن كوپ نەرسىنى تاشلاش كېرەك. ماشىنىنى دات بېسىپ كەتكەن.

— سەن، ۋاسلى، ئېھتىيات قىل! — دېدى سترۇكوۋ كۆلۈپ.

— ھەممىگە ئېھتىيات قىل دەۋېرىدىكەنغۇ! — دېدى ۋاسكا بۇدۇر چاچلىق بېشىنى چايقاپ. ئۇنىڭ چېكە سوڭەكلىرى چىققان، قارا بۇرۇتلۇق، تىكىلىپ قارايدىغان كوزلۇك يۈزى بىر خىلدا كۆلدى.

— سېختىنكى ئەڭ ياخشى ئىشچىلاردىن، — دېدى سترۇكوۋ ئۇ يەردىن كېتىۋېتىپ ئىۋان ئىلئىچقا، — خەير - خوش. بۇگۈن "قىزىل قوڭغۇراق"قا بارماقچىمەن. بارغانمىدىڭىز؟ ناھايىتى ياخشى جاي - دە! ۋىنوسىمۇ بار.

تېلېگىن ئاتا - بالا رۇبلېۋۋلارغا قىزىقىپ قاراشقا باشلىدى. سترۇكوۋنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان سوھبىتىدىكى كىنايىلەر، بىر خىل قاراشلىرى، ئۇچىلىسى تېلېگىننى بىزنىڭكىمۇ، يە دۇشمەنمۇ؟ دەپ سىنىغانلىرى ئىۋان ئىلئىچنى ھەيران قالدۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە رۇبلېۋۋلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ۋە خۇش مۇئامىلىدە بولۇشلىرىدىن "بىزنىڭ" ئىكەنلىكىنى بىلدى.

"بىزنىڭكى" دېگىنى ئىۋان ئىلئىچنىڭ سىياسى قاراشلىرىغا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى (ئۇنىڭ سىياسى قاراشلىرى تېخى ئېنىقلانمىغان ئىدى)، بەلكى ئۇنىڭغا ھەركىمدە تۇغۇلىدىغان ئىشەنچكە تېگىشلىك ئىدى: ئۇ ھەتتا كوزگە كورۇنىدىغان ئىش قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ناھايىتى ھالال، ۋىجدانلىق، مېھرىۋان، ئاقكوڭۇل ئىكەنلىگى روشەن ئىدى.

كېچىلىرى نوۋەتچىلىك قىلغاندا ئۇۋان ئۆلىئچ رۇبلىيوۋلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاتا ـ بالىنىڭ مۇنازىرىلىرىنى ئاڭلايتتى.

ۋاسكا كوپ كىتاپ ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىكىدىن، سىنىپىي كۈرەش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا كوپ سوزلەيتتى، سوزلىگەندىمۇ خۇددى كىتاپتا يېزىلغاندەك، پىششىق سوزلەيتتى. ئىۋان رۇبلىيوۋ كونا ئورپ ـ ئادەتلىك، قۇۋ، خۇدادىن قايتمايدىغان بوۋاي ئىدى. ئۇ شۇنداق دەيتتى:

ــ بىزنىڭ پېرم تەرەپتىكى ئورمانلاردا ياشىغۇچى ئادەملەردە كىتاپ بولاتتى، شۇ كىتاپلاردا هازىر بولۇۋاتقان ئۇرۇش، ئۇرۇش ئارقىسىدىن ۋەيران بولۇش، ــ پۈتۈن دولەتنىڭ خاراپ بولۇشى، قانچە ئادەم قىلىشى، ناهايىتى ئاز ئادەم قالىدىغانلىغى هەممىسى يېزىلغان...شۇ ئورمان ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ ئالەمگە هاكىملىق قىلارمىش.

ــ بۇ سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق، ــ دەيتتى ۋاسكا.

ــ ۋاي نادان كۈچۈگەي، تىلىڭ شۇنچە پىششىق بولۇپ كېتىپتۇ...ئوزەڭنى سوتسىيالىزىمچى دەپ بىلىدىكەنسەن ـ دە!...سەن سەهرالىق، قانداق سوتسىيالىزىمچى بولسەن! مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. بۇنىڭدىن قالسا دوپپىسىنى بىر يېنىغا قويۇپ، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ: "تۇرۇڭلار، كۈرەشكە ئاتلىنىڭلار..." دەپ ۋاقىراۋېرىدۇ. كىم بىلەن، نىمىشقا كۈرەش قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئىشى يوق. ۋاي پەمى يوق ساراڭەي.

ــ كوردىڭىزمۇ بوۋاينىڭ گېپىنى؟ ــ دەيتتى ۋاسكا بارمىغى بىلەن ئاتىسىنى كورسىتىپ، ــ هوكۈمەتسىزچىلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىسى، سوتسىيالىزىمنىڭ نىمە ئىكەنلىگىگە پەمى يەتمەيدۇ، ئەمما

www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىم ماڭا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ۋاڭ-ۋاڭ قىلىدۇ.

—ياق،—دېدى ئىۋان رۇبلىيوۋ ئۈچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان قۇيۇلمىنى مەشتىن چىقىرىپ،—ياق، جاناپلار،—قۇيۇلمىنى بىر ئايلاندۇرۇپ، قېلىپ ماشىنىسىنىڭ دەستىسىگە تىقتى،—كىتاپنىغۇ ئوقۇيسىلەر، ئەمما كېرەكلىك كىتاپنى ئوقۇمايسىلەر-دە. ھەركىم خۇدادىن قورقمايدىغان بولۇپ قالغان، زامانىمىزدا ھەممە ئادەمنىڭ كەمتەر بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېچكىم ئويلىمايدۇ.

—مىگەڭ ئاينىپ قاپتۇ، دادا! تېخى يېقىندا: مەن ئىنقىلاپچى! دەپ ۋاقىرىغان سەن ئەمەسمىدىڭ؟

—ھە، ۋاقىرىدىم. توغرا كېلىپ قالسا، ھەممىدىن ئاۋال ئارىنى مەن كۆتىرىپ چىقىمەن، پادىشادىن ماڭا قانداق مەنپەئەت تېگىدۇ؟ مەن—دىخانمەن. ئوتتۇز يىل ساپان سۈرەپ، قانچىلىك يەر ھەيدىگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ مەن ئەلۋەتتە ئىنقىلاپچىمەن-دە، جېنىمنى ساقلاپ قېلىشىم كېرەكقۇ، ئاخىر؟

تېلىگىن داشاغا ھەر كۈنى خەت يازاتتى. داشا بولسا ئاز جاۋاپ قايتۇراتتى. ئۇنىڭ خەتلىرى سوغاق ۋە بىر تۈرلۈكلا ئىدى. ئۇلارنى ئوقۇغاندا ئىۋان ئىلىئىچنىڭ يۈرىگى بىرئاز جىغىلداپ تۇراتتى. ئادەتتە ئۇ دەرىزە يېنىغا ئولتۇرۇپ داشانىڭ يوغان ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان خېتىنى بىرنەچچە قايتۇرۇپ ئوقۇپ چىقاتتى، كېيىن ئارالاردىكى كۆكۈش تۇرمانلىقتا، قانالدىكى لاي سۇغا ئوخشاش بۇلۇتلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ: ئەسلىدە ئۆزى شۇنداق بولۇشى كېرەك، داشانىڭ خەتلىرى مېھرىۋان بولماسلىقى كېرەك، بۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ، مەن خاتا قىلىمەن دەپ ئويلايتتى.

"قىممەتلىك دوستۇم، ــ دەپ يازغان ئىدى داشا، ــ سىز بەش ئېغىز-لىق ئۇيىنى ئىجارىگە ئاپسىز. ئۇيــلاپ كورۇڭ، شۇنىڭــغا قانچە خىراجەت بولار! ئۇزىڭىز يالغۇز تۇرمىغىنىڭىزدىــمۇ، بۇ كوپلۇك قىلــدۇ! خىزمەت-كارلارنى ئېيتمامسىز: ئىككى خىزمەتــكار قىز كېرەك بولــدۇ، ھازىرقى زامانــدا بۇمۇ ئارتۇق! بۇ يەردە، موســكۋادا كۇز سوغاق، يامــغۇرنىڭ كەينى ئۇزۇلمەيدۇ...باھارنى كۇتىمىز..."

ئىۋان ئىلئىچ كېتىدىــغان كۇنى ماڭا تېگەمــىسىز دىگىنىدە قاراپلا قويغانــدەك، داشا يازغان خەتلىرىــدىــمۇ يە نــكا، يە كېــلىچەكتە بىللە ياشاش توغرىسىدا ئۇچۇق يازمايتتى. باھار كېلىشىنى كۇتۇش كېرەك ئىدى.

ھەمــمە باھارنى كۇتەتــتى، ھەمــمە قانداقــتۇر موجىزە بولــدۇ دىــگەن ئۇمىت بىلەن ياشايتتى، ھايات توختىــغان، قىشلىق ئۇيقۇغا پاتقان، يەنە قانلىق باھار كېلىشــنى كۇتۇشــكە ھېچــكىمــدە تاقەت قالمىغان ئىدى.

بىر كۇنى داشادىن خەت كەلدى:

"...بېسسونوۋنىڭ ئولۇمى توغرىسىدا سىزگە ئېيتــماقچىــمۇ، يازماق-چىمۇ ئەمەس ئىدىم. بىراق، ئۇنىڭ قانداق دەھشەتتە ھالاك بولغانلىقىنى تۇنۇگۇن يەنە تولۇق ئاڭلىدىم. ئىۋان ئىلئىچ، مەن ئۇنى فورونتقا كېتىش ئالدىدا تۋېرسكوي سايىلىق كوچىســدا ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇ ناھايــتى قايغۇ ـ ھەسرەتتە ئىدى. ئەگەر شۇ چاغدا مەن ئۇنى ئالدىمدىن ئىتتىرىپ تاشلىمىغىنىمدا، بەلكى ئولۇپمۇ كەتــمەس ئىــدى، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئەمما مەن ئۇنى ئىتتىرىپ تاشلىدىم. بۇنىڭدىن باشقا ئىلاجىم يوق ئىدى، ئەگەر ئومرۇم قايتــدىن باشلىــنىپ، ئوتــمۇش يەنە تەكرارلانغانــدىمۇ، خۇددى شۇنداق قىلاتــتىم."

تېلېــگىن بۇ خەتــكە جاۋاپ يېزىشــقا يېرىم كۇن ۋاقــت سەرپ

قىلـدى... ”سىزگە ئالاقىسى بولغان نەرسـىلەرنىڭ ماڭـا ئالاقىسـى يوق، دەپ ئويـلـىـشىم مۇمكىنـمۇ؟“ دەپ يازاتتى ئۇ ھەربىر سوزى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاپ، ”بەزىدە مەن ئۆزەمـنى سىناپ كورىمەن: ئەگەر سىز بىرەر باشقا كىشـىنى ياخـشى كورۇپ قالسـىڭىز، يەنى مېنىڭ بېشىمغا ئەڭ ئېغىر كۈلـپەت چۈشكەنـدىمۇ... بەرـىبىر مەن ماڭا ئالاقىدار دەپ ئويلايمەن. بۇ ئۆزەمنى بەزلىگەنلىكىم ئەمەس، ئەگەر سىزنىڭ كوڭلىڭىز باشقا بىرسـىگە چۈشـسە، بۇ مەن ئۈچۈن قۇياش پاتقاندەك بولاتـتى. خالاس... ئەمما مېـنىڭ سىزگە بولغان ئىشقىم پەقەت خوشاللىقتىمۇ؟ مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كورىدى- غان بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئوز ھاياتىمنى قۇربان قىلىشـىنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلـىمەن... بېسـسونۇۋمۇ مۇرونتقا كېتىۋات- قاندا خۇددى شۇنى ئويلىغان بولـسا كېرەك... سىزمۇ، داشا، ئوزى- ڭىزنى ئازات دەپ ئويلىشـىڭىز كېرەك... مەن سىزدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، ھەتتا مۇھەببەتمۇ... كېيىنكى ۋاقىتـتا مەن بۇنى چۈشەندىم....“

ئىككى كۈنـدىن كېيىن ئىـۋان ئىلـئىچ تاڭ ئاتاردا زاۋۇتـتىن قايتىپ، ۋاننىدا چومۇلۇپ، ئەمدىلا ئۇخـلىغان ئىدى. بىر دەمدىلا تېلېگىراما كېلىپ ئويغىتىۋەتتى:

”خاتىرجەم بول. سېنى ناھايىتى ياخشى كورىمەن. سېنىڭ داشاڭ.“

يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىنژېنېر ستروُكوۋ ئىۋان ئىلئىچنى ”قىزىل قوڭغۇراق“ قاۋاقخانىسىغا ئېلىپ باردى.

قاۋاقخانا يەر ئاستى قەۋىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ تورۇس ۋە تاملىرىغا رەڭمۇ-رەڭ قۇشلار، ئەسـلى ئوز كورۈنۈشـلىرى بۇزۇلـغان، كوپ

نەرسىلەرنى ۋەدە قىلغۇچى سېكىلەكىلىك بوۋاقىلارنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. ھەممە ياقنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە ئىس-تۈتەك قاپلىغان. سەھنىدە يۇزىنى قىزىل بويىۋالغان، تاقىرۋاش، پاكىنەك كىشى رايالنى دىرىڭلىتىپ ئولتۇراتتى. كۈچلۈك ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە ئەپىتسەر قاۋاقخانىغا كىرگەن خوتۇنلارغا سوز تاشلاپ ئولتۇراتتى. سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان بىرقانچە ئادۋوكات تىنماي ۋاقىرىشاتتى، سوز تالىشاتتى. قارا چاچلىق، چىرايلىق ۋە كوزلىرى ئىششىپ كەتكەن يەر ئاستى ئويى مەلىكىسى قاتتىق قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئانتوشكا ئارنولدوۋ پىشانە چىچىنى بۇراپ، فۇرونت ھەققىدە ماقالا يېزىپ ئولتۇراتتى. تام تۈۋىدىكى سۇپىدا كەلگۈسى تەرەپدارلىرىنىڭ ئاتىسى، مال دوختۇرى، يۇزىدىن سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىغى بىلىنىپ تۇرىدىغان كىشى مەس بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇگدەپ ئولتۇراتتى. يەر ئاستى ئويىنىڭ ئىگىسى — ئىلگىرىكى ئارتىس، ئۇزۇن چاچلىق، پاكار بويلۇق، مەيخورلۇقتىن ئىششىپ كەتكەن كىشى يان ئىشكتىن چىقىپ، مېھمانلارغا چەكچىيىپ قاراپ قوياتتى-دە، يەنە كىرىپ كېتەتتى.

ھاراقتىن كەيپى ئېشىپ كەتكەن ستروكوۋ ئىۋان ئىلئىچقا دەيتتى:

— بۇ قاۋاقخانىنى نېمىشقا ياخشى كورىمەن، بىلەمسەن؟ بۇنداق چىرىكلىكنى ھېچ قەيەردىن تاپالمايسەن، لەززەت مانا شۇنىڭدا!... قارىغىنا، ئەنە ئاۋۇ بۇرجەكتە بىر ئايال ئولتۇرۇپتۇ؛ ئورۇق، تەلەتى قورقۇنچلۇق، قىمىرلاشقا ماغدۇرى قالمىغان ئاخىرقى دەرىجىدىكى ئەسەبى. ئادەملەر شۇنىسىنى ياخشى كورىدۇ-دە...

ستروكوۋ قاقاقلاپ كۈلدى، ھاراق ئىچتى ۋە تاتارچە بۇرۇت

قويغان كالپۇكىنىمۇ سۇرتمەستىن، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ناملىرىنى ئۇۋان ئىلىئىچقا ئېيتىپ، ئۇيقۇغا تويمىغان، ئاغرىق، يېرىم سودايى كىشىلەرنى بارمىغى بىلەن كۆرسىتىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرقى موسكانلار①... ئېستېتىك سالونلارنىڭ قالدۇقلىرى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ھەممىسى كۆكىرىپ كەتكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ-ھە؟ ئۇلار بۇ يەرگە كېلىشىۋېلىپ، ھېچقانداق ئۇرۇش بولمىغاندەك، ھايات كونىچە داۋام قىلىۋاتقاندەك ھالغا كىرىشىۋالغان.

تېلېگىن ئەتراپقا قاراپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئىسسىقتىن، تاماكا ئىسىدىن، ھاراق پۇرىغىدىن بېشى ئايلىنىپ، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى... ئۇ بىرنەچچە كىشىنىڭ ئىشىككە قارىغانلىقىنى كۆردى، مال دوختۇرى يۇمۇق كۆزلىرىنى ئاران ئاچتى؛ تام ئارقىسىدىن يەر ئاستى ئويى ئىگىسىنىڭ سەت تەلەتى كۆرۈندى، ئۇۋان ئىلىئىچنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان چالا ئۆلۈككە ئوخشىغان بىر خوتۇن ئۆگدىگەن كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا جان كىردى، ئۇ قامىتىنى توغرىلاپ، باشقىلار قارىغان تەرەپكە قارىدى... يەر ئاستى ئويى دەررۇ جىمجىت بولۇپ قالدى، ئىستاكان يەرگە چۈشۈپ، جاراڭلاپ سۇندى...

ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇرا بويلۇق قېرى بىر كىشى بىر يەلكىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئىككى قولىنى مووۋت كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە قارا ساقاللىق ئۇزۇنچاق يۈزى

① «ئەڭ ئاخىرقى موسكان» ئامېرىكا يازغۇچىسى گۇپ (1789 — 1851) نىڭ ئەسىرى. بۇ يەردە شۇ نام ئىشلىتىلگەن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كۆلۈمسىرەيتتى، يۈزىدىكى زىرەك، ئەقىللىق ۋە ئۆتكۈر كوزلىرى ئويناپ تۇراتتى. جىمجىتلىق بىر مىنۇتچە داۋام قىلدى. ئىشىك ئارقىسىدىن ئەمەلدار سىياقىدىكى بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، ئەندىشە بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا بىرنىمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، قارا ساقاللىق كىشىنىڭ تەلەتى پۈرۈشتى.

— تېخىچىلا شۇ مەنىسىزلىكنى قويمايسەن-دە... جانغا تەگدىڭ-غۇ، — ئۇ يەر ئاستى ئويىدە ئولتۇرغان مېھمانلارغا يەنە كۈلۈپ قارىدى-دە، ساقىلىنى سىلىكىتىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: — خەير-خوش ئەمدى، دوستلار! — دېدى.

سەل ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ چىقىپ كەتتى. ئىشىك تاقىقىدا يېپىل-دى. يەر ئاستى ئويىنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىدى. ستىرۇكوۋ ئۇۋان ئىلئىچنىڭ يېنىدىن تۇتۇپ:

— كوردۇڭمۇ؟ كوردۇڭمۇ؟ — دېدى دېمى بوغۇلۇپ، — راسپۇتىن دېگەن شۇ.

# 33

دېكابىرنىڭ قەھرىستان سوغاق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سەھەر سائەت توتتە ئۇۋان ئىلئىچ زاۋۇتتىن پىيادە يېنىپ كېلىۋاتاتتى. كىرا هارۋىلىرى كورۈنمەيتتى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنى شەھەر-نىڭ مەركەزلىرىدىمۇ تېپىش تەس بولۇپ قالغان ئىدى. تېلىپگەن ياقىسىنى ئورە قىلىۋېلىپ، كىشى يوق كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتت-

تىك كېتىپ باراتتى.
ئاندا-ساندا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراق يورۇغىدا ھاۋادىن
يېغىۋاتقان ئۇچقۇنلار كورۇنەتتى. ماڭغاندا قار غاچىلدايتتى. ئالدى
تەرەپتە، چوڭ ئۆينىڭ سىرىق تېمىغا ئوت شولىسى چۈشۈپ تۇرات-
تى. دوقمۇشتىن بۇرۇلغاندا، تېلېگىن كوچىدا يېنىۋاتقان گۈلخان
ئالدىدىن چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا جۇۋا كىيگەن، سوغاقتىن
توڭلىغان كىشىلەر ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. سەل نېرىدا، ئادەم
ئوتىدىغان يولدا يۇزچە خوتۇن، بوۋاي ۋە ياش تىزىلىشىپ تۇرات-
تى: ئۇلار ئوزۇق-تۈلۈك دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئوچىرەتتە تۇرۇۋات-
قانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا پىيما كىيگەن كېچىلىك قاراۋۇل يەرنى
تېپىپ، پەلەي كىيگەن قوللىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ تۇراتتى.
ئۇۋان ئىلىچ ياغلىق ئورىۋالغان، يوتقان يېپىنغان، تام تۈۋىدە
مۈكچىيىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ باراتتى.
— تۈنۈگۈن ۋىبورگ رايونىدا ئۈچ دۇكاننى تالاپ، ئۇرۇپ
سۇندۇرۇشۇپتۇ، — دىدى بىر كىشى.
— بۇنىڭدىن باشقا ئىلاجىمۇ قالمىدى-دە.
— تۈنۈگۈن يېرىم قاداق كىرسىن سورىسام، كىرسىن يوق، ئەمدى
پۈتۈنلەي بولمايدۇ دىدى، شۇ چاغدا دېمىنتيېۋلارنىڭ ئاشپىزى
كېلىپ، ماڭا قارىتىپ تۇرۇپ ئەركىن باھا بىلەن بەش قاداق ئېلىپ
كەتتى.
— قانچە پۇلدىن؟
— بىر قادىقىنى ئىككى يېرىم كويىدىن.
— كىرسىنگە-ھە؟
— لەنتى خوجايىنىنىڭ بۇ قىلغىنىنى ئۇنتۇمايمىز، ۋاقتى كېلەر،

يادىغا سېلىپ قويىمىز.

ـــ ھەدەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇختادا بىر خوجايىن شۇنداق قىلغان ئىكەن، تۇزلۇق سۇ قۇيۇلغان تۇڭغا كاللىسىنى تىقىپ ئۇلتۇرۇشۇپتۇ، شۇنچە يېلىنسىمۇ بولماپتۇ.

ـــ بۇمۇ ئاز، ئۇلارنىڭ جازاسىنى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بېرىش كېرەك.

ـــ ئۇنىڭغىچە بىز توڭلاپ يۇرىۋېرىدىكەنمىز ـ دە.

ـــ ئۇزى مەززە قىلىپ چاي ئىچىپ ئۇلتۇرغاندۇر.

ـــ كىم چاي ئىچىدىكەن؟ ـــ سورىدى خىرىلدىغان بىر ئاۋۇش.

ـــ ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ـ دە! مېنىڭ ئايال ئىگەم ـــ جياڭ ـ جۇننىڭ خوتۇنى سائەت ئون ئىككىدە تۇرۇشى بىلەن چاي ئىچىدۇ، تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدۇرىدۇ! ھەيرانىمەن، قوسىغى يېرىلىپمۇ كەتمەيدىكەن شۇ بۇزۇقنىڭ!

ـــ سەن بولساڭ توڭلاپ ئۇزەڭگە سىل يۇقتۇرۇۋالىسەن.

ـــ بۇنىسىنى راست ئېيتتىڭىز، ھازىرمۇ يوتىلىپ قالدىم.

ـــ ئايال ئىگەم ـــ پاھشە خوتۇن. مەن بازاردىن قايتقىچە ئۆي مېھمانغا تولۇپ كېتىدۇ، ھەممىسى غەرق مەس. ئۇلار ئىشكتىن كىرىشى بىلەنلا تۇخۇم، قارا بولكا، ھاراق بۇيرۇتىدۇ.

ـــ ئۇلار ئىنگلىزلارنىڭ پۇلىغا ئىچىشىدۇ ـ دە، ـــ دېدى بىرسى ناھايىتى ئىشەنچلىك بىلەن.

ـــ نىمە دەۋاتىسىز؟

ـــ ھەممە نەرسە سېتىلىغان، سوزۇمگە ئىشىنىۋېرىڭلار، سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ، ھېچ نەرسىدىن خەۋىرىڭلار يوق، ئەمما سىلەرنى ئەللىك يىللىق سېتىۋەتكەن، ئارمىيىمۇ سېتىۋېتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

— تووا!

بايىقى خىرىلداق تاۋۇش يەنە دېدى:

— جانابى قاراۋۇل، هوي جانابى قاراۋۇل!

— ھە، نېمە بولدى؟

— بۈگۈن تۈز سېتىلامدۇ؟

— سېتىلمىسا كېرەك.

— ئاپلا، لەنتىلەرەي!

— بەش كۈندىن بېرى تۈز يوق!

— خەقنىڭ قېنىنى شوراپ يېتىشىپتۇ، بەتبەخلەر!

— بولدىلا ئەمدى، خوتۇنلار، قايناۋەرسەڭلەر، كېكىرتەكلىرىڭلار شامالداپ قالىدۇ، — دېدى قاراۋۇل يوغان ئاۋاز بىلەن.

تېلىپگىن ئۆتۈپ كەتتى. غەزەپلەنگەن ئاۋازلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى يىراقتا قالدى، ئۇ توپ-تۈز، كىشى يوق ۋە قىش قاراڭغۇسىغا چۆمگەن كوچىدا مېڭىپ كېتىۋەردى.

ئىۋان ئىلئىچ دەريا بويىغا يېتىپ بېرىپ، كۆۋرۈك تەرەپكە بۇرۇلدى، پەلتوسىنىڭ ئېتىگىنى شامال ئۇچۇرغاندا، قانداق قىلىپ بولمىسۇن هارۋا تېپىش كېرەك ئىدى دەپ ئويلىدى، ئەمما شۇ زامان ئۇنتۇدى. يىراقتا، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە خىرە يانغان چىراقلار كۆرۈندى. مۇز ئۈستىدە پىيادىلەر مېڭىپ پەيدا قىلغان يالغۇز ئاياق يول كۆرۈنەتتى. قارامتۇل، كەڭ نېۋا دەرياسى ئۈستىدە مۇزدەك شامال قارنى پىقىرىتىپ ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى، تىرامۋاي سىملىرىنى غىڭىلدىتاتتى، كۆۋرۈكنىڭ چويۇن پەنجىرىلىرىدىن ھۇشتەك چېلىپ ئۆتەتتى.

ئىۋان ئىلئىچ گايى-گايىدا توختاپ، مۇدھىش قاراڭغۇلۇققا

قارايتتى. كېيىنكى كۆنلەردە تولا ئويلايدىغان نەرسىلىرى توغرىسىدا — داشا توغرىسىدا، ئۆزى توغرىسىدا، ۋاگوندا كېلىۋاتقاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى بەختكە تولغان چېغى توغرىسىدا ئويلاپ يەنە ئۆز يولىغا كېتىۋېرەتتى.

پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇ، قالايمىقان، زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەختىگە دۈشمەن ئىدى. مەن تىرىكمەن، بەختلىكمەن، مېنىڭ هاياتىم پارلاق، گۈزەل هايات بولىدۇ دېيىشكە هەر قېتىم غەيرەت قىلىش كېرەك ئىدى. ۋاگون دەرىزىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئوت ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ كېلىۋاتقاندا بۇنى ئېيتىش ئاسان ئىدى، هازىر بولسا دۇكان يېنىدا سوغاقتا توڭلاپ ئوچىرەتتە تۇرۇۋاتقانلاردىن، دېكابىرنىڭ هۇۋۇلداپ ئۇچقۇچى شۇم شامىلىدىن، هەممىنىڭ بېشىغا چۈشكەن زىيان ۋە ئومۇمى هالاكەتتىن ئۆزىنى خالى سېزىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك ئىدى.

ئىۋان ئىلىئىچ بىر نەرسىگە قاتتىق ئىشىنەتتى: داشاغا بولغان مۇهەببىتى، داشانىڭ لەتاپىتى، داشانىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشىدىن كەلگەن بەخت — ياخشىلىق مانا شۇلاردا ئىدى. تۇرمۇشنىڭ راهەتلىك ۋە كونا قەسىرىسى، بىزە تار بولسىمۇ، يەنىلا شاتلىققا تولغان قەسىرىسى ئۇرۇش زەربىلىرىدىن لەرزىگە كېلىپ، قاراسلاپ كەتتى، تۈۋرۈكلىرى ئىغاڭلاشقا باشلىدى، گۈمبىزى يېرىلىپ، داڭگال-تاشلىرى چۈشۈپ كەتتى، قەسىرە قاراس-قۇرۇس قىلىپ ۋەيران بولۇۋاتقان بىر چاغدا ئىككى كىشى — ئىۋان ئىلىئىچ بىلەن داشا مۇهەببەت ئوتىدا كويۇپ، پۈتۈن نەرسىنى نەزەردىن خالى قىلىپ، بەختلىك بولۇشقا ئىنتىلەتتى. بۇ توغرىمىدى؟

ئىۋان ئىلىئىچ مۇدهىش كېچە قاراڭغۇسىدا، پىلىلدىغان چىراقلارغا

قاراپ، شۇم شامالنىڭ ھۇۋۇلداپ ئۇچۇشىنى تىڭلاپ كېتىۋېتىپ، ئويلايتتى: ”ھەممىدىن ئۇلۇغ نەرسىنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى ئىسمىغا ئۇزەمدىن يوشۇراي؟ ماڭا ھەممىدىن كۆرە شۇ بەخت كېرەك. نۇۋەتتە ئۇچىرەتتە تۇرۇشنى يوق قىلالايمەنمۇ؟ ئاچ قالغۇچىلارنى تويغۇزۇپ، ئۇرۇشنى توختىتىش قولۇمدىن كېلەمدۇ؟ — ياق. ئەگەردە قولۇمدىن كەلمەيدىكەن، ئۇزەممۇ بۇ مۇدھىش قاراڭغۇلۇقتا يوق بولۇپ، بەختتىن ۋازكېچىشىم كېرەكمۇ؟ ياق كېرەك ئەمەس، ئەمما مەن بەختلىك بولالايمەنمۇ؟ بەختلىك بولىمەنمۇ؟...“

ئۇۋان ئىلىچ كوۋرۇكتىن ئۆتۈپ، قىرغاق بويىلاپ يول تونۇماي قار كېچىپ باراتتى. بۇ تەرەپتە ئىگىز تۇۋرۇكلەرگە ئېسىلغان ئېلېكتىر چىراقلىرى ياناتتى، توڭلاپ كەتكەن كوچىلاردا قار ئۇچقۇنلىرى شىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، قىشلىق سارايىنىڭ دەرىزىلىرى قاپ-قاراڭغۇ ئىدى، يول-يول قىلىپ بويالغان قاراۋۇلخانا يېنىدا، قار دۆۋىلىرى ئۈستىدە جۇۋا كىيگەن ئىگىز قاراۋۇل مىلتىغىنى كوكرىگىگە بېسىپ تۇراتتى.

ئۇۋان ئىلىچ شۇ يەردىن ئۆتۈۋېتىپ، بىردىنلا توختىدى، ساراي دەرىزىلىرىگە بىر پەس قاراپ تۇردى-دە، يەنە ئىلدام يۈرۈپ كەتتى؛ ئۇ شامالغا قارشى كېتىپ باراتتى، كېيىن شامال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ كەتتى، ئۇ بارلىق ئالەمگە ئەڭ ئاددى ھەقىقەتنى ئېيتسام ھەممە ماڭا ئىشىنەتتى، دەپ ئويلايتتى. ئۇ مۇنداق دىمەكچى بولاتتى: ”ئۇزەڭلەر كورۇپ تۇرۇپسىلەر، بۇنداق ياشىغان بىلەن بولمايدۇ! دولەتلەر دۈشمەنلىك، نەپرەت نېگىزىگە قۇرۇلغان، چېگرىلارمۇ دۈشمەنلىك ئاساسىغا ئايرىلغان، ھەر بىردىمىزنىڭ تۇرغان-پۈتكىنىمىز — نەپرەت، ھەر بىرەيلەن زەمبىرەكلەرنى

ھەر ياقتا توغرىلىغان قەلئەمىز. تۇرمۇش — تار، تۇرمۇش — دەھ-
شەتلىك. پۈتۈن ئالەم نەپرەت تۇيغۇسىغا چومگەن، ئىنسانلار بىر
بىرىنى قىرماقتا، دەريا-دەريا قانلار ئاقماقتا. بۇ ئازمۇ سىلەرگە؟
ھازىرغىچە كوزۇڭلەر ئېچىلمىدىمۇ؟ سىلەر ھەر بىر ئۆيدە ئادەملەر
بىر بىرىنى قىرسۇن دەمسىلەر؟ ئەقلىڭلارنى يىغىڭلار، قورالنى
تاشلاڭلار، چېگرىلارنى يوق قىلىڭلار، ھاياتنىڭ ئىشىك ۋە دەرىزى-
لىرىنى ئېچىپ تاشلاڭلار!... يەر بايلىقلىرى ھىساپسىز كوپ، جاي
ھەممىگە يېتىدۇ...قاچانغىچە كونا ئەسىر قاراڭغۇلىغىدا ياشاپ كېلد-
ۋاتقانلىغىڭلارنى كورمەيسىلەر؟..."

شەھەرنىڭ بۇ تەرىپىدىمۇ هارۋا يوق. ئۇۋان ئىلىئىچ يەنە نېۋا
دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پېتېربۇرگ شەھەر رايونىنىڭ تار ۋە قىڭغىر-
قىيشىق كوچىلىرىدا مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئۆي ئۆيلاپ، ئۆزى بىلەن
ئۆزى سوزلىشىپ كېتىۋېتىپ يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، ئاللىقانداق
قاراڭغۇ ۋە كىشى يوق كوچىلاردا مېڭىپ، قانداقتۇر قانال بويىدىن
چىقىپ قالدى. ئۇۋان ئىلىئىچ تازىمۇ ماڭدىم-دە، دەپ توختاپ
دېمىنى ئالدى ۋە كۈلۈۋەتتى-دە، سائىتىگە قارىدى: سائەت بەش
بوپتۇ. نېرىقى دوقمۇشتىن چىرىغى ئوچۇرۇلگەن، يوغان، ئۈستى
ئوچۇق ئاپتوموبىل قارنى غاچىلدىتىپ چىقتى. پەلتوسىنىڭ تۈگمىلىرى
تۈگمىلەنمىگەن ئەپتىسەر رول باشقۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساقىلى
قىرىلىغان، ئۇزۇنچاق يۈزى ئاپپاق ئاقارغان، كوزلىرى خۇددى
مەس ئادەمنىڭ كوزلىرىگە ئوخشاش ئەينەكتەك قېتىپ قالغان ئىدى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدا پەلتوسى يەلكىسىگە ئېغىپ چۈشكەن، چىغ بىلەن
باغلانغان ئۇزۇن بىر نەرسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتقان، يۈزى
كورۈنمەيدىغان بىر ئەپتىسەر ئولتۇراتتى. ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى بىر كىشى ئاددى كىيىم كىيگەن بولۇپ، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، رول باشقۇرغۇ-چىنىڭ يەلكىسىنى تۇتتى. ئاپتوموبىل كۆۋرۈككە يېقىن كېلىپ توختىدى. ئۇۋان ئىلئىچ ئۈچ كىشىنىڭ ئاپتوموبىلدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بورا بىلەن باغلانغان نەرسىنى ماشىنىدىن چۈشۈرگەنلىكىنى، ئۇنى قار ئۈستىدە بىرنەچچە قەدەم نېرىسىغىچە سۆرەپ بارغانلىقىنى، كېيىن ئۇنى يەردىن ئاران كۆتىرىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە پەنجىرە ئۈستىدىن كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە تاشلىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئەپتىسەرلەر ماشىنىغا دەررۇ قايتىپ كېلىشتى، ئۈچىنچى كىشى كۆۋرۈكتىن پەسكە قاراپ يەنە بىرمۇنچە ۋاقىت تۇردى-دە، كېيىن ياقىسىنى چۈشۈردى-دە، ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئاپتوموبىل غۇيۇلداپ يۈرۈپ، كۆزدىن غايىپ بولدى.

شۇ چاقىچە دېمىنى ئىچىپ تۇرغان ئۇۋان ئىلئىچ:

"بۇ، قانداق يىرگىنىشلىك ئىش!" دېدى-دە، كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا باردى، پەنجىرىدىن ئېگىشىپ ھەرقانچە قارايمۇ ھېچ نەرسە كۆرەلمىدى، پەقەت تۈۋرۈبىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان سېسىق ۋە ئىللىق سۇنىڭ بۇلدۇقلىشىلا ئاڭلىناتتى.

"بۇ، قانداق يىرگىنىشلىك ئىش!" دېدى يەنە ئۇۋان ئىلئىچ بۇرنىنى قىشايتۇرۇپ. كېيىن قانالنى بويلاپ ئادەم ئوتمەيدىغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بۇرجەككە بېرىپ، ئاخىر چانا تاپتى — مۈك-چىيىپ قالغان قېرى چانىچى مۈزلاپ ئولتۇرغان ئىدى؛ ئۇۋان ئىلئىچ بىر ئات قوشۇلغان چانىغا چۈشۈپ، شىنېلدەك قېتىپ كەتكەن ئەدىيالنى ئايىغىغا يېپىپ، كۆزىنى يۇمغان ئىدى، پۈتۈن تېنى ھارغىن-

لىقتىن جىمىرلىشىپ كەتتى. ”مەن مۇھەببەت ئوتىدا كويمەكتىمەن، ئىش ئەنە شۇنداق“ دەپ ئويلىدى ئۇ، ”مەقسىدىم مۇھەببەتلا بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى توغرا بولىدۇ.“

# 34

ئۈچ كىشى كۆۋرۈكتىن سۇغا تاشلىغان نەرسە راسپۇتىنىنىڭ بورىغا ئورالغان جەسىدى ئىدى. ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى ئۇزۇن ئومۇر كورگەن ۋە ناھايىتى كۈچلۈك بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىنوغا كالىي سىانىست قوشۇپ ئۇنىڭغا ئىچكۈزگەن، كېيىن مىلتىق بىلەن ئۇنىڭ كوكرەك، ئومۇرتقا ۋە ئارقا مېڭىسىگە ئۇرغان، ئاخىردا تومۇر بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ يېرىپ تاشلىغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۆلۈكى تېپىلدى، دوختۇر تەكشۈرۈپ كورۈش ئارقىلىق، راسپۇتىنىنىڭ پەقەت مۇز تېگىگە چۈشۈپ سۇغا چوككەندىن كېيىنلا جان ئۈزگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

راسپۇتىنىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئىككى ئايدىن كېيىن باشلانغان ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدەك كۆرۈنەتتى. راسپۇتىن: ئەگەر مەن ئۆلسەم تەخت ئاغدۇرۇلىدۇ، رومانوۋلار خاندانلىقى① يوقىلىدۇ دەپلا يۈرەتتى. بەلكى، بۇ ۋەھشى ۋە دەھشەت ئادەم،

① يەنى رۇس خان جەمەتى. 1612 ـ يىلى مىخائىل تەختكە چىققاندىن تارتىپ تىكلەنگەن، 1917 ـ يىل ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىگىسىنىڭ ئۆلۈشىنى سېزىپ ھۇۋلىغان ئىتتەك، پالاكەت يېتىشنى ئالدىدىن سەزگەندۇر، ناھايىتى ياۋۇز بۇ ئەبلەخ ــ تەختنىڭ ئاخىرقى ھامىيچىسى، دىخان، ئوغرى ۋە رەھىمسىز يالماۋۇز ناھايىتى قىينىلىپ ئۆلدى.

ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خان سارىيىنى قايغۇ باستى، ئەمما پۈتۈن روسىيىدە خوشال-خوراملىق باشلاندى، ئادەملەر بىر بىرىنى تەبرىكلەشتى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ مىنىسكىتىن كاتەگە يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: "شۇ كۈنى كېچىسى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، باش سىلىكبۇدىكى ئەپتىسەرلەر سەككىز ساندۇق شامپان ھارىغى بۇيرۇتۇپ تەنتەنە قىلىشتى. پۈتۈن فورونتتىكى ھەممە ئەسكەر 'ئۇررا' دەپ توۋلاشماقتا..."

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن روسىيىدە بۇ ھادىسە ــ قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ئۇنتۇلدى، ئەمما سارايدىكىلەر بۇنى ئۇنتۇمىغان ئىدى؛ ئۇ يەردىكىلەر راسپۇتىن ئېيتقان سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ئىنقىلاپقا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ئۇمتىسىزلىك بىلەن قىلىشماقتا ئىدى. پېتېربۇرگ مەخپى يوسۇندا رايونلارغا بۆلۈۋېتىلگەن، ئۇلۇغ كىنەز سېرگى مىخايلوۋىچتىن پىلىموت بېرىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى؛ ئۇلۇغ كىنەز پىلىموت بەرمىگەندىن كېيىن، ئارخانگېلىسكىتىن توت يۈز يىگىرمە دانە پىلىموت كەلتۈرۈلۈپ، چېدىرلارغا، كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا ئورنىتىلغان ئىدى. مەتبۇئات قاتتىق چەكلەندى، شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتلەرنىڭ بېتى تولاراق ئاق چىقاتتى. خانىش ئېرىدىن ئىرادىلىك بولۇشنى، قاتتىق تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازاتتى. بىراق، پادىشا موگىلىيوۋدا ئۆزىگە سادىق بولغان ئەسكەرلەرنىڭ يېنىدا ــ ئۇلارنىڭ سادىق ئىكەنلىكىگە ئۇ شۈبھە قىلمايتتى ــ

ئىرەك قىلىماي تۇراتتى. ئۇ پېتېربۇرگ كوچىلىرىدا ئۇچىرەتتە تۇرغان خوتۇنلارنىڭ نالە-پەرياتلىرى ئۈچ دولەت ئارمىيىسىنىڭ رۇس فرونتىغا بېسىپ كېلىۋاتقىنىدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس دەپ ھىساپلايتتى. ئەملىيەتتە شۇ چاغدا، موگىلىيوۋدا ئالى باش قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ سەنمۇجاڭى ئالېكسېيېۋ جىياڭجۈن پادىشادىن مەخپى يوسۇندا خانىشنى قاماقتا ئېلىش، سارايدىكى نېمىسپەرەسلەرنى يوقىتىش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى.

يانۋاردا، باھار ئۇرۇشىدا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن، شىمالى فرونتتا ھۇجۇم باشلىۋېتىلدى. جەڭ رىگا شەھىرىنىڭ يېنىدا قەھرىتان قىش كېچىلىرىنىڭ بىرىدە باشلاندى. توپ-زەمبىرەك ئېتىلىشى بىلەن تەڭ، قار-بوران كوتىرىلدى. ئەسكەرلەر بوراندا ۋە بوراندىنمۇ بەتتەر ۋىژىلداپ ئۇچۇپ، گۈرۈلدەپ پارتلاۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى ئاستىدا چوڭقۇر قار كېچىپ باراتتى. شامال ھۇجۇمغا ئوتكەن قىسىملارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاسمانغا كوتىرىلگەن ئونلاپ ئايروپىلاننى يەرگە پەسلىتەتتى، ئايروپىلانلار بولسا كېچە قاراڭغۇسىدا ھېچكىمنى ئاجرىتالماي، ئوز ئەسكەرلىرىنىمۇ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىمۇ پىلىموت ئوقىغا تۇتاتتى. روسىيە ئوزىنى قىسىۋالغان تومۇر ھالقىنى يېرىپ ئوتۇشكە ئاخىرقى مەرتىۋە ئۇرۇناتتى: ئاق كېپەنىگە ئورالغان، قۇتۇپ بورىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان رۇس دېھقانلىرى دۇنيانىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن ئىمپېرىيە ئۈچۈن، بىر ۋاقىتلاردا رۇس يېرىنى بىرلەشتۈرگەن ۋە دۇنياغا ۋايىم سالغان، ھازىرقى ۋاقىتتا كېرەكسىز بولۇپ قالغان، تارىخىي مەنىسىزلىك ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى دەرت بولۇپ قالغان مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئاخىرقى مەرتىۋە

www.uyghurkitap.com

جان ئاچچىغىدا ئۇرۇشۇۋاتقان ئىدى.

دەھشەتلىك جەڭ ئون كۈن داۋام قىلدى، ئون مىڭلاپ كىشىنىڭ ئۆلۈگى قار تېگىدە قالدى. ھۇجۇم توسىلىپ، توختىدى. شۇنداق قىلىپ، فرونت يەنە قار ئاستىدا قالدى.

# 35

ئىۋان ئىلىئىچ روژدېستۋو بايرىمىدا موسكۋاغا بارماقچى بولغان ئىدى، بىراق زاۋۇت ئۇنى شۆېتسىيىگە ئەۋەتتى، ئۇ يەردىن فېۋرالدا قايتتى؛ ئۇ قايتىپ كېلىپلا ئۈچ ھەپتىلىك رۇخسەت ئېلىپ، يىگىرمە ئالتىنچى فېۋرالدا يولغا چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا داشاغا تېلېگرامما بەردى.

ئۇنىڭغا موسكۋاغا كېتىشتىن ئىلگىرى سېختا بىر ھەپتىگىچە نۆۋەتچىلىك قىلىشقا توغرا كەلدى. ئىۋان ئىلىئىچ بۇ يەردە بولمىغان چاغدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى؛ زاۋۇت مەمۇرىيىتى ناھايىتى خۇش مۇئامىلە ۋە غەمخورلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، بۇرۇن زادى بۇنداق ئەمەس ئىدى؛ ئىشچىلارنىڭ بولسا غەزىۋى شۇنچىلىك كۈچىيىپ كەتكەن ئىدىكى، بىرەر كىشى قولىدىكى ئەسۋاۋىنى يەرگە تاشلاپ: "تاشلا ئىشنى، كوچىغا نامايىشقا چىق!" دەيدىغاندەك ئىدى.

ئىشچىلارنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرگەن نەرسە دولەت دۇماسىنىڭ دوكلادى ئىدى، شۇ كۈنلەردە ئۇ يەردە ئوزۇق-تۈلۈك مەسىلىسى

مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. بۇ دوكلاتلاردىن شۇ نەرسە روشەن ئىدىكى، هوكۇمەت ئۆز هورمىتىنى ۋە ئابرويىنى ئاران ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاخىرقى كۈچىنى دۈشمەن هۇجۇمىنى قايتۇرۇشقا سەرپ قىلماقتا ئىدى، پادىشا مىنىستىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پالۋانلىق قىياپىتىدىن چۈشۈپ، ئەمدى ئادەتتىكى كىشىلەردەك بولۇپ قالغان، ھەقىقەت مىنىستىرلار سوزىدە ياكى دۇمادا ئېيتىلىۋاتقان سوزلەردە ئەمەس، چىن ھەقىقەت ھەممىنىڭ ئاغزىدا: ئاچلىق ۋە ۋەيرانىلىق نەتىجىسىدە يېقىن ئارىدا ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپنىڭ ھالاك بولۇشى توغرىسىدىكى ئاۋازلار ۋە شاۋ-شۇۋلاردا ئىدى.

ئىۋان ئىلىئىچ ئاخىرقى قېتىم نوۋەتچىلىك قىلغان چاغدا خۇسۇسەن ئىشچىلارنى قاتتىق تەشۋىش بېسىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئىشچىلار بىر دەمدىلا ئىش تاشلايتتى، ئۇلار قانداقتۇر يېڭى خەۋەر كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك، پات-پات يىغىلىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئىشچىلار نىمىنى مەسلىھەتلىشىپ يۈرىدۇ دەپ ۋاسىلى رۇبلىيوۋدىن سورىغاندا، ۋاسكا بىردىنلا ئاچچىغى كېلىپ پاختىلىق چاپىنىنى مۈرىسىگە ئارتتى-دە، ئىشكىنى تاق قىلىپ يېپىپ، سىرتتىن چىقىپ كەتتى.

— ئەبلەخ ۋاسىلىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ يۈرۈپتۇ، بىر يەردىن تاپانچا تېپىۋاپتۇ ۋە ئۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى، — دىدى ئىۋان رۇبلىيوۋ.

بىراق ۋاسىلى چاپسان قايتىپ كىردى، ئىشچىلار ئىستانوكلارنى تاشلاپ، سېخنىڭ بولۇڭىدا ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. "پېتېربۇرگ ھەربى رايونىنىڭ قوماندانى جوڭجىياڭ خابالوۋنىڭ ئۇقتۇرۇشى..." — ۋاسكا ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ، ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇشقا باشلىدى،

www.uyghurkitap.com

”بۇرۇن بولكىخانىلارغا قانچىلىك ئۇن بېرىلگەن ۋە قانچىلىك بولكا پىشۇرۇلغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنچىلىك ئۇن بېرىلىپ، شۇنچىلىك بولكا پىشۇرۇلۇۋاتىدۇ...“

— يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، يالغان! — ۋاقىردى بىرنەچچە كىشى، — ئۈچ كۈندىن بېرى بولكا بېرىلمەيۋاتىدۇ...

”بولكا بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولۇشى كېرەك...“

— ئۆزىنىڭ بۇيرۇغىنى ئۆزى بىلسە بولىدۇ-دە!

”ئەگەر بەزى دۇكانلاردا بولكا يېتىشمىسە، بۇ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ بولكا قىسلىغىدىن قورقۇپ، كوپرەك ئېلىۋېلىپ، قۇرۇتۇۋال-غانلىغىدىن بولغان...“

— كىم قۇرۇتۇپتۇ قېنى؟ شۇ قۇرۇتقان بولكىنى كورسىتىپ باق-سۇنچۇ! — ۋاقىردى بىر ئاۋاز، — شۇ قۇرۇق بولكا گېلىغا تىقىلىپ ئولسۇن!

— جىم، يولداشلار! — دېدى ۋاسكا، — يولداشلار، بىز كوچىغا چىقىشىمىز كېرەك... ئوبۇخوۋ زاۋۇدىدىن توت مىڭ ئىشچى نېۋسكى كوچىسىدا نامايىش قىلىۋاتىدۇ... ۋىبورگ رايونىدىكىلەرمۇ نامايىشقا چىقىشماقتا....

— توغرا، قېنى، بىزگە بولكىنى كورسەتسۇن!

— سىلەرگە بولكىنى كورسەتمەيدۇ، يولداشلار، شەھەردە ئۈچ كۈنلۈك ئۇن قاپتۇ، باشقا ئۇن ياكى بولكا يوق. پويىزلار ئۇرالنىڭ نېرىقى يېقىدا توختاپ يېتىپتۇ.. ئۇ تەرەپلەردە ھەممە ئامبار بۇغ-دايغا تولۇپ يېتىپتۇ... چېلەبىنسكدە ئۈچ مىليون پۇت گوش ئىستانسىدا سېسىپ يېتىپتۇ... سىبىردا ھارۋا چاقلىرى سېرىق ياغ بىلەن ياغلىنارمىش....

سېخنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىپ كەتتى. ۋاسكا بىر قولىنى كوتەردى:

—يولداشلار... ئەگەر بولىكنى ئوزىمىز ئۇرۇشۇپ ئالمايدىغان بولساق، بىزگە ھېچكىم ئوز قولى بىلەن بەرمەيدۇ... باشقا زاۋۇت ئىشچىلىرى بىلەن بىر قاتاردا، "پۈتۈن ھاكىمىيەت سوۋېتلەرگە مەنسۇپ!" دېگەن شوئار ئاستىدا كوچىغا چىقايلى...

—چىقىمىز كوچىغا!... تاشلا ئىشنى!... ئوچەر ئوتنى!...—دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى ئىشچىلار سېخ ئىچىدە يۇگۇرۇشۇپ.

ۋاسلى رۇبلىيوۋ ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ بۇرۇت-لىرى لىكىلداپ تۇراتتى.

—كەت،—دېدى ۋاسىلى رۇبلىيوۋ ئېنىق ۋە روشەن،—ساق چېغىڭدا كېتىۋال!

شۇ كۇنى كەچتە، ئىۋان ئىلئىچ ئانچە ياخشى ئۇخلىيالمىدى، كېيىن بىر نەرسىدىن چوچۇپ ئويغىنىپ كەتتى. ئەتىگەنلىك ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى: يامغۇر دەرىزىنىڭ تاشقىرىدىكى تاكچىسىغا تامچى-لايتتى... ئىۋان ئىلئىچ ئوي ئويلاپ يېتىۋەردى. ياق ئۇنىڭ خاۋا-تىرلىغى يوقالمايدۇ، تاشقىرىدا تېمىۋاتقان تامچا خۇددى ئۇنىڭ مىڭىسىنى ئويۇپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، جېنىغا تېگەتتى. ئۇ "يىگىرمە ئالتىنچى فېۋرالنى كۇتۇپ ئولتۇرماي، بەلكى ئەتىگىلا مېڭىپ كېتىش كېرەك..." دەپ ئويلىدى-دە، كوينىگىنى يېشىپ، يالىڭاچ بولۇپ ۋاننىغا كىردى، ئۇستىدىن مۇزدەك سۇ قۇيۇپ يۇيۇندى.

ئىۋان ئىلئىچنىڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشى ناھا-يىتى جىق ئىدى، ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن كوفى ئىچىپ، كوچىغا چىقتى؛ كىشىگە لىق تولغان تىراموايغا چۈشتى؛ ئۇنى بۇ يەردە بايە-قىدەك خاۋاتىرلىق باستى. تىراموايدىكىلەرنىڭ قاپىغى ئادەتتىكىدەك

سېلىق بولۇپ، بىر بىرى بىلەن سوزلەشمەيتتى، ئاياقلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنە بىرلىرىنىڭ تىگىدە بېسىلىپ قالغان چاپان ئېتەكلىرىنى زەردە بىلەن تارتىشۋالاتتى، ئاياق ئاستى چىلىق-چىلىق، يامغۇر تامچىلىرى دەرىزە ئەينەكلىرىگە كېلىپ ئۇرۇلاتتى. تىرامۋاي قوڭغۇرىغى ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىش-تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئچنىڭ ئۇدۇلىدا زەپىرەك چىراي، سېمىز بىر ئەپىتسەر ئولتۇراتتى؛ ئۇنىڭ بۇرۇتى قىرىلغان، ئاغزى كەمشەيگە-نىچە قالغان، كوزلىرى بىرەر نەرسىنى بىلگۈسى كەلگەندەك مولدۇر-لەيتتى. ئىۋان ئىلىئچ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ، ھەممە خۇددى شۇن-داق ئىكەن دەپ ئويلىدى. ھەقىقەتتە، ئادەملەر بىر بىرىگە شۇبھە بىلەن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

تىرامۋاي چوڭ كوچا بۇرجىكىگە بارغاندا توختىدى. يولۇچىلار نىمە بولدىكىن دەپ ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ قالدى، بىرنەچچە كىشى ۋاگوندىن سەكرەپ چۈشتى. تىرامۋاي ھەيدىگۈچى ئاچقۇچنى جايە-دىن ئالدى-دە، جۇۋىسىنىڭ قوينىغا تىقتى، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، ئاچچىق ئاۋاز بىلەن:

— تىرامۋاي ماڭمايدۇ، — دىدى.

كامېننو-ئوستروۋسكى كوچىسىدا ۋە چوڭ كوچىدا تىرامۋايلار قاتار بولۇپ تۇراتتى. ئادەمگە لىق تولۇپ كەتكەن ئادەم ئۆتىدىغان يوللار قاپ-قارا بولۇپ كورۇنەتتى. گايى-گايىدا دۇكانلارنىڭ تومۇر پەنجىرىلىرى تاراقلاپ ئېتىلاتتى. ئاسماندىن يامغۇر ئارىلاش قار ياغماقتا ئىدى.

بىر تىرامۋاينىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن پەلتوسىنىڭ تۈگمىلىرى يېشىل-گەن بىر كىشى پەيدا بولۇپ، قولاقچىسىنى قولىغا ئالدى-دە،

بىرنىمە دەپ ۋاقىرىدى. خالايىق ئوتتۇرىسىدا "ئو ـ ئو ـ ئو! ـــ" دىگەن ئاۋاز چىقتى. بايىقى كىشى تىرامۋايغا ئاغامچا باغلاشقا باشلىدى. كېيىن يەنە قامىتىنى توغرىلىدى ـ دە، قولاقچىسىنى قولىغا ئالدى. خالايىق يەنە ئو ـ ئو ـ ئو! دەۋەتتى. بايىقى كىشى پەسكە چۈشتى. خالايىق ئارقىسىغا سىلجىدى، شۇ چاغدا بىرنەچچە ئادەمنىڭ تىرامۋايغا باغلانغان ئاغامچىنى ھە دەپ تارتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. تىرامۋاي قىڭغىيىشقا باشلىدى، خالايىق يەنە كەينىگە سىلجىدى، باللار ھۇشقىتىشقا باشلىدى. بىراق، تىرامۋاي بىرئاز ئىغاڭلاپ تۇردى ـ دە، يەنە جايىغا ئورناشتى. چاقلارنىڭ ئىزغا گۈرسىلدەپ چۈشكەنلىگى ئاڭلاندى. خالايىق ئىچىدىن يەنە بىرنەچچە كىشى چىقىپ، ئاغامچا تارتىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، ئاغامچىنى تۇتۇپ تارتىشقا باشلىدى. تىرامۋاي يەنە قىڭغىيىشقا باشلىدى، ئۇ بىردىنلا گۈلدۈرلەپ يىقىلدى، ئەينەكلىرى جاراڭلاپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ سۇندى. ئۇنچىقماي تۇرغان خالايىق تىرامۋاينىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

ـــ تۇگەشتىغۇ! ـــ دىدى ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بايىقى زەپىرەڭ چىراي ئەمەلدار. شۇ زامان بىرنەچچە ئاۋاز ئالدى ـ كېيىن ناخشا باشلىدى:

سىلەر بولدۇڭلار شىددەتلىك جەڭ قۇربانى...

ئىۋان ئىلئىچ نېۋسكى كوچىسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، تەشۋىش ۋە خاۋاتىر باسقان كىشىلەرنى يەنە ئۇچراتتى. بىرەر كىشى يېڭى خەۋەر ئېيتسە، ئۇنى دەررۇ ئوتتۇرىغا ئالاتتى. ئوي ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىدا سەمرىپ كەتكەن قوۋۇقچىلار تۇراتتى. بەزەن ئوي خىزمەتچىلىرى ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ كوچىغا قارىشاتتى. سومكا كوتىرد-

www.uyghurkitap.com

ۋالغان، تېرە ئۇستەرلىك پەلتوسىنىڭ تۇگمىلىرى ئۇيتىلمىگەن ساقاللىق بىر جاناپ ھويلا قاراۋۇلىدىن:

— ئەزىزىم، ئاۋۇ خالايىق نېمىشقا توپلانغان؟ نېمە گەپ ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— بولكا تەلەپ قىلىپ، ئىسيان كوتىرىشكەن جاناپلىرى.

— شۇنداقمۇ!...

بىر بۇرجەكتە رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن بىر خېنىم قولىغا كىچىك ئىتىنى ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەردىن:

— ئاۋۇ قانداق خالايىق؟ نېمە دېيىشىدۇ ئۇلار؟ — دەپ سورايتتى.

— ئىنقىلاپنىڭ پۇرىغى بۇ، خېنىم، — دېدى بايىقى پەلتولۇق كىشى.

ئادەم ئۆتىدىغان يولدا يۈزدە سۇرى يوق بىر ئىشچى چاپىنىنىڭ ئىتىگىنى يەلپىتىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى.

— يولداشلار! — دېدى ئۇ بىردىن خىرىلدىغان ۋە تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — بىزنىڭ قېنىمىزنى قاچانغىچە شورىشىدۇ؟...

يۈزى دۇپ-دۇگىلەك ۋە سېمىز، بالا مىجەز ئەپتىسەر ھاۋارۋەكەشنى توختاتتى-دە، ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن تۇتۇپ، خۇددى كۈن تۇتۇلۇشنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، ھاياجانلانغۇچى خالايىققا قاراپ تۇراتتى.

— قارا، ئۇبدان كورۈۋال! — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئىشچى.

خالايىق بارغانسېرى كوپىيىپ، پۈتۈن كوچىغا لىق تولغان ئىدى ۋە ۋاڭ-چۇڭ بىلەن كوۋرۇك تەرەپكە قاراپ سىلجىپ باراتتى. ئۈچ يەردە ئاق بايراق كوتىرىلدى. ئۆتكەن-كەچكەنلەر خۇددى سۇدا

ئاقفان خەشەكتەك، بۇ خالايىق ئىقىمىغا قوشۇلۇپ ئىقىپ كېتەتتى. ئۇۋان ئىلئىچ خالايىق بىلەن بىللە كوۋرۇكتىن ئۆتتى. قار يېغىپ ئاقارتىۋەتكەن، تۇمان باسقان ۋە ئادەم ئىزلىرىدىن بۇدۇر بولۇپ كورۇنگەن مارس مەيدانىدىن بىرنەچچە ئاتلىق ئات يۇگۇرۇتۇپ ئوتتى. ئاتلىقلار خالايىقنى كوروۇپ، ئاتلىرىنى شۇ تەرەپكە بۇراشتى، ئۇلارنىڭ بىرى ـــ ساقىلى ئىككىگە ئاجرىتىپ تارالغان، يۇزى قىپ ـ قىزىل شاڭشىياۋ كۇلۇمسىرەپ قولىنى ياڭىغىغا قويدى، خالايىق ئىچىدىن ھەسرەتلىك ناخشا باشلاندى. يازلىق باغ تەرىپىدىن، يالڭاچ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن بىر ۋاقىتلاردا پادىشا پاۋىلنى① ئولتۇرگۇچىلەرنى قورقۇتۇۋەتكەن قاغىلار ئۇركۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇۋان ئىلئىچ ئالدىدا كېتىپ باراتتى؛ ھاياجانلانغانلىقىدىن تامىغى بوغۇلۇپ قالغان ئىدى. ئۇ يوتىلىپ كورسىمۇ، ھاياجانلىق يەنىلا قىستاپ كېلىۋېرەتتى. ئۇ پاۋىل قەسرىگە يېتىپ بېرىپ سولغا بۇرۇلدى ـ دە، لىتېينايا كوچىسىنى بويلاپ كەتتى.

ۋىبورگ رايونىدىن سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان خالايىقمۇ لىتېينايا كوچىسىغا قۇيۇلۇشقا باشلىدى، كوچىدىكى ھەممىلا دەرۋازا تاماشىچىلارغا تولۇپ كەتكەن ئىدى، ھەممە دەرىزىدىن ھىسسىياتلىرى ئۇرغىغان ئادەملەرنىڭ يۇزى كورۇنەتتى.

ئۇۋان ئىلئىچ بىر دەرۋازىنىڭ يېنىدا توختىدى، ئۇنىڭ يېنىدا قېرى بىر ئەمەلدار بولۇپ، يۇمشاققىنا قوۋۇزلىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى. يىراقتا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئەسكەرلەر توسۇۋېلىپ،

① پاۋىل (1754 ـــ 1801) روسسىيە پادىشاسى. پېتر III بىلەن يېكاتېرىنا II نىڭ ئوغلى. 1796 ـ يىلى پادىشا بولغان، 1801 ـ يىلى ئولتۇرۇلگەن. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ملتقلىرىغا تايىنىپ تۇرۇشاتتى.

خالايىق ئۇلارغا يېقىن بېرىۋەردى، ئەمما سىلجىشى ئاستىلىغان ئىدى، ئالدىنقىلار ئارقىغا قاراپ: "توختاڭلار، توختاڭلار!" دېيىشكە باشلىدى.

شۇ زامان مىڭلاپ ئايالنىڭ چىقىرىشى ئاڭلاندى:

— بولكا! بولكا! بولكا!...

— بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، — دېدى ئەمەلدار ۋە كوزەيىنىگىنىڭ تېگىدىن ئۇۋان ئىلتىجىقا قارىدى. شۇ چاغدا دەرۋازىدىن ئىگىز بويلۇق ئىككى قاراۋۇل چىقىپ، تاماشىچىلارنى يەلكىلىرى بىلەن ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئەمەلدارنىڭ يۈزىنى يەنە تىترەك باستى، كوزەيىنەك تاقىۋالغان بىر خېنىم: "ھەددىڭ ئەمەس، ئەخمەق!" دەپ ۋاقىرىدى. ئەمما دەرۋازا ئېتىۋېلىندى. پۈتۈن كوچا بويىچە باشقا دەرۋازىلارمۇ ئېتىپ قويۇلماقتا ئىدى.

— كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس! — ھەر تەرەپتىن ۋايىم باسقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

خالايىق ۋاقىراپ سىلجىپ بېرىۋەردى. يۈزى قىپ-قىزىل، كەڭ شلەپە كىيگەن ياش بالا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىۋالدى.

— بايراق ئالدىغا ئۆتسۇن، بايراق! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. شۇ چاغدا بويى ئىگىز، بېلى ئىنچىكە، قالپىقىنى لۈكچەكچىسىگە كىيگەن ئەپىتسەر قاتار تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ يېنىدىكى تاپانچىسىنى غىلاپىدا تۇتۇپ، ۋاقىرايتتى، ئۇنىڭ: "ئېتىشقا بۇيرۇق بېرىلگەن... قان توكۇلمىسۇن... تارقىلىڭلار!..." دېگىنى ئاڭلىناتتى.

— بولكا! بولكا! بولكا!... — خالايىق ۋاقىراپ تۇراتتى...



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالايىق ئەسكەرلەرگە قاراپ ئېتىلىپ باراتتى... كوزلىرى ئوينىغان كىشىلەر ئىۋان ئىلئىچنىڭ يېنىدىن ئالدىغا قاراپ ئوتۇشكە باشلىدى...— بولكا!... ئۇلارنى يوقىتايلى!... ئەبلەخلەر!...— بىر كىشى ئوكدىسىغا يىقىلدى ۋە قورۇق باسقان يۈزىنى يەردىن كوتىرىپ جىن تەككەندەك ۋاقىرايتتى،— كورۇشكە كوزۇم يوق! مەن ئۇلارغا نەپرەتلىنىمەن!

بىردىنلا كوچىدا خۇددى پاختا رەخت يىرتىلغاندەك تاۋۇش ئاڭلاندى، ھەممە ياقنى دەرھال جىمجىتلىق باستى. بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بوكنى تۇتقىنىچە خالايىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەمەلدار چوقۇنۇش يۈزىسىدىن قولىنى كوتەردى. مىلتىقلار ئاسمانغا قارىتىلىپ بىرلا ئېتىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىلتىق ئېتىلمىدى. ئەمما خالايىق چېكىنىشكە باشلىدى ۋە بىر قىسمى تارقىلىپ، قالغانلىرى بايراق كوتىرىپ، زنامېنسكايا مەيدانىغا قاراپ يول ئالدى. كوچىدىكى ساپ-سېرىق بولۇپ كەتكەن قار ئۇستىدە قۇلاقچىلار، كالاچلار ياتاتتى. ئىۋان ئىلئىچ نېۋسكى كوچىسىغا چىققاندا يەنە بىرتالاي خالايىقنىڭ ۋاڭ-چۇڭنى ئاڭلىدى. ئۇلار ۋاسىلىيېۋسكى ئاراللىرى تەرەپتىن كېلىپ نېۋا دەرياسىدىن ئوتۇپ كېلىۋاتقان ئۇچىنچى توپ ئىدى. ئادەم ئوتىدىغان يوللار ياسانغان خوتۇن-قىزلار، ھەربىلەر، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، چەتئەل پۇقرالىرى بىلەن لىق تولغان ئىدى، يۈزى بوۋاقلارنىڭ يۈزىگە ئوخشىغان ئىنگلىز ئەپتىسرى ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى. دۇكان دەرىزىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈزىگە ئۇپا سۇركىگەن، چاچلىرىغا قارا چىلتەك باغلىغان دۇكانچى قىزلار قاراپ تۇرۇشاتتى. كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ بارغان ئايال ۋە ئەر ئىشچىلار ئېقىمى:

— بولكا! بولكا! — دەپ ۋاقىراپ باراتتى.

چاندكەش چانىسىنى ئادەم ئۆتىدىغان يولنىڭ يېنىغا ئېپكېلىپ توختىتىپ، چانىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندا يانچە ئولتۇرۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ، قورقۇپ يۈرىگى چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئايالغا:

— ئۆزىڭىزمۇ كورۇپ تۇرۇپسىز، ئالدىغا يۇرۇشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمەن — ئۇلار بىر دانە چىۋىنىنىڭمۇ ئۇچۇپ ئوتۇپ كېتىشىگە يول قويمايۋاتىدۇ، — دىدى.

— مېڭىۋەرگىن، ئەخمەق! مېنىڭ بىلەن تاكاللىشىۋاتىسەنا!...

— ياق، ئەمدى مەن ئەخمەق ئەمەسمەن... چانامدىن چۈشۈڭ!...

ئادەم ئوتىدىغان يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەر بىر بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، باشلىرىنى سىلىپ قۇلاق سىلىشاتتى، ۋايىم بېسىپ سورىشاتتى:

— لىتېيىندا يۈزكىشى ئولۇپتىمۇ؟...

— بىكار گەپ... ئېغىراياق بىر خوتۇن بىلەن بىر بوۋايغا ئوق تېگىپ ئولۇپتۇ...

— خۇدايا، توۋا، نىمىشقا بوۋاينى ئولتۇرۇشكەندۇ؟

— ئىش بېشىدا پروتوپوپوۋ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن ۋەھشى ئادەم يوق-دە...

— جاناپلار، يېڭىلىق... ئەقىلگە توغرا كەلمەيدۇ! ئومۇمى ئىش تاشلاش باشلىنىپتۇ!

— راستمۇ؟ توكمۇ، سۇمۇ بولمامدۇ؟...

— قېنى ئەمدى، چاپسانراق بولسا ئىدى...

— يارايسىلەر، ئىشچىلار!

— ئۇنچىۋالا خوشال بولۇپ كەتمەڭلەر! — باستۇرۇپ تاشلايدۇ...
— ئوزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، سىزنىڭ بۇ تەلەتىڭىز سىزنى ئاۋالراق يانچىپ تاشلىمىسۇن يەنە...

ئۇۋان ئىلئىچ ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىدىن رەنجىپ، كىرەكلىك ئادرىسلارنى ئىزدەپ كەتتى، بىراق ھېچكىمنى ئويىدىن تاپالمىدى، ئاچچىغى كېلىپ يەنە نېۋسكى كوچىسى بىلەن كەتتى.
كوچىدا يەنە چانىلار يۈرەتتى، قاراۋۇللار قار تازىلىغىلى چىققان ئىدى، كوچىنىڭ قوشۇلغان جايلىرىدا قارا پەلتو كىيگەن مۇھىم ئادەم يەنە پەيدا بولۇپ، ھاياجانلىق باشلارنىڭ، ئاممىنىڭ چىگىش پىكىرلىرىنىڭ توپىسىدە قانۇن ۋە تەرتىپ ساقلىغۇچى ئاق تاياقىنى ئوينىتىشقا باشلىدى، كوچىنىڭ نېرىقى چېتىدىن بېرىقى چېتىگە يۈگۈرۈپ ئوتكەن يولۇچى ساقچىغا قاراپ، كوڭلىدە: "ئالدىرىما، قېرى، ۋاقىت كېلىپ قالار" دەپ ئويلايتتى. بىراق، ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، تۇۋۇرۇكتەك قېتىپ تۇرغان ۋە قولىدا تاياق تۇتقان بۇرۇتلۇق ساقچى ئەمدى ئوتمۇشنىڭ كولەڭگىسىلا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بۇگۇن ئەمەس، ئەتىگە ئۇنىڭ بۇ دوقمۇشتىن يوقىلىپ، تۇرمۇش ۋە خاتىرىدىن ئوچۇپ كېتىشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى...
— تېلېگىن، تېلېگىن! توختىساڭچۇ، پاك بولۇپ قالدىڭمۇ!...
قۇلاقچىسى گەدىنىگە چۇشۇپ قالغان، كوزلىرى دەھشەت بىلەن چاقناپ كەتكەن ئىنژېنېر سترۇكوۋ ئۇۋان ئىلئىچنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ يۈر، قاۋاقخانىغا كىرەيلى...
ئۇ تېلېگىنىنىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپ، قاۋاقخانىغا تارتىپ كىرىپ كەتتى. بۇ يەردە تاماكا ئىسىدىن كوز ئېچىشاتتى. مۇشۇك تېرىسىدىن

قىلىنغان قولاقچا ۋە جۇۋا كىيگەن ئادەملەر ۋاقىرىشىپ گەپ تالىشاتتى، ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشاتتى. سترۇكوۋ قىسىلىپ يۈرۈپ دەرىزە يېنىغا ئۆتتى-دە، ئىۋان ئىلئىچنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

پۇلنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتمەكتە! — دېدى سترۇكوۋ ئىككى قولى بىلەن ئۇستەلنىڭ چېتىنى تۇتۇپ، — قىممىتى بار بىرلەتلەرمۇ شامالغا ئۇچقاندەك ئۇچۇپ كەتمەكتە. مانا بۇ مەن ئېيتقان كۈچ!... نىملەرنى كوردۇڭ، قېنى ئېيتىپ بەرگىنا...

— لىتېيىندا ئىدىم، ئوق ئېتىلدى، ئەمما ئوقلارنىڭ ھەممىسى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىلغاندەك تۇرىدۇ...

— خوش، بۇلارغا نىمە دەيسەن ئەمدى؟

— بىلمىدىم. مېنىڭچە، ھوكۇمەت ئۆزۈق-تۈلۈك كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە جىددى ئويلىشى كېرەك.

— كېچىكتى! — ۋاقىرىدى سترۇكوۋ ئۇستەلنىڭ ئەينەك قاپلانغان ئۈستىگە ئۇرۇپ، — كېچىكتى!... ئۆزىمىزنىڭ ئۇچەي-پۇچەيلىرىمىزگىچە يەۋەتتۇققۇ... ئۇرۇش تامام، ۋەسسالام! بىزمۇ ئاز دەرت تارتمىدۇق!... بىلەمسەن، ئۇلار زاۋۇتلاردا نىمە توغرىسىدا بىلجىراۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتىنى چاقىرىش كېرەك، دەۋاتىدۇ. ئۇلار سوۋېتلەردىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەيمىز دېيىشىۋاتىدۇ!

— راستمۇ؟

— تامام دېگەن مانا شۇ-دە، دوستۇم! مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمى تۈگەپ بولدى! كوزۇڭنى ئاچ!... بۇ ئىسيانلا ئەمەس... ھەتتا ئىنقىلاپمۇ ئەمەس... بۇ — مالىماتائىنىڭ باشلىنىشى... مالىماتاڭ

دېگەن شۇ، — سترۇكوۋنىڭ پېشانىسىدىكى چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، — ئۈچ كۈندىن كېيىن، نە دۆلەت قالمايدۇ، نە قوشۇن قالمايدۇ، نە ئۆلكە باشلىقى بولمايدۇ، نە ساقچى بولمايدۇ... بىر يۈز سەكسەن مىليون پاخپاق چاچ، يۇڭ باسقان ئادەم قالىدۇ، خالاس. پاخپاق چاچ، يۇڭ باسقان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ يولۋاس، كاركىدانلارنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئويۇنچۇق. چىرىگەن ئورگانىزمنىڭ ھۈجەيلىرى — پاخپاق چاچ، يۇڭ باسقان ئادەملەر ئەنە شۇ. ناھايىتى دەھشەتلىك. بىر تامچا سۇدا بىر مىكروپ يەنە بىر مىكروپنى يەۋەتكەندەك بولدى.

— بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىۋېرىسەن - دە، — دېدى تېلېگىن، — بۇنداق گەپلەر يوق ۋە بولمايدۇ. بۇ بولۇۋاتقان ئىنقىلاپقۇ، — ناھايىتى ياخشى، خۇداغا شۈكۈر.

— ياق! سېنىڭ بۈگۈن كۆرگىنىڭ ئىنقىلاپ ئەمەس! بۇ — ماددىنىڭ يېمىرىلىشى. ئىنقىلاپ بولىدۇ — ئۇ يېتىپ كېلىدۇ... سەن ۋە مەن ئۇنى كۆرەلمەي قالىمىز.

— بەلكى، — دېدى ئىۋان ئىلئىچ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ۋاسكا رۇبلىيوۋ — ئەنە ئۇ ئىنقىلاپ... ئەمما سەن، سترۇكوۋ، ئىنقىلاپ ئەمەس سەن. ناھايىتى چۇقان كۆتىرىپ كېتىۋاتىسەن. سۆزۈڭگە ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ...

ئىۋان ئىلئىچ ئۆيىگە ئەتىگەنرەك قايتتى - دە، دەررۇ ئۇخلاپ قالدى. ئۇخلىسىمۇ بىر دەم ئۇخلىغاندۇر، ئېغىرتىن ئالدى. يېنىغا ياماپاشلىدى - دە، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئورۇندۇقتىن ئاغزى ئوچۇق تۇرغان تېرە سومكا پۇرىقى كېلەتتى. ستوكھولمدىن سېتىۋالغان بۇ

www.uyghurkitap.com

سومكا ئىچىدە داشاغا ئاتاپ ئېلىنغان ئاجايىپ ياخشى تېرە پەدىلى قۇتىسى تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ بۇ پەدەز قۇتىسىنى ناھايىتى ياخشى كورەتتى، ھەر كۈنى دىگۈدەك ئۇنى يۇمشاق قەغەز بولىغىدىن چىقىرىپ ئىچىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەتتا چەتئەل پويىزلىرىدىكى ئۇزۇن دەرىزىلىك ۋاگونلارنى، سەپەر كىيىمىنى كىيىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان داشانى تەسەۋۋۇر قىلدى؛ غەمسىز، تەشۋىشسىز ساياھەت بەلگىسى بولغان ئەنە شۇ خۇش پۇراق گۈزەل نەرسە داشانىڭ تىزىدا قويۇقلۇق تۇرىدۇ...

ئىۋان ئىلىئىچ تاشقىرىغا قارىغان پېتى ياتتى. تۇمانلىق ئاسماندا شەھەر چىراقلىرىنىڭ خىرە ئەكس نۇرى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇگۈن بولىكا! دەپ ۋاقىرىغانلارنىڭ بۇ نۇرغا قانداق نەپرەت بىلەن قاراشلىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈردى. كوڭۈلگە تەككەن، ھېچكىم ياخشى كورمەيدىغان شەھەر... دولەتنىڭ ئەقلى ۋە يۈرىكى... مانا ئەمدى ئۇ ئۇلۇم ئازاۋىدا ياتىدۇ...

ئىۋان ئىلىئىچ سائەت ئون ئىككىلەردە ئۆيىدىن چىقتى. كەچ، تۇمان باسقان كوچىلار چول بولۇپ قالغان ئىدى. گۈل دۇكىنىنىڭ ھوردالغان دەرىزىسى ئارقىسىدا بىللۇر ۋازىغا سېلىنغان ۋە سۇ تامـچىلىرى شەبنەمدەك يالتىرىغان بىر دەستە قىزىلگۈل تۇراتتى. ئىۋان ئىلىئىچ يېغىپ تۇرغان قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىن گۈلگە زوق بىلەن قارايتتى.

ئاچا يولدىن بەش ئاتلىق كازاك چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چېتىدـدىكىسى ئېتىنى بۇرىدى-دە، ئادەم ئوتىدىغان يولغا قاراپ چېپىپ كەتتى، بېشىغا بوك كىيىۋالغان ئۈچ كىشى ئاستا، ئەمما ھاياجان بىلەن سوزلەشكەچ، ئادەم ئوتىدىغان يولغا كېلىشتى. ئۇلار توختىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى خۇش چاخچاق ئاۋاز بىلەن بىر نەرسە دەپ، كازاك ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى شۇنچىلىك ئادەتتىن تاشقىرى ئىدىكى، ئىۋان ئىلىئچىنىڭ يۈرىگى جىغىدا قىلىپ كەتتى. كازاك كۇلۇۋەتتى، بېشىنى ئارقىسىغا بىر سىلكىتىپ، چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى-دە، ھەمرالىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈ-تۈپ كەتتى.

دەريا بويىغا يېقىن قالغاندا ئىۋان ئىلىئچ توپ-توپ بولۇپ ھاياجانلىنىپ تۇرغان ئاممىنى ئۇچراتتى، تۇنۇگۈنكى ۋەقەلەردىن كېيىن، ئۇلار ھامان ئارام تاپالمىغان بولسا كېرەك، ئۇلار بىر بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى، يېڭى خەۋەر ۋە مىش-مىشلار توغرىسىدا گەپ قىلىشاتتى؛ بىرتالاي ئادەم نېۋا تەرەپكە سىلجىپ كېتىپ بارغان ئىدى. دەريا بويىدا بىرنەچچە مىڭ كىشى خۇددى چۈمۈل-دەك ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا كېزىپ يۈرەتتى. كوۋرۈك بېشىدا بىر توپ ۋاقىرىغاق كوۋرۈكنى توساپ تۇرغان ۋە نېرىقى بېشىغىچە تىزىلغان ئەسكەرلەرگە قاراپ ۋاقىرايتتى:

— سىلەر نېمىشقا كوۋرۈكنى توساپ تۇرىسىلەر؟ يول بېرىڭلار بىزگە!

— پۇقرالارغا مۇشۇنداق زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشمۇ ئورۇنلۇق بولامدىكەن؟...

— كوۋرۈك سىلەرگە ئەمەس، ئادەملەرنىڭ مېڭىشىغا سېلىنغان!...

— سىلەر رۇسقۇ؟... بىزگە يول بېرىڭلار!

گېۋورگى ئوردېنىدىن تۇتنى تاقىغان، ئېگىز بويلۇق تۇۋەن دەرد-جىلىك بىر ئەپىتسەر دېۋىتكۇچىلىرىنى جاراڭلىتىپ، كوۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدىن-بۇ بېشىغا يۈرۈپ تۇراتتى. خالايىق ئىچىدىن بىرى ئۇنى

تىللىغان ئىدى، ئۇ قاپىغى سىلىق، چوقۇر ۋە سىرىق يۇزىسىنى ۋاقىتا رىغانلارغا ئۇرۇپ، مۇنداق دىدى:

— ئىبخ، ئۇزەڭلەر تۇپ-تۇزۇك جانابى كىشىلەرۇ، ئاغزىڭلاردىن چىقىۋاتقان گىپىڭلارنى! — ئۇنىڭ بۇرالغان بۇرۇتى تىترىدى، — كوۋرۇكتىن ئادەم ئۇتكۇزەلمەيمەن... بوي سۇنمىغۇچىلار بولىدىكەن، ئوق ئىتىشقا مەجبۇرمەن...

— ئەسكەرلەر ئوق چىقارمايدۇ! — ئاما يەنە ۋاقىراشتى.

— كىم سىنى بۇ يەردە تۇرغۇزغان، ئىتتەك بىر نىمىكەنسەن!...

تووەن دەرىجىلىك ئەپىتسەر يەنە ئۇلارغا قاراپ گەپ قىلغىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ قالغان، ئاۋازى ھەربىلەرگە خاس ئاۋاز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ قانداقتۇر خاۋاتىرلىق ئاڭلىناتتى. ۋاقىر-غاقلار بۇنى سىزەتتى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئاشۇرۇپ ۋاقىراپ، ئەسكەر-لەرنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ بىرىۋىرەتتى.

ئۇزۇن بوينىنى شارپا بىلەن ئورىغان، كوزەينىگىنى قىيىشىق تاقىغان، ئورۇق ۋە ئىگىز بويلۇق بىر كىشى بىردىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— قاتناش ئۇزۇلۇپ قالدى، قەيەرگىلا قارىساڭ مۇداپىە ئىستىھ-كاھى، كوۋرۇكمۇ توساپ قويۇلغان، مانا بۇ ئادەمنى خارلاش ئەمەسمۇ؟ — دىيىشكە باشلىدى، — شەھەردە خالىغىنىمىزچە بىرىش-كىلىش قىلالمايمىزمۇ؟ پۇقرالار، ئەسكەرلەرگە پەرۋا قىلماي، نىرىقى ياقتىكى مۇزدىن ئۇتۇشنى تەكلىپ قىلىمەن...

— نوغرا! مۇزدىن ئوتەيلى!...ئۇررا!... — شۇ زامان بىرنەچچە كىشى دەرياغا چۈشىدىغان ۋە قار باسقان گىرانىت پەلەمپەيگە قاراپ يۇگۇردى. بويىنىدىكى شارپىسى شامالدا ئۇچۇپ تۇرغان بايىقى ئىگىز

بويلۇق كىشى كوۋرۇككە يېقىن يەردىن مۇزنىڭ ئۈستى بىلەن دادىل يۈرۈپ كەتتى. ئەسكەرلەر كوۋرۇكتىن بېشىنى چىقىرىپ:

—هوي! قايتىقىن! بولمىسا ئاتىمىز... قايت، ئۇزۇنتۇرا ئۆلگۈر!...— دەپ ۋاقىرىدى.

بىراق ئۇ كىشى ئارقىغا قاراپمۇ قويماي، زور قەدەملەر بىلەن چامداپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن كىشىمۇ ئەگىشىشكە باشلىدى. ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن مۇز ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈپ، قار ئۈستىنى قارايتۇرۇپ، نېرىقى تەرەپكە قاراپ كېتىشەتتى. ئەسكەرلەر كوۋرۇكتە تۇرۇپ ۋاقىرىشاتتى، پەستە كېتىۋاتقانلارمۇ قوللىرىنى كاناي قىلىپ ۋاقىرىشاتتى-دە، يولنى يەنە داۋام قىلدۇرۇۋېرەتتى. ئەسكەرلەردىن بىرى مىلتىقىنى قولىغا ئالغان ئىدى، يەنە بىرى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تارتتى، ھېلىقى ئەسكەر ئاتمىدى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئادەملەر كوچىغا ھېچقانداق پىلانسىز چىققان ئىكەن، ئەمما ئۇلار كوۋرۇك بېشىدىكى ۋە توت كوچىدىكى مۇداپىيە ئىستىھكاملىرىنى كورۇپ، خۇددى رۇخسەت قىلىنمىغان نەرسىنى قىلىشقا قىزىققان: كوۋرۇكتىن ئۆتۈپلا توپ-توپ بولۇپ ئۇيۇشقان ئىكەن. ئادەملەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ تۇرغان خىيالى ئەمدىلىكتە تېخىمۇ يۇقۇرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. شەھەردە بۇ تەرتىپسىزلىكلەرگە بىرەر كىشى باشچىلىق قىلارمىش، دېگەن گەپ تارقالدى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن پاۋلوۋ قىسمىلىرى نېۋسكى كوچىسىغا كېلىپ، ئاممىغا ۋە يولۇچىلارغا قارىتىپ ئاندا-ساندا ئوق ئاتقىلى تۇردى. ئامما ئىنقىلاپنىڭ باشلانغانلىقىنى پەملەپ يەتتى.

ئەمما ئىنقىلاپنىڭ ئۇچىغىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا كىم باشچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، بۇنى قوشۇن قومان-

دانىمۇ، ساقچىمۇ، ئۇنىڭدىن قالسا مۇستەبىت ۋە پادىشانىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى پروتوپوپوۋمۇ بىلمەيتتى. پروتوپوپوۋ بۇرۇن سىمبىرسكتا رەخت سودىگىرى بولۇۋاتقان چاغلاردا، نائۇموۋ دېگەن بىر پومېششىك سىمبىرسكتىكى تروئىتسا مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭ بېشىنى ئىشىككە ئۇرۇپ يېرىۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى باش ئاغرىقى ۋە نېرۋا ئاجىزلىقىغا، كېيىنرەك بولسا، ئۇنىڭغا روسىيە ئىمپېرىيىسىنى باشقۇرۇش تاپشۇرۇلغاندا ۋايىم ۋە ساراسىمىلىككە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئىنقىلاپ ئۇچىغى ھەممە يەر، ھەر بىر ئۆيدە ئىدى، خىياللىرى نەپرەت ۋە نارازىلىق بىلەن تولغان ھەر بىر كىشىنىڭ مېڭىسىدە ئىدى. ئىنقىلاپ ئۇچىغىنى ئىزدەپ تاپالماسلىق مۇدھىش كورۇنەتتى. ساقچى قۇرۇق كولەڭگىنىلا تۇتماقتا ئىدى. ئەسلىدە بولسا پېتروگراتتا ياشىغۇچى ئىككى مىليون توت يۈز مىڭ ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قاماش كېرەك ئىدى.

• ئىۋان ئىلئىچ ئەتىدىن-كەچكىچە كوچىدا يۈردى — ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش، بېشى گاڭگىراپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ شەھەردە ھاياجاننىڭ ئەۋج ئېلىپ بېرىشىنى، ئەقلىدىن ئازغىنچە دىگۇدەك بېرىپ يەتكەنلىكىنى كورۇپ تۇراتتى — ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ بېشى ئايلىنىپ، ھەممىنىڭ كوزىنى قارغۇ قىلىدىغان، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ بىر زۇگۇلا قىلىدىغان بىرەر ئالامەت، بىرەر چاقماقنى كۇتۇپ، ھاياجان ئىچىدە كوچىمۇ-كوچا كېزىپ يۈرەتتى.

نېۋسكىدىن چىققان ئوق ھېچكىمنى چوچۇتەلمىدى. ئادەملەر ۋلادىمىرسكايا كوچىسىنىڭ بۇرجىكىدە ياتقان ئىككى كىشىنىڭ جەسىدى — چىت يۇپكىلىق خوتۇن كىشى بىلەن جۇۋا كىيگەن بوۋاي ئولۇگىنىڭ يېنىغا ۋەھشىلەرچە تاشلىناتتى... مىلتىق يەنە چاپسان

ئېتىلىشقا باشلىغاندا ئادەملەر يەنە تارقىلىشىپ، تامىنى پانا قىلىپ كېتىشەتتى.

گۈگۈم چۈشكەندە، مىلتىق ئېتىش بېسىلدى. مۇزدەك شامال چىقىپ بۇلۇتلارنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، ھاۋا ئېچىلدى، دېڭىزنىڭ نېرىقى تەرىپىدە قات-قات بولۇپ تۇرغان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن سەل-پەل كورۇنۇپ تۇرغان قۇياش قىپ-قىزىل بولۇپ پاتتى، شەھەرنىڭ توپىسىدە، ئاسماننىڭ كومۇردەك قاپ-قارا كورۇنگەن جايىدا ئوغاقتەك ئاي كورۇندى.

شۇ كېچىسى كوچا چىراقلىرى يېقىلمىدى. دەرىزىلەر قاراڭغۇ، ئىشىكلەر ئېتىكلىك ئىدى، كىشىسىز نېۋسكى كوچىسىدا مىلتىقلار بىر بىرىگە يولەپ تىك تۇرغۇزۇپ قويۇلغان. توت كوچا ئېغىزلىرىدا قامەتلىك قاراۋۇللار يۇرىدۇ. گايىدا دەرىزە ئەينىكىدە، گايىدا تىراموۋاي يولىدا، گايىدا مىلتىق نەيزىلىرىدە ئاي شولىسى پارقىراپ تۇراتتى. ھەممە ياق جىم-جىت ۋە تىنچ ئىدى. ھەرقايسى ئويىدە بولسا كىشىلەر تېلېفون ئارقىلىق بۇگۇنكى ۋەقەلەر توغرىسىدا نىمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى.

25-فېۋرال كۇنى ئەتىگەنلىكى زنامېنسكايا مەيدانى ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن تولغان ئىدى. شىمالىي مېھمانخانا ئالدىدا ئىنچىكە پۇتلۇق، ئوينىقلىغان، سېرىق ئاتلارغا مىنگەن ساقچى تۇراتتى. قارا پەلتولۇق پىيادە ساقچىلار ئالېكساندر III نىڭ ھەيكىلى يېنىدا ۋە مەيداننىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە توپ-توپ بولۇشۇپ تۇراتتى. ۋوگزال ئالدىدا قالپاقلىرىنى چېكىسىگىچە كىيگەن، ئاتنىڭ ئارقىسىغا بىدە باغلىغان، ساقاللىق، خۇش مۇئامىلىلىك كازاكلار تۇراتتى. نېۋسكى تەرىپىدىن پاۋلوۋ قوشۇنىنىڭ كۇلرەڭ پەلتولۇق قىسملىرى

كورۇنەتتى.

ئۇۋان ئىلئىچ چامادانىنى كوتىرىپ ۋوگزال ئىشىگىنىڭ ئۆتكۈر جايىغا چىقىۋالدى، بۇ يەردىن قارىغاندا مەيدان ئېنىق كورۇنەتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا، قانغا ئوخشاش قىپ ـ قىزىل گىرانىت تاشقا ئورنىتىلغان ۋە ئىگىسىنىڭ ئېغىرلىغىدىن بېشىنى ئېگىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئات ئۇستىدە يەلكىلىرى ئېسىلىپ چۇشكەن، دومىلاق قالپىغىنى قار باسقان پادىشا ئولتۇراتتى. بەش كوچىدىن مەيدانغا ئېقىپ كىرىۋاتقان خالايىق شۇ ھەيكەل تېگىگە ۋاقىراش، ھۇشقىتىش ۋە ھاقارەتلەر بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدى.

تۇنۇگۇن كوۋرۇك بېشىدا بولغىنىدەك، ئەسكەرلەر، خۇسۇسەن كازاكلار ھەر تەرەپتىن قىسىپ كېلىۋاتقان خالايىقنىڭ يېنىغا جۇپ ـ جۇپ بولۇپ كېلىپ، ئۇلارنى تىللىشاتتى ۋە مەسخىرە قىلىشاتتى. قامەتلىك ۋە قاپاقلىرى سېلىنغان ساقچىلار جىم تۇرۇشاتتى، ئۇلاردىن قانداقتۇر قارارسىزلىق سېزىلەتتى. ئۇۋان ئىلئىچ بۇيرۇق بېرىلىش ئالدىدا بولىدىغان بۇ تەشۇش ۋە خاۋاتىرلىقنى ياخشى بىلەتتى، — دۇشمەن ئالدىدا تۇرۇپتۇ، نىمە قىلىش كېرەكلىگى ھەممىگە مەلۇم، ئەمما نىمىشقىدۇر بۇيرۇق بېرىلمەي، ۋاقىت ئوتىۋەردى. توساتتىن ۋوگزال ئىشىگى ئېچىلىپ، پەلەمپەيدە كالتا پەلتۇ كىيگەن، شاۋ ـ شىياۋلىق بەلگىلىرىنى تاقىغان، يۈزى ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن ژاندارما ئەپىتسىرى پەيدا بولدى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، مەيدانغا قاراپ چىقتى، ئۇنىڭ كوك كوزلىرى ئۇۋان ئىلئىچقىمۇ تىكىلەتتى... كېيىن ئۇ يېنىككىنە قەدەم تاشلاپ، كازاكلار يول ئېچىپ بەرگەن جايدىن ئوتۇپ، ئوزىگە ئىگىگىنى كوتىرىپ، ساقىلىنى لەپىلدەتكەن كازاك داۋىيىغا بىرنىمە دىيىشكە باشلىدى، داۋىي ئىگەردە قىيسىيىپ ئولتۇ-

رۇۋېلىپ، پەرۋاسىز كولۇمسىرەپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. شاڭشياۋ نېۋسكى تەرەپنى كورسەتتى-دە، مەيدان ئارقىلىق قار كېچىپ يۇرۇپ كەتتى. يوغان قوسىغىنى مەھكەم باغلىۋالغان ساقچى ئەمەلدار ئۇنىڭ يېنىغا يۇگۇرۇپ كەلدى، ساقچى ئەمەلدارنىڭ شەپكىلەمپىسى يېنىغا يېقىن كەلتۇرۇپ سالام بەرگەن قولى دىر-دىر تىترەيتتى. نېۋسكى كوچىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار بارغانسېرى كۇچىيەتتى، كېيىن ناخشا ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىرسى ئىۋان ئىلئىچنىڭ يېڭىدىن قاتتىق تۇتتى، ئۇنىڭ يېنىغا يالاڭۋاش، ئىپلاس يۇزى تاتىلانغان بىر كىشى پەيدا بولدى.

— بۇرادەرلەر! كازاكلار! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ كىشى خۇددى بىرسى بوغۇۋاتقاندەك دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن، ئۇنىڭ كوزلىرى ئوينىاپ تۇراتتى، — بۇرادەرلەر، ئۇلار مېنى ئولتۇرمەكتە!...... بۇرادەرلەر، مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭلارچۇ!...... ئۇلار مېنى ئولتۇرمەكتە!

ئاتلىق كازاكلار ئىگەرلىرىدىن ئۇنىڭغا قايرىلىپ، ئۇنچىقماي قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ يۇزى تاتىرىپ، كوزلىرى يوغان ئېچىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نېۋسكى كوچىسىدا كولپىنو ئىشچىلىرىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلىرى كۇچىيىپ باراتتى. شامال ھول قىزىل بايراقنى يەلپۇپ تۇراتتى. شىمالىي مېھمانخانا يېنىدا تۇرغان ئاتلىق ساقچىلار بىردىنلا ئات يۇگۇرتۇپ كېتىشتى، بىسى كەڭ قىلىچلار پاللىدىدى. خالايىق ئىچىدە دادۇ-پەريات كوتىرىلدى. ئىۋان ئىلئىچنىڭ كوزى يەنە ژاندارما ھەربى ئەمەلدارىغا چۇشتى؛ ئۇ تاپانچا غىلاپىنى تۇتۇپ، بىر قولى بىلەن كازاكلارغا شەرەت قىلاتتى.

كولپېنولۇقلار خالايىق ئارىسىدىن شاڭشىياۋغا ۋە ئاتلىق ساقچىلارغا قارىتىپ مۇز ۋە تاش ئاتاتتى. ئاياقلىرى نازۇك سېرىق ئاتلار ئويناقلاپ تۇراتتى. تاپانچا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، ھەيكەل تېگىدىن ئىس چىقىشقا باشلىدى، ساقچىلار كولپېنولۇقلارغا قاراپ ئوق ئاتقان ئىدى. شۇ زامان ئىۋان ئىلىئىچتىن ئون قەدەمچە نېرىدا تۇرغان ئاتلىق كازاكلار ئارىسىدىن سېرىق، تۇمشۇغى سوزۇلۇپ چىققان دون بايتىلى ئالدىنقى ئاياقلىرىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ چىقتى؛ كازاك ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئېگىشتى-دە، بىقىنىغا بىر تېپىپ، ئۇچ سەكرەپ ژاندارما شاڭشىياۋغا يېتىۋالدى؛ ئۇ ئاتىنى توختاتماستىن تۇرۇپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، كۈچىنىڭ بېرىچە بىر ئۇردى ۋە كېيىن يەنە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇنى ئىككى ئايىغىدا تىك تۇرغۇزدى. كازاكلار قاتارلىرىنى بۇزماي، شاڭشىياۋ ئولتۇرۇلگەن جايغا كېلىشتى. خالايىق ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن مەيدانىنى ئىگىلەلشكە باشلىدى... ئۇ يەر-بۇ يەردە ئوق ئېتىلغان ئىدى، بىراق ئۇلارنى ئۇررا... ئۇررا... سادالىرى بېسىپ كەتتى.

—تېلېگىن بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟

—قانداقلا بولمىسۇن، بۇگۈن جۇنەپ كېتىشىم كېرەك. يوق پويىزى بولسىمۇ، پاراۋۇز بولسىمۇ مەيلى...

—قويساڭچۇ، ھازىر كېتەلەيتتىڭمۇ... ئەزىزىم، ئاخىر، بۇ—ئىنقىلابقۇ...—ساقاللىرى ئۇسۇپ، ئىڭىكلىرى كىر بولۇپ كەتكەن، كۆزلىرى قىزىرىپ چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولغان ئانتوشكا ئارنولدوۋ كېلىپ، ئىۋان ئىلىئىچنىڭ پەلتوسىنىڭ پېشىدىن قاتتىق تۇتۇۋالغان ئىدى،—ژاندارمىنىڭ كاللىسىنى ئۇچۇرۇۋەتكىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ پۈتبولدەك دومىلاپ كەتتى... قانداق ياخشى بولدى-

ھە... سەن ئەخمەق سەن، ھازىر ئىنقىلاپ بولۇۋاتقىنىغا چۈشەنـ مەيسەن، — ئانتوشكا خۇددى چۈشىدە جويلۇۋاتقاندەك گەپ قىلاتتى. ئادەملەر ئۇلارنى ۋوگزال ئىشىگىگە قىستاپ ئاپىرىپ قويغان ئىدى، — بۇگۈن ئەتىگەندە لىتۋا، ۋولىن تۈەنلىرى ئوق ئېتىشتىن باش تارتىپتۇ... پاۋلوۋ تۈەنىنىڭ بىر ليەنى قولىغا قورال ئېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ... شەھەر ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ھېچكىم بۇنىڭ نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى بىلمەيدىكەن... ئېۋاسكىدا ئەسكەرلەر تەمتىرەپ يۈرۈشۈپتۇ، گەزەرمىگە بېرىشتىن قورقىشىدىكەن...

# 36

داشا بىلەن كاتە جۇۋىلىرىنى كىيىپ، تور ياغلىقلىرىنى ئوراپ، خىرە يورۇتۇلغان مالايا نىكىتسكايا كوچىسىدا ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. نېپىز مۇز ئاياق ئاستىدا غىچىرلاپ سۇناتتى. يورۇق ئاي كوكۇش، سوغاق ئاسماندا كوتىرىلمەكتە ئىدى. ئىتلار دەرۋازىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاندا-ساندا ھاۋشىپ قالاتتى. داشا ئاغزىنى تور ياغلىغى بىلەن ئوراپ كۇلۇپ، ئاياق ئاستىدىكى مۇزلارنىڭ غىچىرلىشىغا قۇلاق سېلىپ باراتتى.

— كاتە، ئەگەر بىرەر ئەسۋاپ ئويلاپ چىقىرىلسا، مانا بۇ يەرگە ئورنىتىپ قويۇلسا، — داشا قولىنى مەيدىسىگە قويدى، — ناھايىتى قىزىق نەرسىلەرنى يېزىۋېلىشقا بولاتتى... — داشا ئاستا ناخشا

ئېيتشقا باشلىدى. كاتە ئۇنىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇۋالدى.

— قېنى، ماكە، يۈر!

داشا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، يەنە توختىدى.

— كاتە، ئىنقىلاپ بولغىنىغا ئىشىنەمسەن؟

ئۇزاقتىن كورۇنگەن ئادۈوكاتلار كۇلۇبى بىناسىنىڭ ئىشىك تۆپىسىدە يېنىپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراق كوزنى قاماشتۇراتتى: بۇ يەردە سائەت توققۇز يېرىمدا ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلار پارتىيىسى پېتروگراتتىن كېلىپ تۇرغان ۋەھىمىلىك ئاۋازلار تەسىرى ئاستىدا مەجلىس چاقىرغان ئىدى، بۇ مەجلىستە ھەممە تەسىرات مۇھاكىمە قىلىنىشى، بۇ خەۋپلىك كۇنلەردە قانداق يول تۇتۇش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىشى كۇتۇلەتتى.

ئاچا - سىڭىل پەلەمپەيدىن ئىككىنچى قەۋەتكە يۇگۇرۇپ چىقىشتى-دە، پەلتولىرىنى يەشمەي، پەقەت ياغلىقلىرىنىلا بېشىدىن چۇشۇرۇپ ئادەمگە لىق تولغان زالغا كىرىشتى. زالدا ئولتۇرغانلار يۈزى قىپ - قىزىل، ساقاللىق، سېمىز، قوللىرىنى يېقىملىق كوتىرىپ سوزلىگۈچى بىر جاناپنىڭ سوزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشىماقتا ئىدى:

— ...ۋەقەلەر كۇندىن - كۇنگە چاپسان ئوزگىرىپ بارماقتا، — دەيتتى ئۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — پېتروگراتتا تۇنۇگۇن پۇتۇن ھاكىمىيەت جياڭجۇن خابالوۋنىڭ قولىغا ئوتكەن، جياڭجۇن خابالوۋ پۇتۇن شەھەرگە چاپلانغان ئېلانلاردا مۇنداق دەپ يازغان: "كېيىنكى كۇنلەردە پېتروگراتتا تەرتىپسىزلىكلەر كېلىپ چىقتى، ھەربى خىزمەتتىكىلەرگە ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرىغا زورلۇق، ھاياتىغا سۇيىقەست قىلىندى. كوچىلاردا توپلىنىپ تۇرۇشنى بىردەك مەنئى

قىلىمەن. پايتەختتە تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك بولغان چاغدا ئەسكەرلەرگە قورالنى ئىشقا سېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگىنىمنى ئاھالىنىڭ دىققىتىگە يەنە بىر مەرتىۋە ئۇقتۇرۇپ ئوتىمەن...“

— جاللاتلار! — ۋاقىرىدى زالدا ئولتۇرغان ئىلاھىيەت شۇبىيۇەنىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى.

— كوپچىلىك پەرەز قىلىشقاندەك، بۇ ئېلان ئوتقا ياغ سەپتى، سەۋرى-تاقەتنى تۈگىتىۋەتتى. پېتروگراتنى قوغداۋاتقان ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرىدىن يىگىرمە بەش مىڭ ئەسكەر قوزغىلاڭچىلار تەرىپىگە ئوتۇشتى...

نۇتۇق سوزلىگۈچى سوزىنى تېخى تۈگىتە-تۈگەتمەيلا، زال گۈلدۈرلىگەن چاۋاك ئاۋازلىرىدىن لەرزىگە كەلدى. بىرنەچچە كىشى ئورۇندۇقتا چىقىپ، بىرنىمىلەر دەپ ۋاقىرايتتى ۋە خۇددى كونا تەرتىپنى يانچىپ ئۈزۈل-كېسىل ۋەتۇەرىگىنى چىقىرىۋەتكەندەك، قوللىرىنى سىلكىپ تۇراتتى. نۇتۇق سوزلىگۈچى بولسا شاۋ-شۇۋ ئاۋازلار قاپلىغان زالغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ كېيىن قولىنى كوتەردى-دە، سوزىنى داۋام قىلدى:

— بايا ناھايىتى مۇھىم تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدۇق، — ئۇ پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەز چىقاردى، — بۈگۈن دولەت دۇماسىنىڭ رەئىسى رودزەنكو پادىشاغا تېلېگرامما ئەۋەتكەن: ”ئەھۋال ئېغىر. پايتەختتە ھوكۇمەتسىزلىك ھوكۇم سۈرمەكتە. ھوكۇمەت ئىشتىن چىقىپ قالغان. قاتناش پۈتۈنلەي توختىغان، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە يېقىلغۇ پۈتۈنلەي يوق. كوچىلاردا ئوقلار تەرتىپسىز يوسۇندا ئېتىلماقتا. قوشۇنلارنىڭ بەزى قىسىملىرى بىر بىرىگە قاراپ ئوق ئاتماقتا. مەملىكەت بويىچە ئىشەنچكە لايىق بولغان بىرەر

كىشىگە يېڭى ھوكۇمەت تۇزۇشنى دەررۇ تاپشۇرۇش لازىم. ۋاقىتنى كەتكۇزۇپ قويغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق كېچىكىش ھالاكەت دىمەكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇدادىن مەسئۇلىيەتنىڭ جاناپلىرىنىڭ گەدىنىگە چۇشۇپ قالماسلىقىنى تىلەيمەن.»

يۇزى قىپ-قىزىل جاناپ قەغەزنى قويۇپ، زالغا قارىدى. موسكۋالىقلار بۇنداق ھاياجانلىق كورۇنۇشنى زادى كورمىگەن ئىدى.

— جاناپلار، بىز تارىخىمىزدا ئەڭ ئۇلۇغ ھادىسە بولىدىغان ئەھۋالدا تۇرۇپتىمىز، — داۋام قىلدى نۇتۇق سوزلىگۇچى جاناپ مۇلايىم ئاۋازى بىلەن، — بەلكى ھازىر ئۇ تەرەپتە، — ئۇ قولىنى دانتونغا① ئوخشىتىپ سوزدى، — ئۇ تەرەپتە كوپلىگەن ئەۋلاتنىڭ ئۇمىت-ئارزۇلىرى ئىشقا ئاشقاندۇ، بەلكى دىكابىرچىلارنىڭ ئەرۋاھى ئوچ ئېلىۋاتقاندۇ!...

بىر ئايال چىدالماي:

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم! — دەۋەتتى.

— ئەتە پۇتۇن روسىيە ئىناق ئاكا-ئۇكىدەك بولۇپ، ئازاتلىققا چىقىشى مۇمكىن!...

— ئۇررا!... ئازاتلىق!... — زالدىكىلەر ۋاقىراشقا باشلىدى. نۇتۇق سوزلىگۇچى جاناپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، پىشانىسىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۇرتتى. ئۇستەلنىڭ بىر بۇرجىگىدىن پاخالغا ئوخشاش ئۇزۇن چاچلىق، يۇزى كىچىك، ساغۇچ ساقاللىق

① دانتون (1759 — 1794) — فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابى. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئىگىز بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ھىچكىمنىڭ يۈزىگە قارىماستىن، كىنايە ئاھاڭدا سوزلەشكە باشلىدى:

— ھازىر بىرقانچە يولداش: ئۇررا، ئازاتلىق دەپ توۋلاشتى، بىز ئاڭلىدۇق. توغرا، موگىليوۋدا نىكولاي II قاماقتا ئىلىنسا، مىنىستىرلار سوتقا بېرىلسە، ئولكە باشلىقلىرى ھەيدىلىپ، ساقچىلار تازىلانسا... ئىنقىلاپنىڭ قىزىل بايرىغى ئىگىز كوتىرىلسە تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. بۇ — ناھايىتى ياخشى باشلىنىش. قولىمىزدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىنقىلاۋىي ھەركەت توغرا ۋە غەيرەت بىلەن باشلانغان. ھەر جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ قېتىم ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولمايدىغاندەك كورۇنىدۇ. بىراق، يولداشلار، مېنىڭدىن ئاۋال بايا بىر تەخسىر ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ سوزلەپ ئوتتى. ئەگەر مەن خاتا ئاڭلىۋالمىغان بولسام، ئۇ: يېقىن ئارىدا بولىدىغان ئىنقىلاپتىن مەمنۇن ئىكەنلىگىنى ۋە پۈتۈن روسىيىنىڭ ئىناق ئاكا-ئۇكىدەك بىرلىشىپ كېتىشكە ئىشىنىدىغانلىغىنى بىلدۈردى...

پاخالغا ئوخشاش چاچلىق كىشى قولياغلىغىنى چىقىرىپ، خۇددى كۈلكىسىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، ئاغزىنى ياپتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى قىزىللىق قاپلىغان ئىدى، ئۇ ئەمدىلىكتە ئىككى يەلكىسىنى ئېغىر سىلكىتىپ، يوتىلەتتى. ھەدىسى بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان داشانىڭ ئارقىسىدىن كىمدۇر بىرى سورىدى:

— كىم ئۇ، سوزلەۋاتقان؟

— يولداش كۇزما، — ئىلدام جاۋاپ بەردى بىرى پىچىرلاپ، — 1905-يىلى ئىشچىلار ۋەكىللىرى سوۋېتىگە ۋەكىل بولۇپ سايلانغان ئىدى. يېقىندا سۈرگۈندىن كەلگەن.

— مەن ئاۋالقى سوزلىگەن ناتىقنىڭ ئورنىدا بولسام خوشاللى-

غېمىنى ھازىرچە بىلدۈرمەي تۇراتتىم، — داۋام قىلدى يولداش كۈزما ۋە ئۇنىڭ رەڭسىز يۈزى بىردىنلا غەزەپكە تولۇپ، كەسكىنلەشتى، — يەنە ئون ئىككى مىليون دېخاننى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار تېخى ئالدىنقى سەپتە... مىليون-مىليون ئىشچى گەمبەلەردە دىمىقتى بولۇپ، ئاچلىقتىن ئۆچرەتتە تۇرۇشماقتا... ئىناقلىق ناخشىڭىزنى ئىشچى ۋە دېخانلارنىڭ يەلكىلىرىدە ئېيتاتتىڭىزمۇ؟...

زالدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى، بىرى نەپرەتلەنگەن ئاۋاز بىلەن: "بۇ ئىغۋا!" دەپ ۋاقىرىدى. يۈزى قىپ-قىزىل كىشى يەلكىسىنى قىستى-دە، قوڭغۇراقنى ئېلىپ چالدى. يولداش كۈزما سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— ...جاھانگىرلار ياۋروپانى دەھشەتلىك ئۇرۇش قايىنىمىغا تاشلاشتى، بۇرژۇئازىيە سىنىپلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى جاھان بازىرىنى قولغا كىرگۈزۈش، كاپىتال غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇشنى مۇقەددەس ئۇرۇش دەپ ئېلان قىلىشتى... سېرىق ئەبلەخ سوتسىيال دېموكراتلارمۇ ئۆز خوجايىنلىرىغا گۈپپاڭچىلىق قىلىپ: ھە، ھە، خۇددى شۇنداق، ئۇرۇش مىللى ۋە مۇقەددەس ئۇرۇش، دېيىشتى. دېخانلار ۋە ئىشچىلار ھەيدەپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈلدى... شۇ قانلىق كۈنلەردە كىم ئاۋازىنى چىقاردى، قېنى؟...

— ئۇ نىمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟... ئۇ زادى كىم؟... ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويۇڭلار! — دېگەن ئاۋازلار ھەر تەرەپتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى سىلكىشتى.

— ...ۋاقتى بولدى... ئىنقىلاپ يالقۇنى بارلىق دېخان ۋە

ئىشچىنى ئۆز قايىنىغا ئېلىشى كېرەك...
زالدا ۋاڭ ـ چۇڭ كۆچىيىپ كەتكەچكە، سوزنىڭ ئاخىرى ئاڭلانـ
مىدى. بىرنەچچە كىشى ئۇستەلنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى.
يولداش كۆزما سەھنىدىن كەينىگە قايتىپ ئىشكتىن چىقىپ كەتتى.
باللار تەربىيىسى ئىشلىرىدا نام چىقارغان مەشھۇر بىر كىشى ئۇنىڭ
ئورنىنى ئىگەللىدى.
ــ هازىر سوزلەپ ئوتكەن ناتىقنىڭ نۇتقى كىشىنىڭ غەزىۋىنى
كەلتۇرىدىغان بولمىغۇر نۇتۇق...
شۇ چاغدا داشانىڭ قۇلىغىغا كىمنىڭدۇر هاياجانلىق ۋە مۇلا-
يىملىق بىلەن:
ــ ياخشىمۇسەن، ئەزىزىم!...ــ دىگىنى ئاڭلاندى.
داشا هەتتا قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى ـ دە، ئورنىدىن سەكرەپ
تۇرۇپ كەتتى، ئىشىك ئالدىدا ئىۋان ئىلئىچ تۇراتتى. داشا
ئۇنىڭغا قارىدى: دۇنيادا ئەڭ كېلىشكەن ئادەم، مېنىڭ جېنىم شۇ،
دەپ ئويلىدى. هەر قېتىمدىكىدەك، ئىۋان ئىلئىچ بۇ قېتىممۇ
داشانىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن باشقىچە، چەكسىز گۈزەل ئىكەنلىگىنى
كورۇپ هەيران بولۇپ قالغان ئىدى: داشانىڭ ئىككى مەڭزى
قىزىرىپ كەتكەن، كوپ ـ كوك كوزلىرى خۇددى تېگى يوق ئىككى
كولگە ئوخشايتتى. داشا كامالەتكە يەتكەن، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە هېچ
نەرسە كېرەك ئەمەس ئىدى. داشا ئاستا: ــ ياخشىمۇسەن، ــ دىدى ـ
دە، ئىۋان ئىلئىچنىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپ، كوچىغا چىقىشتى.
داشا كوچىغا چىقىپ توختىدى ـ دە، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ،
ئىۋان ئىلئىچقا تىكىلىپ قارىدى. كېيىن ئېغىر تىن ئېلىپ، قول-
لىرىنى كوتەردى، ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ لېۋىگە سويدى،

داشادىن قانداقتۇر ئۇتكۇر ئەتىر پۇرىقى ۋە پەقەت خوتۇنلارغىلا خاس ئاللىقانداق خۇش پۇراق كېلەتتى. داشا ئۇنچىقماستىن يەنە ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇتتى-دە، كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئاسماندا تۇرغان ئاي يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان قارنى غاچىلدىتىپ مېڭىپ كېتىشتى.

— مەن سېنى — ئىۋان، چىن دىلىمدىن سويىمەن! سەن بىلەن دىدار كورۇشۇشكە بەكمۇ تەشنا بولغان ئىدىم!...

— ئىلاج بولمىدى-دە، ئوزەڭ بىلىسەنغۇ...

— ساڭا ئوسال خەتلەرنى يازغىنىمغا خاپا بولما، ئوزەم خەت يېزىشنى بىلمەيمەن...

ئىۋان ئىلىچ توختاپ، ئۇنىڭ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ تور ياغلىقى ئۇنى بەكمۇ سويۇملۇك ۋە ساددا كورسىتەتتى، ياغلىق تېگىدىن داشانىڭ قاشلىرى قاپ-قارا كورۇنۇپ تۇراتتى. ئىۋان ئىلىچ داشانى ئوزىگە ئاستا تارتتى. داشا ئۇنىڭ ئالدىغا سىلجىپ، كوزلىرىنى ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ئۇزمەي، يېقىنلاشتى. ئۇ داشانى يەنە سويدى، كېيىن ئىككىسى يەنە بىللە مېڭىشتى.

— قانچە ۋاقىت تۇرىسەن، ئىۋان؟

— بىلمىدىم، زامان بۇنداق...

— ھە، ئىيتقاندەك، ئىنقىلاپ-ھە...

— بىلەمسەن، مەن پاراۋۇزدا كەلدىم...

— بىلەمسەن، ئىۋان... — داشا ئوتۇكىنىڭ ئۇچىغا قاراپ باراتتى.

— نىمە؟

— مەن سېنىڭ بىلەن كېتىمەن، سېنىڭكىگە...

ئـۋان ئىلئىچ جاۋاپ بەرمــدى. داشا ئۇنىڭ پەقەت بىرئەچچە قېتىم ئېغىر تىنغانـلىغىـنى سەزدى. داشانىڭ ئۇنــڭغا ناھايــتــمۇ رەھمى كەلدى.

# 37

تاڭنىسدىكى كۈننىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيتى شۇ ئىدىكى، ۋاقىتنىڭ نىسبىلىگى ئېنىقلاندى. مەسىلەن، ئات ھارۋىــسى ئىۋان ئىـلئىچنى تۋېرسكويدىكى مېھمانــخانــدىن ئاربات كوچىســغا تەخمىــنەن بىر يېرىم يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ باردى. "بولدى، ئەپەندى، يېرىم سومغا كىرا قىلىدىغان زامانلار ئۆتتۈپ كەتتى، ــ دەيتتى ھارۋىكەش، ــ پېتروگراتــتا خەلق قەددىــنى رۇســلاپ خوجايىــن بوپــتۇ، بىزنىڭ موســكۋادىــمۇ پات ئارــدا شۇنــداق بولۇپ قالار. كورۇۋاتامسەن، كورۇۋاتامسەن، ئاۋۇ ساقچىنى؟ ھازىر ئەنە شۇنىڭ ئالدىغا بارسام-دە، ئىتنىڭ بالىسىنىڭ يۈزىگە قامچا بىلەن سالــسام. قاراپ تۇرۇڭ، ئەپەندى، ھەممىسى بىلەن ھىساپلىشىمىز تېخى!

داشا ئاشخانىنىڭ ئىشىگىدە ئىۋان ئىلئىچنى كۈتتۈۋالدى.

داشا ئۇچىــسغا خــالات كىــيگەن، ساغۇچ چاچــلىرىنى نېرى-بېرى تاراپ تۈگۈپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭدىن سوپىۇن پۇرىغى كېلىپ تۇراتتى. سائەت قوڭغۇرىغى چېلىندى، ۋاقــت توختــىدى. ۋاقىت ئەمدى داشانىڭ سوزلىرى، كۈلكىسى، ئۇنىڭ ئەتىــگەنلىــك قۇياش نۇرلىرىدا تاۋلانغۇچى چاچلــرى بىلەن تولۇپ تاشــقان ئىدى. داشا

ئۈستەلنىڭ نېرىقى چېتىگە بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇۋان ئېلىشىچىنىڭ
يۈرىگى جىغىلداپ كېتەتتى. داشا قاچا جاۋىنىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىشقا
قولىنى كوتەرگەندە، خالتىنىڭ كەڭ يەڭلىرى يەلكىسىگىچە سىرىلىپ
كەتتى. ئۇۋان ئېلىشىچ بۇنداق ئاپپاق قوللار ھېچبىر ئادەمدە
بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايتتى، ئەمما جەينەك ئۈستىدىكى ئىككى
چېچەك ئىزى بۇ قوللارنىڭ ئىنسان قولى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.
داشا قاچا جاۋىنىدىن چىنە ئېلىۋېتىپ، ساغۇچ چاچلىق بېشىنى
ئۇنىڭغا بۇرىدى-دە، نىملەرىندۇر دەپ كۈلۈۋەتتى.

داشا ئۇۋان ئېلىشىچقا بىرنەچچە چىنە كوفىنى زورلاپ ئىچكۈز-
دى. ئۇمۇ گەپ قىلاتتى، ئۇۋان ئېلىشىچمۇ گەپ قىلاتتى. ئەمما
ئىنسان سوزىدە پەقەت ۋاقىت نورمال ئۆتۈۋاتقاندىلا مەنە بولسا
كېرەك، بۈگۈن ئېيتىلىۋاتقان سوزلەردە ھېچقانداق مەنە يوق ئىدى.
شۇ يەردە، ئاشخانىدا ئولتۇرغان يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا تېلېگىن
بىلەن داشانىڭ بىر نەرسە توغرىسىدا ھازىرنىڭ ئوزىدىلا زوق
بىلەن سوزلىشىپ تۇرۇپ، دەررۇ ئۇنتۇپ، كوفى توغرىسىدا،
قانداقتۇر خۇرۇم قۇتا توغرىسىدا، پېتروگراتتا كاللىسى ئۈزۈپ
تاشلانغان ئادەم توغرىسىدا، داشانىڭ ئاپتاپتا قىزىرىپ كورۇنىدىغان
چاچلىرى توغرىسىدا بىرنىمىلەر دەپ سوزلىشىشلىرىنى ئاڭلاپ
ئولتۇراتتى.

خىزمەتكار قىز گېزىت ئېپكەلدى. يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا
«رۇس ئاخباراتى» گېزىتنى ئېچىپ، — ۋاي! — دېدى-دە، پادىشانىڭ
دولەت دۇماسىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا چىقارغان بۇيرۇغىنى
ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. داشا بىلەن تېلېگىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
ھەيران بولدى، ئەمما يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا گېزىتنى ئاۋازسىز

ئوقۇشقا باشلىدى. داشا تېلېگىنگە: ”يۈر، مېنىڭ بولمەمگە“ دېدى ـ دە، ئۇنى باشلاپ قاراڭغۇ دالاندىن ئوتۇپ، ئوز بولمىسگە ئېلىپ كىردى. ئۇ ئوزى ئاۋال ئويگە كىرىپ، ئالدىرىغىنىچە: ”تۇرۇپ تۇرغىن، تۇرۇپ تۇرغىن، بۇ ياقىقا قارىمىغىن“ ــ دېدى ـ دە، ئاق بىر نەرسىنى كىيىم ئىشكاۋىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى.

ئىۋان ئىلئىچ ئومرىدە داشانىڭ بولمىسىنى تۇنجى قېتىم كورۇۋاتاتتى ــ ياسىنىش سۇپىسىغا نۇرغۇن سىرلىق نەرسە قويۇلغان؛ تار ئاپپاق كارۋاتقا توغرىسىغا قىلىپ ئىككى ياستۇق قويۇپ قويۇلغان، ئۇلارنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك؛ داشا ئۇخلىغان چاغدا چوڭ ياستۇقنى بېشىغا قويۇپ، ئۇخلاپ قېلىشتىن بۇرۇن كىچىكىنى جەينىگىگە قويۇۋالاتتى؛ دەرىزە يېنىدا كەڭ كىرىسلو بولۇپ، ئۇنىڭ تايانچۇقىغا ئاق تور ياغلىق تاشلاپ قويۇلغان ئىدى.

داشا ئىۋان ئىلئىچنى شۇ كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوزى ئۇنىڭ يېنىغا ئورۇندۇق قويدى ـ دە، تىزىغا ئىككى جەينىكىنى قويۇپ، ئالقىنىغا يۈزىنى تىرەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، ئىۋان ئىلئىچتىن كوزىنى ئالماي، ئۇنىڭ قانداق ياخشى كورىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سائەت قوڭغۇرىغى ئىككىنچى مەرتىۋە چېلىندى.

ــ داشا، ئەگەر ماڭا دۇنيادىكى بار نەرسىنى، بارلىق ئالەمنى سوغا قىلىپ بەرسە، مەن بۇنىڭچىلىك بەختلىك بولماس ئىدىم، ــ دېدى تېلېگىن، ــ گېپىمنى چۈشىنەمسەن؟ ــ داشا ھەئە دەپ بېشىنى لىڭشىتتى، ــ ئوزەمنىڭ نىمە كېرىگىم بار، راست ئەمەسمۇ؟ ئوزەمنى نىمە قىلىمەن؟ ــ داشا راست دەپ بېشىنى لىڭشىتتى، ــ يىمەك ـ ئىچمەك، ئۇخلاشنىڭ، بۇ ئاياق ۋە قوللارنىڭ ماڭا نىمىگە

www.uyghurkitap.com

كېرىگى بار؟... مەسىلەن، مەن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باي ۋە دۆلەتلىك بولغىنىمدىمۇ نىمە پايدا؟ ئادەم يالغۇزلۇقتىن زېرىكسىپ ئۆلىدىغۇ!—داشا ھەئە دەپ بېشىنى لىڭشىتتى،—ئەمما ھازىر سەن يېنىمدا، كۆز ئالدىمدا ئولتۇرۇپسەن... مەن ئارتۇقچە بولالمايمەن... مەن پەقەت ئۆزەمنىڭ بەختىم بولغان سېنىڭ بارلىغىڭنى بىلىمەن... بارى-يوقۇم—سەن. ساڭا قاراپ بېشىم ئايلىنىپ، كۆزلىرىم تىنىپ كېتىدۇ، سەن تىرىك، تىنىق ئالغۇچى سەن-ھە، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن مېنىڭ ھە...داشا، بىرەر نەرسە چۈشىنىۋاتامسەن؟

—يادىمدا،—دېدى داشا،—پاراخوتتا ئولتۇرغىنىمىز، شامال ئۇرۇپ تۇرغىنى، ئىستاكانلاردىكى ۋىنونىڭ پاقىرىغىنى... شۇ چاغدا ماڭا بىز خۇددى بەختكە قاراپ ئۈزۈپ بېرىۋاتقاندەك سېزىلگەن ئىدى...

—يادىڭدىمۇ، ئۇ يەردىكى كۆك كۆلەڭگىلەر؟

داشا بېشىنى لىڭشىتتى، دەررۇ ئۇنىڭغىمۇ قانداقتۇر ئاجايىپ چىرايلىق كۆك كۆلەڭگىلەر كۆرۈنگەندەك تۇيۇلدى. پاراخوت كەينىدىن ئۇچۇپ يۈرگەن چايكىلار، پاكا قىرغاقلار، بارا-بارا كۆپ-كۆك بەخت دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان قوياش نۇرلىرى سۇ ئۇستىگە سالغان يول ئۇنىڭ يادىغا چۈشەتتى. داشا ھەتتا شۇ كۈنى قايسى كوينەكنى كىيگەنلىگىنىمۇ يادىغا كەلتۈردى... شۇنىڭدىن بېرى قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى-ھە...

كەچقۇرۇن يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا ئادۋوكاتلار كۇلۇبىدىن ھايا-جانلىنىپ ۋە خوشال بولۇپ يوگۇرۇپ كېلىپ، يېڭى گەپلەرنى ئېيتىپ بەردى:

—پېتروگراتتا پۈتۈن ھاكىمىيەت دۆلەت دۇما كومىتېتىغا

ئوتۇپتۇ؛ مىنىستىرلار قاماققا ئېلىنىپتۇ، ئەمما ۋەھىمىلىك گەپلەر بارمىش: پادىشا ئۆز جايىنى تاشلاپ كېتىپتۇ، جياڭجۇن ئۇۋانوۋ پۈتۈن بىر جۇنتۇەنىنى باشلاپ پېتروگىراتنى تىنجىتقىلى يولغا چىققانمىش... بۇ يەردە ئەتە كىرېمىلنى ۋە ھەربىي قورال ئىسكىلاتىنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئالماقچى ئىكەن... ئىۋان ئىلئىچ، ئەتە ئەتىگەن داشا بىلەن بىللە سىزنىڭكىگە بارىمىز، ئىنقىلاپنى كۆرىمىز!...

# 38

مېھمانخانا دەرىزىسىدىن پەستە، تارغىنا تۋېرسكايا كوچىسىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان خالايىق — ھېساپسىز نۇرغۇن باش، قولاقچا، بوك، ياغلىق، زەپىرەڭ يۇزلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاماشىچىلار ھەممە دەرىزىنى ئىگەللىگەن، ئوگزىلەر بالىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

يۈز پەردىسىنى قېشىغىچە كوتىرىۋالغان يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا دەرىزە ئالدىدا تۇرۇپ گاھ تېلېگىنىنىڭ قولىدىن، گاھ داشانىڭ قولىدىن تۇتاتتى ۋە:

— قانداق دەھشەتلىك! قانداق دەھشەتلىك... — دەيتتى.

— يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، خالايىقنىڭ كەيپى يامان ئەمەس، — دەيتتى ئىۋان ئىلئىچ، — سىلەر كېلىشتىن ئاۋال مەن كرېمل تەرەپكە بېرىپ كەلدىم، ئۇ يەردە مۇزاكىرە بولۇۋاتىدۇ، ھەربىي قورال ئىسكىلاتى ئوق چىقىرىلمايلا قورشىۋېلىنسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، بۇلار نىمىشقا ئۇ ياققا كېتىشىۋاتىدۇ؟... قاراڭا، قانچە ئادەم، ئوھۇ!... بۇلار نىمە قىلىشماقچى؟

داشا دولقۇنلىنىپ كېتىپ بارغان باشلارغا، ئوگزە ۋە مۇنارىلارغا قاراپ تۇراتتى. بۇ تۇمانلىق ۋە ئىللىق سەھەر ۋاقتى ئىدى. يىراقتا، كرېمل چېركاۋلىرىنىڭ ئالتۇنرەڭ گۈمبەزلىرى توپىسىدە، مۇنارىلارنىڭ چوققىسىغا ئورنىتىلغان ئىككى باشلىق بۈركۈتلەر ئۈستىدە توپ-توپ قاغىلار ئۇچۇپ يۈرەتتى.

داشا ئاللىقانداق چوڭ دەريالار توغانلارنى بۇزۇپ، يەر يۈزىگە تېشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇزىمۇ سويۇملۇك كىشىسى بىلەن بىللە شۇ تاشقىنغا قوشۇلۇپ، ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك ھىس قىلدى، سويۇملۇك كىشىنىڭ قولىدىن قاتتىق تۇتۇۋېلىشقىلا توغرا كېلەتتى. ئىگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشىنىڭ يۈرىگى غەمسىز سوققاندەك، ئۇنىڭ يۈرىگىمۇ ھاياجان ۋە خوشاللىق ئىچىدە سوقاتتى.

— ھەممە نەرسىنى كورگۈم كېلىۋاتىدۇ، يۈرۈڭلار، كوچىغا چىقايلى، — دىدى كاتە.

ئىنقىلاپنىڭ باش ئىشتاۋى بولغان دولەت دۇماسى مەينەت، خىش بىلەن سېلىنغان كوپ تۈۋرۈكلۈك، بالكونلۇق، ئۇچلۇق مۇنارىسى بار بىناغا جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بىنا قىزىل بايراقلار بىلەن بېزىتىلگەن ئىدى. بىنا تۈۋرۈكلىرىمۇ، ئىشىكىنىڭ ئۈستىمۇ قىزىل رەخت بىلەن بېزىتىلگەن. چوڭ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا، توڭلاپ قالغان كوچا ئوتتۇرىسىدا چاقلىرى ئىگىز توت زەمبىرەك تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدا پاگونلارغا قىزىل لاتا تاقىغان پىلىموتچىلار ئولتۇرۇشاتتى. خالايىق قىزىل رەختلەرگە، دۇمانىڭ چاڭ باسقان ئىپلاس دەرىزىلىرىگە ۋايىم بىلەن قارايتتى. چوڭ ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى بالكوندا پاكار

بويلۇق، هاياجانلانغان بىر كىشى پەيدا بولۇپ، قوللىرىنى سىلكىپ، بىرنىمىلەرنى دىيىشكە باشلىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، خالايىق خوشاللىق ئىچىدە ۋاقىرىشىۋەتتى.

خالايىق بايراقلار ۋە زەمبىرەكلەرگە قاراپ بولغاندىن كېيىن، ئېرىپ كەتكەن قارنى كېچىپ، ئىۋېرسكايا چېركاۋىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئارقىلىق قىزىل مەيدانغا قاراپ سىلجىدى، ئۇ يەردە سىپاسىس ۋە نىكولا دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئىسيان كوتەرگەن ھەربى قىسىملار كرېملىنى ئىچىدىن بېكىتىۋالغان زاپاس قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى.

خالايىق كاتە، داشا ۋە تېلېگىنلەرنى سۈرۈپ دۇمانىڭ ئىشىگى ئالدىغا ئېپكېلىپ قويغان ئىدى. تۋېرسكايا تەرەپتىن پۈتۈن مەيدانغا ۋاڭ-چۇڭ ئاڭلىناتتى.

— يولداشلار، بىز ئوتتۇۋالايلى!... يولداشلار، قانۇنغا رايە قىلىڭلار! — دىدى بىرنەچچە ياش يىگىت ھاياجانلىق بىلەن. ئادەملەر ئاران ئېچىپ بەرگەن ئارىلىقتىن مىلتىق كوتەرگەن توت ئوقۇغۇچى ۋە قولىدا قىلىچ تۇتقان، چاچلىرى چۇگۇلۇپ كەتكەن چىرايلىققىنا بىر قىز ئوتۇپ دۇما ئىشىگىگە كەلدى. ئۇلار بۇرۇت-ساقاللىق، بويلىرى ئېگىز كەلگەن، قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغان، قاپاقلىرى سېلىنىپ كەتكەن ئونچە ساقچىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلەتتى. ئالدىدىكىسى يالاڭئاش ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىرا بىلەن چۇشۇرۇلگەن بېشىنىڭ چېكىسىدە قان قېتىپ قالغان ئىدى؛ ئۇ سېرىق كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، خالايىققا قارايتتى؛ ئۇنىڭ پەلتوسىنىڭ پاگونلىرى يۇلۇپ تاشلانغان ئىدى.

— ئەمدى كۇنلىرىڭلار پۈتكەندۇر، تەنتەكلەر! — خالايىق

ۋاقىراپ تۇراتتى.

— بىزگە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت زۇلۇم سالدىڭلار!...

— سىلەر ھاكىملىق قىلىدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتىغۇ!...

— شورى قۇرىغۇر لەنىتىلەر!... غالچىلار!

— ھەممىسىنى تۇتۇپ، ئۆلگۈدەك قىيناش كېرەك، لەنىتىلەرنى...

— يىگىتلەر، بېسىڭلار!...

— يولداشلار، يولداشلار، يول بېرىڭلار، ئىنقىلاۋىي تەرتىپنى ساقلاڭلار! — دەپ توۋلىشاتتى ئوقۇغۇچىلار؛ ئۇلار ساقچىلارنى ئارقىدىن ئىتتىرىپ، ئىشىكتىن كىرىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىرنەچچە كىشى تىقىلىپ كىردى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا كاتە، داشا ۋە تېلېگىنلەرمۇ بار ئىدى.

ئۇستى ئىگىز، قۇپ-قۇرۇق ۋە چالا يورۇق دالاندا، زەي يەردە پىلموتچىلار پىلموتلىرىنى يېنىغا قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. ۋاقىراۋېرىپ ھارغان سېمىز بىر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كىرىۋاتقانلارغا ئۆزىنى تاشلاپ:

— ھېچكىم بىلەن ئىشىم يوق! يول خېتىڭنى كورسەت!... — دەيتتى.

كىرىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى يول خېتىنى كورسەتەتتى، بەزىلىرى قوللىرىنى سىلكىپ، كەڭ پەلەمپەيدىن ئىككىنچى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كەڭ دالانلىرىدا، تام تۈۋلىرىدە چاڭ باسقان، ئۆيىقۇ باسقان، جىمغۇر ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى قوللىرىدىن چۈشۈرمەي ئولتۇراتتى ۋە ياتاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى بولكا يەيتتى، بەزىلىرى لاتا بىلەن ئورالغان ئاياقلىرىنى يېشىشتۇرۇپ، خورەك تارتىپ ئۇخلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تاللىسى

گىشىلەر تولۇپ، ئىشىككە يېپىشتۇرۇلغان قەغەزلەردىكى يېزىقـلارنى ئوقۇيتـتى، ئويدىن ـ ئويـگە يۇگۇرۇپ يۈرگەن، ئاۋازلىرى بوغۇلۇپ خىرىلداپ قالغان ھەيئەتلەرگە قارىشاتتى.

كاتە، داشا ۋە تېلېگىن بۇ ئاجايىپ نەرسـىلەرنى كورۇپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ ـ چوڭ دەرىزىلىرىگە قىزىل پەردىلەر ئېسىلـغان، قىزىل شايى بىلەن قاپلانغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلىرى يېرىم چەمـبەر قىلىپ تىزىلغان زالغا كىرىشـتى. ئۇدۇلدىـكى تامدا پادىـشالارنىڭ رەسىملىرى ئېلىپ تاشلانغان ئىكـكى ساۋىنلىق ئالتۇن راملار ئېسىقلىق تۇراتتى، ئۇلارنىڭ تېگىدە برونزا لىـباسى ئېـچىپ تاشلانغان مەرمەر يېكاتېرىنا ھەيكىلى ئوز پۇقرالىرىغا سەممىيەت ۋە ھەييارلىق بىلەن كۇلۇپ قاراپ تۇراتتى.

يۇمۇلاق تـىياترخانـىنىڭ ئورۇنـدۇقلىرىـدا ساقال ـ بۇرۇتلىـرى ئوسۇپ كەتكەن، ھارغان ئادەمـلەر قولـلىرىنى چېكىلىرىـگە تىرەپ ئولتۇراتتى. بىرنەچچە كىشى بېـشىنى ئالدىدىكى ئۇستەلـگە قويۇپ ئۇخلاپ قالـغان ئىدى. بەزىـلىرى كولـباسا بىلەن بولكا يەيتـتى. پەستە، كۇلۇپ تۇرغان يېكاتېرىنا ئالدىدا، پوپۇكـلۇك كوك موۋۇت سېلىنغان ئۇزۇن ئۇسـتەل يېنىدا ئۇسـتىگە قارا كويـنەك كىيـگەن، ئورۇق ياش يىگىتلەر ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچـىدە سېرىق ساقاللىق، ئۇزۇن چاچلىق بىر كىشمۇ بار ئىدى...

ــ داشا، كوردىڭمۇ، ئۇستەل يېنىدىكى يولداش كۇزمانى...، ــ دىـدى كاتە.

شۇ چاغـدا يولـداش كۇزمانىڭ ئالدىغا چاچـلىرى كالتە قىلـىپ قىرقىلغان بىر قىز كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنىمە دەپ پىچىرلىدى. يولداش كۇزما قىسىر قىلماي ئاڭلىدى ـ دە، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ،

دېدى:

ــ شەھەر باشلىقى گۆچكوۋ ئىشچىلارغا قورال بېرىشتىن ئىككىنچى مەرتىۋە باش تارتىپتۇ. مەن ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى نارازىلىقنى مۇزاكىرە قىلماستىن ئاۋازغا قويۇشنى تەكلىپ قىلىمەن.

ئاخىر، تىلىگىن (قاتتىق تەشۋىش بىلەن تاماكا چېكىپ تۇرغان پاكار بىر ئوقۇغۇچىدىن) بۇ يەردە، يېكاتېرىنا زالىدا ئىشچى ۋەكىللىرى سوۋېتىنىڭ مەجلىسى بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ بىلدى. مەجلىس ئىككى كۈندىن بېرى توختاۋسىز داۋام قىلىۋاتقان ئىكەن.

كرېملدا تۇرغان زاپاس قوشۇن ئەسكەرلىرى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا قىزىل مەيداندىن كوچىمە ئاشخانىلارنىڭ ئىسسىنى كورۇپ قېلىپ، تەسلىم بولۇشتى، دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. پۈتۈن مەيداندا ۋاڭ-چۇڭ كوتىرىلدى. قۇلاقچىلار ئاسمانغا ئېتىلدى. بىر ۋاقىتلاردا قوي تېرىسىدىن نىقاپ كىيگەن، مەينۇۋاز نېپىنى بويىنغا ئېسىۋالغان ئاتالمىش دىمىترىنىڭ ئۇلۇگى قىپ-يالىڭاچ ھالىتىدە قويۇلغان، پادىشالار ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە تىلغا قالغان، رۇس خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ۋە قۇللىقى توغرىسىدىكى پەرمانلار ئوقۇلغان ئىگىز سۇپىغا ئاتقۇلاقلار ئىگىز ئۇسۇپ كېتىپ، يەنە قانلارغا مىلەنگەن توپىلىكىكە پەلتوسى قېتىپ كەتكەن بىر ئەسكەر چىقتى-دە، خەلققە تازىم قىلىپ، قۇلاقچىسىنى ئىككى قولى بىلەن قۇلىغىچە باستۇرۇپ كىيىپ، بىرنىمىلەرنى سوزلەشكە باشلىدى، ۋاڭ-چۇڭلار ئىچىدە ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئەسكەر ناھايىتى ئاۋاق ئىدى، ئەڭ ئاخىرقى مەرتىۋە سەپەرۋەرلىكتە ئېلىنغان بولسا كېرەك، شۇنداق بولسىمۇ شلەپىسىنى قىڭغىر كىيگەن بىر خېنىم ئۇنى ھەدەپ سويۇشكە

باشلىدى، كېيىن ئەسكەرنى ئىگىز سۇپىدىن تارتىپ چۈشۈرۈشتى-دە، غەلىبە تەنتەنىلىرى ئىچىدە كوتىرىپ كېتىشتى.

شۇ چاغدا تۋېرسكايا كوچىسىدا، باش ۋالى ئۆيىنىڭ ئالدىدا توپ-نىڭ ئىچىدىن بىر يىگىت چىقىپ، سكوبېلېۋ ھەيكىلىگە يامىشىپ چىقتى-دە، ئۇنىڭ قىلىچىغا قىزىل لاتا باغلاپ قويدى. ھەممە "ئۇررا!" دەپ ۋاقىرايتتى. بىرنەچچە يوچۇن ئادەم ساقچى بولۇمىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ يەردىن دەرىزە ئەينەكلىرىنىڭ جاراڭلاپ سۇنغىنى ئاڭلاندى، كېيىن ئىس چىقىشقا باشلىدى. ھەممە "ئۇررا!" دەپ ۋاقىرىشاتتى. تۋېرسكوي سايىلىق كوچىسىدا، پۇشكىن ھەيكىلىنىڭ يېنىدا مەشھۇر بىر ئايال يازغۇچى ھوكىرەپ يىغلاپ، يېڭى ھايات تېگى توغرىسىدا سوزلەيتتى؛ كېيىن، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن، خىيال سۈرۈپ تۇرغان پۇشكىننىڭ قولىغا كىچىك بايراق تۇتقۇزۇپ قويدى. خالايىق "ئۇررا!" دەپ توۋلىدى، بۈگۈن پۈتۈن شەھەر مەستەك ئىدى. يېرىم كېچە بولغىچە ھېچكىم ئۆيىگە كەتمىدى. خالايىق توپ-توپ بولۇپ توپلىناتتى، سوزلىشەتتى؛ خوشاللىغىدىن يىغلايتتى، بىر بىرىنى قۇچاقلايتتى، قانداقتۇر تېلېگراممىلارنى كۆتۈشەتتى. ئۈچ يىل داۋام قىلغان تەشۋىش، نەپرەت ۋە قان توكۇشتىن كېيىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھىسسىياتى تولۇپ تاشقان ئىدى.

كاتە، داشا ۋە تېلېگىن گۈگۈم چۈشكەندە ئۆيىگە قايتىپ كېتىشتى. خىزمەتكار قىز لىزا پرېچىستېنسكى سايىلىق كوچىسىغا يىغىنغا كېتىپتۇ، ئاشپەز خوتۇن بولسا ئاشخانا ئىشىگىنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، ھور-ھور يىغلايتتى. كاتە ئىشىكنى ئاران ئاچقۇزدى.

— نىمە بولدى، مارفۇشا؟

www.uyghurkitap.com

— پادىشايىمىزنى ئۆلتۈرۈشۈپتۇ، — دېدى ئاشپەز خوتۇن ھوكىرەپ ۋە يىغلاۋېرىپ ئىششىپ كەتكەن ئاغزىنى قولى بىلەن يېپىپ ئۇنىڭدىن ئىسپىرت پۇرىقى كېلەتتى.

— بولمىغۇر گەپلەرنى قىلماڭ، — دېدى كاتە ئاچچىقى كېلىپ، — ھېچكىم ئۇنى ئۆلتۈرگىنى يوق.

كاتە چوگۇننى گاز ئوچىقى ئۈستىگە قويۇپ، جوزىنى يىغىشتۇرغىلى كەتتى. داشا مېھمانخانىدا دىۋاندا ياتاتتى، ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە تېلېگىن ئولتۇراتتى.

— ئىۋان، — دېدى داشا، — جېنىم، ئەگەر ئۇخلاپ قالسام، چاي تەييار بولۇشى بىلەن ئويغات، خويما چاي ئىچكۈم كەلدى.

ئۇ ياخشىلاپ جايلىشىۋالدى-دە، يۈزىنى ئالقىنىغا قويدى ۋە كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ:

— سېنى خويما ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

خىرە قاراڭغۇدا داشا ئورىلىپ ياتقان ياغلىق ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تىنىقى ئاڭلانمايتتى. ئىۋان ئىلىيچ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، يۈرىكى شۇنچىلىك بەختكە تولغان ئىدى. بولمە ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن يورۇق كۆرۈندى، كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، كاتە كىردى ۋە ئىۋان ئىلىيچنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، تىزىنى قۇچاقلاپ خېلى ۋاقىتقىچە جىم تۇرغاندىن كېيىن پىچىرلاپ سورىدى:

— داشا ئۇخلاپ قالدىمۇ؟

— چايغا ئويغىتىڭلار، دېگەن ئىدى.

— ئاشخانىدا مارفۇشا: پادىشا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دەپ ھوكىرەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىۋان ئىلىيچ، ئەمدى نېمە بولىدۇ؟... خۇددى توغاننى سۇ ئېلىپ كەتكەندەك... يۈرىكىممۇ ئېچىشىۋاتىدۇ: نىكولاي ئىۋانو-

ۋىچتىن كۆڭلۈم ئەنسىرەۋاتىدۇ... ئەتە ئەتىگەنرەك ئۇنىڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىشىڭىزنى سورايمەن... داشانى پېتروگراتتا قاچان ئېلىپ كەتمەكچىسىز؟

ئىۋان ئىلىئىچ جاۋاپ بەرمىدى. كاتە ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، داشانىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىغان يوغان ئەمما خوتۇن كىشىگە خاس جىددى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى-دە، كۈلۈمسىرىدى، كېيىن ئىۋان ئىلىئىچنى ئۆزىگە تارتىپ، پېشانىسىگە سۆيدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى پۈتۈن خەلق كوچىغا چىقتى. تۋېرسكايا كوچىسىدىن توپ-توپ خالايىقنىڭ ئارىسىنى يېرىپ، "ئۇررا" سادالىرى ئاستىدا نۇرغۇن ماشىنىدا ئەسكەرلەر مىلتىق نەيزىلىرى ۋە قىلىچلىرىنى چىقىرىپ ئۆتۈپ باراتتى. تاراقلاپ كېتىۋاتقان زەمبىرەكلەرنىڭ ئۈستىگە بالىلار چىقىۋالغان. قىلىچ كۆتەرگەن ياشقىنا ۋە جىددى يۈزلۈك قىزلار ۋە شەپقەتنى بىلمەيدىغان قورال-لىق ئوقۇغۇچىلار تەرتىپ ساقلاپ ئادەم ئۆتىدىغان يولنى ياقىلاپ مەينەت قار ئۈستىدە تۇرۇشاتتى. ئۇلار پىيادە خەلق ئەسكەرلىرى ئىدى. دۇكانچىلار شوتا قويۇپ چىقىپ، ۋىۋىسكىلاردىكى پادىشا بۈركۈتىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈشمەكتە ئىدى. چىرايى ئاغرىق كۆرۈنگەن قىزلار — تاماكا فابرىكىسىنىڭ ئىشچى قىزلىرى — كوچىلاردا لىۋ تولس-تويىنىڭ سۈرىتىنى كۆتىرىپ يۈرىشەتتى، — لىۋ تولستوي قويۇق قاشلىرىنىڭ تېگىدىن بۇ ئاجايىپ نەرسىلەرگە ھەيران بولۇپ قارايتتى. ئەمدى ئارتۇقچە ئۇرۇش بولمايدىغاندەك، نەپرەت-غەزەپ تۈگىگەندەك، قەيەرگىدۇر، قانداقتۇر ئىگىز بىر مۇنارىغا قىزىل بايراق قادالسا، پۈتۈن ئالەم كۈللى ئىنسانىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىگىنى بىلىدىغاندەك، خۇشاللىق، ئەركىنلىك، مۇھەببەت ۋە

ھاياتتىن باشقا ھېچقانداق كۈچ يوقتەك تۇيۇلاتتى...

پادىشانىڭ تەختتىن ۋازكەچكەنلىكى، ھاكىمىيەتنىڭ مىخائىلغا تاپشۇرۇلغانلىقى، مىخائىلنىڭمۇ پادىشالىقتىن ۋازكەچكەنلىكى توغرىسىدا تېلېگرامما خەۋىرى كەلگەندە ھېچكىم زادى ئەجەپلەنمىدى: بۇ كۈنلەردە بۇنىڭدىنمۇ بەك ھەيران قالارلىق خەۋەرلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

قىڭغىر-قىيشىق، ئېگىز-پەس ئۆگزىلەردە، قۇياش پېتىپ قىزارغان چەكسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. لىپا دەرەخلىرىنىڭ يالىڭاچ شاخلىرى قىمىر قىلمايتتى. دەرەخلەرنىڭ تۈۋى قاپ-قاراڭغۇ ئىدى، ئادەم ئۆتىدىغان يوللاردا توڭلاپ قالغان كۆلچەك سۇلارنىڭ مۇزلىرى قاراس-قۇرۇس قىلىپ سۇناتتى. داشا توختىدى، ئىۋان ئىلىچنىڭ قولتۇقىدىن تۇتقان قولىنى ئالماستىنلا پاكار تام ئارقىلىق نىكولانا كۈرىيخ نوژكاخ چېركاۋىدا يېنىپ تۇرغان چىراققا قارىدى.

چېركاۋ ۋە ئۇنىڭ ھويلىسى لىپا دەرەخلىرى ئارىسىدا، قاراڭغۇدا ئىدى، يىراقتىن ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ يېپىلدى، ئۇزۇن پەلتو ۋە سەللىگە ئوخشىغان قالپاق كىيگەن بىر كىشى ئايىغىدىكى پىيمىلىرى بىلەن قارنى غىچىرلىتىپ، ھويلىدىن ئۆتتى. كېيىن ئاچقۇچ شاراقلاپ، ئۇنىڭ ئالدىرىماستىن قوڭغۇراق بىناسىغا چىقىۋاتقىنى ئاڭلاندى.

— سوپا قوڭغۇراق چالغىلى كەتتى، — دېدى داشا ۋە بېشىنى كوتەردى. قوڭغۇراق بىناسىنىڭ پاقىرىغان گۈمبىزىدە پېتىۋاتقان قۇياش نۇرلىرى ئاۋلىناتتى.

قوڭغۇراق جاراڭلىدى، بۇ قوڭغۇراق ئۈچ يۈز يىلدىن بېرى

كىشىلەرنى تىنچ ئۇيقۇغا دەۋەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئىۋان ئىلىئىچ داشانىڭ قولىنى مەيدىسىگە قاتتىق سىقىپ باستى. داشا: بۇ نىمە؟ دەپ سورىغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى.

—كىرىشنى خالامسەن؟—ئىلدام پىچىرلاپ سورىدى ئۇ،—يۇر، ماڭ!...

ئىۋان ئىلىئىچنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كۈلۈمسىرىدى. داشا قاپىقىنى سىلىپ، يەرنى بىر تەپتى.

—دۇنيادا ئەڭ ياخشى كورگەن ئادىمىڭ بىلەن قولتۇقلىشىپ ماڭساڭ، دەرىزىدىن چىراق يورۇقىنى كورۇپ، نىكادىن ئوتۇش ئۇچۇن چېركاۋغا كىرسەڭ، بۇ كۇلكىلىك تۇيۇلامتىمۇ؟...—داشا يەنە ئىۋان ئىلىئىچنى قولتۇقلىۋالدى،—گېپىمنى چۇشەندىڭمۇ؟

# 39

—يۇقرالار، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئازات رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى، ماڭا سىلەرنى چوڭ بايرام بىلەن قۇتلۇقلاش شەرىپى تەگدى: قۇللۇق زەنجىرى ئۇزۇلدى. رۇس خەلقى بىر تامچا قان توكمەستىن، ئۇچ كۇن ئىچىدە تارىختا ئەڭ بۇيۇك ئىنقىلاپ قىلدى، پادىشا نىكولاي تەختتىن ۋازكەچتى، مىنىستىرلار قاماققا ئېلىندى، شاھزادە مىخائىل خانلىق تاجى كىيىشتىن باش تارتتى. ئەمدى پۇتۇن ھاكىمىيەت خەلق قولىغا ئوتتى. ۋاقىتلىق ھوكۇمەت دولەتنىڭ رەھبىرى ئورگىنى بولدى، پۇتۇن روسىيە ئاساسىي قانۇن چىقىرىش

مەجلىسگە توپ ـ توغـرا، ئومۇمى يۈزلۈك، تەڭ ۋە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن يېقىن ئارىـدا سايلام ئوتكۈزۈشكە هازىرلىق كورۇلۇشكە باشلىـدى... ياشىسۇن رۇس ئىنقىلاۋى! ياشىسۇن ئاساسي قانۇن چىقىرىش مەجلىسى! ياشىسۇن ۋاقىتلىق هوكۇمەت!...

ــ ئۇررا ــ ا ــ ا! ــ مىڭ ـ مىڭلىغان ئەسكەر توۋلىدى. نىكولاي ئىۋانوۋىچ سىموكوۋنىكوۋ خۇرۇم هەربى كىيىمىنىڭ يانچۇغىدىن چوڭ ياغلىق چىقىرىپ بۇرنىنى، يۈزىنى، ساقىلىنى سۈرتتى. ئۇ تاختايدىن قىلىنغان مۇنبەردە تۇرۇپ سوزلەيتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا يېقىندا جۇڭشياۋ ئۇنـۋانىنى ئالغان يىگىجاك تيوتكىن تۇراتتى، ئۇنىڭ شامال قارايتتۇەتكەن، كالتا ساقاللىق، يوغان بۇرۇنلۇق يۈزىدە پۈتۈن دىققەتنى بىر يەرگە يىغقانلىقنىڭ ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ "ئۇررا!" سادالىرى كوتىرىلىشى بىلەن، ئالقىنىنى شەپكىسىنىڭ لەمپىسگە ئېپكېلىپ، سالام قىلدى. مۇنبەر ئالدىدا، قار ئېرىپ، كولچەك سۇلار پەيدا بولغان تەكشى مەيداندا تومۇر قالپاق، يۇمشاق هەربى پەلتو كىيىپ، بەللىرىنى باغلىمىغان، مىلتىقسىز ئىككى مىڭچە ئەسكەر يۈزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىپ ـ قىزىل ئەپەندى سوزلەۋاتقان هەيران قالغۇدەك سوزلەرنى ئاغزىنى ئېچىپ ئاڭلاپ تۇراتتى. يىراقتا، تۇمان ئىچىدە كويىدۇرۇلگەن يېزىنىڭ تۇرخۇنلىرى قارىيىپ كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ بازىسى بار ئىدى. سوغاقچىلىق باسقان مەيدان ئۈستىدىن بىرنەچچە پاخپاق قاغا ئۇچۇپ ئوتتى.

ــ ئەسكەرلەر! ــ سوزىنى داۋام قىلدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ بارماقلىرى كېرىلگەن قولىنى ئالدىغا سوزۇپ؛ ئۇنىڭ بوينىغا قان يۈگۈرۈپ، قىزىرىپ كەتتى، ــ سىلەر تۈنۈگۈنلا پەس دەرىجىدىكى

كىشىلەر، بىر پادا مال ئىدىڭلار، سىلەرنى پادىشا ھۆكۈمىتى ئۆلۈمگە ئەۋەتتى. نىمە ئۈچۈن جېنىڭلارنى پىدا قىلىۋاتىسىلەر، دەپ سىلەردىن ھېچكىم سورىمايتتى... سىلەرنى كىچىككىنە، ئەرزىمىگەن گۈنا ئۈچۈن ئۇراتتى. سوت قىلماستىن ئېتىۋېتەتتى. (جۇڭشياۋ تيوتكىن پۈتىنى يوتكەپ يوتەلدى، ئەمما ئۈنچىقمىدى، دىققەت بىلەن ئاڭلىدى) مەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن غەربىي فۇرونت قوشۇنلىرىغا تەيىنلەنگەن سىياسى كومىسسار بولىمەن. مەن ھەممەيلەنگە ئېلان قىلىمەنكى، — نىكولاي ئىۋانوۋىچ خۇددى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىۋاتقاندەك بارماقلىرىنى يۇمدى، — بۇنىڭدىن كېيىن توۋەن دەرىجىلىك مەنسەپلەر يوق. بۇنداق مەنسەپلەر بىكار قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر — جەڭچىلەر روسىيە دولىتىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق پۇقرالىرى: ئەمدى ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇن كوماندىرلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولمايدۇ. "جاناپلىرى"، "ئالىلىرى"، "خوجام" دىگەن سوزلەر بىكار قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن: "سالام، جياڭجۈن ئەپەندى" يە بولمىسا: "ياق، جياڭجۈن ئەپەندى"، "شۇنداق جياڭجۈن ئەپەندى" دەيسىلەر. كىشىنى خارلىغۇچى: "خوپ، جاناپلىرى" ياكى "ياق، جاناپلىرى" دىگەن سوزلەر بىكار قىلىنىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ھەرقانداق ھەربى ئەمەلدارغا سالام بېرىش تۈزۈمىمۇ مەڭگۈ بىكار قىلىنىدۇ. خالىسىڭىز جياڭجۈن بىلەن قول ئېلىشىپ كورۈشۈۋېرىسىز...

— ھا — ھا، — ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن كۈلكە كوتىرىلدى. يۈرىگى پوكۇلداپ تۇرغان تيوتكىنمۇ كوزىنى چىمچىقلىتىپ ھىجايدى.

— ئاخىردا، ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئىلگىرى ئۇرۇشنى پادىشا ھۆكۈمىتى

ئېلىپ باراتتى، ئەمدى ئۇرۇشنى خەلق، مانا سىلەر ئېلىپ يارىسىلەر، شۇ سەۋەپتىن ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ھەممە قوشۇندا لىەن، يەڭ، توپ ۋە باشقىلار، تا ئارمىيىگىچە ئەسكەرلەر ھەيئىتى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ... ھەيئەتلەرگە ئۈزەڭگىلەر ئىشەنگەن يولداشلارنى ئەزا قىلىپ سايلاڭلار!... بۇنىڭدىن كېيىن ھەربى خەرىتە ئۈستىدە جۇنجاڭنىڭ قېرىنىدىشى يېنىدا ئەسكەرنىڭ قولىمۇ بىللە يۈرىدۇ... ئەسكەرلەر، مەن سىلەرنى ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇتۇغى بىلەن قۇتلۇقلايمەن!...

مەيداننى يەنە "ئۇررا—ا!" سادالىرى بېسىپ كەتتى. تيوتكىن قولىنى چېكىسىگە قويۇپ، تىك تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى كوكىرىپ كەتكەن ئىدى. خالايىق ئىچىدىن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— نېمىسلار بىلەن قاچان يارىشارمىز؟

— ھەر بىر كىشىگە قانچىدىن سوپۇن بېرىلەركىن؟

— مەن رۇخسەت سورىماقچى ئىدىم، بۇ توغرىدا قانداق كورسەتمە بارىكىن؟

— سىياسى كومىسار ئەپەندىم، ھازىر ئەھۋال قانداقراق تۇرىدۇ، — پادىشا سايلايمىزمۇ؟ ئۇرۇشنى كىم قىلىدۇ؟

نىكولاي ئىۋانوۋىچ سوئاللارغا ياخشىراق جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن مۇنبەردىن پەسكە چۈشتى، ئۇنى جەڭچىلەر دەررۇ ئوتتۇرىغا ئالدى. جوڭشياۋ تيوتكىن مۇنبەرنىڭ پەنجىرىسىگە تايىنىپ، بىرتالاي تومۇر قالپاق ئارىسىدا قالغان ھەربى سىياسى كومىسارنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ياڭاۋاشتاق بېشىغا ۋە سېمىز يەلكىسىگە قاراپ تۇراتتى. ھەربىچە كىيىمنى يەلكىسىگە ئارتىۋالغان، ۋاقتى خۇش ۋە جاھىل سېرىق ئەسكەر (تيوتكىن ئۇنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ تېلېفون لىەنىدىن ئىدى) نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ

بەلۋېغىدىن تۇتۇۋېلىپ، كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، گەپ سوراشقا كىرىشتى:

— ھەربى سىياسى كومىسسار ئەپەندىم، سىز بىزگە شىرىن-شىرىن گەپلەرنى قىلدىڭىز، بىزمۇ بۇ گەپلەرنى ئوبدان ئاڭلىدۇق... سىز ئەمدى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاپ بېرىڭ.

ئەسكەرلەرنىڭ ۋاقتى خۇش بولۇپ، نىكولاي ئىۋانوۋىچنى تېخىمۇ زىچراق ئورىۋالدى. جۇڭشياۋ تيوتكىن قاپاقلىرىنى سىلىپ، مۇنبەردىن ئەندىشە بىلەن چۈشتى.

— مەن سىزگە شۇنداق سوئال قويىمەن، — دىدى بايىقى ئەسكەر قاپ-قارا تىمىغىنى نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ بۇرنىغا توغرىلاپ، — يېزامدىن خەت ئالدىم، كالام ئولۇپ قاپتۇ، ئوزەم ئات-ئۇلاقسىز دىخانمەن، خوتۇنۇم باللىرىمنى يېتىلەپ، تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ... دىمەك، مەن ئەگەر غىپىلا قىلىپ تىكىۋەتسەم، بۇنىڭ ئۇچۇن سىز مېنى ئېتىۋېتىشكە ھەقلىقمۇ؟ قېنى، ئېيتىڭا؟...

— ئەگەر ئوزىڭىزنىڭ خۇسۇسى مەنپەئەتىڭىزنى ئازاتلىقتىن ئەۋزەل كورسىڭىز، خائىنلىق قىلىڭ، يۇدا① ئوخشاش خائىنلىق قىلىۋېرىڭ، روسىيە يۇزتۇرانە ھالدا: سىز ئىنقىلاۋى ئارمىيە ئەسكىرى بولۇشقا مۇناسىپ بولمايدىكەنسىز،... ئويىڭىزگە كېتىڭ! — دەيدۇ دەپ ۋاقىرىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ.

— سىز ماڭا ۋاقىرىماڭ!

— ئوزەڭ كىمسەن، بىزگە مۇنداق ۋاقىرايدىغان!...

---

① يۇدا — ئەيسانىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەيساغا خائىنلىق قىلغان. «تەۋرات»قا قارالسۇن. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ــ ئەسكەرلەر! ــ نىكولاي ئىۋانوۋىچ ئايىغىنىڭ ئۇچىدا كۆتىرىل-
دى، ــ بۇ يەردە ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتىدۇ... ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ بىرىنچى
قانۇنى، جاناپلار، ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىمىزغا نىسبەتەن سادىق
بولۇشتۇر... ئازات، ئىنقىلاۋىي رۇس قوشۇنلىرى يېڭى كۈچ ئارقىلىق
ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان جاھانگىر گېرمانىيىگە
زەربە بېرىشى كېرەك...

ــ ئاكوپتا يېتىپ پىت باققانمىدىڭ؟ ــ سورىدى قوپال بىر ئاۋاز.

ــ ئۇ ئۆمرىدە پىت دېگەننى كۆرۈپ باقمىغان!

ــ ئۇنىڭغا ئىككى-ئۈچ دانە پىت بەرگىن، بېقىپ كۆپەيتىۋالسۇن...

ــ سەن بىزگە قانداقتۇر ئەركىنلىك ھەققىدە گەپ قىلماي،
ئۇرۇش ئۈستىدە گەپ قىل، بىز ئۈچ يىل ئۇرۇش قىلدۇق... ئارقا
سەپتە قوساقنى سىلاپ يېتىشنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، بىز قانداق
قىلغاندا ئۇرۇشنى توختاتقىلى بولىدىغانلىغىنى بىلىۋالايلى
دەۋاتىمىز...

ــ ئەسكەرلەر! ــ يەنە ۋاقىرىدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ، ــ ئىنقىلاپ
بايرىغى كۆتىرىلدى، ئەركىنلىككە ئېرىشتۇق، ئەمدى غەلىبە قىلغىچە
ئۇرۇش قىلىمىز!...

ــ ۋاي، پاراسەتسىز، ئەخمەقەي...

ــ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇرۇشۇۋاتىمىز، غەلىبىدىن دېرەك يوققۇ...

ــ بولمىسا پادىشانى نېمىشقا ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق؟...

ــ ئۇلار، پادىشا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا يول قويمىدى، دەپ
ئۇنى ئەتەي ئاغدۇرۇپ تاشلىدى...

ــ يولداشلار، بۇ خائىن!...

جۇڭشياۋ تيوتكىن ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىنى بىلەكلىرى بىلەن

يېرىپ، نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ يېنىغا قاراپ قىستىلىپ بېرىشقا باشلى-
دى. گەۋدىسى يوغان، مۇكچەيـگەن، قاراراق زەمبىرەكچى سىياسى
كومىسارنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىـدى ۋە:
ــ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟... گەپ قىـل، نېمىشقا كەلدىڭ؟
بىزنى ساتقىلى كەلدىڭمۇ، ئىتنىڭ بالىسى!ــ دىـدى.
نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ دوغىلاق بېشى بارغانسېرى ئىچىگە كىرىپ،
خۇددى يۇزىگە بوياق بىلەن ياسالغاندەك تومپايغان ساقىلى ئۇ ياقتىن-
بۇ ياققا سىلـكىنەتـتى. ئۇ ھىـلىقى ئەسـكەرنى ئىتتىرىـمەن دەپ،
ئۇنىڭ كويـنىگـىنىڭ ياقىسـىنى يىرتىۋەتـتى. ئەسـكەرنىڭ تەلەتى
تۇرۇلدى، بېشىدىن تومۇر قالپىقنى ئالدى-دە، نىـكولاي ئىۋانو-
ۋىچنىڭ بېشىغا ۋە يۇزىگە راسا سالدى...

# 40

كېچىـلىك قاراۋۇل بىلەن بىر خەلق ئەسكـىرى مۇراۋېيېچكـىنىڭ
ئالتۇن -كۇمۇش دۇكىنىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا ئۇزئارا ئاستا سوھبەت-
لىشىپ ئولتۇراتتى. كوچىدا ھېچكىم يوق، دۇكانلار يېپىـق. تېخـى
بىخ چىقارمىغان ئاكاتسىيىلەر ئارىسـىدىن كۆرۇلـدەپ ئوتۇۋاتـقان
مارت شامىلى تامدىكى بىر چېـتى سويۇلۇپ كەتـكەن "ئەركىنـلىك
زايومى" ئېلانىنى شىلدىرلىتىپ تۇراتتى. جەنۇپنىڭ يارقىن ۋە مىدۇ-
زىـدەك جانـلىق ئېپـىى شەھەر ئۇستىـدە، ئـىگىز ئاسمانـدا ئۇزۇپ
يۇرەتـتى.

www.uyghurkitap.com

—شۇ چاغدا ئۇ ئۇزىنىڭ يالتادىكى داچىسىدا راھەتلىنىپ يۈرگەن ئىكەن،—دەپ ئالدىرىماستىن ھېكايە قىلاتتى كېچە قاراۋۇلى،—بىر كۈنى، ئاق ئىشتىنىنى كىيىپ، ھەممە ئۇردېنىنى قاداپ، كوچىغا سەيلە قىلغىلى چىقىپتۇ. شۇ چاغدا كوچىدىلا ئۇنىڭ قولىغا تېلېگىرامما تۇتقۇزۇلۇپتۇ، ئۇنىڭدا پادىشانىڭ تەختتىن ۋازكەچكەنلىكى يېزىلغان ئىكەن. ئۇ بۇ تېلېگىراممىنى ئوقۇپ، قەدىناس دوستۇم، خالايىقنىڭ ئالدىدىلا يىغلاپ كېتىپتۇ.

—ۋاي بىچارىيەي!...دېدى خەلق ئەسكىرى.

—بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتۇ.

—نىمە سەۋەپتىن؟

—ئۇ ئولكە باشلىغى ئىدى-دە، ھازىر ئۇنداقلار يوق قىلىنغان.

—ۋاي بىچارە،—دېدى خەلق ئەسكىرى ئاكاتسىيىلەرنىڭ تۈۋىدىن ئاي كولەڭگىسىدە ئۆز ئىشى بىلەن كېتىۋاتقان قارا مۈشۈكتىن كوزىنى ئۈزمەي.

—... پادىشا ھەزرەتلىرى شۇ چاغدا موگىلېۋدا ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە ئىكەن. ھېچنىمىدىن غەم قىلماي، راھەتنى قىلىپ يېتىۋېرىدىكەن. كۈن بويى ئۇخلاپ، كېچىلىرى قەيەردە قانداق جەڭ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇيدىكەن.

—بۇ بەتبەخ ئۇسسىغاندەك تۇرىدۇ، سۇغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ،—دېدى خەلق ئەسكىرى.

—كىمنى دەۋاتىسەن؟

—سىنوپلىنىڭ تاماكا دۇكىنىدىكى مۈشۈك سەيلىگە چىقىپتۇ.

—خوش، ياخشى. ئۇلار بىردىنلا پادىشا ھەزرەتلىرىگە ئەھۋال شۇنداق، پېتېربۇرگدا خالايىق ئىسيان كوتىرىپ چىقتى، ئەسكەر-

لەر خالايىققا قارشى چىقىشنى خالىمىدى، ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقىلە-شىپ كېتىشمەكچى، دەپ تېلېگىراما بېرىپ قالىدۇ. بۇمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ پادىشا ھەزرەتلىرى. ئۇ بارلىق ئوردىنىنى قاداپ، ھەممە جياڭجۇننى يىغىپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ”پېتېربۇرگدا خالايىق ئىسيان كوتىرىپتۇ، ئەسكەرلەر خالايىققا قارشى چىقىشنى خالىماپتۇ، ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقىلىشىپ كەتمەكچى ئىمىش. خوش، ئەمدى مەن نىمە قىلاي؟ پىكرىڭلارنى ئېيتىڭلار“ دەپتۇ-دە، جياڭجۇنلەرگە قاراپتۇ، جياڭجۇنلەر بولسا ئۇنىڭغا پىكىرلىرىنى ئېيتىشماستىن تەتۈر قارىشىۋاپتۇ...

—ۋاي ئەتتەگەي، يامان بوپتۇ-ھە!

—جياڭجۇنلەرنىڭ بىرى تەتۈر قارىماپتۇ، ئۇ غەرق مەس بوۋاي ئىكەن. ”ھەزرىتى ئالىيلىرى،—دەپتۇ جياڭجۇن،—بۇيرۇڭ، ھازىرقى ۋاقىتتا سىز ئۈچۈن جېنىمنى ئايىمايمەن“. پادىشا ھەزرەتلىرى ئاچچىق كۈلۈپتۇ-دە، بېشىنى چايقاپتۇ ۋە ”ماڭا سادىق بولغان ھالال ئادەملىرىمدىن پەقەت بىرى قاپتۇ، ئۇمۇ ئەتىدىن-كەچكىچە مەس. ئەقىدىر شۇ ئىكەن، پادىشالىقىم تۈگىگەنگە ئوخشايدۇ. بىر ۋاراق ئالاقە قەغىزى كەلتۈرۈڭ. تەختتىن ۋازكەچكەنلىكىم توغرىسىدا پەرمانغا قول قوياي“ دەپتۇ.

—قول قويۇپتىمۇ؟

—قول قويۇپتۇ-دە، ئاچچىق،—ئاچچىق يىغلاپتۇ.

—ۋاي بىچارىيەي!...

شۇ چاغدا دۇكان يېنىدىن ئىگىز بويلۇق، قۇلاقچىسىنى كوزىگىچە باستۇرۇپ كىيگەن بىر ئادەم ئوتۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر قولى يوق، بوش يېڭىنى يوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ دۇكاننىڭ يېنىدا

ئولتۇرغانلارغا قارىدى — چىشلىرى ئوچۇق ئاقىرىپ كورۇندى.

— بۇ ئادەم شۇنىڭ بىلەن توت مەرتىۋە ئوتتى، — دىدى قاراۋۇل.

— كورۇنۇشىدىن باندىتتەك قىلىدۇ.

— ئۇرۇشتىن كېيىن باندىتلارنىڭ كوپىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىمامسەن، بۇرادەر، بۇرۇن باندىتنىڭ ئۇرۇقى بولمىغان جايلاردىمۇ باندىت پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلارنى ئارتىس دەيسەن، تېخى.

يىراقتا قوڭغۇراق بىناسىدىكى قوڭغۇراق ئۇچ قېتىم داراڭلىدى، خورازلارمۇ ئىككىنچى قېتىم چىللاشقا باشلىدى. كوچىدا بايىقى سىڭا قوللۇق كىشى يەنە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ ئىككى كىشىگە ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل مېڭىپ، دۇكانغا كەلدى. بۇ ئىككى كىشى ئۇنىڭغا ئۇن-تىنسىز تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشتى. قاراۋۇل بىردىنلا خەلق ئەسكىرىگە جىددى هالدا:

— بىز تۈگىشىدىغان بولدۇق، ئىۋان، تېزرەك پوشتەك چالغىن، — دەپ پىچىرلىدى.

خەلق ئەسكىرى پوشتىكىگە ئەمدىلا قول ئۇزاتقان ئىدى، بىراق سىڭا قوللۇق كىشى ئۇنىڭ يېنىغا بىر سەكرەپ كەلدى-دە، مەيدىسىگە پوتى بىلەن بىر تېپىپ، قاراۋۇلنىڭ بېشىغا تاپانچا پايىنىگى بىلەن بىر ئۇردى. شۇ چاغدا دۇكان ئىشىگى ئالدىغا ئەسكەرچە كىيىم كىيگەن، قامىتى كېلىشكەن، يوغان، بۇرۇتلۇق بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ، خەلق ئەسكىرىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، بىر پەستە ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلىدى.

سىڭا قوللۇق كىشى بىلەن قامىتى كېلىشكەن كىشى بىرلىكتە قولۇپنى ئېچىشقا باشلىدى. ئۇلار مۇراۋىيېچىكنىڭ دۇكىنىنى ئېچىپ،

ھۇشىدىن كەتكەن قاراۋۇل بىلەن قولى باغلانغان خەلق ئەسكىرىنى دۇكان ئىچىگە سورەپ كىرىشتى. ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.

بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدىلا ئىش پۈتتى: قىممەت باھالىق تاشلار ۋە ئالتۇن بۇيۇملار ئىككى تۇگۈن قىلىپ تۈگۈلدى. كېيىن قامىتى كېلىشكەن كىشى:

— بۇلارنىچۇ؟ — دېدى ۋە يەردە ياتقان خەلق ئەسكىرىنى ئوتۇگى بىلەن تەپتى.

— ئەزىزلەر، ياخشى كوڭۇللۇك دوستلار، ئولتۇرمەڭلەر، — دېدى خەلق ئەسكىرى ئاڭلىنار-ئاڭلانماس ئاۋاز بىلەن، — ئولتۇرمەڭلەر، ئەزىزلىرىم...

— كەتتۇق، — دېدى سىڭا قوللۇق كىشى كەسكىنلىك بىلەن.

— بۇلار ئېيتىپ قويارمىكىن دەيمەن.

— يۈر، كەتتۇق، ھارىمى! — ئاركادى ژادوۋ تۇگۈننى چىشلەۋېلىپ، شىرىنگىگە تاپانچىسىنى تەڭلىدى. شىرىنگى كۈلدى-دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. كوچىدا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ھېچكىم يوق ئىدى. ئىككى كىشى دۇكاندىن بىمالال چىقتى-دە، دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ، "كابىرنى داچىسى" تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

— بەتبەخ، باندىت، ئىپلاس! — دەپ تىللايتتى ژادوۋ يېنىدىكى شىرىنگىنى، — مېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىمەكچى بولساڭ، بۇنداق ئىشنى قىلما، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم.

— قېنى، تۇگۈننى ماڭا بەرگىن، بېرىپ قېيىقنى تەييارلا. مەن خوتۇنۇمنى ئېلىپ چىقىمەن. تاڭ ئاتاردا دېڭىزدا بولۇشىمىز كېرەك.

— يالتاغا كېتىمىزمۇ؟

— بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. يالتاغا بارىمىزمۇ ياكى ئىستام-بۇلغىمۇ... ئىختىيار مېنىڭدە.

# 41

كاتە ئۆزى يالغۇز قالدى. تېلېگىن بىلەن داشا پېتروگراتقا كەتتى. كاتە ئۇلارنى ئۇزاتقىلى ۋوگزالغا چىقتى، كېتىدىغان ئىككىلىسىنىڭ خىيالى پەرىشان، خۇددى ئۇيقۇسىرىغاندەك ئىدى، كاتە ئۆيگە كەچ قايتتى.

ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. مارفۇشا بىلەن ئۆي خىزمەتچىسى لىزا يىغىنغا كېتىشكەن، ئاشخانىدا تاماكا ۋە گۈل پۇراقلىرى تېخىچە-لا دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يىغىشتۇرۇۋېلىنمىغان قاچا-قومۇش-لارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چېچەكلىگەن ئالچا دەرىخى تۇراتتى. كاتە ئۇزۇن بويۇنلۇق سۇ قاچىسىدىن تەشتەككە سۇ قۇيدى. قاچا-قومۇشلارنى يىغىشتۇرۇۋالدى-دە، چىراقنىمۇ ياقماستىن ئۈستەل يېنىغا كېلىپ دەرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇردى، تاشقىرىدا بۇلۇت قاپلىغان ئاسمان قارىيىپ باراتتى. ئاشخانىدا سائەت چىكىلداپ تۇراتتى. بىركىمنىڭ يۈرىگىنى غەم بېسىپ، سىقىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سائەت ئۆزىنىڭ يۈرۈشىنى توختاتمايدۇ، يۈرسۇۋېرىدۇ. كاتە ئۇزۇنغىچە قىمىر قىلماي ئولتۇردى، كېيىن كىرىسلودىن تور ياغلىقنى ئېلىپ مۈرىسىگە ياپتى-دە، داشانىڭ بولمىسىگە كىردى. خىرە — قاراڭغۇدا بوشاپ قالغان كارۋاتنىكى يول-يول كۆپتۈرمە

چۇشەك كورۇنەتتى، ئورۇنندۇقتا شلەپە سالىدىغان بوش قۇتا تۇراتتى، يەردە قەغەز پارچىلىرى، لاتا-پۇتىلار چېچىلىپ ياتاتتى. كاتە داشانىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ھېچنىمىسىنى قالدۇرمىغانلىقىنى كورۇپ خورلۇغى كەلدى. ئۇ كارۋاتتىكى يوللۇق كوپتۇرمە چۇشەكتە ئولتۇردى-دە، ئاشخانىدىكىدەك، ئۇزۇنغىچە قىمىر قىلماي تۇردى.

ئاشخانىدىكى سائەت ئونىنى ئۇردى. كاتە ياغلىغىنى مۇرىسىگە ئارتىپ، ئاشخانىغا كىردى. ئۇ توختاپ، ئازراق قۇلاق سېلىپ تۇردى، كېيىن ئايىغىنىڭ ئۇچىدا كوتىرىلىپ تاختا بېشىدىن ئاشخانا دەپتىرىنى ئالدى، ئۇنىڭ تازا ۋارىغىنى يىرتىپ، قېرىنداش قەلەم بىلەن: "لىزا، مارفۇشا، ئەتىدىن-كەچكىچە ئوينى يالغۇز تاشلاپ كېتىشىڭلار ئۇيات ئەمەسمۇ" دەپ يازدى. ھەتتا بىر تامچا كوز يېشىمۇ تامدى. كاتە خەتنى ئاشخانا ئۇستىلىگە قويۇپ، ياتاققا كىرىپ كەتتى. ياتاقتا ئىلدام يېشىنىپ، كارۋاتقا چىقىپ، ئۇخلاپ قالدى.

يېرىم كېچە بولغاندا ئاشخانا ئىشىگى تاراقلىدى. لىزا بىلەن مارفۇشا بىر بىرى بىلەن ۋاقىراپ سوزلىشىپ ئاشخانىغا كىرىشتى، كېيىن جىم بولۇپ قالدى-دە، بىردىنلا كۇلۇۋېتىشتى، خەتنى ئوقۇغان بولسا كېرەك. كاتە كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قىمىر قىلماي يېتىۋەردى.

كېيىن، ئاشخانىدىمۇ جىمىلىق ھوكۇم سۇردى. سائەت بىرنى ئۇردى. كاتە ئوگدىسىغا ئورۇلدى-دە، يوتقاننى ئايىغى بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، خۇددى دېمى بوغۇلغاندەك، بىرنەچچە مەرتىۋە ئېغىر تىن ئالدى، كارۋاتتىن سەكرەپ چۇشۇپ، ئېلېكتىر چىراقنى ياقتى-دە، چوڭ تاشەينەك ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۇندۇزى كىيد-

www.uyghurkitap.com

دىغان نىپىز ئىچ كوينىگى تىزىغىمۇ چۈشمەيتتى. كاتە بىرەر نەرسىدىن تەشۋىشلەنگەندەك، ئەينەككە قارىدى، كالپۇگى تىترەپ كەتتى. ئەينەككە يەنە يېقىنراق كەلدى-دە، ئۇڭ چېكىسىدىن چاچلىرىنى كوتىرىپ قارىدى، "ھە، ھە، ئېيتقىنىم، مانا، مانا، يەنە، مانا..." ئۇ پۈتۈن يۈزىگە قارىدى. "ئۇزەم ئېيتقىنىم،... بىر يىلدىن كېيىن چېچىم ئاقىرىدۇ، كېيىن قېرىيمەن." كاتە چىراقنى ئۆچۈردى-دە، ئورنىغا بېرىپ يېتىپ، كوزىنى بىلىگى بىلەن ياپتى. "شۇنچە ئومۇر كورۇپ تېرىقچە بەخت كورمىسەم-ھە... ئەمدى بولدى...ئەمدى ھېچكىمنىڭ قولى مېنى قۇچاقلاپ قىسمايدۇ، ھېچكىم ئەمدى سويۈەلۈگۈم، قىممەتلىكىم، جېنىم دىمەيدۇ..."

ئاچچىق خىياللار ۋە ئەپسۇسلار ئارىسىدا كاتە بىردىنلا نەم قۇملۇق چىغىر يول، ئەتراپتىكى مايسىلار، ھەيۋەتلىك لىپا دەرەخلىرىنى ئېسىگە ئالدى.... كاتە ئۇچىسىغا بېغىررەڭ كىيىم، قارا پەرتۇق كىيىپ، چىغىر يولدا ئوزى يالغۇز كېتىپ باراتتى، بەتىنىكىسىنىڭ تېگىدە قۇم غىچىرلايتتى. كاتە ئوزىنىڭ ناھايىتى نازۇك، مەھكەم ئىكەنلىكىنى سېزەتتى، شامال چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن — چىغىر يولدىن ئەمەس، نەم ئوت ئۈستىدىن ئاليۇشا دىگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋەلسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. كاتە كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى چەتكە ئورۇدى. ئاليۇشا بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن: "مېنى سويمەسلىكىڭىزنى بىلىمەن. مەن پەقەت شۇنىلا ئېيتقىلى كەلدىم. مەن ئومرۇمنى بىرەر خىلۋەت تومۇريول ئىستانسىدا ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن، خەير-خوش!..." دىدى. ئاليۇشا ۋەلسىپىتىگە مىنىپ، مايسىلىقتىن كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئوت ئۈستىدە ئۇزۇن ئىز قالدى... كۈلرەڭ پەلتو كىيگەن

يەلكىسى يەنە مۈكچەيدى، ئاق قۇلاقچىسى مايسا ئارىسىدا كورۈن-
مەيتتى. كاتە: "ئالىيۈشا، قايتىڭ!" دەپ ۋاقىرىدى.

...ئۇيقۇسىزلىقتىن ھارغان شۇ جۇگان ئەنە شۇ چىغىر يولدا تۇرغانمۇ؟ يامغۇر پۇرىغىنى كەلتۇرگەن ياز شاملى ئۇنىڭ قارا پەر-تۇغىنى يەلپۈپ ئۇچۇرغانمىدى-ھە؟ كاتە كارۋاتتا ئولتۇردى. ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، جەينەكلىرىنى تىزىغا قويۇپ، خىيال سۈردى. خىرە يانغان چىراقلار، قار ئۇچقۇندىلىرى، يالىڭاچ دەرەخلەر ئارىسىدا شامالنىڭ ھۇۋۇلدىشى، چاننىڭ يۈرەكنى ئېزىد-ۋەتكۈدەك غىچىرلاشلىرى، بېسسونوۋنىڭ سوغاق كوزلىرى ئۇنىڭ خىيالىدىن كەينى-كەينىدىن ئوتتۈەردى... ئاجىزلىق، بوشلۇق لەززىتى... "قانداق بولاركىن" دىگەن يىرگىنچلىك ھەۋەس...

كاتە يەنە ياتتى. قوڭغۇراق ئاۋازى ئوي جىملىغىنى بۇزدى. كاتەنىڭ بەدىنى جىمىرلىشىپ كەتتى. قوڭغۇراق يەنە چېلىندى. ئاچچىغى كەلگەن لىزا دالاندىن يالاڭغىداق ئوتۇپ، ئالدىنقى ئىشىك زەنجىرىنى شاراقلىتىپ ئاچتى، ئاردىن سەل ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن ياتاقخانا ئىشىگى قېقىلدى:

— خېنىم، سىزگە تېلېگىرامما كەپتۇ.

كاتە تەلەتنى تۇرۇپ ئۇزۇنچاق كونۋېرتنى ئالدى-دە، ئاچتى. خەتلەر مىدىرلايتتى.

— لىزا، — دىدى ئۇ قورقىنىدىن لەۋلىرىنى تىترەك باسقان قىزغا قاراپ، — نىكولاي ئىۋانوۋىچ ۋاپات بوپتۇ.

لىزا ھوكىرەپ يىغلىۋەتتى. كاتە ئۇنىڭغا: "چىقىڭ، كېتىڭ" دىدى. كېيىن ئۇ تېلېگىراممىدىكى شۇم ھەرپلەرنى ئىككىنچى مەرتىۋە ئوقۇپ چىقتى: "نىكولاي ئىۋانوۋىچ شەرەپلىك خىزمەت

ئورنىدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ تۇرغان چاغدا ئېغىر يارىدار بولۇپ قازا تاپتى. ئۇنىڭ جەسىدى بىرلەشمە جەمئىيەت خىراجىتى بىلەن موسكۋاغا كەلتۈرۈلدۇ..."

كاتەنىڭ كۆڭلى ئاينىپ، بېشى ئايلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، ئۇ ياستۇقتا قولىنى ئۇزاتقان ئىدى، ھوشىدىن كەتتى...

ئەتىسى، كاتەنىڭ ئۆيىگە قويۇق ساقاللىق، يۈزى ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان، مەشھۇر جامائەتچى ۋە لىبىرال كىنەز كاپۇستىن-ئۇنژېسكى كېلىپ ئەھۋاللاشتى، ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى كۈنى ئادۋوكاتلار كۇلۇبىدا نۇتۇق سۆزلىگەن كىشى شۇ ئىدى، ئۇ كاتەنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ پاخپاق جىلتىكىسىگە بېسىپ، مەرھۇم نىكولاي ئىۋانوۋىچ بىلەن بىللە ئىشلىگەن تەشكىلات نامىدىن، ئۆزى سىياسى كومىسسار يازدەمچىسى سۈپىتىدە ئىشلەۋاتقان موسكۋا شەھىرى نامىدىن، روسىيە ۋە ئىنقىلاپ نامىدىن، مەسلەك يولىدا ۋاقىتسىز ھالاك بولغان شانلىق جەڭچىگە چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

كىنەز كاپۇستىن-ئۇنژېسكى كورۇنۇشىدىن، يۈرۈش-تۇرۇشىدىن شۇنچىلىك بەختلىك، ساغلام خۇشچاخچاق ئىدى، ئەمدى ئۇ شۇنچىلىك ئەپسۇسلىناتتى، ئۇنىڭ ساقىلى ۋە جىلتىكىسىدىن شۇنچىلىك خۇش پۇراق تاماكا پۇرىغى كېلەتتىكى، بۇلاردىن كاتە ئۆزىنى سەل يېنىك سەزدى؛ كاتە كىنەزگە ئۇيقۇسىز ۋە پارقىرىغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ، قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاچتى:

— نىكولاي ئىۋانوۋىچنى شۇنداق سۆزلەر بىلەن تەرىپلىدىڭىز، رەھمەت...

كىنەز يوغان قولياغلىقىنى چىقىرىپ، كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئۇ

بوينىغا چۈشكەن ئىغىر ۋەزىپىنى ئورۇنلىدى ـ دە، كەتتى، كوچىدا تۇرغان ماشىنىسىنىڭ غىرىلداپ يۈرۈپ كەتكەنلىكى ئاڭلاندى. كاتە يەنە ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈردى، كورۇنۇشى شىردەك يوچۇن جياڭجۇنىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا توختىدى، قولىغا ئالبوم، كىتاپ، قاپقىغا پاقا چىشلىگەن كوك قوتاننىڭ رەسىمى سىزىلغان جۇڭگو قۇتىلىرىنى ئالدى، كېيىن يەنە تاملارغا، دەرىزە پەردىلىرىگە قاراپ مېڭىپ يۈردى... چۈشتە تاماقنا قولمۇ تەككۈزمىدى. "ئوزدـ گىزنى تولا قىينىماڭ، مۇرابىا يەڭ" دىدى خىزمەتكار قىز لىزا. كاتە لەۋلىرىنى ئاچمىدى، بېشىنى چايقىدى. داشاغا قىسقىچە بىر پارچە خەت يازغان ئىدى، ئۇنى دەررۇ يىرتىپ تاشلىدى.

ئۇ يېتىپ ئۇخلىۋالماقچى بولدى. بىراق ئورۇنغا كىرىپ يېتىش ئۇنىڭغا تاۋۇتتا يېتىشتەك تۇيۇلدى، تۇنۇگۇنكى كېچىنى ئوتكۈزۈش ئۇنىڭغا ناھايىتى تەس كەلگەن ئىدى... ھەممىدىن قاتتىق ئەلەم نىكولاي ئىۋانوۋىچقا بولغان ئىچىنىش ئىدى: ئۇ مېھرىۋان، ياخشى، ئىنتائەتلىك بىر ئادەم ئىدى... ئۇنى شۇنداقلىغىچە سويۇش كېرەك ئىدى... كاتە بولسا ئۇنى قىينىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاۋال ئاقارغىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. كاتە دەرىزىدىن رەڭسىز، خىرە ئاسمانغا قاراپ، بارماقلىرىنى سىقىپ قارىسلداتتى.

ئەتىسى ماتەم مۇراسىمى ئوتكۈزۈلدى، يەنە بىر كۈندىن كېيىن نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ جەسىدى دەپنە قىلىندى. قەۋرىستانلىقتا ياخشى نۇتۇقلار سوزلەندى: مەرھۇم دېڭىز دولقۇنىدا ھالاك بولغان ئالباتروسقا، شانلىق ئومرى بويىچە مەشئەل كوتىرىپ ئوتكەن كىشىگە ئوخشىتىلدى. كومۇش مۇراسىمىگە كېچىكىپ كەلگەن مەشھۇر سوتسىيال ئىنقىلاپچى، كوزەينەك تاقىغان پاكار كىشى كاتەگە:

"قېـنى، بىر چەتـتە تۇرۇڭ، ئايال پۇقـرا!" دەپ توۋلاپ، ئۇنى تۇرتتى ـ دە، قەۋرىـسىنىڭ ئاغزىـغا ئۇتۇپ، نىـكولاي ئىۋانوۋىچـنىڭ ئۇلۇمىنىڭ شۇ سوزلەۋاتقان ناتىقنىڭ پارتىيىـسى ئەمەل قىلـغان يەر سىياسىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى ئېيتىپ سوزلەشكە باشلـىدى. ئۇنىڭ قوپال بەتىنـكە كىيـگەن ئاياقلىرىـنىڭ تېگىدىن توپا ـ داڭـگا لـلار دومىلىنىپ، قەۋرىدە تۇرغان تاۋۇتـقا تاراقـلاپ چۇشەتتى. كاتەنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇپ، تامىغى بوغۇلدى. ئۇ ھېچكىمگە بىلدۇرمەستىن، ئادەملەر ئارىسىدىن ئاستا چىـقىپ، ئويىگە قايـتىپ كەتتى.

ئۇ پەقەت يۇيۇنۇۋېلىپلا، كېيىن ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ ئۇخلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئويگە كىرىـشى بىلەن، دەھـشەت باستى. گۇللۇك قەغەزلەر، رەسىملەر، كوك قوتان سۇرىـتى سىزىلغان قۇتا، ئاشخانىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن داستىـخان، چاڭ باسـقان دەرىزىـلەر ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرەكنى ئېزىۋېتەتـتى! كاتە ۋانـىنىغا سۇ قۇيدۇردى ـ دە، ئىلمان سۇغا چۇشتى. ئوزىنىڭ قانچىـلىك ھارغان ـ لىقىنى ئەمدى بىلىنـگەن ئىـدى. ئۇ ئاران ياتاقـقا يېتىۋالـدى ـ دە، ئورۇننى ئاچماسـتىنلا ئورۇنـىنىڭ ئۇسـتىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالـدى. چۇشىدە قوڭـغۇراق، ئاياق تاۋۇشـلىرى، بىراۋلارنىڭ سوزلەشـكەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى، كىمدۇر ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقـتى، كاتە ئۇنچىقـ ـمىـدى.

كاتە قاراڭغۇ چۇشكەندە ئويـغانـدى، ئۇنىڭ يۇرىـكى سىقـىلىپ تۇردى. "نىمە، نىمە؟" دەپ قورقۇپ سورىدى ئۇ كوڭلىدە، كارۋاتـ ـتىن قەددىنى كوتىرىپ؛ ئۇ بىر دەمگىچە بۇ يەنە چۇشۇم بولمىسۇن دەپ ئىشىنىپمۇ ياتتى. كېيىن يەنە بىر ھازاغىچە بۇ ئادالەتسىزلـىك

نىمە ئۈچۈن، نىمشىقا مېنى بۇنچە قىينايدۇ، ئازاپلايدۇ؟ دەپ ئويلاپ ياتتى. كېيىن پۈتۈنلەي ئويغىنىپ، چاچلىرىنى تۈزىدى، كەشنى ئايىغىغا ئىلدى-دە، ئېنىق ۋە روشەن ھالدا: "ئەجەپمۇ تويدۇمغۇ" دەپ ئويلىدى.

كاتە تامدا ئېسىقلىق تۇرغان كىچىك بىر دورا ئىشكاۋىنى ئالدىرىماي ئاچتى ۋە بوتۇلكىلارغا يېپىشتۇرۇلغان قەغەزلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى، مورفى سېلىنغان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ پۇراپ كوردى، ئۇنى قولىدا قاتتىق تۇتقىنىچە ئاشخانىغا رومكا ئىزدەپ كەتتى، بىراق ئاشخانىدا چىراق يېقىلغانلىقىنى كورۇپ توختىدى. "لىزا، سىزمىدىڭىز؟" دەپ سورىدى ئۇ ئاستا ۋە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قاردى: دىۋاندا ھەربىرچە كىيىم كىيگەن، تازا قىرىلغان بېشى قارا لاتا بىلەن باغلانغان كىشى ئولتۇراتتى. دىۋاندا ئولتۇرغان ئادەم دەررۇ ئورنىدىن تۇردى، كاتەنىڭ تىزلىرى تىترەپ، يۇرىگى جىغىدا قىلىپ كەتتى. كەلگەن كىشى ئۇنىڭغا قورقۇپ، كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇراتتى، لەۋلىرى قاتتىق يۇمۇلغان ئىدى. ئۇ ۋادىم پېترووۋىچ روششىن ئىدى. كاتە ئىككى قولىنى مەيدىسىگە باستى. روششىن كوزلىرىنى ئىزچىل ئۇنىڭغا تىكىپ، سوزلەرنى بولۇپ-بولۇپ دىدى:

— مەن سىزگە بولغان ھورمىتىمنى ئىزھار قىلغىلى كەلدىم. خىزمەتچىڭىز بېشىڭىزغا كۆلپەت چۈشكىنىنى ئېيتتى. مەن پۈتۈن ھاياتىمنىڭ سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا ئىكەنلىگىنى ئېيتىش ئۈچۈن قالدىم.

كېيىنكى سوزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، ئورۇق چىرايى قىزاردى. كاتە قوللىرىنى مەيدىسىگە كۈچىنىڭ

بىرىچە باساتتى. روششىن ئۇنىڭ كوزلىرىگە قاراپ، يېنىغا بىرنىسا ياردەم بېرىش كېرەكـلىگىنى سەزدى. ئۇ كاتەنىڭ ئالـدىغا يېقىن بارغاندا، كاتەنىڭ چىشى چىشىغا تەگمەي دىـدى:

ــ ياخشىمۇسىز، ۋادىم پېترووۋىچ...

روشـشىن كاتەنى تۇتماقـچى بولۇپ قولـىنى كوتەردى، قولـدا بوتۇلـكىنى قاتـتىق تۇتۇپ تۇرغان كاتە شۇنـچىلىك بەخـتـسىز ۋە ئاجىز ئىـدى، ىىراق روششىن قولـىنى دەررۇ چـۇشۇرۇپ، ئوگـى ئوچۇپ كەتتى. كاتە بىردىنلا خوتۇنلۇق سەزگۈسى بىلەن: بەختسىز، گۇناكار، يارىماس، يىغـلاپ كوز ياشـلىرى تۆكمەيـدىغان، مورفى سېلىنغان بوتۇلكا تۇتـقان كىچىكـكىنە ئوزىـنىڭ ئەنە شۇ كـىشىگە قىممەت ئىكەنلىگىنى سەزدى. بۇ كىشى ئۇنىڭ جېنىـنى ئوز جېنىغا قوبۇل قىلىشـقا ئۇنچىقـماي، جىددىـلىك بىلەن كۇتۇپ تۇراتـتى. كاتە ھېچ نەرسە دىـيەلمـىدى، كوز ياشـلىرىنى ئاران توختـتىپ، ۋادىم پېترووۋىچنىڭ قولـىغا ئىگىشـتى ـ دە، يۈزىـنى ۋە لەۋلـىرىنى ئۇنىڭ قولىغا بېسىپ سويگىنىچە قالدى.

# 42

داشا دەرىزىنىڭ مەرمەردىن قىلىنغان تاكچىسىغا تايىنىپ، تاشقىـرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. كامېننو ـ ئوستروۋسكى كوچىسـىنىڭ نېرىقى يېقىدا، قاپ ـ قارا بولۇپ كورۈنـگەن ئورمان ئارقىسـىدا ئاسـماننىڭ يېرىمى پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرلىرىدا قىزىرىپ تاۋلىناتـتى. داشا ـ

نلاڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىۋان ئىلئىچ ھەتتا خالىغىنىچە قىمرلالـ
سىمۇ — داشا بەرىبىر ئەمدى بۇ ئويدىن ھېچ قەيەرگە كېتەلمەيتتى —
خوتۇنىغا قاراپ قىمرلىماي ئولتۇراتتى.

— قانداق غەمكىن، قانداق گۈزەل، — دېدى داشا، — بىز خۇددى
ئاسمان كېمىسىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك ھالەتتە تۇرۇۋېتىمىز...

ئىۋان ئىلئىچ بېشىنى لىڭشىتتى. داشا دەرىزە تاكچىسىدىن
قولىنى ئالدى.

— مۇزىكىنى سېغىندىم، — دېدى ئۇ، — رايال چالمىغىنىمغا قانچە-
لىك ۋاقىت بولدى؟ ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى چېلىپ باقماپتىـ
مەن... ھازىرمۇ ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ... بىز بولساق...

ئىۋان ئىلئىچ قىمرلىدى. داشا سوزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇرۇش تۈگىسە، مۇزىكىنى بولغىچە چالىمىز، ئاڭلايمىز...
ئىۋان، ئىككىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى قۇمدا ياتقانلىغىمىز، دېڭىز
سۇيىنىڭ قۇمنى يالاپ تۇرغىنى يادىڭدىمۇ؟... يادىڭدىمۇ، دېڭىزنىڭ
رەڭگى كوكۇمتۇل ئىدى؟... مەن سېنى ئومۇرۋايەت ياخشى كورگەنـ
دەك قىلاتتىم...ـئىۋان ئىلئىچ يەنە قىمرلىدى، ئۇ بىرنىمە دېمەكچى
بولغان ئىدى، بىراق داشا ھودۇقۇپ، — ۋىيەي، چەينەك قايناپ
كەتتىغۇ! — دەپ ئويدىن يۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك ئالدىغا
بىر پىلا توختاپ قالدى. ئىۋان ئىلئىچ خىرە قاراڭغۇدا ئۇنىڭ
يۈزىنى، ئىشىك پەردىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى، كۆلرەڭ پايپاق
كىيگەن ئايىغىنىلا كورەتتى. داشا چىقىپ كەتتى. ئىۋان ئىلئىچ
قوللىرىنى بېشىغا ئىلىپ، كوزلىرىنى يۇمدى.

داشا بىلەن تېلېگىن بۇ يەرگە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت
ئىككىدە كېلىشكەن ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئادەمگە لىق ۋاگوندا

چامادان ئۇستىدە ئولتۇرۇپ تۇنەپ چىقتى. ئۇلار ئويىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داشا دەررۇ جابدۇقلارنى جاي-جايىغا قويدى، ئۇينىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقتى، چاڭنى سۇرتتى، ئۇ بۇ تۇرار جايدىن ناھايىتى قانائەتلەنگەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەممە نەرسىنى باشقىدىن قويۇشقا قارار قىلدى. بۇ ئىشنى دەررۇلا ئورۇنلاشقا توغرا كېلەتتى. پەستىن قۇۋۇقچى چاقىرىپ قالدى. ئىۋان ئىلئىچ قۇۋۇقچى بىلەن بىللە ئىشكاپ ۋە دىۋانلارنى بىر ئويدىن ئىككىنچى ئويگە ئېلىپ چىقىشتى. ھەممە ياق سەرەمجان قىلىنغاندىن كېيىن، داشا ئىۋان ئىلئىچقا ھەممە ھاۋا توشۇكچىسىنى ئېچىشقا بۇيرۇپ، ئوزى يۇيۇنغىلى كىرىپ كەتتى. ئۇ خىلىغىچە يۇيۇندى، يۇزىنى، چاچلىرىنى بىرنەمە بىلەن يۇدى؛ ئۇ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىۋان ئىلئىچنىڭ بۇگۇنكى ئاساسىي ۋەزىپىسى داشانىڭ كەينىدىن يۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، داشا ئۇنى يە ئۇ ئويگە، يە بۇ ئويگە كىرگۇزمەيتتى.

ئاخىر، كەچقۇرۇنلۇغى داشا خاتىرجەم بولدى. ئىۋان ئىلئىچمۇ ساقلىنى ئېلىپ، يۇيۇندى، مېھمانخانىغا كىرىپ، داشانىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇلار موسكۋادىن كەلگەندىن بېرى تۇ جى قېتىم ئىككىلەنلا بىللە ئىدى. ئوي جىمجىت. داشا خۇددى جىملىقتىن قورققاندەك، تىنماي گەپ قىلاتتى. كېيىنرەك ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئىۋان ئىلئىچنىڭ باشقىچە ئاۋاز بىلەن: "قېنى، داشا، قانداق..." دېيىشىدىن قورققان ئىكەن.

داشا چەينەككە قاراپ باقىلى چىقىپ كەتتى. ئىۋان ئىلئىچ كوزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. داشا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاۋادىن ئۇنىڭ پۇرىغى يەنىلا كېلىپ تۇراتتى. داشانىڭ ئاشخانى-

دىن ئاڭلىنىۋاتقان ئوكچە تاۋۇشى خۇددى مۇزدىكىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ يەردىن بىردىنلا بىر نەرسىنىڭ جاراڭلاپ سۇنغانلىقى ئاڭلاندى، كېيىن داشانىڭ ئېچىنغان ئاھاڭدا: "چىنە سۇندى!" دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىۋان ئىلىئىچنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇشاللىقتا تولۇپ كەتتى: "ئەتە ئويغىنىشىم بىلەن، كۆڭلۈم ئادەتتىكىدەك بولمايدۇ — داشا بىلەن بىللە بولىمەن!" دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، داشا يەنە ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

— مەن چىنىنى سۇندۇرۇپ قويدۇم... ئىۋان، بەكمۇ چاي ئىچكۈڭ كەلگەنمىدى؟

— ياق!...

داشا ئىۋان ئىلىئىچنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇينىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، قوللىرىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويدى.

— نىمىنى ئويلاپ ئولتۇراتتىڭ؟ — ئاستا سورىدى داشا.

— سېنى.

— بىلىمەن. مەن توغرىلىق نىمە ئويلىدىڭ؟

.....

قاراڭغۇدا داشانىڭ قاپىغى سېلىنغاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى، ئەسلىدە بولسا ئۇ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى. ئۇ بىر قېلىپتا تىناتتى، كوكرىگى كوتىرىلىپ-كوتىرىلىپ چۈشەتتى.

— سېنىڭ مېنىڭ خوتۇنۇم بولغىنىڭغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، شۇنى ئويلاپ ساڭا ئېيتماقچى بولۇپ تۇرغان ئىدىم، ھازىر يەنە يادىمدىن چىقىپ قالدى.

— ئاھا-ھا-ھاي!... — دىدى داشا — ئولتۇر، مەن يېنىڭدا ئولتۇرىمەن، — ئىۋان ئىلىئىچ كىرىسلودا، داشا ئۇنىڭ يېنىدا كىرىس-

www.uyghurkitap.com

لونىڭ يان تايانچىغىدا ئولتۇردى، ــ يەنە نىملەرنى ئويلىدىڭ؟

ــ سەن ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندە، مەن بۇ يەردە: "ئويگە پەرىشتە كەلدى" دەپ ئويلاپ ئولتۇردۇم... يامان قىپتىمەنمۇ؟

ــ ھەئە، ــ دىدى داشا خىيال سۈرۈپ، ــ بۇ ناھايىتى يامان.

ــ سەن مىنى ياخشى كورمەسەن، داشا؟

ــ ئاھاي، شۇنداق ياخشى كورىمەنكى، ــ دىدى داشا بىشىنى ئۇنىڭغا كوتىرىپ ئىغاڭلىتىپ، ــ تاكى بىر تۇپ قېيىن دەرىخىگىچە ياخشى كورىمەن.

ــ قانداق قېيىن دەرىخىگىچە؟

ــ سەن تېخى بىلمەمسەن؟ ھەركىمنىڭ ئومرىنىڭ ئاخىرىدا كىچىك قەۋرىسى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە يىغلىغۇچى قېيىن دەرىخى بولىدۇ.

ئىۋان ئىلئىچ داشانىڭ يەلكىسىدىن قۇچاقلىدى. داشا لەتاپەت بىلەن ئۇنىڭ قۇچىغىغا كىردى. بىر ۋاقىتلاردا دىڭىز بويىدا سويۇشكەندەك، ئۇلار بۇ قېتىممۇ ئۇزاق سويۇشتى، ھەتتا تىنالماي قالدى. داشا: "ئاھ، ئىۋان!" دىدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىدى. داشا ئىۋان ئىلئىچنىڭ يۈرىگى پوكۇلداپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى، ئۇنىڭغا رەھمى كىلەتتى. داشا ئېغىر تىنىدى ـ دە، كىرىسلودىن تۇرۇپ:

ــ كەل، ئىۋان، ــ دىدى.

داشا يېتىپ كىلىپ بەشىنچى كۇنى ھەدىسىدىن خەت كەلدى. كاتە نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا يازغان ئىدى:

"...مەيۇسلۇك ۋە ئۇمىتسىزلىنىش چاغلىرىنى بېشىمدىن كەچۇردۇم.

ئومۇرۋايەت يالغۇز ـ تەنھا قالغىنىمنى سەزدىم. ئاھ، قانچىلىك دەھشەتلىك بۇ!... شۇنچىلىك دەھشەتلىككى، بۇنىڭدىن چاپسانىراق قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىدىم.... سوزۇمنى چۈشەندىڭمۇ؟... مەن موجىزە ئارقىسىدا تىرىك قالدىم... بەلكى، تۇيۇقسىز بىر ھالدۇر... ياق، ياق، بۇ ھەقىقەتەن بىر موجىزە... مەن بۇ توغرىلىق ھازىرچە يازالمايمەن.... كورۇشكىنىمىزدە سوزلەپ بېرىمەن...“

نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئولۇم خەۋىرى ۋە كاتەنىڭ خېتى داشانى ئەنسىرىتىپ قويىدى. ئۇ موسكۋاغا كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئىدى، ئەتىسىلا كاتەدىن ئىككىنچى خەت كېلىپ قالدى. خەتتە ئۇزىنىڭ يۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويغانلىقىنى، پېتروگراتقا كېلىشكە تەييارلانغانلىقىنى يېزىپ، ئەرزانراق بىر ئېغىز ئوي تېپىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى. خەتكە توۋەندىكى سوزلەر قوشۇپ قويۇلغان ئىدى:

”سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ۋادىم پېترووۋىچ روشچىن دېگەن كىشى كىرىدۇ. شۇ كىشى مەن توغرىلىق ھەممە سوزنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ ماڭا ھەم ئاكا، ھەم ئاتا، ھەم ئومۇرلۇك دوست.“

داشا بىلەن تېلېگىن دەرەخلىك كوچىدا كېتىپ باراتتى. كۇنگە يەكشەنبە بولۇپ، ئاپرېل مەزگىلى ئىدى. باھار ئاسمىنىدا ئاپتاپ نۇرلىرىدىن ئېرىپ كېتىۋاتقان بۇلۇت پارچىلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى. قۇياش خۇددى سۇنى تېشىپ ئوتكەندەك، باغ كوچىسىغا نۇر چاچاتتى، نۇرلار داشانىڭ ئاق كوينىكىدە تاۋلىناتتى. ئۇلار قوۋزاقلىرى قىزىل، يوپۇرماقلىرى تىنىماي شىلدىرلاپ تۇرغان قارىغاي دەرەخلىرى ئارىسىدا كېتىپ باراتتى. داشا ئىۋان ئىلئىچتىن كوزىنى ئۇزەلمەيتتى، ئىۋان ئىلئىچ بوكىنى بېشىدىن ئېلىپ كۇلۇم

سىرەيتتى. داشانىڭ كوڭلى جايىدا ــ كۇنىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن، ئەركىن تىن ئېلىشتىن، پۇتۇن جىنىنى ئاجايىپ كۇنگە ۋە پىنىدا كېتىۋاتقان كىشىگە بەرگەنلىكىدىن كوڭلى توق ۋە خوشال ئىدى.

ــ ئىۋان، ــ دىدى داشا ۋە يۇزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئىۋان ئىلئىچمۇ كۇلۇمسىرەپ سورىدى:

ــ نىمە، داشا؟

ــ ياق، ھىچ نەرسە... ئوزەم بىر ئىشنى ئويلىدىم.

ــ نىمنى ئويلىدىڭ؟

ــ كېيىن ئېيتىمەن.

ــ نىمنى ئويلىغىنىڭنى بىلىمەن.

داشا دەررۇ ئۇنىڭغا قارىدى:

ــ خۇدا ئۇرسۇن، بىلمەيسەن...

ئۇلار چوڭ قارىغاينىڭ يىنىغا كېلىپ قالدى. ئىۋان ئىلئىچ دېۋىرقاي ئېقىپ تۇرغان دەرەخ قوۋزىغىنى سويۇۋالدى-دە، ئۇنى سۇندۇرۇپ تۇرۇپ، داشاغا قارىدى:

ــ ياق، بىلىمەن.

داشانىڭ قولى تىترىدى.

ــ بىلمەيسەن، ــ دىدى ئۇ پىچىرلاپ، ــ مەن ئوزەمنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەختكە تولدىغاندەك سىزىمەن... شۇنچىلىك بەختلىكمەن....

ئىۋان ئىلئىچ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار كوپ-كوك ئوت-چوپ، شامال يەلپۇپ تۇرغان گۇللەر بىلەن قاپلانغان مايسىلىققا چىقىشتى. شامال داشانىڭ ئېتىگىنى يەلپۇپ كوتەردى. ئۇ بىرنەچچە مەرتىۋە ئېگىشىپ، ئېتىگىنى تۈزەپ قويدى ۋە ھەر قېتىمدا:

— ئەجەپ چىشمغا تەگدىغۇ بۇ شامال! — دەيتتى.

مايسىلىقىنىڭ ئاخىرىسىدا، قورغان ئەتراپىنى ئورىۋالغان ۋە ۋاقىتنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئالتۇندەك سىرلىرىنى دات بېسىپ كەتكەن تومۇر پەنجىرە كورۇنەتتى. داشانىڭ ئايىغىغا تاش كىرىۋالدى. ئۇۋان ئىلىنىچ زوكزىيىپ ئولتۇردى-دە، داشانىڭ ئاق پايپاق كيگەن ئىسسىق پۇتىدىن ئاياقىنى يېشىۋېلىپ، پۇتىنىڭ بارمىقىغا سويدى. داشا ئايىغىنى كىيىپ، يەرنى تېپىپ مۇنداق دىدى:

— سېنىڭدىن بالا كورۇشنى خالايمەن، مانا مەن شۇنى ئويلىدىم...

# 43

يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا داشا تۇرغان ئويىدىن سەل نېرىدىكى ئىككى موماي تۇرغان ياغاچ ئويگە كوچۇپ كەلدى. مومايلارنىڭ بىرى بۇرۇنقى ۋاقىتتا ناخشىچى ئارتىس بولغان كلاۋدىيە ئىۋانوۋنا، يەنە بىرى — ئۇنىڭ ھەمراسى سوفوچكا. كلاۋدىيە ئىۋانوۋنا ئەتىگەن تۇرۇپ قېشىنى قارا بويايتتى، قاغىنىڭ قانىتىدەك قاپ-قارا ياسما چېچىنى سىلىپ، قارتا بىلەن پال ئېچىپ ئولتۇراتتى. سوفوچكا ئوي ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، گەپ قىلغاندا ئەرلەرنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز بىلەن گەپ قىلاتتى. ئوينىڭ ئىچى ھەمىشە پاكىز، تار ئىدى، ھەممە يەرگە كونىچە كىچىك ياغلىقلار يېپىلغان، پەردىلەر ۋە قايتىماس ياشلىقتىن قالغان سۇرەتلەر ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. ھەر كۇنى ئەتىگەنلىكى ئوي بولمىلىرىدىن خۇش پۇراق كوفى پۇرىقى كېلەتتى:

چۇشلۇك تاماق پىشۇرۇلۇشقا باشلىغاندا، كلاۋدىيە ئىۋانوۋنا مايىنىڭ پۇرىغىغا چىدىيالماي تۈز پۇرايتتى، سوفوچكا بولسا ئەرلەرنىڭكىدەك ئاۋاز بىلەن: ”پۇرىغىنى قانداق يوقىتاي، ياكيۇنى ئەترگە سېپىلىپ قورامتىم؟“ دەپ ۋاقىرايتتى. كەچقۇرۇنلۇغى ئاق قالپاقلىق كىرسىن چىراق يېقىلاتتى. بۇ ئىككىلا موماي كاتەگە غەمخور ئىدى.

كاتە زامانلار بورىنىدىن ئامان قالغان بۇ كونىچە ئۆيدە تىنچ هايات كەچۈرەتتى. ئۇ ئەتىگەنلىگى ئەتىگەن تۇراتتى، ئۆز بولمىسىنى ئۆزى يىشىقتۇراتتى-دە، دەرىزە يېنىغا بېرىپ كىيىملىرىنى ياكى پايپاقلىرىنى ياماپ، يا بولمىسا كونا كىيىملىرىنى بۇزۇپ، چىرايلىقراق كىيىم تىكىپ ئولتۇراتتى. كاتە ئادەتتە ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن كىتاپ ياكى قول ئىشىنى ئېلىپ ئاراللار تەرەپكە قاراپ كېتەتتى، ئۆزى ياخشى كورگەن يېرىگە بېرىپ، كىچىك كول بويىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى؛ قۇم توپىدە ئويناپ يۈرگەن باللارنى تاماشا قىلىپ، كىتاپ ئوقۇپ، كەشتە تىكىپ، خىيالغا چوكۇپ ئولتۇراتتى، سائەت ئالتىدە داشانىڭكىگە تاماق يېيىشكە كېلەتتى. كېچىسى سائەت ئون بىردە داشا بىلەن تېلېگىن ئۇنى ئويىگە ئۇزىتىپ قويۇشاتتى؛ ئاچا-سىڭىل ئالدىدا قولتۇقلىشىپ ماڭاتتى، ئىۋان ئىلىچ بولسا قۇلاقچىسىنى يەلكىسىگە سۇرۇپ قويۇپ، هۇشقىيتىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى، چۈنكى كېچىلىرى كوچىدا يۈرۈش خېلى خەۋپلىك بولۇپ قالغان ئىدى.

كاتە شۇ كۈنلەردە فۇرونتتا كوماندىرووۋكىدا يۈرگەن ۋادىم پېترووۋىچ روششىنغا هەر كۈنى خەت يازاتتى. ئۇ خەتلىرىدە هەر كۈنى نىمىلەرنى قىلغانلىغىنى، نىمىلەرنى ئويلىغانلىغىنى — هېچ نەرسىنى يوشۇرماستىن يازاتتى؛ روششىن مۇشۇنداق قىلىپ تۇرۇشنى

ئىلتىماس قىلىغان ئىدى ۋە بۇنى جاۋاپ خېتىدە تەستىقلىدىتى:
"يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، سىز خېتىڭىزدە بۇگۇن يېلاگىن كوۋرۇگىدىن ئۆتۈۋاتقىنىڭىزدا يامغۇر يېغىشقا باشلىغانلىقىنى، كۆڭلۈكسىز چىققىنىڭىز ئۈچۈن، يامغۇر توختىغىچە دەرەخ تۈۋىدە تۇرغىنىڭىزنى يېزىپسىز، بولارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك. ھاياتىڭىزدىكى پۈتۈن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار مېنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك. مەن ئاشۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى بىلمەي تۇرۇپ ياشىيالمايدىغاندەك تۇرىمەن".

كاتە روششىنىڭ بۇنىڭچىلىك ئاشۇرۇپ يازغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى بىلمەيمۇ ياشىيالايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما بىر كۇنمۇ يالغۇز قېلىشتىن قورقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كوپ ئويلاپ تۇرماسلىققا تىرىشاتتى، پۈتۈن ئومرىنىڭ ۋادىم پېتروۋىچقا كېرەك ھەمدە قىممەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ ھازىر قانداقلا ئىش قىلمىسۇن، ھەممىسىلا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئۇيىمىغىنى يوقىتىپ قويۇپ بىر سائەتچە ئىزدىدى، كېيىن قارىسا قولىدا ئىكەن، ئەگەر ۋادىم پېتروۋىچ بۇنى ئاڭلىسا، راسا كۇلەتتى-دە! كاتە ئەمدى ئۆزىگە باشقا ئادەمنىڭ ئامانىتى بولىمەن دەپ قارايتتى، بىر نوۋەت، ئۇ دەرىزە يېنىدا ئىش قىلىۋېتىپ خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ بارماقلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ بېشىنى كوتىرىپ، يىڭنىسىنى يۇپكىسىغا سانچىپ قويۇپ، ئالدىغا قاراپ خېلى ۋاقىت ئۇنتىكچە ئولتۇردى، ئاخىردا ئالدىدىكى ئىشكاپنىڭ ئەينىكىگە كوزى چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ غەمكىن كوزلىرىنى، ساددىغىنا تارالغان، قىسقا تۇگۇلگەن چاچلىرىنى، جۇدەڭ چىرايىنى كورۇپ قالدى... "شۇ مەنىمىدىم-

ھە؟“ دەپ ئويلىدى كاتە. ئۇ يەنە بىشىنى ئېگىپ ئىشنى داۋام قىلدۇردى، ئەمما يۈرىگى دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى، بارمىقىنىڭ يىڭنە تىقىۋېلىپ، بارمىقىنى ئاغزىغا تىقتى، يەنە ئەينەككە قارىدى، بىراق ئۇنىڭ بۇ قېتىم كورگىنى ئاۋالقىدىنمۇ يامانىراق ئىدى... ئۇ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ۋادىم پېترووۋىچقا خەت يازدى: ”بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى سىزنى ئويلىماقتىمەن. مەن سىزنى تازىمۇ سېغىندىم، ئەزىز دوستۇم، دەرىزە يېنىدا سىزنى كېلەرمىكىن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرىمەن. كوڭلۇمدە ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان تۇيغۇلار، قىزلىق دەۋرىمدىكى ئاللىقانداق تۇيغۇلار ئويغاندى...“

ھەتتا خىيالچان ۋە دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى بىرىنچى مەرتىۋە ۋۇجۇتتا كەلگەن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرگە — ئۇلار ئىلگىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە بېرىلىپ كەتكەن داشامۇ كاتەدە قانداقتۇر ئوزگىرىش بارلىقىنى بايقىدى ۋە بىر كۈنى كەچقۇرۇن چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا كاتەگە ئەمدى ياقىسى ئورە قارا كوينەك يارىشىدۇ دەپ خىلىغىچە سوزلەپ ئولتۇردى. ”راست ئېيتىمەن، كاتيۇشا، — دەيتتى ئۇ، — سەن ئوزەڭگە زادىلا قارىمايسەن، سېنى كورگەن ئادەم ئون توققۇز ياشقا كىرگەن دەيدۇ... راست، ھە، ئىۋان، كاتە مېنىڭدىن ياش كورۇنىدۇغۇ؟“

— ھە، ياق، ئانچىلا ئەمەس، ئەمما ياش دىسە بولىدۇ...

— ئاھا، سەن نىمىنى بىلەتتىڭ، — دىدى داشا — خوتۇن كىشىلەرنىڭ ياش ياكى ياش ئەمەسلىگىنى يېشىنىڭ نەچچە بولغانلىقىغا قاراپلا ئايرىمايدۇ. بۇنىڭ باشقا سەۋەپلىرى بار. نەچچە ياشقا كىرىشىنىڭ بۇنىڭدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق...

كاتەنىڭ نىكولاي ئىۋانوۋىچ ۋاپاتىدىن كېيىن قالغان پۇلى تۈگەي

دەپ قالغان ئىدى. تېلېگىن ئۆزىنىڭغا پانتېلېيمونوۋسكايا كوچىسىدا مارت ئېيىدىن بېرى بوش تۇرغان ئۆيىنى سېتىشقا مەسلىھەت بەردى. كاتە بۇ مەسلىھەتكە رازى بولۇپ، يادىكارلىققا قالغان بىرمۇنچە نەرسىنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، داشا بىلەن بىللە پانتېلېيمونوۋسكايا كوچىسىغا كەتتى.

كاتە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، "ن. ئ. سموكوۋنىكوۋ" دەپ يېزىلغان مىس تاختا قېقىلغان تونۇش ئىشىكنى كورۇپ، ئۆمرىنىڭ بىر ئايلانما ھاسىل قىلغانلىقىنى سەزدى. قېرى ۋە بۇرۇندىن تونۇش قۇۋۇقچى (ئىلگىرى شۇ قۇۋۇقچى كاتە يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتقاندا مىڭ مەرتىۋە غودۇڭشىپ ۋە تامغىنى پەلتو ياقىسى بىلەن يېپىپ، كوچىغا چىقىش ئىشىگىنى ئاچاتتى، كاتە ئىككىنچى قەۋەتكە يېتىپ چىقمايلا ئېلېكتىر چىراقنى ئۆچۈرەتتى) ئۆزىنىڭ ئاچقۇچى بىلەن ئۆي ئىشىگىنى ئېچىپ، بوكىنى قولىدا تۇتۇپ، كاتە بىلەن داشانى ئىچكىرىگە كىرگۈزدى-دە، ئۆيلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

—خاتىرجەم بولۇڭ، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، يىگىنچىلىك نەرسىڭىزمۇ يوقالغىنى يوق، ئىجارىچىلەرگە كېچە-كۈندۈز كوز-قۇلاق بولۇپ تۇردۇم. بىچارىلەرنىڭ بالىسى فۇرونتتا ئولۇپتۇ، بولمىسا ئۇلار ھازىرمۇ شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى، ئۆي ئۇلارغا ناھايىتى ياققان ئىدى...

دالان قاراڭغۇ، خېلىدىن بېرى ئادەم تۇرمىغاندەك، ھەممە ئۆينىڭ دەرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن. كاتە ئاشخانىغا كىرىپ، ئېلېكتىر چىراقنى ياقتى، كۆلرەڭ مووۋت يېپىلغان ۋە ئوتتۇرىسىغا فار-فور گۈلدان قويۇلغان ئۈستەل بىللۇر قەندىلدىكى

چىراق چاراقلاپ ياندى، بىر ۋاقىتلاردا قانات قاققان قايناق ھايات-
نىڭ تىلسىز گۇۋاھلىرى بولغان يۆلەنچۈكى ئىگىز كون ئورۇندۇقلار
تام تۈۋىگە تىزىپ قويۇلغان. يوغان يېمەكلىك ئىشكاپ ئىشىكىنىڭ
بىر قانىتى ئوچۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە دۈم قىلىپ قويۇلغان رۇمكىلار
كۆرۈندى. يۇمىلاق تاشەينەكنىڭ يۈزىنى چاڭ باسقان، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە قويۇلغان ئالتۇن بالا ئالتۇن سېپكىلىگىنى تۇتقان قولىنى سوزۇپ
ئۇخلاپ ياتاتتى...

كاتە ئىشىك ئالدىدا شۇلارغا ئۇزاق قاراپ تۇردى.

— داشا، — دېدى كاتە ئاستا، — يادىڭدىمۇ، داشا!... ئويلاپ قارا، ئەمدى ھېچكىم يوق، ھېچكىم قالمىدى-ھە!...

كېيىن كاتە مېھمانخانىغا كىردى، شامدانىنى يېقىپ، ئەتراپقا قارىدى، يەلكىلىرىنى قىستى. بىر ۋاقىتلاردا ئاجايىپ ۋە يېقىملىق كۆرۈنگەن پۈتۈن گەۋدىچىلەر ۋە كەلگۈسى تەرەپدارلىرىنىڭ رەسىملىرى ئەمدى تامدا خىرەلىشىپ، بوياقلىرى ئوچۇپ، خۇددى بايرامدىن كېيىن كېرەكسىز بولۇپ ياتقان جابدۇقتەك ئېسقىلىق تۇراتتى.

— كاتيۇشا، مانا بۇنىسى يادىڭدىمۇ؟ — دېدى داشا ۋە قولىدا گۈل تۇتۇپ بۇلۇڭدا ئولتۇرغان "ھازىرقى زامان ۋېنېرا"سىنى كۆرسەتتى، — ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھەممە بالا-قازانى شۇ كەلتۈرگەن دەپ ئويلايتتىم.

داشا كۈلۈۋېتىپ، نوتا دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. كاتە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ياتىقىغا كىردى. بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى كاتە سەپەر كىيىمى كىيگەن ۋە يۈزىگە تور تارتقان، ئاخىرقى مەرتىۋە پەلىيىنى ئالغىلى كىرگەندە قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتى ئىدى.

ئەمدى ھەممىلا جابدۇق رەڭسىز، ئاۋالقىغا قارىغاندا كىچىكرەك

كورۈنەتتى. كاتە ئىشكاپنى ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچى تور ۋە شايى، لاتا ـ پۇتا، پايپاق ۋە ئاياق بىلەن تولغان ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئۆزىگە كېرەك بولۇپ كورۇنگەن بۇ نەرسىلەردىن ئەتىر پۇرىقى تېخىچە كېلەتتى. كاتە كېرەك بولمىسىمۇ ھەممىسىنى ئاختۇ-رۇپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى قايتىماس بولۇپ كەتكەن ھاياتنى ئەسلىتەتتى...

بىردىنلا پۈتۈن ئويىنى قاپلىۋالغان جىمىلىق بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئىگەللىدى، داشا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئىمتىھانغا تەييارلانغان ۋاقىتتا چالغان مۇزىكىنى چېلىشقا باشلىغان ئىدى. كاتە ئىشكاپنىڭ ئىشىگىنى يېپىپ، مېھمانخانىغا چىقىپ، سىڭلىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ـــ كاتە، ياقامدۇ؟ ـــ دىدى داشا، ھەدىسىگە قاراپ. ئۇ يەنە بىرئاز چېلىپ ئولتۇردى ـ دە، يەردىن باشقا بىر نوتا دەپتىرىنى ئالدى. كاتە سوزلىدى:

ـــ يۇر، كېتەيلى، بېشىم ئاغرىپ كەتتى.

ـــ نەرسىلەرنىچۇ؟

ـــ ھېچ نەرسىنى ئالمايمەن. پەقەت رايالنىلا سېنىڭ ئويۇڭگە ئاپىرىپ قويىمەن، قالغىنى قالىۋەرسۇن....

يېڭى شىلەپە كىيگەن، كوك تور تارتقان كاتە چۈشلۈك تاماققا كەلدى، ئۇ ئىلدام يۇرگىنىدىن ھاسىرايتتى، ۋاقتى خۇش ئىدى.

ـــ يامغۇردا قالغىلى تاسلا قالدىم، ـــ دىدى ئۇ ئىسسىق لەۋلىرى بىلەن داشانىڭ يۇزىگە سويۇپ، ـــ شۇنچە ئېھتىيات قىلسامىمۇ ئايىغىمنى ھول قىپتىمەن. باشقىسىنى بەرگىن، ئالماشتۇرۇۋېتەي، ـــ ئۇ پەلىينى يېشىپ، مېھمانخانا دەرىزىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. بىرنەچچە

مەرتىۋە ياغايمۇ-ياغمايمۇ دەپ تۇرغان يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ يېغىشقا، نولاردىن شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. پەستە، كوچىدىن يۇگۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆنلۈكلەر كۆرۈنەتتى. ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باستى، ئاسمان بىردىن شۇنداق گۈلدۈرلەپ كەتتىكى، ھەتتا داشا ۋاي دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

— بىلەمسەن، بۈگۈن ئاخشام كىم كېلىدۇ؟ — دېدى كاتە، ئۈنىڭ يۈزىدە كۈلكە پەيدا بولدى. داشا: "كىم؟" دەپ سوراشقا ئۈلگۈرمەيلا، دالاندىن قوڭغۇراق ئاۋازى كەلدى، داشا ئىشىكنى ئاچقىلى چىقىپ كەتتى. ئىۋان ئىلئىچنىڭ كۈلكىسى، پالازغا ئاياق سۈرتكەنلىكى ئاڭلاندى، كېيىن داشا بىلەن ئىۋان ئىلئىچ سوزلىشىپ كۈلۈشۈپ، ياتاقخانىغا كىرىپ كەتتى. كاتە قولىدىن پەلىيىنى، بېشىدىن شلەپىسىنى ئالدى، چاچلىرىنى تۈزەتتى، ئۇ بۇ ئىشلار بىلەن بولغاندا، چىرايىدىن يېقىملىق ۋە ئەييار تەبەسسۇم كەتمەيتتى.

غىزالىنىپ ئولتۇرغاندا، يۈزى قىپ-قىزىل، كەيپى چاغ، چاچلىرى ھۆل ئىۋان ئىلئىچ شۇ كۈنكى ۋەقەلەرنى ئۇلارغا سوزلەپ بەردى. ھەممە فابرىكا ۋە زاۋۇتتىكىدەك، بالتىق زاۋۇدىنىڭ ئىشچىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ توپىلاڭ كوتىرىلگەن. ھەممىلا يەردە سوۋېتلەر ئىشچىلارنى قوللاپ چىقماقتا. خۇسۇسى كارخانىلار كەينى-كەينىدىن يېپىلىشقا باشلىغان، پادىشالىقتا قاراشلىق زاۋۇتلار بولسا زىيىنىغا ئىشلىمەكتە. ئەمما ھازىر ئۇرۇش، ئىنقىلاپ بولۇپ تۇرغاندا دارامەت ھەققىدە ھېچكىم ھېساپلىشىپ ئولتۇرمايتتى. شۇ كۈنى زاۋۇتتا يەنە يىغىن ئېچىلغان، بولشېۋىكلار نۇتۇق سوزلىگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: "ئۇرۇشنى توختىتىش كېرەك! بۇرژۇئازىيە

هوكۇمەتكە زادىلا يول قويمايمىز! كارخانا ئىگىلىرى بىلەن ھېچقانداق پۈتۈم تۈزۈشمەيمىز! پۈتۈن ھاكىمىيەت سوۋېتلەرنىڭ قولىغا ئۆتسۇن، ھەممە تەرتىپنى پەقەت سوۋېتلەرلا ئورنىتالايدۇ!...» دەپ توۋلاشقان.

— مەنمۇ مۇنبەرگە چىقىپ سوزلىمەكچى بولغان ئىدىم. ئەمما ھېچنېمە سوزلىيەلمىدىم! ئۇلار مېنى مۇنبەردىن تارتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ۋاسكا رۇبلىيوۋ يۇگۇرۇپ كېلىپ: «مەن سېنى بىلمەيمەنغۇ، سەن بىزنىڭ دۇشمىنىمىز ئەمەس، نېمىشقا تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىسەن؟ سېنىڭ پىكرىڭ تېخى ئېچىلماپتۇ!» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ۋاسلى، يېرىم يىلدىن كېيىن زاۋۇتلار ئىشتىن توختايدۇ، ئۇ چاغدا يەيدىغان نەرسىمىزمۇ قالمايدۇ!» دېسەم، ئۇ ماڭا: «يولداش، يېڭى يىلغىچە ھەممە يەر، ھەممە زاۋۇت مېھنەتكەشلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ، جۇمھۇرىيەتتە بىرمۇ بۇرژۇئازنى قويمايمىز، تۇخۇمىنى قۇرۇتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق پۇلمۇ بولمايدۇ. خىزمەت، ھايات — ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ. چۈشىنىشىڭ كېرەككى، مانا بۇلار ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ دېيىلىدۇ!» دېدى. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭى يىلغا ۋەدە قىلدى.

ئىۋان ئىلئىچ كۈلدى، ئەمما بېشىنى چايقاپ، داستىخان ئۈستىدىكى بولكا ئۇۋاقلىرىنى قولى بىلەن سۈپۈرۈپ توپلاشقا باشلىدى. داشا ئېغىرتىن ئالدى:

— ئالدىمىزدا چوڭ سىناقلار تۇرىدۇ، بۇنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن.

— شۇنداق، — دېدى ئىۋان ئىلئىچ، — ئۇرۇش تۈگىمىدى، ھەممە ئىش شۇنىڭدا. تۇۋۇنى سۇرۇشتۇرسەڭ، فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن بېرى نېمە ئۆزگەردى؟ پادىشا يوقىتىلدى، ئەمما تەرتىپسىزلىك تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆچەيدى. بىر گۇرۇھ ئادۋوكات ۋە پىروفېسسور ـــ ئۇلار، سوزسىز، مەلۇماتلىق ئادەملەر ـــ پۈتۈن مەملىكەتكە: سەۋرى قىلىڭلار، داۋاملىق ئۇرۇشۇڭلار، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە سىلەرگە ئەنگلىيىنىڭكىدەك ئاساسىي قانۇننى. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرىمىز دېگەن سوزلەر بىلەن تىنچلاندۇرماقچى بولدۇ. ئەنە شۇ پىروفېسسورلارنىڭ ئۆزلىرى روسىيىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار روسىيىنىڭ تارىخىنى بىلمەيدۇ. رۇس خەلقى قولىنى قوشتۇرۇپ شۈك ئولتۇرىدىغان خەلق ئەمەس، رۇس خەلقى ـــ سەزگۈر، تالانتلىق، قۇدرەتلىك خەلق. چورۇق كىيگەن رۇس دېھقىنى تېچ ئوكيانغىچە بىرىپ يەتتىغۇ، ئاخىر! نېمىسلار يۈز يىلغىچە بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئۆز مەقسىدىگە يەتكەن. ئەمما رۇس دېخانلىرىدا ئۇنداق تاقەت يوق. ئۇلار پۈتۈن ئالەمنى ئۇرۇش بىلەن بوي سۇندۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشكەن. يەنە كېلىپ، ئۇلار پۈتىغا چورۇق كىيىپ، پايىتما ئوراپ، بېلىگە پالتىسىنى قىستۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. پىروفېسسورلار بولسا خەلقنىڭ قايناپ تۇرغان غەزەپ ئوكيانىنى چىرايلىق سوزلەر يېزىلغان ئاساسىي قانۇن بىلەن پەسلەتمەكچى بولۇشىدۇ. شۇنداق، بىزگە تېخى ناھايىتى جىددى ۋەقەلەرنى كورۇشكە توغرا كېلىدۇ!

داشا ئۇستەل يېنىدا چىنىلەرگە كوفى قۇيۇپ تۇراتتى. بىردىنلا ئۇ چەينەكنى ئۇستەلگە قويۇپ، يۈزىنى ئىۋان ئىلئىچنىڭ مەيدىسىگە ياقتى.

ـــ قوي، قويغىنا، داشا، كوڭلۇڭنى بۇزما، ـــ دېدى ئىۋان ئىلئىچ داشانىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، ـــ ھازىرغىچە تېخى ھېچقانداق يامان ئىش بولغىنى يوققۇ... بىزنىڭ بېشىمىزغا بۇنىڭدىنمۇ يامان كۈنلەر چۈشكەن... قۇلاق سالغىن، مەن ساڭا چىرىگەن لىپا دەرىخى يېنىدا

بولغان بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي...

ئۇۋان ئىلىنچ ئۇرۇش مۇشەققەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. كاتە تام سائىتىگە قاراپ، ئاشخانىدىن چىقتى. داشا ئېرىنىڭ مۇلايىم، قەتئىي، يۈزىگە، كۈلۈمسىرىگەن كۆلرەڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: يېنىڭدا بۇنداق ئادەم تۇرغاندا خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ، دەپ ئويىنى باستى. ئۇ چىرىگەن لىپا دەرىخىنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، يۈزىگە ئۇپا سەپكىلى ياتاققا چىقتى. كاتە پەدەز ئۈستىلى ئالدىدا يۈزىنى پەدەزلەپ ئولتۇراتتى.

— دانيۇشا، — دىدى ئۇ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن، — ئاۋۇ، پارىژدىن كەلتۈرۈلگەن ئەتىرىڭدىن قالمىدىمۇ؟

داشا يەردە، ھەدىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى-دە، ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، پىچىرلاپ سورىدى:

— كاتيۇشا، قانات-قۇيرۇغۇڭنى تازىلاۋاتامسەن؟...

كاتە قىزىرىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— كاتيۇشا، ساڭا بۈگۈن نىمە بولدى؟

— مەن ساڭا ئېيتماقچى ئىدىم، ئاخىرىسىغىچە ئاڭلىمىدىڭ، بۈگۈن كەچقۇرۇن ۋادىم پېترووىچ كېلىدۇ، ۋوگزالدىن توپ-توغرا سىلەرنىڭ ئويۈڭلەرگە كېلىدۇ... مېنىڭكىگە بېرىشى توغرا ئەمەس، كەچ بولۇپ كەتتى...

سائەت توققۇز يېرىمدا قوڭغۇراق جاراڭلىدى. كاتە، داشا ۋە تېلىگىن دالانغا يۈگۈرۈپ چىقتى. تېلىگىن ئىشىكنى ئاچتى، ھەربى كىيىمنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغان، بوكىنى باستۇرۇپ كىيىۋالغان روشىن ئويگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ جۇدەڭ، قاپىغى سىيلىق ۋە

www.uyghurkitap.com

ئاپتاپتىن قارايغان يۈزى كاتەنى كورۈشى بىلەن بوشاشتى ـ دە، تەبەسسۇم پەيدا بولدى. كاتە ئۇنىڭغا خوشاللىق ئىچىدە هودۇقۇپ قاراپ تۇراتتى. ۋادىم پېترووۋىچ بوكى بىلەن هەربى كىيىمىنى ئۇستەلگە قويۇپ، سالاملىشىپ تۇرۇپ، بوغۇلغان ئاۋاز بىلەن:

ــ ۋاقتىسىز كەلگىنىم ئۇچۇن كەچۈرەرسىلەر، سىزنى ــ يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، سىزنى ــ داريە دمىترىيېۋنا، كورگۇم كەلدى، ــ دىگەندە، كاتەنىڭ كوزلىرى خوشاللىق بىلەن تولدى.

ــ كېلىشىڭىزدىن كوپ خوشالمەن، ۋادىم پېترووۋىچ، ــ دىدى كاتە؛ ۋادىم پېترووۋىچ ئۇنىڭ قولىغا سويۇش ئۇچۇن ئىڭىشكەندە، كاتە تىترىگەن لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭ پىشانىسىگە سويدى.

ــ يۈك ـ تاقلىرىڭىزنى بىكارلا تاشلاپ كېپسىز، سىزنى بەرىبىر ئېلىپ قالىمىز...، ــ دىدى ئىۋان ئىلئىچ.

ــ مېهمانخانىدىكى دىۋانىغا ئورۇن راسلاپ بېرىمىز، تارلىق قىلسا كىرىسلو قويىمىز، ــ دىدى داشا.

روشچىن بۇ مېهرىۋان ۋە قەدىرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە دەۋاتقان سوزلىرىنى خۇددى چۈشىدە ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ ئويگە كىرگەندە ئۇيقۇسىز كېچىلەر، "ئوزۇق ـ تۈلۈك" ئېلىش ئۇچۇن كۈندۈزىلا ۋاگون دەرىزىلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈشلەر، ئالتە غېرىچ جاي ئۇچۇن ئېلىشىشلار، كوڭۈلگە تېگىدىغان هاقارەتلەر تۇپەيلىدىن هازىرمۇ ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، چىرايلىق هەمدە پاكلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان بۇ ئۈچ كىشىنىڭ خوشال هالىتى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى... كاتەنىڭ خوشالمەن، دەپ تۇرىدىغان گۈزەل ۋە ئاجايىپ كوزلىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن خۇددى چۈشىدە كورۇپ تۇرغاندەك سېزىلەتتى.

ئۇ پوتىسىنى تارتتى، مۇرىسىنى قىستى-دە، ئېغىر تىن ئالدى.

—رەھمەت،—دىدى ئۇ،—قاياقا كىرەي، بۇيرۇڭ!

ئۇلار ئۇنى ۋاننىغا كىرگۈزدى، ئۇ چومۇلۇپ-يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، ئاشخانىغا ئېپكىرىلدى، قوسىغى تويغۇزۇلدى. ئۇ ئېپكېلىنگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەردى. قوسىغى چاپسان تويدى. تەلەڭگىنى ئالدىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، تاماكا چەكتى. ئۇنىڭ دالانغا كىرگەندە كاتەنى قورقۇتۇۋەتكەن جۇدەڭ، ساقال-بۇرۇتى قىرىلغان يۈزى ئەمدى خېلى بوشاشقان، ھارغان كورۇنەتتى. ئۇستەل ئۇستىدە سەرەڭگە چاقان قوللىرى تىترەيتتى. كاتە چىراق كولەڭگىسىدە ئولتۇرۇپ ۋادىم پېتروۋىچتىن كوزىنى ئۇزمەي قارايتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى ھەر بىر تۇكنى، پۈرلىشىپ كەتكەن توق بېغىررەڭ ھەربى كىيىمىدىكى ھەر بىر تۈگمىسىنى ياخشى كورگىنىنى سېزەتتى. كاتە ئۇنىڭ بەزىدە گەپ قىلغاندا جاۋغايلىرىنى قاتتىق يۇمۇپ، چىش ئارىسىدىن گەپ قىلىشىنمۇ بايقىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى قىسقا ۋە مەنىسىز ئىدى. ۋادىم پېتروۋىچنىڭ ئوزىمۇ بۇنى سەزگەن بولسا كېرەك، خېلىدىن بېرى ئوزىدە سەزگەن نەپرەتنى بېسىشقا تىرىشاتتى... داشا ھەدىسى بىلەن ئېرىگە بىر قاراپ، روششىندىن:

—بەلكى ھېرىپ، ئۇيقۇڭىز كەلگەندۇ؟—دەپ سورىدى. روششىن بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، ئولتۇرغان جايىدا قەددىنى توغرىلىدى.

—مەن ئۇخلاش ئۇچۇن كەلگىنىم يوق... ياق... ياق...—دىدى-دە، بالكونغا-يامغۇرغا چىقىپ تۇردى. داشا بالكونغا شەرەت قىلدى-دە، بېشىنى چايقىدى، روششىن بالكوندا تۇرۇپ:

—كەچۇرۇڭ مېنى، داريە دمىترىيېۋنا، بۇ توت كېچە ئۇخلىما-

غانلىقنىڭ ئاقىۋىتى...، ـــ دېدى.

ئۇ چاچلىرىنى سىلاپ قايتىپ كىردى ـ دە، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ـــ مەن سىلىگىبۇدىن توپ ـ توغرا بۇ يەرگە كەلدىم، ـــ دېدى روششىن، ـــ پىيادە قىسىملار مىنىستىرىغا كوكۇلىسىز خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىم... سىلەرنى كورۇپ ناھايىتى ئېچىندىم... راستىنى ئېيتسام، يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، پۈتۈن دۇنيادا سىزدىن باشقا يېقىن كىشىم يوق، ـــ كاتەنىڭ رەڭگى ئاپپاق تاتىرىپ كەتتى. ئۇۋان ئىلىنچ ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، تامنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى. داشا كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ روششىنغا قاراپ ئولتۇراتتى، ـــ ئەگەر بىرەر موجىزە كېلىپ چىقمىسا، ـــ دېدى روششىن يوتىلىپ، ـــ بىز ھالاك بولدۇق. ئارمىيەمىز يوق... فۇرونت گۇم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ... ئەسكەرلەر ۋاگونلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تارقىلىپ كېتىۋاتىدۇ... فۇرونتنىڭ يىمىرىلىشىنى توختىتىش ئادىمىزاتنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ... بۇ ـــ ئوكيان سۈيىنىڭ قايتىشىنىڭ خۇددى ئۆزى... رۇس ئەسكەرلىرى نىمە ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي قويىدى، ئۇرۇشقا، ئۇرۇش بىلەن ئالاقىسى بولغان ھەممە نەرسىگە ـــ دولەتكە، روسىيىگە بولغان ھورمىتىنى يوقاتتى. ئەسكەرلەر "تېچلىق!" دېگەن سوزنى ئاڭلىشى بىلەن، شۇ كۈنىلا ئۇرۇش تاماملىنىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ... پەقەت بىز، بىز جاناپلارلا يارىشىشنى خالىمايمىز... بىلەمسىز، ئەسكەرلەر ئۈچ يىلدىن بېرى ئالدىنىپ كەلگەن جايىغا تۈكۈرۈۋەتتى، مىلتىقىنى تاشلىدى، ئەمدى ئۇلارنى ھېچكىم ئۇرۇشقا مەجبۇر قىلالمايدۇ... كۈزدە ئون مىليون ئەسكەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن...روسىيە مۇستەقىل مەملىكەت

بولماي قالىدۇ...

ئۇ چىشىنى شۇنداق چىڭ چىشلىدىكى، چېكىسىدىكى تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. ھەممەيلەن جىم ئولتۇراتتى. روششىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— مەن پىيادە قوشۇنلار مىنىستىرىغا پىلان ئېلىپ كەلدىم. بۇ پىلاننى بىرنەچچە جياڭجۇن فرونتنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىشتى... ئاجايىپ ئىش... ھەر ھالدا، ئىستىپاقداشلىرىمىز جياڭجۇنلىرىمىزنى ئۇرۇشتىن باش تارتتى دەپ ئەيىپلىيەلمەيدۇ. بۇ پىلان مۇنداق: يېقىن ئارىدا ئومۇمى سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىنىدۇ، بۇ ھەربى سەپتىن كەتكەن ھەممەيلەن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ، دىگەن سۆز، ئاقىۋەتتە تومۇريول قاتنىشى، زەمبىرەك، ئوق-دورا ۋە ئوزۇق-تۈلۈك زاپىسى ئامان قالىدۇ. ئىستىپاقداشلارغا بىزنىڭ ئۇرۇشنى توختاتمايدىغانلىقىمىز جاكالىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋولگا ۋادىسىدا ئىشەنچلىك قىسىملار مۇداپىئەگە قويۇلىدۇ، بۇنداق قىسىملار تېپىلىدۇ؛ ۋولگىنىڭ ئارقىسىدا تامامەن يېڭى قوشۇن توپلىنىدۇ، قوشۇننىڭ ئاساسى قىسمى پىدائى قىسىملاردىن ئىبارەت بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىزان ئەترەتلىرىگە ياردەم بېرىلىدۇ، يېڭى پارتىزان ئەترەتلىرى قۇرۇلىدۇ... ئۇرال زاۋۇتلىرىغا، سىبىر كۆمۈرى ۋە سىبىر ئاشلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، قايتىدىن ئۇرۇش باشلىنىدۇ...

— فرونت نېمىسلارغا ئېچىپ بېرىلىدىكەن-دە!.. ۋەتەن بۇلاڭ-تالاڭغا قويۇپ بېرىلىدىكەن-دە! — دەپ ۋاقىرىدى تېلېگىن.

— سىز بىلەن بىزنىڭ ۋەتىنىمىز قالمىدى، پەقەت ۋەتەن دەپ ئاتالغان يەرلا قالدى، — روششىن ئۈستەل ئۈستىگە قويغان قوللىرىنى

تۇگدى، — خەلق قولىدىكى قورالنى تاشلىغان چاغدىن باشلاپ بۈيۈك روسىيە يوق بولدى دېگەن سۆز... باشلىنىپ كەتكەن ئىسيانلار-دىن بىرەر نەرسە چۈشەنمىگەن بولسىڭىز كېرەك... نىكولاي ھازىر ساڭا ياردەم بېرىۋاتامدۇ؟ خەلق ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قويغان... بۈيۈك روسىيە دېگىنىڭىز يەرگە توكۇلىدىغان قىغ بولۇپ قالدى... ھەممىسىنى يېڭىدىن باشلاش كېرەك؛ قوشۇنىمۇ، دولەتنىمۇ — ئىچىمىزگە باشقا جان، باشقا روھ كىرگۈزۈش كېرەك...

ئۇ بۇرنى بىلەن ئۇزاق تىن ئالدى-دە، بېشىنى ئىككى قولىغا قويۇپ، پۇشۇلداپ يىغلىۋەتتى....

شۇ ئاخشىمى كاتە ئۆيىگە كەتمىدى، داشا ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر كارۋاتتا ياتقۇزدى؛ ئىۋان ئىلئىچقا كۇتۇپخانىدىن ئورۇن تەييارلاپ بەردى؛ روشچىن ھەممىدە ئېغىر تەسىرات قالدۇرغان گەپتىن كېيىن، بالكونغا چىقىپ، ھەممە يېرى ھول بولۇپ قايتىپ، ئەپۇ سورىدى: ئەڭ ياخشىسى يېتىپ ئۇخلاش ئىدى. ئۇ يېشىنىپ، بېشى ياستۇققا تەگمەيلا ئۇخلاپ قالدى. ئىۋان ئىلئىچ چىراقنى ئۆچۈرگىلى ئاياق ئۇچىدا مېڭىپ كىرگەندە روشچىن ئىككى قولىنى كوكرىكىگە قويۇپ ئۇخلاپ ياتاتتى؛ كوزلىرى قاتتىق يۇمۇلغان، تاڭ يورۇغىدا قورۇق-لىرى خىرە كورۇنگەن يۈزى خۇددى بىر ئېغىر دەرت تارتقان كىشىنىڭ يۈزىگە ئوخشايتتى.

بىر ئورۇندا ياتقان كاتە بىلەن داشا خېلى ۋاقىتقىچە پىچىرلىشىپ ياتتى. داشا تۇرۇپ-تۇرۇپ قولاق سالاتتى. ئىۋان ئىلئىچ خېلى ۋاقىتقىچە كۇتۇپخانىدا پوسۇرلاپ يۈردى. داشا دېدى: "ئۇ ئەتىگەن سائەت يەتتىدە زاۋۇتقا كېتىشى كېرەك، ئۇ بولسا تېخىچىلا ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ يۈرىدۇ..." ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئېرىنىڭ ئالدىغا

يالاڭغىداق يۇگۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئۆگىنىش ئۈستەلى ئۈستىدە تۇرغان كىتابنى ئېلىپ، پاقالىچەك بوغۇچلىرى يېشىلگەن ھالدا، دېۋاندا تېزىغا كىتاپ قويۇپ، ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— تېخىچىلا ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ پارقىرىغان ۋە خىيالى باشقا تەرەپتە يۈرگەن كۆزلىرى بىلەن خوتۇنىغا قاراپ، — ئولتۇر... مانا تاپتىم، قۇلاق سالغىن... — ئۇ كىتاپنى ۋاراقلاپ، ئوقۇشقا باشلىدى:

”بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن ئورمانلاردا، باغرى كەڭ چۆللەردە، رۇس تۇپرىغى دەپ ئاتالمىش چەكسىز گورىستانلىقتا ئەركىن شامال كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ يەردە كۆيگەن شەھەرلەرنىڭ ۋەيرانە تاملىرى، يېزىلارنىڭ ئورنىدا كۆيۈك كۈللىرى، ئوت بېسىپ كەتكەن يوللاردا كىرىست ۋە ئادەم سۆڭەكلىرى ياتاتتى. توپ-توپ قاغىلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. كېچىلىرى بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىناتتى. بەزەن ئورمانلاردا ئون يىل داۋامىدا ئوغرىلىۋېلىنغان ئاقسۆڭەكلەر جۇۋىلىرىنى، قىممەت باھالىق قاچىلارنى، بۇت راملىرىدىن بۇزۇۋېلىنغان مەرۋايىتلارنى ئالىقاچان يەپ بولغان قاراقچىلار تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئەمدى رۇسلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان، ھېچ نەرسىسى قالمىغان ئىدى.

روسىيە بوشاپ، چۆل بولۇپ قالغان ئىدى. ھەتتا قىرىم تاتارلىرىمۇ ئېپتىدائى چۆلگە بۇلاڭچىلىققا چىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، چۈنكى، تالايدىغان نەرسە قالمىغان ئىدى. ئون يىل داۋام قىلغان چوڭ قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە ئالدامچىلار، ئوغرىلار ۋە پولەك قاراقچىلىرى قىلىچ يالىڭاچلاپ، ئوت قويۇپ، روسىيە تۇپرىغىنىڭ ئۇ بېشىدىن-بۇ بېشىغىچە كېزىپ يۈردى. ئىنتايىن قاتتىق ئاچارچىلىق

www.uyghurkitap.com

بولدى. ئادەملەر ئاتلارنىڭ تېزىگىنىمۇ، تۇزلانغان ئادەم گۆشلىرىنىمۇ يېدى. ئەلگە بىر ئاپەت كەلگەن ئىدى. ئۆلمەي قالغانلار شىمال تەرەپلەرگە — ئۇرالغا، ئاق دېڭىز بويلىرىغا، سىبىر تەرەپلىرىگە قېچىپ كەتتى.

شۇ ئېغىر كۈنلەردە قۇپ-قۇرۇق قىلىپ تالانغان ۋە پولەك باسقۇنچىلىرىدىن ئاران تازىلانغان، كويۇپ كومۇرگە ئايلانغان موسكۋانىڭ ھەيۋەتلىك كۈل تۇپىسىگە قورقۇپ كەتكەن بىر بالا چاندا پاتقاق بولۇپ كەتكەن مارت يولى ئارقىلىق ئېلىپ كېلىندى. بۇ بالىنى نامراتلىشىپ قالغان بايار (ئاقسوڭەك)لار، بازىرى كاسات بولۇپ قالغان سودىگەرلەر، سوغاق شىمال ۋە ۋولگا بويى چوللىرىنىڭ دېخانلىرى شەيخىل ئىسلامنىڭ مەسلىھىتى بىلەن موسكۋاغا پادىشالىققا① تاللىغان ئىدى. يېڭى پادىشا يىغلاش ۋە ئىبادەتتىن باشقا نەرسىنى بىلمەيتتى. ئۇ چانىنىڭ پەنجىرىسىدىن قاراپ، ئۇزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن موسكۋا دەرۋازىسىغا چىققان ئېگىلىرى جۇل-جۇل، ئۇزلىرى ياۋايىلىشىپ كەتكەن رۇسلارنى كورۇپ، قورققىنىدىن ۋە ھەسرەتلەنگىنىدىن ئىبادەت قىلاتتى ۋە يىغلايتتى. رۇسلار يېڭى پادىشاغا ئانچە ئىشەنمەيتتى. ئەمما ياشاش كېرەك ئىدى. ئۇلار ياشاشقا باشلىدى. سودىگەر ستروگانوۋلاردىن پۇل قەرز ئالدى. شەھەر پۇقرالىرى ئىمارەتلىرىنى تىكلەشكە كىرىشتى، دېخانلار بولسا بوش ياتقان يەرلەرنى ھەيدەشكە باشلىدى. يوللاردا يۇرگەن قاراقچىلارنى تۇتۇپ يوق قىلىش يۇزىسىدىن، يوللارغا ئاتلىق ۋە

---

① بۇ يەردە روسىيە رومانوۋ خاندانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاسى مىخائىل كوزدە تۇتۇلىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

پىيادە سىاقچىلار قويۇلدى. خەقنىڭ تىرىكچىلىكى نامراتلىقتا، قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى. ئۇلار قىرىسلىقلارغا، لىتۋالىقلارغا، شۋېتلارغا باش ئېگەتتى. ئۇلار ئىشەنچىنى ساقلايتتى. ئۇلار بىر كۆچكە — كۆچلۈك، ئەپچىل ۋە چاققان خەلق كۆچىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار سەۋرى قىلىشقا بەل باغلايتتى، چىدام بىلەن سەۋر قىلاتتى. ئادەملەر ئەمەن ئۇسۇپ كەتكەن جايلارغا يەنە قايتىپ كېلىشكە باشلىدى...“

ئىۋان ئىلئىچ كىتاپنى ياپتى:

— مانا، كوردۇڭمۇ... بۇ قېتىممۇ جەزمەن غەلىبە قىلىمىز... بۈيۈك روسىيە ھالاك بولغانمىش! موسكۋانى تاياق بىلەن ھىمايە قىلغان ئەنە شۇ جۇل-جۇل كىيىم كىيگەن دېھقانلارنىڭ ئەۋلادلىرى چارلىز XII بىلەن ناپولېوننى تارمار قىلىشقان... چانىغا سېلىپ موسكۋاغا زورلۇق بىلەن كەلتۈرۈلگەن ھىلقى بالىنىڭ نەۋرىسى پېتېربۇرگ شەھىرىنى قۇردى... بۈيۈك روسىيە ھالاك بولغانمىش!... بىزدىن بىر پارچە يەر قالسىمۇ — ئەنە شۇ يەردىن رۇس تۇپرىغى باشلىنىدۇ...

ئىۋان ئىلئىچ بۇرنىنى تارتتى-دە، دەرىزىگە قارىدى، تاشقىرىدا تاڭ ئېتىشقا باشلىغان ئىدى. داشا بېشىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ ئولتۇردى، ئىۋان ئىلئىچ ئۇنىڭ چاچلىرىدىن سىلاپ سويدى-دە:

— ئەمدى بېرىپ ئۇخلىغىن، قورقۇنچاق...، — دېدى.

داشا كۈلدى، ئېرى بىلەن خوشلىشىپ ماڭدى ۋە ئىشىككە يەتكەندە كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ئىۋان، كاتە ئۇنى ناھايىتى ياخشى كورىدىكەن...، — دېدى.

— ھە، ئۇنىڭ ئۇزىمۇ ئاجايىپ كېلىشكەن ئادەم ئىكەن...

www.uyghurkitap.com

كەچقۇرۇن شامال چىقمىغان، ھاۋا ئىسسىق ئىدى. ھاۋادىن بېنزىن پۇرىقى، تاختاي ياتقۇزۇلغان كوچىلاردىن كۆمۈر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئالا-يېشىل خەلق توپى نېۋسكى كوچىسىدا چاڭ، تاماكا ئىسى ۋە يەردىن كۆتۈرۈلگەن ھورلار ئارىسىدا تەرتىپسىز ھالدا سەيلە قىلىپ يۈرۈشەتتى. ھۆكۈمەت ئاپتوموبىللىرى گۈرۈل-دەپ، بايراقلىرىنى يەلپىلدىتىپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. گېزىت ساتىدىغان بالىلار ئەمدى ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان يېڭى خەۋەرلەرنى تارقىتاتتى. تاماكا، سەرەڭگە ۋە ئوغرىلانغان ماللارنى ساتقۇچىلار كىشىلەر ئارىسىدا ئۇ يان-بۇ يان شۇڭغۇپ يۈرۈشەتتى. ئەسكەرلەر مەيدانىدىكى چىمەنلىكلەردە، گۈلزارلىقلاردا ھەر خىل يېتىشىپ گازىر چېقىشاتتى.

كاتە نېۋسكى كوچىسىدا يالغۇز قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. روشىنىن ئۇنىڭ بىلەن كەچقۇرۇن سائەت سەككىزلەردە دەريا بويىدا ئۇچرىشىشقا دېيىشىپ قويغان ئىدى. كاتە ساراي مەيدانى تەرەپكە بۇرۇلدى. قان رەڭگىدىكى قىزىل ۋە غەمكىن سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى دەرىزىلەردىن ئېلېكتر چىرىغىنىڭ پىلىلدىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سارايىنىڭ چوڭ ئىشىكى ئالدىدا ئاپتوموبىللار تۇراتتى، ئەسكەرلەر، شوپۇرلار كۈلۈشۈپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. شوپۇرچە بوك كىيگەن، كوينىگىنىڭ ئارقىسى شامالدا كۆپۈپ چىققان خەت توشۇغۇچى بالا چۈشكەن موتسىكلىت تاراقلاپ ئۆتتى. سارايىنىڭ بۇرجەك بالكونىدا ئۇزۇن ئاق ساقاللىق قېرى كىشى جەينىكىنى پەنجىرىگە تىرەپ قىمىرلىماستىن تۇراتتى. كاتە سارايدىن ئۆتۈپ، ئارقىسىغا قارىدى. باش ئىشتاپ دەرۋازى-سىنىڭ ئۈستىدىكى مىس ئاتلار ھامان پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا

قاراپ ئىنتىلەتتى. كاتە دەريا بويىدىكى كوچىغا چىقىپ، سۇ بويىدىكى گىرانىت سۇپىدا ئولتۇردى. ئاستا ئېقىۋاتقان نېۋا دەرياسىنىڭ ئۇستىدىكى كوكۇش كوۋرۇك كورۇنۇپ تۇراتتى. پېتروپاۋلوۋسكى چېركاۋنىڭ ئاسمانغا كوتىرىلگەن ئۇچلۇق مۇنارى سۇدا ئەكس ئېتىپ، ئالتۇندەك پارقىرايتتى، سۇ ئۇستىدە كىچىك بىر قېيىق ئۇزۇپ باراتتى. پېتېربۇرگ رايونى تەرىپىدە، ئوگزىلەر ۋە ئىسلار ئارقىسىدا پېتىپ بارغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى تاۋلىناتتى.

كاتە ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، ۋادىم پېترووۋىچنى كۇتۇپ ئولتۇراتتى. ۋادىم پېترووۋىچ ئارقا تەرەپتىن ئاستا بىلدۇرمەستىن كەلدى-دە، گىرانىت تامغا تايىنىپ، كاتەگە قاراپ تۇردى. كاتە ئۇنىڭ تۇرغانلىغىنى سەزدى ۋە قايرىلىپ قارىدى-دە، كۇلۇمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى. ۋادىم پېترووۋىچ ئۇنىڭغا ئەجەپلىنىپ، خۇددى بىرىنچى مەرتىۋە كورگەندەك قاراپ تۇراتتى. كاتە پەلەمپەيدىن مېڭىپ كوچىغا چىقتى ۋە روشنىنىڭ قولتۇغىدىن تۇتتى-دە، ئىككىسى بىللە كەتتى. كاتە ئاستاغىنا:

— نىمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ۋادىم پېترووۋىچنىڭ لېۋى قاتتىق پۇرۇشتى، ئۇ مۇرىسىنى قىستى-دە، جاۋاپ بەرمىدى. ئۇلار تروتسكى كوۋرۇگىدىن ئوتۇپ، كامېننو-ئوستروۋسكى كوچىسىنىڭ بېشىغا كەلگەندە روشىن چوڭ بىر قىزغۇچ ئىمارەتنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كورسەتتى. قىشلىق باغنىڭ يوغان-يوغان دەرىزىلىرىدىن ئايدىڭدەك يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدا بىرنەچچە موتسىكلىت تۇراتتى. بۇ ئىمارەت مەشھۇر ئۇسۇلچىغا قاراشلىق بولۇپ، هازىر بۇ

يەردە بولشېۋىكلارنىڭ باش ئىشتاۋى جايلاشقان ئىدى. بۇ يەردە يېزىق ماشىنىلىرى كېچە-كۈندۈز چىكىلداپ ئىشلەپ تۇراتتى. ئىمارەت ئالدىغا ھەر كۈنى ناھايىتى نۇرغۇن ئىشچى، فۇرونتتىن كەلگەن ئەسكەر، ماتروس توپلىناتتى، شۇ چاغدا بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ يولباشچىسى بالكونغا چىقاتتى-دە، ئىشچىلارنىڭ، دېخانلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئېلىشى كېرەكلىكى، ئۇرۇشنى دەررۇ توختىتىپ، ئۆز مەملىكىتىدە ۋە پۈتۈن دۇنيادا يېڭى ۋە ئادالەتلىك تەرتىپ ئورنىتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەيتتى.

— مەن بايا شۇ يەردە يىغىلىپ تۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، نۇتۇق ئاڭلىدىم، — دېدى روشەن چىشىنىڭ ئارىسىدىن سۆزلەپ، — مانا شۇ بالكوندىن يالقۇنلۇق سۆزلەر ياغدۇ، خەلق ئۇنى زوق بىلەن ئاڭلايدۇ... تېخى ئاڭلىغاندىمۇ قانداق ئاڭلايدۇ دەڭ!... مەن ئەمدى چۈشىنەلمەي قالدىم: بۇ شەھەردە كىم يات — بىزمۇ ياكى ئۇلارمۇ؟ (روشەن بالكوننى كۆرسەتتى.) بىزنىڭ سۆزىمىزگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى... بىز مەنسىز گەپتىن باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالدۇق... مەن فۇرونتتىن كېلىۋاتقان چېغىمدا ئۆزەمنى رۇس دەپ ئويلىغان ئىدىم... مەن بۇ يەردە يات ئىكەنمەن... ئەقلىم يەتمەيدۇ، ئەقلىم يەتمەي قالدى...

ئۇلار كامېننو-ئوستروۋسكى كوچىسىنى بويلاپ كېتىۋەردى. ئۈستىگە يىرتىق پەلتو، بېشىغا چىغ شلەپە كىيگەن، بىر قولىدا چېلەك، بىر قولىدا بىر بولاق شوئار قەغىزى كۆتەرگەن بىر كىشى ئۇلاردىن ئۆتۈپ كەتتى.

— مەن پەقەت بىر نەرسىنىلا بىلىمەن، — دېدى روشەن ۋە

ئۇيالغىنىدىن پۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈزىنى كاتە كورۈپ قالمىسۇن دەپ تەتۈر قارىۋالدى، — پۈتۈن ئەتراپىنى قاپلىغان — چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان نەرسە — سىزنىڭ يۈرىگىڭىز، كاتە... بىز بىر بىرىمىزدىن زادىلا ئاجرالماسلىقىمىز كېرەك...

كاتە ئاستا جاۋاپ بەردى:

— مەن بۇنى سىزگە ئېيتالماي يۈرگەن ئىدىم... قانداق قىلىپ ئاجرىلالايلى، جېنىم...

ئۇلار چىلەك كوتەرگەن بايىقى كىشى تېخى ھازىرلا تامغا شوئار چاپلاپ كەتكەن جايغا يېرىپ يەتتى، ئىككىلىسىنىمۇ قاتتىق ھاياجان باسقانلىقىدىن، بىر دەم تۇرۇشۇپ قالدى.

ئۇلار پەنەر يورۇقىدا شوئاردىكى: "پۈتۈن خەلققە! پۈتۈن خەلققە! پۈتۈن خەلققە! ئىنقىلاپ خەۋپ ئاستىدا!..." دەپ يېزىلغان سوزلەرنى ئوقۇشتى.

— يېكاتېرىنا دمىترىيېۋنا، — دېدى روششىن، كاتەنىڭ نازۇك قولىنى تۇتۇپ ۋە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا جىم بولۇپ قالغان كوچىدا ئاستا مېڭىپ كېتىۋېتىپ، بۇ كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا كەچلىك شەپەق كوكتە ئايرىلغۇسى كەلمەي تۇراتتى، — يىللارمۇ ئوتۇپ كېتەر، ئۇرۇشمۇ بېسىلىپ قالار، ئىنقىلاپمۇ تىنچىپ قالار، ئەمما پەقەت بىر نەرسە ئەبەدى قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ — سىزنىڭ مېھرىۋان، يۇۋاش ۋە سويۈملۈك قەلبىڭىز...

يوغان - يوغان ئويلەرنىڭ ئوچۇق دەرىزىلىرىدىن خۇش چاخچاق ئاۋازلار، تالىشىشلار، مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئاڭلىناتتى. چىلەك كوتەر - گەن، مۇكچەيگەن كىشى كاتە بىلەن روششىندىن يەنە ئوتۇپ كەتتى ۋە تامغا شوئار چاپلاۋېتىپ، ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قارىدى. يىرتىق

چىغ شىلەپىنىڭ تېگىدىن نەپرەت ئوتى بىلەن يانغان كۆزلەر ئۇلارغا تىكىلىپ تۇراتتى.

1921 ـ يىل، ئاۋغۇست.



本书根据苏联塔什干"东方真理"出版社1953年维吾尔文版排印。这次出版时，根据人民文学出版社1957年北京第1版，1979年重庆第4次印刷版本对译文作了部分校订。

بۇ كىتاپ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت "شەرق ھەقىقىتى" نەشرىياتى تەرىپىدىن 1953 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بويىچە تىزىلدى. بۇ قېتىم نەشر قىلىش ۋاقتىدا خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بېيجىڭ 1957 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1979 ـ يىل چۇڭچىڭ 4 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمىسىگە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

ئا. تولستوي
سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا (1)
مەسئۇل تەھرىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1982 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1982 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

**А.Н.ТОЛСТОЙ**

**ХОЖДЕНИЕ ПО МУКАМ**

阿·托尔斯泰著
**苦难的历程(1)**
(维吾尔文)
责任编辑：阿不都拉
责任校对：热西提瓦依提
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32　印张：17 3/8
1982年12月第1版
1982年12月北京第1次印刷
印数：0001—7,000册　定价：1.00元
书号：M10049(4)138

书号 M10049(4) 138
定价 1.00元